ئابدۇكېرىم قادىر

# خان كوچىسى



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلەغگە ئېرىشكەن تۈر

民族文字出版专项资金资助项目

# ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار

## 21 - 50

## 维吾尔原创文学作品精选



ئابدۇكېرىم قادىر

# خان كوچىسى

(رومان)



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇھەررىردىن

يازغۇچى ئابدۇكېرىم قادىر 1969 ـ يىلى يەكەندە تۇغۇلغان. 1989 ـ يىلى قەشقەر مالىيە ـ سودا مەكتىپىنىڭ بوغالتىرلىق كەسپىنى پۈتكۈزگەن. 1999 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپى بىلەن شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى بويىچە تولۇق كۇرسىنى تاماملىغان. ھازىر يەكەن ناھىيەلىك ئامانەت ـ قەرز بىرلەشمە كوپىراتىپىدا خىزمەت قىلماقتا.

ئۇ ھازىرغا قەدەر 50 پارچىغا يېقىن ھېكايە، 10 پارچە پوۋېست ئېلان قىلدۇرغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «گۇناھ» ناملىق رومانى، «دولقۇنلۇق تارىم» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «تۆتىنچى ئېراغا سەپەر» ناملىق رومانى ۋە «مۇھەببەت قەپىسى» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. «تەشنارەڭ كۆڭۈل»، «ئاخشام بولغان ئىش» قاتارلىق بىرنەچچە پارچە ھېكايىسى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئېلان قىلىنغان. «كونا كوچا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن «ئەقىدە» ناملىق پوۋېستى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 14 ـ ۋە 15 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئابدۇكېرىم قادىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ........................................ 1

ئىككىنچى باب ........................................ 31

ئۈچىنچى باب ........................................ 68

تۆتىنچى باب ........................................ 87

بەشىنچى باب ........................................ 120

ئالتىنچى باب ........................................ 149

يەتتىنچى باب ........................................ 169

سەككىزىنچى باب ........................................ 210

توققۇزىنچى باب ........................................ 235

ئونىنچى باب ........................................ 258

ئون بىرىنچى باب ........................................ 284

ئون ئىككىنچى باب ........................................ 311

ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 343

ئون تۆتىنچى باب ........................................ 365

ئون بەشىنچى باب ........................................ 387

ئون ئالتىنچى باب ........................................ 411

ئون يەتتىنچى باب ........................................ 438

ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 469

# بىرىنچى باب

## 1

ئۈچەكتىن چىققان پارقىراق قوڭغۇزلاردەك مىغ ـ مىغ پىكاپلار، بىر ـ بىرى بىلەن بوي تالاشقاندەك كۆككە بوي سوزغان ئېگىز بىنالار... بالىنىڭ شەھەرگە كىرىپلا كۆرگىنى شۇ بولدى.

بالىنىڭ ھاممىسى دېگىنىنى قىلىپ، ئۇنى ئاخىر شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ئۇن بەش ياشتىن ئاشقىنىغا قارىماي، شەھەرنى تۇنجى كۆرۈشى ئىدى. شەھەرنىڭ ئىدى. شەھەرگە كىرىپ تۇزۇككىنە كۆرۈپ باقمىغاچقا كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ ئېگىز بىنالارغا، پارقىراق قوڭغۇزدەك پىكاپلارغا قاراپ ھېلى كۆزلىرىنى قىسىپ، ھېلى چەكچىيىپ ھەۋەسلىنىپ كېلىۋاتاتتى. راست، سەھرادا قوي بېقىش، كۆيۈك ناننى قولتۇقىغا قىسىپ مەكتەپكە بېرىپ ـ كېلىش، يەنە شۇ قوي بېقىشتىن باشقىنى كۆرۈپ باقمىغان بالا كۆز ئالدىدىكى رەڭگارەڭ دۇنياغا ھەيران بولۇپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالغانىدى.

— ئىلدام ـ ئىلدام ماڭە ! — ھاممىسى بالىنىڭ ھەممە نەرسىگە ھەيران بولۇپ سۆرىلىپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ سىلكىشلىگىنىچە ئالدىراتتى، — لايپاسلىقىڭنى قارا، نېمىگە شۇنچە ھاڭۋاقتىلىق قىلىسەن؟

— ئاۋۇ ئاسمان ـ پەلەك ئىمارەتلەرگە، قوڭغۇزدەك مىغ ـ مىغ پىكاپلارغا قاراۋاتىمەن، ئاتىكەم ھامما... — بالا ھاممىسىغا بۇرىلىپ، ئويلىغانلىرىنى تۇزلا ئېيىتتى. راست، شەھەر بارغانچە ھەشەمەتلىكلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما، شەھەرنىڭ ھەشەمەتلىرى ئىچىگە قانداق سىرلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئويلايدىغان ۋە ئۇنى

بىلىدىغان ئادەمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم... بالا قەدەملىرىنى تېزلىتىپ، هاممىسىغا يېتىشتى. هاممىسى ئۇنىڭ قانداق شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنى بىلمەيدىغاندەك، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى بوگۇنلا ئاڭلاۋاتقاندەك يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ۋىيەي، ما شۇمنىڭ يامانلىقىنى... ياۋاشمىكىن دېسەم، خېلى كۆزۈڭ بار ئىكەنغۇ سېنىڭ... داداڭنىڭمۇ ئاشۇنداق كاتتا ئىمارەتلىرى بار ئىمىش. يەنە... يەنە تېخى كۆرگەن ـ بىلگەنلەر ئۇ ئادەمنى ئاجايىپ تەلەيلىك ئادەم ئىكەن، بېيىپ ـ تېقىلىپ كەتتى دېيىشىدىكەن !

بالا «داداڭ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، هازىرلا بىرسى كېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغاندەك ئەتراپقا ئەندىكىپ قارىدى، ھېيىقىش، ياتسىراش تۇيغۇسىدا سىقىلىغاندەك بولۇپ، هاممىسىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىغا تېخىمۇ چىڭ ئېسىلدى.

— ئىلياسنى شەھەرگە ئەكىرىپ، دادىسى بىلەن تېپىشتۇرۇپ قوياي دېگەنىدىم، — دېدى هاممىسى بالىنىڭ ئانىسىغا پىچىرلاپ، — ئىلياس ئەمدى چوڭ بولدى، شۇڭا يەم بىلەن دادىسىنى تېپىپ، ئۇ باي ئوغرىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، كۈننى كۆن ئەتسۇنمىكىن، دېدىم...

— ياق، ياق، ماڭا ھەرگىز خاپىلىق تېرىپ بېرىمەن دېمەڭ، ئۇكام ! — دېگەنىدى بالىنىڭ ئانىسى تەشۋىش بىلەن، — مەن خەقنىڭ ئالدىدا ھەرقانچە قىينالسامۇ، خورلۇق تارتسامۇ بالىنى ئۆزۈم باقىمەن، ئۆزۈم قاتارغا قوشىمەن !

— ھېلىمۇ ئېرىڭىز دېگەن بەڭگى بىلەن بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاز قىسىلمىدىڭىز. مانا ئەمدى ئۇنى بالام دەپ يېنىڭىزغا پاتۇرالمايۋاتىسىز. بۇنداق قىسىلغاندىن كۆرە، ئۇنىڭغا ئۆز دادىسىنى كۆرسىتىپ قويساق، كۈننى كۆن ئەتسە بولمامدۇ ! — دېدى ئاتىكەم چوڭ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تۇتۇش قىلىۋاتقاندەك چوڭ سۆزلەپ.

— مېنى ئارامىمدا قويۇڭ، ئەمدى ھەر ئىش بولسا ئۆزۈم

بىلەن كەتسۇن، ھەرقانچە يوقسۇز بولۇپ كەتسەممۇ، تىلەمچىلىك قىلساممۇ بالىنى ئۆزۈم باقاي... بالىنىڭ دادىسى بولغان ئۇ ئادەمنىڭمۇ ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىزلا ئالدىدا پەيدا بولغان بالىغا ئاتىلىق مېھرى بېرىشىگە كۆزۈم يەتمەيدۇ.

— ئۇ ئىشقا ھازىر ئالدىراپ ئاق ـ كۆك دېگىلىمۇ بولماس. ئاۋۋال دادا ـ بالا ئىككىسىنى تېپىشتۇرايلى... قانداق بولىدىغىنىنى شۇ چاغدا ئاندىن بىلىمىز. قارىمامدىغان، بۇ شۇمنىڭ كېلىشكەن قاش ـ قاپاقلىرى، جامدەك يوغان كۆزلىرى، ئويماقتەك زىنىخلىرى خۇددى قېلىپتا قۇيۇپ قويغاندەكلا دادىسىنىڭ ئۆزى... شۇ تۇرقىدا ئۇ ئادەم بۇ شۇمنى كۆرسە...

— ئوبدان ئاتىكەم، مۇشۇ گەپنى سىز دېمىگەن بولۇڭ، مەن ئاڭلىمىغان بولاي... يېپىق قازان يېپىقلىق قالسۇن...

بالىنىڭ ئانىسى كەينىگە داجىغىنىچە مەھەللىدە قالدى. ئاۋازى ئەر كىشىنىڭكىدەك غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىدىغان، ئاسانلىقچە باشقىلارغا گەپ بەرمەيدىغان ھامىمىسى ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى ھەم پەيت كۈتۈپ بۇگۈنگىچە ساقلىدى. بۇگۈن شۇ ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى يەتكەندەك، بالىنى يېتىلەپ غىپپىدە مەھەللىدىن چىقتى ـ دە، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ شەھەرگە يول ئالدى.

— ساڭا ئۆز داداڭنى كۆرسىتىپ قويىمەن، — دېدى ھامىمىسى خالىيراق بىر يەردە بالىنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ، — ئۇنى كۆرگەندە، تارتىنىپ قولۇڭنى چىشلەپ گۆشىيىپ تۇرۇۋالماي، ھارمىغايلا، دادا، دەپ ئالدىغا يۈگۈر، ئۇچرىغان يەردە كاپپىدە پاچىقىنى قۇچاقلاپ، راسا يىغلا!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بالا كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە ھامىمىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى. ئۇ كىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈش، پاچىقىغا قانداق ئېسىلىشنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ ھالى بىلەن بولماي، يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ يېغىرىنى تاتىلاپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا ئامراق. ئىلياس ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇپ ئەقلىگە كەلگەندە، باشقىلاردىن: «داداڭ شەھەرنىڭ كاتتا بايلىرىدىن، قولىنى نەگە سۇنسا، شۇ يەرگە يېتىدۇ. لېكىن، سەن بولساڭ...» دېگەندەك ياخشى ـ يامان گەپلەرنى ئاڭلىدى. ئۇ مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن تىركىشىپ ـ قىزىرىشىپ قالغان ۋاقىتتىمۇ «يېتىم ئوغلاق» دېگەن شۇ گەپ قۇلىقىدىن نېرى كەتمىدى.

— ئىلياس، قارىغىنا، داداڭ !

ئاتىكەمنىڭ ھاياجانلىق توۋلىشى بالىنىڭ خىيال كەپتىرىنى ئۈركۈتۈۋەتتى. ھاممىسى ئۇنىڭ توغرۇق باسقان كىچىك قوللىرىدىن تارتقىنىچە كۆزنى قاماشتۇرۇپ پارقىراپ تۇرغان بىر قىزىل پىكاپنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. پىكاپ ئىلياس ئىككىيلەن ئۈچۈن توختىغاندەك، بىرئاز ئاستىلاپ يول بويىدىكى ھەشەمەتلىك بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ يەردە ناھايىتى كۆپ ئالىي پىكاپلار قاتار تىزىلىپ كەتكەنىدى.

ئاتىكەم ئىلياسنى ئەگەشتۈرۈپ پىكاپنىڭ كەينىدىن يېتىپ كەلدى. پىكاپتىن چۈشكەن ئادەمنى كۆرۈپ بايىقى قىزغىنلىقى، خۇشاللىقى لاسسىدە بولۇپ قالدى. بالىنىڭ قولىنىمۇ قويۇۋەتتى. بالا ھاممىسىنىڭ ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى ئۈمىدسىزلىك ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى تازا ئاڭقىرالماي قالدى.

— ئەمەس ئىكەن، ئەمەس ئىكەن... — ھاممىسى ماشىنىدىن چۈشكەن، توپتەك سېمىز ئادەمدىن كۆزىنى ئۈزۈپ لەۋلىرىنى بوش مىدىرلاتتى، — ئەمەس ئىكەن... داداڭ ئېگىز بويى، بەستلىك، قاڭشارلىق ئادەم ئىدى، بۇنداق پاكار ئەمەس ئىدى.

ئىلياس كۆڭلى سۇنۇق بالا ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىلىق ئىزدەپ چېپىپ يۈرگەن ھاممىسىغا ھەم كۆز ئالدىدىكى ئاجايىپ

دۇنياغا مەيۈسانە قاراپ تۇراتتى. هاممىسى ئۇنىڭغا جىق گەپلەرنى دېگەن بولسىمۇ، ئۇ ھېچقانچە ئىشلارنى چۈشىنىپ كەتمىگەن، ساددا قەلبىدە پەقەت ھەيرانلىق ھەم بىرئاز قىزىقىش تۇيغۇسىلا پەيدا بولغانىدى.

— پۇتۇمنى ئاياغ قىستاپ ھېچ ماڭغۇچىلىكىم قالمىدى، پەشتاقتا بىردەم ئولتۇرايلىچۇ! — ھاممىسى ئاقسىغىنىچە بىنانىڭ پەشتىقى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بالا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پەشتاققا كېلىپ ئولتۇردى. ھاممىسى ئېگىز پاشنىلىق توپلىيىنى سېلىپ، يىرتىلغان پايپىقىدىن چىقىپ تۇرغان پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى ئۇۋۇلىدى.

## 2

سەھرا تىمتاسلىقتا چۆمگەنىدى. پەقەت ئېتىز - قىرلارغا ھۆسن قوشۇپ تۇرغان يېشىل كوكاتلار، مەھەللە - كويلاردىكى باغىۋارانلىقتىن، دەل - دەرەخلەردىكى يۇمران يوپۇرماقلار ئارىسىدا سايرىشىۋاتقان قۇشلار ئەتىيازلىق تىرىلغۇنىڭ جاپاسىدىن ھارغان كىشىلەرگە ئازراق بولسىمۇ خۇشاللىق ئاتا قىلاتتى. لېكىن، ھارغىن كىشىلەر ئۇچۇن كۆز ئالدىدىكى يېشىللىقنىڭ — باھارنىڭ ھېچبىر يېگىلىقى يوقتەك، يەنىلا ئۆز تىرىكچىلىكى كويىدا تىركىشەتتى.

ھۇپپىدە چېچەكلىگەن ئۆرۈكلۈك ھويلىدا ئوتۇن يېرىۋاتقان ئەر كۆزىگە قۇيۇلۇۋاتقان ئاچچىق تەردىن ۋايساپ ئىچىدە بىرنېمىلەرنى دەپ غۇدۇرىغاندىن كېيىن، قولىدىكى ئىشنى قويۇپ بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن، قوتاندا كالا سېغىۋاتقان ئايالىنىڭ يېنىغا كىردى.

— ھاي خوتۇن، ئۇنى يېنىمىزغا ئەكېلىۋالىدىغان ئىش قانداق بولىدى؟

ئايال قىلىۋاتقان ئىشىدىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن، ئەرنىڭ

سوئالىغا جاۋاب بەرگەندەك قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ بوش چىققانلىقتىن كالىنىڭ بېلىنىدىن ئوقچۇپ چىققان سۇتنىڭ كوزا ئىچىدە پەيدا قىلغان جارت ـ جۇرت... ئاۋازىدا ئاڭلانماي قالدى. ئايالنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغان ئەرنىڭ خەسىدەك قانسىز چىرايى سوغۇق تۇس ئېلىپ، چېقىر كۆزلىرى چوڭ ئېچىلغانچە ئايالغا ئالايدى.

ـــ نېمە دېدىڭ؟!

ئايال كالا ساغقاچ ئاۋازىنى سەل يۇقىرى كۆتۈردى:

ـــ ئىلياس ياتسىراپ تۇرىدۇ.

ـــ نېمىدەپ ياتسىرايدىكەن؟

ـــ مەنمۇ بىلمىدىم.

ـــ يا مەن ئۇنىڭ ئارپىسىنى خام ئورۇمىسام؟

ـــ ئۇنداققۇ ئەمەس، گۆدەكلىك قىلىۋاتامدىكىن...

ـــ كىچىك بولغان بولسا، ئۇنداق بويۇن تولغارمىسدى ! ـــ ئەرنىڭ تۇرۇپلا جۇدۇنى ئۆرلەپ ئاۋازى زەردىلىك چىقتى، ـــ بارغانچە باشباشتاق بولۇپ، خورىكى يوغىناپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۇ هارامتاماقنىڭ !

ئايال گەپ قىلمىدى. كوزىدىن چاچراپ چىقىپ، كۆز چانىقىنى هۆل قىلغان ئىسسىق سۇت تامچىسى ئۇنى بالىسى ئۇچۇن يىغلاۋاتقاندەك تېخىمۇ مەيۇس، غەمكىن هالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

ئىگىسىنىڭ ئالدىدا باغلاقتا تۇرغان سېغىن ئىنەكنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى موزىيىغا تەلمۈرەتتى. ئانىسىدىن ئايرىپ قوتانغا سولانغان موزاي بولسا ۋادەكتىن بېشىنى چىقىرىپ، ئانىسىغا بويۇن سوزۇپ تىنماي مۆرەيتتى...

ئايالنىڭ قولى ئىشتىن توختاپ، ئانىسىنىڭ سۇتىگە قانمىغان موزايغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ هەسرەتلىك كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياشنىڭ ئالمىدەك قىزىرىپ تۇرغان مەڭزىدىن دومىلاپ چۈشكەنچە، كوزىدىكى سۇتكە

تامچىلىغىنىنى سەزمەيۋاتاتتى... بىر چاغدا موزىيى ئۇچۇن سۈتى ئېرىپ تاقەتسىزلەنگەن ئىنەك تۇرغان يېرىدىن تۇيۇقسىزلا يىتىراپ كەتتى. تۇياقلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، كوزىنى ئۆرۈۋەتتى... موزاي ۋادەكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ئانىسىنىڭ يېلىنىگە ئېسىلدى. ئىنەك ئانىلىق مېھرى بىلەن بالىسىنى يالاشقا باشلىدى...

ئانا مۆڭگۈدا چۆكتى. كالىنىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىرقىرىمامدۇ؟ ! كىم ئىكەن ئۇ «هارامزەدە» دېگەن؟ قانداق ئانا ئۆزىنىڭ يۈرەك - باغرىنى يېرىپ چۈشكەن بالىنىڭ هاقارەتلىنىشىگە چىداپ تۇرالايدۇ؟! كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئايال چىقىلغان كوزىنىڭ سۇنۇقلىرىنى تېرىپ قوتاندىن يېنىپ باغقا چىقتى.

باغدا ئۆرۈك چېچەكلىرى توزۇپ تۇراتتى. جىمجىت، شەپىسىز تۆكۈلۈۋاتقان چېچەكلەر ئۇنىڭ كونا ياغلىق ئوراپ تۇرغان باش - كۆزلىرىگە قوندى... ئايال توزۇۋاتقان چېچەكلەرگە قاراپ ئۆزىنى ئاشۇ گۈل - چېچەكلەر كەبى توزۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆڭۈلسىز هېس قىلدى. راست، بىر چاغلاردا ئۇمۇ ئاشۇنداق ئاپپاق گۈل - چېچەكنىڭ ئۆزى ئىدى. ئەپسۇس، ئۇمۇ ئاشۇ گۈل - چېچەكلەردەك توزۇپ كەتكەنىدى.

بۇ ئۇنىڭ ياشلىق چاغلىرى ئىدى. قىز ياشلىقىدا ئۆزىنى ئاشۇ ئاپپاق ئۆرۈك چېچەكلىرىدەك غۇبارسىز سېزەتتى. ئەمما، قىز ئۇ چاغلاردا ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ بۇنداق بىۋاقىت توزۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى... ئۇ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى مۇشۇنداق ئىللىق چېچەك پەسلى ئىدى. ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، باي قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە تۇز تىلەپ چىققان قىز ئاق تۇزنى كۆتۈرۈپ كەينىگە يانغاندا، دەرۋازا ئالدىدا قوشنىسىنىڭ مېھمانلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. مېھمان ئىككى كىشى بولۇپ، ماشىنىلىق ئىدى. قىز دەرۋازا ئالدىدا توختىغان ماشىنىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندا، ماشىنىنىڭ

ئىشىكى ئېچىلدى ھەم قىزنى كوچىنىڭ ياقىسىغا قىستاپ قويدى.

— ۋاي - ۋوي... ماۋۇ چىرايلىق قىزنى! — ماشىنىدىن چۈشكەن سۆلەتلىك كىشى، تارچىلىقتا ئۆتەلمەي تۇرغان قىزنىڭ گۈلدەك چېھرىگە راسا زېھىن قويۇپ بىر قاراپ ئۈلگۈردى، — كىمنىڭ گۈلىسىز، خان؟

قىز يەردىن ئۈستۈن قارىماي، ئەرنىڭ يېنىدىن تەستە ئۆتتى. ئۇ كىشى ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالدا قويغان بولسىمۇ، خۇش ئاۋاز، سۆز - ئىبارىسىنىڭ يېقىملىقىغا قاراپ، ئۇنى جاۋابسىز قالدۇرۇشنى ئەپسىز كۆرۈپ ئاغزىنى بوش مىدىرلاتتى:

— ئاتا - ئانامنىڭ گۈلىمەن، قارىي ئاكا.

— ئىسمىڭىز كىمكىن؟

— ئالتۇنەم.

قىز قوشنىسىنىڭ كوچىسىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ كوچىسىغا قايرىلدى. دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ھويلىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندا، ئىختىيارسىز كەينىگە قايرىلىپ، شەھەرلىكلەردەك پۇزۇر كىيىنىۋالغان، سۆلەتلىك ھېلىقى ئادەمنىڭ گۈل - چېچەكلەر ئارىسىدىن ئۆزىنى تاماشا قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ئېتىمنى دەپ بېرىپ نېمىمۇ قىلاتتىم، — دېدى قىز ئانىسىغا ھېلىقى كىشىنىڭ گېپىنى قىلىپ، — تاكى ھويلىغا يېنىپ كىرگۈچە مېنى ھاپ قىلىپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك كەينىمدىن قاراپ تۇردى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ئانىسى قازاندا قايناۋاتقان ئاشنىڭ تۇزىنى تەڭشەپ، — گەپ قىلماي ماڭسىڭىز «چىراي - تۇرقى پاكىز بولغان بىلەن مۆرىمەس، گومۇش قىز ئىكەن» دەپ قالامدۇ.

— مەيلى ئىدى...

شۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇنەم يات - ناتونۇش ئادەملەرگە ئىللىق

چىراي ئېچىپ ئۆزىنىڭ ئىسمى ـ زاتىنى دەپ بەرگىنى ئۇچۇن تالاي قېتىملاپ لېۋىنى چىشلەپ قالدى.

... گۇل ـ چېچەكلەر توختاۋسىز تۈزۈپ تۇراتتى. ئايال خازاندەك تۆكۈلۈۋاتقان چېچەكلەردىن خازان بولغان ياشلىقىنى سورايتتى.

ـــ نېمە بېزىرىپ تۇرىمىز بۇ يەردە؟ ! ـــ ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە كۆتەك يارغاندەك قوپال ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى، ـــ كالىنى جايلاپ ساغالمىغاندىكىن، ئۆيگە كىرىپ قورساققا ئاش ئېتىلى، ئاش !

ئايال خىيال دۇنياسىدىن ئۆزىگە قايتتى. توزۇۋاتقان گۇل ـ چېچەكلەردىن كۆزىنى ئۈزۈپ، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى گۇل ـ چېچەكلەردەك توزۇۋاتقان ئۆز خىيالىدىكى ئالتۇنەم ئىدى.

ئېرىنىڭ بالىنى سوراۋېرىشى ئالتۇنەمنىڭ كۆڭلىگە تەشۋىش سېلىپ قويدى. ھەممە ئىشقا چېپىلىپ تۇرىدىغان بىر نەۋرە سىڭلىسى ئاتىكەمنىڭ بالىغا دادىسىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، دەپ پالاقلاپ يۈرگىنى ئېسىگە كېلىپ، كۆڭلىگە بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى. ناۋادا نەۋرە سىڭلىسى دېگىنىنى قىلىپ، ئىلياسنى شەھەرگە ئەكىرىپ ناتونۇش دادىسىنى كۆرسىتىپ قويسا، دادىسى تايەدەك چوڭ بولۇپ قاتارغا قېتىلىۋاتقان ئوغۇلنى تونۇپ ئۆزىگە تارتىپ كەتسە، ئۇ چاغدا بالا غىلۋىسى قىلىپ تۇرغان ماۋۇ ئادەم... ئالتۇنەم، ئاقىۋەتتە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى... كۆز ئالدىدا خەسىدەك تاتارغان كوسا چىراي ئېرىنىڭ ھازىرلا چاچراپ چىقىدىغاندەك پۇلتىيىپ تۇرغان بىر جۈپ سوغۇق كۆزى ئۇنىڭغا نەشتەردەك قادىلىپ تۇراتتى. بۇ كۆزلەر شۇنچىلىك سوغۇق ھەم ئاداۋەتلىك ئىدىكى، ئاجىز تېنى سولغۇن چېچەك بەرگىلىرىدەك تىترەپ تۇرغان ئايالنىڭ ئانىلىق قەلبى قىسىنچىلىق ئازابىدا ئوت بولۇپ كۆيمەكتە ئىدى...

## 3

بازار ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشتى. ساتقۇلۇقلىرىنى سېتىپ، ئالغۇلۇقلىرىنى ئېلىپ بولغان كىشىلەر شەھەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ يۇرت ـ مەھەللىسىگە جۆنىمەكتە ئىدى. چۆلدەرەپ قالغان كوچىلاردا كۆتۈرۈلگەن ئىزغىرىن شامالدا سۇس توپا ـ تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، ئەتىگەندىن بۇيان شەھەرنى ئاۋات قىلغان بازارچىلارنىڭ ئىزلىرىدا قەغەز، يالتىراق پارچىلىرى ئۇچۇشاتتى.

هامىنىسىغا ئەگىشىپ شەھەردىن يانغان ئىلياسنىڭ قورسىقى ئاچقان، ئۇزۇن كىرپىكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان مۇلايىم قوي كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالغاندى. هامىنىسىنىڭ هالى ئىلياسنىڭكىدىن بەتتەر ئىدى، ئۇ ئىلياسنىڭ دادىسىنى ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى كۆزىتىپ چىققان كۆزلىرىدىن بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ئالامەتلىرى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى.

ـــ ئۇ ئادەم سودا ـ تىجارەت ئىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەتكەن ياكى بولمىسا هېلىقى ئەتىۋارلىق خانىشنى قولتۇقلاپ چەت ئەلگە سەيلە ـ ساياهەت، تاماشىغا ماڭغان ئوخشايدۇ!

يەردىن ئۇستۇن قارىماي كېتىۋاتقان ئىلياس بۇ گەپكە بىر ئېغىزمۇ ئىنكاس قايتۇرمىدى. بىر نەرسە دېسىمۇ، هارغىنلىق، ئاچلىقتىن قايىقى تۇرۇلۇپ قالغان هامىنىسىنىڭ شۇ گېپىگە قارىتا نېمە دەپ گەپ قىستۇرۇشنى بىلمەيتتى. هامىنىسى تىلغا ئالغان ئۈرۈمچى، چەت ئەلنى تەسەۋۋۇرىغا تېخىمۇ سىغدۇرالمايتتى.

ـــ كېيىن جەزمەن كۆرۈپ قالىسەن، داداڭنى بەك يولى بار، ئامىتى كەلگەن ئادەم، دېيىشىدۇ. بىزنىڭ بۇ ۋىلايەت كىچىك كەلگەندەك ئۈرۈمچىدىمۇ ئاسمان ـ پەلەك بىنادا ئۆيى بار،

دەيدۇ... مەن ساڭا دېسەم، ئۇ ئادەم ئۈرۈمچى بىلەن مۇشۇ ۋىلايەت ئارىلىقىدا ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇپ يۈرۈپ سودا قىلارمىش. خۇشى تۇتسا ئىچكىرىگە، چەت ئەللەرگە چىقىپ ئويناپ كېلەرمىش... بۇ يەردىكى ئىشلىرى قېلىپقا سېلىپ قويغاندەك يۈرۈشۈۋېرىدىكەن، دېسە!

ئىلياس ھامىسىغا ئەگىشىپ كوچا چىراغلىرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرغان شەھەردىن ئۇزاپ چىقتى.

كۆكلەم قوينىدىكى سەھرا كەچكى قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلۇق قوينىغا ئەسىر بولماقتا ئىدى. ئەمما، كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئەكسىچە بالىنىڭ قەلبىدە ئويلىمىغان بىر يورۇقلۇق پەيدا بولماقتا، بۇ يورۇقلۇق شامغىمۇ، ئېلېكتىر چىراغقىمۇ ياكى كەينىدە قېلىپ قالغان شەھەر كوچىلىرىدىكى زىننەت چىراغلىرىنىڭ يورۇقىغىمۇ ئوخشىمايتتى. بۇ يورۇقلۇق بالىنىڭ قەلبىدە تۇيۇقسىز ئوتلۇق بىر ئىستەكنى، شېرىن بىر ئارزۇنى، يېڭىچە بىر مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئويغاتماقتا ئىدى.

— ھەي!... — خېلىدىن بېرى ئاغزى بېسىقىپ قالغان ئاتىكەم توساتتىن جەينىكى بىلەن ئىلياسنى تۈرتتى، — نېمانداق پۇلغا ئالمىغان ئامۇتتەك سولىشىۋالىسەن؟ بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلغاچ ماڭساڭچۇ!

يولدىكى ھارۋىلىقلارغا قەدەمدە بىر سىگنال ئۇرۇپ ھېلى ئاستىلاپ، ھېلى ئىتتىكلەپ دېگەندەك كېتىۋاتقان ئاپتوبۇستا جىممىدە ئولتۇرغان بالا قارشى تەرەپتىن چىراغ ياندۇرۇپ كەلگەن ماشىنىنىڭ پىلىلداپ تۇرغان يورۇقىدا گەۋدىسىنى بىر ئاز كۆتۈرۈپ، يېنىدا ئولتۇرغان ھامىسىغا قارىدى. ھامىسىنىڭ كەيپىياتى ناچار بولۇپ، ئەتىگەندىن بېرى بىكار يول يۈرۈپ، قىلماقچى بولغان ئىشىنى روياپقا چىقىرالمىغىنىغا ئۆكۈنگىنىچە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇھسىنىپ ئولتۇراتتى. ئىلياسنىڭ ھامىسىغا قىلغۇدەك گېپى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ

ئۆمىدسىز كۆڭلى ئۇچۇن بىرنەرسە دېمەكچى بولغاندەك ئاغزىنى ئۆمەللىدى. ھالبۇكى ھاممىسى يېنىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان يۇرتداشلىرىنى ئەمدى ئېسىگە ئالغاندەك، ئىلياس ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېلىقى يۈز كۆرۈشمىگەن دادىسى توغرۇلۇق گەپ قىلىپ سالىدىغاندەك، دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى:

— بۇگۇن قورسىقىڭنى ئاچ قويدۇم، ھە، ساقام؟

ئىلياس بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۆيگە چىققۇچە تۇكۇرۇكۇڭنى يۇتۇپ بولسىمۇ چىداپ ئولتۇر... يىغىپ قويغان تۇخۇملىرىم بار، بىرنەچچىنى چېقىپ پوشكال ئېتىپ بېرىمەن.

— شەھەردە ئاشمانتا، گۆش - كاۋاپ ئېلىپ بەرمىدۇقمۇ خېنىم بۇ ئوغۇلغا؟ — ئۇلارنىڭ كەينىدىلا ئولتۇرغان چالا تونۇشلاردىن بىرسى ئاتكەمنىڭ گېپىگە گەپ قىستۇردى.

— سومكامدا كىراغا تۇشلۇقلا پۇل قالغان، قايلىسىلا...

— ئۆزلىرىنىڭ بالىسىدۇ؟

— ياق، نەۋرە ئاچامنىڭ ئوغلى.

— گەپ شۇ يەردە ... شۇڭا قورسىقى ئاچ قاپتۇ بايقۇشنىڭ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس...

— شۇ گەپ، كىشىنىڭ بالىسى بولغاندىكىن... ئەگەردە ئۆزلىرىنىڭ باغرىلىرىنى يېرىپ چۈشكەن بالا بولغان بولسا، ئاغزى - بۇرنىدىن يانغۇچە تويدۇرۇپ، «يەمسەن، ياق» دېگۈزۈپ ئاندىن ئۆيگە ئېلىپ ماڭىدىغان گەپ...

— قايسى يۇرتنىڭ دورغىسى، سىلى؟ كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي، ئۆزلىرىنىڭ غېمىنى قىلسىلا ! — «بىر ھارغانغا گەپ قىلما، بىر ئاچقانغا ...» دەپ، ھېرىپ - ئېچىپ تۇرغان ئاتكەم تۇيۇقسىز تەرىنى تۇرۇپ ھېلىقى كىشىگە تىل سالدى، — گەپ قىلمىسام نېمە تولا كوتۇلداپ ئاغزىلىرىغا كەلگەننى دەۋېرىلا؟ بىر كىم كىشىنىڭ ئىشىغا ئاقساقاللىقىقا قويغانمۇ يا سىلىنى؟!

— كاللىسىنىڭ سۆيى بارمۇ، ماۋۇ چوكانىنىڭ... تەمسىلاتتا بىر چاقچاق قىلىپ قويسام ئەجەب ئۆزىنى باسالماي قالدا؟!

— كاللىسىنىڭ سۆيى بار - يوقلۇقىنى پىتلىق خوتۇنلىرىدىن سورىسىلا !... كىشىنىڭ ئىشىغا كۆز - قۇلاقلىق قىلىدىغان قانداق سۆپەك، بۇ؟ !

— ما خوتۇنىنىڭ ئاغزىنىچا !... — ھېلىقى كىشى ھۆركىرەپ ئورنىدىن تۇردى.

— ھوي... ھوي ! — شوپۇر ئاپتوبۇسنى ئاستىلاتتى، — بۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى ئۇلاغ بازىرى ئەمەس جۇمۇ، تۇغقانلار... سوقۇشۇپ - تالىشىدىغان ئىش بولسا، يەرگە چۈشۈپ، كەڭتاشا سەيناغا بېرىشسىلا، — دېدى. سەپەرداشلارمۇ ئارىغا چۈشۈپ جېدەلنى بېسىقتۇردى. ھېلىقى ئەرنى سۆرەپ ئىتتىرىپ دېگەندەك ئالدى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ ئاتىكەمدىن يىراقلاشتۇردى.

ئىلياسنىڭ كۆز ئالدىدا كۆتۈرۈلگەن غوۋغا، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، بوۋاقلارنىڭ يىغىسى، كىمنىڭدۇر بازارغا ئەكىرگەن مۈشۈكىنىڭ سوزۇپ مىياڭلاشلىرى، قاپقا سولانغان خورازنىڭ پوت، قانىتىنىڭ بوغۇچلانغىنىغا چىدىماي قىرقىراشلىرى... ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى. خىرەلەشكەن قەلبىنى يورۇتقان ھېلىقى نۇر بارغانچە كۈچىيىپ، تېڭىرقىغان قەلبىدە پەيدا بولغان بالىلىق ئىستەكلىرىنى نۇرغا پۈركىمەكتە ئىدى.

كىچىك بالىنىڭ قەلبىمۇ ئاجايىپ بىر دۇنيا. ئىلياس ئىسىنى تېپىپ ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى تۇرمۇشىدا قانداقتۇر بىر كەمتۈكلۈكنىڭ بارلىقىنى سەزدى. ئەتراپىدا، مەھەللە - كويلاردا ھېلى ئانىسىنىڭ، ھېلى دادىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئەركىلەۋاتقان، ئەتىۋارلىنىۋاتقان بەختىيار بالىلارغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ، بوينى قىسىلغىنىچە كۆڭ ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كېيىنچە مىجەزى ئوسال ئېرىنىڭ ئۆيىدە خارلىنىۋاتقان

ئانىسىنىڭمۇ ئۆزىگە بىرىشكە تېگىشلىك ئانىلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىنىمۇ يوشۇرۇن تۇتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىچارە ئانىسى ئاشۇ چېقىر كۆز ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيەلمەيتتى. كېلە، بالام، دەپ باغرىغا باسالمايتتى. گېپىدىن ئۆتمەي ئېلىپ قويغان تاتلىق ـ تۈرۈملىرى بولسىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا بېرەلمەيتتى. پەقەت ئېرى يوق چاغلاردا، پىنھانلاردا ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. ئىلياس چوڭ بولغانسېرى بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. ئانىسىنىڭ قىزىل كۆز، ئىچى تار بىر ئەرنىڭ ئالدىدا نائىلاجلىق، بىقوۋۇللۇق ئىچىدە كۈن كەچۈرىدىغانلىقىنى كۆردى.

مۇشۇنداق تۇرمۇش شارائىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىلياس تەدرىجىي ھالدا كەم سۆزلۈك، ئۇمىدسىزلىك، ياۋايىلىق، يالغۇزلۇق ئالىمىگە بەند بولدى. غۇبارسىز قەلبىدە ئادەملەردىن ياتسىراش، يېتىرقاش، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش خاھىشى بىخلىنىپ بارغانسېرى جىمغۇرلىشىپ، يۇرت ئىچى ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىچىدىكى تەڭدىمەتلىكلىرىگە ئوخشىمايدىغانلا بىر ئادەم بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

مانا بۈگۈن ئاتىكەم ئۇنىڭغا ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن بىر گەپنى قىلىپ، خىلۋەتتىكى يالغۇز كەپىدەك غېرىب قەلبىگە توساتتىن ئوت يېقىپ قويدى. كۈن كەچ بولغانسېرى بۇ ئوت ئاستا ـ ئاستا يېلىنجاپ، يىگانىلىك، ياتلىق ئالىمىدە تۇنجۇققان باللىق ئىستەكلىرىدە ھاياتنىڭ نۇرلۇق بىر تېگى چىللىدى. بۇ تاڭدا گويا قۇياش كۈلۈپ تۇراتتى. باھاردەك ئىللىق ئاپتاپ ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىپ تۇرغاندەك بىلىندى ...

ئىلياس ھامىنىغا ئەگىشىپ ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە، يۇرت ئىچىدە خۇپتەن نامىزىغا ئەزان ئېيتىلدى، مەھەللىدىكى كىشىلەر ئۇلاغ ـ ئۇلاغلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىشىك ـ دەرۋازىلارنى تاقاپ بولغانىدى.

— ۋاي ئىلياس، ۋاي ئىلياس ! — دېدى ھامىمسى ئۇھ تارتىپ، — بۇگۈن سېنى دەپ ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم. يەنە تېخى خەقتىن يامان گەپ ئاڭلاپ كۆڭلۇمنى ئاغرىتىۋالدىم... سېنى دېمىگەن بولسام شۇ قاغجالىمنىڭ شەھىرىگىمۇ كىرمەيتتىم، خەق بىلەنمۇ ئۇرۇشۇپ - تىللىشىپ يۈرمەيتتىم.

ئىلياس گەپ قىلمىدى. باھار ھىدى پۇراپ تۇرغان بوك - باراقسان دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىكى قاراڭغۇ يولدا ئۈن - تىنسىز ھالدا ھامىمىسىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

— تەلىيىمنىڭ يوق بىر شۇم ئىكەنسەن ! — قاراڭغۇدا نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ پۈتى مىتكوت كەتكەن ھامىمسى يەنە چېچىلدى، — بىر كۈن كەچكىچە شەھەرنىڭ كوچىسىنى چىڭداپمۇ دادىڭ دېگەن ھىماتلىقنى تاپالمىدۇق. ئەمدى نېمە كۈن كۆرسەڭ كۆرەرسەن...

ئىلياس گەپ قىلماستىن ئۈن - تىنسىز ماڭاتتى.

— بۇ ئىشلارنى ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما، جۇمۇ !

ئىلياس ھامىمسىنىڭ تېخىچە سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلىدى ھەم ماغدۇرىنى ئاغزىغا يىغىپ جاۋاب قايتۇردى:

— ھىم...م.

— ئاغزىڭنى ئېچىپ، ماقۇل دەپ قويغىنا !

ئىلياس ھارغان، ئاچقان ھامىمسىنىڭ بۇگۈن ئۆزىگە بەكمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك غېرىب ھېس قىلدى.

## 4

تەقەززالىق ئىلكىدىكى ئەتە، ئۆگۈن، كېلەر ھەپتە، كېلەر ئاي، كېلەر يىل... دىن نەچچىسى ئۆتۈپ كەتتى.

ئىلياس تۇرمۇشتىكى قايمۇقۇش، ئېگىز - پەسلىكلەر

ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن ھالقىپ، كەسپىي تەربىيەلەش مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ ئەمدى بۇ يەردە شوپۇرلۇق ـ رېمونتچىلىقنى ئۆگىنىدىغان بولغانىدى. مۇئەللىملەرنىڭ گېپىچە، بۇ نان تېگىدىغان كەسىپ ئىكەن.

ئالتۇنەم ئاتايىن مەكتەپكە بېرىپ نائىلاجلىق، تەشۋىش ئالامەتلىرى قېتىپ قالغان كۆزلىرىنى ئىلياسقا تىكتى:

— تاغاڭغا دېدىم ھەم ماقۇللۇقىنى ئالدىم، ئەمدى مېنىڭ يېنىمدا تۇرغىن، بالام.

ئىلياسنىڭ ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى ئانىسىغا تىكىلدى :

— نېمىشقا، ئانا؟

— ئادەم چوڭ بولسا، قورسىقىمۇ تەڭ چوڭ بولىدىغان گەپ، ئەمدى تاغا، ھامىملىرىڭغا يۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋەرسەڭ بولمايدۇ...

— ئۇلار ماڭا ئۇنداق دېمىدىغۇ؟

— تاغىلىرىڭ ئۇنداق دېمىگىنى بىلەن خوتۇنلىرى يات. ئۇلار بىلىپ ـ بىلمەي ياتلىقىنى قىلىدۇ !

ئىلياس مەكتەپ مەيدانىدىن چاڭ چىقىرىۋەتكەن ساۋاقداشلىرىغا قارىدى. ئۇلار شوقەدەر غەمسىز، شوخلۇق بىلەن توپ تېپىشىۋاتاتتى. ئىلياس بولسا پۇتۇنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە... ئانىسى قانداق بىلدىكىن، تاغىلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ھە دېگەندە ئۇنىڭغا ئاشنىڭ سۈيىنى ئۇسۇپ بېرەتتى. ناننىڭ كۆيۈكىنى تۇتقۇزۇپ قوياتتى...

بالىسىنى ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋېلىش ئۈچۈن مەكتەپكە كەلگەن ئالتۇنەم ئوغلىغا قاراپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. يىرتىق ئايىغىدىن چىقىپ تۇرغان باشمالتاق پۇتى بىلەن يەرنى جىجىلاپ تۇرغان ئوغلىنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتتى. ئۇنىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىغا قاراپ، قوشۇلدى دەپ ئويلاپ، ياندۇرۇپ سورىدى :

— ماقۇل بولدۇڭمۇ، بالام؟
— مەن بارماي، ئانا! — ئىلياس ئىختىيارسىز بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بوزلىدى، مۇلايىم قوي كۆزلىرىنى ياشلىدى.
— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن، جېنىم بالام؟ — بالىسىغا قاراپ يۈرىكى يىغلىغان ئانا بالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بېشىدىكى قارا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ تارام - تارام تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتتى.
— مېنىڭ بارغۇم يوق، ئانا!
— نېمىدەپ ئەمدى؟...
— مەن كىشىنىڭ ئالدىدا بەك ياتسىراپ قالىدىكەنمەن، ئانا!
— مەنمۇ كۈندە يېنىڭدا بولمەنغۇ، جېنىم بالام؟...
— سىز بار يەردە ھېلىقى ئادەممۇ بار، مەن يات كۆزلەرنىڭ ئالدىدا...
ئانىنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ يىغىدىن باشقىغا قۇربى يەتمەيتتى.
ئىلياس ئانىسىنىڭ قولىدىن ئاجراپ، توپ مەيدانىغا كەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاتقان ساۋاقداشلىرىغا كۆز ياشلىرىنى كۆرسەتكۈسى يوق ئىدى.
ئالتۇنەم ئوغلىنىڭ كەينىدىن خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى. كېيىن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئۆيى تەرەپكە يۈرالىدى. ئەمدى ئوغلىغا ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقان تاغىسى بىلەن قايتا كۆرۈشۈشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى.
— قېنى ئۇ... يەنە سالتاڭ كەپتىمىزغۇ؟ — ئالتۇنەم ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلە - كەلمەي، ئېرى ناسىرباي ئالدىغا «ھارماڭ»غا چىقتى. كۆزلىرىدىن ناسۇالغا خۇمارى تۇتۇپ قالغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغان ئۇ ئادەمنىڭ قاپىقى سىلىنغان، كەيپى ئوسال كۆرۈنەتتى. ئالتۇنەم ئۈندىمىدى. ئانا ئەمدى بالىنىڭ بۇ ئۆيگە كەلگۈسى يوق ئىكەن دېيەلەيتتىمۇ؟!

ئاغزىدا ئوچۇق ئىپتىمىسمۇ، قورسىقىدىكى غۇمى مانا مەن دەپ ئاشكارا بولۇپ تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىگىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى. ئېرىنىڭ قورسىقىدىكى چوتۇرى ئايالغا ئايان، ئىلياس كارغا كەلگۈدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇزاققا قالماي ئوقۇشى ئاخىرلىشىدۇ. شۇڭا، ئۇنى مۇشۇنچىلىك ۋاقتىدا ئالداپ ـ سىلاپ يېنىغا ئەكېلىۋالسا، بىر كىشىلىك كەتمەننىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ. ئەتىگىنى ـ ئاخشاملىرى ئۇلاغ باقىدۇ، كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلەيدۇ. كېچىسى سۇ ياقىلايدۇ. ئېتىز ـ ئېرىق ئىشىدىن بوشانسا يەنە ئۇلاغ باقىدۇ... قورسىقى نان دەپ تۇرىدىغان ئادەم دېگەننى بىكار قويغۇلۇق ئەمەس.

ناسىرباي ئالتۇنەمنىڭ ئۇن ـ تىنسىز تۇرغىنىنى كۆرۈپ، «ھېلىقى قاپاقباش بويۇن تولغاپتۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، كونا خەسىدەك سوغۇق چىرايىنى ھېلىلىدەك قورۇپ، جىنى چىقىپ كەتكەندەك نىداسىز تۇرغان ئايالغا بىر پەس ھومىيىپ قاراپ تۇردى. ئاندىن پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدىكى چۈۋۈلۈپ تۇرغان كونا بورىغا كېلىپ ئولتۇردى. پۇتىغا ئېسىۋالغان ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ، ناس چېكىشكە ئادەتلەنگەن ئەپچىل قوللىرى بىلەن بىر چىمدىم ناسنى ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىغا تۆكۈپ، ئۇۋۇلاپ يۇمشاتقاندىن كېيىن كالپۇكىنىڭ ئاستىغا كاپ ئەتتى...

ناسىرباي چېكىملىكىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، خۇمارلاشقان كۆزلىرىگە جان پەيدا بولغاندا، ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، تەڭقىسلىق ئىلكىدە قىسىلىپ تۇرغان خوتۇنىغا بويۇندىدى:

— يەتمىش پۇشتۇڭلاردىن بىرەرسى مېنىڭ ئىشىمغا توپا سىلىش ئۇچۇن قولىقىنىڭ توپىسىنى قېقىپ قويغان ئوخشايدۇ، ئۇ مۆرىمەسنىڭ!

ئالتۇنەمنىڭ يۈرىكى ئۆرتەندى. ئۇ ئوغلىنىڭ مۇشۇنداق يامان كۆز، يامان گەپتىن ياتسىرايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھالبۇكى، بۇ بىچارە ئايال مۇنۇ ئادەمگە ئويلىغانلىرىنى دېيەلمەيتتى. چۈنكى، ئالتۇنەم ئەرنىڭ مۇشتۇمىدىن ئېزىلىپ كەتكەنىدى.

قاراڭغۇ چۈشتى. خۇمارى تۇتقان بەڭگىنىڭ ئەسكىلىكى تۇتتى... ئۆرۈكلۈك ھويلىدىن بىقوۋۇل بىر ئايالنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان نالىسى ئاڭلاندى، توزۇپ تۇرغان ئۆرۈك چېچەكلىرى ئىزغىرىن شامالدا ئاجىزەنىڭ نالىسىدە چەيلەنمەكتە ئىدى...

ئەمدىلا ئېچىلغان ئۆرۈك چېچەكلىرى ھەم خۇشبۇي، ھەم يۇمران كېلىدۇ. ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا باي قوشنىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالغان سۆلەتلىك، ئاچ كۆز، قەددى ـ قامەتلىك، خۇشخۇي مېھمان ئۆرۈك چېچەكلىرىدەك ھەم يۇمران ھەم نازۇك ئالتۇنەمگە كۆزى چۈشۈپ ئۇنىڭ ئىسمى ـ زاتىنى سورىغاندا، ئۇ ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ بىۋاقىت توزۇپ كېتىشىنى بىلگۇدەك ئەمەس ئىدى. قىز شۇ چاغدا ھېلىقى ھەشەمەتلىك قىزىل رەڭلىك پىكاپ، سۆلەتلىك مېھماننىڭ باي قوشنىسىنىڭ ئىشىكىدە پات ـ پات پەيدا بولغىنىنى كۆرۈپ، كۆزى ئېچىلمىغان ئاق بۆجەندەك ئۈركۈگەن، ئۆزىنى دالدىغا ئالغانىدى. لېكىن...

ھەشەمەتلىك قىزىل رەڭلىك پىكاپ يەنە پەيدا بولغان بىر ئاخشىمى، باي قوشنىسى ئۇلارنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەلدى. قول ئىلكىدە يوق، مۆمىن دادىسىنى بىر چەتكە تارتىپ، كالىنىڭ جىگىرىدەك قارىداپ تۇرغان قىلىن كالپۇكلىرىنى قىمىرلىتىپ، دادىسىنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلىدى:

— جانان ئۆرۈكنىڭ چېچىكىدىن تارالغان خۇشبۇي ھىد دىماققا يەتتى، شاش كۆڭۈلنى مەست قىلدى...

چوڭلارنىڭ ئوتتۇرىلىقىدا بولۇنۇۋاتقان گەپلەر ئاشخانىدا كۆك چۆچۈرىسى تۈگۈۋاتقان ئالتۇنەمنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. ئۇ دادىسىنىڭ باي قوشنىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانلىقىنى تۇيدى. ئۆزىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېتەلمىدى.

— گېپىمنىڭ مەنىسىگە يېتەلمىدىڭىز ـ ھە، مولليكا، — قوشنا ئەر گەپنىڭ تېگىنى ئاچتى، — مېنىڭ شەھەرلىك بۇرادىرىم ھەمدۇللا مەخسۇم سىز ئۆستۈرگەن ئاشۇ جانان

ئۆرۈكنىڭ كۆچىتىنى سوراۋاتىدۇ.

— كۆچەت؟ — ئالتۇنەمنىڭ دادىسى قوشنىسىنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىگە يەتكەندەك بولدى، — ئۆزلىرى بىلەن كونا قوشنا تۇرۇپ بىر ـ بىرىمىزدىن كۆچەت ـ نوتا، گۈل ـ گىياھ ئاياشقان مۆمىنلەر ئەمەسمىز. سىلىنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ كۆزى چۈشكەن جانانىڭ كۆچىتىنى ئايرىشىنىڭ تېخى ۋاقتى كەلمىدى، ناۋادا زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئۈچىنچى باهاردا ۋاقتى ـ سائىتى كېلەر...

— ئۈچىنچى باهار؟

— شۇنداق. ھەرقاچان سىلىمۇ بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس، كۆچىتىمىز تېخى يۇمران، ئۆزگە باغقا ئۆزلەشكۈدەك شۇدى يوق.

— ئۈچىنچى باهار... بۇنچە ئۇزاق ۋاقىتقا تاقەت قىلىپ بولماس. مەخسۇم ماڭغان ئىزىدىن قىزىلگۈل ئۈنىدىغان، خان ـ پادىشاھ سۆپەت تېپىلغۇسىز ئېسىل كىشى ئىدى.

ئارىنى سۈكۈت باستى. «خان ـ پادىشاھ سۆپەت، تېپىلغۇسىز ئېسىل كىشى ئىدى... » دېگەن تەرىپلەشلەر تەقۋادار مۆمىن مۇسۇلماننى دېلغۇل قىلىپ قويغانىدى.

ئالتۇنەم دادىسى بىلەن باي قوشنىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن خۇپىيانە سۆھبەتنىڭ ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن باي قوشنىسىنىڭ ئىشىكىدە توختايدىغان ھېلىقى قىزىل رەڭلىك ھەشەمەتلىك پىكاپ ئۇلارنىڭ قىيسىيىپ تۇرىدىغان تاختاي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا توختايدىغان بولدى. بەستلىك، ئىككى مەڭزى دائىم قىزىرىپلا تۇرىدىغان، كۆزلىرىدىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھىيلىگەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان ھېلىقى سۆلەتلىك كىشى ئۇلارنىڭ قىيسىق ئىشىكىدىن ئېگىلىپ كىرىپ، يوقسۇزلۇقتىن چۆلدەرەپ تۇرىدىغان ئۆيدە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرىدىغان قىزنىڭ دادىسى بىلەن ئۇيان ـ بۇياندىن پاراڭ سېلىشىدىغان بولدى. قىزىل رەڭلىك پىكاپىنى كۆرسىلا، مۆكۈنۈۋېلىشقا جاي تاپالماي

قالىدىغان ئالتۇنەم ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدىغانلىقىغا، قېتىپ قالغان زاغرا، قېتىق دېگەندەك ئاددىي تائاملارنىمۇ ماختاپ، تىلىنى چېكىپ ئولتۇرۇپ مەززە قىلىپ يەپ، دادىسى بىلەن كونا قەدىناسلاردەك مۇڭدىشىپ كېتىشلىرىگە ھەيران بولاتتى.

باي قوشنىسىنىڭ ماختاش ـ ئۇچۇرۇشلىرىدىن ھەمدۇللا مەخسۇمنىڭ شەھەردىكى بايلارنىڭ بىرسى ئىكەنلىكى، پۇل دېسە پۇلى، مال دېسە مېلى بارلىقى، قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدىغان كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئەلۋەتتە، باينىڭ سېخىيلىقى، قولى ئوچۇقلۇقى بۇ نامرات ئائىلىگىمۇ ئىلتىپاتىنى كۆرسەتتى. غورا پەسلىدە باشلانغان رامىزاندا، شەھەرلىك باي بۇ ئۆيگە ياغدىن تارتىپ گۇرۇچكىچە، كىيىم ـ كېچەكتىن تارتىپ نەق پۇلغىچە زاكات قىلدى. ئەزەلدىن ئۆزگىلەرنىڭ زاكىتىدىن قاچىدىغان تەقۋادار ئاتا، باي قوشنىسى بىلەن شەھەرلىك باينىڭ ھە ـ ھۇ دېيىشلىرى، سۇلھى ـ سالا قىلىشى ئالدىدا ئاجىز كەلدى، زاكاتنى قوبۇل قىلىپ، دۇئا قىلدى. ئالتۇنەم ئۆزىگە ئاتالغان ھېيتلىق كىيىم ـ كېچەك، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر جۈپ ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرۈپ، ئانىسىنىڭ ئالدىدىن تالاغا قاچتى. ئۇ ئۆزىگە خوپ كۆرمىگەن بىر ئادەم سوۋغا قىلغان ئالتۇن ئۈزۈكنى نازۇك بارماقلىرىغا سېلىشنىمۇ خوپ كۆرمىگەنىدى.

«موزاينىڭ يوگۇرۇشى سامانلىقىچە» دېگەندەك، مۇشتۇمدەك قىز نەگىمۇ قاچالايتتى؟!...

بەڭگىدىن تاياق يەپ، قاش ـ كۆزلىرى كۆكىرىپ كەتكەن ئالتۇنەمنىڭ ئويلىغانچە ئۆپكىسى ئۆرۈلەتتى. ئۇ مۇشۇنداق قاراڭغۇ تۈن ـ كېچىلەردە ئۆزىنى ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ قويۇپ ئاندىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك خارقىراپ خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كېتىدىغان ئاۋۇ ياۋۇز مەخلۇقنىڭ بېشىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن، ئۆيىدىن نەچچە يۈز قەدەم نېرىدىكى

چوڭ يولدا موكىدەك ئۆتۈشۈۋاتقان ئاپتوموبىللاردىن بىرنى توسۇپ، يىراقلارغا كەتكەنمۇ بولار ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نومۇس كۈچى خورلۇقتىن پەيدا بولغان بۇ خىيالىغا يول قويالمايتتى. ئۇ ھەرقانچە خورلۇق تارتسىمۇ، بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ بۇ دۇنيادىن ياخشى ئاتاق بىلەن ئۆتۈپ كېتىشنى، «يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن بۇزۇق ئايال» دېگەن يامان ئاتاقتا قېلىشنى خالىمايتتى. تۇل يۇرۇپ ئۆزگىلەرنىڭ كۆزلىرىدە، ئاغزىدا يامان ئاتاقتا قېلىشنى تېخىمۇ نومۇس كۆرەتتى.

## 5

«ياخشى گەپ قۇلاقتا دورا» دەپتىكەن كونىلار...

چوڭلار كەسپىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ھېچبىر ئىشنىڭ ئېپىنى ئالالماي بىر قىشنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئىلياسقا بىرمۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ، ئالداپ ـ سىلاپ دېگەندەك ئانىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇشتى. ئۇنىڭسىزمۇ تاغىلىرىنىڭ بالىلىرى ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى. چوڭلار ئۇنى مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا بىر ئىشلارغا مەلىكە قىلىپ، ئوقۇغان كەسپىگە لايىق بىر ھۈنەرنىڭ بېشىنى تۇتۇپ بېرىشنى، ئۇنىڭغىمۇ مۇمكىن بولمىسا، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشىغا سېلىشنى ئويلايتتى. شۇندىلا ئۇنىڭ ھېلى ئۇ ئۆي، ھېلى بۇ ئۆيدە لاغايلاپ يۇرۇشىنى توسۇپ، بەختباش قەدەملىرىگە چەك قويغىلى بولىدۇ، دېيىشەتتى. لېكىن، بۇ ئىشلار ئويلىغاندەك بولمىدى. بولۇپمۇ ھاممىسى ئاتىكەم ئىلياسنىڭ يۇرىكىگە ئاللىقاچان ئوت سېلىۋەتكەن، ئۇنىڭ ياشلىق قەلبىدە بىر خىل غايىۋى تۇيغۇ پەيدا قىلغانىدى.

— سەن نەدە كۆن كەچ بولسا شۇ يەردە يېتىپ، كىم نېمە بەرسە شۇنى يەپ بەختباشلىشىپ قاپسەن! — دېدى ناسىرباي ئىلياسقا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ، — ئەمدى مەكتەپتىن بىكار

بولغاندىكىن، ساڭا قىلىدىغان ئىش تېپىپ قويدۇم.

ئىلياس بۇ ئادەمنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، ئۈندىمەي تۇردى.

— بۇ دېگەن ئاسانلا ئىش. كەتمەن چاپمايسەن، تاغار يۈدۈمەيسەن... كەنتتىكىلەرنىڭ مال چارۋىسىنى پادىغا قوشۇپ جاڭگالغا ئاپىرىپ بېقىشنى كۆتۈرە ئالىدىغان ئىش. چارۋا بېشىغا ھېسابلاپ ھەق ئالىدىغان ئىشتىن غەم قىلما. سەن چارۋا ماللارنى ئازغاشتۇرۇۋەتمەي، يىتتۇرمەي ئوبدان ھېزى بولساڭلا بولدى...

تېزلا بوي تارتىپ چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قالغان ئىلياس قويلارنى ھەيدەپ ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىدىن نېرى كەتتى. ئۆزگە قاراپ تۇرغان چىرايىنىڭ ئاچچىقتىن ھېلىملىدەك قورۇلۇپ كەتكىنىنى بىلىپ يەتتى. بىچارە يىگىت نەچچە كۈن بولمايلا قاپاق ھەرىسىدەك كۈندە قۇلىقىنىڭ تۇۋىدە گىڭىلداپ تۇرىدىغان بۇنداق گەپلەردىن بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويغانىدى. ئىلياس بولسا شەھەردىكى چوڭراق رېمونتخانىلارنىڭ بىرسىگە كىرىپ شاگىرت بولۇپ ئىشلەپ، مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنى پۇختىلاپ، كېيىنچە ئۆزىنىڭ مادارىغا بېقىپ ئىش كۆرۈشنى ئويلايتتى ياكى پىراۋىسى چىقسا كۈن ئالماق ئاسانلىشىپمۇ قالار ئىدى.

كۈن ئولتۇردى. ئالتۇنەم تاغارنى يۈدۈپ مەھەللىگە كىرىپ كەلدى.

— ئۇ قاپاقباش زادى گەپ ئاڭلامدۇ، ئاڭلىمامدۇ؟! — دېدى ناسىرباي ئېتىزلىقتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن ئالتۇنەمگە نەشتىرىنى سانجىپ، — گەپ قىلە، ئۇ ھارامزادىگە مەن نەسىھەت قىلمەنمۇ ياكى ئۆزۈڭ؟

— مەن نەسىھەت قىلاي، — دېدى ئالتۇنەم بېشىنى سالغان ھالدا.

— قاچان؟ — دېدى ناسىرباي ئايالىغا مىختەك قادىلىپ.

— كەچتە، قورسىقى توق ۋاقتىدا.

— قاچان تويۇپ ئۆتىدۇ، ئۇ مۆرىمەس؟!

ئالتۇنەم ئوتنغۇچ، ئوت ـ چۆپلەرنى كۆتۈرگىنىچە ئېرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، هويلىغا ماڭدى. ئېرى ئۇنىڭ جېنىغا كىرىشمەكچى بولغاندەك، ئالتۇنەمنى هازىرلا بىرنېمە قىلىۋېتىدىغاندەك، ئۇنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپ هويلىغا كىردى. ئالتۇنەم ئېرىنىڭ كۆزلىرىدىن جېدەل تېرىشنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ تالاغا ــ قوشنا مومايىنىڭ ئۆيىگە چىقىۋالماقچى بولدى. لېكىن، ئېرى بوسۇغىدا ئالدىنى توسۇۋالدى:

ــ ئوغلۇڭغا بۈگۈن نەسىھەت قىلىسەن !

ــ مەن نەسىھەت قىلاي.

ــ مېنىڭ ئالدىمدىلا !

ــ سىلىنىڭ ئالدىلىرىدىلا؟ ... ئۇنداق قىلسام، بالا بىلەن ئارىمىزدا مېھىر ـ شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

ــ ياق، سەن ئۇنى تولا هە ـ پە دەپ، خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويۇۋاتىسەن. شۇڭا، ماڭا بويۇنتاۋلۇق قىلىدۇ. ئاشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۇ هارامزادىنى ئادەم قىلغىلى بولمايدۇ !

ــ ئانچە تەگەپ كەتمىسىلىمۇ بولاتتى، ئۇ تېخى كىچىك.

ــ كىچىك ئىمىش ! دېگىنە، نەسىھەت قىلامسەن، قىلمامسەن؟ !

ــ قىلىمەن.

ــ ماڭە ئەمىسە، باغدىكى بېھىدىن چىۋىق راسلاپ قويدۇم. مېنىڭ ئالدىمدىلا ئۇنى راسا كېلىشتۈرۈپ ساۋايسەن !

ــ ئۇنداق قىلالمايمەن، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا مەندىن باشقا هېچ ئىچ كۆيەر ئادىمى يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە بالا چوڭ بولۇپ قالدى.

ــ مەن سېنىڭ مۇشۇنداق گېپىڭگە چىدىمايمەن، ئوچۇقىنى دېسەم، ئانا ـ بالا ئىككىڭنىڭ تىلى بىر. شۇڭا، ئۇ هارامزادەڭ ماڭا بوي بەرمەيدۇ !

ناسىربايىنىڭ زۇۋانى ئۆچۈپ، دەرۋازا ئىچىدىن تاقالدى. گۈلدۈر ـ غالاپ بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ئالتۇنەمنىڭ نالىسى ئاڭلاندى.

يۇرەكنى ئېزىدىغان يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يۇرىكى مۇجۇلغان ئىلياس قويلارنى تاشلاپ هويلا تەرەپكە يۈگۈردى...

ئالتۇنەم تاياق ئازابىدا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ بۇلۇڭدىكى قازناقتا تۇڭلۇككە قاراپ يېتىپ، يۇمران ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ تۆزۈپ كەتكىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇنداق، ئۆرۈك چېچەكلىرى هايالسىز تۆزۈپ كەتكەندى... ئۇن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا باي قوشنىسىنىڭ ھە ـ ھۇلىرى بىلەن شەھەرلىك باينىڭ خەيرخاھلىقىغا قەرزدار بولۇپ قالغان دادىسى كۆز قارىچۇقىدىنمۇ ئەزىز بىلىدىغان جانان ئۆرۈكىنىڭ كۆچىتىنى ئەمدىلا باهار ئاپتىپىغا چىراي ئاچقان گۈل ـ چېچەكلىرى بىلەن قوشۇپ سۆلەتلىك باي ھەمدۇللا مەخسۇمغا راۋا قىلىپ بەردى...

ئاق بۆجەندەك ئۇركۈپ تۇرغان قىز ئاخشاملىرى هويلىسىدا پالاقشىپ يۈرگەن بۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگۈچە، داۋراڭسىز كىچىك تويغا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئەمدىلا تەشتۈرۈلگەن قۇلىقىدىن تارتىپ قولىنىڭ بارماقلىرىغىچە قوشلاپ ئالتۇن جابدۇقلار سېلىنىپ، موللىنىڭ نىكاھ سورىقىغا قويۇلدى. يۇم ـ يۇم ياش تۆكۈۋاتقان قىز ئانىسىنىڭ، باي قوشنىسىنىڭ ئاغىچىسىنىڭ زورى بىلەن بەكمۇ تەستە نىكاهنى قوبۇل كۆرگەنلىكىنى ئاغزىدىن چىقاردى. قىز ئىلگىرى باي قوشنىسىنىڭ ئىشىكىدە توختايدىغان ھەشەمەتلىك قىزىل پىكاپنى كۆرگەندە ئاشۇ قوڭغۇزدەك پارقىراق ماشىنىنى تۇتۇپ سىلاپ باققۇسى كەلگەن، ئەمما پىكاپقا چىقىپ بېقىشنى ئەسلا ئويلىمىغان. مانا ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىنى يېپىپ قاراڭغۇدا يېتىلەپ چىققانچە ئاشۇ قىزىل پىكاپقا چىقىرىشتى. غەمسىز چىرايىدا كۈلكە ئويناپ تۇرغان ھەمدۇللا مەخسۇم پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا كېرىلىپ ئولتۇرىدۇ. كەينى ئورۇندۇقتا بولسا ئىككى ئايال ئۇنى قوشلاپ ئولتۇرۇپ ھەدەپ بەزلەيدۇ...

شۇنداق بولغان، ئالتۇنەم ئۆزىنىڭ ئەرگە تەگكەنلىكىنى،

سەھرادىن شەھەرگە كۆچۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، دادىسىدەك بىر ئادەمگە نىكاھلانغانلىقىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىغان، ھايات يولىدا شۇقەدەر تېز، شۇقەدەر تاسادىپىي يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشتىن تېڭىرقاپلا قالغانىدى.

ماشىنا شوخ ناخشا ـ كۈيلەر ئىچىدە ئەللەيلىنىپ، ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. يات، ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا قورۇنۇپ ئولتۇرغان قىز ئۆزىنى پانىي ئالەمدىن باقىيغا كېتىۋاتقاندەك، گويا ھېلىلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك غېرىب ھېس قىلدى. راست، شۇ كۈنى ئۇنىڭغا ئۆز ئەركىنى بەرگەن مەھەللىسى، مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلغان ئاتا ـ ئانىسى، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان تەڭتۇشلىرى، ھەمىشە قوچىقىغا چىقىپ ئۇخلايدىغان ياۋاش ئاسلىنى، ئەركىلەپ تۇرىدىغان كۈچۈكى، بېشىنى ئەگىپ سايراپ بېرىدىغان قارلىغاچلىرى قىزنىڭ زادى نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالغانىدى...

— قوپ، قوپە، ئىلياسنى تاپ!

ئالتۇنەم قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىكى ھۆركىرەشنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن سىلكىنىپ كەتتى. تاياق ئازابى، ئاچلىق، ماغدۇرسىزلىقتىن يۇمۇلۇپ قالغان كۆزىنى تەستە ئېچىپ، نەزىرىنى كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇلىشىۋاتقان ئالەمگە تىكتى. زەي پۇراپ تۇرغان قاراڭغۇ ئۆيدە ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ئۇنىڭ جېنى بىلەن ئوينىشىدىغان ناسۋالچى ئەزرائىل ئۇنىڭ جېنىغا تىكىلىپ تۇراتتى.

ئىلياسنىڭ ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كەتكەنلىكى راست بولۇپ چىقتى.

ئوغلىدىن ئايرىلغان ئانا يۈرىكىنىڭ بىر پارىسى يوق بولۇپ كەتكەندەك ئاھ ئۇردى، كۆزىنىڭ گۆھىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك قايغۇردى. ئىلياسنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ ئۆيمۇئۆي خەۋەر قىلىنغان بولغاچقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار قاتتىق چۆچۈدى، تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ ئادەم ئىزدەشتى.

— ئاۋۋال دەريا بويىغا بېرىپ قاراپ باقايلى !

ئارىدىن كىمدۇر بىرسى هويلىدىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىنى ۋەھىمىگە سېلىپ ئۆز قىياسىنى ئېيتتى:

— ناسىركامغا يېنىپ، قول ياندۇرۇپ قويغاچقا، قورقۇپ كېتىپ، ئۆزىنى ئۇلۇغ سۇغا ئاتقان بولمىسۇن، يەنە !

— ئۇنىمۇ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. بۇرۇنمۇ بىرەر ئىشقا ئاچچىقى كېلىپ خۇيى تۇتۇپ قالسا، دەريا بويىغا بېرىپ، ئېقىن سۇغا قاراپ بۇتتەك قېتىپ تۇرۇۋالىدىغان بالا ئىدى ئۇ.

— راست دەيسىلەر، مىجەزى كاجراق ئىدى، ئەقىلسىزلىك قىلىپ قالمىغاندۇ؟ — ئىلياسنىڭ تاغا تۇغقانلىرى، نەۋرە تۇغقانلىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ دەريا بويىغا قاراپ چېپىشتى.

— دەريا ! — تەشۋىش ئىلكىدە ئېزىلىپ تۇرغان ئانا يۇرتنىڭ ئايىغىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى يالاپ - چېقىپ لايقىپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى. دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا بېشىچىلاپ چۆكۈپ كەتكەندەك بولدى. توقايدىكى ئوڭ - تەتۈر قايناملار ئىچىدە بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ تۇنجۇقۇۋاتقاندەك، ئۆكسىندى. لاي - لاتقىلار ئارىسىغا نىقتىلىپ ئاخىرقى تىنىقلار ئىچىدە ئاچچىق جان تالاشقاندەك بولدى.

ئۇ بىر كېچە ئەنە شۇنداق ئوغلى بىلەن دەريادا ئېقىۋاتقاندەك، لاي - لاتقىلار ئارىسىدا تۇنجۇقۇۋاتقاندەك، خىيال بىلەن ئەندىشە، جۇش بىلەن رىئاللىق ئوتتۇرىسىدا بوغۇلۇپ چىقتى.

ئۇرۇق - تۇغقانلار دەريا بويىدا ھەريان چېپىشىپ ئىلياسنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ باقتى. بىراق، بۇ يەردىن ھېچنېمىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدى.

— ئۆلمىسە پەيدا بولار، — دېدى ناسىرباي خەسىدەك تاتىرىپ تۇرغان قانسىز چىرايىنى بىر قىسما قىلىپ، — سۇنايچىدىن يەل كەتتى، كانايچىدىن تا - تۇ - تۇت... دەپ، بىز قولىمىزدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىپ، بېشىنى سىلاپ

قويدۇق، ئۇ بېشى يوغاننىڭ قىلىغان قىلىقى شۇ، خىيالىدا بىزنى قورقۇتۇپ قويۇش ئۇچۇن ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ، ئوغرى چاشقاندەك مەھەللە ـ كويىلاردىكى چاتقاللارنىڭ ئىچىدە مۆكۈپ ياتقان بولسا، بۇ چاغقىچە قورسىقى «نان» دەپ تۇرغاندۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە نېمە دەپ كىرسەم بولار... دەپ مۆكۈۋالغان يېرىدىن بېشىنى چىقىرالماي ياتقاندۇ.

ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىردىن ـ ئىككىدىن تارقاپ كەتتى. بىلەرمەنلىك قىلىپ ئاغزىغا كەلگەننى دېگىلى تۇرغان ناسىرباي ئۇلارنى خاتىرجەم بولۇشقا باھانە تېپىپ بەرگەنىدى.

ئىلياسنىڭ تۇغقانلارنىڭمۇ، ئاداشلىرىنىڭمۇ ئۆيىگە بارمىغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئالتۇنەمنىڭ كۆڭلىدىكى تەشۋىش قايتا ئۇلغىيىپ، ساراسىمىگە چۈشتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئانا بالىسىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى بىلەلمىسە قولى قانداقمۇ ئىشقا بارسۇن؟! ھېچ ئارامى قالمىغان ئانا ياغلىقىقا يۆگەلگەن بىر ناننى قولتۇقىغا قىسىپ دەريا بويىغا كەلدى. دەريا ساھىلىدىكى يارلىقلار ياكى جىگدە ـ سۆگەت چاتقاللىرىنىڭ ئارىسىدا مۆكۈپ ياتقان ئوغلى تۇيۇقسىز ئالدىغا چىقىپ قالىدىغاندەك ئەتراپقا ئۈمىدلىنىپ قاراپ چىقتى، لېكىن ئوغلىدىن ھېچبىر سادا يوق ئىدى.

پۇتلىرى ماغدۇرسىزلانغان ئانا قىرغاققا كېلىپ، سۇ يالاپ تۇرغان يوغان بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. تىنىمسىز ئۆركەشلەۋاتقان دولقۇنلاردىن ئوغلىنى سورىدى.

بۈگۈن دەريا سۈيى گىل رەڭگىگە ئۆزگىرىپ قالغان بولۇپ، پۈتۈن ئېقىن قىزغۇچ گىل رەڭدە ئىدى. تاغ تەرەپتە يامغۇر يېغىپتۇ، ـــ دەپ ئويلىدى ئانا، ـــ يامغۇر ياغسا دەريا سۈيى نېمىشقا قىزىرىپ قالىدىكىن؟ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مېنى ھېلىقى پىكاپقا چىقىرىپ مېڭىشقان كۈنى توساتتىن ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ يامغۇر قۇيۇۋەتكەن، مۇشۇنداق

قىزغۇچ يامغۇر سۈيى ماشىنىنىڭ ئۈستىدىن چېپلەكلەپ تۆكۈلگەندەك قۇيۇلغاچقا، شوپۇر يولنى پەرق ئېتەلمەي، ماشىنىنى يولنىڭ ياقىسىغا تارتىپ توختاتماقچى بولغان، ئەمما گەپ ـ سۆزلىرىدىن كۆرەڭلىك چىقىپ تۇرغان سۆلەتلىك مەخسۇم شوپۇرنى ئالدىرىتىپ ماشىنىنى ھەيدەشكە بۇيرۇغان، شوپۇر يولنى پەرق ئېتەلمىدىم دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن رولغا ئۆزى چىققان. قاراڭغۇدا، يامغۇر ئىچىدە ماشىنىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ، خۇددى سۇ ئاستىدا ئۈزۈۋاتقاندەك شەھەر تامان ماڭغان...

يۇمران ئۆرۈك چېچەكلىرى توزۇپ كەتكەن ئاشۇ كېچىسى دەھشەتلىك بىر ئىش يۈز بەردى. يامغۇر ئىچىدە كېتىۋاتقان ماشىنا توساتتىن چايقىلىپ ئۆرۈتۆپە بولدى. كونترولىلۇقىنى يوقىتىپ، يولدىن قاڭقىپ چىقىپ، قانداقتۇر بىر چوڭقۇرلۇققا دومىلىغاندەك قىلدى. ئالتۇنەم ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى توپتەك قاڭقىپ ماشىنىنىڭ تورۇسىغا، ئورۇندۇقلارغا ئۇسۇپ دومىلىغانچە، يەرنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كەتكەندەك قىلدى...

— نېمە ئۆلتۈرىمىز بۇ يەردە؟!

ئالتۇنەم ۋەھىمىلىك بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ خىيالدىن قايتتى. ئۇنىڭ كەينىدە ناسىرباي قوللىرىنى كەينىگە تۇتقانچە قاراپ تۇراتتى. ئانا دەريا دولقۇنلىرىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئۇمچىيىپ تۇرغان لەۋلىرىنى بوش مىدىرلاتتى:

— ئوغلۇمنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرىمەن....

— نېمە، نېمە؟! — ناسىرباي خەسىدەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، ئاۋازىدا بىر خىل كۆچلۈك تەئەددى بار ئىدى، — كىمنى؟

— ئىلياس قارىينى.

— ئۇ شۇم پېشانە بۇ چاغقا بېلىقلارغا يەم بولغاندۇ، تايىنلىق.

ئانىنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ، بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى. سىلىق تاشتىن سىيرىلىپ، چولتوككىدە سۇغا چۈشۈپ، ئوغلىنىڭ كەينىدىن ئېقىپ كېتىدىغاندەك بولالمايلا قالدى.

ناسىرباي ئالتۇنەمنىڭ كەينىدىن كېلىپ بىلىكىنى كاپپىدە تۇتتى ــ دە:

ــــ قويە، قويە بۇ يەردىن، سەنمۇ تايىنلىق ئۆلەي دېمەيدىغانسەن !

ئالتۇنەمنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. قولىدىكى ناننى سۇغا قويۇپ بېرىپ، بېلىقلارنىڭ ئوغلىغا يەتكۈزۈپ بېرىشىنى تىلىدى. جاھىل ئېرى ئالتۇنەمنى ئامبۇردەك قولى بىلەن سۆرەپ ماڭدى.



# ئىككىنچى باب

## 6

ئاپرېلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى شەھەر يامغۇردىن كېيىن باشقىچە چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى. قۇياش نۇرىغا چۆمگەن كوچىلار ئىللىقلىشىپ كىشىنىڭ روھىنى كۆتۈرەتتى. بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك، كۆپكۆك ئاسمان بېتىگە بوي سوزۇۋاتقان بىنالار، كوچىلاردا توختىماستىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان سان ـ ساناقسىز پىكاپلار بۈگۈنكى قايناق ھاياتنى تېخىمۇ ئەۋجگە كۆتۈرگەنىدى.

ئىلياس بىنالار قورشاپ تۇرغان تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بويىنىنى قىسىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى قايناق دۇنياغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى. سەھرادىكى ئېتىزلىقلاردا كەتمەن، تاغار كۆتۈرۈشۈپ يۈرگەن، جاڭگالغا پادا ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئادەملەر بىلەن مۇنۇ ئېسىل پىكاپلاردا ئۇچقاندەك كېتىشىۋاتقان ئادەملەرنى سېلىشتۇرۇپ خىيالغا چۆكتى.

بۇ يەردە توپا ـ تۇمان، ئېزىلەڭگۈلۈك، نامراتلىق دەمالىققا كۆزگە چېلىقمايتتى. كىشىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەنلىكى نەرسە، ھەتتا يۈز ـ كۆزى سىرلىغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ چېھرىمۇ باشقىچە كۆرۈنەتتى. ئەمما، يىگىتنىڭ تۇيغۇلىرىغا ھەشەمەت، رەڭ ـ بوياقلار بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن شەھەر بىر ھېسابتا سەل سوغۇق كۆرۈنگەندەكمۇ قىلدى. چۈنكى، باللا ئادەملەردىن بەزگەن، كۆڭلى قالغانىدى. ئۇ ئەقلى يېتىلگەنچە

ئۆزىنى ھامىلىققا ئالماقچى بولغان ئاشۇ ئادەملەر ئۆزىنى ئادەمدەك ياشىغىلى قويمايۋاتاتتى. ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشىلا ئويلايدىغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ بىرسى ئۇنداق قىلماقچى بولۇشاتتى، بىرسى مۇنداق قىلماقچى بولۇشاتتى. ھوش - كاللىسى جايىدا ئادەم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ - چىقسا ھەممىسى ئۆزىنىڭ كەتمىنىنى چېپىش كويىدا!... ئىلياسنىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان بۇ خىل تۇيغۇ ئاتىكەم ھامىمىسى ئېيتقان ھېلىقى ئۆز دادىسى توغرىسىدىكى ئارزۇ - ھەۋەس ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، كۆلىنى كۆككە سورۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ھامىمىسى ئۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ يۈرىكىگە تۇتاشتۇرغان كۈچلۈك ئىستەك شەھەردە ئەمەس، بەلكى سەھرادا ئۆزىنى ھامىلىققا ئالماقچى بولغان ئاشۇ كۆزى كىچىك ئادەملەردىكى مەنپەئەتپەرەسلىك، قىزغىنىش خاھىشىدىن كېلىپ چىققان ھەسەتخورلۇق، ئازار بېرىش، تالاش - تارتىش تۇپەيلى ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى ھېچكىمنى ئىزدەشنى، ھېچكىمنىڭ ئاتىدارچىلىقىدا ياشاشنىمۇ ئويلىمايتتى. پەقەت ئاستا - ئاستا يېتىلىۋاتقان ئادىمىيلىك تۇيغۇسىنىڭ قىزىل كۆز ئادەملەر ئارىسىدا قېقىندى - سوقۇندى بولماسلىقىنى، ئۆز ئەركى بويىچە ياشاشنى ئىستەيتتى. ئىلياس ھامىمىسى ئىلگىرى ئۆزىنى باشلاپ بارغان ھېلىقى كوچىلارغا بېرىشنىمۇ ئويلىمىدى. ھامىمىسى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ ئۈچۈرغان ھېلىقى ئادەمنى ئىزدەپ بېقىشنىمۇ خالىمىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەن، يانچۇقىدا نان ئېلىپ يېگۈدەك پۇلمۇ يوق ئىدى.

— ھە... ھەي ئۇكاڭزا!

يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىدىن ئۆتۈپ جەنۇب تەرەپكە بۇرالغان ئىلياس بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. يېڭىلا پۈتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىنانىڭ ئالدىدا تۇرغان بىرسى ئۆزىنى چاقىرىۋاتاتتى.

— مېنى چاقىردىڭىزما، ئاكا؟ — ئىلياس بىر ئاز چۆچۈگىنىچە ھېلىقى كىشىدىن سورىدى.

— ھەئە، سېنى چاقىرىۋاتىمەن، بۇياققا كېلە.

ئىلياس كۆزلىرىدىن بىر خىل ئالدىراقسانلىق چىقىپ تۇرغان ناتونۇش ئادەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى قىزغىن، تېتىك يىگىت ئىدى. ئىلياس ئۇنىڭ كىيىنىشلىرىگە قاراپ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىمىكىن دەپ قالدى.

— بىناغا كىرىپ ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن ئىشقا قاراشماي، نېمە قاراپ تۇرىسەن؟

— ھە؟... — ئىلياس ئويلىمىغان سوئالدىن مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.

— ھوي، سەن شەھەرلىك تېخنىك مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەمەسمىدىڭ؟

— ياق، مەن يېزىلىق...

— يېزىلىق؟ — كەيپىياتىدىن ئالدىراشلىقى بىلىنىپ تۇرغان بۇ كىشى ئىلياسنىڭ تەق ـ تۇرقىغا يەنە بىر قېتىم سەپسالدى، — ھە... مۇنداق دېگىن. ئەمىسە ئۇ يەردە تۇرۇپسەنغۇ؟

— ئۆزۈمچە تۇرغان...

— بىكارمىدىڭ؟

— ھەئە، بىكار.

— بىكار دېگىن، نېمىشقا بىكار؟

ئىلياس جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— بىكار يۈرسەڭ بولامدۇ؟ قارا، مەن ساڭا دەي، كۆز ئالدىڭدىكى بۇ دۇنيا پۇل ئۈچۈن، بايلىق يارىتىش ئۈچۈن ئالدىراش... شۇ تاپتا تىنىمسىز چېپىشىۋاتقان ئاشۇ ئادەملەر، ماشىنىلار پۇلنى قوغلاپ كېتىشىۋاتىدۇ دېگىنە، بۇ يەردە قىلىدىغان ئىش بار، قانداق، بىكار تۇرغۇچە ئاقچىغا ئىشلەپ قويامسەن؟

— ئاقچىغا...پۇلغا دەمسىز؟ مەيلى.
— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىل! بىلىك چىڭ بولسا، ساڭا ئىش ئۆگىتىپ ئادەم قىلىۋالىمىز، بىلىك بوش بولسا، يولۇڭغا ماڭغىنىڭ ياخشى!
— ئىشلەي، ئاكا، سىز نېمە دېسىڭىز شۇ.
— يۇرە ئەمىسە... لېكىن مەن ئۆزى ئويلاپ ئىش قىلماي، سىز نېمە دېسىڭىز... دەپ تۇرغان ئادەمنى ياقتۇرمايمەن، جۇمۇ! ساڭا دېسەم، قارا ئىش قىلغان، ھەتتا يەر سۈپۈرگەن ئادەمدىمۇ ئەقىل بولۇشى كېرەك!
ئىلياس ئۇ يىگىتكە ئەگىشىپ، تام ـ تورۇسلىرىغا ئادەمنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلدى. بۇ يەردە بىرمۇنچە خىزمەتچى، ياش باللار ئالدىراش تازىلىق قىلىۋاتاتتى.

## 7

بۇ ئەمدىلا زىننەتلىنىپ تىجارەت باشلاش ئالدىدا تۇرغان مېھمانخانا ئىدى.
ئىلياس بىنانىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقىغا، ئىچىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكىگە قاراپ ھەيران بولغانلىقىنى يوشۇرالمايلا قالدى.
— قانداق، قالتىسمىكەن؟ — ئىلياسنى باشلاپ كىرگەن يىگىت ئۇنىڭ توپا ـ تۇمان، كېپەك ئۆرلەپ تۇرغان چاچلىرىنى سىلاپ قويدى، كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېيتتى، — مۇنداق گەپ، ئۇكا، مەن سەن بىلەن زۇرۇر تېپىلغاندا تونۇشۇۋالاي، ھازىر دەيدىغىنىم: بىز بۇ بىنانى جىددىي سەرەمجانلاشتۇرۇۋاتىمىز، كېلەر ھەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئۇلگۇرتۇپ، ھەممە ئىشنى تەخ قىلمىساق بولمايدۇ... شۇڭا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يېتىشمەي، تېخنىك مەكتەپنىڭ مۇلازىمەت كەسپى

سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ياردەمگە چاقىردۇق، يەنە مەدىكار بازىرىدىن مەدىكار ياللىدۇق... سەنمۇ شۇ قاتاردا بىر ھەرىكەتكە كىرە.

— ئەمىسە ماڭا ئىش كۆرسىتىپ بېرىڭ؟

— قارا، ئەنە ئاۋۇ ئىشلەۋاتقانلار بىلەن ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى يىغىن مەركىزىگە توشۇيسەن، ئۇستىلارنىڭ قۇراشتۇرۇشىغا ياردەملىشىسەن. يەنە كىرەكسىز يەشىك، ئورالمىلارنى سىرتقا — بىنانىڭ كەينىدىكى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلايسەن. قۇراشتۇرۇلۇپ بولغان ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنى رەتلەيسەن، سۇرتىسەن، گۈللەرنى تىزىسەن... ئىشقىلىپ، قىلىمەن دېسەڭ ئىش جىق، يەنە ئېسىڭدە بولسۇن، كۆڭلۈك ئىش ھەققىڭ نەق. ئىشنى قانچە تېز تۈگەتسەڭ، شۇنچە ياخشى. ئەمما، ئىش قىلغاندا ئېھتىياتچان بولىسەن، بىرتال بۇرما مىختىن تارتىپ، ئېلېكتىرونلۇق ئۈسكۈنىلەرگىچە ھەممىنى ئاسرايسەن. بۇزۇۋەتسەڭ، زىيانغا ئۇچراتساڭ تۆلەيسەن!

— بىلدىم، ئاكا، — ئىلياس چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، ئىشلەۋاتقانلارنىڭ يېنىغا ماڭدى.

— ئوغۇل بالا.... مە، سۇ ئىچ.

ئۇ ئۆزىگە سۇنۇلغان بىر قۇتا مىنېرال سۇنى ئېلىپ، ئىسمى - زاتىنىمۇ دەپ بەرمىگەن بۇ ئىش باشقۇرغۇچىغا مىننەتدارلىق نەزىرىدە قاراپ قويدى ھەم سۇنى بىر ئوتلىدى. ئۇنىڭ تەشنالىقىنى پەسەيتكەن بۇ سۇغا ھېچقانداق غەرەز، مىننەت يوشۇرۇنغاندەك ئەمەس ئىدى.

ئىلياس ئىشلەۋاتقانلارغا قېتىلىپ كەتتى. ئۇ ياشلىقى، تەجرىبىسىزلىكى، قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا باقماي بېرىلىپ ئىشلەيتتى. باشقىلاردەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلمايتتى، قاشاڭلىق قىلمايتتى، باشقىلارغا سەپسالمايتتى، مەدىكار بازىرىدىن كەلگەن مەدىكارلارنىڭ قۇرۇق گەپ - سۆزلىرىگە ئارىلاشمايتتى، ئۈن - تىنسىز، توختاۋسىز ئىشلەيتتى. كۆڭلۈكچىلەر بولسا سەل

قاشاڭراق كۆرۈنەتتى.

ــ ئاخشام، ــ دەيتتى قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ تايىنى يوق گەپ سېتىۋاتقان مەدىكارلاردىن بىرسى چالا ھېجىيىپ، ــ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بازىرىدا ماشىنىدىن يۈك چۈشۈرۈپ بولۇپ ئىش ھەققىمنى ئالدىم ـ دە، ۋېلىسىپىتىمنى مىنىپ، ئۆيگە ماڭدىم. تەرەققىيات رايونىدىكى قىزىل مەلەڭزىخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتسام، خېرىدارسىز ئولتۇرۇپ قالغانلاردىن بىرسى دۇكاندىن يۈگۈرۈپ چىقىپ بوينۇمغا ئېسىلىپ، دۇكانغا سۆرىدى. ئۆزۈمنى قاچۇرۇۋاتقاندەك قىلىپ «قانچە پۇل» دەپ سورىسام «يىگىرمە كوي» دەيدۇ. مەن: «ماڭەۋە، بۈگۈن يىگىرمە كوي تاپالمىدىم» دېسەم ئون بارمىقىنى چىقىرىپ ئەمىسە ئون كوي بولسىمۇ بولىدۇ، ئون كوي، دېدى...

ــ سىلەچۇ، سىلە نېمە دېدىڭلا؟ ــ باشقا ئىشلەمچىلەرنىڭ قولى توختاپ، گەپ ساتقۇچىنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. گەپ ساتقۇچى بولسا سىرلىق ھېجىيىپ:

ــ مەن... مەن ئون كوينى تەڭ خەجلەيلى، بەش كوي بولسۇن دېدىم.

ــ ئۇنىدىمۇ؟ ــ دېدى باشقا مەدىكارلار گويا مېكىياننىڭ تۇمشۇقىغا تەلمۈرگەن چۈجىلەردەك ئاغزىنى تەمشىپ.

ــ يىگىرمە كويدىن ئون كويغا چۈشكەن تۇرسا يەنە نېمە دەيتتى؟

مەدىكارلار ئالىتاغىل كۈلۈشەتتى.

ئىلياس شۇنچە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار ئارىسىدا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، گەپ ـ سۆزسىز ئىشلەيتتى. كۆز ئالدىدا بولسا ئانىسىنىڭ چىرايى مۆڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئانىسىغا ئىچى ئاغرىيتتى، ئانىسىنىڭ قانداق بولۇپ ناسىربايدەك يىخسىق، مۇتتەھەم بەڭگىنىڭ قولىغا قاراشلىق بولۇپ قالغانلىقىنى، كۆنلىرىنىڭ ــ تەقدىر ـ قىسمىتىنىڭ نېمىشقا ئۇ ئادەمگە باغلانغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ ئەقلى ئېچىلغانچە

ئـادەملەرنىـڭ ئىچكـى دۇنياسـىنىڭ، مىجەز - خاراكتېرىنىـڭ قىسـما - قىسـما بولـىدىغانلىقىـنى بايقـىدى. ئىنسـانغا ئـازاب سېلىۋاتقان ئۇ ئادەم شۇنچىلىك قۇۋ - ھىيلىگەر ئىدىكى، ھاجىتى چۈشمىسە كىشىگە چىراي ئېچىپ قارىمايتتى. ھاجىتى چۈشۈپ قالسا، ئەماغىمۇ پۈكلىنىپ تەزىم قىلاتتى. گاسقىمۇ شېرىن - شېكەر گەپلەرنى قىلىپ كۆچۈكلىنەتتى. ئەمما، ھاجىتى راۋا بولۇپ كۆزرۇكتىن ئۆتۈپ كەتسىلا يەنە قاپىقىنى سېلىپ، ھېچكىمگە چىراي ئاچمايتتى. ئىلياسنىڭ يەنە بىر ھەيران بولىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ناسىرباينىڭ ئىنسىغا چىراي ئېچىپ باققىنىنى زىنھار كۆرۈپ باقمىغانىدى. قاچانلا قارىسا: «ھە، ئانى ئۇنداق قىلە، مانى مۇنداق قىلە» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يۈرگەندەك قىلاتتى. يۈرىكى سىقىلغان، روھى ئازادىلىكتىن مەھرۇم بولغان ئانىسى ھۆرت - پۆرت، ھە - ھىم...لار، تىل - دەشنامىلار ئىچىدە قوقاسقا چۈشكەن گۆشتەك قورۇلۇپ، پۈچۈلىنىپ ئاستا - ئاستا تۈگىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بالىنىڭ بۇ ئىشلارغا زىنھار چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. شۇڭىمۇ تاغىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالسا، ئۇ ئۆيگە كەلگىلى ئۇنىمايتتى. ئانىسىنىڭ دىل ئازابىغا، كۆز ياشلىرىغا قاراپ تەڭ ئازاب تارتىشنى خالىمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆيگە بېرىپ نەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا ناسىرباي بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. بىگۇناھ ئانىسىنى ئۇرۇۋاتقان ئۇ ئادەمنى قولىدىكى شوپۇڭ بىلەن راسا ساۋاپ قېچىپ كەتتى. ئېتىزلارنى ئارىلاپ، ئېرىقلارنى ئاتلاپ، ئۆستەڭلەردىن كېچىپ ئۆتۈپ يۈگۈرگىنىچە كېچىلەپ شەھەرگە كىرىپ توختىدى. بىرنەچچە كۈن شەھەر كوچىلىرىدا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈردى. يانچۇقىدىكى بىرقانچە يۈەنگە نان ئېلىپ يەپ جېنىنى جان ئېتىپ يۈردى. كېچىلىرى بىنالارنىڭ لەمپىسى ئاستىدا، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا تۈنىدى.

ئىلياس ئاچلىق، ھارغىنلىق ئىلكىدە چارچاپ ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغاندا، خېلىدىن بېرى بىر كۆرۈنۈپ، بىر

كۆرۈنمەي ئالدىراش يۈرگەن ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى:

— قانداقراق، ئۇكا؟

— ياخشى، ئاكا، — ئىلياس بارلىق كۈچ - ماغدۇرىنى ئاغزىغا يىغىپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ ئاۋازى يۇمشاق، كۆزلىرى مۇلايىم بولۇپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى.

— قورسىقىڭ ئاچقاندەك قىلىدۇ يۈرە، تاماق يەپ، ئاندىن ئىشلە.

— تا ... تاماق؟ — ئىلياس قولىنىڭ كەينى بىلەن ماڭلىيىدىكى تەرنى سۈرتتى، — ئىش تېخى تۈگىمىدى، ئاكا.

— ئىش دېگەن تۈگىمەيدۇ، تىلىڭنى چاينىماي گەپ قىلە...

ئىلياس ئۇنىڭغا ئەگەشتى. مېھمانخانىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئازادە بىر ئاشخانىغا كىرىپ تارتمىغان ھالدا بىر چەتتىكى بوش ئۈستەلگە ئورۇنلاشتى. ئەسلىدە بۇ يەردە مېھمانخانىدىكى باشقا خىزمەتچىلەرگىمۇ چۈشلۈك تاماق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن.

— ھەي، بىرىپ قولۇڭنى، يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇپ كەلمەمسەن، — ئولتۇرغانلارغا تاماق بۇيرۇتۇپ ئاغزى بىكار بولغان ئۇ غوجايىن ئەمدى بويىنىنى قىسىپ ئولتۇرغان ئىلياسقا بۇرالدى. كەيپىياتى بوشاڭغىنا ئولتۇرغان بالا ئەتىگەندىن بېرى يۈزىنى يۇمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى ھەم سۇخانىغا ماڭدى.

— سورىمىسام، ئىسمىڭنىمۇ دەپ بەرمەيسەنغۇ؟ — دېدى غوجايىن تاماق چىققۇچە ئىلياستىن ئۇنى - بۇنى سوراپ.

— ئىسمىم ئىلياس...

— ئىلياس... ھە.. ئىلياس دېگىنە، مېنى ئەنقەر ئاكا دېسەڭ بولىدۇ، مۇشۇ مېھمانخانىنىڭ دىرېكتورى... ھە، تاماقمۇ چىقتى. ئوخشىغاندەك قىلىدۇ بۇ لەڭمەن. قېنى ئاله، ئىلياس.

ئاشنى كۆرگەن ئىلياس قورسىقىنىڭ ھەقىقەتەن ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئالدىدىكى ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق

سۆزلۈك بۇ ئاكىسىغا ئىككى ئېغىز تۇزۇت گەپ ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئاشنى يالماپ ـ يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى.

ئىلياس چۇشتىن كېيىن پۇتۇن كۈچى بىلەن ئىشلىدى. كۆچى يەتكەنلىكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئۇنىڭ ئەقلى جايىدا، قولى ئەپچىل ئىدى. ئىلياسنىڭ چېۋەر ـ چاققانلىقى پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەي چېپىپ يۈرگەن دىرېكتورنىڭ نەزىرىگە چۈشمەي قالمىدى. كەچتە مەدىكار بازىرىدىن كەلگەن ھېلىقى كىشىلەر ئىش تۈگىمەستىلا كۆڭلۈك ئىش ھەققىنىڭ جېدىلىنى قىلىپ، ئەنقەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتقىلى تۇردى. ئۇلاردىن قۇتۇلالمىغان دىرېكتور ئىش ھەققىنى بەرمەكچى بولۇپ، ئىشلەمچىلەردىن پۇل ئالغانلىقىغا تىلخەت تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئۇلار تىلخەت يازالمايتتۇق، دەپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى.

— ئىلياس، ھەي ئىلياس! — ئالدىراپ تۇرغان ئەنقەر يەشىكلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئىلياسنى چاقىردى، سەن خەت يازالايسەنغۇ دەيمەن... كېلە ماۋۇ خەت ساۋاتى يوق قارىيلارغا ۋاكالىتەن پۇل ئالغانلىقىغا تىلخەت يېزىپ بەر.

ئىلياس دەرھال كېلىپ قولىغا قەلەم، قەغەز ئالدى.

— ئۆزۈڭنىمۇ ئۇنتۇپ قالما ـ ھە، ھەممىسىگە بىراقلا قوشۇپ ياز. سوممىسى...

ئىلياس تىلخەت يېزىپ بەرگەندىن كېيىن، يەنە چالا ئىشلار ئۈچۈن چاپتى. خۇددى ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەرتمەكچى بولغاندەك ھېلى يۆكلىنىپ، ھېلى يۈگۈرۈپ تەر تۆكۈشنى داۋاملاشتۇردى.

— مە، سەنمۇ ئىش ھەققىڭنى ئېلىۋال!

— قورسىقىم تويدى، ئەنقەر ئاكا، پۇل بەرمىسىڭىزمۇ بولار، — ئىلياس ئىشتىن بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى.

— كېلە، ئال دېگەندىكىن ئېلىۋال. سېنى ئىش ئۇقمايدۇ دەپ خەجلەپ كەتسەم قانداق قىلىسەن؟

— مەيلى.

— مەيلى؟ قالتىس كۆڭۈلچەك كۆرۈنسەنغۇ، سەن... — ئەنقەر ئىلياسنىڭ بېشىنى سىلاپ، قولىغا ئون يۈەنلىك پۇلدىن تۆتنى تۇتقۇزدى، — ئاله، يېنىڭغا سېلىپ قوي. بۇ شەھەر دېگەندېچۇ مۇشۇ پۇل دېگەن نەرسە بولمىسا تىرىك يۈرمىگىلىك تەس.

ئىلياس پۇلنى تەستە ئېلىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن يەنە چالا ئىشنى قولىغا ئالدى. دىرېكتور ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران بولۇپ سورىدى:

— ئەخلەتلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ كېتەي دېدىڭمۇ؟

— ياق، ئەنقەر ئاكا.

— ھازىر كەتمەمسەن؟

— ...

— ئۇنداقتا سەن قىلىۋاتقان ئىشىڭنى تۈگەتكەچ تۇر، مېنىڭ سىرتتا ئازراق ئىشىم بار، ئاندىن قايتىپ كېلىپ بىر نەرسە دېيىشەيلى، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، ئاكا.

## 8

تۈن نىسپى.

ئانا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئوغلى گويا چۈشىدىكىدەكلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۈلۈپ تۇراتتى. بىراق، ئۇ چۈشىنىڭ ئالدامچى تۇيغۇلىرىغا ئىشىنىپ كېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوغلى تۇرماق، قارىيىپ تۇرغان تۈگلۈكتە نە ئاينىڭ، نە يۇلتۇزنىڭ شولىسى كۆرۈنمەيتتى. نازۇك كۆڭلىنى چىرمىۋالغان خاتىرجەمسىزلىك قاراڭغۇ تۈننى ئۇزارتقان، تاڭنى مەنسىزلىككە چىقارغانىدى.

ئۇ تۈنۈگۈن نەۋرە سىڭلىسى ئاتىكەم بىلەن قاتتىق تەرگىشىپ

قالدى:

— سىز بالىغا ئىش ئۆگىتىپ، مېنى مۇشۇ ھالغا قويدىڭىز !

— بۇ ئىشنى مەندىن كۆرسىڭىز، تۇرغان تامغا ئۇسكەندەك ئىش بولماسمۇ، ئالتۇنەم ئاچا؟ !

— ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ئاشۇ بالىغا دادىسىنىڭ گېپىنى قىلمىغان، كەينىڭىزگە سىلىپ شەھەرگە ئەكىرمىگەن بولسىڭىز، كۆزى بۇنداق ئىتتىك ئېچىلىپ كەتمەيتتى. مانا ئاخىر ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، ئۇ.

— ئەمدى مەن بالاغا قالدىممۇ؟ — ئاتىكەم قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك سەكرەپ كەتتى، — ئىسىت، مەن خوتۇنمۇ نېمە قىلاتتىم ئۇ بەڭباشقا يۈرىكمنى كۆيدۈرۈپ؟ !

— بوشراق سۆزلەڭ، ئۇكام، ئوتتۇرىمىزدىكى گەپ يامان قۇلاقا كىرىپ، يامان ئېغىزلارغا چىقىپ قالدۇ !

— مەندىن شۇنداق قارىسىغا ئاغرىنىپ يۈرسىڭىز، مەن گەپ قىلماي تۇرالامدىم، ئاچا؟ ! — ئاتىكەم ئۆپكىسىنى باسالماي قالدى، — نەچچە قېتىم بولدى، ئىلياس ئىككىمىز ئۇ ئادەمنىڭ قارىسى تۇرماق، سايىسىنىمۇ كۆرمىدۇق. تېخى شەھەر مەركىزىدىكى ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان كوچىدا باشقا بىر دۆلەتمەن كىشىنى ئۇ ئادەمگە ئوخشىتىپ قېلىپ ئىلياسنىڭ قولىدىن سۆرىگەنچە كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېتىپتىمەن، لېكىن ئۇ ئادەمگە يېتىشىۋېلىپ قارىسام، ھەمدۇللا مەخسۇم ئەمەس... شۇنىڭ بىلەن كەچ كىرگۈچە لاغايلاپ يۈرۈپ سۆلىتى مەندۈرمەن دېگەنلىكى ئادەملەرنىڭ مېڭىش - تۇرۇشىغا، قاش - قاپىقىغا ئالا قويماي قاراپ چىقتۇق. لېكىن، ئۇ دۆلەتمەن مەخسۇمنى ھېچ يەردىن ئۇچرىتالمىدۇق... شۇنداق قىلىپ، بىر يۇتۇم سۇغا تەشنا بولۇپ دەريا بويىغا بارغان ئادەم يەنىلا ئۇسسۇز، لەۋلىرى گەز پېتى قايتىپ كەلگەندەك، بېشىمىز چۈشكەنچە سالپىيىپ شەھەردىن يېنىپ چىقتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ئۆيۈمدە يۈز بەرگەن ھىلىقى بىر خاپىلىقلارنىڭ دەردىدە ئۇ ئىشنى قايتا

ئويلاشقا، ئىلياسنى يېنىمغا چاقىرىشقا ھەپىسىلەم بولمىدى.

— مېنىڭ دېگىنىم، — دېدى ئالتۇنەم بىر ئاز دادىللىشىپ، — بىز تېپتىنچ تۇرغان كۆل سۈيىگە چالما ئاتقاندەك، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز يۈرگەن بالىنىڭ كۆڭلىگە خىيال سېلىپ قويىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا خۇي چىقاردى، ئۆزگەردى. ئاخىرىدا بېرىپ ناسىر ئاكىگىزغا يېنىپ قويدى. مانا ئەمدى ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ تىلى بىر دەپ، ئۇ بەگگى مېنىڭ جېنىم بىلەن تىركىشىۋاتىدۇ!

— ئېرىگىز بولغان ئادەممۇ ئۆزىگە تېرىقچىلىكمۇ ئېلىپ قويمايدىكەن، كىشىنىڭ بالىسىنى بېقىشقا سىزدەك بولغان ئادەم دېگەن ئاغزىنى يۇمشاق، ئالىقىنىنى ئوچۇق قىلىپ ئاستا - ئاستا كۆندۈرۈۋالغۇلۇق ئىدى ... مەن سىزگە دېسەم، ئاچا، مەن نەچچە قېتىم ئىلياسقا ھېلىقى دۆلەتمەن دادىسى توغرۇلۇق شۇنچىۋالا تىلىمنى ئۈپرىتىپ كېتىپتىمەن، لېكىن ئۇ مۆرىمەس ئۆز دادىسىغا قىزىقىدىغاندەك ئەمەس، ئاغزىمنى كۆپۈكلىشتىپ بىرمۇنچە گەپ قىلسام، يەنە خىيالدا يوق يەرگە قاراپ تۇرىدۇ، ئون ئېغىز گەپ سورىسام، ئاران بىر ئېغىز جاۋاب بېرىدۇ ياكى جاۋاب بەرمەيدۇ...

— شۇنداق بولغانمىدى، ئۇ ھېچنېمىگە قىزىقمىغانمۇ؟

— پەقەتلا قىزىقمىغان دېسەم يالغان بولار، لېكىن بالا تونۇمىغان دادىسى توغرىسىدىكى گەپكە ھېچبىر ئىنكاس قايتۇرمىغىنى بىلەن شەھەردىكى ئاسمان - پەلەك بىنالارغا، كوچىلاردا قوڭغۇزدەك قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان رەڭگارەڭ ئالىي پىكاپلارغا قاراپ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمايلا قالغانىدى.

— ئۇنىڭ ھەيران بولغىنى شەھەرگە قىزىقىپ قالغىنىمىكىن ھەرقاچان ... بالىنىڭ كىچىك تۇرۇپ كۆزى ئېچىلىپ كەتمىگەن بولسا بولاتتى.

— ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق دەپتىكەن، ئاچا. ئۇمۇ پۇلغا، راھەت - پاراغەتكە ئۆگەنگەن ئاشۇ تىرىكتاپ مەخسۇمنىڭ

پۇشتى ئەمەسمۇ... ئىشقىلىپ، ئىلياسنىڭ دەريا بويلىرىغا بېرىپ ئەقىلسىزلىق قىلىپ ئۆزىنى ئۇلۇغ سۇغا تاشلىۋالىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ئۇ ئاشۇ شەھەردىكى مىغ - مىغ ئادەملەر ئارىسىغا سىڭىپ كەتتىمىكىن دەيمەن.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاندۇ، لېكىن ئۇ ھېلىقى ئادەمگە ئۇچرىشىپ قالماس !

— ئۇنداق بولۇشى ئاسانمۇ، ئەمما مېنىڭچە بولغاندا دادىسىنى تېپىپ ياخشىراق كۈن كۆرسە ياخشى ئىدى.

— خۇدايىم ساقلا !

— ...

ئالتۇنەم سىڭلىسىغا ئېيتقان ئاخىرقى سۆزىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى: «خۇدايىم ساقلا». ئېغىر بوي خوتۇننىڭ قىر - قىر يىغلاپ تۇرغان بالىنى باغرىغا تېڭىپ، ياش تۆككىنىچە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئامالسىز قىياپەتتە قاراپ تۇرغان بىر ئەردىن ئۆز پۇشتىغا قانچىلىك ۋاپا كېلىدۇ؟ !

ئالتۇنەم غېرىب كۆڭلىدەك قاراڭغۇلۇق چىرمىغان ئۆيىدە يېتىپ ھەسرەتلىك ئاھ ئۇردى... قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان يۈك ئاپتوموبىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان قىزىل پىكاپ يولدىن قاڭقىپ چىقىپ قانداقتۇر بىر چوڭقۇرلۇققا دومىلىدى... يەر - جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولدى، ھەشەمەت ئىچىدە بەخت - سائادەتنى پايخان بولغان قىز ماشىنا ئىچىدە چىرقىرىشىۋاتقان، ئاھ ئۇرۇۋاتقان سادالار ئىچىدە قانداقتۇر بىر چوڭقۇرلۇققا قاراپ دومىلاشقا باشلىدى...

قىز كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنى ئاپپاق بىر دۇنيا ئىچىدە كۆردى. بۇ دوختۇرخانا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا زورلاپ كىيدۈرۈلگەن ھېلىقى تويلۇق كىيىملىرى يوق، ئەكسىچە سۇس يوللۇق كېسەللەر كىيىمى تۇراتتى، بېشى قاتمۇقات داكا بىلەن تېڭىلغان بولۇپ، تومۇرىغا ئاسما ئوكۇل مېڭىۋاتاتتى. ئۇ بۇ ناتونۇش دۇنيادىن بىرەر يېقىن كىشىسىنى ئىزدەپ، ئوڭ يېنىغا

ئۆرۈلمەكچى بولۇۋىدى، تۇيۇقسىز كۈچەيگەن ئاغرىق ئازابى ئۆگە ـ ئۆگىلىرىنى ئازابلاپ، مېڭىسىگە، يۈرىكىگە قاپسالدى.

— قوزغالماڭ ! — مېھىر ـ مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرغان بۇيرۇق ۋە مەسئۇلىيەت ئارىلىشىپ كەتكەن يۇمشاق بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئاق خالات ئىچىدىكى بىر جۈپ قول قىزنىڭ گەۋدىسىنى بوش بېسىۋالدى، — بىلىكىڭىزنى تېخى يېڭىلا تاڭدۇق. ھەرىكەت قىلسىڭىز بولمايدۇ.

— سۇنۇق؟ ! — قىزنىڭ ئاۋازى پەقەت ئۆزىگىلا ئاڭلانغان بولسىمۇ، جاراھەت ئازابىدا قارىداپ قالغان چېھرىدە، سولغۇنلۇق چىقىپ تۇرغان ياش يۇقى كۆزلىرىدە سېستىراغا سوئال نەزىرىدە قارىدى. سېسترا ھېسداشلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قىزنى ئۈمىدۋار، غەيرەتلىك بولۇشقا ئۈندىدى. كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن، جان ـ جېنىنى قىيناۋاتقان ئاغرىق ئازابىدىن ئۆزىنىڭ تويلۇق كىيىم كىيىپ شەھەرگە ماڭغان ئاشۇ يامغۇرلۇق ئاخشىمى ئېغىر قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى، شۇ تۇرقىدا دوختۇرخانىدا ياتقانلىقىنى بىلدى. ئاھ، شۇ ئاخشىمى نەچچە ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىدا خۇپىيانە توي قىلىپ ئەمدىلا ئون ئالتە ياشتىن ھالقىغان چۈغۈندەكتەك قىزنى يات ـ ناتونۇش ئادەملەرگە ياتلىق قىلىپ بەرگەن ساددا ئاتا ـ ئانا قىزنىڭ قەپەسكە سولانغاندەك ھېلىقى قىزىل ماشىنىغا چىقىرىلىپ ھايال ئۆتمەيلا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگەندىمۇ؟ !

ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە بىلگەندۇ، بىلمىسە چۈشى بۇزۇلۇپ ياش تۆككەندۇ... شۇ كۈنى تۇيۇقسىز چېلەكلەپ قۇيغاندەك ياغقان يامغۇر بىچارە قىزى ئۈچۈن ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆز ياشلىرىدۇ بەلكىم...

— داڭ ! داڭ ! داڭ !

دەرۋازىنىڭ قاتتىق قېقىلىشى خىيال ئىچىدە ياتقان ئالتۇنەمنى چۆچۈتتى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياندۇرۇپ ھويلىغا چىقتى:

— كىم؟
— ئاچە دەرۋازاڭنى !
ناسىرباي تىنىقىدىن ناسۋال پۈرتىپ كىرىپ كەلدى.

## 9

ئىلياس ئەنقەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالدى.
— كەتمىسەڭ تېخى ياخشى، — دېدى دىرېكتور، — كەينى قورۇدىكى يۆتكەپ بولالمىغان مەنقۇلاتلارغا قارايدىغان ئادەم تېخىچە كەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، كەچلىك تامىقىڭنى يەۋېلىپ، قاراۋۇللۇق قىلىشىپ بېرەمسەن؟
— بولىدۇ.
— هەي توختاپ تۇرە بولمىسا... — دېدى ئەنقەر ئىلياسنىڭ بېشىدىن ـ تاپىنىغىچە بىر قارىۋېتىپ، — شۇنداقمۇ دەپتىمەن، بىراق چوڭ ئادەملەر قىلىدىغان بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارسەنمۇ؟
— مەنمۇ ئون سەككىز ياشقا كىرەي دەپ قالدىم، ئاكا، — دېدى ئىلياس خۇددى ئۆزىنى توختاتقان يىگىتلەردەك سۆزلەپ، — ھەرقاچان شۇ لازىمەتلىكلەرنى ئوغرى ئېلىشتىن ساقلايدىغان، بىرەر ئىش چىقسا ئادەم چاقىرىدىغان ئىشتۇ شۇ؟
— يارايسەن، — ئەنقەر خاتىرجەم بولغاندەك ئىلياسنىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ قويدى، — ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئەمما ئاغزىڭدىن چىقىۋاتقان گەپكە لايىق ئىش قىلمىساڭ بولمايدۇ، جۇمۇ !
— ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىز؟
— ئىشەندىم، لېكىن سېنىڭ كىملىكىڭنى، تۇرار يېرىڭنىڭ قەيەردىلىكىنى تېخى بىلمەيمەن.
— ماڭا ئىشەنسىڭىز يېنىڭىزدا قالاي، ئىشەنمىسىڭىز كەتسەممۇ بولىدۇ...

— شۇنداقمۇ؟ — ئەنقەر كۈلۈپ كەتتى...
— مەن سىزنىڭ تۈز - تامىقىڭىزنى يېگەن تۇرسام...
— كىچىك تۇرۇپ نېمانچە تەسىرلىك سۆزلەيسەن، ئەكېلە قولۇڭنى...

ئىككى قول جۈپلەشتى. ئىلياس سەبىيلىك تۇيغۇسى بىلەن ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلەيمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئېغىر - بېسىق مىجەزى، سەممىيلىكى، ئۆزىنى ئىشقا ئۇرۇپ تۇرۇشى سەرسان كۆڭلىرىگە رىزىق ئاتا قىلىۋاتاتتى.

مانا ئۇنىڭ تىجارەت باشلاش ئالدىدا تۇرغان كاتتا مېھمانسارايدا تۇرۇۋاتقىنىغا ھەپتە بولاي دەپ قالغان، ئاق كۆڭۈل دىرېكتور ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

— ھەي... چۈشتىن كېيىن مەن بىلەن ئايرودۇرۇمغا بىللە چىقامسەن؟
— ئايرودۇرۇم... ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمىز؟
— ھاجىم دادام سەپەردىن قايتىپ كېلىدۇ، ئالدىغا چىقىمىز.
— ئەمما...
— نېمە ئەمما؟ تىلىڭنى چاينىماي ماقۇل دەپ قويە، ئاشۇنداق قىلىپ ئىش ئۆگىنىسەن، جاھاندارچىلىق كوچىسىغا كىرىسەن.
— سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرسەمغۇ زىيان تارتمايدىغانلىقىمنى بىلىدىم. لېكىن، مەن چوڭ ئادەملەرگە، بايلارغا كۆرۈنۈشتىن قورقىمەن.
— نېمىشقا؟
— نېمىشقىلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئۇنداق ئادەملەر ماڭا ئۆزىنىڭ بالىسىدىن باشقا بالىلارنى يامان كۆرىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ. شۇڭا، ھاجى دادىڭىز مېنى يامان كۆرۈپ قالسا...
— ھا - ھا - ھا.... — ئەنقەر كۈلۈپ كەتتى، — نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، بالا ھوي... بويۇڭ ماڭا يېتىشىپ قالغاندەك قىلغان بىلەن، ئاغزىڭدىن ئاناڭنىڭ سۈتى تېمىپ تۇرىدىكەن جۇمۇ،

سىنىڭ !

«ئاناڭ» دېگەن سۆز ئىلياسنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ئۆيدىن قېچىپ چىققاندىن بۇيان ئۇنىڭ بىچارە ئانىسىنى كۆز ئالدىدىن نېرى قىلىپ باققان كۈنى يوق. بولۇپمۇ ئاخشاملىرى قولى ئىشتىن بوشاپ يالغۇز قالغاندا، ئۇن - تىنسىز ئولتۇرغانلىرىدا خىيالىدا ئانىسى بىلەن مۇڭدىشىپ چىقاتتى. كۆزى يۇمۇلسىلا ئانىسىنى چۈشەيتتى.

— سەن بىر قارىسا چوڭ ئادەمدەك، بىر قارىسا كىچىك بالىدەك، — دېدى ئەنقەر گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھاجىم دادام ئۇنداق ئوسال ئادەملەردىن ئەمەس. بالىلارغا ئامراق. قولى ئوچۇق.

ئىلياس بالىلارچە خىيالىدىن قايتىپ، ئەنقەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى.

— بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرۇپ قالساڭ ياخشىلىق باركى، يامانلىق يوق. ھاجىم دادامنىڭمۇ كۆكسى - قارنى كەڭ، كىشىگە قىلچە قىيىقچىلىقى يوق، ياخشىلىققا يارالغاندەك بىر ئادەم... قانداق، بىللە چىقامدۇق؟

— شۇنداقتىمۇ، مەن قورۇنۇپ قالارمەنمىكىن...

— ماۋۇ تارتىنچاقنى، ئاغزىمدىن كۆپۈك چىقىپ كەتكۈچە سۆزلىسەممۇ ! ... ماڭا قارا، ئۇ يەردە يەنە دادام ئېلىپ كەلگەن مېھمانخانىنىڭ قالدى - قاتتى لازىمەتلىكلىرى بار. شۇنى ئايرودۇرۇمنىڭ يۇك چىقىرىش ئورنىدىن سەيناغا ئاچىقىدىغان، ماشىنىغا باسىدىغان، ئەكېلىدىغان، چۈشۈرىدىغان، ئامبارغا ئەكىرىدىغان ئىشلار بار. شۇڭا سېنى...

— ئۇنداق بولسا ماڭامدۇق؟

— ھەببەللى، يارايسەن ! — گېپىنى تۈگىتىپ كەينىگە يانغان ئەنقەر يەنە بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك كەينىگە بۇرالدى، — ھە راست، سەن بۇ كونا كىيىملىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭگە ئوخشىماي قاپسەن، چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ماۋۇ يېنىمىزدىكى كوچىدىن

ئۈستىبىشىڭغا كىيىم ئالىمىز، ئاندىن چىچىڭنى ياسىتىسەن، مونچىغا كىرىسەن... بۇنىڭ چىقىمى ئۈچۈن ئايلىق ئىش ھەققىڭنىڭ بىر قىسمىنى ئالدىن چىقىم قىلىپ تۇرىمىز، قانداق؟

— ھىم... — ئىلياس بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا باھار ئاپتىپىدەك بىر ئىللىقلىق يامرىدى. ئىلياس ئىلگىرى ئادەملەردىن، بولۇپمۇ چوڭلاردىن بىرخىل ئازارلىق ھېس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە گەپ سېتىشلىرىغا، ھېسداشلىق قىلغان بولۇپ بىر نېمىلەرنى دېيىشلىرىگە ئۆچ ئىدى. لېكىن، بۇ شەھەر دېگەن باشقىچە بىر دۇنيا ئىكەن. قارىساڭ، ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش يۈرگەن. پايدا ـ مەنپەئەتكە دەخلى يەتمىسىلا، كىشىنىڭ كىشى بىلەن ئىشى يوق...

ئىلياس چۈشلۈك ئارام ۋاقتىدا ئەنقەر كۆرسىتىپ قويغان ساتىراشخانىغا كىرىپ چېچىنى ياساتتى. ئاندىن مونچىغا كىرىپ يۇيۇندى. ئۇنىڭدىن كېيىن كالتە يەڭ ئاق مايكا بىلەن سىماب رەڭ كاناپ ئىشتاننى كىيىپ، سەھرا بالىسىدىن شەھەر بالىسىغا ئۆزگەردى.

— ئايىغىڭمۇ كونىراپ كېتىپتىكەن ئەمەسمۇ، بالا، — دېدى ئەنقەر ئۇنىڭ تۇرقىدىن يەنە قانائەت ھاسىل قىلماي، — كەل، كەل، نەچچىنچى ئاياغ كىيىسەن؟

— مۇشۇ بولار، ئاكا، — دېدى ئىلياس قىزىرىپ.

— مەن بولمىدى دېدىمغۇ... قارا ئاشۇ يارىشىملىق مايكا، ئىشتان بىلەن كونا ئاياغنى كىيىۋالساڭ قانداق بولىدۇ؟ ھە تىلىڭنى چاينىماي گەپ قىلە، ساڭا ئوتتۇز سەككىزىنچى ئاياغ كېلىدىغۇ دەيمەن؟

— ياق، قىرىق بىرىنچى ئاياغ كىيىمەن.

— قىرىق بىر؟ ھە ئوغۇل بالا... — ئەنقەر شۇنداق دەپ مېھمانخانا تىجارەت زالىدىن چىقىپ كەتتى ۋە ئون مىنۇتچە

ۋاقىتتىن كېيىن بىر جۈپ ئاق ساياھەت ئايىغى، پايپاقلارنى كۆتۈرۈپ كىردى:

— مە، چاققان بول !

مەيدىسىگە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ئاق مايكا، سىماب رەڭ كاناپ ئىشتان، ساياھەت ئايىغى، ياشلارغا خاس قىسقا چاچ... ئىلياسنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن كىشى ئۇنى سەھرادىن قېچىپ كەلگەن بالا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ مېھمانخانا غوجايىنىنىڭ بەگزادىسىمىكىن، دەپ قالاتتى.

## 10

ناسىرباي بۇگۈن ئادەتتىن تاشقىرى خاپا كۆرۈنەتتى.

— ئۇ ھارامزادە پەيدا بولدىما؟! — دېدى ئۇ دەرۋازىدىن كىرە - كىرمەي ئالتۇنەمگە گۈلىيىپ. ئوغلىغا ئېيتىلغان يامان گەپتىن ئانىنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى.

— مەن سەندىن گەپ سوراۋاتىمەن؟!

— خاپا كۆرۈنىدىلا، — دېدى ئانا ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ، — تاماقلىرىنى يەپ، بالدۇرراق ئارام ئالسىلا.

— ئا... ئارام ئالسىلا... ئۇ ھارامزادە كەپتۇ - دە !

— كەلگەن بولسا، ئۆزلىرىگە كەلدى دېمەسمىدىم...

— ئەمىسە مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ نېمە ئىش قىلماقچىدىڭ؟!

— مېنىڭ قولۇمدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟

— خوتۇن كىشىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ !

ئالتۇنەم ئېرىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇنداق چاغدا مۇنۇ ئادەمگە نە ياخشى گەپ، نە يالۋۇرۇش - يېلىنىش كار قىلمايتتى. شۇڭا، ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تىل -

هاقارەت، مۇشت ـ پەشۋادىن يىراقراق تۇرماقچى بولدى.
— نەگە قاچىسەن؟
— قاچمىدىم، ئۆزلىرىگە لەڭمەن سېلىپ بېرەي دەيمەن.
— لەڭمەن... ئۆزۈڭ يە، بولدى !
ئالتۇنەم زادى قانداق قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي بىر چەتكە ئۆتۈپ قاراپ تۇردى.
— يېنىمغا كەل !
— مانا...
— مەندىن قاچما دەيمەن !
— قاچمىدىم...
— يېقىن كېلە ئەممىسە ! — ناسىرباي ئايالىنىڭ چاچلىرىنى ياغلىق بىلەن قوشۇپ قامالالاپ تۇتتى.
— ۋايجان.. ! — ئۆيدىكى گۆردەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئايالىنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىراشلىرى، ئاچچىق نالىسى ئاڭلاندى...
مۇدھىش قاراڭغۇلۇققا ئەسىر بولغان تۇن قوينى ھاياتنىڭ خۇۋلۇقىنى يۇتۇپ كەتكەندەك بىر خىلدا قارىيىپ تۇراتتى. ياۋۇزلۇق، ئازاب، ياۋايىلىق، بىچارىلىك، ئېزىش، ئېزىلىش، خورلاش، خورلىنىش زۇلمەت قوينىدا داۋام قىلىۋاتاتتى. تەن ئازابى، دىل ئازابى ئاجىزلارنىڭ يۈرىكىنى لەختە ـ لەختە قان قىلماقتا ئىدى... تۇنجى قېتىملىق قارا نىكاھ تۈپەيلى ھاياتنىڭ نۇۋەر چاغلىرى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان ئاجىز ئايال مۇشۇنداق قىسمەتلىك كۈنلەردە ھامان بىۋاقىت توزۇپ كەتكەن ئاپپاق ئۆرۈك چېچەكلىرىنى، شەھۋەتپەرەس بايلارنىڭ نەپسى ئوچۇن پايخان بولغان ياشلىقىنى ئەسلەپ قالاتتى...
دوختۇرخانىدا ھوشىغا كەلگەن قىز ئۆزىنىڭ ھەمدۇللا مەخسۇم بىلەن بىر ياتاقتا ياتقانلىقىنى كۆردى ھەم دوختۇر، سېستىرالارنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن، مەخسۇمنى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئاغزىدىن ئۇ كىشىنىڭ ئىككى تال قوۋۇرغىسى

سۈنغانلىقىنى، يۈز ـ كۆزىنى پىكاپىنىڭ ئەينىكى تىلمۈەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى. ماشىنىدا قىز كۆچۈرۈپ ماڭغان ھېلىقى ئىككى ئايالنىڭ يارىلانغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپتى.

كارىۋاتقا باغلاپ قويغاندەك مىدىر ـ سىدىر قىلالماي ياتقان قىز مەخسۇمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ئاغىنىلىرىنىڭ شۇ قەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇنى يوقلاشقا كەلگەن بىر توپ ئادەملەرنىڭ ياتاقنى بازاردەك قاينام ـ تاشقىن قىلىۋەتكەنلىكىگە قاراپ سەھرادا قالغان ئاتا ـ ئانىسىنى، تۇغقانلىرىنى سېغىنىپ كۆزىنى ياشلىدى. ئۇنىڭ پەرىزىچە، مەخسۇمنىڭ تۇغقانلىرى بۇ ھادىسىنى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئۇقتۇرمىغاندەك قىلاتتى، بۇ ئادەملەرنىڭ يارىلانغان قىزنىڭ ئەھۋالىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن سىر تۇتۇشى قىزغا ناھايىتى ئېغىر كەلدى. بولۇپمۇ ياتاققا كىرگەن ـ چىققانلار ئازاب ئىچىدە كۆزىنى يۇمۇپ ياتقان قىزنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلىدىمۇ ياكى قەستەن ئاڭلىسۇن دېدىمۇ، ئاۋازىنى خېلىلا كۆتۈرۈپ ئاغزىغا كەلگەننى دېيىشەتتى:

— بۇ خوتۇننىڭ مەخسۇمغا ئايىغى ياراشماپتۇ !

— ياراشماپتۇ، ئالدى بەن ئوخشايدۇ !

— چىرايىغا قارىسىغۇ تۇزۇكلا كۆرۈنىدۇ.

— ئۆزى چىرايلىق بولغان بىلەن ئىشى ئىلگىرى باسمىغان كۆك نامراتنىڭ قىزى ئىكەن ئەمەسمۇ !

— شۇ، شۇ... بەزى تەلەيسىز ئادەملەرگە يېقىن يولىغۇلۇق ئەمەس، بولمىسا كىشىنى مۇشۇنداق نەس باسىدۇ !

— بىزمۇ شۇنداق ئويلىدۇق، ھەمدۇللا مەخسۇمنىڭ ئەزەلدىن ماڭغانلىكى يولى، قىلغانلىكى ئىشى ئوڭ كەلگەن، بۇ دورەم ئەجەب...

— بايا دېيىشكەن گەپ توغرا، پالاكەتمۇ يۇقىدۇ...

— شۇڭا، بىزمۇ دېيىشىپ قالدۇق، دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىققان ھامان ئۆيگە يېقىن يولاتماي تالاق قىلىپ

يولـغا سېلىۋەتسۇنمىكىن !

— ئۇنداق قىلىشقا مەخسۇم ئۇنىماسمىكىن.

— نېمىشقا؟

— بىزنىڭ بۇ مەخسۇم موللام مەخسۇم ئەمەس، ھەمدۇللا مەخسۇم جۇمۇ !

— ياق، — دەيتتى كىملەردۇر بىرلىرى، — بۇ ئىش يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ بىر گەپ ئىدى، ئەمدى شۇنچە خاپىلىق چىققاندىن كېيىن مەخسۇممۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى تۇتۇپ بېقىپ بىر ئىش قىلار، ئېھتىمال بۇ يەردىن ساقىيىپ چىققۇچە، بىر كۆرۈپ كۆيگەن يۈرىكىنىڭ ئوتلىرى ئۆچۈپ ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپمۇ قالار...

ھەممىنى ئاڭلاپ ياتقان قىز كۆز چاناقلىرىنى ياشقا لىقلاپ، ھەسرەت ئىچىدە بوغۇلاتتى. ئۆزىدەك ئاجىزە لەرنىڭ ئۆز تەقدىرىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقىغا ئۆكۈنەتتى. بىرەر تونۇش - بىلىشلىرى ئارقىلىق ئاتا - ئانىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشنى، ھېلىھەم بولسىمۇ شەھۋەتخورلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتمەي، ئۆز سەھراسىدىكى ئاددىي ئادەملەر ئىچىدىن ئۆز بەختىنى تېپىشنى ئويلايتتى. ئەپسۇسكى، مەخسۇمنىڭ ئەتراپىدىكى مەمەدان ئادەملەر ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلىگەن بۇ ئالىي ياتاقتا ئالتۇنەمنىڭ بىرمۇ تونۇشى يولىمايۋاتاتتى.

## 11

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن سەرگەردان بالا ئىدى. ئۇ شەھەردىكى رەڭگا رەڭ ھاياتقا قېتىلىش ئالدىدا تۇرغان يېتىم بالا ئىدى.

ئۇ ئەنقەر ئاكىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئايرودرومغا ماڭدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى يېڭىدىن كېڭەيتىپ ياسالغان يوقىرى

سۇرئەتلىك يوللارغا، بەش قولدەك قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دۇكان ـ سارايلار، سودا بازارلىرى، ئاھالىلەر ئولتۇراق بىنالىرىغا قاراپ شەھەرنىڭ بۇنچە چوڭلۇقىنى ئەمدى بىلگەندەك بولدى. كۆڭلىدە بولسا سەھرا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرقنى كۆرگەندەك بولدى.

ئۇلار ھاجىنىڭ تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپى بىلەن يېرىم سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن ئايرودۇرۇمغا يېتىپ كەلدى.

— قانداقراق يىگىت؟ — دەپ سورىدى ئەنقەر بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، — ئىلگىرى بۇ يەرگە كېلىپ باققانمىدىڭ؟

— ياق، — دېدى ئىلياس نېئون ئېكرانلاردىكى ئېلان تەشۋىقاتىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، — بۇ يەرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم.

— ئۇنداقتا بۇ پورتتىن قەيەرلەرگە بارغىلى ـ كەلگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنسەن ـ دە؟ — ئۇلار كەڭ، ئازادە كۈتۈش زالىدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ بىرسىگە جايلاشتى.

ئىلياس بېشىنى چايقىدى.

— كىچىك ـ دە سەن، — دېدى ئەنقەر تاماكىنىڭ كۈلىنى قېقىپ، — مەكتەپتە جۇغراپىيە ئوقۇغان بولغىيدىڭ، شەھىرىمىز مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ھازىر جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە مال چىقىرىش ـ كىرگۈزۈشتىكى غەربىي دەرۋازىسى بولۇپ قالدى. بېيجىڭ، شاڭخەيگە ئۇچۇشقۇ ئاسان گەپ، ئاشۇ چوشۇۋاتقان، ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلانغا ئولتۇرساڭلا تاشكەنت، ئالماتا، بىشكەك، دۇشەنبە، ئىسلامئاباد، تېھران، دۇبەي، ئىستانبۇل... ئىشقىلىپ، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەرقانداق شەھەرلەرگە بارالايسەن...

— ئەپەندىم، تاماكا چەكمىگەن بولسىڭىز! — زالدىكى بىر مۇلازىم ئەنقەرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— چەكسەم بولمامدۇ؟

— بولمايدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالىلقاچان ئاممىۋى سورۇنلاردا تاماكا چېكىشنى چەكلەش بەلگىلىمىسى ئېلان قىلىنغان.

— خۇمارىم تۇتۇپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟ — قىزىقچىلىق قىلدى ئەنقەر.

— ئاۋۇ تەرەپتە مەخسۇس تاماكا چېكىش ئۆيى بار.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ تاماكىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، — بۇ بەلگىلىمىنى مەنمۇ گېزىتتىن ئوقۇغاندەك قىلىۋېدىم، ھېچكىم ئەمەل قىلمىغاچقا، مېنىڭمۇ ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ.

ئىلياس ئەنقەرنىڭ ئەدەپلىك، رايىشلىقىنى چۈشەندى ھەم بايا خىيالىغا كەلگەن بىر سوئالنى سورىدى:

— سىز ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ باققانمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئەنقەر ئىشەنچ بىلەن، — مەن شىركىتىمىزنىڭ بىر ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىسى تۇرۇپ ئايروپىلانغا چىقىپ باقمىسام قانداق بولىدۇ؟

— ئايروپىلاننىڭ ئىچى چوڭمۇ؟

— چوڭ.

— لېكىن، يەردىن ئاسمانغا قارىسا يۇلتۇزچىلىكلا كۆرۈنىدىكەنغۇ؟

— ئېگىز ئۇچقاندىكىن شۇنداق كىچىك كۆرۈنىدۇ، — دېدى، ئەنقەر كۈلۈمسىرەپ. شۇ ئەسنادا ئۇ بىر تونۇشى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ پاراڭغا چۈشتى.

ئىلياس ئۇلارنىڭ پارىڭىغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن دېرىزە تەرەپتىكى بىر بوش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ھەم قولىدىكى قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بىر يۇتۇم سۇ ئوتلىدى. ئىلياس شەھەر بىلەن يېزىنى ھەم ئادەملەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئاتىكەم ھامىسى گېپىنى قىلغان ھېلىقى ئادەمنى ئويلاپ قالدى. «مېنىڭ ئۆز دادام راست مۇشۇ شەھەردىمىدۇ؟ شەھەردە بولسا قايسى كوچا، قايسى ئۆيدە

تۇرىدىغاندۇ؟ ئۇ ئادەممۇ ئەنقەر ئاكامنىڭ دادىسىدەك باي، ئابرۇيلۇق ئادەممىدۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا... ياق، ياق، هاممامنىڭ گېپى ئەپقاچتى گەپتۇ، هەرقاچان. هاممام مىجەز - خاراكتېرى چېپىلغاق، پۇلغا ئامراق، كىيىم - كېچەك، زىرە - مونچاقنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ دائىم ئېرى بىلەن سوقۇشۇپ يۈرىدىغان خوتۇن بولغاچقا، ئاشۇنداق ئالجىپ يۈرگەندۇ، كىم بىلىدۇ، هاممام شۇ چاغدا مېنى كىچىك، ئىش ئۇقمايدۇ دەپ بىر كىمگە سېتىۋەتمەكچى بولغانمۇ تېخى! ئەگەر هاممام ئېيتقاندەك مېنىڭ ئۆز دادام بار بولسا، ئانام بۇ توغرۇلۇق بىر نېمە دېمەسمىدى؟ ماڭا بىرەر بېشارەت بەرمەسمىدى! ئېهتىمال هاممام ئالجىغاندۇ، ئۇخلىماي چۈش كۆرگەندۇ، هاممام ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان باي هەم يېنىدا ئالتۇن - كۈمۈشلەر جىرىڭلاپ تۇرىدىغان دادام يوقتۇر! ...»

ئىلياسنىڭ خۇشخۇي چىرايى ئۆزگىرىپ، قاش - قاپاقلىرى سېلىندى. كىچىك ۋاقتىدا هاممىسىنىڭ ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلىرىنى ئويلاپ، مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى. «ئەمدى هاممام ئاشۇنداق يوق ئىشقا ئارىلىشىدىغان، مېنى يەنە ئەخمەق قىلىدىغان بولسا، قىلچە يۈز - خاتىر قىلمايمەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەمدى بالا ئەمەس، يىگىت سانىلىدۇ. يىگىت دېگەن غۇرۇرلۇق كېلىدۇ، ئۆزىگە تايىنىدۇ، ئەجىرسىز مېهنەت ئىزدىمەيدۇ. ئۇ ئەمدى ئەنقەر دىرېكتوردەك ياخشى كىشىلەرگە...

بۇ قېتىمقى نۆۋەتچى ئايروپىلاننىڭ قونغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. ئىلياس خىيال دۇنياسىدىن قايتىپ، چېچەنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئەنقەر ئاكىسىنى ئىزدىدى. ئەنقەر پارالاڭ سېلىشىپ تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، ئىلياسنى چاقىردى:

— كەلدى، كەلدى، دادام مۇشۇ ئايروپىلاندا... يۈرە، ئاۋۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، چىقىش زالىنىڭ ئىشىكىدە كۈتۈپ تۇرايلى.

ئىلياس ئەنقەرگە ئەگەشتى.

— هاجىم دادامنى كۆرگەندە تېخىمۇ ئەدەپلىك، مۇلايىم

بول، سورىمىغان گەپنى قىلما. چامىڭ ئۇلاشقان ئىشنى چەبدەس ھەم پاكىز قىل، ئۇقتۇڭمۇ؟
— ئۇقتۇم، ئەنقەر ئاكا...

## 12

زالىم ئەرنىڭ تايىقى ئالتۇنەمنى ياشىغۇسىز قىلىۋەتتى. ئۇ بوقچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ، ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە — ئاشۇ كۆزى كىچىك يەڭگىسىنىڭ ئالدىغا يامانلاپ كەلدى. ئاكىسى بەختسىز سىڭلىسىنىڭ زېدە قوغۇندەك يېرىلغان قاش - قاپاقلىرىغا، توختىماي ياش تۆكۈشلىرىگە قاراپ ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى ھەم ئاچچىق بىلەن سورىدى:
— نېمە قىلغانىغا شۇنچە ئۇرۇپ كەتتى ئۇ بەڭگى؟
— ئىلياسنى قاچۇرۇۋەتتىڭ دەيدۇ، — دېدى ئالتۇنەم ئىسەدەپ.
— قانداق بېشى ئىششىپ قالغان بەڭگى ئۇ؟ ! — دېدى ئاكىسى ئاچچىقتىن ئۆپكىسىنى باسالماي، — ئولتۇرسا - قوپسا بالا غەلۋىسى قىلىپ، يېنىمدا بىر بەلەن تۇرغان بالىنى ئاپىرىۋالدۇ. مانا ئەمدى ئۇنى ئالداپ - سىلاپ كۆندۈرۈۋالماي قاچۇرۇۋېتىپ، ئارقىدىن سىزگە ئازار بەرسە قانداق بولىدۇ؟ !
— ئۇ ئادەمنىڭ قورسىقىدا نېمە غومى بارلىقىنى بىلمەك تەس، ئاكا.
— بەزى ئادەملەرغۇ ئاشۇنداق كېلىدۇ زادى، ھەممىشە كىشىگە غۇم ساقلاپ يۈرگەن، ئۇرۇش - جېدەل قىلىۋاتقان، بولدى، بىزنىڭ ئۆيدە ۋاقىتىنچە تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى ئاكىسى ئالتۇنەمنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — بېشى ئىششىپ قالغان ئۇ بەڭگى «خوتۇن لازىم ئىدى» دەپ ئالدىمىزغا كەلسۇن، ئاندىن مەن گېپىنى ئاڭلاپ باقاي... مۇشت - پەشۋا، تاياق - توقماق بىلەن ئىش ھەل بولىدىغان بولسا، ئۇنداق ھۈنەرنى مەن ئوبدان

ئۆگىتىپ قويىمەن، ئۇنىڭغا!

— سىلى چوڭ گەپ قىلىپ، ئىشنى يوغىناتقىلى قوپتىڭلىغۇ ئايۇۋاخۇن! — دېدى خېلىدىن بېرى يا ئوچىقنىڭ ئوتى كۆيمەي ياكى قازىنى قاينىماي تۇرغان ئايال ئېرىنىڭ ساقىلىنى غېرىچلاپ، — ئەر - خوتۇننىڭ جېدىلى جېدەل ئەمەس، سىلى ئاچچىقىڭلىغا پايلىماي بەگنىڭ چىلىمىنىڭ سەيخانىسىغا سوغۇق سۇ قۇيغان بىلەن، ئۇ بەگگى ئۆتكەنكىدەك ئىشىكىمىزدىن كەتكىلى ئۇنىمايدۇ. ئۆگزىگە چالما تاشلاپ ئالتۇنەمنى ئۇخلاتمايدۇ...

بەگنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئورۇنلۇق، ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىكنىڭ لازىمى يوقتەك بىلىنىسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەرمەنلىك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىگە ئالتۇنەمنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ قېلىشىدىن قىزغىنىش، ئىچى تارلىقىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بۇ، خوتۇننىڭ خۇي - پەيلىنى ئالىقىنىدىكى سىزىقنى بىلگەندەك بىلىدىغان ئايۇپ ئاخۇنغىمۇ، ئىلگىرى نەچچە قېتىم بۇ ئۆيدە بويۇن قىسىپ تۇرۇپ باققان ئالتۇنەمگىمۇ ئايان ئىدى.

— خېلى ئورۇنلۇق گەپ قىلدىڭلا، خوتۇن، — دېدى ئايۇپ ئاخۇن ئۆپكىسى بىر ئاز بېسىلغان هالدا، — لېكىنزە سىڭلىمىزنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى كۆك، قان ئىزىنى كۆردۈڭلا، ئۇستىخانلىرىغا قاراش بىزگە ئەپسىز، بىر ئاجىز مەزلۇمنى بۇنچىۋالا ئۇرغان بارمۇ؟

— خەق، بەگنىڭ تايىقى خۇمار قىلىدۇ، دېيىشىدىكەنغۇ، — دېدى ئايال قايىنىغان قازىنىغا سۇ قۇيۇۋېتىپ، — شۇڭا بەگدىن چىققان خوتۇن ئەردە توختىماسمىش...

ئايۇپ ئاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، گەدىنىنى قاشلاپ تالاغا ماڭدى. ئۇ سىڭلىسىنىڭ ئالدىدا خوتۇنىنىڭ قىلغان گەپلىرىدىن نومۇس قىلغانىدى.

ئالتۇنەم ئۇچۇن پەلەكنىڭ چاقى دائىم تەتۈر چۆرگۈلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ پارە - پارە بولغان يۈرىكىنى

تەسكىن تاپتۇرۇش ئۈچۈن ئاكىسىنى پاناھ تارتىپ كېلىۋىدى، يەڭگىسىنىڭ يامان گەپلىرى جېنىدىن ئۆتتى، قۇرۇپ قالاي دېگەن كۆز ياشلىرى يەنە تاراملاپ تۆكۈلدى، بۇنداق چاغلاردا ھاياتىنىڭ نۇۋەر چاغلىرىدا ئۇچرىغان ھېلىقى ئاچچىق قىسمەتلەر ھامان كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى...

ئالتۇنەم بالىنى ستتا يېتىپ، ھېلىقى يامان ـ ياۋىداق گەپلەرگە بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويۇپ ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەۋاتقاندا، بىر پەس تىنچلىنىپ قالغان ياتاق ئىچىدىن شەھۋەتمۇ، مېھىر ـ مۇھەببەتمۇ، ئىشقىلىپ، بىر خىل ئىشق تۆكۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ كۆزلەر ھەمدۇللا مەخسۇمنىڭ كۆزى ئىدى.

— ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ ئېگىز ـ پەس گەپلىرىنى ھار ئالماڭ ـ ھە، خان، — دېدى ئۇ كىشى ياندىكى كارىۋاتتا قىمىرلاپ، — مەن بۇ كەلگۈلۈكنى سىزدىن ئەمەس، پېشانەمدىن كۆرىمەن.

قىز مەخسۇمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يېرىم يۇمۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇ كىشىگە قارىدى. مەخسۇم ھەر ھالدا گەپ ـ سۆزلىرى يۇمشاق، كۆزلىرى مۇلايىم كۆرۈنەتتى. بۇنىڭدىن ئاز ـ تولا ئىللىقلىق ھېس قىلغان قىز غىل ـ پال بىر ئۈمىد بىلەن كۆزلىرىنى ئاچتى.

— ئۆزلىرىدىن ئۆتۈنسەم، ئاتا ـ ئانامغا گەپ ئېيتىپ، مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويارلىمۇ؟

— ئەھۋالىڭىز ياخشىلىنىپ، بالىنى ستتىن چىققاندا ئاندىن خەۋەرلەندۈرسەك بولارمىكىن، خان... يا بولمىسا يېنىغا ئۆزۈم بىللە ئېلىپ چىقارمەن.

— ھازىر خەۋەر بەرسەك بولماسمۇ، شۇ تاپتا ئۇلار مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەرسىز...

— بۇ ئىشقا ئالدىرىمىغىنىڭىز ياخشى، ھازىر ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ئەھۋالىمىز ياخشىلىنىۋاتىدۇ. ئاللاغا رەھمەت،

كۆرىدىغان كۈنىمىز، يەيدىغان رىزقىمىز بار ئىكەن، خان!

— مەن ئاتا ـ ئانامنى بەك سېغىنىپ كەتتىم...

— سىز ئەمدى ئەرگە تەگكەن قىز، ئاتا ـ ئانىڭىزنى تولا ئويلاپ، ئازابلىنىپ كەتسىڭىز بولمايدۇ، دەيمەن...

بىچارە قىز كارىۋاتتا مىدىر ـ سىدىر قىلماي يېتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ قولى سۇنۇق بولسىمۇ، بىراق بالىنىستىن قېچىپ چىقىپ تېپتىنچ سەھراسىغا، مۆمىن ـ ياۋاش ئاتا ـ ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقۇدەك جۈرئەت يوق ئىدى.

ناتونۇش ئادەملەر قىزنى بالىنىستىن ئېلىپ چىقىپ پىكاپقا سېلىپ، شەھەرنىڭ قىستا ـ قىستاڭ كوچىلىرىنىڭ بىرسىدىكى ياسىداق ھويلىغا ئېلىپ كىرىشتى. قەپەسكە سولانغان باچكىدەك ئۆز ئەركىدىن ئايرىلغان قىز ھېلىقى يامغۇرلۇق ئاخشامدىكى ئىككى ئايالنىڭ ھە ـ ھۇلىرى بىلەن يۇيۇنۇپ تارانىدى. تويلۇق كىيىملەرنى كىيىپ جابدۇندى. ھەمدۇللا مەخسۇمغا يەنە بىر قېتىم نىكاھ قىلىندى. ھېلىقى گەپدان خوتۇنلارنىڭ گېپىچە، يامغۇرلۇق ئاخشامدىكى نىكاھقا ئالدىقاچان شەيتان ئارىلىشىپ قالغانمىش، شۇڭا نىكاھنى يېڭىلىمىسا، ئەر ـ خوتۇنچىلىق جايىز بولماس ئىمىش...

بىر چاغ بولغاندا ھېلىقى ئايالار چىقىپ كەتتى. كۆزلىرى بەقەمدەك قىزارغان ھەمدۇللا مەخسۇم ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى. ناتونۇش، يات مۇھىتتىن قورۇنۇپ تۇرغان قىز ئەندىككەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، ياش تامچىسى ئېسىلىپ قالغان كىرپىكلىرى ئارىسىدىن مەخسۇمغا قارىدى، كېيىكنىڭ ئوغلىقىغا نەرە تارتىپ تۇرغان يولۋاسقا ئوخشاپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىدە، تۇرقىدا بالىنىستىكى ئازابلىنىشتىن، بىچارىلىكتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى...

— كىمنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟ — قارىنى قايىنىمىغان يەڭگىسىنىڭ سوئالى ئالتۇنەمنىڭ ئەسلىمىسىنى ئازدۇردى، شۇڭا ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— دەرد ـ ئەلەم يامان ئىكەن، ئۆزۈمچە ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن.

يەڭگىسى ئۇستاتلىق بىلەن :

— ناسىرباي ھەر ھالدا سىزگە يامانلىق قىلمىغان، ئۆزى ئىشقىۋاز، چېكەرمەن، مۆشتەكچى ئادەم بولسىمۇ ئۆيى سىزگە ئوڭچە ئىدى.

— ئوڭچە؟

— ھەئە، بۇرۇن تەگكەن ئەرلىرىڭىزگە ئوخشاش ھازازۇل قېپىنىئانا، ئىچى تار يەڭگىلەردىن خالىيسىز.

— ئۇ جەھەتلەردە قۇلىقىمنىڭ تىنچلىقى راست...

— ئوھوي، ناسىراخۇن ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى، ئەينا، كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ، دەپ !

ئالتۇنەم چۆچۈپ ھويلىغا قارىدى. ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان كونا خەسىدەك قانسىز بىر چىرايىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى.

— ئۆھھۆ ـ ئۆھھۆ... مېنىڭ گېپىم بولۇنۇۋاتقانمىدى؟ — ئالتۇنەمنىڭ ئېرى كەيپىلىكتىن تازا يېشىلىپ كېتەلمىگەندەك دەلدەڭشىپ كىرىپ كەلدى، — قۇلىقىم ھەر قايسىلىرىنىڭ ئاغزىدا... خوتۇنۇم مەن توغرىدا نېمىلەرنى دېدىكىن؟

ئىككى ئايال بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى.

## 13

ئايرودۇرۇم كۇتۇۋېلىش زالىنىڭ ئىچى جانلىنىپ كەتتى. سەپەردىن قايتىپ كەلگەن نەچچە يۈزلىگەن يولۇچى بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كەلدى. قارا چاچ، سېرىق چاچ، سېرىق تەنلىك، ئاق تەنلىك ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل مىللەتتىن بولغان كىشىلەرنىڭ خۇشال چىقىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئىلياسنىڭ مەسۇم كۆزلىرى ھەيران بولدى. ئۇ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاغزىدىن دۇنيادىكى ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل

مىللەتلەرنىڭ نامى، ئۆرپ-ئادىتى، تىلى، مەدەنىيىتى توغرىسىدا خېلى جىق مەلۇماتلارنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئادەملەرنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

— ئەنە قارىغىنا ئىلياس، ھاجىم دادام كەلدى. يۈرە، ئالدىغىراق بارايلى...

ئىلياس قىستىلىشىپ تۇرغان ئادەملەر ئىچىدە ئەنقەرگە ئەگىشىپ ئالدىغا سىلجىدى. ئەنقەر كۆل رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ خورما رەڭ گالىستۇك تاقىغان، پېشانىسى كەڭ، قاڭشارلىق، كالپۇكى قېلىن، چېچى بۇدۇر ھەم قويۇق كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ھارمىغايلا، دادا! — ئەنقەر دادىسىدىن ھاردۇق سوراپ ئىككى قولىنى ئۇزارتتى، — قانداق تىنچ - ئامان كەلدىلىمۇ؟

— تىنچلىق بالام، تىنچلىق، بالام! — ئۇ كىشى كۆلۈمسىرىگىنىچە ئەنقەرگە قول بەردى. ئەنقەر دادىسىدىن ئەھۋال سوراپ، قولىدىكى سومكىسىنى ئالغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ يېنىدىكى ئايالدىنمۇ ئەھۋال سورىدى:

— ئۆزلىرىمۇ سالامەت كەلدىلىمۇ؟ چوڭ شەھەرلەردە كۆڭۈللىرى ئېچىلىپ قايتىمۇ؟

— قەدىر ئەھۋال، — دېدى ئايال قوڭۇر كۆزلىرى بىلەن چالا كۈلۈپ، — لېكىن بۇ ئادەم شىركەتكە، مېھمانخانىغا لازىمەتلىك ئالىمەن دەپ مېنى تۇزۇككىنە ئويناتمىدى... يەنە تېخى، شىمالدا ھاۋا سوغۇق ئىكەن، تۇيۇقسىز قار ئارىلاش يامغۇر يېغىپ...

ئىلياس چېھرىدىكى گۈزەللىكنىڭ ئەكسىچە بىردەمدە نەچچە خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئۇ ئايالغا قارىدى. دولقۇنلىنىپ تۇرغان قوڭۇررەڭ چاچ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرغان ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەر، ئېگىز، زىلۋا قامىتىگە شۇنچە ياراشقان سۆسۈن رەڭلىك يىپەك كىيىملەر...

چېھرىدىن نارازىلىق، ئاغرىنىش ئالامىتى چىقىپ تۇرغان

ئايال ئۆزىگە ئانچە پەرۋا قىلماي، يانفوندا سۆزلىشىۋاتقان ھاجىغا بۇرالدى:

— شۇنداقمۇ، لىدىر ئەپەندى؟

ھاجى سۆزلىشىپ بولۇپ، خۇشخۇيلۇق بىلەن ئايالغا بۇرالدى:

— شۇنداق، خوتۇن، سىلەر ئاياللار ئادەتتە يەتمىش ئىككى خىل نازۇ نېمەت تىزىلغان داستىخاندا غىزالىنىۋېتىپمۇ، يەنە قورسىقىڭلارنىڭ ئاچ قالغانلىقىدىن ئاغرىنىسىلەر، قۇلىقىڭلارنىڭ تۆشۈكىدىن تارتىپ تىرنىقىڭلارنىڭ ئۇچىغىچە ئالتۇن جابدۇق سالغۇدەك يەر قالمىغان تۇرۇقلۇق، يەنىلا جابدۇقۇڭلارنىڭ يۇتمىگەنلىكىدىن ۋايسايسىلەر ... مانا بۇ سىلەردىكى قانائەتسىزلىكنىڭ ئىنكاسى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى ئايال نازلىنىپ، — ئاياللار ئەرلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاج !

— ئەرلەرنىڭ باشقا ئىشى يوقمۇ؟

— ئەرلەرنىڭ ئىشى ئاياللار ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

ھاجى زالدىن چىقىپ، مەيداندىكى تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئەنقەرگە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرگەن ئىلياسقا قاراپ:

— ھوي ماۋۇ ئىسسىق چىراي بالا كىمنىڭ ئوغلى بولىدۇ، ئەنقەرجان؟ — دېدى.

— ھە، ھە... بۇ بالا... — دېدى ئەنقەر ئىلياسنىڭ پارقىراپ تۇرغان چاچلىرىنى سىلاپ، — بۇ مېھمانخانىمىزنىڭ يېڭى خىزمەتچىسى، ئىسمى ئىلياس ... ھە كېلە ئۇكام، ھاجىم داداڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالغىن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — ئىلياس بىر ئاز قورۇنغان، تەمتىرىگىنىچە ئىككى قولىنى ھاجىغا ئۇزارتتى.

— ۋەئەلەيكۇم... ھا ـ ھا ـ ھا... — ھاجى ئالدىغا بىر ئاز ئېگىلىپ، بالىغا قولىنى ئۇزارتتى، — ئوھوي، ئۆزى كېلىشكەن، گەپ ـ سۆزى جايىدا، ئەدەپلىك بالىكەنغۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى ئەنقەر ئىلياسنى ماختاپ، — بۇ كىچىك ئاغىنەم ھەم تېتىك، ھەم مەسئۇلىيەتچان... شۇڭا ھەمراھ قىلىۋالدىم.

— شۇنداقمۇ؟ — ھاجى ئوغلىنىڭ ئىلياسنى ماختاشلىرىنى راستمۇ، دېگەندەك، ئىلياسقا ئىلتىپات بىلەن قاراپ قويدى. ئىلياس چوڭ ئادەملەرگە تىكىلىپ قاراپ باقمىغاچقا، ئىزا تارتىپ يەرگە قاراپ تۇردى.

— ھە قېنى، مانا ماۋۇ ئايروپىلاندىن ماڭدۇرغان مالنىڭ تالونى، تېزىملىك بويىچە بىرمۇبىر سىلىشتۇرۇپ ئېلىڭلار، — ھاجى شۇنداق دەپ پىكاپقا چىقىشقا تەرەددۇت قىلدى.

— بولىدۇ، دادا.

ھاجى كەچكى قۇياش نۇرىدا ئاق ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان ماشىنىسىغا ئولتۇردى. ھاجىغا سايىدەك ئەگىشىپلا تۇرغان ياش، گۈزەل خانىمى ئۇنىڭ يېنىغا جايلاشتى.

## 14

ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلانلار سەھرا ئاسمىنىدا لەيلەپ ئۇچۇۋاتقان لاچىننى ئەسلىتەتتى. ئاخىرقى شەپەق جىلۋىسىدە نۇرغا چۆمۈلگەن ئايروپىلانلارغا قاراپ، پىكىر - خىيالى قاناتلىنىپ دەپ قالغان ئىلياسنى يەنىلا ئەنقەر دىرېكتور ئۆزىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

— ئاسمانغا قاراپلا كەتتىڭغۇ، قانداقراق يىگىت؟

— ياخشى، ئاكا.

— قانداق ياخشى ئۇچۇقراق دېمەمسەن؟ — ئىلياسنى ئەگەشتۇرۇپ يۈك - تاق ئېلىش ئورنىغا ماڭغان ئەنقەر ئىلياسنىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ قويدى.

— راستىنى دېسەم، — دېدى ئىلياس ئەنقەرگە تىكىلىپ، — مەن ئايروپىلان توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى مەكتەپتىكى

چېغىمدا كىتابلاردىن ئوقۇغان، مۇئەللىملەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان، ئەمما بۇنداق ھەقىقىي كۆرۈنۈشلەرنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن، ئاكا.

— ئىلگىرى ئاڭلاپ تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭ بىلەن بۈگۈن ئەمەلىيەتتە كۆرگىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بارمىكەن؟ — دېدى ئەنقەر زېرىكىپ قالغاندەك بالىنى گەپكە سېلىپ. ئىلياس:

— ئاسمان بىلەن زېمىندەك پەرقى بار ئىكەن، ئاكا! بىزنىڭ يېزىنىڭ ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتىدىغان ئايروپىلان ئاران يۇلتۇزچىلىك كۆرۈنىدۇ، بۈگۈن بۇ ئايروپىلانلارنىڭ بۇنچە چوڭلۇقىغا قاراپ ھەيرانلا قالدىم.

ئەنقەر يۈكلەرنى قولىدىكى تىزىملىك بويىچە بىر - بىرلەپ ئايرىغاچ، ئىلياسنىڭ گۆدەكلەرچە گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— سەن خېلى ئىشلارغا قىزىقامسەن قانداق - ھە؟

ماشىنىغا يۈك بېسىلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ پارىڭى توختىدى.

شوپۇر يۈكنى پۈختىلاپ تاڭغاندىن كېيىن ماشىنىنى قوزغىدى. بىر پەس جىمىپ قالغان ئەنقەر كەينى ئورۇندۇقتا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان ئىلياسقا يەنە ئېغىز ئاچتى.

— سەن ئەسلىدە ئىمتىھانلارغا قاتنىشىپ، يۇقىرىلاپ ئوقۇيدىغان بالا ئىكەنسەن...

ئىلياس ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ ئۆتكەن كۈنلىرى يەنە كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى.

— گەپ قىلە.

— مېنىڭ شارائىتىم يوق، ئاكا.

— شارائىت دېگەننى ئادەم ئۆزى يارىتىدۇ، قارىسام، خېلى ياخشى ئوقۇغان بالا ئىكەنسەن، يېرىم يولدا توختاپ قالساڭ بولمايدۇ.

— ئەمدى بولدى.

— ھەمىشە قارا ئىش قىلىپ جان بېقىپ ئۆتەرسەنمۇ،

ياخشىراق ئويلىنىپ باق.

— سىزنى بىزار قىلىپ قويدۇممۇ؟ — ئىلياس بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەنقەرگە تىكىلدى، — ئۇنداقتا مەن مۇشۇ يەردە ماشىنىدىن چۈشۈپ قالاي... مەن سىزنى، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن، ئاكا!

— بولدى گەپ قىلما، ۋاي تاۋى نازۇك...

ئارىدا بىر پەس سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى. كەم سۆز شوپۇر گويا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك پۈتۈن دىققىتى بىلەن ماشىنا ھەيدەۋاتاتتى.

ماشىنا ئېچى جىمىپ قالدى. ئىلياس خىيالغا چۆكتى. ئۇ بايا ئەنقەرنىڭ ھاجىم دادىسىنى كۆرۈپ: «ئاتىكەم ھامام كېيىنى قىلغان، ئىزدىگەن، مېنى قىزىقتۇرماقچى بولغان ئادەم مۇشۇ ھەمدۇللا ھاجىغا ئوخشايدىغان ئادەم بولغىيمىدى؟ ھامام بۇ ئادەمنى كۆرسە، داداڭ مۇشۇ شۇ دەپ قولۇمدىن تارتىپ سۆرىگەنچە ئاپىرىپ ئۇ ئادەمگە تۇتقۇزۇپ قويارمىدى؟ ياق، ياق... — ئىلياس ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى، — بۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مەن كىچىك بالا ئەمەس، تونۇشمىغان، تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان ھەرقانداق ئادەمنى دادا دېيەلمەيمەن! مېنى كىچىكىمدە تاشلىۋەتكەن، مۇشۇنچىلىك بولغۇچە بالام بار ئىدى دەپ ئىزدەپ باقمىغان ئادەمگە ئەسلا بالا بولالمايمەن... ھەتتا ئۇ ئادەم مۇشۇ شەھەرنى سېتىۋالغۇدەك مال ـ دۇنيانىڭ ئىگىسى بولغان تەقدىردىمۇ دادا دېيەلمەيمەن!» ئىلياس ئويلىغانچە كۆڭلىدە ھامىسىغا شۇنچىلىك ئۆچلۈكى كەلدىكى، ئەگەر ئۇ ئىككىنچى قېتىم مۇشۇنداق يوقىلاڭ ئىشقا ئارىلىشىدىغان، ئۇششاق گەپ قىلىدىغان بولسا، بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويدۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇن ئىككىنچىلەپ ئۇششاق گەپ قىلمايدىغان بولىدۇ!

ماشىنىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان ئەنقەرمۇ جىمىپ قالغان، كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ خىيالغا ئەسىر بولغاندى. ئۇ

دادىسىنىڭ ئۇزاق سەپەردىن تىنچ ـ ئامان قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولغان بولسا، دادىسىغا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرگەن ياش ئۆگەي ئانىسىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالغانىدى. بايا ئىلياسمۇ كۆردى، خانىش ئىسىملىك ئۇ ئايالنىڭ ياش قۇرامى ئەنقەر بىلەن تەڭدىمەتلىك بولۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ، شىركەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا دىگۇدەك ئارىلىشىپلا يۈرىدۇ. باشقىلارنى كۆڭلىگە سىغدۇرمايدۇ، ھاجىنى بالىچاقىلىرىدىن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن قىزغىنىدۇ. بايا دادىسىنىڭ بۇ ياش خوتۇنى ئايرودۇرۇمغا كۈتۈۋېلىشقا چىققان ئەنقەرنى كۆرۈپلا قوڭۇر كۆزلىرىنى بىر قىسما قىلىپ چاندۇرۇپلا قويدى، ئارقىدىن ياخشى ئويناتمىدى، مېھمانخانىغا تاشلاپ قويدى دەپ ھاجىدىن ئاغرىندى. ئەمەلىيەتتە، ھاجىنىڭ بالىچاقىلىرىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى كۆرسىلا بۇ چىرايلىق ئايالنىڭ ئاغزى مۇشۇنداق ئېچىلىپلا كېتىدۇ، ئۆزىنى جاپا تارتىۋاتقان، ياخشى كۈن كۆرمىگەن قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇمۇ بىر ئۇستاتلىق. كۆڭلىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن دادا بۇ ئائىلىگە يات بولغان بىر ئايالنى نىكاھلاپ ئۆيگە ئەكىرىپ پەپىلەۋاتقان، ھىمايىسىگە ئېلىۋاتقانىكەن، ئىش باشقىچە بولىدۇ. مۇشۇكنىڭ ئاسلىنىدەك مۇلايىم، ئىتائەتمەن ئايالمۇ ئۆزگىرىدۇ. غوجايىنلىق ئىستىكى چىشى يولۋاستەك غەلىيان كۆتۈرىدۇ. قانداشلىق مۇناسىۋىتى بۇزۇلغان، كىشىلىك مۇناسىۋەت مۇرەككەپلەشكەن جەمئىيەتتە تېخىمۇ شۇنداق. ئەنقەر بۇ ئىشلارنى ئويلىسا ھەممىدىن بەكرەك دادىسىغا ئۆكۈنەتتى. دادىسى مال ـ دۇنيا، نام ـ ئاتاقتا باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. بىراق، دادىسى نام ـ ئاتىقىنى كۆڭۈلگە، ياش، چىرايلىق ئاياللارغا تارتۇق قىلىۋەتكەن ئادەم ئىدى.

كۆڭۈلسىز كەچمىشلەر ئۇنتۇلغىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى. بۈگۈن دادىسىنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن ئەستىلىكلەر يەنە قوزغالدى. ئەنقەر ئانىسىنى، ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىنى ئويلاپ

قالدى. ئۇنىڭ ئانىسى كۈنداشلىق ئوتىدا يۈرىكى پۇچۇلانغان ئايال ئىدى. ئۆزى بولسا قانداشلىق مۇناسىۋىتى بۇزۇلغان، كىشىلىك مۇناسىۋەت مۇرەككەپلەشكەن ئائىلىدە قەلبى ئازار يېگەن بالا ئىدى. كىم بىلىدۇ، ماۋۇ ئىلياس شۇنداق كۈندە چوڭ بولغان بالىمۇ تېخى! بولمىسا ياش كۆچەتتەك ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان، پەرۋىشكە، يېتەكلەشكە موھتاج بولۇۋاتقان يىگىت بۇ كوچىلاردا تېنەپ - تەمتىرەپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بىراق ئۇنىڭدىن كوچىلاپ گەپ سوراش ئەپسىز، ئىچكى سىرىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سوراشنىڭ ئەھمىيىتى يوق. ئۇنىڭ سىرىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا بىۋاسىتە ياردەم قىلماق ئاسان ئەمەس، باشقىلارغا كۆيۈنمەن دېگەن كىشى سىر ئېلىشتىن كۆرە، بىرەر ئىشىنى ھەل قىلىپ قويغان تۈزۈك. مانا بۇنى ياردەم دېسە بولىدۇ.

ئەنقەر كەينىگە قاراپ قويدى. شۇ تاپتا ئىلياسمۇ خىيالغا پاتقانىدى.



# ئۈچىنچى باب

## 15

شەھەرنىڭ شىمالىي يولى ئەتراپىدا، بۇرۇنقى خان ـ پادىشاھلارنىڭ چاربېغىدەك باغباراڭلىق كاتتا قورۇلار جايلاشقان بىر كوچا بار. بۇ كوچىغا ئادەتتە باي ـ پۇلدارلارنىڭ ئىسىل پىكاپلىرى كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدۇ. ھەمدۇللا ھاجىنىڭ كاتتا قورۇ ـ جايى مۇشۇ كوچىدا ئىدى.

ھاجىنىڭ قورۇسىغا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ بىر قاراپ قويغۇسى كېلىدۇ... كوچىدىن بۇرۇلۇپ، ئازراق ئالدىغا مېڭىپ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن كىرگەندە، كۆز ئالدىڭىزدا ئاجايىپ بىر چارباغ نامايان بولىدۇ. بۇ كەڭرى چارباغنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈركەنگەن ئۈچ قەۋەتلىك بىنا كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇ تىپىك غەرب بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بىنا ئىدى. بىنانىڭ پىرامىداسىمان ئۆگزىسى چىلان رەڭ كاھىشلار بىلەن، تېمى سۈت رەڭ چاقچۇقلار بىلەن بېزەلگەنىدى. بىنا ئىچى، مېھمانخانا، ھۇجرا ئۆيلەرنىڭ بېزىلىشى غەرب ئۆي بېزەكچىلىك ئۇسلۇبى بىلەن مىللىي بېزەكچىلىك ئۇسلۇبى ئاساسىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، ئىشىكتىن كىرىشكە كەڭتاشا زال، زالغا گىلەم سېلىنىپ ئوتتۇرىغا بىر يۇرۇش بېغىر رەڭ خۇرۇم كىرېسلو ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كىرېسلونىڭ ئوتتۇرىسىغا سۈزۈك قاشتاش رەڭگىدىكى ئۈستەل قويۇلغانىدى. ئۈستەلدىكى خىرۇستال لوڭقىغا يېڭى ئېچىلغان قىزىلگۈلدىن گۈلدەستە تىزىلغان

بولۇپ، قىزىلگۈل ھىدى تاراپ تۇراتتى. زالنىڭ ئۇدۇل تېمىغا كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئاسما سائەت، سول تېمىغا چەت ئەلدە ئىشلەنگەن نېپىز ئېكرانلىق تېلېۋىزور ئېسىلغان، تېلېۋىزورنىڭ ئاستىغا ئاۋاز ياڭراتقۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئوڭ تەرەپتە ئۈستى قەۋەتكە چىقىدىغان ئالتۇن رەڭ ۋادەكلىك پەشتاقلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. پەشتاقنىڭ يېنىدىكى بوشلۇققا تاماق شىرەسى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. زالغا ھۇجرا، ئاشخانا، مۇنچا، ۋەھاكازالار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، زامانغا لايىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. ئىككىنچى قەۋەتتە بىرىنچى قەۋەتتىكىگە ئوخشاش زالغا يانداشقان ھۇجرىلار كۆزگە تاشلىناتتى. بۇ قەۋەتنىڭ بېزىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ قىزىل رەڭ ئىشلىتىلگەنىدى. پولغا چوڭ گىلەم سېلىنىپ كىرىسلو ۋە باشقا ئەسلىھەلەر ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بولغاچقا، ئازادە، كەڭرى كۆرۈنەتتى. بۇ قەۋەتتە ھاجىنىڭ ئىچكىرى - تاشقىرى ھۇجرىسى، قىرائەتخانا، چېنىقىش ئۆيى، بالكون ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ شەكلىمۇ ئىككىنچى قەۋەتكە ئوخشاش بولۇپ، ئاق رەڭ ئاساس قىلىنىپ ئاددىي بېزەلگەنىدى. ھەمدۇللا ھاجى ياش خوتۇنى بىلەن ئىككىنچى قەۋەتتە، خىزمەتكارلار بىرىنچى، ئۈچىنچى قەۋەتتە تۇراتتى.

ھەمدۇللا ھاجى مۇشۇ چارباغدا، مۇشۇ ھەشەمەتلىك بىنادا ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. كۆن چىققۇچە ئۇخلاپمۇ ئۇيقۇسىغا قانمىغاندەك روھسىز، ھارغىن كۆرۈنەتتى. خانىمى تېخى ئويغانمىغان بولۇپ، چۇۋۇلغان قوڭۇر چاچلىرى يۈزىنى توسۇۋالغانىدى. ھاجى كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۈچىسىدىكى كېچىلىك كىيىمىنى تۈزەشتۈرگەچ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. قۇياش نۇرىنى توسۇپ تۇرغان زەر پەردىلەرنى قايرىپ، قىيا ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى.

پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرى، ئىللىق ھاۋا، بىنانى ئوراپ

تۇرغان گۈل ـ گىياھ، چىملىقلار، فونتانلار، ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر، چاڭ كەلتۈرۈپ سايراۋاتقان قۇشلار كىشىگە ياز ھۇزۇرىنى ھېس قىلدۇراتتى.

ھاجى يۇيۇنۇپ، ساقال ـ بۇرۇتىنى ياساپ روھلۇق ھالدا بىنادىن چۈشۈپ. چارباغقا كىردى. گۈللەر ئارىسىدىن ئەمدىلا ئېچىلغان بىر تال قىزىلگۈلنى ئۈزۈۋېلىپ، بۇرنىغا تۇتۇپ بىر پەس مەستخۇش بىلدى. كۆل بويىغا كېلىپ، زۇمرەتتەك كۆل سۈيىگە، سۇدا بەھۇزۇر ئويناۋاتقان ئالتۇن بېلىقلارغا تويماي قارىدى. باش ئۈستىدە پىر ـ پىر ئۇچۇپ، جۈپتىنى قوغلاپ شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرگەن قۇشقاچ، سۇندۇكلەرگە قاراپ زوقلاندى. قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى كېرىپ گۈللەر بىلەن گۈزەللىك تالىشىۋاتقان بىر جۈپ چىرايلىق تورغا قاراپ، ئۇچار قاناتلارنىڭ گۈزەللىكى مۇشۇ قۇشقا نېسىپ بولغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى... ھاجى گۈللۈك ئارىسىدىكى سۇس مايسا رەڭ خىش بېسىلغان ئەگرى ـ بۈگرى يوللاردا خېلى ئۇزاق ئايلىنىپ يۈردى. باغدىكى جىنەستە، شاتۇت، ئۆرۈكلەردىن بىر ـ ئىككى تال ئۈزۈپ تېتىپ باققاچ بىنا تەرەپكە ماڭدى.

قىيا ئېچىلغان دېرىزىلەردىن ئۇچۇپ كىرگەن قۇياش نۇرى بىرىنچى قەۋەتتىكى ئاپپاق داستىخان سېلىنىپ، نازۇنېمەتلەر تىزىلغان شىرەنى نۇرغا پۈركەپ تۇراتتى. ھاجى قولىدىكى سولىشىپ قالاي دەپ قالغان گۈلنى شىرەدىكى لوڭقىغا سېلىپ قويدى. ئاندىن يۇمشاق ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

كۆمۈشتەك ئاقارغان چاچلىرىنى ياغلىق بىلەن چېكىلەپ تاڭغان، ئاپپاق پەشتامىسىدىن پاكىزلىقى چىقىپ تۇرغان خىزمەتكار ئايال ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ناشتىلىق راسلاۋاتاتتى.

ئانىنىڭ ئوغۇز سۈتىدەك ئىشتىھانى قوزغاپ تۇرغان قىزىق سۈت، ھەسەل، گۈلقەنت، باقالى، قات ـ قات، بادام، ياڭاق مېغىزلىرى، چىلان، گۈلە، يەنە يېڭىلا پىشۇرۇلغان ھورنان، تۇخۇم، شوۋىگۈرۈچ، مۇشۇنداق ناشتىدا يەنە تونۇردىن يېڭىلا

قومۇرۇلغان قىزىق گىرده بولغان بولسا... ئىسسىق گىردىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغان ھاجى يۇقىرىدىن ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، نەزىرىنى پەشتاقلارغا يۆتكىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بولۇشچە ياسىنىۋالغان خوتۇنى خانىش چۇشۇۋاتاتتى. ھاجى ئالاھىدە ئىلتىپات بىلەن خوتۇنىغا يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى.

شۇنچە كەڭ سېلىنغان، نازۇنېمەتلەر مول بولغان داستىخاندا پەقەت ئەر - خوتۇن ئىككىيلەنلا ناشتىغا ئولتۇردى.

شۇ ئارىلىقتا ئەنقەر دادىسىدىن ھاردۇق سوراپ كەلدى.

ئەنقەر خان - پادىشاھلارچە چارباغلىق كاتتا قورۇدا ياش خوتۇنى بىلەن شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك، يېگانە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىۋاتقان دادىسىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. دادىسىنىڭ بۇ دۇنيادا پۇل - بايلىق، ھەشەمەتلىك قورۇ - جاي، ياش، چىرايلىق خوتۇن، ئالىي دەرىجىلىك پىكاپتىن باشقا ھېچنېمىسى يوقتەك، كۆزىگە بىچارە كۆرۈندى.

ئەنقەر ئاتايىن دادىسىنى دەپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ، نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى چاندۇرماي، بىر - ئىككى ئوتلام چاي ئوتلىدى. دادىسىدىن ئۇنى - بۇنى سورىدى. ناشتىدىن كېيىن ئاتا - بالا ئىككىيلەن شىركەتنىڭ بەزى ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەشتى. مېھمانسارايىنىڭ تىجارەت باشلاش ۋاقتىنى بېكىتتى. خانىش بولسا ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ گېپىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ ھەم لوقما سېلىپ ئەقىل كۆرسەتكىلى تۇردى.

## 16

ماي ئېيى كىردى. پۈتۈن شەھەر يېشىللىقتا پۈركىنىشكە باشلىدى. ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدە، بىنالارنىڭ ئەينەكلىرىدە، ماشىنىلارنىڭ ئۈچقۇر چاقلىرىدا يېشىل نۇر جىلۋە قىلاتتى.

مېھمانسارايىنىڭ تىجارەت باشلاش مۇراسىمى مۇشۇ قۇتلۇق كۈنلەرگە توغرا كەلدى. مۇراسىم كۈنى ئەتىگەندە رەسمىي تىجارەت باشلاندى. سەيلە ـ ساياھەتچىلەر، سودا ـ تىجارەت يولىدىكى ئۆتكۈنچى مېھمانلار مۇشۇ مېھمانسارايغا چۈشتى. ئەنقەر ساياھەت شىركەتلىرى بىلەن ئالدىن ئالاقىلىشىپ قويغاچقا، ساياھەت ئۆمەكلىرىنىمۇ چىللاپ ئۈلگۈردى. مېھمانخانا تىجارىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە بۇنداق ئۇتۇقلۇق باشلىنىشىدىن باش لىدىر ھەمدۇللا ھاجى ھەر ھالدا مەمنۇن بولدى.

مۇراسىم داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مۇقاملار ئېيتىلدى، ئۇسسۇللار ئوينالدى. ساليوتلار ھەر خىل شەكىل ھاسىل قىلىپ شەھەر ئاسمىنىنى بېزىدى... مېھمانخانىنىڭ مۇراسىم زالىدا كەچلىك زىياپەت بولدى. مەمنۇنلۇق، خۇشخۇيلۇق ئىلكىدە خېلى كېرىلىپ قالغان ھەمدۇللا ھاجى قىزىل ھاراق قۇيۇلغان خىرۇستال قەدەھنى كۆتۈرۈۋېلىپ شىرەمۇ شىرە ئايلىنىپ مېھمانلار بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇراتتى. تويى بولغان قىزدەك ياسىنىۋالغان خانىش گويا ئېرىنىڭ سايىسىدەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا يۈرەتتى. راھەت ـ پاراغەت، مەي ـ شاراب پەيزىدە چېھرى ئانارەك قىزارغان مېھمانلار ھەمدۇللا ھاجىنىڭ دۆلەتمەنلىكىگە ھەمدە ئۇنىڭ ياش، زىلۋا، چىرايلىق خوتۇنىغا ھەۋەسلىنىپ قارىشاتتى. پۈتى يەرگە تەگمەي قالغان ئەنقەر مۇراسىم ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، باش لىدىر ئاتىسىنىڭ بۇرۇتى قاياققا مىدىرلىسا شۇ يەردە ھازىر بولاتتى. زالدا كىم نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى ھازىر قىلاتتى، ھەممىگە يېتىشەتتى.

ئىلياس يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلار بىلەن چېپىپ يۈرەتتى. بۇنداق يەردە ئۇششاق ئىشمۇ كۆپ بولىدۇ. ئۇ ھازىر خېلى ئىش ئۆگىنىپ قالغان، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلالايتتى. باش مۇلازىمەت ئورىندىكىلەرمۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇنى چاقىرىپ: «ھەي ئىلياس، پالانى ياتاقتىكى مېھمانغا ساقال تىغى

لازىم ئىكەن، يەتكۈزۈپ بەرگىن، پۈستانى ياتاقتىكى مېھمان چۈشتىن بۇرۇن قول سومكىسىنى بىزگە ساقلاشقا بەرگەنىدى، ئەمدى ياتاقتا ئاچقىسى بىرىڭلار دەپ تېلېفون قىپتۇ، ئايىغىڭ يېنىك بولغاندىكىن بىر يۈگۈرگىنە...» دەپ تىنماي ئىشقا بۇيرۇپ تۇراتتى. ئىلياس ھەممىگە ماقۇل دەيتتى. ھەممىگە چاپاتتى. لىفتتا چىقىپ قەۋەت بىلەن قەۋەتلەرنىڭ ئارىسىدا موكىدەك قاتراپ يۈرەتتى. بەزىدە چىقىپ ـ چۈشىدىغان ئادەم بولسا لىفتتا ساقلاپ تۇرماي، تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا پەشتاقلارنى تاقلاپ چاپاتتى.

ئىلياس بۇ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىپ يۈرگەن ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بوشاڭ ئادەملەردىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ھېلىقى كۈنى كەچتە سەپەردىن كەلگەن ۋاقتىدىكىدىنمۇ چاققانلىشىپ ياشىرىپ قالغان بۇ ئادەمگە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ۋاي دېيىشى، كۈچۈكلىنىشى ئىلياسنى ھەيران قالدۇردى. ئۇلارنىڭ نېمىشقا بۇنچىلىك قىلىپ كېتىدىغانلىقىغا ئەجەبلەندى. بىراق، تۇرۇپلا بۇنىمۇ چۈشەنگەندەك بولدى. بۇ يەر ـــ شەھەر دېگەندە پۇل ـ بايلىق ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن، ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ماڭغان ـ تۇرغان يېرىدە پۇل تۆكۈلۈپلا تۇرىدىغان بولغاچقا، مۇشۇنداق گېپى چوڭ ئىكەن. تۈرلۈك يوللار بىلەن ھاجىدىن رىزىق ئىزدەيدىغان ئادەملەر ئۇنى چۆرگۈلەپ كېتەلمەيدىكەن. ئىلياس ئىلگىرى بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيتتى، بولۇپمۇ شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقى، ھەيۋەتلىك بىنالار، ئېسىل پىكاپلار، راھەت تۇرمۇش... بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن سىر ئىدى. مانا ئەمدى بۇنىمۇ بىلىپ ئۈلگۈردى. پۇل دېگەن نەرسە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، بازارمۇبازار ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرىدا شەھەرلىكلەرنىڭ چۆنتىكىگە چۈشىدىكەن. چۆنتەكتە پۇل بولسا مۇشۇنداق ھەشەمەتچىلىك، دۆلەتمەنلىك بولىدىغان گەپ ئىكەن. ئىلياس ئىلگىرى باشقىلارنىڭ «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» دېگەندەك تەمسىل

كـەلتۈرۈشلـەرىنى ئـاڭلىغـان. ئەمدىلـىكتە بۇنىڭ مەنىسـىنـى چۈشـىنىپ يەتتى. نېمە سەۋەبـتـىنكـىنتاڭ، ئـىلياس مـۇشـۇ كـۈنلەردە ئۇ كـىشىنـى كـۆرسە تـېخـىمـۇ سـەزگـۈرلـىشـىپ، چاققانلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

— ئىلياس، بۇياققا كېلە!

ئىلياس بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى چاقىرغان تەرەپكە قارىدى. پىيادىلەر يولى بويىدىكى ماشىنا توختىتىش ئورنىدا ئەنقەر ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى. ئـىلياس يـۈگـۈرگـەنـدەك مـېڭىپ، باش لىدىرنىڭ بۇ بەگزادىسىنىڭ ئالدىغا باردى:

— ئىش بارمىدى، ئاكا؟

— ئاۋۇ ماشىنامنى سۈرتۈپ قوي.

— ماقۇل.

— مە، مانا ئاچقۇچ.

ئىلياس مـاشىنىنـىڭ كەينى ساندۇقىنى ئېچىپ دەسمال، يۇمشاق چوتكا دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ ماشىنا سۈرتۈشكە كىرىشتى. ماشىنىنىڭ ئىچىدىن ئەتىر پۇرىقى كېلەتتى. ماشىنا باش لىدىرنىڭكىگە قارىغاندا چاققان، رەڭگىمۇ ئوچۇق ئىدى.

قاراڭغـۇ چۈشۈپ كـوچـىدا ئادەم شـالاڭلاشقا بـاشلىغـاندا، مۇراسىمغا كەلگەن مېهمانلار زىياپەتتىن ياندى. مـۇراسىمدىن ئاۋۋالقى ئالىيجاناب، ئېغىر - بېسىق، سىرلىق ھالىتىدىن ئەسەر قالمىغان بۇ ئالىيجانابلار مۇراسىمدا تارقىتىلغان سوۋغاتلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ، كۈلكە - چاقچاقلار ئىلكىدە مېهمانسارايدىن چىقىپ، ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ تۇرغان باش لىدىر ۋە ئۇنىڭ ياش خوتۇنى بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ۋەدىلەر ئېيتىشىپ خوشلاشتى.

— قانداق، ئىشقا بۇيرۇسام ھار ئالمىغانسەن، كىچىك دىرېكتور؟

باش كۆتۈرمەي ماشىنا سۈرتۈۋاتقان ئىلياس كەينىدە —

قولىقىنىڭ تۈۋىدە ئاڭلانغان ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە ئۆرۈلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئەنقەر كۆزلىرىنى خومارلاشتۇرۇپ تۇراتتى. ۋاھ، ئاكىسىنىڭ قولىدا تاماكا، ئاغزى بىر قىسما پۇرايدۇ، ئۇمۇ هاراق ئىچىۋالغانمىكىن؟ ئىلياس ئاكىسىنىڭ هالىنى كۆرۈپ هەيران بولغانلىقىنى يوشۇرالمايلا قالدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەنقەر ئاكىسى خۇددى شەهەر كوچىلىرىدا غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان خىزمەت ماشىنىسىنىڭ ئۆزى ئىدى، كۇنۇ تۇن تىرىشىپ ئىشلىگىنى ئىشلىگەنىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئىلياسنىڭ كۆزىگە باشقا ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى.

— نىمە، ئاكاڭغا بىر قىسمىلا قارايسەنغۇ، بالا؟

— سىزگە هەيران بولۇپ...

— بۇگۈن ئاكاڭنىڭ هاردۇقى چىقتى. ماڭا قارا، شۇنچە چوڭ مېهمانسارايدا ئاخىر تىجارەت باشلىۋالدۇق. كاتتا مۇراسىمنى هېچبىر چاتاق چىقارماي، داغدۇغا بىلەن ئۇزاتتۇق. هاجىم دادام مېنىڭ خىزمەتلىرىمدىن رازى بولدى. يەنە... يەنە سودا مۇلازىمەت ساهەسىدىكى شېرىكلەرنى، پايچىلارنى خۇش، رەقىبلەرنى ناخۇش قىلىۋەتتۇق. ئەنقەر ئاكاڭ ئەلۋەتتە بۇنىڭ خۇشلۇقىدا قىزىلدىن ئاز - تولا ئىستېمال قىپمۇ قويدى... ئۇنداق - مۇنداق ئادەملەر بىلەن ئەمەس، شەهەرنىڭ كاتتىلىرى بىلەن جۇمۇ !

— ئەنقەر، هوي ئەنقەرجان ! — نېرىراقتا خوتۇنى بىلەن مېهمانلارنى ئۇزىتىپ قويۇۋاتقان هەمدۇللا هاجى ئەنقەرنى چاقىرىپ قالدى. ئەنقەر قولىدىكى تاماكىنى تاشلاپ، خوش دېگىنىچە دادىسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

ماشىنىلار بىر - بىرلەپ قوزغالدى. پۇلدارلارنىڭ دۆلىتى، شەهەرنىڭ كۆركى بولغان ئېسىل ماشىنىلارغا هەۋەسلىنىپ قالغان ئىلياسنىڭ كۆڭلىدە تۇيۇقسىز مۇشۇنداق ئېسىل ماشىنىلارنى هەيدەپ بېقىش ئىستىكى پەيدا بولدى. ئۇ كەسپىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بۇنداق چىرايلىق، ئالىي

پىكاپلارنى ئەمەس، كونا، كاركىراپ تۈرىدىغان ماشىنىلارنى ھەيدەپ مەشىق قىلغانىدى.

قاينام ـ تاشقىنغا تولغان بىر ئاخشام ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بۈگۈن كېچىدە كوچىدا ئادەم، ماشىنىلار ئازلاپ شاۋقۇن ـ سۈرەن بېسىلغانسېرى، ئىلياسنىڭ قەلبىدە توساتتىن بىرخىل مۇساپىرلىق، غېرىبلىق تۇيغۇسى يامرىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمايدىغان بىچارە ئانىسىنى سېغىنىپ كەتكەنىدى.

## 17

دەريا دولقۇنلىرى كۆۋەجەپ تۇراتتى. تاش ئۈستىدە ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرغان ئالتۇنەمنىڭ خىيالى دولقۇنلاردىن كۆتۈرۈلگەن شاۋقۇنغا غەرق بولدى...

ئاشۇ چاغدا مەخسۇم ئۇنى دوختۇرخانىدىن ئاچىقىپ، ماشىنا بىلەن رەستىنىڭ كەينى كوچىسىدىكى ياسىداق بىر ھويلىغا ئېلىپ كەلدى ھەم بىر ئايالنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئايال تارتىنغىنىدىن يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئولتۇرغان قىزنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، ھۇجرا ئۆينىڭ مۇنچىسىغا باشلاپ ئەكىردى. ئۇنىڭ تېزرەك يۇيۇنۇپ دوختۇرخانىنىڭ يېقىمسىز پۇرىقىدىن خالىي بولۇشىنى ئېيتتى. ئاندىن مۇنچىنىڭ سۇيىنى ئېچىش، ئىسسىق ـ سوغۇقىنى تەڭشەشنى كۆرسىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. يات مۇھىتتىن يېتىرقاپ تۇرغان قىز ئەينەكتىكى ئەكسىدىن ئۈيىلىپ بىر ھازا ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن تەستە يۇيۇندى، ئايال ئۇزارتقان ئىچ كىيىملەرنى كىيىپ مۇنچىدىن چىقتى.

ــــ ئەمدى ماۋۇ تويلۇق كىيىملىرىنى يېڭىباشتىن بىر كىيسىلە، خان... ــــ دېدى ئايال ئالتۇنەمگە كىيىملىرىنى ئۇزارتىپ.

ــــ مەن... مەن... ــــ ئالتۇنەم ئۆزىگە تونۇش بولغان

قىپقىزىل تويلۇق كىيىملەرنى كۆرۈپ كەينىگە داجىدى.

— كىيىسىلە، — ئايال تەئەددى قىلىۋاتقاندەك، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئالتۇنەمگە يېقىنلاپ كەلدى - ده، قولىدىكى كىيىم - كېچەكنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى، — ناز قىلماي چاقىغان كىيىسىلە!

يات ئادەم، يات مۇھىتتىن قورۇنۇپ - قورقۇمسىراپ تۇرغان كۆڭۈلدە ناز - خۇلق نېمە قىلسۇن؟! بىچارە قىز زورۇقۇپ تۇرۇپ تويلۇق كىيىملەرنى كىيدى. قەپەسكە سولانغان تۇمۇچۇقتەك شۈمشەيدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قورۇنۇشنىڭ ئورنىنى قورقۇش، ۋەسۋەسە ئىگىلىدى. خۇددى مۇشۇ كىيىمنى كىيسىلا يەنە بىرەر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك، ئاجىز تېنىگە يەنە زەرەر يېتىدىغاندەك...

— هە، ئەمدى خوتۇن كىشى سىياقىغا ئۆزگەردىڭ، خان... ماڭسىلا ئەمدى مېھمانلىق ئۆيگە... ۋىيەي، سىڭار يان قايلاپ دومسىيىپ ئولتىماي، رۇس ئولتىسىلا! سەھرا ئەمەس، شە جۇما ماۋۇ...

بىر چاغدا مەخسۇم يەنە پەيدا بولدى. كۆزلىرى قىزىرىپ، كەيپىياتى تۇراقسىزلىشىپ قالغان بۇ ئادەم ساقىلىنى پاكىز ئالدۇرۇپ، ئېڭىكىنى خورازنىڭ تاجىدەك قىزارتىۋالغان، قىسقا ياستىۋالغان قويۇق بۇرۇتلىرى ئۈستى قىرمىچىنىڭ قولىدا ئويۇپ ياسالغاندەك كۆركەم زىننەتلەردىدا ئويناپ تۇراتتى. تۇرقى، قاراشلىرى خۇددى هېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، هادىسىگە ئۇچراپ ئاغرىق ئازابى تارتمىغاندەك، هەممىنى ئۇنتۇغاندەك ئىدى. شۈمشىيىپ ئولتۇرغان قىز ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن تاماقلارنى تۈزۈككىنە يېمىدى.

ۋاقىت تەستە ئۆتمەكتە ئىدى. يات مۇھىت، يات كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قورۇنۇپ ئولتۇرۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەك قانداق تەس - هە! خېلى بىر چاغ ئۆتكەندە ئاياغ تىۋىشلىرى جىمىپ قالغان هويلىدا چىراغلار ئۆچتى... ئامالسىزلىقتا تۇرغان قىز شۇ كېچىسى هاياتىنىڭ يەنە بىر مەۋسۇمىغا — چوكانلىق دەۋرىگە

قەدەم ئالدى...

— ئانا، ئانا!

ئالتۇنەم تەسكىن كۆڭلىگە ئاسايىشلىق بەرگۈچى ئاجايىپ بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، شاۋقۇنلارغا غەرق بولغان خىياللىرىدىن بېشىنى كۆتۈردى. كەينىگە بۇرىلىپ، قىرغاقتا ئۆزىگە ئۈمتۈلۈپ تۇرغان يۈرەك پارىسى ئىلياسنى كۆردى.

— بارمۇسەن، بالام؟

— بار، ئانا!

— سېنى قايدىن سوراي، بالام؟

— شاماللاردىن.

— شامالارغا رەھمەت، بالام!

— ياق، ئاۋۋال سىزگە رەھمەت، ئانا!

— ماڭا... — ئانا ئېھتىيات بىلەن تاشلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ بالىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، — ماڭا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىسەن، بالام؟

— نېمىشقا رەھمەت ئېيتماي، سىز مېنىڭ ئانام!

— ماڭا نەپرىتىڭ يوقمۇ، بالام؟

— نەپرەت... نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز، جېنىم ئانا؟

— مەن ساڭا ئانىلىقنى يەتكۈزەلمىدىم، بالام! سەن كىچىككىنە تۇرۇپ خەقنىڭ ئىشىكىدە، مۇساپىرچىلىق يولىدا قالدىڭ!

— ئۇنداق دېمەڭ، جېنىم ئانا. ئانا بولغان گۇناھ ئەمەس!

ئانا ئەمدى ھېچنېمە دېيەلمىدى، دەريا بويىدا ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق تۇردى.

ئىككى يۈرەك ئۈنسىز شىۋىرلىدى، بالا ئانىغا ئۆزىنىڭ تىنچ - ئامان تۇرغانلىقىنى، ئارتۇقچە ئەنسىرەشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى دېدى. ئانا بولسا ھامان سوئاللارنى ياغدۇراتتى:

— نەدە تۇردۇڭ، بالام؟

— شەھەردە، ئانا.

— كىمنىڭ يېنىدا، بالام؟
— ياخشىلارنىڭ يېنىدا، ئانا.
— نېمە ئىش قىلدىڭ، بالام؟
— ھەممە ئىشلارنى قىلدىم — توغرا ئىش، ئانا...
— ياتار يېرىڭ بارمۇ، بالام؟
— بار، ئۇلار ماڭا قاراۋۇل ئۆيدىن ياتاق راسلاپ بەردى، ئانا.
— قورسىقىڭغا نېمە يېدىڭ، بالام؟
— ئۇلار نېمە يېسە، ماڭىمۇ شۇنى بەردى، ئانا.
— يات ئادەملەر سېنى يەكلىمىدىمۇ، بالام؟
— ياق، ئۇلار ماڭا ئامراق، ئانا.
ئانا يۈرەك پارىسىنىڭ مەسۇم كۆزلىرىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ باقتى. پېشانىسىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى. ئۇنىڭ بىلەن يېنىش ـ يېنىشلاپ مۇڭداشتى. ھاياتنىڭ خوۋلۇقلىرىدىن بارغانچە يىراقلاپ كەتكەن ئۇمىدسىز كۆڭلى يېڭىباشتىن ئاستا ـ ئاستا نۇرلىنىپ تۇرمۇشتىن ئازار يېگەن دىلى شىپا تېپىۋاتقاندەك ئىپتىخارغا قۇچاق ئاچتى.
ئانا ـ بالا ئىككىيلەن شۇ تەرزدە خېلى ئۇزاق تۇرۇشتى. قىلىشىدىغان گەپلىرى ئازلىغان بولسىمۇ، كۆزلىرىدىكى ئۇنسىز مۇڭدىشىشى تۈگىمىگەندى.
— ياراتقان خۇدايىم ھازىر بۇنچىلىك كۈن بەرگەن بولسا، كېيىنىمۇ رىزقىڭنى ئايىماس، بالام، — دېدى ئانا ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن تۈيۈقسىز ئېغىز ئېچىپ، — لېكىن ئۇ شەھەرلىكلەر كۆرۈنۈشتە ئۇنداق سىلىق ـ سىپايە، ئاغزى يۇمشاق بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە دىلى قاتتىق، بالام.
— نېمىشقا دىلى قاتتىق، ئانا؟ — ئانىسىنىڭ باغرىغا بېشىنى قويغان ئىلياس چۆچۈگەندەك، كۆزلىرىنى ئانىسىغا تىكتى، — مەن قارىسام ھېچ ئۇنداقتەك ئەمەسقۇ؟
— دىلى قاتتىقلىق يوشۇرۇن بولىدۇ، ئەمما پايدا ـ مەنپەئەت

ئالدىدا ھەرقانداق ئادەم تۈيۈقسىز نىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ، بالام.
— ئەمىسە بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ جېدەل - ماجىرا تۈگىمەيدىغۇ؟
— بۇ، ئەخمەقلىق بىلەن يوقسۇزلۇقنىڭ دىشۋارچىلىقى، بالام.
بالا گەپ قىلمىدى. ئۆگەي دادىسىنىڭ سوغۇق چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن لىپ قىلىپ ئۆتكەندەك بولدى. بالا ئۇ ئادەمنىڭ ئانىسىغا نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. لېكىن، ئانىسى ئۆز بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى ئۇ ئادەمدىن كۆرۈشنىڭ ئورنىغا ئەخمەقلىق، يوقسۇزلۇقنىڭ نەتىجىسى دەۋاتاتتى. ئۇزاقتىن بېرى تىل - دەشنام، يامان گەپ ئازابىدا ئانىسىنىڭ يۈرىكى مۇجۇلغان، مۇشت - پەشۋا، تاياق - توقماق زەربىسىدە جىسمى ئازار يېگەنىدى.
— ئەمدى شەھەردە كۈنۈمنى ئالاي دەمسەن، بالام؟
ئىلياس بېشىنى لىڭشىتتى. كۆزلىرىدىن ئامالسىزلىق ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئانا بالىنىڭ يەنە كېتىدىغانلىقىغا قىيالمىغاندەك ئۇنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى. ئانىسىنىڭ ھەرىكىتىدىن كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەن بالا پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى:
— لېكىن، ھەر ھەپتە مۇشۇنداق سىزنى كۆرگىلى كېلىمەن، ئانا!
— جېنىم بالام، — ئانىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، — ئۇلار ئۇنارمۇ؟
— بىز كېلىشتۇق. مەن ئەنقەر ئاكامغا دېدىم، ئۇ ماڭا ھەر سەيشەنبە كۈنى رۇخسەت بېرىدىغان بولدى.
ئانىنىڭ ھاياجاندىن تۆكۈلگەن يېشى بالىنىڭ پېشانىسىگە تامدى. ئاغزى بولسا يەنە بىر سوئالغا ئېچىلدى:
— ئەنقەر ئاكام دېگىنىڭ ياخشى ئادەممۇ؟
— ئاجايىپ ياخشى، خۇددى ياخشىلىققا يارالغان خىزىردەك.

— خىزىردەك؟ — ئانا تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدى، — ئۇنىڭ ئاپپاق ساقىلى بار ئوخشىمامدۇ؟

ئىلياس كۈلۈپ كەتتى:

— ئەنقەر ئاكامنىڭ ساقىلى يوق، ئۇ ھەر كۈنى ئېڭىكىنى پاكىز قىرىپ، قويۇق چاچلىرىنى مايلاپ كەينىگە تاراپ يۈرىدۇ. سىرتقا چىققاندا تېخى قارا كۆزئەينەك تاقىۋالىدۇ.

— ما بالىنى... — ئانا دەپ سالغان گېپىگە ئوڭايسىزلانغاندەك كۈلۈپ سالدى، — ئۇنداق ئادەمنى قانداقمۇ خىزىرغا ئوخشاتقىلى بولسۇن؟

— مەن ھەقىقىي ئادىمىلىك سۈپىتىنىڭ تاشقى قىياپەتتە ئەمەس، قەلبتە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم، ئانا. بۇ گەپنى بىزگە مۇئەللىممۇ دەپ بەرگەن...

مەھەللە تەرەپتىن قوي ھەيدەپ كەلگەن بىرسىنىڭ شەپىسى، تونۇش ئاۋازى ئىككىيلەننى چۆچۈتتى. ئىلياس قولىدىكى كىچىك بولاقنى ئانىسىغا تۇتقۇزۇپ چاتقاللىق ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى.

ئىلياسنىڭ ئانىسىغا تۇتقۇزۇپ قويغىنى خالتىغا قاچىلانغان بىرنەچچە چوكا ناۋات ئىدى. جىددىيلىشىپ قالغان ئالتۇنەم قولىدىكىنى كەينىگە يوشۇرۇپ، قىرغاققا قارىدى. ناسۇالنى كاپ ئېتىۋالغان ئېرى قوي پادىسىنى ئالدىغا سېلىپ دەريا ساھىلىدىكى چىملىققا كىرىپ كېلىۋاتاتتى.

## 18

مېھمانسارايىنىڭ تىجارىتى باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. بۇ بىر تەرەپتىن بارغانچە قىزىپ كېتىۋاتقان ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تۈرتكىسىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يىگىتلىك ۋۇجۇدىدا سودىگەر دادىسىنىڭ قېنى ئوقچۇپ تۇرغان ئەنقەرنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئەنقەر ھېرىپ - چارچاشنىڭ

نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. قاپىقى تۈرۈلۈپ قالمايتتى. ھەممە ئىشنى ئۆز رېتى بىلەن بېجىرەتتى. نۇرغۇن ئىشچى - خىزمەتچىسى، نۇرغۇن مېھمانلىرى بار بۇ سارايدا ھەممە كىشىگە ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلاتتى. ھەممىنى رازى قىلىشقا تىرىشاتتى. ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ھەمىشە كۆلكە كەتمەيدىغان چىرايىدىن بۇ ئۆي - مۈلۈك كەسپىگە مەبلەغ سالغانلىقىغا بولغان رازىمەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. خانىشمۇ ھاجىغا سايە بولۇپ مېھمانسارايدىن كېتەلمەيدىغان، ھە دېگەندە باش مۇلازىمەت ئورنىنىڭ كۆندىلىك كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئارام تاپمايدىغان بولدى. خانىش زەرگەرخانىنىڭ دىرېكتورلۇقىنى قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ھازىر چوڭ بانكىنىڭ يېنىدىكى زەرگەرخانىغا ئانچە بارمايدىغان، بارسىمۇ ئانچە تۇرمايدىغان بولۇپ قالغاندى.

— مال باھاسى ئۆسۈپ كەتكەندىن بېرى سودىمىز ئانچە ياخشى بولمايۋاتىدۇ، — دېدى خانىش رەڭلىك كۆزئەينىكىنى سۈرتۈپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكىرىدىكى شىركەتلەر شەھىرىمىزدە بەس - بەستە ئالتۇن زىبۇ - زىننەت سارايلىرىنى ئېچىپ بىزگە زور خىرىس پەيدا قىلدى.

— رىقابەت سودىنىڭ جېنى، — دېدى ئەنقەر بۇ ياش ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئەندىشىسىگە ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمەستىن، — رىقابەت بولغاچقا، بىز بۇ كونا شەھەرنى يېڭى سودا مەركىزىگە ئايلاندۇرۇۋاتىمىزغۇ.

— بۇ بىر كىتابىي گەپقۇ، — دېدى خانىش ئاغرىنىش ئاھاڭىدا، — ئۇلار خېرىدارلىرىمىزنى تارتىپ كەتتى.

— نېمىگە تايىنىپ؟

— ئۇلارنىڭ كوزىرى كۆپ ئىكەن.

— بىزنىڭچۇ؟ بىزنىڭمۇ كوزىرىمىز بار، — ئەنقەر ھامان تەمكىن، سالماق ئىدى، — بىرىنچىدىن، بىز ئۇزاق يىللاردىن بېرى خېرىدارلىرىمىزنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ كەلدۇق.

ئىككىنچىدىن، بىزدە يەرلىك ئاالاھىدىلىككە ئىگە نۇرغۇن مىللىي نۇسخىلار بار. ئۈچىنچى...

— مىللىي نۇسخا؟ — خانىش ئەنقەرنىڭ گېپىنى بۆلدى، — ئۇلار قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ خاھىشىنى چىقىش قىلىپ بىزدىكى مىللىي نۇسخىنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ، قېلىپ ياساپ بولدى !

— ھەممىسىنى ئوغرىلاپ بولالماس، ھېچ بولمىغاندا بىزنىڭ مىللىي ئېڭىمىزدا شەكىللەنگەن نۇسخىلار تېخى باردۇ؟ !

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

ئەنقەر جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ئەزەلدىن سودا ئىشىدا غەمگە چۆكىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى.

ئەنقەرنىڭ تەمكىن چىرايىدا، مۇلايىم كۆزلىرىدىن ئىشەنچ بالقىپ تۇراتتى. راست، بالىلىقىدىن تارتىپ دادىسىغا ئەگىشىپ قايناق رەستىلەردىكى ئېلىم - سېتىم، سودا - سېتىق مۇھىتىدا چوڭ بولغان، ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن بۇ يىگىت بازار قانۇنىيەتلىرىگە پىششىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدىلىكتە ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ئىقتىساد ساھەسىدىكى ئالىملارنىڭ بازار ماركىتىنىڭ ئىلمىي لېكسىيەسىنى ئاڭلاۋاتىدۇ، ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئەنسىرەپ نېمە كەپتۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە شەھەر ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جاھان ئېلىم - سېتىم بىلەن، سودا - سېتىق بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتىدۇ، پەقەت كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلەرنى ۋاقتىدا بايقىساق، يېتەرسىزلىكىمىزنى ۋاقتىدا تۈزەتسەكلا يەنە ئۆزىمىزنى ئۇتقۇزۇۋالايمىز، ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

مۇدىرىيەت ئىشخانىسىنى مېھمانخانا بىناسىغا يۆتكىۋېلىش پىلانى بىلەن خوتۇنىنى كەينىگە سېلىپ قەۋەتلەرنى ئارىلاپ يۈرگەن ھەمدۇللا ھاجى يۇگۇر - يېتىم ئىشلار بىلەن چېپىپ يۈرگەن ئىلياسنى كۆرۈپ ئۇنى يېنىغا چاقىردى :

— ھەي بالامەي... بۇياققا كېلە، بۇياققا !

— خوش... — ئىلياس قولىدىكى قورۇق يەشكىنى قويۇپ

بېشىنى سالغىنىچە ھاجىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سەن تېخىچە بۇ يەردە يۈرۈپسەنغۇ؟

ئىلياس نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئىككى يانغا قارىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەنقەر ئاكىسى يېنىدا بولغان بولسا ھاجىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىتۆەتكەن، ئۇنى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرغان بولاتتى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ، بالام؟ كىمنىڭ بالىسى سەن؟

— ...

— ۋىيەي ما بالىنى، ئەجەب گەپ قىلمايدا؟ !

— مېنىڭ دادام يوق، ھاجىم دادا.

— بۇ بالا بىلەن نېمە كارىڭىز؟ — دېدى خانىش نارازى كەيپىياتتا، — ئۇنىڭ ئىشىنى ئەنقەرگە قويۇڭا !

— سەن ئارىلاشماي تۇرە، خانىش، — ھاجى يانفونىنى قولىغا ئېلىپ نومۇر باستى، ئەنقەر يەنە ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى:

— مانا مەن، دادا !

— ھە... بارمىدىڭ، بالام... — دېدى ھاجى يانفونىنى ئاق يىپەك مايكىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، — ماۋۇ بالىدىن گەپ سورىسام دۇدۇقلايدۇ. بۇ...

— ئىلياس، سەن ئىشىڭنى قىلغاچ تۇرە، جوگو، — ئەنقەر ئىلياسنى كەتكۈزۈۋېتىپ دادىسىغا يۈزلەندى، — ئۇ يېتىم بالا ئىكەن، دادا. ئالدىنقى ھەپتە مۇشۇ ئەتراپتا ئۇچراپ قېلىپ ئىشقا سېلىپ تۇرغان. جىددىي ئىش تۈگىگەندىن كېيىن كېتەرمىكىن دېسەم، بارىدىغان يېرى يوق ئىكەن... ئۇنىڭ ئەھۋالىنى مەن سىزگە دېيىشكە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان، ئۇنىڭغىچە...

— قانداقراق بالا ئىكەن، ھوش ـ كاللىسى جايىدىمىكەن؟

— تازا جايىدىكەن.

— قولى تۇتقاق ئەمەستۇ؟

— ئۇنداقتەك قىلمايدۇ.

— چىراي - تۇرقىدىن تەربىيە كۆرگەن، ياخشى بالا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدىكەن.

— شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا چۇشلۇك تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن مېنى ساقلاپ تۇر.

— قانداق قىلاي دەيسىز؟ — ئېرىنىڭ يەنە نېمە كويغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ بولالمىغان خانىش ئالدىراپ - تېنەپ سورىدى. ھاجى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى :

— ھەممە ئىشتا سەندىن يولىيورۇق سورىشىم، ھەممە ئىشنى ساڭا دوكلات قىلىشىم زۆرۈرمۇ، خوتۇن؟ !

خانىشنىڭ ئاپتاپتەك چېھرى تۇتۇلدى. ئەنقەر دادىسىنىڭ ئاچچىقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى.

چۇشتىن كېيىن ئەنقەر ئىلياسنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىدەك گەپلەشمەستىن، شىركەتنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىغا كەلدى. ھازىر بۇ يەردە ئىشچىلار كەمچىل بولۇپ، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيۋاتاتتى. ئىشچىلار ھەمىشە ئىش ھەققىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا ئالالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئىش تاشلايتتى. بۇنداق ئىشلار ھەمدۇللا ھاجىنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى. شۇڭا، ھاجى ئىلياسنى قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ قاراۋۇللۇقىنى قىلغاچ مۇشۇ يەردە ئىشلىسۇن، دەپ گەپ تاپلىغانىدى. ئەنقەر دادىسىنىڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتقان چاغدىكى رەھىمسىز كۆزلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىلا ئەمەس، بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتقان چاغدىكى تەلەپپۇزىمۇ بىر خىل رەھىمسىزلەرچە ئىدى. دادىسى بەزىدە مۇشۇنداق ئىدى. كۆز ئالدىدىكى ئازغىنا مەنپەئەت ئۈچۈن ئەتراپىدىكىلەرنى ئۇنتۇپ ئىتتىرەتتى. ئەنقەرنىڭ رايىغا باققاندا، ئىلياسنى يېنىدا ئېلىپ قالغۇسى، ئاستا - ئاستا ئىش ئۆگەتكۈسى بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشچان، كەم سۆز يىگىتكە مېھرى چۈشۈپ قالغانىدى.

ئىلياس كەڭرى قۇرۇلۇش مەيدانىدا ئالدىراش ئىشلەۋاتقان

ئىشچىلارنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمىشقا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى كۆڭلى تۇيۇپ بولدى. خاراكتېرى ئوچۇق، تۈز كۆڭۈل ئەنقەر ئاكىسىنىڭ يولدا كەلگۈچە گەپ ـ سۆزسىز ماڭغانلىقى، تازا ئىچىلالمىغانلىقى ئىلياسقا بىشارەت بولغانىدى.

— سېنى مۇشۇ يەردە ئانچە ـ مۇنچە ئىش ئۆگەنسۇن، پىشسۇن دېدۇق، ئۇكام، — دېدى ئەنقەر ئاخىر ئېغىز ئېچىپ، — بەل قويۇۋەتمە، چىداملىق بول. ئازراق ئىشلەپ تۇرساڭ دادامغا دەپ، شىركەتنىڭ يۈك ماشىنا ئەترىتىگە يۆتكەپ قويىمەن. شوپۇرلۇق كىنىشكاڭ چىقسا، ئىشلىرىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ئەنقەرنىڭ دېگەن گېپى شۇ بولدى. ئىلياسنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىن، نېرىدىن پالاقلاپ يېتىپ كەلگەن قۇرۇلۇش باشقۇرغۇچىغا ئىلياسنى ئىشقا كۈندۈرۈۋېلىش توغرۇلۇق گەپ ئېيتىپ قويۇپلا كەينىگە ياندى ـ دە، يانفونىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ بىرسى بىلەن جىددىي سۆزلەشكىنىچە ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ غۇيۇلداپ مېڭىپ كەتتى.

ئىلياس ئەنقەرنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئارقىدىن ئىش باشقۇرغۇچىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ قۇرۇلۇش مەيدانىغا نەزەر سالدى. ئىلياس ئەمدى ھەمدۇللا ھاجىدەك باي ـ پۇلدارلارنى يەنىمۇ جىق پۇلغا كۆمۈپ، ئۇنى تېخىمۇ كېرىلدۈرىدىغان، ئاۋۇ كەمبەغەل ئىشچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، قان ـ تەر ئاقتۇرۇپ ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكى، بەختسىز ئانىسىنىڭ ئۈمىد ـ ئىشەنچى ئۈچۈن ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي مەدىكارچىلىق قىلىشى لازىم ئىدى.

# تۆتىنچى باب

## 19

پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلبەرگى رەڭگىدىكى ھۆجرا.

راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە تۇرغان كاتتا زەردار بىلەن ئۇنىڭ ياش، گۈزەل خوتۇنىنىڭ چېھرى يامغۇرلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ پىكىر ـ خىيالى بىر يەردە ئەمەس، سۆھبەتلىرىدە يىرىكچىلىك، بۇرۇقتۇرمىلىق بار ئىدى. يىرىكچىلىكنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، خېلى ۋاقىتتىن بۇيان خانىشنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىنى چىللاپ چوڭ چاي بەرگۈسى كەلگەن، ھەمدۇللا ھاجى بولسا ياش، گۈزەل خوتۇنىنىڭ ئارزۇسىغا ئېتىبارسىز قارىغان، ئۇنىڭ يەنە ساۋاقداش، ئاداش دەپ دوست تارتىپ يۈرۈشىنى خالىمىغانىدى. ھاجى قاش ـ قاپاقلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ تەئەددى ئارىلاش ئېغىز ئاچتى:

— ساۋاقداش، ئاداش دېگەنلەرنى ئۇنتۇيدىغان ۋاقتىڭ كېلىپ قالدى، ماقۇلمۇ، خوتۇن؟ !

گۈلبەرگىدەك نېپىز لەۋلىرىگە لەۋسۇرۇخ سۈرۈۋاتقان خانىشنىڭ رۇخسارى تېخىمۇ ئۆڭدى.

— بۇ گەپچە مېنى ھېچكىم بىلەن ئارىلاشما، تېلېفونلاشما، دېمەكچىمۇسىز؟

— شۇنداق دېيىش ـ دېمەسلىك ئەرلەرنىڭ ھوقۇقىغۇ!

— ئۇنداقتا ئاياللارنىڭ ھوقۇقىچۇ؟

— ئاياللارنىڭ ھوقۇقى چەكسىز، — دېدى ھاجى گەپنىڭ

ئورانىنى چاقچاققا بۇراپ، — ھازىر چەت ئەللەردە ئاياللار پادىشاھ، زۇڭتۇڭ، زۇڭلى بولۇپ ھەر ـ ھەر دۆلەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدىغۇ.

— ئۇنداقتا بىزدىچۇ؟

— بۇنىڭغا گەپ كېتەمدۇ، ئىختىيارىڭلارغا قويۇپ بەرسە سىلەرمۇ ئەرلەرنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشتىن يانمايسىلەر.

— نېمانداق ئاساسسىز گەپ قىلىسىز؟

— ئاساسى بار، — دېدى ھاجى چالا ئەسنەپ قويۇپ، — ھازىر ئاياللارنىڭ مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇش خاھىشى كۈچىيىپ كەتتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا قانۇنمۇ يانتاياق.

— بۇنى ئەرلەرنىڭ ئىشەنچسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان، — دېدى خانىش ئەينەكتىن كۆزىنى ئۈزمەي، — ھازىر سىزگە ئوخشاش مىليونېرلاردا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ دۆلىتىمىز قانۇنىدا قوش نىكاھلىنىشقا يول قويۇلمايدۇ جۇمۇ.

— راست، قانۇن قوش نىكاھلىنىشقا يول قويمايدۇ. بىراق، سىلەردەك ئانچە ـ مۇنچە پۇل تاپقانلار ئاشۇ پۇلۇڭلارنىڭ ئۆشرە ـ زاكاتىغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان بىر قىسىم كۆك نامراتلارنىڭ قىزلىرىنى، سەھرالىق تۇغقانلىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنى ئون ـ ئون بەش مىڭ كوي بەدىلىگە خۇپىيانە نىكاھىڭلارغا ئېلىپ شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا ئۆي تۇتۇپ بېرىپ، نەچچە ئۆينىڭ ئارىلىقىدا يايراپ يۈرىسىلەر. ئۇلار قارا رومال ئىچىدە كۈنبويى سىلەرنىڭ سەدىقەڭلەرگە تەلمۈرۈپ كۈن كەچۈرىدۇ... شۇنداق يۈرۈپ سىلەر ئۇلاردىن زېرىككەندە، ئۇنداق ـ مۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ھال ـ كۈنىدىن خەۋەر ئېلىپ بولالمىغاندا، ئۇلار تۇرمۇشنى قايتىدىن باشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ... ئەجەبا، ئاشۇ كوچىغا تاشلىۋېتىلگەن باللار، پاھىشىخانىلاردا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئاجىز ئاياللارنىڭ كۆلىپىتىگە سىلەر

بايلار سەۋەبچى ئەمەسمۇ؟!
ھەمدۇللا ھاجى تۇيۇقسىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كەيپىياتى جىددىيلەشكەندە، مۇشۇنداق كۈلۈپ كېتەتتى.
— كۈلمەڭ، ئەپەندى، — خانىش لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، گويا سىرتماق سالغاندەك بىر تەرزدە ھاجىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى، — شۇڭا دەيمەن، ئاياللار ئۆزىنى كۆز يېشىدىن ئەمەس، ئەرلەرنىڭ ئامالسىزلىقىدىن ئىزدىشى كېرەك.
— سەن مېنى ئاخىرقى ھېسابتا ئامالسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويماقچىكەنسەن - دە؟ — ھاجى ياش، گۈزەل خوتۇننىڭ كۆزلىرىدىكى ناز - كەرەشمە بىلەن قۇۋلۇقنى ئانچە پەرق ئېتەلمەي ئېغىكىنى كۆتۈردى.
— سىز ئامالسىز قالىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس. سىز دېگەن نەچچە ئون مىليون ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ پۇل - بايلىق تاپقان ھەمدە مەككە - مۇكەررەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلگەن كاتتا مۆتىۋەر. مەن بولسام يېرىم يولدا سىزگە ھەمراھ بولغان خوتۇن، سىزنىڭ خوتۇنپەرەس كونا كېسىلىڭىز بىلەن ماڭا يامان كۆزدە قارايدىغان ئاشۇ ئۆگەي بالىلىرىم سەۋەبلىك كوچىدا قالمىسامىدىم دەيمەن...
ھاجى يەنە كۈلۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئىچ - ئىچىدىن بىر خىل ئاچچىق يامرىدى. ياش، چىرايلىق خوتۇنىنىڭ تەنلىك گەپ - سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى زەھەردەك ئۆرتىگەنىدى. خانىش ئېرىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ئىچىدە كۈلدى.
ئۇلار شۇ تەرزدە خېلى ئۇزاق تالاش - تارتىش قىلىشتى. خانىش بېجىرىدىغان مۇھىم ئىشى بارلىقىنى دەپلا ھاجىنىڭ ئىجازىتىنى كۈتمەستىن قىپقىزىل پىكاپىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتتى. ئاچچىق يۇتۇپ قالغان ھاجى بولسا قىزىلگۈل بەرگى رەڭگىدىكى ھۇجرىسىدىن چىقىپ، ئالتۇن رەڭ ۋادەكلەرنى بويلاپ ئاستا قەدەملەر بىلەن پەشتاقلاردىن تۆۋەنلىدى.

خان ـ پادشاھلارچە چارباغ، ھۇپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان گۇللەر، بەس ـ بەستە سايرىشىۋاتقان قۇشلار... ھاجى چارباغنى بىر ئايلىنىپ، كۆل بويىدىكى شىپاڭغا كەلدى. كۆلگە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن شۇ يەردە بىردەم ئولتۇرۇشنى خالاپ قالدى ھەم شىپاڭنىڭ يېنىدىكى ئاسما ئورۇندۇققا جايلىشىپ ئولتۇردى. ھاجى تاماكا چەكمەيتتى ياكى بىرەر كۆڭۈل خۇشى قىلىش بىلەن بىئاراملىقىنى بېسىشقا، ناچار كەيپىياتىنى ياخشىلاشقا ئادەتلەنمىگەن بولغاچقا، كۆلگە قارىغىنىچە ئۇزاق ئولتۇردى. بىر ھازادىن كېيىن يانچۇقىدىن يانفونىنى ئېلىپ، مەقسەتسىزلا ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى باستى. بىر چاغدا ئۇنىڭ قولىدىكى يانفون رادىيو دولقۇنلىرىغا ئۇلىنىپ قالدى، تىت ـ تىتلىقتا ئەسىر بولغان ھاجى ئۆزىگە بىر ئەرمەك تېپىلغاندەك رادىيو پىروگراممىسىغا قۇلاق سالدى.

ـــ ئۆتكەن زاماندىكى خانىدانلىق دەۋرىدە، خانىدانلىقنىڭ مەركىزىدە تارتۇقباي ئىسىملىك كاتتا بىر زەردار ئۆتكەنىكەن. زەردارنىڭ يەتتە كارۋان سارىيى، يەتتە زەرگەرخانىسى، يەتتە ئەتلەسخانىسى، يەتتە بوياقخانىسى، يەتتە گۆرۈخانىسى، يەتتە سەرراپخانىسى، يەتتە جەزىخانىسى بار ئىكەن. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ دۆلەتمەنلىكىگە يارىشا ئون يەتتە ئاغىچىسىمۇ بولغانىكەن...

ھەمدۇللا ھاجى ئاۋازى يېقىملىق ئايال دىكتورنىڭ «ئون يەتتە ئاغىچا» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ سالدى. ھاجى بۇ قىزىق ھېكايىگە دىققىتىنى يىغىپ رادىيوغا قۇلاق سالدى.

ـــ خوتۇنغا ئامراق تارتۇقباي يەتمىش يەتتە ياشقا كىرىپ، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا، ئەنە شۇ ئون يەتتىنچى خوتۇننى ئاپتۇ. باينىڭ يېشى كىچىك دەپ ئالغان بۇ ئون يەتتە ياشلىق خوتۇنى كىچىكلىكىگە قارىماي ھەددىدىن تاشقىرى ياسانچۇق، مەنمەنچى، قىزغانچۇق بولۇپ، باينى باشقا خوتۇنلىرىغا قاراتمايدىكەن. بايمۇ خوتۇنپەرەس بولغاچقا، كۆزىگە ئەمدىلا ئېچىلىۋاتقان غۇنچىدەك، يىگى ئۇچۇرما بولغان تومۇچۇقتەك

كۆرۈنگەن بۇ خوتۇنغا قەۋەتلا ئامراق ئىكەن. خوتۇنىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىنى ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر بۇ باي بوۋىيىنى ياشارتىپ بولالماي ئاۋارە ئىكەن.

— ساقاللىرىنى چۇشۇرتۇۋەتسىلە، — دەپتۇ تارتۇقبايىنىڭ خوتۇنى تويىنىڭ يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭ ئاپپاق ساقىلىنى قىرى تېكىنىنىڭ ساقىلىنى تارتقاندەك تارتىپ تېرىكتۇرۇپ.

«مېنى قېرى كۆردى بولغاي بۇ تۇمۇچۇق، — دەپ ئويلاپتۇ تارتۇقباي ساقىلىنى ياش ئاغىچىسىنىڭ قامالىشىدىن تەستە قاچۇرۇپ، — بىر مەزگىل ساقال قويمىسامۇ قويماي...» تارتۇقباي ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشكەندە ساتىراشخانىغا بېرىپ، تىغ تەگكۈزمىگىلى قىرىق يىل بولغان ساقىلىنى پاك - پاكىز چۈشۈرتۈۋېتىپتۇ.

— ئەمدى سەللىنى تاشلىسىلا ! — دەپتۇ تارتۇقبايىنىڭ تۇمۇچۇقى يەنە سايراپ. ياش خوتۇنىنىڭ ئالدىدا نەپسى ئىزا تارتقان باي بوۋاي سەللىسىنىمۇ تاشلاپ، ياشلار پاسونىدىكى قارا كۆرپە تۇماقنى قىرلاپ كىيىپتۇ.

— ئەمدى ئاق يەكتەكلىرى بۇ تۇماققا خوپ كەلمىدى، مەخمەل تون كىيسىلە، — دەپتۇ تۇمۇچۇق توختاۋسىز سايراپ. تارتۇقباي رەڭلىك مەخمەلدىن تونمۇ كىيىپتۇ.

— ئەمدى ھاسىلىرىنى تاشلىسىلا، — دەپتۇ تۇمۇچۇق خەندان ئۇرۇپ.

تەڭقىسلىقتا قالغان تارتۇقباي ئۆزىگە ھەمراھ بولغىلى يەتتە يىل بولغان ھاسىسىدىنمۇ ئايرىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تارتۇقباي تويىنىڭ يەتتىنچى كۈنى خوتۇنىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ياسىنىپ، ھۇجرىسىدىن سارايغا چىقىپتۇ. پۇتۇن ئەس - يادى بىلەن باينىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇۋشقان كونا قەدىناس ئاغىچىلىرى ھۇجرا - ھۇجرىلاردىن چىقىپ تارتۇقباينى ئورىۋاپتۇ. لېكىن، يەتمىش يەتتە ياشلىق بوۋاينىڭ ئون يەتتە

ياشلىق يىگىتتەك ياسىنىۋالغىنىنى كۆرۈپ بىر توپ قۇشقاچىتەك جاۋىلدىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. كۈنداشلىق ئوتىدا ئىچى ئاچچىققا تولۇپ تۇرغان يامانراق ئاغىچىلاردىن بىرنەچچىسى ئاغزىنى قويۇپ بېرىپ: «قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق !» دەپ تارتۇقباينى مازاق قىپتۇ. قەدىناس ئاغىچىلىرىنىڭ ئالدىدا قىلغان قىلىقىدىن قاتتىق ئىزا تارتقان تارتۇقباي بىر نەرسىدىن مۇدۇرۇپمۇ ياكى كۆنۈپ قالغان ھاسىسىدىن ئايرىلغاچقىمۇ، ئىشقىلىپ، بىر سەۋەب بىلەن يەرگە گۈپپىدە يىقىلىپتۇ.

خوتۇنلار يەردە مىدىر - سىدىر قىلماي ياتقان تارتۇقباينى ئۆز ھۇجرىسىغا ئەكىرمەك بولۇپ ئۇ ئۇيان، بۇ بۇيانغا سۆرىشىپتۇ. ئۇن يەتتە ياشلىق ياش ئاغىچا ھەممىدىن كۈچلۈك كېلىپ باينى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىۋاپتۇ. لېكىن، تارتۇقباي بەك ئىزا تارتىپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى كېسەلنىڭ ئېغىرلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، كۆزىنى ئاچماپتۇ. تارتۇقباي شۇ كۈندىن باشلاپ يەتتە يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپتۇ. قەشقەرلىك دەمدۇ، يەكەنلىك دەمدۇ، ئۇدۇنلۇق دەمدۇ، سەمەرقەنتلىك دەمدۇ، بۇخارالىق دەمدۇ، باغداتلىقمۇ، ھىراتلىقمۇ، ئىشقىلىپ، ھەرقانداق داڭدار تېۋىپنىڭ دورىسىمۇ كار قىلماي، يەتتىنچى يىلى ئۇن - تىنسىز ھالدا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ.

بىۋاقىت سايراپ كەتكەن يانفون راديو ئاڭلىتىشىنى ئۈزۈپ قويدى. ھەمدۇللا ھاجى قارشى تەرەپنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ بولۇپ، بايىقى چۆچەكنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىماق بولدى، ئەپسۇس، چۆچەك تۈگەپ، ئېلان ئاڭلىتىۋاتاتتى. ھاجى تارتۇقباينىڭ كەچمىشىدىن قانداق يەكۈن چىقىرىلغانلىقىغا قىزىققانىدى، لېكىن ئاڭلىيالمىدى.

رەھمەتلىك تارتۇقباينىڭ كەچۈرمىشى ھەمدۇللا ھاجىنى ئويغا سېلىپ قويدى.

## 20

ياش، گۈزەل خوتۇن قىلغان گېپىدە چىڭ تۇردى. ساۋاقداشلار يىغىلىشىنىڭ زىياپىتىنى ئۆزلىرىنىڭ چاربېغىغا ئورۇنلاشتۇردى. خانىشنىڭ شەھەردىكى باشقا باغ ـ ئارامگاھلارغا بارمىغىنىدىن قارىغاندا، بۇ يەرنى جىمجىت، ئازادە دەپ ئويلىغان بولۇشىمۇ، يەنە شەھەردىن، ناھىيەلەردىن كەلگەن ئاشۇ كادىر ساۋاقداشلىرىغا ئۆز بەختىنى، بايلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋالغۇسى كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

— سىز مېھمانلىرىمىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋالسىڭىز، ئۇلار تارتىنىپ قالىدۇ، ئازادە ئولتۇرالمايدۇ، — دېدى خانىش ئېرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ، — شۇڭا ئۆزۈم ئۇزاتقان بولسام...

— سەن شۇنداق ئويلىغان بولساڭ مەن قارشى ئەمەس، — دېدى ھاجى خوتۇنىنىڭ گېپىنىڭ كۆڭلىگە ھار كەلگەنلىكىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، — بۇ ئىشلارنى ئۆزۈم بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ، يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالىمەن، دەپ ئويلىغان ھەمدۇللا ھاجى خوتۇنىنىڭ گېپى بىلەن ماشىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئويناتقىنىچە سىرتقا مېڭىشقا تەمشەلدى، — زۆرۈر ئىش چىقىپ قالسا تېلېفون قىلارسەن.

— قەدىمىي شەھەرنىڭ زامانىۋى مىليونېرى... مۇشۇنداق ئىلمىيلىكىڭىزنى ياقتۇرىمەن، — خانىش قىپقىزىل لەۋلىرىنى ھاجىنىڭ يىرىك بۇرۇتىغا سۈركەپ نازلىنىپ قويدى. كۆڭلىگە تۇيۇقسىز رەشك ئوتى تۇتاشقان ھاجى كەيپى ناچار ھالدا چارباغدىن چىقىپ، تىللارەڭ خانتاجى پىكاپىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتتى، ئۇ خوتۇنىنىڭ ئەر ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى، يەنە تېخى ئۇلار بىلەن «سەن»لەپ سۆزلىشىدىغانلىقىنى، قاقاھلاپ كۈلۈشىدىغانلىقىنى ئويلاپ

ئاچچىقتىن يىرىلغۇدەك بولغانىدى.

كەچ كىردى، سورۇن ئۇچۇن زىننەت چىراغلىرى ئېسىلغان چارباغ ئاجايىپ رومانتىك تۇسكە كىرگەن، باغنىڭ كىندىكىدىكى چوڭ راۋاقتا ئورۇنلاشقان ئوتتۇز نەچچە مېھمان كاتتا يەپ - ئىچىش بىلەن بىللە يېنىك مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل، شىرىن سۆھبەت قاينىمىغا چۆككەنىدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ مىليونېرنىڭ پىشىگە ئېسىلىپ شەھەرلىك بولۇپ كەتتىم، دېگىن، — دېدى مېۋە شەربىتى لىقلانغان خىرۇستال قەدەھنى خانىشقا تەڭلەپ تۇرغان ئورۇق بىر قىز ئۇنىڭغا مەستلىكى كېلىپ.

— شۇنداق.

— ئادەتلىرىگە قانداقمۇ كۆنگەنسەن، ھە؟

— كۆنەلمەيدىغان نېمىسى بار دەيسەن، كۆنۈپ قالدىم.

— ھەي، ھەي قىزلار، نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — كەيپىلىكتىن كۆزلىرى ئىلەشكەن بۇدۇر چاچ بىر يىگىت خانىشنىڭ يېنىغا كەلدى.

— نېمە بولدى، پولات؟ ئوغۇللارنىڭ يېنىدا! ئولتۇرماي بۇ يەرگە كېلىۋالدىڭغۇ؟

— قارىسام، ئۇزۇن مۇڭدىشىپ كەتتىڭلار، — دېدى پولات تاماكىسىغا چاقماق چېقىپ، — نېمە دېيىشىۋاتىدىكىن دېسەم، كىيىم - كېچەكنىڭ گېپى... لېكىن تۇرقۇڭلار يېرىم يالىڭاچ...

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — خانىش ئۆزىنىڭ تۇرقىدىن خۇدۇكسىرىگەندەك كەينىگە داجىدى.

— ئەنە ئەپتىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار، كىيىۋالغان كوپتاڭلارنىڭ نە ياقىسى يوق، نە يېڭى يوق، قولۇڭلارنى كۆتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشسەڭلار قولتۇقۇڭلار تورغاينىڭ ئۇۋىسىدەك ئېچىلىپلا قالغان... مەن سىلەرگە دەپ قوياي، سىلەر تۇرغان بۇ شەھەر ئامېرىكىدىكى ھولليۋود، ھىندىستاندىكى بوللىۋود ئەمەس، قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى جۇما، ماۋۇ!

— ۋيەي ما ساراڭ شائىرنى، — ئىككى ئايال كەينىگە داجىدى، — ئۇنىۋېرسىتېتنىكى ساراڭلىقىدىن، قىزلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپىيەسى يوق داڭقان پۇتى گەپلەرنى شېئىر دەپ دېكلاماتسىيە قىلىدىغان خۇيىدىن ئەجەب قالماپتىغۇ !

— شۇ ئەمەسمۇ، نېمە ئۇ ھوللىۋود، بوللىۋود دېگەن؟

— ۋايتاڭ ! ئاغزىغا نېمە كەلسە، شۇنى توقۇيدۇ بۇ ساراڭ !

پولات تىزىغا شاپىلاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئىككى ئايال تېخىمۇ خۇدۇكسىرەپ كەينىگە داجىدى.

— ھەي ئېسىلزادىلەر، — دېدى پولات كۈلكىدىن توختاپ، — بابا تېخى ئىراندىن، تېھراندىن سۆز ئېچىۋاتقانىدىڭلار، ئەمدى ھېچنېمىنى بىلمەس بولۇپ، بىر - بىرىڭلارغا قارايسىلەر... سىلەر تەدرىجىي يالىڭاچلىنىپ، بەدىنىڭلار ئېچىلغان بىلەن كاللاڭلار، زېھنىي قۇۋۋىتىڭلار تېخى ئېچىلمىغان.

— ئاغزى بېسىلمايدىغان ساراڭ ! — خانىشنىڭ يېنىدىكى ئايال كەينىگە بۇرالدى، — ئوقۇش پۈتكۈزۈپ بەش يىلدىن كېيىن ئاران بىر جەم بولغان ۋاقتىمىزدا قولاققا ياققۇدەك باشقا گەپلىرىڭ يوقمۇ؟ !

پولات يەنە كۈلدى، يېنىدا يالغۇز قالغان خانىشقا ھېرىسمەنلىك نەزىرىدە بىر قاراپ قويۇپ تاماكىسىنى تاشلىدى.

— قانداق، چىشىڭغا تېگەلىدىممۇ ساۋاقدىشىم؟

— بارغانچە گەپچى بولۇپ كېتىپسەن.

— سىلەر قىزلار جىق ئۆزگىرىپ كېتىپسىلەر، شۇڭا ئاغزىم ئېچىلىپ قالدى.

— بىزنى چۈشۈرۈپ، ئىككى پۇللۇقىمىزنى قويمىدىڭ.

— چۈشۈرگىنىم ئەمەس، سىلەرنى سېغىنىپ كېتىپتىمەن، شۇڭا ئاغزىڭلارنى تاتىلاپ...

— سېغىنىپ؟ — خانىش پولاتقا لاپپىدە قارىدى.

— ھەئە، سەن بىلەن قانغۇچە مۇڭداشسام دەيمەن، ئاۋۇ گۈللۈكتە بىردەم ئولتۇرايلىمۇ؟

— مەن ساھىبخانا تۇرۇپ بىر ياقىقا كەتسەم بولمايدۇ، ھېلىغىچە بىر پۇرسەت كەلسۇن.
— پۇرسەت... ھە بولىدۇ، ئەمىسە.
زىياپەت كۆڭۈللۈك داۋام قىلىۋاتاتتى. ئالدىن پىلانلانغان ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، مول نازۇنېمەتلەر مېھمانلارنى رازى قىلغانىدى. بولۇپمۇ زىياپەتنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن چارباغدىكى دەل ــ دەرەخ، گۈل ــ گىياھلارنىڭ رەڭگى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ لايىھەلەنگەن رەڭدار چىراغلار سورۇننى رومانتىك بىر دۇنياغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.
خانىش گويا مۆشۈ باغنىڭ كېپىنىكىدەك رەڭدار سورۇندا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇ كىملەرنىدۇر ئىچىلىپ ــ يېيىلىپ ئولتۇرۇشقا ئۈندەيتتى. كىملەرنىڭدۇر چاقچىقىغا ۋىلىقلاپ كۈلەتتى، كىملەرنىڭدۇر قەدەھ سۆزىگە رەھمەت ئېيتاتتى. خۇمارلىق كۆزلىرى بولسا كۆل بويىدىكى ئاسما ئورۇندۇقتا تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان پولاتقا تەقەززا ئىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا بوۋاقنىڭ بۆشۈكىدەك يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئورۇندۇقتا ئۇنىڭ مىليونېر ئېرى قۇشلارنىڭ خۇش ناۋاسىغا قۇلاق سالغاچ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. بەدىنى تولغان، ئېغىرلىقى يۈز كىلوغا يېتىپ قالىدىغان ئۇ ئادەم ئادەتتە سىپايە، رايىش كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغان مۇنۇ پولات بولسا پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە... پولات خېلى كۆپ ھاراق ئىچكەن، قولىدا ئىس پۇرقىراپ تۇرغان تاماكا، كۆزلىرى خۇمارلاشقان...
مېھمانلىرى ئۈچۈن پەرۋانە بولۇپ ئۇچۇپ يۈرگەن خانىش پولاتنىڭ يېنىغا كەلدى.
— يائاللا، مېنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپتىمەن... كېلە، ئولتۇرە!
— سەن ئۆزۈڭچە ئېرىڭنىڭ كۇرسىدا ئولتۇرۇۋاپسەنغۇ؟
— ئېرىڭنىڭ شاھ كۇرسىمىدى، بۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا جايىمنى تېپىپ ئولتۇرۇۋېتەمەنغۇ. مەن سىنىڭلا ئەمەس، ئېرىڭنىڭمۇ مېھمىنى جۇمۇ، خانئاي.

— بۇگۇن قەيەردە ئولتۇرغۇم كەلسە، شۇ يەردە ئولتۇرىمەن دېمەكچىمۇ، سەن؟

— مېھمانلىق ھۆرمەت - ئېتىبارىم شۇنىڭغا لايىق... كېلە، ئولتۇرە!

خانىش پولاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئىلگىرىكى چاغلاردا ئېرى ئۇنى بۇ ئورۇندۇقتا بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندا، خانىش: سىز ھەم سېمىز، ھەم ئېغىر، شۇڭا ئىككىمىز ئاسما ئورۇندۇقتا ماسلاشمايمىز، دەپ ئۆزىنى قاچۇرغانىدى.

— قانداق، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ باغچىسىدىكى ئورۇندۇقتا چاپلىشىپ ئولتۇرغان قىياپىتىمىزگە ئوخشىدۇقمۇ؟

— ئەمدى ئۇ چاغلاردىكىگە ئوخشىماق تەس، پولات... — دېدى خانىشنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ. پولات ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ۋۇجۇدىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى ھەم بىر پەس جىم بولدى، ئاندىن كېيىن ئاۋازىنى پەسەيتىپ سورىدى:

— سەن قانداقلارچە ئۇ ئادەم بىلەن توي قىلىپ قالدىڭ؟

خانىش ئۇندىمىدى، ئۇ ھەمدۇللا ھاجى بىلەن توي قىلغان بەش يىلدىن بېرى تونۇش - بىلىشلىرىلا ئەمەس، بەلكى پۇتۇن جاھان شۇنداق دەپ سوراۋاتقاندەك ئىدى، پولات ئۇنىڭ يارىسىنى تاتىلىغاندەك بىر گەپنى قىلدى:

— مەن سېنى بىر مىليونېر بىلەن توي قىلدى دەپ ئاڭلاپ ئانچە ھەيران بولمىغان، بىراق بۇگۇن چۇشتە كاتتا مېھمانخانىڭلارنىڭ ئالدىدا ئۇ ئادەم بىلەن ماشىنىدىن چۇشكىنىڭلارنى كۆرۈپ ئوڭدامغا يىقىلىپ چۇشكىلى تاسلا قالدىم. قارىسام، ئۇ مىلىيونېر دادالىڭ دېمەتلىك ئادەم ئىكەن، سەن...

خانىش ئۇندىمىدى. پولاتنىڭ گېپى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويغانىدى.

— گەپ قىلە، ساھىبخانا تۇتۇلۇۋالسا، مېھمان ئېچىلالمايدىكەن.

— مېنى گەپكە سېلىپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟

— گەپكە سالماقچى ئەمەس، پاراڭلىشىۋالايلى، دېدىم. بىز بەربىر ئەتە خوشلىشىمىز ئەمەسمۇ...

خانىش بىر پەس جىمجىت ئولتۇردى. كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا كېيىكتەك بوزلىدى:

— بۇ ئىشنى بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. مەن ئادەم بولۇپ تۇغۇلۇپ، دادا مېھرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن قىز ئەمەس... ئەقلىمگە كەلسەم، ئۆگەي دادامنىڭ سوغۇق كۆزلىرى ئالدىدا تەمتىرەپ يۈرگەنىكەنمەن، مەن شۇنداق بىر باغرى تاش ئادەمنىڭ ئالدىدا يېتىم ئوغلاقتەك شۈمشىيىپ چوڭ بولدۇم. ئانامنىڭ ماڭا زىمىستاندىكى قۇياش نۇرىدەك ئىللىقلىق بېرىپ تۇرغان ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتىدىن باشقا مېنى قانات ئاستىغا ئالغۇدەك قۇدرىتى يوق ئىدى. قېقىندى - سوقۇندىلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزمەك قانداق تەس - ھە! شۇنداق مۇھىتتا ئاستا - ئاستا چوڭ بولغانسېرى، مەندە ئۆز دادامنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى پەيدا بولدى، بۇ ئىستەك كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ ۋۇجۇدۇمدا بارغانچە ئوت بولۇپ ياندى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ۋاقتىمدا مەن ئاشۇ ئوتتەك ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆز دادامنى ئىزدەپ تاپتىم. بىراق، مەن ھەم ھوقۇقدار، ھەم سۆلەتۋاز (ئۇ كاتتا بىر باشلىق ئىكەن) دادامدىن ناتىۋان يۈرىكىم ئىنتىلگەن ئاتىلىق مېھرى ئەمەس، تەڭقىسلىقتىن پەيدا بولغان ھېسداشلىقنى ئېرىشتىم، خالاس. مېنىڭسىزمۇ بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئۈچ قىزى بار ئۆز دادام ئۆزىنى تەڭلىكتە قويماسلىقىمنى، مۇمكىن بولسا ئۆزى مېنى ئىزدەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۆتۈنۈپ، ماڭا يۈز

سوملۇق قىزىل قەغەزدىن ئۈچنى تەڭلىدى. مەن ئۇنىڭ پۇل تەڭلىگەن قاۋۇل، ئەپچىل قولىنى خىجالەتچىلىكتە قويۇپ ئۈن - تىنسىز كەينىمگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن پىنھانلاردا ياش تۆكىدىغان، ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان ناتىۋان قىزدىن ھەممىگە سوغۇق قارايدىغان، ھەممىگە نەپرەتلىنىدىغان تەبىئىتى سوغۇق بىر ئىنسانغا ئۆزگىرىشكە باشلىدىم.

— تولا مىشىلدىما، كىمگە يىغلاپ بېرىسەن؟! كۆرۈشنى ئارزۇلىغان، مېھرىگە تەلپۈنگەن، ئۆز داداڭنىمۇ كۆرۈپ قويدۇڭ، لېكىن ئۇ سۆلەتۋاز باشلىق ساڭا نېمە بەردى؟ ھېسداشلىق بىلەن ئۆتۈنۈش بەردى شۇ! قېنى، ۋاي قىزىم بۇ سەنمۇ... دەپ باغرىغا باسالىدىمۇ؟ پېشانەڭگە سۆيۈپ قويالىدىمۇ؟ ئىككى ئېغىز يۈرەك سۆزىنى قىلىپ ئۆزىنىڭ ئۆكۈنۈشىنى، قىزىنىڭ كەچۈرۈشىنى ئېيتالىدىمۇ؟ ياق! ياق! ئۇ ساڭا ئاتىلىق مېھرىنى بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئوخشىمىغان بىر خىل ئازابنى، ئازابلىق ئەسلىمىنى قالدۇردى، خالاس، دەيتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە.

ئەقلىم يېتىلگەنسېرى ھاياتنىڭ رەھىمسىزلىكىنى تونۇپ يەتتىم، ئادەملەرنىڭ بۇ دۇنيادا بىر - بىرىگە ھاجىتى چۈشمىسە، بىر - بىرىدىن روھىي مەدەت ئىستىمىسە ئارىدا مېھىر - شەپقەت بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم. غېرىب - غۇرۋا ھاياتىمغا نىجاتلىق ئىزدەپ، ئۆزۈمنى كېچە - كۈندۈز ئۆگىنىشكە ئۇرۇپ يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئالىي مەكتەپكە كىردىم. ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدىكى ئىشلار ساڭا ئايان، مەن سەن بىلەن بىر يىل بىللە ئوقۇ - ئوقۇماي باشقىچە بىر قىزغا ئايلىنىشقا باشلىدىم، مەن باشتا نېمە بولغانلىقىمنى تازا بىلەلمىدىم. كېيىن بىلسەم، مېنىڭ گۈزەل رۇخسارىم ئۆزۈمگە دۈشمەن بولۇۋېتىپتۇ. مېنىڭ ھېلىقى سۆلەتۋاز ئۆز دادامغا تارتقان سۇتتەك ئاپپاق چېھرىم، بۇلاقتەك كۆزلىرىم، قارلىغاچ قانىتىدەك ئەگىم قاشلىرىم، ئىلىپتەك بۇرنۇم، ئويماقتەك

ئاغزىم ئاشىق بولغۇچىلارنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەپ، كۆڭلىنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، تاپىنىنى قىزىتىپ، ئاغزىنى قىچىشتۇرۇپ زادىلا ئارام تاپتۇرمايۋېتىپتۇ... ئەنە شۇنداق تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ئىچكى جەھەتتىكى ئىقتىسادىي موھتاجلىق مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ھېلىقى سوغۇققان، نەپرەتلىك كۆزلىرىمنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىپ، تەبەسسۇم بىلەن كۆلۈمسىرەيدىغان جازىبىدار كۆزگە ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. مەن بىردىنلا ئۆزگىرىشكە باشلىدىم...

## 21

كەچكى قۇياش نۇرى بىنالارنىڭ غەربىي تېمىنى، ئەينەكلەرنى نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى. بىر پەستىن كېيىن قۇياش پاتسا، بۇ بىنالار ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كېتەتتى... سىڭىپ كېتەتتى ـ يۇ، قاراڭغۇنى قوغلىماقچى بولغاندەك بىر ـ بىرلەپ چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ باشقىچە بىر قىياپەتتە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى.

نۇر ـ زىيالىق قۇياش بىلەن تەڭ ئۇيۇققا سىڭىپ كەتكەندەك، چىرايىدىن كۈلكە ئۆچكەن، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ھەمدۇللا ھاجى تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپىنى ھەيدەپ شەھەر كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ نەگە ماڭغىنى، نېمە ئىشقا ماڭغىنى ئېسىدە يوق ئىدى. ياش، گۈزەل خوتۇنىنىڭ: مېھمانلىرىم تارتىنىپ قالدۇ، دەپ ئالدىنى توسقىنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەندى. ئۇ بىرەر يىلدىن بېرى خانىشنىڭ ئۆزى بىلەن سورۇنلارغا بېرىشتىن قېچىۋاتقىنىنى سېزىپ تۇراتتى. بۈگۈن ئۆزىنىڭ قورۇسىدا مېھمان كۈتىدىغان چاغدىمۇ شۇنداق قىلدى. ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بىر خوتۇن كىشىنىڭ ئالدىدا خورلۇق ھېس قىلغان ھاجى ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاشۇرۇۋېتەتتى، قىزىل چىراغدا توختىمىغانلىقىنى سەزمەي

قالدى. كېيىنكى ئايلانمىدا قاتناش ساقچىسى ئالدىنى توسقاندا، پىراۋىسىنى تەكشۈرۈپ جەرىمانە تالونىنى قولىغا تۇتقۇزغاندا ئاندىن ئۆزىگە كەلدى.

ھەمدۇللا ھاجى شەھەر مەركىزىدىن يىراقلاپ، دائىملىق چۆپقىتى بولغان ساتىراش ئۇستىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كەلدى. پىكاپنى يول ياقىسىدىكى پىيادىلەر يولىغا تارتىپ توختاتقاندىن كېيىن، ساتىراشخانىغا كىردى. ساتىراشنىڭ يۇمشاق ئورۇندۇقى ئۇنىڭغا بۇگۈننىڭ جىددىيلىكىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇراتتى، ھاجى ساقىلىنى ئالدۇرغاچ بىر پەس ئارام ئېلىپ، كەيپىياتىنى تەڭشىۋالماقچى بولدى.

— چاچنى بويامدۇق، ھاجىكا؟ — تونۇش ئۇستىنىڭ سوئالى ھاجىنى سەگىتىپ قويدى.

— ياق، ساقالنى...

— ساقاللىرى تېخى ئۆسمەپتۇغۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — ھاجى بىرئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى.

— چاچنى بوياپ قويساي بولمىسا، قارىسىلا، تېگىدىن يەنە ئاق چاچلار چىقىپ بولغان گەپ، بولمىسا چىرايلىق ئاغىچىلىرى...

— مەيلى، شۇنداق بولسۇن، — ھاجى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا باشقا خېرىدارلارغا قاراپ قويۇپ ئورۇندۇققا قىيسايدى. ساتىراشنىڭ چاقچىقىغا مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئىلگىرى چاچ بوياتمايتتى. خانىش ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندىن بېرى بۇ يېڭىلىق پەيدا بولدى.

ساتىراش بىرەر سائەتچە داۋاملاشقان مەشغۇلاتىنى ئاخىرلاشتۇراي دېگەندە، ھاجىنىڭ يان تېلېفونىدىن تورغاينىڭ چۇچۇلىغان ئاۋازى كەلدى. ئۇ يانفوننى قۇلىقىغا تۇتۇپ:

— قانداقراق ئەھۋاللىرى؟ — دەپ قارشى تەرەپتىن ئەھۋال سورىدى.

— بۈگۈن بىر كېلەلەرلىمۇ، جېنىم ھاجىم؟ — يانفوندىن ئايال كىشىنىڭ مۇلايىم ئاۋازى ئاڭلاندى.

— باراي، — هاجىنىڭ چىرايىغا كۆلكە يامىرىدى، — بازاردىن بىرەر نەرسە ئالغاچ بارايمۇ؟
— رەھمەت، بىز ئۇچۇن شۇنداقلا كېلىشلىرىمۇ بىر غەنىيمەت، هاجىم .
— ئەلسەنەمگىچۇ؟
— ئۇنىڭ لازىمەتلىكلىرىمۇ بار، بىرمۇنچە تاتلىق - تۇرۇم، ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بەرگەن.
— ماقۇل ئەمىسە، ئون بەش مىنۇتقا قالماي يېتىپ بارىمەن.
هاجى ساتىراشخانىدىن چىقتى. پىكاپنى ھەيدەپ كوچىلاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبى بۆلىكىدىكى كونىشەھەر رايونىغا كىردى. ئەگرى - بۈگرى تار كوچىلار قاراڭغۇلۇققا ئەسىر بولغانىدى. بۇ يەردە يېڭىشەھەر رايونىدىكى كەڭ، ئازادە يوللار، كۆككە بوي سوزغان بىنالار، چاقناپ تۇرغان چىراغلار يوق ئىدى. هاجى پىكاپنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ باش - ئايىغى كۆرۈنمەس ئېزىتقۇ شەھىرىدەك، كىشىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىدىغان بىرمۇنچە كوچىلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ خان كوچىسىدىكى خىش ئويما نەقىشلىك چوڭ بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىدى. دەرۋازا شۇ هامان ئېچىلدى، هاجى ماشىنىنى هويلىغا ئەكىردى.
— هارمىغايلا، هاجىم ! — ئايال دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقىۋېتىپ قەدىناسلارچە يېقىنلىق بىلەن هاجىنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— سالامەت بولسىلا، خېنىم، — هاجى بىئۋاقىت سايراپ قالغان يانفوننى بېسىۋېتىپ ئايال بىلەن ئەھۋاللاشتى.
— قېنى ئۆيگە... ئەلسەنەم، خان بالام، بۇياققا چىقسىلا، دادىلىرى كەلدى!
ھەمدۇللا هاجى كاتتا ئايۋان - سارايلىق ئۆيگە قەدەم ئالغۇچە، ئالتە - يەتتە ياشلار چامىسىدىكى ئوماق بىر قىز يۈگۈرگەنچە ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى.

— ئوھۆي، مېنى سېغىنىپ كەتكەن ئوخشىمامسىلا، خان قىزىم؟

— ھەئە، سىلىنى بەك سېغىندىم، دادا. ئۇزاق بولدى، ئۆزلىرى كەلمىدىلە، بۇنداق كەلمەۋەسلىرى قانداق بولدۇ، دادا؟

— ۋۇنەم، ۋۇنەم، — ھاجى قىزىنى كۆتۈرۈۋېلىپ كەڭ پېشانىسىگە، ئالمىدەك قىزىرىپ تۇرغان ئىككى مەڭزىگە ئاتىلارچە مېھرى بىلەن سۆيدى، — سودا - تىجارەت ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، خان بالام!

— پۇللىرى شۇنداق جىقتىمغۇ، دادا؟ — قىز ھاجىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، يىپىشىپلىۋالدى.

— ئەلسەنەم، ئەلسەنەم... — ھاجىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ تۇرغان مەزلۇم ئەلسەنەمنى قولىغا ئالدى، — دادىلىرى بەك چارچاپ كەتتى، ئۇنى كۆرپىگە باشلاپ، قولىغا سۇ بېرەيلى... ئاندىن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەيلى، بولامدۇ؟

— ھىم... — قىز ھاجىغا يىپىشىۋېلىپ، ئانىسىغا چىققىلى ئۇنىمىدى. مەزلۇم قىزنى گەپكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قورقاق سالدى :

— بۇنداق قىلىسىلىرى، دادىلىرى سىلىدىن رەنجىپ كەلگىلى ئۇنىمايدۇ، جۇما، خان!

— راست شۇنداق قىلامىلا، دادا؟ — قىز ھاجىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، ئايال ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ قىزىنى گەپكە كىرگۈزدى، ھاجىنى مېھمانخانىدىكى ئىككى قات سېلىنغان كۆرپىگە باشلاپ، ئاپتۇۋا - چىلاپچا ئەكېلىپ قولىغا سۇ بەردى. ئالدىغا داستىخان سېلىپ مەزە، قەنت - گېزەك، قۇرۇق مېۋە - چىۋىلەرنى تىزدى.

— قېنى تاتلىق - تۈرۈملارغا ئېغىز تەگكەچ ئولتۇرسىلا، — دېدى ئايال ھۆرمەت، تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن ھاجىغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، — ئۆزلىرىنىڭ كېلەلەيدىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ

نېرىن قىلاي دېگەن، ھازىرلا پىشىدۇ.

— ھە، — دېدى ھاجى كەينىدىكى ياستۇققا قىيسىيىپ، — بۈگۈن ئانچە ئالدىرىشىم يوق.

— بولسا قونۇپ بەرسىلە، قىزىمىز بويۇنلىرىغا ئېسىلىپ ئۇخلىۋالسۇن.

— ھە قېنى، مەنمۇ ئۇنى سېغىنغانىدىم...

ھەمدۇللا ھاجى خۇش پۇرىقى ئۆيگە تاراۋاتقان زەپە چايدىن ئىككى ئوتلىغاندىن كېيىن، خۇشاللىقتا قىلىق تاپالماي قالغان ئەلسەنەم بىلەن ئويۇنغا چۈشتى. ئوتقاشتەك قىزىل چاچما گىلەم سېلىنغان سالقىن، ئازادە ئۆيدە بەخت كۈلكىسى ئەۋجگە چىقماقتا ئىدى.

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ كەچكى مەنزىلى بولغان خان كوچىسىدىكى بۇ قورۇ خاندانلىق دەۋرىدىكى خان قەسىرىدەكلا كاتتا ئىدى. چوڭ دەرۋازىدىن كىرىشكە ئالاھىدە لايىھەلەنگەن سەينا، سەينانىڭ ئوتتۇرىسىدا گۈللۈك، گۈللۈكنىڭ مەركىزىدە يەڭگىل سۇ پۈركۈپ تۇرغان فونتان ھويلىنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ تۇراتتى. ئالدى كۈنچىقىشقا قارىغان ھەشەمەتلىك ئايۋان — سارايلاردىن بۇ قورۇنىڭ ئەسلىدىنلا كاتتا زەردار دۆلەتمەنلەرنىڭ قەسرى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بۈگۈن بۇ قورۇدا توختىغان تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپ، كىچىككىنە قىزى بىلەن ئويۇنغا چۈشكەن بىر ئاتا خېلىدىن بېرى جىمجىتلىشىپ قالغان ھويلىغا بەخت شادلىقى ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئايال يىگىرمە مىنۇتقا قالماي تاماق كۆتۈرۈپ كىردى، خىرۇستال پەتنۇستىكى جانان چىنىدىن نېرىننىڭ مەززىلىك ھىدى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

— ئەلسەنەم، خان... دادىلىرى ئەمدى تاماق يەۋالسۇن، بالام.

— مەنمۇ دادام بىلەن ئولتۇرۇپ تاماق يەيمەن.

— دېگەنلىرىدەك بولسۇن، خان. قېنى كەلسىلە، — ھاجى قىزىنى قولىدىن چۈشۈرمەي داستىخانغا ئەكېلىپ يېنىدا

ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن چىننىنى قولىغا ئېلىپ بىر قوشۇق ئاشنى پۇۋلەپ قىزىنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى.

— ۋىيەي، ئۆزى يېسۇن ھاجىم، مانا ئۇنىڭ ئېشى.

— بۈگۈن مەن يېگۈزۈپ قوياي، قانداق دېدىم، قىزىم؟

— ھىم...

ھاجى خېلىدىن بېرى بۇنچە كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ تاماق يەپ باقمىغانىدى، نېرىنمۇ بەك ئوخشىغانلىقتىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ كەتتى.

— كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، ھويلىدىكى گۈللۈكتە بىردەم سەگىدىۋالامىلا؟ كىچىلىك كىيىملىرىنى يۇيۇپ دەزمالىلاپ قويغانىدىم، — قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ يەنە قىزىق چاي كۆتۈرۈپ چىققان ئايال قۇندۇزدەك قارا كۆزلىرى بىلەن ھاجىغا باقتى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، — تويۇنۇپ سەل قولايسىزلىشىپ قالغان ھاجى شۇ گەپنى كۇتۇپ تۇرغاندەك سارايىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ھۇجرىغا ماڭدى.

— سىلى مە كەلسىلە خان بالام، — ئايال ھاجىنىڭ كەينىدىن ماڭغان ئەلسەنەمنى يېنىغا چاقىرىۋالدى، — دادىلىرى كىيىم ئالماشتۇرۇپ چىقسۇن.

ھاجى كىيىم يۆتكەپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ئاق شايىدىن تىكىلگەن كەڭ يۇمشاق كىچىلىك كىيىمدىن قىزىلگۈل ئەتىرى پۇراپ تۇراتتى.

ئۇلار ھويلىغا چىقىپ پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدىكى گىلەمدە ئولتۇرۇشتى. گۈللۈك سەينادا توختىتىلغان پىكاپقا چىقىۋالغان ئەلسەنەم بولسا سىنقويغۇنى ئېچىپ، ناخشا - ئۇسسۇلغا شەيدا بولغانىدى.

يىراقلاردىن ئۇزۇپ كەلگەن ئاي ھويلىنىڭ ئاسمىنىدا توختاپ قالدى. قاردەك ئاق شايى كىيىم ئىچىدە كېرىلىپ ئولتۇرغان ھاجىنىڭ كۆزلىرى كۆكتە ئېسىلىپ تۇرغان ئايغا تىكىلگەنىدى.

— چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتەيمۇ؟ — ئايال پەس ئاۋازدا سورىدى.

ھاجى ئايدىن كۆزىنى ئۈزمەي:

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى.

— ئايىنىڭ جامالى قاراڭغۇدا تېخىمۇ نۇرلىنىدۇ.

ھاجى بېشىنى لىڭشىتتى، ھويلىنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلدى. دېگەندەك ئاي تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى.

— ئايخېنىم، — دېدى ھاجى ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن تۇيۇقسىز ئېغىز ئېچىپ، — مەن ئەللىك ياشقا كىرىپ قالغان ئادەم تۇرۇقلۇق ئايىنىڭ بۇنداق نۇرلۇقلۇقىغا، چىرايلىقلىقىغا ئەجەب دىققەت قىلماپتىكەنمەن...

— سىلى ئايىنىڭ چىرايلىقلىقىغا گول بولمىسىلىرى ھاجىم، — دېدى ئايال ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — ئاي چىرايلىق بولغان بىلەن ئۇنىڭ ھەسرىتى ئالەمچە...

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، ئايخېنىم؟ — ھاجى ھەيران بولۇپ ئايالغا قارىدى.

— قارىسىلا، ئايىنىڭ يۈزىدىكى داغقا...

ھاجى يېڭىباشتىن ئايغا باقتى. دېگەندەك شۇنچە چىرايلىق ئايىنىڭ يۈزىدە شۇنداق ئېنىق داغلار تۇراتتى، ئۇ ھەيران بولۇپ ئايالغا بۇرالدى :

— دېگەنلىرى راست ئىكەن، ئايخېنىم... نېمە داغ ئۇ، سىلى بىلەملا؟

— ھەسرەت، نادامەت دېغى، ھاجىم !

ئايخېنىم تۇيۇقسىز ھاجىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى، بېشىنى كۆكرىكىگە قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— نېمىشقا يىغلايلا، خېنىم؟ نېمىشقا چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلىدىلا؟ — ھەمدۇللا ھاجى ئايالنىڭ يۇمشاق قوللىرىنى تۇتۇپ ئۇنى بەزلىدى.

— راست، — ئايخېنىم بۇقۇلداپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەسلىدە كۈن بۇ دۇنيا ئىقلىمىنىڭ ئاتىسى، ئاي

بولسا ئانىسى ئىكەن. كۆڭ ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ كۆندۈزىنى يورۇتسا، ئاي ئۆزىنىڭ مېھرى بىلەن قاراڭغۇ تۈننى نۇرلاندۇرىدىكەن. ئاي بىلەن كۈن ئاشۇنداق ئۇلۇغ مېھىر - مۇھەببەت بىلەن بىر - بىرىنى قوغلىشىپ بۇ دۇنيانى ھاياتلىق نۇرىغا چۈمدۈرگەندە، خانىش يۇلتۇز ئارىغا قىستۇرۇلۇۋاپتۇ، كۈن بىلەن ئاينىڭ ئارىسى يىراقلىشىپ كېتىپتۇ، بۇ ھالدىن پەرىشان بولغان ئاي ھەسرەت - نادامەتتىن پۇچىلىنىپ، پەرىشانلىق ئىلكىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ... ھەسرەت يامان ئىكەن، ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، ئاينىڭ قەلبىدىكى ھەسرەت - نادامەت ئۇنىڭ سۈزۈك يۈزىگە تېپىپ چىقىپتۇ...

ئايخېنىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. قەلبىنى بىر ئاز خىجالەتچىلىك قاپلىۋالغان ھاجى ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— ياش تۆكمىسىلە، ھېلىمۇ ھال - ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىمەنغۇ؟

— سىلىچە، شۇلا كۇپايىمۇ؟ ئۆزلىرى ئاشۇ خوتۇننى تۆپىلەپ نىكاھلىرىغا ئالغان بەش يىلدىن بېرى مېنىڭ يۈرىكىم تونۇرغا سالغان كاۋاپتەك ئاستا - ئاستا قورۇلۇپ تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ يۈرەك مېنىڭ يۈرىكىم بولماي قوينىڭ يۈرىكى بولغان بولسا تاينىلىق، ئاشۇ گۈزەل خانىشقا كاۋاپ قىلىپ ئاپىرىپ بەرگەن بولسىلا، ئۇ بىر يالماپلا مەززە قىلىپ يەۋەتكەن بولسىچۇ، كاشكى!

ھاجىنىڭ بېشى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇنۇ دەردمەن ئايالغا تەسەللى بەرگۈدەك، ئۇنى بەزلىگۈدەك قۇدرىتى قالمىغانىدى.

ئەي جاھان... ھەمدۇللا ھاجى تەسكىن كۆڭلىگە تەسەللى ئىزدەپ كەلگەن بۇ كاتتا ساراي ئۇنىڭ قەدىمىي خان كوچىسىدىكى ئوردىسى، يېنىدا ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان ئايخېنىم بولسا ھالال رىزقى قېتىلغان خوتۇنلىرىنىڭ بىرسى — ئەلسەنەمنىڭ ئانىسى ئىدى.

## 22

چارباغدىكى يىغىلىش ئۇنتۇلۇۋاتقان ئەسلىمىلەرنى قايتا ئەسكە سالدى.

خانىش مېھمانلىرىنى ئۇزىتىپ، ئۇھ دېگەندە، ئالىلىقاچان كېچە سائەت بىر بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قىزىلگۈل بەرگىدەك ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئېرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى.

— نەگە كەتتىكىنە، بۇ ئادەم؟ — خانىش ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، ماموق تۆشەكلەر سېلىنغان يۇمشاق كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. تومپۇچكىدىكى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ ھاجىنىڭ يانفون نومۇرىنى باستى. بىراق، يانفون ئېتىكلىك بولۇپ چىقتى.

— ھىم... — خانىشنىڭ ھارغىن چېھرى تۇتۇلدى، گۇلبەرگى رەڭگىدىكى زەر پەردىلەر ئىچىدە تۇرغان ئازادە ھۇجرىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە كۆز يۈگۈرتتى. ھەمدۇللا ھاجى ھۇجرىسىنىڭ بىر يېرىدىن لوڭڭىدە پەيدا بولۇپ چىقىپ كۇچلۇك بىلەكلىرى بىلەن ئۇنى قۇچاقلىۋالىدىغاندەك بىر خىل تەمەدە ئۇمچەيدى. بىراق، كېچە جىمجىتلىقىغا چۆككەن تىپتىنچ ئۆيدە ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىستىكى قەدىرسىز قالدى. ئۇ ئاجايىپ قاۋۇل، مېھىر - مۇھەببەتلىك ئادەم ئىدى. ئاياللارنىڭ قەدرىگە يېتىشنى بىلەتتى. خانىش كۇندۇزلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەر خىل مىجەز - خۇلقلارنى چىقىرىپ بىر خىل نارازى كەيپىياتتا ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى دېگەن بىلەن ئەمدىلىكتە بۇ ئادەمگە كۆنۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىگەن خانىش تېلېفون تۇرۇپكىسىنى يەنە قولىغا ئالدى :

— ۋەي ئەنقەرمۇ؟ دادىڭىز ئۆيگە كەلمەپتۇ، ئۇ ئادەمنىڭ نەدىلىكىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— مەنمۇ چۈشتە كۆرۈشكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرمىدىم، —

دېدى ئەنقەر ئۇيقۇلۇق ئاۋازدا.

— مېھمانخانىدا قونۇپ قالدىمۇ يا؟ مېھمانخانا باش مۇلازىمەت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىپ باققان بولسىڭىز...

— ماقۇل، مەن ئۇقۇشۇپ باقاي.

نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئەنقەرنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى :

— دادام مېھمانخانىغا كەلمەپتۇ.

خانىش تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تاراققىدە قويدى. ئىچى تىتىلداپ ئېغىر تىنغانچە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى... دېرىزىدە ئويناپ تۇرغان ئاي شولىسى غايىب بولۇپ يالغۇزلۇقنى قاپسىۋالغان قاراڭغۇلۇق ھۇجرىنى زىمىستانغا ئايلاندۇرۇپ قويدى...

خانىش كۆزلىرىنى يۇمدى. گىرىمسەن خىيال بىلەن چۈش ئارىلىقىدا ئېزىپ يۈرگەندەك ئۇزاق بىر كېچىنى كېزىشكە باشلىدى.

— يىغلاپسەنغۇ، خانىش؟

ئايال كۆزلىرىنى زادىلا ئاچالمىدى، بىراق بۇ ئاۋاز تونۇشتەك بىلىندى. بۇ پولاتنىڭ ئاۋازى ئىدى، ئۇلار ئىككىسى ئولتۇرۇش ئاخىرلاشقۇچە مۇڭدىشىپ چىققانىدى.

— مەن سەندىن گەپ سوراۋاتىمەن، نېمىشقا بۇنچە ئازاب چېكىسەن؟

خانىش كۆزلىرىنى ئاچالماستىن، لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى:

— مېنىڭ بۇ گۆردە يالغۇز ياتقىنىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— خوپ بوپتۇ، تازا ! — دېدى پولات ئەرۋاھتەك ئۇنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ، — سەن ئۇنىۋېرسىتېتتىكى چېغىمىزدا مېنى ياراتمىغان، گۈزەل چىرايىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ ماددىي مەئىشەتكە ئۆزۈڭنى ئاتقان !

— نېمانچە يېغىرىمنى تاتىلايسەن؟ — دېدى خانىش تېخىمۇ ئېزىلىپ يىغلاپ، — سەن ئۇ چاغدا مېنىڭ گۈزەل رۇخسارىم، زىلۋا قەددى - قامىتىمنىڭ كەينىگە قانداق دىشۋارچىلىقلارنىڭ

يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەيتتىڭ، پولات!

— نېمە دەيسەن؟

— مەن ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن پۇل - ئىقتىسادتىن قىسىلىپ ھە دېگەندە ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدىم. ھەر يىلى مەكتەپكە تاپشۇرىدىغان ئوقۇش پۇلى قەرز بولۇپ بويىنۇمغا ئارتىلغانىدى. شۇ كۈنلەردە مەن بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدۇم، ئەپسۇسكى، مېنىڭ ئۆزۈمگە دۈشمەن بولغان بۇ چىرايىم مېنى بىر كۈنمۇ ئارامىدا قويمىدى. مەن ئىشلەشكە بارغان رېستوران، تاللا بازارلىرىدىكى پۇلدار ئەرلەر مېنىڭ كۆزلىرىمگە ھەمىشە شەھۋەت، ئىشق - مۇھەببەت بىلەن تىكىلسە، ئاياللار كۈنداشلىق، رەشك ئوتىدا تىكىلەتتى. مەن ھېچ يەرگە پاتمايتتىم، بىر - ئىككى ئايلىق ئىش ھەققىمنى ئالا - ئالمايلا ئۇن - تىنسىز كېتىپ قالاتتىم، قىيىنىلاتتىم، ھەسرەت چېكەتتىم. شۇنداق قىلىپ، تۆتىنچى يىللىققا چىققان يىلى ھاياتىمدا تۇيۇقسىز بىر ئۆزگىرىش بولدى. مەن ئۆزۈمچە چەت ئەللىكلەر بىلەن سودا قىلىۋاتقان بىر بايغا رۇسچە تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىش جەريانىدا بۇ ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.

مېنىڭ نەزىرىمدىكى ھەمدۇللا ھاجى كەڭ قورساق، مەرد ئادەملەرنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئۇرۇمچىگە كېلىپ سودىسىنى ئوڭۇشلۇق پۈتكۈزگەندە، مەن ئەستايىدىللىق بىلەن تولدۇرۇپ بەرگەن ئوخشاش مەزمۇندىكى رۇسچە، ئۇيغۇرچە توختامنى تاپشۇرۇۋالغاندا، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتاتتى. ئىشنى تۈگىتىپ مەكتەپكە ماڭسام، تاماق يەپ كەت دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇرۇمچىدە ئاتا - ئانىسى ئەمەس، ھېچقانداق ئىچ كۆيەر تۇغقىنى يوق بىر نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسسىق تاماققا تەكلىپ قىلىنىشى ئالەمچە خۇشاللىق ئىش. مېنىڭ ئاتا مېھرى كۆرمىگەن ياۋا ۋۇجۇدۇم تارتىنغان ھالدا كەينىگە

داجىغاندا، ھەمدۇللا ھاجى: شۇنداق قىل، چىرايلىق قىز، مىنىڭ قورسىقىمنىمۇ ئاچ، دەپ چاڭ تۇرۇۋالاتتى. مەن تارتىنىپ، قورۇنۇپ تۇرسامىمۇ، قورسىقىم تويغان، ۋۇجۇدۇم ئىللىغان ھالدا ئۇ ئادەم بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپكە قايتاتتىم.

چەت ئەل تىلى مىنى ئاستا ـ ئاستا يېڭى يولغا، يېڭى دۇنياغا باشلىدى. مەن ئەنە شۇنداق سودا ئىشلىرى تەرجىمانلىقى ئۈچۈن ھەمدۇللا ھاجى بىلەن ھەر ئايدا دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدۇم. ھەمدۇللا ھاجى سودىغا كەلگەندە قىلنى قىرىق يارىتتى، يىگنىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇراتتى. ھېسابتىن چولتا چىققان سىرىق سىنىتنىمۇ تەپسىلىي ھېساب قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرگەن ئادەم چوچەكلەردىكى بېخىل بايلارنى رېئاللىقتا كۆرگەندەك بولاتتى. لېكىن، بۇ ئادەم ماڭا كەلگەندە پىخسىق ئەمەس ئىدى. ئىش ھەققىمنى ئۇدۇلمۇئۇدۇل بېرەتتى، پات ـ پات مېھمان قىلىپ تۇراتتى. بۇنى ئاز دەپ، ھە دېگەندە ماڭا كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت سوۋغا قىلاتتى. مەن خىجىل بولۇپ رەت قىلسام، ئۇ مەن بىلەن تىكلىشىپ تۇرۇپ:

«ئاله، سىنى بۇ يەردە ۋاي قىزىم، دەيدىغان ئاتاڭ بارمىدى، ئاناڭ بارمىدى ...» دەپ ئاچچىقلىنىپ قوياتتى. بۇنداق ئىشلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلاتتى. مەن تۇرۇپلا بۇ ئادەمنى ئۆز دادامغا ئوخشىتىپ قالدىم.

ئۆمرۈمدە پەقەت بىر قېتىملا كۆرۈشكە نېسىپ بولغان ھېلىقى كاتتا دادام، ھەمدۇللا ھاجىغا ئوخشاش مۇشۇنداق قەددى ـ قامەتلىك، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. لېكىن، مەن دادام بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ چېھرىدىن بۇنداق مۇلايىملىقنى، ئىللىقلىقنى، مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۆرمىگەنىدىم. بەزىدە ئويلىنىپ تەقدىرگە ھەيران قالاتتىم، ياراتقان خۇدا مىنىڭ خانىۋەيران قەلبىمگە ئۆز دادامدىن كەلمىگەن مېھىر ـ ۋاپانى بۇ كىشى ئارقىلىق بەرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمنى بەزلەيتتىم... شۇنداق يۈرۈپ مەن ھەمدۇللا ھاجىغا ئىچەركىشىپ

قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن سودا ئىشلىرىنى بىجىرىۋاتقاندا، دادام بىلەن چىپىپ يۈرگەندەك، تاماق يەۋاتقاندا، دادام بىللە تاماق يەۋاتقاندەك، خوشلىشىپ مەكتەپكە ماڭغاندا، گويا دادام بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇدا يۈرىدىغان بولدۇم. شۇ يىلى سودىسى قىزىپ كەتكەن ھەمدۇللا ھاجى رامىزاننىڭ بىر شەنبە كۈنى ئۆشرە ـ زاكات توغرۇلۇق ئىغىز ئىچىپ قالدى.

ــ ئۆزىڭىز زامانىۋى شەھەردە تىجارەت قىلىپ يۈرگەن بىلەن، كونىلىق ئىدىيەڭىز بەك كۈچلۈك ئىكەن، ــ دىدىم مەن خېلى ئۆزىراپ قالغان تىلىم بىلەن، ــ ھازىر بەزى مۇسۇلمانلار ئۆشرە ـ زاكات، خەير ـ ساخاۋەت بېرىشنى ئۇنتۇپ كەتتى.

ــ ئۆشرە ـ زاكاتلارنى بەرمىسەك بولمايدۇ، ــ ھاجى ئۆشرە ـ زاكات، خەير ـ ساخاۋەت بېرىش توغرىسىدىكى ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

مەن قايتا گەپ قىلمىدىم، چۈنكى مېنىڭ ئۆشرە ـ زاكات بېرىش ۋە باشقا مۇسۇلمانچىلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچەم يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ھاجى ئالتە شەھەر تەرەپلەردە بايلارنىڭ ئۆشرە ـ زاكات، خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ناھايىتى ئېتىبار قىلىدىغانلىقىنى، ئۆشرە ـ زاكاتقا موھتاج بولىدىغان كەمبەغەللەرنىڭمۇ كۆپلۈكىنى تىلغا ئالدى. ئەتىسى ئۇ تۇيۇقسىز بىر تۇتام پۇلنى ئالدىمغا قويدى ھەم مەن ئۈچۈن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلگىنىچە :

ــ مەن رامىزاندا زاكاتنى قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا بېرەي دېدىم، ــ دېدى. مەن بىردىنلا قىزاردىم، تاۋىم بۇزۇلدى :

ــ مېنى يۇرتىڭىزدىكى ئاشۇ كۆك نامراتلارغا ئوخشىتىپ قالدىڭىزمۇ، قانداق؟

ــ ياق، ــ دېدى ھاجى يەنىلا مۇلايىم قىياپەتتە «ھەدىس»تە ئۆشرە ـ زاكاتنىڭ ساۋابى، ئەھمىيىتى كۆپ تەكىتلەنگەنىكەن،

شۇڭا بەزىبىر ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلەرگە زاكات بەرگۈچە، ساغلام ئوخشاش ئىختىساس ئىگىلىرىگە بەرگىنىم ياخشى بولارمىكىن دەپ ئويلىدىم.

مەن قولۇمنى سىلكىپ كەينىمگە بۇرالدىم.

— هوي، ماۋۇ قىزنى... ئال، ئاله، مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىگەنلىكىنى ئېيتقان قىز سەن شۇمۇ، ئەمەسمۇ؟ !

مەن لاسىسىدە بوشاشتىم، ئۇ ئىشنى دەپ سالغانلىقىمغا كۆڭلۈمدە پۇشايمان قىلدىم. كەينىمدە هاجىنىڭ مۇلايىم ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ئەسلىدە بۇ پۇلنى مەكتەپ تەشكىلى ئارقىلىق بېرەي دېگەن، لېكىن ھەقىقىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەلىيلەشمەي قېلىشىنى ئويلاپ...

ئۇ بىرمۇنچە سۆزلەپ، پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى، بۇ ئادەم كۆڭلىدە لايىق كۆرگەن، قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلماي قويمايدىغان ئادەم ئىدى.

مەن ئاخىر پۇلنى ئالدىم. قەرز ئالغان ئوقۇش پۇللىرىمنى تۆگىتىپ، مەكتەپتە بېشىمنى تىك تۇتۇپ يۈرىدىغان بولدۇم. ھەمىشە كونىغا، ياراشمىغان كىيىملەرگە كۆنگەن زىلۋا قامىتىم يېڭى نۇسخىدىكى كىيىملەر بىلەن ئۇرۇمچىنىڭ يېڭىلىقلىرىغا لايىقلىشىۋاتاتتى.

— مۇنداق دېگىن ! — پولات ئەرۋاھلاردەك ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى، — مەن تېخى سېنى شۇ يىللاردا دادىسى بىر يەرگە باشلىق بولۇپ ئۆسكەن بولسا، پايدىسى ساڭا تەگ تەقسىم بولغان چېغى، دەپتىمەن !

— مەن دادا مېھرى دېگەننى بىلمەيمەن، دەپ ئېيتتىمغۇ !

— راست شۇنداق دېگەنىدىڭ... كېيىنچۇ؟ كېيىن سەن قانداقلارچە شەھەردە تۇرۇپ قالدىڭ؟ سەن ئەسلى چەت، بۇلۇڭ - پۇچقاقتىكى ناھىيەدىن ئەمەسمىدىڭ؟ — پولات خانىشنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىناتتى.

— مېنىڭ سىرىمنى كوچىلاپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟ — ئىچ - باغرى ئوت - كاۋاپ بولۇپ قىزىپ كەتكەن خانىش پولاتقا تەتۈر قارىدى.

— مەن سېنى سۆيەتتىم، لېكىن سېنىڭ ئايىغىڭ ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن سېنىڭ ئىز - دېرىكىڭنى ئالالمىدىم.

خانىش جىمىپ قالدى، پولات بولسا ئەرۋاھتەك ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان خانىش ھالسىز ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىلى ئەتىيازدا ئاپامنىڭ تۇيۇقسىز قازا قىلغانلىق خەۋىرى كەلدى. مەن يۇرتقا بېرىپ ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەي، قەبرىستانلىقتىكى بىر دۆۋە نەم تۇپراقنى قۇچاقلاپ ھەسرەت ياشلىرىمنى تۆكتۇم. تۇغقانلاردىن ئاڭلىشىمچە، دوختۇر ئاپامغا يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بىلەن قازا قىلغان، دەپ دىياگنوز قويۇپتۇ. ئاپامنىڭ يەتتە نەزىرىدىن كېيىن مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم. ئۇستىبېشىمدا قارىلىق كىيىم، كۆزلىرىمدە لىق ياش... ئاپامنىڭ قىرىقى توشقۇچە يانفونۇمنى ئېتىپ ھېچكىم بىلەنمۇ ئارىلاشماي يۈردۈم، بىراق بېشىمغا كۈن چۈشكەن شۇ كۈنلەردە ھەمدۇللا ھاجىنى ئويلاپ قالدىم. مېنىڭ ھاجىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ راسا بىر يىغلىۋالغۇم، ئۆز ئاتامدىن ئېرىشەلمىگەن ئاتىلىق مېھرىنى ئۇ كىشىدىن ئىزدىگۈم كەلگەنىدى.

ياز يامغۇرى سىمىلداۋاتقان بىر شەنبە كۈنى مەن ھەمدۇللا ھاجىغا ئاخىر تېلېفون قىلدىم.

— بۇ دۇنيا - ئىقلىمدا بارمۇ سەن، ھەي قىز؟ — دېدى ھاجى ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، — دەرھال كونسۇل كوچىسىغا كەل، ئەنجانلىق ئاغىنىلەر بىلەن توختاملىشىدىغان ئىش چىقىپ قالدى!

مەن باردىم، ھاجى چىراي - تۇرقى قەشقەرلىكلەردىن پەرقلەنگۈسىز ئىككى ئەنجانلىق بىلەن سۆزلىشىۋاتقانىكەن.

ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاساسەن ئۇقىلى بولىدىكەن، بىلەلمىگەن گەپلەرنى رۇس تىلىدا سۆزلىشىپ ھەل قىلدۇق ھەم ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولغۇدەك توختام تۈزدۇق.

— نەچچە قېتىم ئىزدىسەم، ئىز ـ دېرىكىڭ يوق. يانفونۇڭ ئېتىكلىك... — ھاجى ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ماڭا سوئال نەزىرىدە باقتى. مەن ئانىسىز قالغانلىقىمنى، ئەمدى بۇ دۇنيادا ھېچقانداق يېقىن كىشىم قالمىغانلىقىنى سۆزلەپ يىغلاپ تاشلىدىم. ھاجى ماڭا تەسەللى ئېيتتى، «ھەدىس»تە شەرھلەنگەن ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم ھەققىدىكى بايانلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ كۆڭلۈمنى ياسىدى. مېنىڭ كۆڭلۈم تىنچىپ قالدى. جان كۆيەر ئاپامدىن ئايرىلىپ قالسام، ئاتام يېنىمدا پەيدا بولغاندەك كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەمدۇللا ھاجىنىڭ پېشكە تېخىمۇ چىڭ ئېسىلدىم. ئۇنى ئەڭ پايدىلىق سودا ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەشكە تىرىشتىم. بىر قىسىم نائىنسابلارغا ئوخشاش چەت ئەللىكلەر بىلەن يەرلىكلەر ئوتتۇرىسىدا تەتۈر تەرجىمانلىق قىلىپ ئازراق نەپكە ئېرىشىش بەدىلىگە ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىنى ئوڭدا قويىدىغان قىلىقلاردىن ساقلاندىم.

ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ھاجى بىلەن خوشلىشىپ يۇرتقا باردىم. ئۆگەي دادام ئالىلىقاچان توي قىلىپ ئۆيگە خوتۇن ئەكىرىۋالغان، ماڭا ھېچكىمنىڭ قارار كۆزى يوق ئىدى. خىزمەتتىن تېخى خەۋەر يوق، ئالىي مەكتەپنىڭ دىپلومى، خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانى دەرىجە كىنىشكىسى دېگەندەك بىر تالاي كىنىشكىلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، خەۋەرلىشىش شىركىتى، مېھمانخانىلاردا ۋاكالىتەن كەسىپ بېجىرگۈچى بولۇپ ئىشلەپ يۈردۈم. دۆلەتنىڭ ئوقۇتقۇچى تولۇقلاش ئىمتىھانى، مەمۇرلۇق ئىمتىھانى دېگەندەك مۇھىم ئىمتىھانلارنى كېيىنكى يىلىغا ئورۇنلاشتۇرغان بولغاچقا، ياخشىراق ئىش ئورنىغا كىرىش ئۈچۈن ۋاقىت، پۇرسەت كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۆيدە مەن بەك سىقىلىپ

كەتتىم، ماڭا نەشتەردەك قادىلىدىغان سوغۇق بىر جۈپ كۆز ئەمدى كۆپىيىپ ئىككى جۈپ بولغانىدى. شۇ ئەھۋالنى يوشۇرماي دەۋېتەي: ئۆگەي دادامنىڭ خوتۇنى مېنى ئۇنىڭدىن قىزغىنىۋاتاتتى، كۈنلەۋاتاتتى. كونا بىنادىكى تار ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ماڭا بەكمۇ تار كەلگەنىدى...

خانىش بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. تىلى كالۋالىشىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

— ئۆي تار كەلدى؟ — خانىشنىڭ ئاغزىغا قاراپ مۇگدەپ قالغان پولات ئەرۋاھتەك پىرقىرىدى، — ساڭا بىر ئىش بولغانمىدى؟

— ھەئە، دېكابىرنىڭ سوغۇق بىر كېچىسى مەن ئاخىر ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم.

— ئۇھ ... نېمە ئىش بولغانىدى؟

— ھېچ ئىش بولمىدى... سوراپ نېمە قىلىسەن؟ مەن قېچىپ چىققاندىن كېيىن ھېچ ئىش بولمىدى... مەن يۇرتۇمنى، ئاپامنىڭ تۇپرىقىنى تاشلاپ چەت ـ يىراق ناھىيەدىن شەھەرگە كەلدىم.

شەھەردە ھەمدۇللا ھاجىنى تېپىپ ماڭا ئۆزۈمگە لايىق بىر خىزمەت تېپىپ بېرىشىنى، ئاتىدارچىلىق قىلىشىنى ئۆتۈندۇم.

— شاھادەتنامىلىرىڭنى ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ھاجى.

مەن بېشىمنى چايقىدىم. كۆزلىرىم، ياق، كۆزلىرىملا ئەمەس، يۈرىكىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم توختىماي ياش تۆكەتتى. بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىۋاتقان ئادەمنىڭ ئەقلىگە ئۆزىنىڭ ئىسسىق جېنى، ئار ـ نومۇسىدىن باشقا نەرسە كەلسۇنمۇ!

— بولدى يىغلىما، — دېدى ھاجى، — نېمە قىلىسەن يىغلاپ؟ ئاۋۋال بىزنىڭ شىركەتتە ئىشلەپ تۇرغىن.

ھەمدۇللا ھاجى ئىگىلىكىنى زورايتىپ، ئۆي ـ مۈلۈك كەسپىگە يۈرۈش قىلغانىكەن. مەن ئۆي ـ مۈلۈك شىركىتىدە

خېرىدار چاقىرغۇچى دىرېكتور بولدۇم.

مەن قىلىۋاتقان بۇ كەسىپ ھازىرقى ئەڭ بازارلىق قىزىق كەسىپلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ئىش ھەققى ئىش ئۈنۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولغاچقا، شەخسىي سودا قىلىۋاتقاندەك بېرىلىپ ئىشلەيتتىم. ھاجى مېنىڭ خىزمىتىمدىن ھەقىقىي رازى بولغاندەك قىلاتتى.

بىر كۈنى چۈشتە ھاجى مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. تاماق چىققۇچە گەپ ساتتى، كېيىن تولۇمدىن توقماق چىققاندەك، تۇيۇقسىزلا بىر گەپنى قىلدى :

— سەن بارغانچە يارامىلىق قىزلاردىن بولۇپ قاپسەن. تۇرۇپلا سېنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم. مۇشۇ چىرايىڭ، ئەقلىڭ بىلەن ئۆزىمىزنىڭ گۈزىلى بولۇپ قالساڭچۇ، كاشكى !

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ھاجىكا؟ — مەن ئالدىمدىكى قىزىق چاي قۇيۇلغان پىيالىگە قادىلىپ قالدىم. قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتكەنلىكىمنى بىلدىم.

— ما قىزنى، بۇ ھەممە ئىنساننىڭ بېشىدا بار ئىش... ھوي راست، سېنى ئەنقەرگىلا تويلاپ بېرەي، بولمىسا.

— كىم ئۇ ئەنقەر دېگەن؟ — مەن يەردىن بېشىمنى كۆتۈرمەي سورىدىم.

— مېنىڭ ئوغلۇم.

— نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— شىركەت باشقۇرىدۇ، ھازىر سىرتنىڭ ئىشلىرى شۇنىڭ قولى بىلەن يۈرۈشىدۇ، ئۆزى ساڭا ئوخشاش ئالىي مەلۇماتلىق، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئوقۇغان.

مەن ئۈندىمىدىم، ئەگەر بۇ ئىش ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولىدىغان بولسا، مۇشۇ كىشىدەك خىزىر سۈپەت، سالماق، قولى ئوچۇق ئادەمگە كېلىن بولۇپ كىرىپ ئازابلىق يۈرىكىمگە، ھەسرەتلىك كۆزلىرىمگە ئاتا قىلىۋالسام رازى ئىدىم.

— قانداق، بولامدۇ؟ — ھاجى ئاغزىدىن چىققان گەپنى دەڭسەپ كۆردىمۇ قانداق، بۇ گەپنى يەنە قايتا سورىدى، مىنىڭ ئوتتەك ماقۇل دېگۈم كەلدى، لېكىن تونۇشمىغان بىر يىگىت ئۈچۈن قانداقمۇ ماقۇل دېيەلەيمەن؟! شۇڭا ئۇنىڭ چىشىغا تەگدىم.

— ئاڭلىسام، بەزى ئاياللار شەھەرلىككە، بولۇپمۇ قەشقەرلىككە كېلىن بولماق تەس، دېيىشىدىكەن. مەن تۇرمۇش ئىشىمدا بۇنداق يەڭگىلتەكلىك قىلسام بۆرىدىن قېچىپ، يولۋاسقا تۇتۇلۇپ قالماسمەنمۇ، ھاجىكا؟

ھاجى كۈلۈپ كەتتى.

— شەيتان، ئىككى يىلدىن بېرى شەھەرلىكنىڭ ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساقلىقىنى كۆرگەنسەن، مانا !

— سىلى دېگەن بەربىر تالانىڭ ئادىمى، مەن رومال بىلەن يۈز - كۆزىنى چۈمكىۋالغان خېنىملىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ - قوپۇش، گەپ - سۆز ۋە باشقا قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆگىنىپ بولالماي، سارۋاش بېشىمغا ياغلىق ئەپلەشتۈرۈپ بولالماي سىقىلىپ يۈرسەم، ھە !

— سەن بەك جىق ئىشلارنى ئويلاپ كېتىدىكەنسەن. بۇنداق قىلساڭ ئەرگە تەگمەي قېرىپ كېتىسەن، قېيىنئاتا - قېيىنئانىنىڭ ئالدىدا قائىدە - يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىش كۆيىۈ ئوغۇل، كېلىنلەرنىڭ ئەقەللىي بۇرچى. لېكىن، ھازىر شەھەردە كېلىن بىلەن بىللە ئولتۇرۇۋالىدىغان ئەھۋاللار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ئازادە ياشاڭلار، بالام، دەپ ئۆي تۇتۇپ بېرىدىغان گەپ... — ھاجى بىر تالاي ئىشلارنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ كەتتى، — مۇنداق بولسۇن، سەن ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باق، قانداق؟

مەن يەنە قىزىرىپ كەتتىم. كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام، مەن ئەنقەرنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالغانىدىم...

ھۆجرىنىڭ ئىشىكى تاراققىدە ئېچىلدى، پولاتنىڭ چاڭگىلىدا

جان تالاشقاندەك تىپىرلاۋاتقان خانىش چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. دېرىزىلەردىن سەھەر قۇياشىنىڭ نۇرى بالقىۋاتقان قىزىل گۈلبەرگى رەڭ ھۇجرىغا ھەمدۇللا ھاجى كىرىپ كېلىۋاتاتتى. خانىش خۇدۇكسىرەپ ئالاق - جالاق بولۇپ تىترىگىنىچە كارىۋاتقا، ئۆي ئىچىگە نەزەر سېلىپ ئۇلگۇردى. خۇداغا شۇكۇر، ئۆيدە بىر كېچە ئۆزىنى ئاۋارە قىلغان پولاتنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. شۇندىلا ئۇ مەڭدەپ تۇرغان ھالەتتىن ئۆزىگە كېلىپ، كېچىچە چۈش كۆرۈپ چىققانلىقىنى بىلدى.

خانىش ئۆزىگە ئېتىبارسىز ھالدا بىخەتەر ئىشكاپنى ئېچىپ، قانداقتۇر بىرنېمىنى ئىزدەۋاتقان ھاجىنىڭ باشتىن بويى ئالماشتۇرۇلغان كىيىمىگە، مايلاپ پارقىرىتىۋېتىلگەن ئايىغىغا، ئوخشىماس ئەتىر پۇرىقى... دېگەندەك يېڭىلىقلارغا قاراپ بىردەم چەكچىيىپ ئولتۇردى. خانىش كېچىدىن ئىز - دېرىكى بولمىغان ئېرىنىڭ باشقا يەردە قونۇپ كەلگەنلىكىدىن گۇمان قىلىسمۇ، بىراق نەدە قونغانلىقىنى بىلمەيتتى.



# بەشىنجى باب

## 23

ئەنقەر رەنانى ئېلىپ، شەھەردىن ئۇزاپ چىقتى. ئۇلار ئالدىراش ئىشلىرىنى تاشلاپ روھىي كېسەللەر ساناتورىيەسىدە تۇرۇۋاتقان ئانىسى يادىكار خېنىمنى يوقلاشقا ماڭغانىدى. يادىكار خېنىم بۇ دۇنيانىڭ خارلىقىنى يەتكۈچە تارتىپ، ئاخىر روھىي مەجرۇھلۇق گىردابىغا بېرىپ قالغان بەختسىز ئانا ئىدى.

ماشىنا شاۋقۇنلاپ تۇرغان شەھەرگە يانداشقان كالتە بازارلار، مەھەللىلەردىن ئۆتۈپ يېزا يولىغا چۈشتى. بۇ كۈنلەر بىر – بىرىدىن ئالدىراش ئۆتۈۋاتاتتى. چوقۇم بېجىرىشكە، ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان جىددىي ئىشلار بىر – بىرلەپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن، قولىدىن ئۆتەتتى. رەنا ھامىلىدار بولغاندىن بېرى سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن قېيىنئانىسى ئۇچۇن جېنى پىدا ئىدى. ھەمىشە قېيىنئانىسىنىڭ غېمىنى يەيتتى. ئەنقەرنى ئاشۇ ئالدىراشچىلىقلار ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئانىسىنى يوقلاپ تۇرۇشقا، دۇئاسىنى ئېلىشقا دەۋەت قىلاتتى.

ماشىنا يېرىم سائەتكە يېقىن يول يۈرگەندىن كېيىن، شەھەرنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى خىلۋەت يېزىغا جايلاشقان باغىباراڭلىق چوڭ بىر قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ، كىشىگە سىرلىق بىلىنىدىغان ھەم كۆڭۈلگە قورقۇنچ سالىدىغان روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى ئىدى. ئەنقەر ماشىنىدىن چۈشتى. ئىسسىق تاماق ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى كۆتۈرۈۋالغان رەنا

ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئۈگىتى. ئۇلار چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ، تىزىملاش رەسمىيەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بىرنەچچە بىنا ۋە گۈللۈكلەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئەڭ چەتتىكى بىناغا كىرىپ كەلدى.

— يەنە ئاپىلىرىنى يوقلاپ كېلىشتىلىمۇ؟ — كارىدوردا ئۇچراشقان بىر سېستىرا ئۇلارغا شۇنداق دېگىنىچە بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ھەئە، شۇنداق، — دېدى ئەنقەر جاۋابەن. ئۇ بۇ بىنادا يەنە بىر دوختۇرنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن بىنانىڭ كەينىدىكى گۈللۈككە تۇتاشقان ئىشىكتىن كىردى. تۆت تەرىپى سىم تور بىلەن قاشالانغان بۇ گۈللۈكتە روھىي كېسەللەر فورمىسى كىيگەن ئەللىك - ئاتمىشچە روھىي كېسەل ھەر خىل ھالەتتە يۈرۈشەتتى.

— ئانام بىلەن كۆرۈشۈۋالاي دېگەن، چاقىرىپ بېرەلەرسىزمۇ؟

كېسەللەرگە قاراۋاتقان سېستىرا ئەنقەرنىڭ قولىدىكى بىر ۋاراق ئالاقىنى ئېلىپ باش لىڭشىتتى.

— قېنى كىرىڭلار.

— تاشقىرىغا چىقىپ پاراڭلاشساق بولامدۇ؟ بۇ يەردە باشقا كېسەللەر دەخلى قىلىدىكەن.

— بولماسمىكىن، كېسەلنى بۇ توسۇقنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتسىڭىز، بىرەر ئاۋارىچىلىك چىقىپ قېلىشى مۇمكىن!

— ئۇنداق بولماس، ئانام بارغانچە ئاجىزلاپ كېتىپتۇ.

— بوپتۇ ئەمىسە، — سېستىرا قولىدىكى «يادىكار خېنىم» دېگەن ئىسىملىككە قاراپ، گۈللۈكنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى، ئۇ ئىككى - ئۈچ مىنۇت ئۆتمەيلا يادىكار خېنىمنى يېتىلەپ كەلدى.

— قانداقراق ئەھۋاللىرى، جېنىم ئانا؟! — ئەنقەر ئېتىلىپ

بارغىنىچە ئانىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئانىسىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن جىسمىنى قۇچاقلاپ، خۇددى يۈرىكىنى پىچاق تىلىۋەتكەندەك ھۆڭرەپ يىغلىدى. چېھرىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇرغان رەنامۇ ئۇلارغا يېپىشتى. كېسەللەر كىيىمى كىيدۈرۈلگەن ئانا بەكمۇ ياداپ كەتكەنىدى، كۆزلىرى قېتىپ قالغاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئانا ئەنقەر بىلەن كېلىنىنىڭ ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ياش تۆكۈشلىرىگە ئىنكاسسىز قاراپ تۇراتتى.

ئەنقەر رەنانىڭ تەسەللى بېرىشى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇندىشى بىلەن بىرئاز ئۆزىگە كەلدى. ئانىسىنىڭ جانسىز قولىدىن تۇتقىنىچە ئۇنى يېتىلەپ، تاشقىرىدىكى گۈللۈكنىڭ چېتىدىكى خالىيراق بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

ــ نېمە بولۇپ كەتكەنلا، جېنىم ئانا؟! ــ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئەنقەر ئانىسىنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ ئۇنى ئۆزىگە قاراتتى. بىچارە مەزلۇمنىڭ ئاق چۈشۈپ قالغان بىر جۈپ كۆزى مۈردىنىڭ كۆزىدەك ھېسسىياتسىز ئىدى، يۇمىلاق، سۈزۈك چېھرىگە ئۆمۈچۈك تور تارتقاندەك سانسىز قورۇقلار ئىز سالغانىدى. ئەتلىرى سىزىپ ياغاچتەك بولۇپ قالغان بىلەكلىرى، قومۇشنىڭ بوغۇمىدەك قېتىپ قالغان بارماقلىرى توختىماي تىترەيتتى.

ــ گەپ قىلسىلىچۇ، ئانا، بەك ياداپ كېتىپىلا؟

يادىكار خېنىمنىڭ كۆزلىرى جانسىز مىدىرلاپ ئەنقەرگە تىكىلدى ھەم نائېنىق بىر تەلەپپۇزدا پىچىرلىدى:

ــ سى... سىلەر ئۇنداق دېگەن بىلەن شە... شەھەر بىزنىڭكىدى، بالام...

ئەنقەر تەئەججۈپ ئىلكىدە ئانىسىغا يېقىنىراق سىنچىلاپ قارىدى. بىچارە ئانىسىنىڭ كېسىلى ياخشىلانماقتا يوق، ئەكسىچە بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. رەنا قېيىنئانىسىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلاپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— ئاپا، سىلى بەك چارچاپ كېتىپىلا، كۆڭۈللىرىنى ئازادە تۇتسىلا.

— ئۆزلىرى كىم، بالام؟

— مېنى تونۇمايۋاتامىلا؟ مەن كېلىنلىرى رەناغۇ؟

— رەنا؟ ... رەنا خېنىم دېسىلە... سىلى ئۇنداق دېگەن بىلەن شە بىزنىڭكىدى، بالام...

ئەنقەرنىڭ يۈرىكى ئېزىلگەندەك بولۇپ، رەناغا قاراپ قويدى ـ دە، قولىدىكى يالتىراق خالتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى:

— ئانا... كەلسىلە، تاماق يېسىلە، — ئۇ نانىنىڭ قېتىغا ئېلىنغان تونۇر كاۋىپى، پېتىر مانتىنى ئانىسىغا تەڭلىدى، تېخى قىزىق پېتى تۇرغان كاۋاپ بىلەن مانتىدىن مەززىلىك ھور چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ... بۇنى ھې... ھېلىقى ھاجىم داداڭ يەۋالسۇن، بالام، ھەرقاچان قورسىقى ئاچ ئۇ ئادەمنىڭ ! — يادىكار خېنىم بېشىنى چايقىدى.

— دادامۇ يەيدۇ، ئانا، ئاۋۋال ئۆزلىرى بىر يېسىلىرى...

يادىكار خېنىم بېشىنى چايقاپ كەينىگە داجىدى. ئانىسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئەنقەر ئورۇندۇقتا بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. رەنا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ھاياتنىڭ رەھىمسىز قىسمىتى بىچارە مەزلۇمنى قانداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ـ ھە ! شۇ تاپتا ئەنقەر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— قازى چوڭ داداڭ ھەممىنى بىلىپ بوپتۇ، بالام ! — دېدى يادىكار خېنىم بىردىنلا غالىبلارچە قىياپەتكە كىرىپ، — ئۇ ساقاللىرىنى تىترىتىپ، ھاسىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى بىلەلمىگەن ئۇ ھاياسىزدىن ھېساب ئالىمەن، دېدى !

— ئانامنىڭ كېسىلى يەنە قوزغىلىپتۇ، — دېدى ئەنقەر رەناغا قاراپ، — قارا، ئۇ يەنە خاتىرىسىنى يوقاتتى، دوختۇر چاقىرايلىمىكىن...

يادىكار خېنىم تېخىمۇ جانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— شەھەر ئەسلىي بىزنىڭ، قازى چوڭ دادامنىڭ... لېكىن ئۆزىنى بىلمىگەن ئۇ ھاياسىز شەھەرنى بىر توغرام - بىر توغرامدىن كېسىپ سېتىپ، تاپقان پۇلىنى جىن - شەيتانغا تويلۇققا بەردى... جىن - شەيتان دېگەن نومۇسنى بىلەمدۇ؟ ياق، بىلمەيدۇ، ئۇ مەلئۇنلار ھۇجرامغا كىرىۋېلىپ ئۆزىنى بىلمىگەن ھېلىقى ھاياسىزغا چاپلىشىۋالدى، ئۇنى ئىگىلىۋالدى... كېيىن يەتتە كېچە - كۈندۈز ئىسسىتقۇ، سوۋۇتقۇ قىلىپ ئۆزىنى بىلمىگەن ھېلىقى ھاياسىزنى ماڭا ئۆچ قىلىۋەتتى. گۈلدەك چىرايىمنى سامانغەك سارغايتتى. يۈلتۇزدەك كۆزلىرىمنىڭ نۇرىنى ئۆچۈردى، مەزلۇم قەلبىمنى خار زەبۇن قىلدى. ئۆز خانامدا رەشك دوزىخىنىڭ ئوتىدا كۆيدۈم، لاۋۇلداپ تۇرغان كۈنداشلىق ئاتەشلىرىدە كۆل بولدۇم. خارۇزارلىق، ئاھانەت سىرتماقلىرىدا بوغۇلدۇم...

— بولدى سۆزلىمىسىلە، ئاپا، — رەنا قېيىنئانىسىغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ نادامەت ياشلىرى قېتىپ قالغان يۈز - كۆزلىرىنى سىلىدى.

— سۆزلىمىسىلە؟ — يادىكار خېنىمنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، كۆزلىرىنىڭ قارىسى تارتىلدى. ئالاق - جالاق تىترەپ ئالىجوقا سۆزلەشكە باشلىدى، — ئاخشام خانغا ھال دادلاپ بارسام، ئوغلاقتا سالغان ئات ئۇركۈپ كېتىپ، ۋالىينىڭ پايپىداسىنى پېتىقلىۋەتتى. قۇناخۇن ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئالدىغا كەلگەندە، شامال تامدىن ئالتۇن چىققان. ساھابىلەر خان كوچىسىدا دۇتار چالسا، پەردازخانىدا ياشىرىۋاتقان ئالۋاستىلار ناماز ئوقۇمايدۇ، ساقچى خوتۇن پېنسىيەگە چىقىپ قورساق كۆتۈرۈپتىكەن. خاننىڭ ۋەزىرى ئون بەش ياشلىق توقالغا تېگىپتۇ، ھاجى ساقىلىنى ئۇنتۇپ قېلىپ كەپتىكەن، پاختەك گۇگۇلاۋېرىپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قوناقلىقتا شەپە

چىقىپ، مەھشەرگاھتىكى خام بازىرىدا ئىشەك ئايروپىلاننى سۆرەپ، دوغدا ئاغزى كۆيۈپ قىلىپ، دوختۇر ئەچكۈلىرىنى ھەيدەپ كېلىۋاتسا، سەھرالىقلار قاپاقتا كۆلدىن سەنەركە ئۈسۈپ، نېمە قىلسەن ئۈرۈمچىدىن ناھىيەگە يۆتكىلىپ... زاڭ ئەتكۈدەك قوناق ئۈنۈك يوقمىدى... ھاكىم پىيادە كېلىۋاتسا، ئىت بولغاندىكىن كوچىدىلا چاپلىشىپ قېلىپ، خان خەۋەر تاپسا، كوچا ئاپتوبۇسلىرى ئۇ خوتۇننى ئۈچ تالاق قىلىپ...

— ئانا، سىلە زادى نېمە دەۋاتىلا؟! — كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ئەنقەر تاقەت قىلالماي ئاخىر دوختۇر چاقىردى. تاققا - تۇققا سۆزلەۋاتقان يادىكار خېنىم ئەمدىلىكتە ئەسەبىيلىشىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ چاچلىرىنى يۇلۇشقا باشلىغانىدى...

## 24

ئەنقەر ھېلىدىن - ھېلىغا سايراپ تۇختىمىغان يانفونىغا پەرۋا قىلماي، ئانىسىغا قاراپ ئۇزاق ئولتۇردى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى، ئوي - خىيالى بولسا بالىلىق چاغلىرىغا باغلاندى. ھەمىشە يۈرەك - باغرىنى تىلىدىغان ھەسرەتلىك ئەسلىمە يەنە كۆز ئالدىدا قايتىلاندى...

ئۆيدىكى خار - زارلىقنىڭ مۇقەددىمىسى بىر توي كۈنىدىن باشلاندى... مەست - ئەلەستەك پىرقىراۋاتقان كىشىلەر قويۇندا قالغان قامغاقتەك ئۆز ھالىنى ئۇنتۇغانىدى. ئويۇنچى، شوخ بىرسى بەللىرىنى تولغاپ، قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئەنقەرنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتتى. ئەنقەر بېشىنى چايقاپ كەينىگە داجىدى، تويدا قۇرتتەك مىغىلدىشىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كۆمۈلدى.

— ئۇسسۇلغا چۈش، ئوينا! — ھالقىسىمان قىستىلىشىپ تۇرغان توي ئەھلى ئۇنى ئالدىغا ئىتتەردى، ئىتتىرە - ئىتتىرە،

ئاخىر سورۇنغا چىقىرىپ قويدى.

— ئوينىيالمايمەن، بىلمەيمەن! — ئەنقەر داۋاملىق كەينىگە تىرەجەپ يۇلقۇندى، بەك كۆچىنىپ كەتكەنلىكتىن توپىلىق يەرگە يىقىلدى.

— قوپە توپىدا ئېغىنىماي... ئىككى پەدە ئويناپ قويغىنا، داداڭنىڭ خۇشلۇقى ئۈچۈن!

— بىلمەيمەن.

— قەيىرىڭ ئوغۇل بالا سېنىڭ، بىلگىنىڭچە ئوينىغىنا...

مىغىلدىشىپ تۇرغانلار ئەنقەرنى ئالداپ - سىلاپ، ئىتتىرىپ دىگۈدەك يەنە سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىرىپ قويدى. ھويلىدىن چاڭ - توپا كۆتۈرۈۋەتكەن بۇ مەجنۇن كىشىلەر داپنىڭ داراڭلىشىغا بېقىپ، كاسىسىنى ھەريان تولغاپ، مۈرىسىنى لىكىلدىتىپ، تىللىرىنى چىقىرىپ، خۇددى خامان سۆرەۋاتقان كالىدەك بالىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلەشكە باشلىدى. سازەندىلەر بولسا توختاۋسىز پەدە يۆتكەيتتى:

جاھانغا پاتمىغان سەركە،
قازانغا قانداق پاتقانسەن؟

...

ئەنقەر گويا قۇيۇندا قالغاندەك ھېس قىلدى، ئۇرۇلغان داپنىڭ ئاۋازىغا ماسلاشتۇرۇپ پۇتلىرىنى يۆتكىدى، قولىنىمۇ كۆتۈردى... قۇيۇن تېرەك يوپۇرمىقىنى بىردىنلا شاراقشىتىۋەتكەندەك، سورۇندىن پاراق - پۇرۇق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئۇسسۇل ئويناپ باقمىغان بالىنىڭ مېڭىشلىرى ئانچە قاملاشمىغاچقا، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى. بالىنىڭ يۈز - كۆزى ئوت بولۇپ ياندى، پاڭگىدە ئېتىلىپ يىغلىدى. سورۇننىڭ كۈلكىسى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى.

— قاراڭلار مىشىلداپ كەتكىنىنى... ھەي، قەيىرىڭ ئوغۇل

بالا سېنىڭ؟

— يىغلىما، سەنمۇ مەخسۇم داداڭدەك بولغاندا مۇشۇنداق خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالىسەن !

— داداڭنىڭ نوچىلىقى يۇقسۇن، جۇمۇ ساڭا !

— يىغلىما، بالام، يىغلىما، — يىگىت كۆرپىسىدە چازىنى قۇرۇپ كېرىلىپ ئولتۇرغان دادىسى ھەمدۇللا مەخسۇم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەنقەرنىڭ يېنىغا كەلدى. مەيدە يانچۇقىدىن قىپقىزىل پۇللارنى ئېلىپ بېشىدىن ئۆرۈمە قىلىپ سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، — بۇ داداش، ئاپاشلىرىڭچۇ بالام، سېنى مۇشۇنداق تويلاردا ئويناپ يۈرسۇن، دەۋاتىدۇ، ئەركىكىم، ھە قېنى يىغلىماي بىر پەدە ئويناپ قويە، قېنى !

دادىسىنىڭ ئەنقەرنى پەپىلەشلىرى جاۋابسىز قالدى. ئۇ سورۇندىن قېچىپ سىرتقا چىقتى. يۈگۈرگىنىچە توي دۇمبىقى ياڭراۋاتقان ھويلىنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭ بويىدا توختىدى.

بالىنىڭ يۈرىكى يىغلىدى، ياشلانغان كۆز چاناقلىرىدا يەر - جاھان خىرەلەشتى. «ئاپام ئەمدى قانداقلا قىلار؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئانىسى يادىكار خېنىمنىڭ سىيماسى كەلدى. ئانا ئۆرتىنەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەلەملىك، چېھرى مىسكىن كۆرۈنەتتى. خورلۇق دەستىدىن قوقاسقا كۆمگەندەك پۇچىلانغان يۈرىكى نىمجانلىشىپ، ۋۇجۇدى ئۆرتىنىۋاتاتتى...

كېلىپ - كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. توي ناغرىسىنىڭ پەدىسى ھېلىدىن - ھېلىغا يۆتكىلىپ تۇراتتى.

ھەمدۇللا مەخسۇم پېشايۋان ئاستىدىكى قات - قات تەتىللا كۆرپىدە بەھۇزۇر ئولتۇراتتى. بىغەم، مەغرۇر، گۆشلۈك يۈزىدىكى كەڭ زىنىخلىرى ئىچىدە قوچقارنىڭ مۈڭگۈزىدەك دىڭگىيىپ تۇرغان سۆلەتلىك بۇرۇتى، تۈگمىسى ئېتىلمەي قالغان كۆل رەڭ كاستۇمىدىن چىقىپ تۇرغان قورسىقى، يوغان بېشى، قوش ئېڭىكى كەڭ يەلكىسىگە خويمۇ ياراشقانىدى... ئەنقەرنىڭ بۇ داڭدار دادىسىنى ئاشۇ سۆلىتى بىلەن ئۆزگە چوكانلارنىڭ

يۈرىكىنى ئويىنىتالمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بايلىقى، پۇلى...

— ئۇكام، دادىڭىز سىزنى ئىككى كاپام پولۇ يېسۇن، دەيدۇ. قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇ بۇ چاغقا؟

ئانىسىنى ئۇنىڭ خىيالىدىن قوغلىغان كىمكىن؟ ئەنقەر كەينىگىمۇ قارىماستىن تۇرۇلۇپ، بوغۇلۇپ توۋلىدى :

— يېمەيمەن، ئاچ قالمىدىم !

— يەڭ، ئۇكام، جاھىللىق قىلماڭ.

— سەنلەر جاھىل ! — بالا ئالدىدىكى لاي ـ لاتقىلارنى تاتىلاپ ئېلىپ كۆزىگە كىرىشىۋالغانلارغا ئاتتى. بۇ ئادەملەر ئۇنىڭ قەلبىدىن ئانىسىنى قوغلايمەن دەپ خام خىيال قىلىشۋاتاتتى.

— ئىلگىرىكىن كاج ئادەم بوپتۇ بۇ، دادىسىنىڭ تويىدىمۇ ئەسكىلىك قىلىپ نېمە كەپتۇ؟!

ئەنقەر ئۆزىنى يامانلاۋاتقان، ھېسداشلىق قىلىشۋاتقان كۆزلەرنىڭ ئالدىدىن يەنە قاچتى، ئۆينىڭ كەينىدىكى ئارپىلىققا بېرىپ، سارغىيىپ قالغان مايسىلارغا كۆز سالدى.

توي ناغرىسىنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئۇنلىشى بالىنىڭ قەلبىنى ھەسرەتكە سالاتتى. ئۇ مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ ئانىسىنى سېغىندى. دادىسى ئەتىگەن مېھمانلارنى ماشىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قىزنىڭ ئۆيىگە — مۇشۇ ھويلىغا ئېلىپ ماڭغاندا ئانىسى خان كوچىسىدىكى ئىشىك تۈۋىدە جىمجىتلا قاراپ قالغانىدى.

— مەن ئانام بىلەن قالىمەن، — دېگەنىدى ئەنقەر دادىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — سىزنىڭ تويىڭىزغا بارمايمەن.

— بارمىساڭ مەن خاپا بولىمەن، — دېدى دادىسى ئەنقەرنىڭ بىلىكىدىن كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ، — ئوغۇل بالا دېگەن دادىسىنىڭ يېقىنى، ماڭسىلا، پىكاپقا چىقسىلا !

دادىسى ئەنقەرنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇردى، ماشىنىلار قوزغالدى. ئۇنىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرى ئانىسىنىڭ

غەمكىن چىھرىدە قالدى.

توي ناغرىسى توختىماي چېلىنىۋاتاتتى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئانىسى نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟

قۇياش ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىپ، ئاداقىقى نۇرلىرىنىمۇ يوشۇرغىلىۋاتاتتى.

كىچىككىنە ئەنقەر ھەممىگە تەتۈر قاراپ ياتقاچ ئولتۇراتتى. ئۇنى يەنە چاقىرىشتى. بىراق، ئۇنىڭ ھېچكىمگە چىراي ئاچقۇسى، گەپ قىلغۇسى يوق ئىدى. زاۋال يېقىنلاپ قالدى، ناغرىنىڭ توختىغىنى — ئەمدى بۇ ئادەملەرنىڭ توي كۆچۈرۈش جىددىيچىلىكىگە چۈشكىنى ئىدى. بالا نەغمە ـ ناۋا بېسىقىپ قالغان ھويلىغا كىردى. سەللىسى چۇۋۇلۇپ قالغان ئاخۇنۇم ئۇنىڭ دادىسى بىلەن پېشايۋاندىن ئالغان خوتۇنىغا نىكاھ قىلىۋاتاتتى. ئىشىكى قىيا ئوچۇق تۇرغان ئۆيدىن «تەگدىم» دېگەن سادا چىقتى. بۇ سادا پەس، ئەمما بىر خىل جازىبىلىك ئاڭلاندى. شۇ ئەسنادا ئەنقەرنىڭ دادىسى جاراڭلىق ئاۋازدا «ئالدىم» دېدى ھەم تۇزغا چىلانغان ناننى ئىككى يالماپلا يۇتۇۋەتتى. ئەنقەر بۇلارنى ئوچۇقلا كۆردى، ئەنقەرنىڭ ئانىسى يادىكار خېنىم ھايات تۇرۇپ، دادىسى باشقا خوتۇنغا لەۋزىنى بەردى، تۇز چاينىدى. ئۇ ئەينى چاغدىمۇ ئەنقەرنىڭ ئانىسىغا مۇشۇنداق لەۋزىنى بېرىپ تۇز چاينىغان بولغىيدى؟! بالىنىڭ بۇ توىغا ھەرقانچە خۇيى تۇتسىمۇ، باتناپ تۇرۇۋالسىمۇ دادىسىنىڭ كۆڭۈل ھەلەكچىلىكى ئۆز خاھىشى بويىچە داۋاملاشماقتا ئىدى.

دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە ئىش بولدى؟ ئانىسىدىن نېمە سەۋەبلىك ئۆتتى؟ بۇ تەرىپى ئەنقەر ئۈچۈن قاراڭغۇ ئىدى...

قىزىل رومال، قىزىل پەرىجىنىڭ ئىچىدە مىدىرلاپ تۇرغان بىرسىنى يۆتكەپ چىقىشتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۇسۇرلاشلىرى بالىنىڭ قۇلىقىغا كىردى، خەقنىڭ گېپى يالغان ئەمەس، دادىسى بۇ خوتۇنغا كۆيۈپ قالغىلى خېلى ئۇزاق بولغانىمىش !

سازەندىلەر نەغمە ـ ناۋانى يەنە باشلىدى:

ئاپپاق ـ ئاپپاق توشقانلار سايدا ئوينايدۇ،
ئۆيلەنمىگەن قىز ـ يىگىتلەر تويدا ئويناپدۇ.
...

نەغمە ـ ناۋا يول بويى داۋام قىلدى. ئەنقەر يەرنىڭ تېگىدىن سەپسىلىۋىدى، دادىسىنىڭ كەيپى چاغ كۆرۈندى. يۇملاق يۈزىگە خوپ كەلگەن تويلۇق چىمەن دوپپىسى ئۇنى تېخىمۇ سۆلەتلىك كۆرسەتكەنىدى. توي ئەھلى شەھەرگە كىرىپ كەلدى، قىڭغىر ـ قىيسىق، رەتسىز خان كوچىسىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئالدىغا تاۋار ـ دۇردۇنىلارنى باغلاپ توي كۆچۈرۈۋاتقان پىكاپلارغا بويۇندايتتى.

— چېلىڭلار، — دېدى ھەمدۇللا مەخسۇم سازچى ئاغىنىلىرىنى نوقۇپ، — يۇرەكنى ئويناتقۇدەك پەدىلەرگە چېلىڭلار!

نەغمە ـ ناۋا كوچىنى بىر ئالدى. ئاتايىن توختاپ ئاغزىنى ئېچىپ قالغان، ئىما ـ ئىشارەت قىلىشىۋاتقان، كۇسۇرلىشىۋاتقان چىرايلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەن توي كۆچۈرگۈچىلەر كوچىنىڭ ئاغزىغا كەلدى.

ماشىنىنىڭ توختىشى بىلەن ئەنقەر ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. پۈتۈن كۈچىنى پۇتىغا يىغىپ ئۆي تەرەپكە ئېتىلدى. ئۆيدە ئانام بارمىكىن، نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرىدىكىن، گېلىدىن تاماق ئۆتتىمىكىن... كوچا ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئىدى. ئەنقەر جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپمۇ دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن كېلىۋاتقاندەك ئۆيگە، ئانىسىنىڭ دىدارىغا يېتەلمەيتتى. شۈكۈر، بالا ئانىسىنى ئاخىر كۆردى، ئۇ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ...

يىراقلاپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۆز باغلانغان خىرەلىك ئىچىدە ئانىنىڭ چېھرىدە ئاپتاپ يوق. ئۇ ئېرىنىڭ تويى ئۆچۈن جابدۇنمىغان، سارغىيىپ زەپىران بولغان چىرايى

كونا تامدەك قېتىپلا قالغانىدى.

— ئانا! — ئەنقەر ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى، ئىچىگە يىغا پاتمايتتى.

دادىسى ئۆلەن ئىچىدە كوچىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېڭى خوتۇنىغا كەيپى چاغ ئىدى، دىمىق ئىسسىقتا تەرلەپ پىشىلداپ كەتكىنىگە قارىماي، قىپقىزىل تاۋار - دۇردۇنلار ئىچىدىكى ياش خوتۇننى قولتۇقلىۋالغانىدى. ئەنقەر ئانىسىنىڭ باغرىدا تۇرۇپ دادىسىنى كۆزەتتى. دادىسىنىڭ كۆزلىرى مەغرۇر، گۆشلۈك يۈزىدە كۈلكە ئوينايتتى. بۇنى كۆرۈپ ئەنقەرنىڭ يۈرىكى ئۆرتەندى. يادىكار خېنىم ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، رومىلى بىلەن يۈزىنى دالدا قىلىپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى، ئەنقەر ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

قاراڭغۇ چۈشتى. نەغمىچىلەر مەشرەپنى باشلىۋەتتى :

ئويان ئۆتۈپ، بۇ يان ئۆتۈپ ئالاي كۆڭلۈڭنى،
قارچىغىنىڭ قاناتىدەك ئېگەي بويۇڭنى.
...

ئەنقەر ھەممىگە ئۇنىسىز قاراپ تۇراتتى. دادىسى بالىخانىدىكى دەمدەردەك، يېڭى خوتۇننى چۆرگۈلەيتتى. ئۇ ئويان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ ئاخىر ئۇ ئايالنىڭ ئايدەك چىرايلىق يۈزىنى ئاچتى. يۈزى ئېچىلىش بىلەن تەڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئايالنى ئۇسسۇلغا تارتىپ كەڭرى ھويلىنى قاڭداپ ئۇزاق ئوينىدى. ئۇ توختىماي ئويناپ سازچىلارنى ھاردۇردى. ئۇنى پۈتۈپ ھېچبىر ھالى قالمىغان سازچىلار ئاخىر غېجەكنى قولتۇقلاپ ماڭدى.

ھويلا جىمىپ قالدى، كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر تەقەززالىق چىقىپ تۇرغان دادا ياش خوتۇننى قولتۇقلاپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

كۆز ئالدىدىكى ئادەملەرگە ئۈن - تىنسىز قاراپ ئولتۇرغان ئانا توختىماي يىغلاۋاتقان ئەنقەرنى ئۇخلىتىش كويىدا ئىدى.

# 25

... ئەنە شۇ كۈنلەردە ئەنقەرنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ كۆزلىرى زىنھار يۇمۇلمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنى چۈش ئەمەس، بىر قاباھەت ئىدى!

ئەنقەر ئانىسىنىڭ تالاي قېتىملاپ يىڭنە سانجىلغان قولىنى ئىشقىلاپ ئولتۇرۇپ ئاشۇ ھۇجرا ئۇچۇن يوتقان ـ كۆرپە تىككىنىنى بىلىدۇ. ھالبۇكى ھازىر بۇ ھۇجرا يات بىر ئايالنىڭ جەننىتىگە ئايلىنىپ قالدى!

ئەنقەر دادىسىنىڭ كىچىككىنە ئىبرىشكەن بىر تاللا ئوغلى ئىدى، بالا بۇنى ئەقلىگە كېلىپ بىلگەن. ھەمدۇللا مەخسۇمغا ھەممىنى ئاسانلا بەرگەن ئاللا ئەنقەرنى ناھايىتى تەستە بەرگەنىمىش. ئۇ بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئانىسىغا بولغان مۇھەببىتى دەريادەك ئۇلغايغانىمىش. خان كوچىسىنىڭ كونا زەردارى بولغان دادىسىدىنمۇ، تەقۋادار ئانىسىدىنمۇ بالدۇر ئايرىلىپ قالغان يادىكار خېنىم ئۇچۇن ھەمدۇللا مەخسۇم بىردىنبىر يۆلەنچۈك ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئىش ـ ئوقىتىمۇ، ئامىتىمۇ، قامىتىمۇ قوش كەلگەن مەخسۇم بۇ ئائىلىگە ئىچ كۈيۈ ئوغۇل بولۇپ كىرگىنىگە قارىماي، زەرگەر بازىرىنىڭ كۆزى بولۇپ قالغانىدى. يادىكار خېنىم مەخسۇمغا بولغان ئاياللىق مېھرى، ساداقىتى، كۆيۈمى، پاكىزلىقى، ئىشچانلىقى بىلەن ھالال جۈپتىلىك مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ كەلگەنىدى. مەخسۇمغىمۇ يادىكار خېنىمسىز ئۆتكەن كۈنلەر كۈن ئەمەس ئىدى، ئۇ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن پۇتىنى ئېلىپ كىرسىلا، كۆزلىرى يادىكار خېنىمنى ئىزدەيتتى. بۇ مەزلۇمۇ ئېرىگە ئاراملىق بېرىدىغان ئىللىق چېھرى بىلەن مەخسۇمنىڭ ئالدىغا كۈلۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى راھەتكە چىلايتتى... «بالىخانىدا كەپتەرنىڭ بۇقۇلداشلىرى

ئۇزۇلمەيدۇ، هويلىدا ئانامنىڭ گۈللىرى ئارىسىدا ئولتۇرغان دادام كەپتەرنىڭ بۇقۇلداشلىرىغا قۇلاق سالغاچ ئانام بىلەن مۇڭدىشىدۇ. هايات شۇنداق ئۆتىدۇ، ئانام بىلەن دادامنىڭ مۇڭداشلىرى تۈگەپ ئۆتمەيدۇ، ئانامنى كۆڭلى تارتىپ تۇرغان دادام بالىخانىدا جۈپتىنى ئەگمۇاتقان كەپتەردەك ئانامنىڭ يېنىدىن نېرى بارمايدۇ» دەپ بىلەتتى ئەنقەر.

شۇنداق ئىدى، يادىكار خېنىم ئالتە كۈنلۈك يەردىن ھەمدۇللا مەخسۇمنىڭ قەدەم تىۋىشلىرىنى بىلىپ تۇراتتى. كوچىدا مەخسۇمنىڭ شەپىسى ئاڭلانغان ھامان يادىكار خېنىمنىڭ ئوچىقىنىڭ ئوتى ئۆلغىيىپ، قازىنى قايناىتتى. مەخسۇم قولىنى يۇيۇپ كۆرپىدە ئولتۇرغۇچە، مەززىلىك لەگمەن ئۇنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا كەلتۈرۈلۈپ بولاتتى. مەخسۇم جانان چىنىدىكى لەگمەننى ئىشتىھا بىلەن يەپ، لاچىندانە بىلەن دەملەنگەن چاينى ئوتلىغاچ، ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ تۇرغان يادىكار خېنىمغا قاراپ چالا ئەسنەيتتى.

— بىردەم يۆت ـ قوللىرىنى سۇنۇپ ئارام ئېلىۋالامىلا، مەخسۇم؟ — دەيتتى يادىكار خېنىم تولىمۇ يۇمشاق بىر ئاۋازدا. ئاندىن قاتمۇقات يىغىلغان يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ ئۇستىگە تىكلەپ قويغان كەشتە گۈللۈك ياستۇقنى ئەكىلىپ بېشىغا قويۇپ بېرەتتى.

مەخسۇم چۇشلۇك ئۇيقۇدىن ئويغانغۇچە يادىكار خېنىم ئۇنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ ئېزىپ ـ تېزىپ ئۆيگە كىرىۋالغان چىۋىنلارنىڭ ئاۋارە قىلىشىدىن، مەخسۇمنىڭ ئىسسىقلاپ تەرلەپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنى توختىماي يەلپۈپ چىقاتتى.

قەدىمدىن باي ـ زەردارلار مەركەزلەشكەن خان كوچىسىدا سىپىلدەك ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەشەمەتلىك قورۇ ـ جاي، كوچا ئاغزىدىكى كاتتا زەرگەرخانا ھەمدۇللا مەخسۇمنىڭ زور مەئىشەتتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئىككى ئاچىسى بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئەنقەرنىڭ ئەقلى يېتىلگەنسېرى،

دادىسىنىڭ زىبۇ ـ زىننەت سودىسىدا كامالەتكە يەتكەن داڭلىق زەرگەر ئىكەنلىكىنى، ئانا جەمەت بوۋىسىنىڭ ھۈنەر ۋە بايلىقىنىڭ دادىسىغا مىراس قالغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئۇ يەنە جاھان ئەھلىنىڭ دادىسىغا مەستلىكى كېلىدىغانلىقىغا، دادىسى ئانىسىنى كەينىگە سېلىپ تەمكىن قەدەم بىلەن ئۆيدىن تالاغا چىققۇدەك بولسا، پاراڭلىشىپ ماڭسا، كوچا دوقمۇشلىرىدا يۈرگەنلەر، ئۆچرىغان ـ كۆرگەنلەر ھەۋەس بىلەن قارىشىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئىشقىلىپ، ئەنقەر ئۇ كۈنلەردىكى ئائىلىسىنى ئويلىسا ئۆزىنى ھېلىمۇ بەخت بۆشۈكىدە ئەللەيلىنىۋاتقاندەك شاد ـ خۇرام سېزەتتى. قەددى ـ قامىتى چىناردەك، مېھىر ـ مۇھەببىتى دەرىيادەك دادىسىنىڭ؛ چېھرى قىزىلگۈلدەك، يۈرەك ـ باغرى پاختىدەك يۇمشاق ئانىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلانغان رىشتى، چىن ئەقىدىسى، بەختىيار كۈنلىرى ئۇچۇن كۈلەتتى. ئەپسۇس...

ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئېتىپ قويسا ئارامخۇدا نەپەس ئالماقمۇ تەس ئىدى. ھويلا سەيناسىنىڭ كەڭ بولغىنىغا قارىماي، ئۆيلەر بىر ـ بىرىگە يېقىن سېلىنغانىدى، بۇ ئۆيدە يېتىپ ئۇ ئۆيدىكى شەپىنى ئاڭلىمايمەن دېگىلى بولمايتتى. ئەنقەرنىڭ دادىسىنىڭ يېڭى خوتۇنغا كۆڭلى چۇشۇپ قالدىمۇ قانداق، ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىكى قىزىل چىراغ تېخى ئۆچمىگەن، پىخىلدىشىپ تاتلىق كۈلۈشكەن، گۇڭگۇرلىشىپ شېرىن مۇڭدىشىۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا دادىسى ئۆزىنىڭ بۇ ھويلىدىكى ئىمتىيازىنى، كۈچىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك پات ـ پات گېلىنى قىرىپ، ئاۋازىنى سۈرلۈك چىقىرىپ كالتە يۆتىلىپ قوياتتى... ئەنقەر دادىسىنىڭ ئىلگىرى بۇنداق شەپىسىنى، ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىرىدا «مەنمۇ چوڭ بولسام دادامدەك ئادەم بولىمەنغۇ» دەپ، كۆڭلىدە ئىپتىخار، ھەۋەس تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى. تۇيغۇلىرى كامىلكى، ئۇ ئاشۇ ھۇجرىدا ئاپىرىدە بولدى،

ئاشۇ ھۇجىرىدا دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئەقلىگە كەلدى. دادىسىمۇ ئۇنى «ئەركىكىم، كۆز نۇرۇم» دەپ، كەڭ، كۈچلۈك يەلكىسىگە ھاپاش قىلىپ، بويىنىغا مىندۇرۇپ چوڭ قىلدى، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاتقۇزدى. ھالبۇكى بۈگۈن... بالا ئۇيقۇدىن بىدار كۆزلىرىنى ئانىسى ياتقان ئۆينىڭ دېرىزىسىگە تىكتى. ئۇ قىزغۇچ يوروپ تۇرغان ئاۋۇ ھۇجرىدىن مەھرۇم بولغان، ھويلا ئىشىكىنىڭ قاسىنىقىدىكى يالغۇز ئۆيدىن ماكان تۇتۇشقا مەجبۇر قىلىنغانىدى. شۇ تاپتا ئانىسىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلگەنمىدۇ؟ ئۆزى ياخشى كۆرگەن، ئەقىدە قىلغان، مېھىر ـ مۇھەببىتىنى بەرگەن، ئون نەچچە يىل ئۆي تۇتۇشقان، ئامراق ئۆتۈشكەن ئادىمىنىڭ كۆز ئالدىدىلا باشقا بىر خوتۇننى باغاشلاپ مۆكىدىشىپ، كۈلۈشۈپ يېتىشىنى قوبۇل قىلالىغاندىمۇ؟ كۆز ئالدىدىكى ئېغىر رېئاللىقنى ئاجىز يۈرىكى كۆتۈرەلىگەندىمۇ؟ ياق، بۇ ئاسان ئەمەس. ئىنساننىڭ يۈرىكى، يەنە كېلىپ جىسمىنى كېسەل چىرمىۋالغان بىر ئانىنىڭ يۈرىكى ئۈچۈن بۇ قوبۇل قىلىش تەس بولغان رېئاللىق. ئېھتىمال ئانىنىڭ يۈرەك ـ باغرى لەختە ـ لەختە قان بولغاندۇ، يۈرىكى ئېزىلىپ يىغلاۋاتقاندۇ، ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقاندۇ... ھۇجرىدىن چىققان قىزىللىق ئاستا ـ ئاستا ئوت يالقۇنىغا ئايلاندى... ئانا ئاياللىق مېھرى، ئانىلىق ئۇلۇغلۇقى بىلەن ياراتقان جەننەت ۋەيلۈن دوزاخ بولۇپ ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالدى. دوزاخ ئوتى بىچارە مەزلۇمنى كۆيدۈرۈپ پۇچۇلاشقا باشلىدى. ئۇ تەقدىشسىز چىدام، غەيرەت بىلەن تاشتەك قېتىپ قالغانىدى. بالا ئالدىغا ئىنتىلىپ ئانىسىغا قول سوزدى، ۋادەرىخا، قۇترىغان ئوت ئۇنى ھە دەپ يالمايتتى.

سەھەر، بالا كۈن چىقارمىكىن دەپ كۆككە كۆز تىكتى. گىل رەڭدە بىزىرىپ تۇرغان ئاسماندىن توپا يېغىۋاتاتتى، ئۇ تۇنجۇقۇپ قالدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئانىسىنىڭ تونۇش ئاياغ تىۋىشى ئارامسىز كۆڭلىگە تەسەللى بەردى. ئانىسى

ھويلا سۇپۇرۇۋاتاتتى.

ھۇجرىنىڭ ئىشىكى غىچىلداپ، دادىسىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ساقىلى ئۆسۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بۇ چىرايغا سەھەردە خۇش كەيپىيات ھۆكۈمدار ئىدى. ئەنقەر دادىسىنىڭ كۆزلىرىگە بەكرەك قاراپ باققۇسى كەلدى. ئەمما، ئۇ ھېچكىمگە ئۇدۇل قارىماي تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ھۇجرىدىن يەنە بىرسى كۆرۈندى، تولۇن ئايدەك بىر چىراي پەيدا بولۇپ، ئۇدۇل يادىكار خېنىمغا يۈزلەندى :

— ئاچا، سىلى ئەمدى ئىشلىرىنى قىلسىلا !

ھويلىنى سۇپۇرۇپ بولۇپ گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋاتقان ئانا ھەرىكەتتىن قېتىپ قالدى.

— ئۇ ئىشلارنى مەن ئۆزۈم قىلىۋالاي.

ئەنقەرنىڭ ئانىسىغا پۈتۈن يەر ـ جاھان تار كەلدى. دادىسىنىڭ ھۆكۈمدار بۇرۇتى بىچارە مەزلۇمنى يەنە قازان بېشىغىمۇ يېقىن كەلمەسلىككە پەرمان چۈشۈرگەنىدى.

ئەنقەر ئاچىلىرى بىلەن، ئىشىك ئالدىدا جىمجىت ئولتۇرغان ئانىسىنىڭ چۆرىسىدە پەرۋانە بولدى. ئۇنىڭ ئاغزىغا بىرەر يۇتۇم سۇ ئېلىشىنى، بىرەر بۇردا نان سېلىشىنى ئۆتۈندى. شۇ ھالدا ئۇنىڭ گېلىدىن سۇ ئۆتەمدۇ؟!

— ئەنقەرجان، ھوي ئەركەك؟

دادىسى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇزۇن، كۈچلۈك قوللىرىنى ئۇزارتىپ، قۇچىقىنى ئاچتى :

— كېلە، بالام، ناشتا قىلىمىز.

— نېمىدەپ ناشتا قىلىمەن؟ ! — بالا ئارقىسىغا داجىپ ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى.

— ما بالىنى...

ئەنقەر قاچتى. ئۇ شۇ كۈنگە قەدەر دادىسىدىن قېچىپ باقمىغانىدى. ئەمدى ئۇ بۇ ئادەمگە قانداق يېقىنلىشالايدۇ؟

ئەنقەرنىڭ كۆزلىرىدىن مونچاقتەك تۆكۈلۈۋاتقىنى يامغۇر

ئەمەس، ياش ئىدى. ئەنقەر يىغلايدىغان ئوغۇل بالىمۇ؟ ئەنقەر ئانىسى ئۈچۈن يىغلىغان، كۆز يېشىنى توختىتالمىغان. ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا نېمە سوغۇقچىلىق چۈشكەنلىكى بالىغا قاراڭغۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن گەپلەشمەس بولغىنى ھەشەمەتلىك ھويلىنى زۇلمەتكە مەھكۇم قىلغانىدى. ئانىسى ھېچكىمى يوق، ھۇۋقۇشتەك يالغۇز قالغان ئايال. ئۇنى نېمىگە رەنجىدىڭىز، نېمىگە خۇش بولدىڭىز دەيدىغان ئىچ كۆيەر تۇغقىنى يوق. سوت مەھكىمىسى دادىسى بىلەن ئانىسىنى ئاجراشتۇرغاندا، ئانىسىنى داۋاملىق مۇشۇ ھويلىدا تۇرىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقارغانىدى. مانا ئەمدى بىچارە مەزلۇمنىڭ دەرد - ئەلەملىرى يېڭىلاندى.

ئەنقەر ئانىسىنى كۆز ئالدىدىكى ئويۇندىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتى. تەسەۋۋۇرى قاناتسىز لا قالدى. ئۇ ئويلاپ كۆرۈۋىدى، بۇ ئانا ئۇچۇن تەس ئىكەن. يەنە كېلىپ يېشى قىرىقلاردىن ھالقىغان كەم سۆز، نومۇسچان بىر ئانا - دە!

ئەنقەرنىڭ پۇتكول ئەس - يادى ئانىسىدا ئىدى. ئانىسى نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۆزى تۇتقان ئۆي، ئۆزى تۇتقان ھويلىنى سۈپۈرەلمىسە، ئۆزى ئۆستۈرگەن گۈللەرگە سۇ قۇيۇشتىن مەھرۇم قىلىنسا، نېمىدېگەن ئازابلىنارلىق ئىش بۇ!

بالا ياشلانغان كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكتى. شۇنچە كەڭ ئاسماننىڭ قوينى نېمىشقا قىزىللىققا تولىدۇ؟ قىزىللىققا تولغان ئاسماندىن نېمىشقا توپا ياغىدۇ؟ ئىشىك ئالدىدا غەمكىن ئولتۇرغان ئانىسى ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئاقىرىۋاتقان چېكە چاچلىرىغا، ئاپپاق ياغلىقىغا قىزىل ئاسماندىن قىزىل توپا يېغىۋاتامدىكىن؟!

ئەنقەر چىدىمىدى، لاغايلاپ يۈرگەن يەرلەردىن كەينىگە ياندى، ئانىسى ئۈچۈن قايتىپ كەلدى. ئانىسىنىڭ ئەمدى ھېچكىمى قالمىغانىدى، ئاچىلىرى بولسا ئاجىز ئىدى. ئەنقەر

بالىلىق مېھرى بىلەن ئانىسىنىڭ كۆيگەن دىلىغا ئارامىلىق بەرمەكچى بولدى.

ھەشەمەتلىك ھويلىدا نەچچە جان ئادەم ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ قالدى. كۆرۈنۈشتە ئۇنداق ئەمەستەك، ھەمدۇللا مەخسۇم دادىلىق ئورنىدا، قالغانلار ئۆزىنىڭ ئورنىدا تۇرغاندەك، ھەممە ئىش نورمالدەك، ئادەتتىكىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەنقەر كۆڭلىدە شۇنداق ئايرىۋالغانىدى. بۇ ئىككى قاشتىكى ئادەملەر ئىچىدە دادىسى ئانىسىغا ئىپادىسىز ئىدى، ھېچنېمىسىگە يېقىن يولۇقتۇرمايتتى. ئەزەلدىن ئانىسى بىلەن تونۇشمايدىغاندەك پەرۋاسىز ئىدى. يېڭى خوتۇنى ئايخېنىمنىڭ ئالدىدا قاقاھلاپ كۈلۈپ ئەرلىك تۇيغۇلىرى بىلەن سۆركىلىپ، كۆزىنىڭ تېگىگە مەنىلىك قاراپ يۈرگەن بىلەن، كۈندىن ـ كۈنگە تارىيىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان ھويلىدا ئانىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغاندا، ھېسسىياتسىز قېتىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. تووۋا، بۇ كۆزلەر ئەزەلدىن تونۇشمىسىچۇ كاشكى! ئەنقەر ئايخېنىمغا چىراي ئاچمايتتى. ئۇ نېمىدەپ ئانىسىنىڭ كۈندىشىغا چىراي ئېچىپ يۈرگۈدەك؟!

ــــ ئەمدى سېنى مۇشۇ ئاپاڭ باقىدۇ، ئەركەك، ئۇنداق ئۇسكەك توپاقتەك بوينى قاتتىقلىق قىلما...

مېنى باقارمىش، جان بېقىش كويىدا يۈرگەن يات بىرسى بىر كىمنى باقىدۇ دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟! ئەنقەر دادىسىدىن «سىز ئاپامنى قانچىلىك باقتىڭىز؟» دەپ سورىغۇسى كەلدى.

دۈشەنبە كۈنى ئەنقەرنىڭ كۆزلىرى كەينىدە قالدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرغان ئانىسىنى مەكتەپكە ئېلىپ كېتەلمەيتتى.

ئۇ دەرسخانىدا بىر بىلىپ دەرس تىڭشاۋاتقاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلى ئانىسىدا ئىدى. تىنىقى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ تۇرغان، كۆزلىرى مۆلدۈرلىشىپ قارىشىپ تۇرغان ئادەملەر بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىچە، كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرىنى ئوتقا ئىتتىرىشتىن ئۇيالمامدىغاندۇ؟! ئەنقەر ئەقلىگە كېلىپ

دادىسىنىڭ ئانىسىغا بىرەر قېتىم قاتتىقراق گەپ قىلىپ باققىنىنى بىلمەيتتى. ئانىسىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ دادىسىغا ياقماي قالغىنىنى تېخىمۇ ئەسلىيەلمەيتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق دادىسى نېمە سەۋەبتىنقا قالدى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر سىر ئىدى.

بالا ئانىسىنى دادىسىنىڭ دوزىخىدىن قۇتۇلغان ھالىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا كۆيۈپ چۇچۇلا بولۇۋاتقان ئوت ئىچىدىن ئۆزىنى تارتسا، ئوغلىنى يېتىلەپ شۇ ئۆيدىن، شۇ كوچىدىن يىراقلاشسا تامامەن بولاتتى. ئەمما، ئۇ ئۇنداق قىلالمايتتى. ئانىسىنىڭ دادىسىغا ئەقىدە قىلغان، كۆيگەن، پەرزەنتلىرىگە مېھرىنى بەرگەن، ئۈمىد باغلىغان، ئىشەنگەن يۈرىكى ئانىنى ئۇنداق قىلدۇرمايتتى. يامان يېرى ئانىسى ئۇنى ئېلىپ بىر ياققا ماڭغان تەقدىردىمۇ، دادىسىنىڭ بىچارە ئانىسىنى خاتىرجەم قىلمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

قۇياشنىڭ جامالى يوق، ئاسماندىن توپا يېغىپ تۇراتتى. خۇمدانىنىڭ ئىچىدەك ئىسسىق قاپساپ تۇرغان ھەشەمەتلىك ھويلىدىكى قىسمەتلىك ھايات بىر خىلدا داۋاملىشاتتى. غۇنچە بوي، ئاي يۈزلۈك چوكىنى بىلەن پەرۋانە بولۇشۇپ يۈرگەن ھەمدۇللا مەخسۇم قوشنىسىنىڭ بالىخانىسىدىكى كوۋۇكقا تۇخۇم قويغىلىۋاتقان كەپتەردەك خىرامان بىر - بىرىنى چۆرگۈلىشىدۇ، بازلىشىدۇ، ئۇنلەيدۇ، ھويلىنى قىزىتىدۇ، يادىكار خېنىم بولسا تۈپتىن ئەكسىچە. ئۇ كۈنداشلىق، ئەلەم ئىپادىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان كۆزلىرىنى دائىم بىر نۇقتىغا تىككىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. ئەنقەر ئانىسىنىڭ ئۈنچىلىك تەمكىن بولالايدىغانلىقىغا، ھەسرەتلەنمەيدىغانلىقىغا قانداق ئىشەنسۇن؟! غۇرۇرلۇق بالىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھاياتتىن بىزار بولغان، نەپرەتلەنگەن كۆزلىرى ئانىسىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇنىڭ مەرمەر تاشتەك قېتىپ قالغان

كۆزلىرىدە بىرئاز جانلىنىش، قىزغىنلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولاتتى. يۇمشاق، جانسىز قوللىرى بىلەن ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ۋۇجۇدىدىكى ئانىلىق مېھرىنى بېرەتتى. ئەمما، ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلمايتتى. ئېھتىمال ئۇ بالىلىرىنىڭ دادىسىنى يا ئۇنداق، يا مۇنداق دەپ يامان گېپىنى قىلىشنى خالىمايۋاتقاندۇ.

— بالىلىرىمنىڭ دادىسى قولۇمنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقمىغىلى يەتتە ئاي بولدى...

ئانىسىنىڭ خېلى ئىلگىرى مۇشۇنداق دېگەنلىكى ئەنقەرنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئانىسى بۇ گەپنى ئەنجان كوچىسىدىن كېلىدىغان بىر نەۋرە تۇغقىنىغا دەۋاتقاندا ئاڭلاپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇ چاغدا ئەنقەرنىڭ قولىدا توپ، يېنىدا ئاشۇ تۇغقىنىنىڭ قىزى بار بولغاچقا، ئانىسىنىڭ ئۇ گېپى نېمىگە قارىتىلغان، ئېرى خوتۇنىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتسا نېمە بولىدۇ، تۇتمىسا نېمە بولىدۇ، دېگەنلەرنىڭ مەنىسىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىگەچكە، بالا بۇ گەپكە كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى. مانا ئەمدى دادىسى ئانىسىنىڭ كۆزىچە يەنە بىر خوتۇننى قۇشلاپ يۈرگەندە، بۇ گەپ ئېسىگە كېلىپ ئويلىنىپ قالدى. قارىغاندا، ئانىسى دادىسىغا ھەقىقەتەن كۆيۈك ئىكەن، ئانىسىنى تۈگەشتۈرۈۋاتقانمۇ مانا مۇشۇ كۆيۈك ئىدى. ئەگەر ئانىسى دادىسىغا ئەقىدە قىلمىغان، ئۇنى چىن يۈرىكىدىن سۆيمىگىنىدە ئىدى، بۈگۈنلۈكتە كۆزئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تىيىنگە ئەرزىمەس ئىش بولغان بولاتتى، خالاس.

كۈز كىردى. ئىشىك ئالدىدا ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرغان ئانىسىنىڭ چېھرى خان كوچىسىدا ئۇچراپ قالىدىغان يىگانە ئۈجمىنىڭ يوپۇرمىقىدەك سارغايغان، كۆپ جۈدەپ كەتكەنىدى. كۈز شامىلى ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ئاقارغان چېكە چاچلىرىنى، ئاپپاق رومىلىنى تىنىمسىز ئۇچۇراتتى.

ئەنقەر بىر گەپنى ئاڭلاپ قالغانىدى، ئاياللارنىڭ ئارىسىدا

نىمە گەپ بولمايدىكىنتاڭ، كوچىدا تارقالغان سۆز ـ چۆچەكلەر بالىنىڭ ئىغىز ـ بۇرنىغا بىمالال كىرىۋاتقان توپا ـ توزاندەك قۇلىقىغا كىرىپ ئۇلگۇردى:

— دادىسى بىلەن بەك بەلەن قاملىشىپ قالدۇق، ئەمما ھېلىقى مۇشتتەك ئوغلىنىڭ پەيلىگە قارىسام، ئۇ شۇم سەل بوي تارتسىلا مېنى پاتۇرمايدىغان ئوخشايدۇ!

— قورساق كۆتۇرسىلە، توغىسىلا، — دەپتۇ دادىسىنىڭ چوكىنىنىڭ دەردىنى ئاڭلىغان جۇۋانلار ئەقىل ئۆگىتىپ.

— توغاي دېگەن، لېكىن قورساق كۆتۇرۇشۇمدىن ھېچ شەپە يوق.

— تېخى ئىككى ئايلا بولدى، ئەمدى قورساق كۆتۇرەرلا.

— شۇنداق قىلسام، ئۇ ئادەمنىڭ كونا خوتۇنىدىن بولغان بالىلىرىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ كېتىشلىرى ئازلارمىكىن...

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، يولۋاسنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ھەمىشە لوق گۆشنى لوقما قىلىش كېرەك.

— ...

بۇ ئەنقەرنىڭ بىچارە ئانىسىنىڭ كۈندىشى ئايخېنىمنىڭ قىلغان گەپلىرى ئىدى.

## 26

كىملەردۇر ھەمدۇللا مەخسۇمنىڭ قۇلىقىدا غىڭشىلدايتتى:

— ئىككى خوتۇن بىر ئۆيدە تۇرسا باشلىرى ساقايمايدۇ، قىرىسىنى ساناتورىيەگە ئاپىرىۋېتەيلى، مەخسۇم!

بۇنداق گەپلەر ئەنقەرنىڭ قۇلىقىغا چالا قالماي ساقىپ تۇراتتى.

— شۇنداق قىلساق بولارما؟

— شۇنداق قىلايلى، باشلىرى ئارام تېپىپ قالىدۇ.

— ئەما، سوتنىڭ ھۆكمىدە مېنى ئۇ خوتۇننى باقىدۇ، دەپ كېسىم چىققان...

— سوت دېگەن دەيدۇ، ئەمدى ئۇ خوتۇننى ھېلىقى قېرى ـ چۈرىلەرنىڭ جايىغا ئاپىرىپ سولىۋەتسەك كىم نېمە دەيتتى...

— ئەرز قىلىپ قالارمىكىن...

— ئۇ ھالى بىلەن ئەرزىم بار دەپ ساناتورىيەدىن چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس!

— مەيلى ئەمىسە.

ئەنقەر تىترەپ كەتتى، ئادەملەرنىڭ يۈرىكى گۆشمۇ ياكى تاش؟!

بىر كۈنى كەچتە ئەنقەر مەكتەپتىن كېلىۋىدى، دېگەندەك ئانىسى ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى! بالىنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوققانچە، سومكىسىنى تاشلاپ كەينىگە ياندى.

— ساناتورىيە! ماڭا قېرىلار ساناتورىيەسىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار، مەن ئانامنى ئىزدەيمەن!

بالىنىڭ ئەسەبىي توۋلاشلىرى خان كوچىسىنى، كوچىدا ئۆتۈشۈۋاتقانلارنى ھەيرەتتە قالدۇردى. ئۇ ئۇچرىغانلىكى كىشىدىن سورىدى، يۈگۈردى، چاپتى. گۇگۇم چۈشۈپ كۆز باغلانغاندا ساناتورىيەنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بۇ شەھەر سىرتىدىكى ئارقا كوچىغا جايلاشقان ئېگىز تاملىق قورۇ ئىدى.

يادىكار خېنىم تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئىچىدە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ يولغا قاراپ تۇراتتى.

— ئانا! — ئەنقەر ئىچ ـ ئىچىدىن ئېسىلىپ بوغۇلۇپ يىغلىدى. بالىنى كۆرگەن ئانىسى ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ئالدىغا كەلدى. ئانا ـ بالا ئىككىيلەن دەرۋازا رېشاتكىسىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىن بىر ـ بىرىگە ئىنتىلدى. ھالبۇكى، ئوغۇل دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيتتى، ئانىسى سىرتىغا چىقالمايتتى.

— ئانا، ئانا... ئانامنى چىقىرىپ بېرىڭلار، ئانامنى قويۇپ

بىر ـــگىلار ! ـــ بالا جىنىنىڭ بارچە توۋلىدى، ئىغىر تۆمۈر دەرۋازىنى كۆچىنىڭ بارچە جالاقلاتتى.

ساناتورىيە ئىچىدىن كىملەردۇر دۈپۈرلىشىپ يۈگۈرۈپ چىقىشتى. تەرىنى بۇزۇپ توۋلاشتى :

ـــ هاي، كىمنىڭ بالىسى سەن... ماڭ، ماڭ نېرى ئوينا !

ـــ دەرۋازىنى ئېچىۋېتىڭلار، ئانامنى چىقىرىۋالاي. مېنىڭ ئانام...

ـــ ئاناڭغا هېچنېمە بولمايدۇ، ماڭە كەت ! ـــ هېلىقى ئادەملەر يادىكار خېنىمنى مەجبۇرەن ئىچكىرىسىگە ئەكىرىپ كېتىشتى.

ـــ ئانامنى ئېلىپ كېتىمەن، ئانا... ئانا... ئانا !

ـــ كىمنىڭ بالىسى بۇ، ئەجەب يامان شۇم ئىكەن، ـــ ساناتورىيە ئىچىدىكى ئادەملەر بىر ـ بىرىگە قاراشتى، بىر ـ بىرىنى چاقىرىشتى، يانفونلىرىنى چىقىرىشىپ كىملەرگىدۇر گەپ ئېيتىشتى.

ئۇلار دەرۋازىنى ئاچمايتتى، بالا كەتمەيتتى. شۇنداق كاجلىشىپ تۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشتى. بىر چاغدا موتوسىكلىتنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەمدۇللا مەخسۇم ئەنقەرنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى:

ـــ نېمىگە كەلدىڭ ئەركەك بالام، بۇ يەرگە؟

ئەنقەرنىڭ نېمىگە كەلگەنلىكىنى دادىسى بىلەتتى، بىلىپ تۇرۇپ سوراۋاتاتتى. دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەر ئۇلارغا ئۈن ـ تىنسىز قارىشىپ تۇراتتى.

ـــ سېنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، بالام، ئادەمنى شۇنداقمۇ ئىزدىتەمدىغان؟

ـــ سىلىنىڭ ئوغۇللىرىمىدى بۇ؟ ـــ دەرۋازا ئىچىدىن بىرسىنىڭ خۇشامەتگۈي ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ بايا ئەنقەرنى «شۇم» دېگەن كىشىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى، ـــ يېشى كىچىك بولغان بىلەن پەيلى يامان ئىكەن بۇ بالىنىڭ. ئۇ دەرۋازىنى داراڭلىتىپ پاڭقاي

گاچىلارنىمۇ قورقۇتۇۋەتتى، زادى! تاس قاپتىمەن ئاچچىقىمدا ئۇرۇپ سالغىلى...

مەخسۇم ئۇندىمىدى. دەرۋازىنىڭ رىشاتكىسىغا مەھكەم ئېسىلىپ تۇرغان ئەنقەرنىڭ قولىنى قايرىسىپ ئاجرىتىۋېلىپ مىڭىشقا كۆڭلى قويماي، بىر هازا تۇرۇپ كەتتى. كېيىن هېلىقى كىشىگە دېدى:

— بالامنىڭ ئانىسىنى ئاچىقىپ بەرسىلە، ئۇيگە ئېلىپ كېتەي.

— سىلىنىڭمۇ كۆزلىرى قىيماپتۇ ـ هە... — هېلىقى كىشى كىملەرگىدۇر بۇيرۇق قىلدى.

يادىكار خېنىم چىقتى، ئەنقەر ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. يادىكار خېنىم ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان يات ئادەمدىن چېھرىنى قاچۇرغاندەك مەخسۇمغا قارىماستىن، بالىنىڭ قوللىرىنى تۇتتى. بالا ئانىسىنى يىغلىدىمىكىن دەپ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئانا يىغلىمىغانىدى.

شۇ كۈنلەردە ھەمدۇللا مەخسۇمنىڭ يېڭى خوتۇنى ئايخېنىمنىڭ موللامغا چىپچىپ يۈرگەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ ياش مەزلۇم ھەمدۇللا مەخسۇمنى ئەنقەرنىڭ ئانىسىدىن قىزغىنىپ ئارامى يوق ئىمىش! بۇ كوچىدىكى گەپ ئىدى.

— ماۋۇ ياسىن سۈيىدىن بىر ئوتلام ئوتلىسىلا، كېسەلدىن خالىي بولىدىلا.

— ئاچا، ئالما يېسىلە، ئالمىدەك چىرايلىق بولىدىلا.

— ئاچا، ناۋات چاي ئىچسىلە، ناۋاتتەك مېھرى ئىسسىق بولىدىلا.

— ئاچا، كەلسىلە، دۇئا ئوقۇتۇپ قوياي...

ئايخېنىم تۇيۇقسىز يادىكار خېنىمغا ئاشۇنداق يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئەمما، يادىكار خېنىم كۈندىشىغا ئىپادىسىز ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن تاماق يېمەيتتى، ئۇنىڭ قولىدىن ھېچنېمە ئالمايتتى. ئۇ كەم سۆز، رايىش ئايال بولسىمۇ، دوست

بىلەن دۈشمەننى پەرق ئېتەلمەيدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى.

ئايخېنىمنىڭ ئۈششاق گېپى ئاۋۇپ قالدى :

— ئۇ خوتۇن ئۆزى تىرىك تۇرغان بىلەن جېنى چىقىپ كەتتىمىكىن، دېدىم. خېلىدىن بېرى ئاغزىغا تۇز - تائام سالغىنىنى، بىرەرسىمىزگە زۇۋان ئېچىپ گەپ قىلغىنىنى، كۆز قارىچۇقىنىڭ مىدىرلىغىنىنى كۆرمىدىم. قولىقىنىمۇ پاڭ بولدىمىكىن دېدىم، دۇئا تۇتتىمىكىن... — ئۈششاق گەپلەر ئادەمنى ناھايىتى شۈركۈندۈرەتتى. ئەنقەر ئۇزاقتىن بېرى ئانىسىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى، ئاغزىغا گىياھ چاغلىق نەرسە سېلىپ باقمىغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، تۇيۇقسىز ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. بالا بار كۈچىنى پۇتلىرىغا يىغىپ ئۆيگە، ئانىسىنىڭ يېنىغا چاپتى.

## 27

كۈز شامىلى غازاڭلارنى ھەريان ئۇچۇراتتى. ئەنقەر ھەر كۈنى خان كوچىسىدىكى سارغايغان ئۈجمە غازاڭلىرىدەك ئۇچۇپ مەكتەپتىن قايتىپ كەلسە، ئانىسى ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغان بولاتتى. بالا قەدەملىرىنى تېزلىتىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلىناتتى. يۇمشاق قوللىرىنى تۇتۇپ، يوپۇرماقلىرىدىن ئايرىلغان قېرى ئۈجمىنىڭ قوۋزىقىدەك سانسىز قورۇق باسقان يۈزلىرىنى سىلىغىنىدا، قېتىپ قالغان ئاشۇ چىرايدا بىلىنەر - بىلىنمەس جانلىنىش ئالامىتى پەيدا بولاتتى. بالا ئەمدى ئانىسىنىڭ بۇرۇنقىدەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ كۈلەلمەيدىغانلىقىنى، ھېچكىمگە ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئەنقەرنىڭ ئانىسىنى ئېلىپ يىراقلارغا قېچىپ كەتكۈسى كەلدى. كەتسە بولارمۇ؟ كېتەلەرمۇ؟ ئۇ كېتىمدۇ، ئانىسىنى ئېلىپ

يىراقلارغا كېتىدۇ. كۆز يەسلى ئاخىرلىشىپ غازاڭلار ھەريان ئۇچۇشقا باشلىغان جۇدۇنلۇق كۈنلەردە، زىمىستان قىشنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيغان تۇرنىلارمۇ كېتىدىغۇ! جاھاننىڭ قوينى كەڭ، ئادەمنىڭ رىزقىمۇ كەڭ. ئانىسى دادىسىغا بولغان ۋاپادارلىقى، ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى بىلەن شەك ـ شۈبھىسىزكى ياخشى كۈنگە تالىق. ھالبۇكى، ئۇ چىن ۋاپاسى، ئەقىدىسى بەدىلىگە ئاخىرقى ھېسابتا دوزاخقا ـــ دادىسىنىڭ كۆڭۈل دوزىخىغا تۇتۇرۇق بولدى. شۇڭا، ئوغۇل ئانىسىنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ، جەننەتكە باشلاپ كىرىدۇ...

يەكشەنبە. ئەنقەر ئانىسىنى يېتىلەپ ئىشىك ئالدىدىن يىراقلاشتى. خەير ـ خوش مەكتەپ، خەير ـ خوش مۇئەللىم... ئۇنىڭ دادىسىغا خوش دېگۈسى يوق، بالا ئۇنى خېلى قاملاشتۇرۇپ ئالداپ قويدى. ئۇنىڭ بەرگەن پۇلى ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ يىراقلارغا كېتىۋېلىشىغا يېتىدۇ. ئەمدى مۇشۇ چىققانچە ئۇرۇمچىدەك چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ، بىرەر قونالغۇغا بىمالال سىغدىلىدۇ، ئون نەچچە يۈەن دەسمايە سېلىپ ئىككى تال چوتكا بىلەن ئاياغ مېيى ئېلىپ مايلامچىلىق قىلىپ ئىش باشلىۋالسا، ئانىسىنى چوقۇم ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ.

ئەنقەر ئانىسىنى يېتىلەپ، ئۈرۈمچىدە ئاپتوبۇستىن چۈشتى. ئۇنىڭ ئەمدى كۆڭلى تىنچلىنىپ قالدى. ئىككى كۈن تىنچ ئۆتۈپ كەتتى، تۈنۈگۈن ئۆزلىرىگە تارچىلىق كەلگەن ئاشۇ شەھەردە ئوغلىنىڭ ئانىسىنى يېتىلەپ ئۈرۈمچىنىڭ ئاپتوبۇسىغا چىقىۋاتقىنىنى كۆرمىگەن دادىسى ئەمدى ئۇنى تاپالايتتىمۇ؟

ـــ ئەنقەرجان، ئەركەك!

بالا گۇلدۇرمامىدەك ئاۋازدىن چۆچۈپ، تاڭ قالدى. قوڭغۇزدەك قاپقارا پىكاپنىڭ ئىشىكىدىن قىستىلىپ چۈشكەن دادىسى ئۇنىڭ بىلىكىدىن كاپپىدە تۇتتى. ئاتا، بالا، ئانا ئۈچەيلەن بىر ـ بىرىنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە قېتىپ قالدى. قايسىبىر يىلى يازدا ھەمدۇللا مەخسۇم ئائىلە بويىچە شىمالغا ساياھەتكە كەلگەندە،

گۈلزارلىقلاردا مۇشۇنداق قول تۇتۇشۇپ، بىر ـ بىرىنى تەتە ـ تەتە ئېتىشىپ مېڭىشقان، بەخت كۈلكىسى ئىچىدە غۇلجا، قاراماي... ئىشقىلىپ، بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان جىمىكى شەھەر، سەيلىگاھلارنى ئايلىنىپ ئويناپ ـ كۈلگەن، كۆڭلىنى ئاچقان، سۈرەتلەرگە چۈشكەنىدى. بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈن قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدىغان دادىسى ئانىسىنى ئېلىپ قاچقان ئوغلىنى يېرىم يولدا تۇتۇۋالدى!

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن گەپ ـ سۆزسىزلا ھېلىقى قارا پىكاپقا سولاندى. ھەمدۇللا مەخسۇم ئەنقەرنىڭ ئۆزىنى يەرگە ئېتىشىنى بىلىپ قالغاندەك، پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىنى بوش قويۇپ، كەينى ئورۇندۇققا سىغدالدى، ئوغلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى. ئەنقەر يېنىدىكى ئانىسىغا كۆز سالدى، ئانا يەنە ۋەيلۇن دوزاخقا سۆرىلىۋاتقاندەك جاھانغا، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا ھېسسىياتسىز، جىممىدە قېتىپ ئولتۇراتتى.

ئۇلار ئۈرۈمچىگە دەسسە ـ دەسسىمەي، كەينىگە ياندى. يول بويى ھېچكىم ـ ھېچكىمگە زۇۋان سۈرمەستىن، كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ قايتىپ كەلدى. ئەنقەرنىڭ ئانىسىنى ئېلىپ قاچقىنىنى دادىسىنىڭ مەزلۇمى بىلىپ قالغانىدى. ئەمدى مەخسۇم ئەنقەرنى مەكتەپكە ئۆزى ئاپىرىپ دەرۋازىدىن كىرگۈزۈۋېتىدىغان، دەرستىن چۈشكۈچە يەنە مەكتەپ ئالدىغا ئۇنۇپ ئۇنى ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى. يادىكار خېنىممۇ ئاخىرقى ئەركىدىن ئايرىلدى، ئۇنىڭ كۈندىشى ئەمدى بىچارە مەزلۇمنى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتىن توسۇيدىغان، دەرۋازىنىڭ ئىچكىرى قاسنىقىدىكى ھېلىقى تار ئۆيدىن چىقارمايدىغان بولغانىدى.

غازاڭ پەسلى، ئەنقەر مەكتەپ گۈللۈكىدە ئۇششۇك تېگىپ شۇمشىيىپ قالغان گۈللەرگە قاراپ ئۆزىنى يالىڭاچلىنىپ قالغاندەك غېرىب ھېس قىلدى. «توۋا، ئانامغا نېمە بولغاندۇ؟ ــ دەيتتى بالا، ــ ئۇنىڭ راستىلا تىلى تۇتۇلۇپ قالغانمىدۇ! دادام

ئۆيگە خوتۇن ئەكىرگەندىن بىرى ئانامنىڭ بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلغىنىنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن...» ئۇنىڭ كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيدى، مەكتەپكە مېڭىشتىن ئىلگىرى ئانىسىدىن زورلاپ گەپ سورىدى :

— ئانا، خېلىمدىن بېرى تۇز - تائام يېگىنىڭىزنى كۆرمىدىم. كۆڭلىڭىز نېمە تارتىدۇ، ماڭا دەڭ، ئالغاچ كېلەي.

ئانا ھېچنېمە دېمىدى. ئېتى سىزىپ تارىشىدەك قېتىپ قالغان جانسىز قوللىرى بىلەن ئەنقەرنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— گەپ قىلىڭا، ئانا، مەن دېگەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز. باشقىلارغا گەپ قىلمىسىڭىز مەيلى، ماڭىمۇ گېپىڭىز يوقمۇ؟

ئانا گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۈنى چىقمىدى.

— سىزگە نېمە بولدى، ئانا؟

ئانا بېشىنى چايقىدى، ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. ھەيھات ! ئەنقەرنىڭ ئانىسىنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالغانمىدۇ، باغرى تاش ئادەملەرنىڭ نەزەربەندىدە گەپ قىلالماس بولۇپ قالغانمىدۇ. بالىنىڭ ئانىسىغا قاراپ يۈرىكى ئېزىلەتتى، ئىچ - ئىچىدىن يىغا ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ جىنىنى قىيناۋاتقان دوزاختا ئاشۇنداق پۇچىلىنىپ يۈرۈپ يەنە قۇلىقى ئىشىتمەس، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى.



# ئالتىنچى باب

## 28

ئۇلار شەھەرگە كىرىپ، مىغ ــ مىغ ئادەملەر توپىغا قېتىلدى.

ناسىرباينىڭ كۈنى قاياقتىن تۇغقاندۇ، ئاي ــ يىل ئۆتۈپ كەتسىمۇ خوتۇنىغا چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسەتمەيدىغان بۇ سۆرۈن تەلەت بەڭگى بۇگۈن ئالتۇنەمنى زورلاشتۇرۇپ دېگۈدەك كەينىگە سېلىپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى، بىرەر سودا ــ سېتىققا مۇددىئاسى بولمىسىمۇ، تىقما ــ تىقماق رەستىلەرنى ئالا قويماي ئايلىنىپ، كەينىدە كېلىۋاتقان بىچارە مەزلۇمنى ھاردۇرۇۋەتتى.

ئەلمىساقتىن تارتىپ كۆك ئاسمانغا تالىق بولغان قۇياش كۆك قەرىدىكى يېگانىلىك ــ يالغۇزلۇقتىن قېچىپ شەھەرگە ــ رەستىلەرگە مۆكۈۋالغاندەك، ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان رەستىلەر تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇياق ــ بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقان، سودا ــ سېتىق قىلىشىۋاتقان كىشىلەر باش ــ كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەرىنى سۈرتۈپ، چاڭقىغان، گەز باغلىغان لەۋلىرىنى يالاپ قوياتتى. دۇكىنىغا توپ ــ توپ ماللار بېسىلغان گەزمالچىلار، تەييار كىيىم ــ كېچەك ساتقۇچى غوجايىنلار، زەرگەرلەر، ھەتتا پەرداز بۇيۇملىرى ساتقۇچى... لار يىراق ــ يېقىندىن ئۆزىگە رىزق ئېلىپ كەلگەن خېرىدارلار توپىغا باشقىچە قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك يەكشەنبە كۈنىدە يۇرت بويىچە توي كۆچۈرۈشكە كەلگەندەك گۇر ــ گۇر شەھەرگە كىرىپ بازار ئارىلايدىغان، سودا ــ سېتىق

قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ پۇلى ئاز، سودىدا گېرى بولسىمۇ، لېكىن شەھەرنى ئاۋات قىلىدىغان، سودىنى جانلاندۇرىدىغان، تىجارەتچىلەرنىڭ پايدا ـ نېسىۋىسىنى نەق بېرىدىغىنى يەنىلا ئاشۇ دېھقانلار ئىدى. شۇڭىمۇ بۇگۈنكى كۈنلەردە شەھەرلىكلەر ئارىسىدا ئىلگىرىكىدەك «سەھرالىقلار ئاق، سەھرالىقلار كۆك» دەيدىغان غەيۋەت ـ شىكايەتلەر بېسىقىپ قالغانىدى. پۇل ـ مېلى ئېشىپ ـ تېشىپ، مىليونېرغا ئايلانغان زەردارمۇ دۈكىنىغا ئاياغ باسقان نامرات چىراي دېھقانلارغىمۇ خىزىرغا ئۇچرىغاندەك ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتتى. ھەقىقىي سودىگەرچە پەزىلەتكە تويۇنغان ئىللىق چىراي، يۇمشاق تەلەپپۇز، سىپايە گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ئالدىدىكى كىشىنى مايىل قىلىپ، چۆنتىكىدىكى پۇلنى سۇغۇرۇشنىڭ كويىدا بولاتتى. خېرىدارلار مالغا ئۇن ھەسسىلەپ تۆۋەن باھا قويسىمۇ، تەمكىن تەۋازۇلۇق ھالىتىنى بۇزماي ئىللىق كۇلۇمسىرەپ: كەم بولار، سەل ئۆرلىسىلە، كەم سورىماي ئالسىلا... دەپ خېرىدارنىڭ كۆزىدىن كۆز ئۈزمەي تۇراتتى. شۇڭا، بازارلاردا ئىلگىرىكىدەك جېدەل ـ ماجىرا، پاتپاراقچىلىق ئەھۋاللىرى يوق دېيەرلىك ئىدى.

ئېرىنىڭ كەينىدە كېتىۋېتىپ قورسىقى ئاچقان، ئۇسسىغان، پۇتلىرىنىڭ ماغدۇرى قاچقان ئالتۇنەم زەرگەر بازىرىنىڭ ئالدىدىكى بىر قىستاڭچىلىقتا ئۆزىگە غىل ـ پال تونۇش بولغان سۆلەتلىك بىر ئادەم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. «قارىغۇنى تار يەردە قىستاپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ سولغۇن كۆزلىرى يەنە سۆلەت ساھىبىنىڭ مەغرۇر كۆزلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى... ناتونۇش كۆزلەر دوقۇرۇشسا كارايىتى چاغلىق، لېكىن تار يەردە دوقۇرۇشۇپ قالغان تونۇش كۆزلەر ھامان بىر ـ بىرىگە ئىلىنىشىپ يا تەبەسسۇم قىلىدۇ، ياكى بىر ـ بىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. شۇ تاپتا سولغۇن كۆز ئۆزىگە تىكىلىپ قالغان مەغرۇر كۆز بىلەن بىر پەس توقۇنۇشۇپ ئۆلگۈردى، توقۇنۇشۇشتىن بىسەرەمجان بولغان تۈيغۇلىرى ئەسەبىلىرىنى،

ئەسلىملىرىنى قوزغاپ، ئاغرىنىشقىمۇ، نەپرەتكىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر ئىپادە سولغۇنلۇقنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

ئالتۇنەم يەرگە قارىۋالدى... تا بۈگۈنگىچە بارمۇ دەيمەن بۇ ئادەم، ئايال زاتىغا قىلغان ئەسكىلىكلىرى ئۈچۈن ئاللىقاچان ئۆلگەندۇ دېسەم، ئەجەب ئۆلمەپتۇ دېسە! ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ، تار قىستاڭچىلىقتىن ئۆزىنى چەتكە تارتىپ، گويا مۇشكۈل سەپەردىكى داۋاندىن بىخەتەر ئۆتۈپ كەتكەندەك ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئالتۇنەمنى بىسەرەمجان قىلغان سۆلەت ساھىبى بىر چاغلاردىكى ھەمدۇللا مەخسۇم ئىدى. ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شۇنداق بىر سۆلەتلىك بايغا نىكاھ قىلىنغان، كىچىك خوتۇن بولغان، چوڭ خوتۇنلىرى بىلەن بىر ھويلىغا پاتماي، قورسىقىدىكى بالا بىلەن ھەيدەپ چىقىرىلغان، كوچىغا تاشلىۋېتىلگەن، خارلانغان... ئېرىنىڭ كەينىدە كېتىۋاتقان ئالتۇنەمنىڭ يۈرىكىنى يەنە ئازاب تۇمانلىرى ئەسىر قىلدى، كونا ئەستىلىكلىرى قوزغىلىپ، تۇزۇپ كەتكەن ئۆرۈك چېچەكلىرىدەك قەلب دۇنياسى خانىۋەيران بولدى...

ئالتۇنەم رەستىدىكى ھېلىقى ياسىداق ھويلىدا، مەخسۇمنىڭ نىكاھىدا ئولتۇرۇپ ياز ئۆتە - ئۆتمەي دەككە - دۈككىلىك كۈنلەرنى كۆتۈۋالدى. شۇ كۈنلەردە مەخسۇمنىڭ داققاللىقىنى قىلىپ يۈرگەن ھېلىقى ئاياللار مەخسۇمنىڭ خان كوچىسىدا كاتتا قورۇ - جايى، ئۇ قورۇدا يادىكار خېنىم، ئايخېنىم ئىسىملىك چىرايلىق خوتۇنلىرى بارلىقىنى ئاڭلىغانىدى. بۇ ئاياللارنىڭ ئېيتىشىچە، مەخسۇم ناھايىتى خوتۇنپەرەس ئادەم ئىمىش، خۇددى ئالتۇنەمنى «بىر كۆرۈپ ئاشىق بولغان»، «ئىككى كۆرۈپ نىكاھىغا ئالغان»دەك، پات - پات شەھەر كەمبەغەللىرى، سەھرالىق كۆك نامراتلارنىڭ قىزىغا «ئىگىدارچىلىق قىلىپ قويىدىغان» ئېسىل خىسلەتلىرى بار ئىمىش! ئۇ ئادەم ئۆزى بەگ - بايۋەچچىلەرچە كولۇپ يۈرگەن بىلەن چوڭ - كىچىك خوتۇنلىرىنىڭ ئالدىدا بېشى ساق ئەمەس ئىمىش. ئۇنىڭ خان

كوچىسى، ئەنجان كوچىسى، ھىندى سارىيى ئەتراپىدىكى ھويلىلىرىدا مەخسۇمنىڭ نىكاھىدىكى خوتۇنلار تۈيۈقسىز جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىپ چاچ يۇلۇشۇپ كېتەرمىش. يۈرەك ـ باغرى كۆنداشلىق، ھەسەت، غەم ـ ئەندىشە گۈلخانلىرىدا كۆل بولغان ئاياللار بىر ـ بىرىنى تىرىك يەۋەتكۈدەك بولۇپ كېتەرمىش.... بۇنداق جېدەل ـ ماجىرالاردىن خەۋەر تاپقان مەخسۇم دەرھال شۇ يەرگە ئۇنۇپ جېدەل سورارمىش. ھەتتا چوڭ، قاقباش خوتۇنلىرىنىڭ ئاغزىنى جىملەپ بولالماي، ياۋاش، ئالدىدىن ئىش ئۆتمىگەن كىچىك خوتۇنلىرىنى تالاق قىلارمىش، كوچىغا چىقىرىۋېتەرمىش...

قولى ئۇچۇق، سېخىي مەخسۇمنىڭ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاقچىلىرى ئۇچۇن يۇت ـ قولى يەرگە تەگمەيدىغان بۇ قاقباش خوتۇنلار شۇنچىلىك بىلەرمەن ئىدىكى، مەخسۇمنىڭ ئىچ سىرىنى، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلىشەتتى. مەخسۇمنىڭ قايسى خوتۇنىنىڭ قانداقلىقى، قەيەرلىك ئىكەنلىكى، مىجەزىنىڭ سەھرا مىجەز ياكى شەھەرلىككە لايىقلىقى، ھەتتا مەخسۇمنىڭ قايسى خوتۇنغا قانچىلىك دەرىجىدە ئامراقلىقى توغرىسىدا ۋەز ئېيتىپ، جان باقتى مەدداھلاردەك گەپ ساتاتتى. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغان ئالتۇنەمنىڭ ئەندىشىسى كۆچىيىپ، ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەندەك باشتىن ئۆتكۈزگەن خۇپىيانە تويى، مۇشۇ توي ئارقىلىق شەھەرنىڭ سىرلىق خالتا كوچىلىرىغا كىرىپ قېلىپ بىر باشقا چىقىشقا كۆزى يەتمەي تېنەپ يۈرگەندەك قورقاتتى. دېمىسىمۇ ئالتۇنەمنىڭ قورقۇنچىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. ئۇ ئاغزىدىن شېرىن ـ شېكەر گەپ تۆكۈلۈپ تۇرغان بىلەن كۆڭلىدە ھىيلە ـ مىكىر، ئويۇن ـ تاماشا، نەپسانىيەت خاھىشى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان خوتۇنلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن مەخسۇمنىڭ ھەممە ئۆيىدە، ھەممە خوتۇنلىرى ئارىسىدا گەپ توشۇپ پات ـ پات جېدەل تېرىپ ئارىدىن نەپ ئۇندۇرۇپ كۆڭگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھەمىشە

كىشىنىڭ گېپىنى قىلىپ كۆنگەن خوتۇن پەيتى كەلگەندە يەنە كىشىگە گەپ يەتكۈزمەي قالاتتىمۇ؟!

ئالتۇنەم مەخسۇمنىڭ بۇ ھويلىسىدا ھامان بىر كۇنى كۇنداشلىق ئوتى لاۋۇلداپ، ئۆزى بۇ ئوتنىڭ تۇتۇرۇقى بولۇپ كېتىدىغاندەك غەمگە چۆكەتتى، ۋايىم يەيتتى. لېكىن، كۇندە دېگۇدەك ئۆزىنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدىغان مەخسۇم شۇنچىلىك خوتۇنپەرەس ئادەم ئىدىكى، بۇ ئادەم گويا جاھاندا ئالتۇنەمدىن باشقا ھېچنېمىسى يوقتەك پۇتۇن يۇرىكىنى، پۇتۇن مېھىر - مۇھەببىتىنى بىر ئالتۇنەمگە ئېلىپ كەلگەندەك قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالاتتى. مەخسۇم ھەر قېتىم كەلگەندە قولىدا بەش - ئون زىخ كاۋاپ ياكى گۆشگىردە كەم بولمايتتى، بەزىدە ھەسەل، مېۋە شەربىتى كۆتۈرۈپ كەلسە، بەزىدە پېچىنە - پىرەنىك، باقالى دېگەندەك تاتلىق - تۈرۈملەرنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. گاھى چاغلاردا: تىجارەت ئىشى بىلەن ھالىڭدىن خەۋەر ئالالمىدىم، ئالتۇنەم، دەپ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قوياتتى. ھەر ۋاقىت ساقاللىرىنى پاكىز ئالدۇرۇپ، ئەنبەھ پۇراپ تۇرىدىغان ئۇ كىشى مۇلايىملىق ئىچىدە ئوت - ئاتەش يېنىپ تۇرىدىغان ئىتتىك كۆزلىرى بىلەن ئالتۇنەمگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئالتۇنەم خىجىل بولۇپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچسا، مەخسۇم يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قارىتىپ:

— نېمىشقا يەرگە قارىۋالىسەن، ئالتۇنەم؟ ماڭا قاراپ ئولتۇر، — دەيتتى. ئالتۇنەم شەلپەردەك قىزىرىپ :

— ئىزا تارتىدىكەنمەن، — دېسە، مەخسۇم :

— نېمىشقا؟ — دەپ سورايتتى.

— مەن تۇنۇگۇن تېخى ئاداشلىرىم بىلەن ئويناپ يۈرەتتىم، بۈگۈن...

— بالا - دە، سەن، ئالتۇنەم. قايىلا، قىز بالىنىڭ يارالمىشى بەربىر ئەركەكلەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن، سەن ھازىر ئەرگە

تەگمىسەڭمۇ، كېيىن بەربىر تېگەر بولغىيدىڭ؟!
— لېكىن، سىلىدەك دادامچىلىك ئەرگە تەگمەستىم؟!
— مەخسۇم يەنە قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى:
— قايىلا، پەيغەمبەر ئاتىمىز ئائىشە ئانىمىزنى نىكاھىغا ئالغاندا، ئائىشە ئانىمىز ئاران توققۇز ياش دەمدۇ ياكى ئون بىر ياش دەمدۇ، ئىشقىلىپ، شۇنداقراق نارەسىدە قىز ئىكەن، شۇلارمۇ ئۆي تۇتۇپ بىرمۇنچە بالىلىق بوپتىكەن...
— ئۇ دېگەن كونا زامان، — دەيتتى ئالتۇنەم گەپتىن قالماي، مەخسۇمنىڭ كۈلۈشلىرى، ھېچبىر گەپكە تېرىكمەسلىكى، چېچىلماسلىقى ئالتۇنەمنىڭ تىلىنى چىقىرىپ قويغانىدى.
— كونا زامان دېگەن نېمە، يېڭى زامان دېگەن نېمە، بىلەمسەن؟ — دەيتتى مەخسۇم ئالتۇنەمگە تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، — بۈگۈنكى كۈندە ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ زامانىسىنى يېڭى زامان، بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ زامانىسىنى كونا زامان دەپ ئاتىشىدۇ. لېكىن، شۇ كونا زاماندىكىلەرمۇ ئۆزىنىڭ زامانىسىنى ئەڭ يېڭى زامان، كاتتا زامان دەپ ئاتاپتىكەن... ئادەمنىڭ كۆڭۈل خاھىشى، تۇيغۇسى، قىلىقلىرى، ياشاش مۇساپىسى بەربىر ئوخشاش. شۇلارمۇ تۇغۇلىدۇ، تاماق يەيدۇ، كىيىم كىيىدۇ، خەتنە قىلدۇرىدۇ، قۇلىقىنى تەشتۇرىدۇ، چوڭ بولىدۇ، خوتۇن ئالىدۇ، ئەرگە تېگىدۇ، بالىلىق بولىدۇ، قۇدىلىشىدۇ، قېرىيدۇ، ئۆلىدۇ، بۇ كونا زاماندىمۇ شۇنداق، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ، بۇ يەردە ئوخشىمايدىغىنى نېمە دېسە، تەرەققىيات پەرقى ئوخشىمايدۇ. كونا زاماندىكىلەر ئات ـ ئېشەك مىنىپتىكەن، مانا بىز ياپونىيەنىڭ موتوسىكلىتىغا مىنىۋاتىمىز. ئەتە ـ ئۆگۈن تېخى گېرمانىيەنىڭ، ئامېرىكىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرىمىز. بىزدىن كېيىنكىلەر موتوسىكلىت، ماشىنا دېگەنلەرگە قانات چىقىرىپ ئاسماندا ئۇچۇرامدۇ، بۇنى ياراتقان ئاللا ئۆزى بىلىدۇ... قانداق، گېپىمنى ئۇقۇۋاتامسەن؟

ساڭا دېگەندەك، كونا زامان بىلەن يېڭى زاماننىڭ پەرقى ئەنە شۇ تەرەققىياتتا ھەم تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئاڭ ـ تۇيغۇ، خىيالنىڭ ئوخشىماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ. لېكىن، مەن ساڭا دېسەم، ئالتۇنەم، مۇشۇنداق ئاخشاملىرى چىراغ ئۆچۈرۈلۈپ، ئادەم ئاندىن تۇغما بولغاندا، كونا زاماننىڭ ئادەملىرى بىلەن بۈگۈنكىدەك يېڭى زاماننىڭ ئادەملىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق قالمايدۇ، جۇما...

مەخسۇم شۇنداق دەۋېتىپ چىراغنى ئۆچۈرەتتى... خېلى بىر پەس داۋاملاشقان ھاياجاندىن كېيىن بۇ ئادەمنىڭ يېقىملىق پىچىرلىغان ئاۋازى يەنە ئاڭلىناتتى :

— مەن ساڭا دېسەم، ئالتۇنەم، سەن كونا زامان دەپلا قالدىڭ، ھازىر كونا زاماندىكىدەك ئۇنداق مەمۇرچىلىق، ئويۇن ـ تاماشىلار يوق. ئۇ چاغدا ئادەملەرنىڭ قانچىلىك ماغدۇرى بولسا، شۇنچىلىك كۆپ خوتۇن ئالسا بولىۋېرىدىكەن... لېكىن مېنىڭ مىليون ـ مىليون پۇلۇم تۇرۇپ، تۆت خوتۇن ساقلاشقىمۇ ئىمكانىم بولمايۋاتىدۇ، جۇما !

...

ئالتۇنەمنىڭ جىسمى ناسىربايىنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان بىلەن روھى ھېلىقى مەخسۇمنىڭ يېنىدا قالغانىدى.

— كى... كىم ئۇ؟ ـ دېدى خام بازىرىدىكى دوغاپچىنىڭ سايىۋىنىگە ئاران ئۈلگۈرگەن ناسىرباي ئالتۇنەمگە سىگار يان قاراپ، ئالتۇنەم ئىرىنىڭ سوئالىدىن مەڭدەپ قالدى. ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشكە تەييارلىقى يوق ئىدى.

— با... بايىقى ئىگىز بوي، سۆلەتلىكنى دەيمەن؟ — دېدى ناسىرباي بىر چىمدىم ناسۋالنى كاپ ئېتىپ.

ـ مە... مەن بىلمەيمەن... — دېدى ئالتۇنەم قىزىق گىردىنى مۇزلۇق دوغاپقا تۇگۈپ ئولتۇرۇپ، — قىستاڭچىلىقتا دوقۇرۇشۇپ كەتتۇق.

—— ھىم ! — دېدى ناسىرباي دىمىقىنى قېقىپ، — ئەمىسە،

تـونۇش ئىنـەكنى ھـدلاپ قالغـان بـۇقىدەك بـويـنىنـى سـوزۇپ قالدىغۇ؟ !

ئالـتۇنەم ئۇنـدىـمىدى، كۆڭـلـىدە بولـسا «گـېـپـى سەت بەڭگـى» دېدى.

## 29

كـەمـبـەغەل، يوقسۇللارغا قارىغاندا باي ـ زەردارلارنىڭ كـىـبـرى ئۇستۇن كېلىدۇ.

ھەمـدۇللا ھاجى باي ـ زەردارلارغـا خاس كـىـبـرى ئۇستـۇن، ئۆزگـىـلەرگە ئـانچە ئېـتـىبار قـىـلـىـپ كـەتمەيدىغان ئادەم ئىـدى. بىراق، رەسـتـىـدە ـــ رەسـتـىدىكى تار ـ قىستاڭچىلىقتا ئۇچرىغان ھېـلـىقى تـونۇش كۆزلەر ئـۇنىڭ تەكـەببۇرلـۇق ئـەگـىپ تـۇرغـان كۆزلىرىنى پارقىرىتىۋەتتى. ئوي ـ خىيالىنى ئاستىن ـ ئۇستۈن قىلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا كەينىگە بۇرىلىپ قاراشـقا مەجبـۇر قىلدى.

ھاجىنىڭ كۆزلىرىدە چاقماق چاققان بۇ كۆزلەر ئاپپاق ئۆرۈك چېچەكلىرى ئارىسـىـدا كۆلۈپ تـۇرغان تونۇش مـەسۇم كۆزلەرگـە ئوخشايتتى. ئۇ كـۆڭـۈلـنىـڭ كەينىـگە كىرىـپ ياشلىـق پەيزىنـى سۈرگەن چاغـلىرىدا، بـۇ كۆزلەرنى بـىر كۆرۈش بىـلەن يۈرىـكـى ئويناپ كەتكەن، نەپسى تاقىلـدىغان، ئۆزىـنى ئۇنتـۇغان، ئۇنىـڭ پېيىگە چۈشكەن، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھـەر ئاماللارنـى ئىزدىگـەنىدى... «چـالا تـونۇش كۆرۈنـگـەن بۇ خوتـۇن ھـېلـىـقـى ئالـتـۇنەم دېگـەن كـۆك پوتلـىـدەك قىـلامـدۇ نـېمـە؟ ! مـەن تـار قىستاڭچىلىقتىكى ئادەملەر ئارىسىدا كېتىۋاتقان باشقا بىرسىنى ئالـتۇنـەمـگـە ئوخـشـتـىـپ قـالـمـىـغـانـدىـمەن؟ ئـېـھـتـىـمـال ئـوخـشاتقـانـدىمەن، بـاشـقا بـىـر ئـايال كـۆزۈمـگـە شۇنـىـڭـدەك كۆرۈنگـەندۇ. ئەمـا، بۇ ئايال شـۇ ئالتۇنـەم بولغان تـەقدىردىمـۇ بۇنچىلىك قېرىپ تۈگىشىپ كەتمەس ئىدى... بـۇ خوتۇن راستىلا

ئاشۇ ئالتۇنەم بولۇپ قالسا، قانداق بولۇپ كەتكىنى؟ ئەجەب گادايلىشىپ كېتىپتۇ دېسە!» ھەمدۇللا ھاجى شۇنداق ئويلىدى ھەم باش ـ ئاخىرى يوق گادىرماچ خىياللارغا ئەسىر بولدى. كېيىن ئۆزىنىڭ خىيالىغا ئۆزى ھاي بېرىپ كۈلۈپ قويدى. بولدىلا، ئۇ خوتۇن كىم بولسا ـ بولمامدۇ، نېمە بولسا بولمامدۇ! ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئەرزىمەس بىر خوتۇننى نېمانچە ئويلاپ كېتىمەنەي! ئۇنداق كۆك نامراتلارنىڭ قىزلىرىغا كۆزىمىز چۈشكىنى ئۇلارنىڭ بەختى. جېنىنى جان ئېتەلمەي يۈرگەن شۇ بىچارىلەرنىڭ بىزنىڭ نەزەر ـ گۆزىرىمىزگە سىغقىنى، بىزگە يارىغىنى ئۈچۈن بىز ئىسىل كۆڭلىمىزنى بېرىمىز. ھاياتىمىزنىڭ بايلىقى بولغان پۇللىرىمىزنى غازاڭدەك خەجلەيمىز. بىر ھېسابتا بىزنىڭ كۆڭلىمىز چۈشۈپ قېلىپ ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئەمرىمىزگە ئۆتكىنى ئۇلارنىڭ تەلىيى. كېيىنكى بەختسىزلىكى بولسا تەلىيىنىڭ كاجلىقى. ئۇنداقلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ بولغاچقا، بېشىغا قونغان بەخت قۇشى بەرىبىر ئۇركۈپ كېتىدۇ.

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئالتۇنەم توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى شۇ خىياللار بىلەن كۈپايىلەندى. كۆڭۈلنىڭ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ شۇنداق بىر قىزنى يولدىن چىقىرىپ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى قىلچىلىك بوينىغا ئالمىدى. ئۇ بىچارە مەزلۇمنىڭ ئىگىسىز ئېتىلەك كوچىغا قوغلانغان ۋاقىتتا ئۆزىدىن ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى، ھازىر شۇ بالىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ بەختسىز ھالىتىنى تەقدىرىنىڭ كاجلىقىغا، تەلەيسىزلىكىگە باغلاش بىلەن بولدى قىلدى.

ھاجى «بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس ـ دە، بۇ» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە كۈلۈپ قويدى. تار، قىستاڭ رەستىدىن چىقىپ، يول بويىدىكى چىنارنىڭ سايىسىغا توختىتىپ قويۇلغان تىللا رەڭ خان تاجى پىكاپىغا ئولتۇرۇپ، كوچىدىكى سەلدەك ماشىنا ئېقىمىغا

قوشۇلدى. ئۇ ماشىنىسىنى تېز ـ تېز ھەيدىگىنىچە، باغچە يولىدىكى ھەشەمەتلىك تېز تاماقخانىلارنىڭ بىرسىگە كېلىپ، كاتتا ئايرىمخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يېدى. ئۇنىڭ شۇنچە چوڭ تاماقخانىدا يالغۇز تاماق يېيىشى كاتتا بايغا ئەمەس، بەلكى چۈنتىكىدىكى پۇلىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق يېگانە گادايغا ئوخشاپ قالغانىدى. ھاجى تاماقتىن كېيىن چۈشلۈك ئۇيقۇ باسقان كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كاتتا قورۇسىغا كەلدى. ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۆزىنى قىزىلگۈل بەرگىدەك قىزغۇچ ھۇجرىسىدا كۆردى ھەم ئارام ئالماق بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمغاندا، كۆز ئالدىغا تونۇش بىر ئايال، ياق، تونۇش بىر قىز كېلىۋالدى. ھاجى ئاخىر ئۆز ـ ئۆزىگە ئىقرار بولدى. ئۇ بۇ تونۇش قىز بىلەن ھايات ئۆتەكلىرىنىڭ بىرسىدە بېشى قوشۇلغان، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ئەركە كۆڭلى، ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان بۇ مەسۇم قىزنىڭ كۆڭلىنى مەجبۇري ئوۋلىغان... ئۇ ھازىر نەدىكىن؟ نېمە كۈن كۆرۈۋاتىدىكىن؟ ! بايا رەستىدە دوقۇرۇشۇپ قالغان ھېلىقى قېرى چىراي، ئىنجىمارۇق ئايال راست شۇمىكىن؟ ياق، ئۇ ئايال بەلكىم ئەمەستۇ، ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ تۇرىدىغان چىرايلىق قىز ھېلىتىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالمىغاندۇ؟

ھەمدۇللا ھاجى ئالتۇنەمنى تاشلىۋەتكەنلىكىگە، تۇللۇق كوچىسىغا ئىتتەرگىنىگە ئىقرار بولدى. شۇ يىلى ئۇ سودا، ھەج تاۋاپ ئىشلىرى بىلەن ئېغىر بوي ئالتۇنەمنى يالغۇز ھويلىغا تاشلاپ قويۇپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. ھەج تاۋاپ قىلىش ئارزۇسى ئۇغۇشلۇق بولماي، چەت ئەلدە سودا قىلىپ يۈردى. بولۇپمۇ قىرغىزىستاندىكى سودىسى راسا يۈرۈشۈۋاتقاندا، سودا بازىرىغا توساتتىن ئوت كەتتى. مالنى يەتكۈچە باسقان مەخسۇمنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلى بىر كېچىدىلا كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. ئەسلى ـ ۋەسلىدىن ئايرىلغان مەخسۇم ھەمراھلىرى

بىلەن ئىسسىق جېنىنى ئېلىپ مىڭ تەستە ۋەتەنگە قايتىپ كېلىۋالدى.

ئامەت، تەلەي دېگەن ھەمىشە ئوڭ كېلىۋەرمەيدۇ. مەخسۇم قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل يۇرىكىنى ئۇۋۇلاپ ئۆيدە ياتتى. ئايخېنىمنىڭ ئېتىپ بەرگەن تامىقىنى يەپ، سېلىپ بەرگەن يوتقان ـ كۆرپىسىدە ئۇخلاپ، زور زىياندىن كېلىپ چىققان يۇرەك يىغىسىنى بېسىشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۇرۇلدەپ تۇرغان غايەت زور ئوت يالقۇنى، كۆيۈۋاتقان ماللار، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ جېنىنى ياقىغا ئېلىشىۋاتقان ئادەملەر، قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي كۆيۈپ چۈچۈلا بولغان بىتەلەيلەر دەممۇدەم ئەكسلىنەتتى. باشقا كەلگەن كۈن شۇ بولغاندىكىن، ئەمدى كۆڭۈل ـ ئىشق يۇگۇرۇكىگە كىمنىڭ تاۋى؟ چوڭ خوتۇن يادىكار خېنىمنىڭ ھالى نېچۈك؟ ئاق كۆڭۈل، ساددا ئالتۇنەم نەگە كەتتى؟ مەخسۇمنىڭ ئۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە رايى بارمىدى.

كۈنلەر شۇ تەرزدە ئۆتۈشكە باشلىدى. لېكىن، جاھان ئەركىسى بولۇپ ئۆگىنىپ قالغان شىر ئۆزىنىڭ بىرەر قېتىم يېڭىلگىنىگە، ئۇزاققا سوزۇلغان سەپەردە بىرەر قېتىم تىلك ياردىن دومىلاپ چۈشكىنىگە قانداقمۇ تەن بەرگۈسى كەلسۇن؟! مەخسۇم ئايىغى ئۈزۈلمەي يوقلاپ كېلىۋاتقان ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يار، بۇرادەر، تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ زورى بىلەن يەنە بازارغا چىقتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۈن يەنە شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پېتىۋاتاتتى. كىشىلەر ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىش ـ ئوقەت، سودا ـ تىجارەت كويىدا چېپىشىپ يۈرەتتى. مەخسۇم ئۆزى ئويناپ چوڭ بولغان قەدىمىي كوچىلارنىڭ، تەرەققىيات، زامانىۋىلىققا يۈزلەنگەن سانائەت رايونلىرىنىڭ ئۆزگىچە قوچاق ئېچىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

مەخسۇم يەنە بازارغا چىقتى. قىزىق يېرى، چەت ئەل سەپىرى ئۇنىڭغا ھاجى دېگەن ئاتاقنى ئىنئام قىلغانىدى.

## 30

بەگگىنىڭ خۇمارى تۇتۇپ قالسا، جۇدۇن، ئۇرۇشقاق بولۇپ قالىدۇ.

شەھەردىن قايتقان ناسىرباي ئالتۇنەمنى قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ بىر هازاغىچە ئۇردى. خۇمارى ئەدەپ كەتكەن بۇ بەگگى خوتۇنىنىڭ ئىلگىرى شەھەردە ئەرگە تەگكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، رەستىدە ئۇچراپ قالغان ھىلىقى سۆلەت ساھىبىنىڭ نىمىشقا بويۇن سوزۇپ قارايدىغانلىقىنى كوچىلاپ سوراپ تۇرۇۋالدى. بىچارە ئالتۇنەم بۇ تەتۈر مىجەز بەگگىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى، رەستىدە دوقۇرۇشۇپ قالغان ئۇ كىشىنىڭ قىزلىقىدا تەگكەن ئېرى ھەمدۇللا مەخسۇم ئىكەنلىكىنى ئاغزىدىن چىقىرالىسۇنمۇ؟!

ياق، ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشى، ئۆرۈك چېچەكلىرىدەك توزۇپ كەتكەن ياشلىقى توغرىسىدا بۇ ئادەمگە ئېغىز ئاچالمايدۇ. ئالتۇنەم ــ ئالتۇنەمدەك ئايالالار تا بۈگۈنگىچە ئاجىز، بىقۇۋۇل. ئۇلار تاش يۈرەك، زالىم ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ روھىيىتى، ئادىمىيلىكى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەمەس، جىسمانىيىتىنى قوغداشقىمۇ ئامالسىز. ئۇلار جان ـ جېنىنى قىيناۋاتقان تاياق ئازابىدا، روھىي ئازابىدا كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ، يارانقۇچىغا نالە قىلىدۇ، يارانقۇچىدىن ئۆزىگە ئاسايىشلىق تىلەيدۇ. ئەپسۇسكى، بۇنداق كۆز ياش، ئاچچىق نالەشلەر ئاشۇ قاراڭغۇ ئۆينىڭ سىرتىغا ئاڭلانمايدۇ. مانا بۇ ئالتۇنەمنىڭ قىسمىتى! ئۇ ئۆسمۈرلۈك مەۋسۇمى بىلەن ئەمدىلا خوشلىشىپ، ھەمدۇللا مەخسۇمغا تويلاپ بېرىلگەن ئاشۇ كۈنلەرنى ئازاب، تېڭىرقاش ئىلكىدە ئۆز ـ ئۆزىنى گوللاپ ئۆتكۈزگەنىدى. ھەمدۇللا مەخسۇمنىڭ كۆن ئارىلاپ كەلگەن چېغىدىكى ھەيبارلارچە كۈلۈپ ـ تىكىلىشلىرى، غەمخانا ھېسسىياتتىكى

پىكىر، گەپ ـ سۆزلىرى، بەزلەشلىرى، ئۇنىڭ ئۆزىنى توختىتىشىغا، رېئاللىققا تەن بېرىشىگە سەۋەب بولغانمۇ بولدى. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مۇشتۇمدەك تۇرۇپ بۇ شەھەرلىك بايغا خۇپىيانە خوتۇن بولۇشقا مەجبۇرلانغان قىزنىڭ يۈز ـ كۆزىنى ئوراپ تۇرغان قارا چۈمپەردە (مەخسۇم ئۇنى روپاش بولۇشقا كۆندۈرگەنىدى)، تاملىرى سىپىلدەك ئېگىز ھويلا، ھەممە ئىشقا چېپىلىۋالىدىغان ھېلىقى ئۇستات خوتۇننىڭ كۆز ـ قۇلاق بولۇشلىرى ئالتۇنەمنى كۈندىن ـ كۈنگە ئادەملەردىن، ھايات قايناملىرىدىن، ئەركىدىن، ئىنتىلىشلىرىدىن، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىن، بارلىقىدىن مەھرۇم قىلىۋەتكەنىدى.

ئالتۇنەم مەھكۇملۇق، بۇرۇقتۇرمىلىق، تەشۋىش ئىلكىدە ئۈچ پەسىلنى ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۆڭۈلسىز كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە، قورسىقى كۆپتەك يوغىناپ ئاي ـ كۈنى يېقىنلاپ قالغان سۇرەتتەك چىرايلىق بىر ئايال گويا تۈگۈلۈكتىن چۈشكەندەكلا ئالتۇنەمنىڭ ھۇجرىسىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئالتۇنەمگە شۇنداق سوغۇق نەزەردە تىكىلگىنىچە سورىدى:

— ئۆزلىرى كىم بولىلىكىن، چىرايلىق خېنىم؟

قورساق كۆتۈرۈپ ئاي ـ كۈنى يېقىنلاپ قالغان ئالتۇنەم چېھرى سۈتتەك ئاق، كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدىغان بۇ ناتونۇش ئايالنىڭ يۇمشاق، لېكىن تەئەددىلىك ئاھاڭدا سورىغان سوئالى ئالدىدا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. نەچچە ئايدىن بېرى ئۇنىسىز تەشۋىشلەنگەن، ئەندىشە قىلغان ئىشنىڭ ئاخىر يۈز بەرگەنلىكىگە، ئايالنىڭ سوئال نەزىرىدە نەشتەردەك قادىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يىغا كەلكۈنى بېسىپ كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى تەمكىنرەك تۇتۇشقا تىرىشىپ، ئاغزىنى ئۆمەللىدى:

— مەن... مەن ئالتۇنەم بولىمەن.

— كىمنىڭ ئالتۇنى؟

— مەخسۇمنىڭ.

— قايسى مەخسۇمنىڭ؟ — ئايالنىڭ سوئاللىرىغا تەھدىت ئاھاڭى ئارىلاشتى.
— مۇشۇ باغ - ھويلىنىڭ ئىگىسى ھەمدۇللا مەخسۇمنىڭ...
— قاچاندىن بېرى؟
— سەككىز ئايدەك بولدى، — دېدى ئالتۇنەم سەل ئويلىنىپ.
ئايال ئاچچىقتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندەك قىلىپ، كوچىلاپ سورىدى:
— سەككىز ئاي... ئەجەب بىز بىلمەپتىمىزغۇ؟ مەخسۇم قانداقلارچە سىلىنى ئۆزىنىڭ «ئالتۇن»ى قىلىۋالدى؟
ئالتۇنەم ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى ھەم غەيرىتىنى يىغىپ، ئايالنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى:
— ئۆزلىرىگە كىشىنىڭ مەخپىيىتىنى سوراش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدىكىن، خېنىم ئاچا؟
— نېمىگە زۆرۈر بولا، قايلىسىلا، خان... ئۆزلىرى ئەر قىلىۋالغان ئۇ مەخسۇم تۇغۇلاي دەپ قالغان ماۋۇ بالامنىڭ دادىسى. شۇڭا، ئۇ جانابىي مەخسۇم ماڭىمۇ لازىم بولۇپ قېلىپ ئالدىلىرىغا كەلدىم، قانداق، بولغاندەكما؟!
ئايال سۆزلىگەنسېرى ئالتۇنەمنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى. ئالتۇنەم گېپىمنى قىلغىلى ئادەم چىقىپ قالارمىكىن، دەپ ئەككى يانغا قارىدى. لېكىن، ھازىر بۇ ياسىداق ئۆيدە نە ھېلىقى كۆيۈمچان مەخسۇم، نە ھېلىقى مەخسۇمنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقىدىغان ئۇستا خوتۇن يوق ئىدى. ئايال ئالتۇنەمنىڭ بوشىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئاۋازىنى پەسەيتتى:
— مەخسۇم سىلىنى بۇ ئۆيگە قانداق باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئەكىردىكىن، خان؟
— ئۇ ئادەم مېنى نىكاھىغا ئالغان.
— قەيەردە، كىملەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن؟
— ئۆيۈمدە، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ ئالدىدا.

— ھە؟ ! — ئايالنىڭ كەيپىياتىدا بىر ئاز تەمتىرەش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى، — قوللىرىدا توي خېتى بارمۇ، خان؟

— توي خېتى؟ ... — ئالتۇنەم ئىختىيارسىز تويلۇق ساندۇقىغا قاراپ سالدى، تېخىمۇ بىسەرەمجان بولۇپ ئالدىدىكى ئايالنىڭ قادىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى، — ئۇ خەت مەندە يوق، مەخسۇمدا بارمىكىن...

— قايلىسىلا، خان، — دېدى ئايال گەپ ئەزۋەيلەپ، — توي خېتى دېگەن ئىككى پارچە بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرسى ئەرنىڭ قولىدا تۇرسا، بىرسىنى ئەرگە تەگكەن خوتۇن تويلۇق ساندۇقىغا سېلىپ ساقلايدۇ. قايلىغاندا، سىلى مەخسۇمنى ئازدۇرۇپ ئۇ ئادەمگە قانۇنسىز تېگىۋالغان ئوخشايلا؟ !

— ياق، ياق... — ئالتۇنەم دۇدۇقلاپ گەپنىمۇ جايلاپ قىلالماي قالدى، — مەن مەخسۇمغا ئۆزۈم تېگىۋالمىدىم، مېنىڭ ئۇنداق بىر ئادەمگە خوتۇن بولۇپ تېگىش ئۇخلاپ چۈشۈمدە يوق ئىدى. لېكىن...

— ھە، گەپنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋالماي دېسىلە ! نىكاھ ئوقۇغىلى تۇرغاندا، بىر كىم سىلىنى مەجبۇرىي تەگدىم دېگۈزگەنمىدى؟

— ياق...

— ئەمىسە تەگكۈلىرى يوق ئادەم نېمىشقا لەۋزىلىرىنى بەرگەن، ئۇ ئادەمگە؟

— ئۇندىمەي تۇرۇۋالسام، چوڭدىن كىچىككىچە ھەممىسى مېنى ئەيىبلەشكەن، نىكاھ ئوقۇغان موللام ئۆيگە بويۇنداپ، ماڭا «يامان بولىدۇ»دىن سۆز ئېچىپ ئاچچىقلانغان...

— شۇنىڭ بىلەن تەگدىم دەۋەتكەن...

— ھەئە.

— كۆرسىلە ما ئىشنى... سىلى تەگدىم دەپ ئەر ئېتىۋالغان ئۇ مەخسۇم چا، خان... ما شەدىكى نى - نى چىرايلىق خوتۇنلارنىڭ كۈيۈۋسى. قايسى ئەپتىلىرىگە ئۆزلىرىنى

مەخسۇمنىڭ خوتۇنىمەن دەپ يۈرىلا، سىلى؟!

ئالتۇنەم شۇندىلا گۇمانىنىڭ راست بولۇپ چىققانلىقىنى، مەخسۇمنىڭ ئۆزىنى خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن قىلىپ ئالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئادەمنىڭ نەچچە ئايدىن بېرى ئۆزىنى تالا ـ تۈزگە چىقارماي، بۇ ھويلىغا بەند قىلىشىنىڭ سىرىمۇ يېشىلدى.

— قانداق، ئەمدى ئۆيىنى بىكارلاپ بېرەمىلا، خان؟ — ئايالنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا بوينىغا سېلىۋالغان قارا رومىلىنى قولىغا ئېلىپ يېڭىباشتىن بېشىغا سالدى. ئالتۇنەمنى بىر يەرگە ئاپىرىدىغاندەك سىرتقا چىقىشقا تەمشەلدى.

— بۇ... بۇ... مەن... — ئالتۇنەم كىمىلەردىندۇر مەدەت تىلەپ ئىككى يانغا قارىدى. لېكىن، ئۆيدە ئۇنىڭ مەخسۇمنىڭ نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. شۇ تاپتا مەخسۇم بولغان بولسا، مۇنۇ ئايالنىڭ گەپلىرىگە نېمە دەر ئىدىكىن. ئېھتىمال ئۇ ئادەم ئالتۇنەمنى قانات ئاستىغا ئالار، ھېچبولمىغاندا قورسىقىدىكى بالىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلار... لېكىن ھېلىقى مەخسۇم — ئالتۇنەمنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ دادىسى قېنى؟

— نېمىگە تىللىرىنى چايناپلا، خان؟ — دېدى ئايال ئالتۇنەمنى ئالدىراتقاندەك قىلىپ، — ياكى سىلىگە كىشىنىڭ رىزقىدىن كۆڭۈل ئۈزمەك تەس كېلىۋاتامدا؟

— ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا، خېنىم، — دېدى ئالتۇنەم خورلۇق دەستىدىن يىغلامسىراپ، — كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قورسىقىمنى كۆرگەنلا، بۇ بالا مەخسۇمنىڭ پۇشتى، خۇدايىم تىنچ ـ ئامان قىلسا، يەنە ئىككى ئايلاردىن كېيىن يەڭگىپ بوشىنىمەن. شۇ تاپتا بۇ ئۆيدىن شۇنداقلا چىقىپ كەتسەم، بالام يېتىم بولۇپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ يەنە... يەنە...

— هە... يەنە نېمە، خان؟!

— يەنە ئاتا - ئانامغا، ئەل - جامائەتكە نېمە دەيمەن؟

— نېمە دەيتتىلە، مەخسۇم مېنى تالاق قىلدى، دېسىلە، ھەممە گەپ تۈگەيدىغۇ!

— بالامغىچۇ، بالام تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، دادىسىنى سورىسا ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن؟! — ئالتۇنەمنىڭ كۆز ياشلىرى مارجان بولۇپ تۆكۈلدى.

— ۋىيەي... ۋۇي خان، قاچانقى گەپنى قىلمۇاتىلا، سىلى؟ — ئايال ھازىرلا تۇغۇۋېتىدىغاندەك يوغان قورسىقىنى سىلاپ قويۇپ ئىستىھزا بىلەن كۈلۈپ كەتتى، — قايلىسىلا خان، مەن سىلىنىڭ ئاغزىلىرىغا قېلىپتا قۇيغاندەك جاي - جايىدا گەپ سېلىپ بېرەي: ئا دادىلىرى بىلەن ئانىلىرىغا مەخسۇمنىڭ مەندىن باشقا ئىككى - ئۈچ خوتۇنى بار ئىكەن، مېنى توي خېتى ئالماي قانۇنسىز نىكاھىغا ئېلىپ كىچىك خوتۇن قىلىۋاپتىكەن، مانا ئەمدى بۇ ئىش ئاشكارا بولۇپ قېلىپ مېنى تالاق قىلىپ ئۆيدىن ھەيدىدى... دەيلا.

— ئۇنداق دېيىشكە مېنىڭ قانداق تىلىم بارىدۇ؟!

— نېمىشقا تىللىرى بارمايتتى؟ — دېدى ئايال قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ، — بۇ ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولغان ئىشقۇ! شۇنداق دېسىلىرى، ئاتا - ئانىلىرى سىلىگە لام - جىم دېيەلمەيدۇ. قانداق دېسىلىرى، ئۇلار ئەينى چاغدا مەخسۇمنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ، تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمىگەنلىكى مەلۇم. ھەتتا «ئاشنى كۆرگەندە ئىمان قېچىپتۇ» دېگەندەك، ئۇلار مەخسۇمنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى، پۇلىنى كۆرگەندە، توي خېتى ئالغان - ئالمىغانلىقىنىمۇ سۈرۈشتۈرمەيلا سىلىنى ئۇ ئادەمگە نىكاھلاپ بەرگەنلىكى ئېھتىمال. شۇڭا، سىلى كۆدە - كۆرپىلىرىنى قولتۇقلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقسىلىرىمۇ، سىلىنىڭ يۈزلىرى قارا بولىدىغان ئىش يوق. ئۇنىڭدىن كېيىن قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈشنىڭ غېمىنى قىلىلا.

— بالىنى چۈشۈرۈۋېتەمدىم؟ — ئالتۇنەم يۈرىكىگە پىچاق تىقىلغاندەك چۆلغىنىپ كەتتى.
— ھەئە، — دېدى ئايال بىلەرمەنلىك بىلەن، — بۇنىڭ ئىشى ئاسان، قايىلىسىلا... ئى ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ دوختۇرخانىلىرىغا بارسىلىرى، دوختۇرلار كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ بالىنىڭ دادىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ قېلىشى مۇمكىن... شۇڭا ئارقا ـ بۇلۇڭدىكى شەخسىي دوختۇرخانىلارنىڭ بىرەرسىگە بارسىلىرى ئۇلار پۇلنى كۆرسىلا سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ. ئۇرۇس مىخىدەك يىڭنىنى كىندىكلىرىنىڭ ئاستىغا پوسسىدە سانجىيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تولغاق تۇتۇپ ئازراق قىينىلىلا، قورساقلىرى بىكار بولىدۇ!
ئالتۇنەمنىڭ كۆز ئالدىدا پاجىئەلىك بىر كۆرۈنۈش زاھىر بولدى... ئاغزىغا ماسكا تاقىۋالغان باغرى تاش دوختۇر... ئۇرۇس مىخىدەك سوغۇق پارقىراپ تۇرغان ئۇكۇل يىڭنىسى... بىرلا پىلتىڭلاپ ئاستا ـ ئاستا تۇنجۇققان بالا... ئالتۇنەم كىندىكىنىڭ ئاستىغا ئۇكۇل يىڭنىسى سانجىلغاندەك قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالا قاتتىق مىدىرلاپ، ئۆزى تۇغۇلماقچى، ياشىماقچى بولغان بۇ رەھىمسىز دۇنيانىڭ پاجىئەلىرىدىن نەپرەتلەنگەندەك، تېپچەكلىگەندەك قىلدى...
— ياق، ياق! — پەرىشان كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش كەلگەن ئالتۇنەم ئاغرىپ كەتكەن قورسىقىنى تۇتقىنىچە ئەسەبىيلەرچە توۋلىدى، — كىم مېنى هارام بالىغا قورساق كۆتۈردى، دەيدۇ؟... مەخسۇم مېنى بۇ ئۆيگە ئارقا كوچىدىن تېپىپ ئەكەلمىگەن، تۇققۇز ـ ئون ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىدا بولسىمۇ ھالال لەۋزى بىلەن نىكاھىغا ئالغان، مېنىڭ قەدرىمنى قىلغان، مېنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان... يەنە مېنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قورساق كۆتۈرگەنلىكىمنى بىلىپ خۇش بولۇپ كەتكەن... شۇڭا، مەن بۇ بالىنى تۇغىمەن. مەن مەخسۇمغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىمەن!

— نېمىگە توۋلايلا، خان؟! — ئايال ئالتۇنەمنىڭ جاۋابىغا تاقەت قىلالمىغاندەك ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — سىلىنىڭ مەخسۇمغا تەگكەنلىرىگە ئىككى تۇك - تۇك ئادەم گۇۋاھ بولغان بىلەن قوللىرىدا توي خېتى بولمىسا، ئۇنى ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلامدۇ؟ ! دەپ باقسىلا، قوللىرىدا يا توي خېتى، يا نوپۇسلىرى ياكى ھۆكۈمەت تارقاتقان پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچى بولمىسا، شۇ ھاللىرى بىلەن سوتنىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلماي قالارلىما؟ ! خىياللىرىدا مەخسۇمنىڭ موللىغا نىكاھ ئوقۇتقىنىنى، سىلىنى ياقتۇردۇم، كۆيدۇم، سۆيدۇم دەپ قويغىنىنى ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلارما؟ قايلىسىلا، خان، ئەر كىشى دېگەننىڭ نەپسى بالا كېلىدۇ، نەپسى تاقىلداپ يانلىرىغا كەلگەندە مۇلايىملىشىپ قىلمىغان قىلىقلىرى، دېمىگەن گەپلىرى قالمىغان بىلەنچا، ئىشنى جايىدا ئەپلەشتۇرۇپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىردەمدىلا ئۆزگىرىۋالىدۇ، ئالدىلىرىدا پادىشاھتەك كېرىلىپ باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىۋالىدۇ، سىلى ئاشۇ مەخسۇمنىڭ ئانچىكىم دەپ قويغان گەپلىرىگە كۆرۈكلىرى يېشىلىپ، باغچىدىكى تۇزدەك قاناتلىرىنى ئېچىپ رەڭلىنىپ ئولتۇرامدىلا؟ !

— سىلى مەخسۇمنى مەندىن قىزغىنىپ دەۋاتىدىلا، خېنىم ئاچا، — ئالتۇنەم ئەمدى بىر ئاز ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندى.

— ئۇنداق بولسا سىلىنىڭ ھېچقانداق قانۇنىي ئاساسسىزلا مەخسۇمغا خوتۇن بولۇپ ئولتۇرغانلىرى توغرىمۇ؟

— قانۇنىي ئاساس بار - يوقلۇقىنى مەخسۇم بىلىدۇ، ئۇ ئادەم كەلگەندە سوراپ باقايلى.

— مەخسۇم ھەج تاۋاپ قىلغىلى كەتتى، — دېدى ئايال يەنە غالىبلارچە كۈلۈپ. ئالتۇنەمنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى:

— ھەجگە؟

— ھەئە، ئاۋۋال سودا ئىشى بىلەن قوشنا دۆلەتلەرگە

چىقىپ، ئاندىن مەككە ـ مۇكەررەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلماقچى. ئۇ ئادەم ئەمدى بۇ يېقىندا قايتىپ كېلەلمەيدۇ.

ـــ كەلمەمدۇ؟

ـــ ھەئە، كەلمەيدۇ. چەت ئەل دېگەن سىلىنىڭ مەھەللىدىكى قوغۇنلۇقنىڭ يولى ئەمەس، نۇرغۇن رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بىر چىقسا نەچچە ئاي، ھەتتا نەچچە يىل تۇرۇپ قالىدىغان گەپ، كىم بىلىدۇ، كۆزى ئۇيقۇغا بارسىلا چىرايلىق قىزلارنى چۈشەيدىغان ئۇ ئادەم چەت ئەلدە ئۆي تۇتۇپ بىرنەچچە يىل ياتامدۇ، تېخى!

ئالتۇنەمنىڭ پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ بوغجۇمىسىنى قولتۇقلاپ كوچىغا چىققاندا، كەچ كۈز سوغۇقى ئەدەپ قالغانىدى. شەھەر ئاسمىنىدا سۈس ئۇچقۇنلاپ تۇرغان قار ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە، توگىملىرى ئېتىلمەي قالغان پەلتوسىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان قورسىقىغا قوناتتى.

شۇ ئاخشىمى سوغۇقتا قېتىپ قالغاندەك جىمجىتلىشىپ قالغان كونا كوچىلار، ھەسرەتكە چۆككەندەك تۇتۇلۇپ قالغان ئاسمان ئالتۇنەمنىڭ بەختسىز يىغىسىغا شاھىت بولغانىدى.



# يەتتىنچى باب

## 31

شەھەردە مىغىلداپ تۇرغان پىكاپىلار مۇنداقلا قاراشقا ئۇۋىسىنى تاپالمىغان پارقىراق قوڭغۇزلارغا ئوخشاپ قالاتتى. شەھەرنى قىستا ـ قىستاڭ قىلىۋەتكەن ئادەملەر بولسا گويا بىر يەرگە توپلىنىشىۋېلىپ بىر ـ بىرىنى بابلاش كويىدا يۈرگەندەك...

شەھەردە ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان، پۇل ـ بايلىقى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان ئۇ كىشى ئەسكى ئادەممۇ ئەمەس، ئوبدان ئادەممۇ ئەمەس. ئۇ ئادەمنى ئەسكى ئادەممىكىن دېسە، شەھەردە ئۇنىڭ بىراۋغا ئوچۇق ـ ئاشكارا يامانلىق قىلغىنىنى كۆرگەن كىشى يوق. ئوبدان ئادەممىكىن دېسە، ئۇ ئادەمنىڭ باسقان ئىزىدا گۇل ئەمەس، تىكەنلەر ئۈنۈشكە باشلىغان...

خانىش ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ماددىي مەئىشەتلەر ئىچىدە ئەسكىمۇ ئەمەس، ئوبدانمۇ ئەمەس بۇ ئادەمگە قېيىداپ بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئەركىن قويۇۋېتىلگەن قوڭۇر چاچلىرى، تېرىپ بىرئاز ئىنچىكىلەشتۇرۇلگەن قارا قاشلىرى ئاستىدىكى كۆلۈپ تۇرغان قوڭۇر كۆزلىرى، ياراشتۇرۇپ كىيگەن كىيىم ـ كېچەكلەر ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان روھىي دۇنياسى توختاۋسىز داۋالغۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى سىقىپ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يامراپ تۇرغان تىت ـ تىتلىق ماددىي مەئىشەتتىن پەيدا بولغان خۇشاللىقلىرىنى پايخان قىلاتتى. ئەنە شۇنداق سىقىلىش، تىتىلداش قەلب قەسرىگە ھۆكۈمران بولۇۋالاتتى. بۇنداق دەقىقىلەردە ئۇنىڭ چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىدا، ئاق قۇنىقىدەك

بوينىدا، نازۇك بىلەكلىرىدە، ئۇزۇن، ئىنچىكە بارماقلىرىدا چاراقلاپ تۇرغان ئاشۇ قىممەت باھالىق ئالتۇن جابدۇقلار، ئائىلە، شىركەتتىكى ئىمتىيازى ئۇنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلغان بۇرۇقتۇرمىلىقنى قوغلىۋېتەلمەيتتى.

بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ ناچار ئىدى. كۆڭلى ھېچ تىنچلىنالمايتتى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن مۇڭداشماقچى بولغاندەك، مۇنچىغا كىرىۋېلىپ تىكلىمە ئەينەككە قاراپ خورسىنغانچە پىچىرلاپ كەتتى. «ھاياتنىڭ ماڭا بەرگىنى مۇشۇمۇ؟ مېنىڭ قەلبىمدە باشقا ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم يوقمىدى؟ مېنىڭ بىر قېرى بايغا چېتىلغان تەقدىرىمنىڭ ئەتىسى قانداق بولىدۇ؟ — ئۇ قوش قاپاقلىق چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولغان ئىنچىكە، سۇس قورۇقلارنى كۆرۈپ، تېخىمۇ بىئاراملىق ھېس قىلدى. نەدىن كەلگەن قورۇقلار بۇ؟ خۇددى ئاشۇ قېرى ئوغرىدىن يۇقۇۋاتقاندەك... پولات، قېرىلىقمۇ يۇقىدۇ، سەن خانئاي بىر قارىسا زىلۋا، چىرايلىق كۆرۈنگەن بىلەن، بىر قارىسا قېرى خوتۇنلارغا ئوخشاپ قاپسەن، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ قوي، دەپ بىلجىرلاۋاتقان. ئۇ كاپكاپ زادى نېمە دېمەكچىدۇ؟»

«قېرىلىقمۇ يۇقىدۇ!» خانىش چايان چاققاندەك بىر سىلكىنىپ توختىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزىدىن بىر باراۋەر دېگۈدەك چوڭ، قېرىپ كېتىۋاتقىنىغا زادىلا تەن بەرگۈسى كەلمەي، ئاق چاچلىرىنى بويىتىپ قارايتىپ تۇرىدىغان، چېچىغا ئوخشاشلا ئاق بېسىۋالغان ساقىلىنى كۈندە قىرىپ ھارمايدىغان، قاشلىرى ئۆسۈۋالغان، قۇرت يەپ چىرىگەن ئېزىق چىشلىرىنى قىممەت باھالىق سۈنئىي چىشقا ئالماشتۇرۇۋالغان، قورسىقى ئالدىغا ساڭگىلىغان، يۈرەك، مېڭە قان تومۇرلىرىنى راۋانلاشتۇرىدىغان دورىلارنى يېيىشكە كۈنۈككەن پۇلدار ئېرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قاش ـ قاپاقلىرى غۇچچىدە تۈرۈلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ قورۇقلار، قېرىلىشىش ئالامەتلىرى ئۆزىگە

تولا يېقىنچىلىق قىلىدىغان ئاشۇ ئىشقىۋاز ئادەمدىن يوقىقاندى.

ئەلەملىك خىيال، ئەلەملىك تۇيغۇ ياش ئايالنىڭ قانائەتسىز يۈرىكىنى چىرمىۋالدى.

خانىشتا بۇنداق تۇيغۇنىڭ پەيدا بولۇشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس. ئۇ خېلى ۋاقىتتىن بېرى، بولۇپمۇ پولات ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا پەيدا بولغاندىن بېرى، ئۆزى ھەققىدە، تۇرمۇشى ھەققىدە پات - پات خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى. دادىسى دېمەتلىك بىر ئەرگە باغلانغان تۇرمۇش ۋە بۇ خىل تۇرمۇشتىن پەيدا بولغان بىزارلىق كەيپىياتى ۋۇجۇدىدىكى ماددىي مەئىشەتلەردىن كېلىۋاتقان بەخت تۇيغۇسىنى قوغلاپ، ياش قەلبىنى خاراب قىلماقتا ئىدى. راست، باياشاتچىلىق ئىچىدە پۇل، مال - دۇنياغا كۆمۈلۈپ تۇرغان بۇ ئائىلە سىرتىدىن قاراشقا بەخت - ئىقبالغا چۆمگەن، ئەتىدىن كەچكىچە كۈلكە - چاقچاق، ئىشرەت ھۇزۇرى ئۈزۈلمەيدىغان قوۋناق خان سارىيىغا ئوخشايتتى. لېكىن، ئىچىدىن قارىسا، تېگى - تېگىدىن چاك كەتكەن، بوگۇنى بار، ئەتىسىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان ھالاكەت ئۆڭكۈرىگە ئوخشايتتى.

ئەينەككە ئۇزاق قاراپ تۇرغان خانىش مەيۇس بىر كەيپىياتتا مۇنچىدىن چىقتى. كەڭ، ئازادە ئىشخانىدىكى ئالاھىدە ئىش ئۈستىلىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىچ - ئىچىدىن سىقىلىۋاتقان مەيۇس قەلبىگە ئەمەك ئىزدىگەندەك QQ نى ئاچتى. نەچچە مىنۇت مەشغۇلات قىلا - قىلماي، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان بىرسى بىلەن تېپىشتى. بۇ پولات ئىدى.

— كەيپىياتىڭ قانداق، خانىئاي؟ — پولاتنىڭ ئەھۋال سورىشى بىلەن تەڭ، كەڭ تەكشى ئېكراندا ئۇنىڭ پېشانىسىنى يېپىپ تۇرغان قويۇق چاچلىرى ئارىسىدىن قىزىرىپ قالغان كۆزلىرى كۆرۈندى. خانىش ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، كۈپكۈندۈزدە ئىچىۋالغىنىنى بۇنىڭ... دەپ ئويلىدى.

— كەيپىياتىم ھېچ ياخشى ئەمەس، — خانىشنىڭ گۈل چېكىلگەن تىرناقلىرى كۇنۇپكا تاختىسى ئۈستىدە ئوينىدى. ئۇ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىغا خېلى چاققان ئىدى.
— يەنە نېمە بولۇۋاتىسەن؟
— نېمە بولغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن.
— قارا، چىرايىڭنىڭ ئوساللىقىنى، شۇ تۇرقىڭدا بەئەينى كاتتا چارىبېغىڭدىكى كۈرۈك توزغا ئوخشاپ قاپسەن!
خانىش كۈلۈپ تاشلىدى. ئەجەب ئىش، ئۇ ئاشۇ پۇلدار دۆلەتمەن ئېرىنىڭ ئالدىدا قېتىمۋالاتتى - يۇ، لېكىن مۇنۇ ئاغزى يىرتىق چالا مەستىنىڭ داڭقان پۇتى گەپلىرىگە خۇشتار ئىدى.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ، پولات؟
— بىلىدىغانسەن، توزنىڭ ئۆزى چىرايلىق بولغىنى بىلەن قانات كېرىپ، ئېچىلىپ تۇرىدىغان چاغلىرىدىن تۈگۈلۈپ - ھەسرەتلىنىپ، مۈكلىنىپ تۇرىدىغان چاغلىرى كۆپ.
— ئەجەب ئوخشاتتىڭغۇ، ئادەمنى... بۇ نېمىشقا ئەمدى؟ شۇنچە چىرايلىق توز نېمە ئۈچۈن مۈكلىنىدۇ؟
— گۈزەل بولغاچقا.
— گۈزەللىك بىلەن ھەسرەت چېكىشنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ — خانىش پولاتنىڭ جاۋابىدىن ئەجەبلەندى.
— ئاڭلىغان بولغىيدىڭ، سەتنىڭ ھالى يامان، چىرايلىقنىڭ دەردى... دەپ!
— چىرايلىقنىڭ نېمىشقا دەردى يامان بولىدۇ؟
— بۇنى ئۆزۈڭدىن سورا!
— مەن چىرايلىقمۇ؟
— قېرى ئېرىڭ سېنى چىرايلىق دېمىدىمۇ؟ ئۇنىڭ كۆزىمۇ قېرىپ كاردىن چىقتىمۇ، نېمە!
— ئېرىم؟ — خانىش پولاتنىڭ زۇۋاندازلىقى ئالدىدا ئويلىنىپ قالدى. ئېرى — ھەشەمەتلىك ئۆي، «خانتاجى» ماركىلىق تىللا رەڭ پىكاپ، ئايلىنىۋاتقان، غازاڭدەك

كۆپىيىۋاتقان نۇرغۇن پۇللار ئارىسىدا چىپچىپلا يۈرىدىغان ئاشۇ قېرى ئېرىنىڭ ئۆزىنى «چىرايلىقسەن» دەپ باققىنىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ ئادەم پۇل تېپىشنى، تاپقان پۇلىنىڭ مېغىزىنى چېقىش ئۈچۈن پۇلنى غازاڭدەك خەجلىگەن بىلەن ئۇنداق چىراي، گۈزەللىك، سۆيگۈ، مۇھەببەت دېگەندەك گەپلەرنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايتتى. سودىسى يۈرۈشسە، شەھەرنىڭ ئەڭ داڭلىق، تامىقى ئەڭ مەززىلىك ئاشخانىلىرىدا كۆڭلى تارتقان، مىجەزىگە ياققان تاماقلارنى يېسە، ئاندىن خانىشنى قولتۇقلاپ ئۆيگە كېلىپ كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەستىن دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ...

پولات كومپيۇتېر ئېكرانىدا خانىشقا تىكىلىپلا قالغانىدى. خانىش بولسا يىغلىشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي قالدى.

— خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭغۇ، چىرايلىق خانىش؟

— مېنى سەنمۇ بۇنداق ئاتىماي خانئاي دېسەڭچۇ؟

— نېمىشقا؟

— مەن بارغانچە هازىرقى خانىشلىقنى ئەمەس، بۇرۇنقى خانئايلىقىمنى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قالدىم، پولات!

— لېكىن، سەن ئۇ چاغدا بۇنچە چىرايلىقتەك قىلمىغان.

— توغرا دېدىڭ، — خانىش خەت باسقاچ ئۇھ تارتىپ قويدى، — ئىستۇدېنتلىق چاغلىرىمنىڭ دەسلەپىدە مەن سىنىپ بويىچە، ھەتتا مەكتەپ بويىچە ھەممىدىن كۆرۈمسىز قىز ئىدىم. بۇ كۆرۈمسىزلىك مېنىڭ يوقسۇزلۇقتىن كېلىپ چىققان تاشقى قىياپىتىم بىلەن روھىي سۇنۇقلۇقتىن پەيدا بولغان. چۈشكۈنلۈك مېنىڭ ئەسلى - ۋەسلىمنى شۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ روھىي مەدەتلىرى، پەپىلەشلىرى، غەمخورلۇقىدا چىرايلىق كىيىنىپ، ياخشى يەپ - ئىچىپ يۈرگەن ئاشۇ باللارغا قاراپ ئۆزۈمنى شۇنچىلىك تۆۋەن كۆرەتتىمكى، ھېچكىمگە گەپ قىلغۇم، ھېچكىم بىلەن ئارىلاشقۇم كەلمەيتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغان روھىي سۇنۇقلۇق مېنى

تـوگـەشتۇرۇۋېتـەيلا دەپ قالـغانـدى... كـېيـىـن چـەت ئەل تـىلـى ئۆگـەندىم، سودىگەرلـەرگە تەرجىمان بولـدۇم...

— ئۇنى ھەممىمىز بىلىمىز، سەن شۇنداق جانلىق، تېتىك، چېپىپلا يۈرىدىغان بىر قىزغا ئايلانغانـدىڭ... لېكـىـن سېنـىـڭ تـوْيۇقسـىـز داداڭ دېمەتلـىـك ئاشۇ ئـادەمگە ئەگـىشىپ ھـەممىنى تاشلاپ ئۇنىڭغا تەگكىنىڭ ساۋاقداشلارنـى ھاڭ ـ تاڭ قالـدۇردى. سەن ئۇ ئادەمنىڭ پۇلىنى كۆزلەپ قالمىغان بولغىيدىڭ؟

— جـۆيـلـۈمـە ! — خـانـىـش پـولات بـىـلـەن يـۈزتـۇرا سۆزلىشىۋاتقاندەك ۋارقىراپ تاشلىدى ھەم ئاغزىدىن چىققان بـۇ جۈملىنى ئۇنىڭغا يوللىدى.

— ئەمىسە ئۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟ سەن ھازىرمۇ شۇ ئادەمنىڭ خوتۇنىغۇ؟ !

خانىش جاۋاب يوللـىمىدى. قويۇق كىرپىكلەر ئارىسىدىكى كۆزلـىرى كومپيۇتېر ئېكرانىغا تىكـىلگەن، ئـوي ـ خىيـالـى ئۆتمۈشكە قايتقانىدى. پولاتتىن يەنە سۆز كەلدى:

— ئېيتە، سەن قانداقلارچە ئاشۇ ئـادەمنىڭ خـوتۇنى بولـۇپ قالدىڭ؟

— بـۇ مېـنىـڭ بېشـىـمغا كـەلـگەن قىسـمەت، — خـانـىـش توساتتىن تارام ـ تـارام ياش تۆكـۈپ جـاۋاب يازدى، — ھەمدۇلـلا ھـاجى ئەسلـىـدە مېنـى ئوغلـى ئـەنقەرگە تـويلاپ بېرىـپ كېلىـن قىلىۋالماقچى، مېنىڭ ئاتا مېھرىنى كۆرمىگەن يېتىم قەلبىمگە ئاتىلىق مېھرىنى بەرمەكچى بولغانىدى. لېكىن، ئەمدىلا ئېچىلاي دەپ تۇرغان گۈل غۇنچىسىغا شىپالىق يامغۇرنى سەپمەكچى بولغان ئاسمان تۇيۇقسىز مۆلدۈر تۆكۈپ ئاشۇ نازۇك غۇنچىنى چەيلەپ تاشلىغاندەك، ئۇ ئادەم مېنىڭ قىممەتلىك قىزلىقىمنى، ئارزۇ ـ ئارمانلارغا تولغان ياشلىق باھارىمنى يوق قىلىۋەتتى !

پولاتنىڭ كۆزلىرىدىكى ھەيرانلىق چەكچىيىشكە ئالماشتـى. خانىش بـايا تېخـى ئۇنىڭ بـاش سۈرىتىنى چوڭايتىپ قويۇپ ئۇنىڭغا كۆز ياشلىرى بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغانىدى. خانىش

ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن نومۇس قىلغاندەك بىر كۆزنەكنى چېكىپ ئۇنىڭ سۈرىتىنى يوق قىلىۋەتتى، ئەمما سوئال، جاۋابلار ئۈزۈلمەي يوللىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. خانىشنىڭ بارماقلىرى يەنە كۇنۇپكا تاختىسى ئۈستىدە ئويىنىدى، كىشى بىلمەس سىرلىرىنى QQ ئارقىلىق پولاتقا يوللىدى.

— ھەمدۇللاھاجى مېنى كېلىن قىلىپ ئەكىرىۋالىمەن دەپ ئاغزىغا قارىتىپ تۇرغان ئەمەسمىدى، مەنمۇ ئەنقەرگە قىزىقىپ قالغاچقا، مېنى قوغلاشقان باشقا يىگىتلەرگە كۆڭۈل بەرمەي، ئۇنى كۈتتۈم. بىراق، ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي، ئەنقەرنىڭ رەنا ئىسىملىك چىرايلىق بىر قىزنىڭ يولىغا تەلمۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدىم. ھەمدۇللا ھاجى بولسا ئەنقەرنىڭ ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشىغا قارشى ئىكەن. قىزنىڭ ئاتا - بوۋىسى ئەنجانلىق بولغاچقا، ھاجىم «ئەنجانلىق بىلەن قۇدا - باجىلىق، تۇغقاندارچىلىق قىلماق ئاسان ئەمەس» دەپ رازىلىق بەرمەيدىكەن.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتتى، ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى زايە كەتتى. ئۇ تۇرۇپ ئەنقەر بىلەن ئىككىمىزنى بىر ئىشخانىدا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرسا، تۇرۇپ شەھەر ئاتلاپ كاماندىروپكىغا ئەۋەتەتتى. تۇرۇپ يېڭى سېتىۋالغان چارباغقا ئېلىپ بارسا، تۇرۇپ چارباغنى ئىككىڭلار سەرەمجانلاشتۇرۇڭلار، دەپ كۆزلىرىنى ئويناتاتتى. ئەنقەر بولسا دادىسىنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىغا پەرۋاسىز ئىدى. ماڭا نىسبەتەن چىرايلىق كۆزلىرىدە ھېچقانداق ھېسسىيات يوق، گەپلىرى ئۇچ ياشلىق بالىنىڭ گەپ - سۆزلىرىدەك سەممىمىي، ئىش - ھەرىكىتى قېلىپتا تۈزەپ قويغاندەك تۈز ئىدى. بەزىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر مۇڭ، ھەسرەتنى كۆرۈپ قالاتتىم. مەن دەسلەپتە ئەنقەرنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇڭ - ھەسرەتنى ئۇنىڭ رەنانىڭ ۋىسالىغا بولغان سېغىنىشتىن كەلگەن مۇڭ دەپ ئويلىدىم. كېيىنچە ئۇنى چوڭقۇرلاپ چۈشەنگەندەك بولدۇم. مېنىڭ ھېس

قىلىشىمچە، ئەنقەرنىڭ ئائىلىسى ئاغمىخان ئۇۋۇلىغان ئالتۇن بۆشۈككە ئوخشايتتى، ئاغمىخان خان كوچىسىدەك كونا كوچىلاردا ئۇۋۇلايدۇ، ئاغمىخان ئۇۋۇلىغان كوچا، هويلا، ئۆيۋاقلاردا نە جان ـ جانىۋارلارغا، نە ئادەملەرگە ئاراملىق يوق. هامان بىر خاپىلىق، كېلىشمەسلىك ئەگىپ يۈرىدۇ. ئەنقەر ئەنە شۇنداق ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئەنقەر كىچىك ۋاقتىدىلا مۇنۇ مىليونېر دادىسى ئانىسىنى تالاق قىلىپ خېتىنى بەرگەن هەم ئانىسىنىڭ كۆزىچە باشقا خوتۇننى تويلاپ ئۆيىگە ئەكىرگەن... شۇ چاغدىن باشلاپ ئەنقەرنىڭ قەلب دۇنياسى خانىۋەيران بولغان، ئۇنىڭ گۆدەك يۈرىكى بىر تەرەپتىن خارلانغان ئانىسى ئۈچۈن پۇچىلانسا، بىر تەرەپتىن ئۆگەي ئانىسىنىڭ سوغۇق كۆزلىرى، ئاستىرتىن زەهەرخەندىلىك قىلىشلىرى سەۋەبلىك، چىن، تەبىئىي ئانا مېهرىدىن مەهرۇم قالغان. بۇنداق تۇرمۇش ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ، هەمدۇللا هاجىدەك كاتتا باينىڭ ئەركە، خورىكى چوڭ بايزادىسىگە ئەمەس، بەلكى خارلانغان، دەرد تارتقان يادىكار خېنىمنىڭ يۈرەك پارىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

ئەنقەر خىزمەتتە ئاكتىپ، ئىجادچان ئىدى. خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيتتى. ئۇ مەسئۇل بولغان، ئۇ قول تىقىپ ئىشلىگەن هەرقانداق ئىش ئۇنۇملۇك بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دادىسى ئۇنىڭغا باشقىچىلا ئىچەركىشىپ كەتكەنىدى. بىراق، ئۇ يېگانە زاهىتتەك مىننەت ـ تەمەسىز ئىدى. ۋۇجۇدىدىن دادىسىنىڭ پۇل ـ بايلىقىغا قىزىقىش ئالامەتلىرىنى بايقىغىلى بولمايتتى. خىزمەتتىن چۈشسە ئاددىي ماشىنىسىنى هەيدەپ ئانىسىنى يوقلىغىلى باراتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ تاللىغان قىزىغا دادىسىنىڭ قوشۇلماسلىقى، سۆيگەن قىزىدىن ئايرىلىشقا قىستىشى بىچارە يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇڭنى پىغانغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

مېنىڭ ئەنقەرگە بولغان قىزىقىشىم بارا ـ بارا هېسداشلىققا ئورۇن بوشاتتى. بىراق، ئۇنىڭ پەرۋاسىزلىقى كۆڭلۈمگە هار

كەلدى. ھەمدۇللا ھاجى ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلغان، بېشىمغا كۈن چۈشكەندە شىركىتىگە قوبۇل قىلىپ، خېلى يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، مەن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە بۇنداق ئويۇنچۇق قورچاق بولۇپ قالماسلىقىم كېرەك. بۇنىڭغا مېنىڭ قىزلىق قەلبىم، غۇرۇرۇم يول قويمايدۇ، ئەلۋەتتە. مەن ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ، ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ھاجى ياسىداق ئىشخانىسىدىكى كىرېسلودا پاچاقلىرىنى بىر ـ بىرىگە مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ بىرسى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقانىكەن، مېنى كۆرۈپ قارشى تەرەپكە سەل تۇرۇپ يەنە تېلېفون قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ گەپنى ئۈزدى. ئورنىدىن بىرئاز قىمىرلاپ، قارشى تەرەپتىكى كۇرسىدىن ئورۇن كۆرسەتتى ھەم قىزغىن نەزەردە ماڭا تىكىلىپ ئېغىز ئاچتى:

— ھە... نېمە ئىش؟

— مەن كېتەي، ھاجىكا! — مەن گەپ ئەگىتمەي، كۆڭلۈمدىكىنى تۈزلا ئېيتتىم. مېنى كۆرۈپ ئۆزىچە گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن بۇ ئادەم بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈردى:

— ھوي، ما قىزنى... نېمىشقا؟ بىز سېنى خاپا قىلىپ قويمىغاندىمىز؟!

— ئۇنداق ئىش يوق، — مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ نەملەشكەن كىرپىكلىرىم بىلەن ھاجىغا تىكىلدىم.

— ئەنقەر بىلەن يامانلىشىپ قالدىڭمۇ يا؟

— ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەكلا ... ئارىمىزدا ياخشىلىشىش، يامانلىشىش دەيدىغان باغلىنىش يوق.

— ئەمىسە نېمە گەپ؟ — ھاجى چوڭقۇر زىنىخلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاغزىغا خويمۇ ياراشقان ئالتۇن چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى، — بىز بىلەن پۈت تېپىشىۋاتقان شىركەتلەر تەكلىپ قىلىۋاتامدۇ يا، سېنى؟

— مېنى ئۇنچىلىك ھاماقەت قىزلاردىن دەپ قالماڭ، ھاجىكا، — مەن سەل ئويلىنىۋېلىپ راست گېپىمنى ئېيتتىم، —

مەن ئەسلىي ئۆز ئىقتىدارىمغا لايىق ئىش ئورنىغا ئىېرىشىش ئۇچۇن شىركەتلەرگە كىرگەنىدىم، بىراق مەن ھازىر شىركەت خىزمەتچىسى ئەمەس، سىزنىڭ خاھىشىڭىزنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. كۆڭلىڭىزگە ئايان، سىز مېنى ئوغلىڭىزغا تويلاپ بېرىشنى ئويلايسىز، بىراق ئوغلىڭىز باشقا بىر قىزنىڭ ئوتىدا كۆيىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى پۇراقسىز، قەدىرسىز گۈلمەن. كىشىلىك ھاياتتا بۇنداق زورۇقۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ شۇڭا كېتەي دېدىم. مۇشۇنداق قىلساق، بۇ چىگىچ ئۆزلۈكىدىن يېشىلىپ ھەممىمىزنىڭ يولى تۈز بولىدىغان گەپ ئىكەن.

— بۇ گەپچە سەنمۇ تۈز يولغا چىقاي دەپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

— تۈز يول؟ — مەن ھاجىغا تۈنجى قېتىم سوغۇق نەزەردە قاراپ قويدۇم، — سىلەرنىڭ خان كوچىسىدىكىلەر بۇنداق گەپنى «توقۇناق» گەپ دەيدىغۇ دەيمەن. مەن خان كوچىسىدىن چىققان خېنىملاردىن ئەمەس، ھاجىكا. يىراق ناھىيەدىن، ئوچۇقراقىنى دېسەم، سىلەر شەھەرلىكلەر ئانچە يارىتىپ كەتمەيدىغان سەھرادىن كەلگەن قىز. شۇڭا، ماڭا توقۇناق گەپ قىلمىسىڭىز...

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ پارقىراپ تۇرغان يۈزى سەل قىزاردى. ئوڭايسىزلانغاندەك كۈلدى:

— چاقچاق... چاقچاق... دېمەكچى بولغىنىم، باشقا خىزمەت تاپتىڭمۇ؟ تۇرمۇش ئىشىڭنى قانداق قىلىسەن، دېمەكچى.

— بۇنى ئويلاشمىدىم، ھازىر ئويلىغىنىم بايا مەن ئېيتقان ئىشلار.

ھاجىنىڭ يۇمىلاق چىرايى جىددىي تۈس ئالدى :

— ئۇنداقتا ئىككى كۈن توختاپ تۇر، مەن ئەنقەر بىلەن يەنە بىر سۆزلىشەي.

— يەنە ئەنقەر بىلەن سۆزلىشەمەن دەمسىز؟ — مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، — مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا ئۇنىڭ بىلەن

سۆزلەشكەندىن كۆرە، خېنىمىڭىزنى كەينىڭىزگە سېلىپ رەنا قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئەلچى بولۇپ بارغىنىڭىز ياخشى، يەنە سۆزلىشىدىغان ئىشىڭىز بولسا، مەن ئىككى كۈن ئەمەس، ئىككى مىنۇتمۇ توختىيالمايمەن.

— قارارىڭ شۇنچە قەتئىيمۇ؟ — هاجى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ قارارلا ئەمەس، بەلكى رېئاللىق. سىز ئوغلىڭىزغا سۆيگەن قىزنى تويلاپ بېرىڭ!

— ئۇنداقتا سەنچۇ؟

— مېنى ئويلىماڭ، ماڭىمۇ خۇدانىڭ ئىپتىقىنى بار... — مەن شۇنداق دېدىم - يۇ، ۋۇجۇدۇمدىن يامىرىغان بىر ئوت يۈزلىرىمگە تېپىپ چىقتى. مېنىڭ ئاغزىمدىن نېمىلەر چىقتى؟ مەن نېمىلەرنى دېدىم؟ مەن دادام دېمەتلىك بىر ئادەم بىلەن نېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتىم؟ مەن ئۆز - ئۆزۈمدىن چۆلغىنىپ كەتتىم. ئىشخانىدىكى چوڭ تەشتەكتە باغجانلاپ ئاينىپ تۇرغان يەسمەنگۈلنىڭ يېنىدا بىر هازا قېتىپ تۇرۇپ كېتىپتىمەن. بىر هازادىن كېيىن ئېسىمگە كەپتىمەن، مەن بۇ شەهەردە چوڭ - چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىپ يۈرگەن بۇ ئادەم بىلەن دېيىشكە تېگىشلىك گەپنى دېيىشىپتىمەن. ئۇنىڭ بىلەن گويا چوڭ ئادەملەردەك روبىرو ئولتۇرۇپ سۆزلىشىپتىمەن. ئويلاپ باقسام، مەن هەمدۇللا هاجىدىن ئانچە تارتىنمايدىكەنمەن. ئەسلىدە نەچچە يىللىق هەمكارلىق ئارىدىكى تارتىنىشنى سۈسلاشتۇرغانىكەن...

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يا كېتەلمەي، ياكى خىزمەتكە رايىم بارماي بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۇرسام، يانفونۇم جىرىڭلاپ قالدى. قارىسام، هاجىمنىڭ يانفون نومۇرى. ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتىم قالمىغانىدى، شۇڭا قىزىل كۇنۇپكىنى بېسىۋەتتىم. بىراق، ئەرلەر قېرىغانسېرى قاشىرىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ ئادەم تېلېفون قىلىۋەردى، ئامالسىز ئالدىم.

— تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن، تاۋى نازۇك قىز !
«تۇغۇلغان كۈن؟ پاھ، گۈزەل ھايات ! پاھ، قورساق غېمىدە قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر، ئاھ، ئاتا مېھرىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن، ئانا مېھرىگە قانالمىغان يېتىم قىز.. بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭمىدى؟»
كۆزلىرىمگە لىققىدە ياش كەلدى. بوغۇزۇمغا يىغا كەپلىشىپ ئۈنۈم ئاران چىقتى:
— بىللە بولسۇن، ھاجىكا.
— دوستلىرىڭغا تېلېفون قىل، ئىشتىن چۈشكەندە مۇبارەك رېستورانىنىڭ ياشلىق خانىسىغا كېلىڭلار، ساڭا شام يۈۋلىتىمىز.
— مېنىڭ دوستلىرىم يوق !

## 32

ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. ھەمدۇللا ھاجى خانىشنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ساقىلىنى ئالدۇرۇپ، بۇرۇتىنى ئىنچىكە ياستىتىپ ئون ياش ياشىرىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى.
— يىغلاپسەنغۇ، خوتۇن؟ — ھاجى كومپيۇتېرغا قاراپ ئولتۇرغان خانىشنىڭ تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزلىرىگە، بۇزۇلغان پەردىزىغا قاراپ، ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالدى. خانىش QQ دىن چېكىنىپ، پولات بىلەن بولۇۋاتقان پاراڭنى ئۈزدى. ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ھاجىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي، كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.
— يىغلىساڭمۇ باشقىچە گۈزەللىشىپ كېتىسەن ـ دە، خانىش، — ھاجى ياش، چىرايلىق خوتۇنىنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى تاتىلاشنى خالىماي، ئۇنى كۈلدۈرمەكچى، كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولدى. لېكىن خانىش ئويلىمىغان يەردىن ئېغىز ئېچىپ ھاجىغا سوغۇق تەگدى:

— چىرايلىق ئاياللارنىڭ يىغىسى پۇلدار ئەرلەرنىڭ كۆڭۈل خۇشى ! شۇ تاپتا ھېلىقى كېچىدىكىدەك تەن - تېنىڭىز يايراپ كەتكەندۇ چاغلىق !

— قايسى كېچىنى دەيسەن؟ — ھاجى ياش خوتۇنىنىڭ يېنىدا يېشىغا يانغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى.

— مېنىڭ قايسى كېچىنى دەيدىغانلىقىمنى بىلىسىز !

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، — ھاجى قايماق رەڭ خۇرۇم كىربىسلوغا يانپاشلاپ، ئۇستەلدىكى قەھۋە قۇتىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، — ئىككىمىزنىڭ رىزقىمىز، نەپسىمىز قوشۇلغان ھېلىقى كېچىنى ئەسلەپ ئولتۇرغانمىدىڭ؟ چىرايلىق ئاياللارنىڭ قىزلىق دەۋرى بىلەن خوشلاشقان تۇنجى كېچىنى ئەسلىشىمۇ قانچە شېرىن، قانچە بەختىيار بولىدىغاندۇ - ھە !

ھەمدۇللا ھاجى خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قارىدى. لېكىن، خانىشنىڭ كۆزلىرى دېرىزىنىڭ قارشىسىدىكى تامغا ئېسىلغان ئالتۇن رەڭ رامكىلىق ماي بوياق رەسىمگە تىكىلىپ قالغانىدى.

كۆزلىرىدە بىر خىل شەھۋەت ئوتى ئۇچقۇنلاپ تۇرىدىغان ھەمدۇللا ھاجى قانداقتۇر بىر خىل شېرىن ئەستەكلەر قاينىمىدا قاناتلاندى... ئۇنىڭ ئەقىل - ئىدراكىدىن شەيتىنى غالىب كەلگەن شۇنداق بىر كېچە كۆڭلىدىن كەچتى...

شۇ كۈنى ھەمدۇللا ھاجى خانىشنىڭ «مېنىڭ دوستلىرىممۇ يوق، تۇغۇلغان كۈنۈمنى خاتىرىلىگۈممۇ يوق» دېگەن جاۋابىغا پەرۋا قىلماستىن، ماشىنىسىنى ھەيدەپ قىزنى ئىزدەپ كەلگەنىدى.

— ھە قېنى، ماشىنىغا چىق، تاۋى نازۇك...

قىز راستىلا قارارىنى ئۆزگەرتكەن، بۇ شىركەتتىن كېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. شۇڭا، چىرايىنى ئاچماستىن دېدى :

— رەھمەت، ئەمدى مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، — ئۇ ھاجىنىڭ ئېسىل پىكاپىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى.

— كىچىك بالىنىڭ قىلىقىنى قىلما، ھەي قىز ! — ھاجى

خانىشنىڭ ئالدىنى توستى، — كەتسەڭمۇ، چىرايلىق خوشلىشىپ كەتكىن. مەن سەن ئۈچۈن بىرمۇنچە جوۋاپ تەييارلىق قىلىپ قويۇپ كەلدىم، جۇمۇ!

خانىش تەڭقىسلىقتا قالدى. چوڭ كوچىدا ھەمدۇللا ھاجى بىلەن سۆرەش ـ تارتىش قىلىپ سەتلىشىپ يۈرۈشتىن خىجىل بولۇپ، ماشىنىغا چىقتى. ئۇ ھاجىنىڭ تەييارلىغان سورۇنىغا داخىل بولۇپ ئاندىن كەتسەممۇ كېچىكمەيمەن دەپ ئويلىغانىدى. بىراق...

ھەمدۇللا ھاجى خانىشنىڭ تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى ئۈچۈن شۇنداق بىر سورۇن تەييارلىغانىدىكى، كاتتا رېستوراندىكى ئەڭ ياسىداق ئايرىمخانىلارنىڭ بىرسى بولغان بۇ ياشلىق ئايرىمخانىسى ئاجايىپ رومانتىك بىر دۇنيانىڭ ئۆزى ئىدى. غۇۋا چىراغلار، يېنىك ساكس مۇزىكىسى، شەپەق نۇرىغا چۆمگەن بۇلۇتتەك سۇس رەڭلىك تۇمان ئىچىدە خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان تەبىئىي گۇللەر، تورت، مۇسۇلمانچە ھامبۇرگ بولكىسى، مېۋە شەربەتلىرى... خانىش ئايرىمخانىغا كىرىپ مەكتەپ ھاياتىغا قايتقاندەك، ھاياجانلىق تۇيغۇغا چۆمدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىدا بۇنداق سورۇننى كۆرۈپ باقمىغان، پەقەت بىر قىسىم شوخ، غەمسىز ساۋاقداشلىرىنىڭ مۇشۇنداق سورۇنلاردا ئويناپ ـ كۈلگەنلىرىنى، ماختىنىشلىرىنى ئاڭلىغان... خانىش بىر خىل غۇۋالىق ئىچىدە ئۆزىنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن ئادەمگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ سورۇنغا ياراشماي قالغان ھەمدۇللا ھاجى ئالتۇن چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجىيىپ تۇراتتى. قىز ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بۇنچە كاتتا سورۇن تەييارلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىدى. بۇ ئادەم ئادەتتە سودا ئۈستىدە كىشىگە بەكمۇ بېخىل، كاجدەك تۇيغۇ بېرەتتى. سىرىق سىنىتىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇراتتى. چۆپقەت، خېرىدارلىرىغا قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلمايتتى.

— قانداق، بۇ سورۇن كۆڭلۈڭگە ياققۇدەكمۇ؟ — ھاجىنىڭ

سوئالى قىزنىڭ خىيالىنى بۆلدى. قىز ئۆزىگە كېلىپ جاۋاب بەردى:

— رومانتىك سورۇن بوپتۇ، بۇنى ئەنقەر لايىھەلەپ تەييارلىدىمۇ؟

— ئەنقەر... ھە... ئەنقەر ھېلىقى ئەنجانلىقنىڭ قىزىدىن باشقا قىزغا سورۇن تەييارلىمىغۇدەك. بۇ سورۇننى مەن ئۆزۈم تەييارلىدىم.

— ئۆزىڭىز تەييارلىدىڭىز؟

— ھەئە، ئۆزۈم.

— بۇنچە جوۋاپ كەتكىنىڭىزدىن قارىغاندا، ئۆيدىكى خېنىم، بالىچاقىلىرىڭىزمۇ كەلسە كېرەك؟

— بۇگۈن كېلىدىغان خېنىم پەقەت سەنلا. قېنى ئولتۇرە!

قىز ئىككىلىنىش ئىلكىدە تۇرۇپ قالدى. ھاجى بولسا ئۇنى ئولتۇرۇشقا زورلايتتى:

— ھە، قېنى ئۇدۇلدىكى كۇرسىغا...

خانىش سومكىسىنى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويۇپ تورت، تاتلىق - تۈرۈملار، مېۋە شەربەتلىرى لىپمۇلىق تىزىلغان يۇمىلاق ئۇستەلنىڭ چۆرىسىگە قويۇلغان چىغ ئورۇندۇققا جايلاشتى. قىزنى ئەجەبلەندۇرگىنى، بۇ ئۇستەلنىڭ ئەتراپىغا پەقەت ئىككىلا ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئۆزگىچە چىغ ئورۇندۇقلار ئوخشاشلا گۇللەر بىلەن بېزەلگەنىدى. ھەمدۇللا ھاجى قىزنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بوش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. قىزنىڭ چېھرىدە دەممۇدەم ئالمىشىپ تۇرغان ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش ئىپادىسىگە قاراپ ھىجايدى:

— سېنى ئىش كۆرگەن، خېلى تەمكىن قىز دەيتتىم. بۇگۈن نېمىشقا ئۈركۈپلا تۇرىسەن؟

قىز مۇشۇ سوئالنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئېغىز ئاچتى:

— شۇنچە چوڭ خانىدا ئاران ئىككىمىز ئولتۇرامدۇق؟

— ھەئە شۇنداق، سەن بايا تېلېفوندا باشقا دوستۇم يوق،

دېمىگەنمىدىڭ؟

قىز ئۈندىمىدى. ھاجى ئۇنى يېڭىۋالغاندەك گېلىنى قىرىپ قويۇپ قوشۇمچە قىلدى:

— بەللى... دېمەك، ئىككىمىزنىڭ ھال - ئەھۋالىمىز ئوخشاش. مېنىڭمۇ دوستۇم يوق. شۇڭا، ئىككى كىشىلىك سورۇن تۈزدۇق.

قىزنىڭ قايرىلىپ تۇرغان كىرپىكلىرى تىكلەشتى. ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتىن ئۆزىنى تۇتۇپ، ھاجىنىڭ مەككارلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى.

— دوستۇم يوق؟ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ خان كوچىسىدىكى خېنىملىرىڭىز، بالىچاقىلىرىڭىز سىزنىڭ دوستىڭىز ئەمەس، دۈشمىنىڭىز ئوخشىمامدۇ؟

ھاجى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— توغرا دېدىڭ، خوتۇن خەق دېگەن قوينۇڭدا ياتقان شېرىن دۈشمەن. خوتۇن كىشى سېنىڭ ئىچ سىرىڭنى، ئاجىزلىقىڭنى بىلىپ قالغان كۈنى دەرھال بوينۇڭغا مىنىدۇ، سېنى ئېشەك ئېتىپ سوكۇلدىتىدۇ. خوتۇن كىشى ساڭا خوتۇن بولۇشقا، ھاجىتىڭدىن چىقىشقا يارىغان بىلەن دوستلۇققا يارىمايدۇ!

قىز چايان چاققاندەك چۆلغىنىپ كەتتى. چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاسقۇدىن سومكىسىنى ئالدى.

— ھوي، نېمە بولدى؟ — ھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ، غولاچلىرىنى كېرىپ كەلگىنىچە قىزنىڭ ئالدىنى توستى. قىز چەكچەيگىنىچە ئالدىدىكى ئادەمگە قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھاجى سۈپەت بىرسى ئەمەس، ھاجى تونىغا ئورىنىۋالغان بىر مەخلۇق تۇرغاندەك كەينىگە داجىدى. قىز چاچلىرىنى كەينىگە تاراپ پار - پۇر پارقىراپ ھەم ئەنبەھ پۇراپ تۇرغان بۇ ئادەمنى ئەزەلدىن بۇ دەرىجىدە قۇۋ، چاكىنا دەپ ئويلىمىغانىدى. مانا بۈگۈن قوي تېرىسىنى يېپىنىۋالغان چىلبۆرىدەك ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى.

قىز ھاجىنىڭ توسقىنىغا قارىماي، ئۇنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ بۇ

يەردىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ھاجى جاھىللىق بىلەن ئۇنى توستى.

— نەگە قاچىسەن؟ سەن تېخى قۇرۇق ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىڭنىڭ شامىنى يۈۋلىمىدىڭ. قارا ئاۋۇ تورت ئۈستىدىكى يىگىرمە تۆت تال شامغا...

— قۇرۇق ئۆتۈپ كەتكەن؟!

— ھەئە، سەن تېخى ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلمىدىڭ ـ دە!

— گېپىڭىزنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. شۇنداقتىمۇ، مەن سىزدەك ئادەم بىلەن شام پۈۋلىمەسمەن؟!

— ئەمىسە كىم بىلەن پۈۋلىمەكچىدىڭ؟ كۆڭلۈڭدىكى ئادىمىڭنى چاقىر!

— كۆڭلۈمدە ھېچكىمىم يوق.

— مەنچۇ؟

— سىز دادام دېمەتلىك ئادەم. مەن سىزنى ھۆرمەت قىلىمەن. بىراق، مېنىڭ سىز بىلەن ھايات شامىنى پۈۋلىگۈم يوق!

— ماڭا شۇنچە ئۆچ بولۇپ كەتتىڭمۇ؟

— سىزنى ئۆچ كۆرۈشكە ھەققىم يوق. سىز يامان كۈنلەردە ماڭا ياخشىلىق قىلغان. مەن سىزگە قەرزدار!

— ئۇنچىمۇ دەپ كەتمە... ئەمما شۇنى بىلسەڭ، ئۇنتۇپ قالمىساڭ بولىدۇ.

— ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالالمايمەن، بىراق سىزدەك خوتۇن، بالىچاقىلىرىنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرىدىغان ئادەم بىلەن تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلەشكە تاقىتىم يوق!

— چاقچاق، چاقچاق، خانىش... — ھەمدۇللا ھاجى بىردىنلا مۇلايىم قىياپەتكە كىرىۋالدى، — مەن سېنى تەبرىكتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئەتەي شۇنداق دەپ قويدۇم...

قىزنىڭ بىر ئاز ئۆپكىسى بېسىلدى. ھاجى ئۇنىڭ

يۇمشىغىنىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى:
— يوق ئىشقا ئۆزىمىزنى ئاۋارە قىلىپ نېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتۇق؟ كېلە، تەرگىنشىۋەرمەي ئاۋۋال ئازراق ئۇسسۇلۇق ئىچەيلى، — ھاجى ئىستاكانغا مېۋە شەربىتى قۇيدى، — چىشىڭغا تېگىپ تېرىكتۇرۇپ قويسام، مىجەزىڭ ئەجەب ئىتتىكلەپ كەتتا... قېنى ئۇسسۇلۇق ئىچە.
قىز ئۈندىمەستىن ئولتۇردى.
— بەك يالۋۇرۇپ كەتتىم دەيمەن، قېنى ئالە...
— نېمە بۇ؟ مەن بۇنداق ئىچىملىكلەرنى ئىچەلمەيمەن !
— گىلاس شەربىتى. قايلا، چەتتىن ئىمپورت قىلىنغان مۇسۇلمانچە ئىچىملىك... — ھاجى قولىدىكى شەربەت، ئۈستەلدىكى تاتلىق - تۇرۇملارنى داڭلىغاچ ئۆزىنىڭ ئىستاكانىنىمۇ لىقلىدى، — قېنى سوقۇشتۇرمىساقمۇ، «خۇش كەتتى» قىلىپ تەڭ ئىچەيلى.
قىز ھاجىنىڭ زورى بىلەن مۇزدەك شەربەتتىن بىر ئوتلىدى. شەربەت بىر ئاز چۈچۈك بولسىمۇ، يۈرەككە ياقاتتى.
— ئەمدى شامغا ئوت ياقامدۇق... لېكىن مەن ھېلىقى «تۇغۇلغان كۈن ناخشىسى» دېگەننى بىلمەيمەن، جۇما...
قىز ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ھە - ھۇ دەپ ئولتۇردى. غۇۋا يورۇپ تۇرغان خانىدىكى مۇزىكا ساداسى ئىچىدە شام يۇۋلىدى. تورت يېدى. ئۇسسۇلۇق ئىچتى. كۆڭلىمۇ بىر ئاز ئېچىلىپ قالغاندەك كۆلگۈنچەك بولۇپ قالدى.
ۋاقىت بىلىنمەي ئۆتمەكتە ئىدى. قىزنىڭ كۆزلىرىگە ئالدىدىكى ھەممە نەرسە بارغانچە گۈزەل، بارغانچە سېھىرلىك بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. كىچىك بالىدەك قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغان ھاجى مېھرىبان، ياخشى ئادەمگە ئايلاندى. ئازراقلا ئېغىز تېگىلگەن تۇغۇلغان كۈن تورتى، تاتلىق - تۇرۇملار، مېۋە شەربەتلىرى، گۈللەر ئوتقاشتەك جۇلالاندى. قىزنىڭ ئىچ - ئىچىدىن كۈلكە ئۇرغۇپ، ئوتى ئۆچكەن شاملارنى

پۈۋلەپ ياندۇرغۇسى كەلدى. ئەمدىلىكتە ھەر خىل قىلىق چىقىرىپ ئاغزى كالچىيىپ تۇرغان ھاجى ياشلىقىغا يېنىپ، پولاتتەك ياش يىگىتكە ئايلىنىپ قالغاندى. قالتىس يېرى، بۇ ئادەم زامانغا لايىق ئادەم ئىدى. ئادەمنىڭ، قىزلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى قىلىشنى بىلەتتى. راست، ئاجايىپ قالتىس ئادەم جۇمۇ، بۇ! قىز ھاجىنىڭ ئۆزىگە تورت يېدۈرۈشىگە، شەربەتلەردىن ئىچۈرۈشىگە، تانسىغا سۆرەشلىرىگە قارشىلىق قىلغۇسى كەلمەيتتى. ھاجىنىڭ قانداقتۇر بىر گەپلىرىگە، ئىما ـ ئىشارەتلىرىگە، سۈركىلىشلىرىگە ۋىلىقلاپ كۈلەتتى...

سائەت نەچچە بولدىكىن، ئىشقىلىپ، بىر چاغ بولغاندا ھاجىنىڭ ئۆزىنى يۆلەشتۈرۈپ ماڭغانلىقىنى، لىفىت بىلەن پەسكە ئېلىپ چۈشكەنلىكىنى، ماشىنىسىغا چىقارغانلىقىنى، بىر ياققا ئېلىپ ماڭغانلىقىنى خىرە ـ شىرە ھېس قىلدى...

قىز ئەتىسى ئاجايىپ ياسىداق بىر ھۇجىرىدا، يۇمشاق كارىۋاتتىكى ماموق تۆشەكلەر ئارىسىدا ئويغاندى. نازۇك جىسمىنىڭ ھارغىن، ئۇستىخانلىرىنىڭ ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئەتراپىغا سەپسالدى. يېنىدا پۈشۈلداپ ياتقان، بەدىنى ئېيىقتەك تۈكلۈك بىرسىنى كۆرۈپ قورقۇپ چىرقىراپ تاشلىدى:

ــ ۋاي ئاپا!

بەدەنلىرىنى تۈك باسقان بۇ كىشى قىزنىڭ ۋارقىرىشىدىن ئويغىنىپ كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭغا قاراپ خىرقىرىدى:

ــ بۇ يەردە ئاپاڭ يوق، مانا مىز بار، خانىشىم.

مەيدىسىنى قاپقارا تۈك باسقان بۇ ئېيىق ھەمدۇللا ھاجى ئىدى. قىز بۇ ئادەمنى تونۇپ، يالىڭاچ بەدەنلىرىنى يوگەشكە تىرىشتى ھەم ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى كاچاتلىدى.

ــ بولدى، كىچىك بالىدەك خەقنى قىلمىغىنا! ــ ھاجى

ئاتىقى بار ھەمدۇللا مەخسۇم ئىچ كىيىملىرىنى كىيگەچ قىزنى بەزلىدى، ـــ نېمە قىلىسەن يىغلاپ؟

قىز بۇ قوبۇل قىلغۇسىز رېئاللىققا چىدامدۇ؟! ئاۋۇ ئادىمىي ئېيىقنىڭ بەزلەشلىرىگە گول بولامدۇ؟! ياق، يىغىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. مۇنۇ ئادىمىي ئېيىق بولسا تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ:

ـــ ئەمدى يىغلاۋەرمە، ئاخشام ئۆزۈڭ ماڭا تېگىمەن دەپ تۇرۇۋالدىڭ. تونۇشقىنىمىزدىن بۇيان دېيەلمىگەن گېپىڭنى، كۆڭلۈڭ سىرىڭنى دېدىڭ. ئەسلىدە مەنمۇ ساڭا قىيالمايتتىم، سەن بىلەن تەڭ تۇغۇلۇپ، تەڭ چوڭ بولمىغىنىمىغا ئۆكۈنەتتىم. كۆڭلۈڭدىكى گەپنى ئۇقۇپ ئۇدۇل مۇشۇ ئۆيگە باشلاپ كەلدىم. موللا چاقىرتىپ نىكاھ ئوقۇتتۇق. ئېسىڭدە باردۇ، ۋىلىقلاپ كۈلۈپ لەۋزىڭنى بەردىڭ، تۇز چايىنىدىڭ. شۇنىڭ بىلەن بۇ داڭلىق چارباغلىق قورۇ ـ جاي سېنىڭ بولدى. توي خېتىمىزنى ھېلىغىچە بېجىرىپ قولىمىزغا تەگكۈزىدۇ.

قىز چەكچەيگىنىچە ھۇجرىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىغا، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە كۆز يۈگۈرتتى. بۇ راستىلا ھەمدۇللا ھاجىنىڭ مىليونچە پۇل خەجلەپ سېتىۋالغان، بېزەكچىلىكىنى قىلدۇرغان يېڭى باغ ـ ئاراملىق قورۇ ـ جايىدىكى ھۇجرا ئىدى. ئىلگىرى بۇ ئادەم ئوغلى ئەنقەر بىلەن قىزنى بۇ ئۆيگە باشلاپ كەلگەن، ئىككىسىنى بۇ ھەشەمەتچىلىككە قىزىقتۇرماقچى بولغان...

ـــ قانداق، رازى بولدۇڭمۇ؟ بۇ ئۆمرۈڭدە باشقا ئەرگە تەگسەڭمۇ، بۇنچىلىك دۆلەت كۆرمەس ئىدىڭ!

ـــ سىز ھاجىم ئەمەس، شەيتان ئىكەنسىز! ئادەم ئەمەس، ھايۋان ئىكەنسىز! ـــ قىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئاغزىنى قويۇۋەتتى، ـــ ھايۋان بولغاندىمۇ چىلبۆرە، قاۋان ـ توڭگۇز ئىكەنسىز!

ـــ مېنى بۆرە، قاۋان ـ توڭگۇزلارغا ئوخشاتماي، شىر،

يولۋاسلارغا ئوخشاتقىن، قىز! ناۋادا قاۋان ـ توڭگۇز بولغان بولسام، سىنىڭدەك ئاھۇ كۆزلۈك كېيىكنى ئوۋلىيالارمىدىم؟!

قىز توختىماستىن يىغلاپ كەتتى. بۇ ئادەمنىڭ گىلاس شەربىتىگە مەست قىلغۇچى ئىچىملىك ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىنى مەست قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئۆيگە باشلاپ كېلىپ نومۇسىغا تەگكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى.

## 33

تومۇز ئايلىرىدىكى شەھەر تونۇرىنىڭ ئىسسىقىغا مەھكۇم بولىدۇ. ئىسسىققا چىدىمىغان شەھەرلىكلەر خىزمەت، ئىش ـ ئوقەتتىن ئارام تاپقان كۈنلىرى ئۆزلىرىنى يېزا ـ قىشلاقلاردىكى باغ ـ ئارام، سەيلىگاھلارغا ئېتىشىدۇ.

شەھەردىن ئوتتۇز كىلومېتىرچە يىراقتا جايلاشقان خان سۇپىسى ئارامگاھى كونا زاماندىكى خان ـ پادىشاھلار شىكاردا چۈشكۈن قىلىدىغان، ئارام ئالىدىغان جاي بولۇپ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى چۆللىشىپ قالغان بۇ جاينى مانا ئەمدى مەبلەغ سالغۇچىلار كاتتا ئارامگاھقا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئىلگىرى خان، ۋەزىر ـ ۋۇزۇرالارنىڭ ئات ـ ئارغىماقلىرى سوۋۇتۇلىدىغان جاي ماشىنا توختىتىش مەيدانى قىلىنغان، كۆرۈنۈشتە خاننىڭ ئارام ئالىدىغان راۋاق، شىپاڭلىرى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئايرىمخانىلار بولسا مېھمانغا لىق تولۇپ كېتىدىغان بولدى. ئېھتىمال ئىلگىرى بۇ يەردە خان زەبىبىلىرى، مۇسەللەسلىرى ئىچىلىدىغان بولغىيدى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا «قەھرىماننىڭ جاسارىتىنى نامايان قىلىدىغان» ئوغىدەك ئاچچىق ھاراقلارنىڭ پۇرىقى بۇقسۇيدۇ.

ئانىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى تولا ئويلاپ، بىر پاتمان ھەسرەتنى يەلكىسىگە يۈكلەپ يۈرگەن ئەنقەر رەنانىڭ رىغبەت ـ دەۋەتلىرى ئارقىلىق خان سۇپىسىغا كېچىكىپرەك كەلدى. رەنا

ئۇنىڭغا ئانىسىنى دەپ ئۆزىنى تۆگەشتۈرۈۋالماسلىقنى، ساۋاقداش، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ باردى ـ كەلدىلىرىدىن چەتتە قالماسلىقنى تەكىتلەپ تۇراتتى. بۈگۈن بۇ يەرگە ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى ئوقۇش پۈتكۈزگەنلىكىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن يىغىلغانىدى. ئۇ ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا دادىسىنىڭ تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپىنى كۆرۈپ، دادامۇ بۇ يەردە ئىكەن ـ دە، دەپ چۆچۈگەندەك قىلدى، ئەمما ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ماشىنىسىنى مەيداننىڭ ئۇ چېتىدىكى ماشىنىلارنىڭ ئارىسىغا توختىتىپ، ئەپسىز پەيتتە دادىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالماسلىقنىڭ قازىنىنى ئاستى.

— كېلە، ئەنقەر، كېلە ! — «خان ھەرىمى» ئايرىمخانىسىدا ئولتۇرغان ئەنقەرنىڭ ساۋاقداشلىرى ئۇنى كۆرە ـ كۆرمەي، مەكتەپتىكى چاغلىرىدىكىدەك ئالىتاغىل چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— ئىشىكتىن ئېگىشىپرەك كىرگىن، بولمىسا... — دېدى كېرەم ئىسىملىك ساۋاقدىشى دەرھال ئەنقەرنىڭ تۆگە لەقىمىنى كەلتۈرۈپ. بۇ چاقچاقنى ئاڭلاپ ساۋاقداشلىرى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن لەقىمى ئېسىگە سېلىنغان ئەنقەر چالا قىزاردى ھەم دەرھال ئۇنىمۇ گەپتە كەلتۈردى:

— تۆگىنى كۆرۈپ، ئالتە تاختا قوغۇننى بۇزىدىغان بولدى دەپ ئەنسىرەپ كەتتىڭ ھە كېرەم، ئەنسىرىمە، ھازىر توڭ سويمىنىڭ بازىرى يوق.

كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجگە كۆتۈرۈلدى. چۈنكى، كېرەمنىڭ لەقىمى سويما بولۇپ، ئۇنى ئەينى چاغدا ساۋاقداشلىرى سويما دەپ قويسا، ئۆلگۈدەك تېرىكەتتى.

— ھە، تازا جايىغا كەلدى، — دېدى قۇشقاچ لەقەملىك سۇلايمان، — تۆگە قوغۇننى بۇزسا، قوغۇننىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقچۇ؟

— ئۇرۇقى سەن قۇشقاچتىن ئاشامدۇ؟

— ئۇنداق بولسا شاپىقنىچۇ؟

— شاپىقنى كالا غاجايدۇ، — دېدى كالا لەقىمى بار قۇربانغا قاراپ، يېقىندا بىر دەرىجە ئەمىلى ئۆسۈۋاتقان قۇربان سەل تېرىككەننى قىلىپ تىلىنى چېكىپ قويدى.

— ھەي، ھەي، توختاڭلار، ئاغىنىلەر، بۇ قوغۇنىنى تۆگە بۇزۇپ، شاپىقىنى كالا غاجاپ، ئۇرۇقىنى قۇشقاچ چوقۇلىسا، قوغۇنلۇقنىڭ چۆنىكىدە چەكچىيىپ تۇرغان پاقا قانداق قىلىدۇ؟ ئۇمۇ بىرەر قوغۇننىڭ قورسىقىنى تېشىپ ئىچىگە كىرىپ كۆركىرىمىسا قانداق قىلىدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شەھەر باشلىقىغا كاتىپ بولۇپ يۈرگەن پەرھات قۇلاقلىرىغىچە قىزاردى ھەم چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، يېنىدىكى پەرۇخقا قاراپ:

— پاقىنىڭمۇ رىزقى بار، ئۇمۇ پاشا تۇتۇپ يەرمىكىن ئېھتىمال... — دېدى.

سورۇندىن يەنە پاراقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى. چۈنكى، دوختۇرخانىنىڭ قان پونكىتىدا ئىشلەيدىغان پەرۇخنىڭ لەقىمى پاشا ئىدى.

— ئۇنداقتا پاشا توختىماستىن قان شوراپ، ئاخىرىدا پاقىنى بورداۋېتىدىكەن ـ دە، ئاغىنىلەر!

— بىلىسىلەرغۇ، شۇڭا بۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلى يېقىن!

— نېمانداق پاقىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتىدىكىن دەيمەن، تېخى، — دېدى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيە پەنلىرى لېكتورى ئالىم كۆڭلى يېرىم بولغاندەك، — ئەسلىدە پاقىلارنى قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار تۇتۇپ يەۋېتىپتىكەن ـ دە!

— ھەي، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە جۇمۇ سولتەك مۇئەللىم! — پەرھات تۇيۇقسىز چاچراپ قوپۇپ بىگىز بارمىقىنى لېكتورغا شىلتىدى، — ھېلى بىكار ئاغزىڭغا!

— نېمە بولۇۋاتىسەنەي سەن؟ — لېكتور كۆز ئەينىكىنى

يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ گىلەم ئۈستىگە تىزلىنىپ ئۆرە بولدى، — خۇدۇكى بار موللام چاي ئىچمىسىمۇ تەرلەيدۇ دەپ...

— چاقچاقىقا تېرىكمىگىنە، پەرھات! — ساۋاقداشلار، تۇشمۇ تۇشتىن ئىغىز ئىچىپ، پەرھاتنى ئەيىبلەشتى، — سېنىڭ مۇشۇ خۇيۇڭزە...

— ھەي بالام... ھەي بالام، — سورۇننىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان بىر بوۋاي ناھايىتى جاپادا ئورنىدىن تۇردى. قاراشقىلا يەتمىش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ بوۋاي سورۇندىكى ساۋاقداشلارنىڭ ئەينى چاغدىكى سىنىپ مۇدىرى بولۇپ، ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇش، باردى ـ كەلدىلىرىگە باش بولۇپ كېلىۋاتاتتى، — چوجە ـ خورازدەك مۇشۇنداق قىلىقىڭلارنى قاچانمۇ تاشلارسىلەر؟ ھەر قېتىم يىغىلغاندا مەن سىلەرنى ھاي... ھاي، دەيمەن ئەمەسمۇ، ئولتۇرا ـ ئولتۇرماي لەقەم ئاختۇرۇپ، باللىق قىلمىساڭلارمۇ، بىر ـ بىرىڭلارغا دەيدىغان چىرايلىقىنا گېپىڭلار يوقمۇ؟

سورۇن سۇ قۇيغان قازاندەك تىنچىپ قالدى. ئەنقەر ساۋاقداشلارنىڭ ئارىسىدا كۆلكىسى قىستاپ ئولتۇراتتى. ساقاللىرىنى تۇۋىدىن قىرىپ، ئېڭەكلىرىنى دەزمال سالغاندەك پارقىرىتىۋالغان، بىر ـ بىرىدىن چاققان، مودا كىيىنىۋېلىشقان، بۇ يەرگە يىغىلا ـ يىغىلمايلا ھاراققا چىلىشىپ ئۆلگۈرگەن بۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى، قىلىقلىرى خۇددى ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدىكى چاغلىرىغا قايتىپ قالغاندەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ساۋاقداشلىرىنىڭ چىراي ئۆزگىرىشلىرىنى، ئىلگىرىكىدىن قورساق سېلىۋاتقانلىقىنى، خاراكتېر ئۆزگىرىشلىرىنى، ھەتتا ئىلگىرى نامراتلىق، يوقسۇللۇق دەردىدە تەستە ئوقۇش پۈتكۈزگەن بەزى ساۋاقداشلىرىنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ كىبىر ـ تەمە پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋاقىتنىڭ ئادەملەرنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى، ھېچبولمىغاندا بىر چاغلاردىكى باللىق، ياشلىق چاغلىرىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۇزاپ

كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمما، ئون يىل ئالدىدىكىدەك تونۇش ئاۋاز، تونۇش خاراكتېر، تونۇش مىجەز، تونۇش ئاھاڭدىكى سۆز ـ ئىبارىلەر، چاقچاقلار، يېقىنچىلىقلار، چىشىغا تېگىشلەر، تېرىكىشلەرگە قاراپ، ئۆزىنى ئاشۇ شاش، غەمسىز، نۆۋەر چاغلىرىدا تۇرغاندەكمۇ ھېس قىلدى.

— ھە يولداشلار... ياق، ساۋاقداشلار، شەخسىي پاراڭ، كۈلكە ـ چاقچاقلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ئەسلىي مەقسەتكە كېلەيلى، بۈگۈن ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلىكىمىزنىڭ ئون يىللىق خاتىرىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوغۇل ساۋاقداشلار بۇ يەرگە جەم بولدۇق. تۆۋەندە ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز، سىنىپ مۇدىرىمىز ئەلقەم مۇئەللىمنى ئىككى ئېغىز سۆزگە تەكلىپ قىلايلى!

سورۇندىن كۈچلۈك چاۋاك ساداسى كۆتۈرۈلدى. شۇ چاغدىكى سىنىپ باشلىقى مۇرات بىلەن ئۆگىنىش ھەيئىتى ياسىن ئەلقەم مۇئەللىمنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ھەممە كۆزلەر مۇئەللىمنىڭ يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينەك ئىچىدە يۇمۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— باللىرىم، — دېدى مۇئەللىم چىشى قالمىغانلىقتىن چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن زىنىخلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ، — ھەر قېتىم سىلەرنى كۆرسەم ۋۇجۇدۇم ئۇمىدكە، جىسمىم كۈچكە تولغاندەك بولىمەن. بىز قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، مۇشكۇللەر ئىچىدىن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ بۈگۈنگە كەلدۇق. ئەركىن، ئالىم، ئۆركەش قاتارلىق ساۋاقداشلىرىمىز ئىلىم ـ مەرىپەت ئاسمىنىدا قانات قېقىپ، چەت ئەللەردە ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، كومپيۇتېر ئىلمى بويىچە پەن تەتقىقات چوڭقۇرلۇقىغا توختاۋسىز شۇڭغۇۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئارىمىزدا يەنە ئوقۇش پۈتكۈزۈپ دېھقان بولغان، ھۈنەرۋەن بولغان ساۋاقداشلىرىمىزمۇ، پەرھات، سادىقلارغا ئوخشاش ئەمەل

تۇتۇۋاتقان، ئۆسۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان، ئەنقەرگە ئوخشاش دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ كاتتا مىليونېرغا ئايلىنىپ، شەھەر كەمبەغەللىرى، يوقسۇللارنىڭ، يېتىم باللارنىڭ خەير ـ ساخاۋەت ئەلچىسىگە ئايلانغانلارمۇ بار، — مۇئەللىم بىر ئاز توختىۋالدى. سەل ھاياجانلىنىپ قالغاچقا، ئەينىكىنى ئېلىپ نەملەشكەن كىرپىكلىرىنى سۈرتتى ھەم «سۆزۈم ئۈزۈلۈپ قالدى» دەپ قوشۇمچە قىلدى، — گەپنى يىغسام، بىزدە ئەقىل ـ پاراسەت بار، بىزدە قەيسەرلىك ھەم ئىشەنچ بار، بىراق بىز...

ئاردىن بىرسىنىڭ يانفونى سايرىدى ھەم ھاياجان بىلەن توۋلىغان ئاۋاز مۇئەللىمنىڭ ئاران ـ ئاران چىقىۋاتقان ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى:

— ۋاي مانا دېمىدىممۇ، ئاشۇ تىنچ ئوكيانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئەركىندىن تېلېفون كەلدى. ئۇ بىزنىڭ بۇگۈن جەم بولىدىغانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپقان دەڭلار ! — مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى تارتىۋالالايدىغان بۇ ئالىجۇقا تۇراجان ئىدى. ئۇ شۇنداق دەپ يانفونىنىڭ ئوچۇق ئاۋازلىق كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتتى، — ھە سۆزلە، ئەركىن، بارلىق ساۋاقداشلارنىڭ قۇلىقى سەندە !

يانفوندىن بىرسىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئاھاڭىدىكى دىماق تاۋۇشلۇق ئۇيغۇرچە سۆزى ئاڭلاندى :

— ساۋاقداشلىرىم، جانجىگەرلىرىم، قانداق ئەھۋالىڭلار، بۇگۈن جەم بولىدىغانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ، تىنچ ئوكياندىن پۇررىدە ئۇچۇپ ئۆتۈپ، يېنىڭلارغا بارغۇم كەلدى. لېكىن، بارالمايدىغانلىقىمنى بىلىسىلەر. شۇ تاپتا ئانا تىلىمىزدا چۇرۇقلىشىۋاتقانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىمگە تارىم دەرياسىغا سەل كەلگەندەك ياش كەلدى... تۇرۇۋاتقىنىم توققۇزى تەل ئۆي، مېڭىۋاتقىنىم ئېسىل پىكاپ، بۇ مېنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمنىڭ يات ئەلدىكى كارامىتىنىڭ نەتىجىسى. لېكىن، ئانا تىلدىن مەھرۇم بولغان زۇۋانىم بۇ ھەشەمەتنى ماختاشقا ئاجىزلىق

قىلىدۇ. سىلەرگە زار بولغان كۆزلىرىم ئالدىمدىكى داغلىق ماركىلىق ئەخلەتلەرگە گول بولمايدۇ. يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ يىراقتا قالغان ئانا ۋەتەن، تىلىم بىدار بولغان ئانا تىل، شۇ تاپتا سىلەر نېمىدېگەن بەختىيار...

يانفون ئۈزۈلۈپ قالدى. سورۇن سۈكۈتكە چۆمدى. ئەركىننىڭ نىداسىنى شۇنداق ئوچۇق ئاڭلىغان ئەنقەر هاياتتا، تۇرمۇشتا پۇل، ھەشەمەت، ئۆي، ئالىي پىكاپ، چىرايلىق، ياش خوتۇندىن باشقا نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ دادىسى — هازىرنىڭ ئۆزىدە ئۈلپەتلىرى بىلەن ياندىكى ئايرىمخانىلارنىڭ بىرسىدە ياش، چىرايلىق خوتۇنلارنىڭ پارىڭىنى سېلىشىۋاتقان ئاشۇ باي دادىسى ئەلقەم مۇئەللىمنىڭ، چەت ئەلدىن يانفون قىلغان ئەركىننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قويغان بولسا...

سورۇن بىردەملىك سۈكۈتتە قالدى. پەرھات بولسا بۇ سۈكۈتنى، ئەركىننىڭ ئاھ ئۇرۇشلىرىنى مازاق قىلىپ ئۇنى ـ بۇنى دېدى، ئاندىن رومكىنى قولىغا ئالدى. مۇھىم بىر يىغىن ئېچىلىۋاتقاندەك قويۇق قاشلىرى ئارىسىدىكى يۇمۇق كۆزلىرىنى زورىغا ئېچىپ، جىددىي تەرزدە ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىقتى.

— ئەمدى باشلىۋالامدۇق؟

— ھە ھېساب، ئاچە بوتۇلكاڭنى، قۇيە هارىقىڭنى !

ئەنقەرگە تېلېفون كەلدى. ئۇ يانفوننى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىشىغا، دادىسى ھەمدۇللا ھاجى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. دادىسى كېلىشكەن بىر قىز بىلەن ياندىكى ئايرىمخانىدىن چىقىۋاتاتتى...

## 34

تۇرمۇشنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىنىلا كۆرۈش ئىنسان

پىشكىنىسىنىڭ پاسسىپلىششىدۇر. پىشىقكا جەھەتتىكى پاسسىپلىشىش بەختسىزلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ مەنبەسى.

خانىش كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن چەتنەپ تورغا، توردىكى ئايىغى چىقماس پاراڭغا شەيدا بولدى. ئۇ داۋاملىق پولات بىلەن پاراڭلىشىدىغان، ئۇنىڭغا دەرد تۆككۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى:

— مەن ئاشۇ تۇغۇلغان كۈنۈمدىكى قاباھەتلىك كېچىدە ئۆزىنى بەكمۇ كاتتا چاغلايدىغان ھىيلىگەر، ئالدامچى ھەمدۇللا ھاجىنىڭ چاڭگىلىدا تېپچەكلىگەن ھالدا جان بەردىم. يۈرىكىمدىن سىرغىغان قان، ئۆز نەپسىدىن زادىلا كېچەلمەيدىغان ئۇ مۇلايىم چىراي شىرنىڭ غىچ موي بېسىپ كەتكەن كۈچلۈك كۆكرىكىگە چاچرىغاندا، ئۇلجىنىڭ لەززىتىدىن كېيىنكى راھەتتىن پەيدا بولىدىغان رازىمەنلىك كۆلكىسىدە كۆلۈمسىرىگىنىنى كۆردۈم. بۇ ئېپپەتلىك بىر قىز ئۈچۈن نى ئات، نى نومۇس ـ ھە ! مەن يۈزۈمنى تۇتقىنىمچە يىغلاپ كەتتىم. مېنىڭ ئەڭ قىيىن كۈنلەردە، ھەتتا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تۆۋەن يىللىقىدىكى ۋاقتىمدا كۈندە پەقەت ئاددىي بىر ۋاخ تاماق يەپ ئاچ قورساق دەرس ئاڭلىغان ئاشۇ يىللاردىمۇ پاختا ئارىسىدا ئوت ساقلىغاندەك ساقلاپ كەلگەن قىممەتلىك قىزلىق ئېپپىتىم ۋاقىتسىز توزۇغان غۇنچىدەك چەيلەپ تاشلانغانىدى.

— يىغلىما، قىز، — دېدى ھاجى قىلغان سودىسىدىن رازى بولغاندەك سىپايە بىر ئاھاڭدا، — سېنىڭ پاك ئېپپىتىڭنىڭ ماڭا نېسىپ بولغىنى — رىزقىڭنىڭ ماڭا قوشۇلغىنى. مانا قايلا، توي خېتىمىزمۇ بېجىرىلىپ بوپتۇ.

— نېمە؟ ! — مەن چاچلىرىمنى يۇلۇپ تېخىمۇ يىغلاشقا باشلىدىم.

— ئەخمەقلىق قىلما، قىز، ئادەم دېگەن بەرىبىر پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرگۈچى. رېئاللىق ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشى.

— ماڭا ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق بەختسىزلىك بولماس!

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ساڭا كۆڭلى چۈشكەن ئادەم كوچىدىكى يالاڭتۆش ئەمەس، جۇمۇ! مە، باغىبارانلىق كاتتا داچا، ئالىي پىكاپىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى... ئاله.

— سىز پۇل - بايلىقىڭىز بىلەن مېنىڭ قىزلىق قەلبىمنى سېتىۋالماقچىمۇ؟ سىز يېڭىلىشىۋاتىسىز، باي ھاجى!

— پۇل بولسا ھەممە نېمە بولىدۇ! سەن شىركىتىمىزدە پۇل ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان بولغىيدىڭ؟!

— سىز مېنى، پۇلنى — سىزنىڭ پۇلىڭىزنى دەپ كەلدى دېمەكچىمۇ؟ بىلىپ قويۇڭ، مەن سىزدىن پۇل ئالغان بولسام، پەقەت ئۆزۈمنىڭ ھالال ئەمگەك ھەققىمنىلا ئالدىم.

بىز ئۇزاق تالاشتۇق. لېكىن، مەن ئايالىرنىڭ ئەرلەر ئالدىدا، يوقسۇللارنىڭ پۇلدارلار ئالدىدا ھامان ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى شۇ كۈنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

كومپيۇتېر ئېكرانىدا كۆيۈۋاتقان بىر تال شام كۆرۈندى. ئاندىن بۇ شام بىردىن، ئىككىدىن كۆپىيىپ، يۈرەك شەكلىدە تىزىلدى. كۆز ياشلىرى تېخىچە توختىمىغان خانىش بۇنى كۆرۈپ سۆيۈنۈش بىلەن ئۆكۈنۈشنىڭ تۈگۈنىدە بوغۇلغاندەك بولدى.

خانىش خىيالغا چۆكتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۈرەك شەكلىدە تىزىلغان توقسان توققۇز تال شام كۆيۈۋاتاتتى.

— خانئاي، خانئاي... مەن سېنى سۆيىمەن!

قىز بېشىنى كۆتۈردى. دېرىزىدىن ئاڭلانغان تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ، يەتتىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن پەسكە قارىدى. ياتىقىدىكى قىزلار ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ تەڭ قاراشتى. گۇگۇم پەردىسى ئېچىدە بىنانىڭ كەينىدىكى چىملىقتا، يۈرەك شەكلىدە تىزىلغان توقسان توققۇز تال شام كۆيمەكتە ئىدى. كۆيۈۋاتقان يۈرەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۈل تۇتقان بىر يىگىت قولىدىكى گۈلنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئۇلارغا قاراپ توۋلىماقتا ئىدى.

— خانئاي، مەن سېنى سۆيىمەن!

تۇۋلاۋاتقىنى پولات ئىدى.

— ئوھوي... ئاڭلىدىڭمۇ، سۆيۈملۈكۈم، پولات ساڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋېتىپتۇ، — قىزلار ئاۋازىنى قويۇۋەتتى، — دەرھال دېرىزىدىن سەكرە، كۆيۈۋاتقان يۈرەكنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا، پولاتنىڭ قۇچىقىغا چۈش، يۈرىكىڭنى يۈرىكىگە ياق!

خانىش شەلپەردەك قىزاردى، ئۇ پولاتنىڭ ئۆزىگە قانات سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئۇسۇلدا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى.

— چاقچاق بول، قىز، پولاتنىڭ يۈرىكى كۆيۈپ ئېرىپ كەتمەستە ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى ئات.

بىر پەس گاڭگىرىغان قىز ھەرىكەتكە كەلدى. ئۆزىنى كارىدوردا — پەشتاقلاردا كۆردى. كىم چىگىپ قويۇپتىكىن بوينىدا قىزىل شارپا، ئۇچىسىدىكى ھاۋارەڭ كۆڭلەك قىزغا قانات بولغانىدى. يەتتىنچى قەۋەت بىلەن بىرىنچى قەۋەتنىڭ ئارىلىقى ئۇنىڭغا شۇنداق ئۇزۇن بىلىندى. ئۇ گويا يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىدىن پەسكە چۈشۈۋاتقاندەك ئۇزاق يۈگۈردى. بىر پۈتىدىكى تۇپلىيىنىڭ پەشتاقلاردا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ يەكپاي ئاياغ بىلەن يۈرىكى كۆيۈۋاتقان يىگىتنىڭ ئالدىغا چۈشكەنلىكىنى سەزمەي قالغانىدى.

يىگىت قۇچاق ئېچىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ قولىدىكى بىر دەستە ئاق ئەتىرگۈل قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ تۇراتتى. قىز يىگىتنىڭ قولىدىكى گۈلنىڭ بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان توققۇز تال ئاق ئەتىرگۈلدىن تىزىلغانلىقىنى بىلىپ يەتتى... يۈرەك شەكلىدە يېنىپ تۇرغان توقسان توققۇز تال گۈل شام، تۇن قوينىدا نۇرلىنىپ تۇرغان توققۇز تال ئاق ئەتىرگۈل... دېمەك پولات خانئايغا يۈرەك شەكىللىك شام ئارقىلىق سېنى سۆيىمەن، ئاق ئەتىرگۈل ئارقىلىق ئىككىمىز توي قىلايلى، دەۋاتاتتى...

قىز يۈرەك شەكلىدە كۆيۈۋاتقان توقسان توققۇز تال شامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىگە قۇچاق ئېچىپ تۇرغان يىگىتنىڭ

كۆزلىرىمۇ يۈرەك شەكىللىك شام بولۇپ يېنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تىنىقلىرى بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ تۇرغان ھالدا ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلاپ بىر پەس قارىشىپ تۇردى. ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇسى كەلدى. لېكىن، قىز گەپ قىلغۇچە يىگىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سېنى سۆيىمەن، خانئاي... جان - دىلىم بىلەن سېنى سۆيىمەن. مانا بۇ توقسان توققۇز تال شام مېنىڭ سەن ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان يۈرىكىم...

قىز ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىترەيتتى. قىز بىلىدۇ. ئۇزاقتىن بېرى ئۆزىدىن گەپ ئالالمىغان يىگىت ئاخىر ياز ئايلىرىنىڭ پىنھان ئاخشىمى يۈرىكىنى شام قىلىپ كۆيدۈرگەنىدى.

— يەنە تېخى بىز توي قىلايلى، — يىگىتنىڭ ئاۋازى تۈن قوينىنى تىترەتتى، — قارىغىنا، تۈن قوينىنى يورۇتۇپ تۇرغان ماۋۇ ئاق ئەتىرگۈلگە...

قىز ئۆزىگە ئۇزارتىلغان گۈلگە قارىدى. ئاق گۈل ئۇنىڭغا توينى ئەمەس، مۇسىبەتنى، ماتەمنى ئەسلەتتى. ئۇ ھەيران ئىدى، توققۇز تال ئاق ئەتىرگۈل نېمە ئۈچۈن توي تەكلىپىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ؟

قىز ئاستا پىچىرلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزىگىمۇ ئاڭلانماي قالدى. سۆيۈش - سۆيۈلۈش، توي تەكلىپى... ئۇنىڭ بەختسىز، ئېشەنچسىز ھاياتىنىڭ تەشۋىش، ئازابقا تولغان قەلبىدە توساتتىن توقۇنۇش پەيدا قىلدى.

— ئۇ سېنى جان - دىلى بىلەن سۆيىدىكەن، — دەيتتى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلغان بەخت تۇيغۇسى ئاجايىپ بىر خىل ئىپتىخارلىق بىلەن، — قارا، سەن ئۇزاقتىن بۇيان ئۆز ھالىڭ بىلەن بولۇپ، ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قارىغىنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر يۈرەك ئوتىنى لاۋۇلدىتىپ، سېنى ئۆز باغرىغا چىللىدى. ئاق ئەتىرگۈلدەك پاك قەلبىنى ساڭا ئاتاپ توي قىلىش، سەن

بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە ئۆتۈش تەكلىپىنى بەردى. مانا بۇ سۆيۈلۈش، مانا بۇ بەخت. كېلە، قىز، يىگىتنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان يۈرىكىگە پېشانەڭنى قوي، مەنمۇ سېنى سۆيىمەن، جېنىم، دەپ ئۇنىڭ باغرىدا تۇرۇپ ئۆكسۈگىن. ئۇنىڭ ئاتەش لەۋلىرىدىن مەڭزىڭنى قاچۇرما... ئارىدىن بىر هازا ۋاقىت ئۆتتى. قايسى هالىڭغا ئۇنىڭ يۈرەك سۆيگۈسىنى، ئاق ئەتىرگۈلدە ئىزهار قىلىنغان توي تەكلىپىنى قوبۇل قىلماقچىسەن؟ — دەيتتى قىز بەخت تۇيغۇسىدا. يىلىنجاپ تۇرغان تەشۋىش بىردىنلا قوتراپ:

— سەن ئىشق، ئويۇن ـ تاماشا كويىدا يۈرگەن بىر سۆلەت ساهىبىنىڭ تاشلىۋېتىشى بىلەن ئۆگەيىنىڭ ئالدىدا بويىنى قىسىلىپ چوڭ بولغان بىچارە قىزسەن، سەن شۇ تۇرقىدا يىگىتلەرنىڭ سۆيۈشىگە نائىل بولساڭمۇ، ئۇنىڭ توي تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىزسەن. چۈنكى، سەن مۇشۇ يېشىڭغا قەدەر ياتلارنىڭ ئالدىدا ئۆز ئەركىڭ بىلەن، ئۆز ئارزۇيۇڭ بىلەن ياشاپ باققان قىز ئەمەسسەن. ئېهتىمال ئۆگەي داداڭ ساڭا خوتۇندىن بويتاق قالغان بىرەر قېرى تۇغقىنىنى هورناپ قويغاندۇ ياكى سېنى نەچچە يىل خىزمەتلىرىگە سېلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئەرگە بېرىشمەس... شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ توي تەكلىپىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلالايسەن؟

قىز نوتىسىدىن يىرىۋېتىلگەن گۈلدەك سولاشتى. ئۇنى بوغۇلغان كاككۇكتەك ئۈنسىز نالە قىلدى.

— يىغلىدىڭىزغۇ خانئاي، نېمە بولدىڭىز؟ — سورىدى يىگىت. قىز ئۈندىمىدى. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكسۈيتتى.

— ئولتۇرۇڭ، يىغلىماڭ!

ئىككىيلەن يۈرەك شەكلىدە كۆيۈۋاتقان توقسان توققۇز تال شامنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئولتۇردى. يىگىت قىزنى پەپىلەش بىلەن بولۇپ، گۈلنى بىر ياندا قويۇپ قويغان، گۈلنى ئىسىدىن چىقارغانىدى.

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە ياندىشقانچە ئۇزاق ئولتۇردى. ۋاقىت

گويا توختاپ قالغان... بايا يىگىتنىڭ تووۋلىشىدىن ھەم چۆچۈگەن، ھەم قىزىقسىنغان ياتاقتىكى قىزلار ئەمدى ماراشتىن يالتايغان، ئىككىيلەنگە قاراپ ئۇلارنىڭ بوينىنى تىلىپ كەتكەندى.

ئۇلار مۇرىلىرى تېگىشىپ تۇرغان ھالدا ئۇزاق ئولتۇردى. يىگىت قىزدىن قايتا گەپ سورىسا، ئەمدى ئۇنى رەنجىتىپ قويىدىغاندەك، ئۇنى قاچۇرۇۋېتىدىغاندەك قايتا ئۇندىمىدى. يىگىت ئۇچۇن قىزنىڭ يەتتىنچى قەۋەتتىن ئۇچۇپ چۈشكىنى، يۈرەك شەكلىدە كۆيۈۋاتقان توقسان توققۇز تال شام ئىچىگە كىرىپ كەلگىنى كۇپايە ئىدى.

ئۇلار كۆيۈۋاتقان يۈرەك ئىچىدە ئۇزاق ئولتۇردى. سۆيگۈ بىلەن خارلىق ئىلكىدە جان تالىشىۋاتقان قىزنىڭ كىرپىكلىرى دەممۇدەم نەملىشىپ تۇراتتى... يەنە بىر مەھەل ۋاقىت ئۆتتى، قىزنىڭ كۆز يېشى ئاسماننى يىغلاتتى. يامغۇر سىمىلداشقا باشلىدى، شاملار بىردىن، ئىككىدىن ئۆچتى. ئاق ئەتىرگۈل يامغۇر تامچىلىرىدىن ھۆل بولۇپ سولاشتى. ۋاقىتسىز ئۆچكەن شامغا، يامغۇرغا چىلىشىپ چەيلىنىپ تۇرغان گۈلگە قاراپ قىزنىڭ قەلبى يامغۇرلۇق كېچىدەك غېرىب غۇۋالىققا ئەسىر بولدى.

ئاھ، خانئاي دېگەن بۇ قىز خانىش، يىگىت بولسا پولات ئەمەسمىدى؟!

## 35

ئەنقەر دادىسىدىن ئوڭايسىزلىنىپ، دەرھال كەينىگە بۇرالدى. ئايرىمخانا يېيىش ـ ئىچىش، كۈلكە ـ چاقچاق جەڭگاھىغا ئايلانغانىدى. ئەنقەر كەيپىلىكتە كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالغان بۇ ساۋاقداشلىرىغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ ئولتۇراتتى.

— ۋاي ـ ۋوي... بايىقى چەت ئەللىكلەر، — دېدى ئورمان

قاراۋۇلخانىسىدا ساقچىلىق قىلىدىغان ھەييارجان بايا تېخى ئارامگاھتا كۆرگەن ــ ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ، ــ ئەر خەقلىرى خۇددى ماۋۇ تۆگىدەك ئېگىز، خوتۇن خەقلىرى ئاۋۇ تۇرسۇن توخۇدەك پاكا، قانداق خەق بۇ، ھا ــ ھا ــ ھا...

ــ ۋەيت ! ...

ــ ۋەيت ! ...

سورۇندىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ھەييارجان چەت ئەللىكلەرنىڭ قىياپىتىنى مىسال قىلىمەن دەپ يېنىدىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ لەقىمىنى كەلتۈرۈۋالغانىدى.

ــ ھەييارجان، ــ دېدى سۇ ئىشلىرى باشقارمىسىدا ئىشلەيدىغان نۇردۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ سەن ئۇ ناتونۇشلارنىڭ ئۇزۇن ــ قىسقىلىقى، توم ــ ئىنچىكىلىكلىرى بىلەن ھېسابلاشماي، تازا قىزىق يۇمۇرلىرىڭدىن بىر نەچچىنى ئېيتە !

ــ يۇمۇر ئېيتامدىم؟ ــ دېدى ھەييارجان قولىدىكى رومكىدىكى هاراق بىلەن تەڭ دەلدۈگۈنۈپ، ــ بولىدۇ، ئېيتسام ئېيتاي، ئاڭلاڭلار ئەمىسە ھە، ــ ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەنقەرگە قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى، ــ بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ ئۆمرىدە خوتۇن كىشىگە تويۇپ ئۆتمىگەن بىر ھاجىم چوڭ خوتۇنىدىن مەخپىي ھالدا كىچىك خوتۇن ئاپتۇ. توي تۈگەپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە نەپسى تاقىلداپ كەتكەن بۇ ھاجىم ئالمان ــ تالمان چىراغنى ئۆچۈرۈپ خوتۇنغا تاشلىنىپ: «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم...» دەپتىكەن، قورقۇپ تۈگۈلۈپ ياتقان ياش خوتۇنى: «ۋىيەي، ھاجىم، سىلى مۇشۇ قاراڭغۇدا بىسمىللا ئېيتىپ داستىخاندا پولۇ يەملا ياكى...» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇدەك.

ــ ئوھوي ! ...

ــ ھا ــ ھا ــ ھا ...

ــ ئەجەب كەلتۈردۇڭا...

ــ ئەنقەر، سەنمۇ ھاجىم داداڭدىن ئاشۇنداق بىسمىللا

ئېيتمشنى ئۆگەنگەنسەن، ھە؟

— بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، ئەمدى.

— ھەييارجان راست دەيدۇ، — دېدى ئەنقەرنىڭمۇ ئاغزى ئېچىلىپ، — مەن بىسمىللا ئېيتقىلى تۇرغاندا، ھەييارجان تۆگلۈكنىڭ بېشىدا ماراپ تۇرغان، ئەمەسما !

ئولتۇرغانلار يەنە كۈلۈپ كەتتى.

— ئەمدى نۆۋەت ئەنقەرگە كەلدى. ھە... قېنى ئەنقەر، ئالە ھاراقنى !

ئەنقەر ئۆزرە ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان كۆپىنچىڭلار بىلىسىلەر، مەن ھاراق ئىچمەيمەن، ئاغىنىلەر.

— ھەي، ھەي، ئەنقەر قايسى ئاغزىڭ بىلەن دەۋاتىسەن مۇشۇ گەپنى؟ — بىرنەچچە رومكا ئىچىپلا يۈزى قىزىرىپ كەتكەن ھەييارجان ئەنقەرنىڭ ئۆزرىسىگە ئۆكتە قوپتى، — ئىككىمىزچى يىللىقتا چىققان يىلىمىز، مەكتەپ ھاجەتخانىسىدا خۇپىيانە تاماكا چېكىدىغانلار قاتارىدا تۇتۇلۇپ، «تاماكىغا تويدۇرۇلغان»دا يوق ئىدىم، دەپ باقە قېنى؟

— ياشلار بايرىمىدا ئۆلگۈدەك پىۋا ئىچىشىپ سىنىپقا قوسۇپ، رەسۋا قىلغانمۇ مەن ئەمەس ئىدىم دەپ باقسۇن قېنى !

ئەنقەرنىڭ چىرايى قىزىرىپ دۇدۇقلاپ قالدى. ئۆزىگە تەگلىگەن ھاراقتىن كەينىگە داجىدى.

— ئۇ، ئۇ چاغلاردا كىچىك ئىكەنمىز، ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتمەيدىكەنمىز، ئاغىنىلەر.

— ھاراقنى قولۇڭغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئاندىن دېگىن ئۇ گەپنى !

— شۇنداق قىل، ئاداش.

— ياق، مېنى زورلىماڭلار، ئىچەلمەيمەن.

— تاماكا چەككەن ئادەم، ھاراق ئىچمەمدا؟

— تاماكىنى ئىلگىرى سىلەرنىڭ كەينىڭلارغا كىرىپ ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن، ھازىر تاماكا تاشلاۋاتىمەن.

— ھىم، تاماكا تاشلارىمىش !
— تاشلايدۇ، چېكىپ بولۇپ تاشلايدۇ، بۇ !
— ھا ـ ھا ـ ھا...
— ھەي، ھەي، ئاغىنىلەر، ئەنقەردەك تەقۋاغا بۇنداق «ئىلى دەرياسىنىڭ رەڭسىز سۇيى»نى زورلىماي، كۇچا بىلەن ئاۋاتنىڭكىنى قۇيايلى، بولمىسا... — دېدى ھەييارجان گەپ قىستۇرۇپ.
— نېمە ئۇ كۇچا بىلەن ئاۋاتنىڭكى دېگەن؟
— زېبىپ بىلەن مۇسەللەسچۇ؟
— ھە راست، داداڭ ھاجىلار ئولتۇرۇشىدا شۇندىقىنى ئىچىشىۋاتقاندەك قىلىدىغۇ، بايا كۆرۈپ قالدىم !
— ياق، ئارتۇقچە كايىماڭلار، ئۇنىمۇ ئىچەلمەيمەن.
— ھەي، ھەي... — خېلىدىن بېرى سورۇن بېشى بولۇپ ئولتۇرغان پەرھات ئەنقەرگە بويۇندىدى، — يا ئىچەلمىسەڭ، يا چېكەلمىسەڭ، يا كۈلمىسەڭ، يا يىغلىمىساڭ، قانداق نېمە سەن؟ سەن ئادەممۇ، بۇتمۇ؟ گەپ قىلە !
— ما گېپىڭ بولمىدى، پەرھات. ئەنقەرنى بۇت دېمە، — خېلىدىن بېرى جىمجىت ئولتۇرغان ئىسھاق ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، ھەممەيلەننى ئاغزىغا قاراتتى، — ئەنقەر بۇت ئەمەس، كۆڭلىنىڭ ئىشقى بار خوراز. ئۇ شۇ تۇرقىدا راسا كېرىلىپ بىر چىللايدىغان بولسا، ئوتتۇز مېكىيان چۆرىسىگە يىغىلىپ سەپ تۈزىدۇ. بۇنىڭ ھاراق خالىمىغان كۆڭلى مېكىياندا ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ شۇنداق داڭقى بارغۇ !
— ۋاھ ـ ۋاھ ـ ۋاھ ...
— كۈلمەي تۇرۇڭلار ئاخىرىنى ئاڭلايلى.
— ئۆزى كەيپ ـ ساپادا بولمىغان بىلەن خوتۇن كىشىنىڭ پەيزىنى سۇرۇشنى بىلىدىغان نېمە ئىكەن بۇ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئىسھاق، — ئالدىنقى يىلى دادامىلار بىلەن قاناسقا ساياھەتكە بارساق، ھەمدۇللا ھاجى تىرناقتا توختىغۇدەك

چىرايلىق بىر قىز بىلەن كېتىۋاتىدۇ. ئىلگىرى ئۇ ئادەم بىلەن يېقىن ئۆتۈشكەن دادام ئويلىماستىن «قىزىڭمۇ بۇ ئاداش؟» دەپ سوراپ قالدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى قىز خاپا بولۇپ چىرايى تۇتۇلدى. ھەمدۇللا ھاجى ئۇ قىزنىڭ كۆزىنىڭ تېگىگە قاراپ قويۇپ: «ياق، كىچىك خوتۇن» دېمەمدۇ، دادامنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. مەنمۇ ئاغزىمنى تۇتقىنىمچە كەينىدىن قاراپ قاپتىمەن. ئاڭغىچە ئاپام تەرىنى تۈرۈپ دادامنىڭ بىقىنىنى چىمداپ: «ھە، ئالدىلىرىغا قايلاپ ماڭسىلا، سىلىنىڭمۇ كىچىك خوتۇن ئالغىلىرى كېلىۋاتامدۇ، قېرىغىنىنى تۇيمىغان...» دەپ كايىپ دادامنى سۆرەپ ماڭدى. دېمەكچى، ئەنقەرنىڭ دادىسى ئۇنچىلىك بولغان يەردە، ئۆزى قانچىلىكتۇ؟

سورۇندىن يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ئەنقەرلەرنىڭ ھېكايىسى جىق، — دېدى خان كوچىسى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىنىڭ مۇدىرى ئابلىمىت، — ھاجىنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى پات - پات ئىشخانامغا كېلىۋېلىپ «مۇدىر، بىزنى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىغا تىزىملىتىپ قويسىلا» دەپ ھال ئېيتىدۇ. بۇ ئىشقا بېشىم قېتىپ: «ھوي، سىلى مىليون - مىليون پۇلى بار ھەمدۇللا باينىڭ خوتۇنى ئەمەسمۇ، خان سارىيىدەك ئاشۇ ياسىداق ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ئالىمەن دەپ كەلسىلىرى قانداق بولىدۇ، خېنىم» دېسەم، ئۇ ئايالLAR: «ھاجىنىڭ ھازىر بىزگە قايلىغىلى چولىسى تەگمەيدۇ، ئۇ ئادەم ياش خوتۇن ئېلىۋالدى» دەيدۇ.

— خوتۇننى دادام ئالسا، سىلەر نېمە ۋايجان قىچقىرىسىلە، ئاغىنىلەر؟ دادامنىڭ ئالغان خوتۇنلىرى سىلەرنىڭ ئاچا - سىڭىللىرىڭلارمىدى يا؟ ! — ئەنقەر توساتتىن قىزىرىپ تە بولدى، — مەن سىلەرگە دەپ قوياي، خوتۇن دېگەننىمۇ پاچاقنىڭ يىلىكى بولسا ئالىدىغان نېمە جۇما، — ئۇ دادىسىنىڭ ياخشى - يامان ئاتىقىنىڭ بۇ سورۇندا پېشانىسىگە تېگىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ گەرچە دادىسىنىڭ خوتۇنپەرەسلىكىگە ناقايىل

بولسىمۇ، ساۋاقداشلىرىنىڭ دادىسىغا خالىغانچە تىل تەگكۈزۈشىنى قوبۇل قىلالمايتتى.

— بولدى قىلىڭلار، بالىلار، كىشىنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئارىلاشماي...

— بولدى، ئەنقەر سەنمۇ قىزارمىغىنا، ئاداش، — دېدى رومكىدىكى هاراقنى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋەتكەن ھەيبارجاننىڭ يەنە ئاغزى ئېچىلىپ، — داداڭغا مەستلىكىمىز كېلىپ دەۋاتىمىز بۇ گەپنى. ئامەت كەلگەندە ھەممە ئادەم قىلىدۇ ئۇنچىلىك ئىش دېگەننى.

— ئامەتنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسەن، ھەيبارجان، — دېدى ئىسهاق ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ، — ئامەتنىڭ كەلگەندە، خوتۇنلار تۆت ـ بەش بولۇپ، كەينىڭدىن چاپقان بىلەن، ئامەتنىڭ قاچقاندا، ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالىمەن دېسەڭمۇ غىرتتىدە قىلىپ قولۇڭدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئامەت قاچقاندا مەينەت چاپلىشىدۇ، مەينەت چاپلاشقاندا ئۇنىڭدىن ھەرقانچە قاچساڭمۇ ساڭا چاپلاشقىنى چاپلاشقان...

— شۇنداق، — دەپ گەپنى تارتىۋالدى تۇرسۇن توخۇ، — ئوغۇل بالىنىڭ ئىككى نەپسى بولارئىمىش، بىرسى ياتسا، بىرسى دەس قوپارمىش... سەن ئامىتىم كەلدى دەپ نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرسەڭ، نەپسىڭ ساڭا ئاخىر بالا بولىدۇ. شۇڭا، ھەر ھالدا خوتۇن خەقنىڭ كوچىسىدا بايقاپراق ماڭغان تۈزۈك.

ئەنقەر بۇ چاقچاقلارغا يا تېرىكەلمەي، يا كۈلەلمەي، ئاچچىقتا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ رومكا كۆتۈرۈۋالدى. كۈچلۈك ھاراق نېرۋىلىرىغا تېزلا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىختىيارسىز چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— ساۋاقداشلار، ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ سورۇندىكىلەرنى ئاغزىغا قارىتىپ، — باياتىن بېرى قارىسام، سىلەر جىق لەتىپە، يۇمۇرلارنى ئېيتىپ كەتتىڭلار، مېنىمۇ جىق كەلتۈرۈۋالدىڭلار، ئەمدى مېنىڭمۇ سىلەرگە بىر نەرسە دەپ بەرگۈم كېلىپ

قالدىغۇ...

سورۇندىكىلەر بىردىنلا جىم بولدى. ھەممە كۆزلەر بۇ بايۋەچچە ساۋاقدىشىغا مەركەزلەشتى. شۇ تاپتا ھاراقنىڭ كەيپىدە ئىچى قىزىغان ئەنقەرنىڭ ئۈستىبېشىدىن چىققان تەر قاردەك ئاپپاق يىپەك مايكىسىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

— خاندانلىق دەۋرىدىكى شەھىرىمىزدە بىر قېرى پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، — دەپ گەپ باشلىدى ئەنقەر، — بۇ پادىشاھنىڭ ئۆزى سورلۇك، ئاچچىقى يامان، ھۆكۈمى كۈچلۈك، زالىم بولسىمۇ، لېكىن مەي - شاراب، ئىچكۈلۈك، نەشە، ناسىۋال چېكىش دېگەندەك كەيپ - ساپاغا ئۆچ ئىكەن. خاندانلىقنىڭ ئالىم - ئۆلىمالىرىنى ھۆرمەتلەپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئىقتىدارىغا قاراپ ئىشقا قويۇپ، مەملىكەتنى تىنچلىققا ئىگە قىلىپ، ئەلنى پاراۋان قىلغانىكەن. پادىشاھنىڭ ئادىمىيلىكى جەھەتتىكى دىيانىتى، ئەل سوراشتىكى ئادىللىقى سەۋەبلىك پۈتۈن مەملىكەتتىكىلەر ئۇنى ئەۋلىيادەك ھۆرمەتلەپ، باش ئۇرۇپ چوقۇنۇپ يۈرگەن كۆڭلەرنىڭ بىرسىدە، بۇ ھۆرمەت ساھىبىنىڭ ئوردا كىرخانىسىدىكى بىر زەڭگى قۇل بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگىنى سېزىلىپ قاپتۇ. كىرخانىدىكى قۇل نەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا قۇل بازىرىدىن سېتىۋېلىنغان بولۇپ، قۇللۇق دەللىلىگە «سودا كارۋانلىرىغا ئەگىشىپ، يات مەملىكەتلەردىن كەلگەن بۇزۇق ئايال بولۇپ، زىنانىڭ ھاراملىقىغا كۆز يۇمۇۋېلىپ بايلارنى يولدىن چىقارغانلىقى ئۈچۈن ھەپسىگە ئېلىنىپ، چېكىسىگە قۇللۇق مۆھۈرى بېسىلدى، دەپ يېزىلغانىكەن.»

ئوردىدىكىلەر، بىر ئاق ئۈستىخان پادىشاھ قانداق قىلىپ بىر زەڭگى قۇلغا يۈگۈرۈپ قالىدۇ؟ خاننىڭ ھەرەمخانىسىدا ئېسىلزادە ئاغىچىلىرى، ھۆسن جامالى ئايدىن قېلىشقۇسىز كېنىزەكلىرى تۇرسا، دەپ بۇ ئىشقا دەرگۇمانىدا يۈرۈشۈپتۇ. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ خاننىڭ ھېلىقى دېدەك بىلەن خۇپىيانە قانات سۆرىشىپ يۈرگىنى ئوردا ئەھلىنىڭ

نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ.

بىر كۈنى خان ئوردىدىكى ۋەزىر ـ ۋۇزرا، خانىش ـ توقاللىرى بىلەن مۇشۇ خان سۇپىسىغا سەيلىگە چىقىپتۇ. خان سۇپىسىنىڭ بېگى خاننىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يەتمىش ئىككى خىل نازۇ ـ نېمەتنى تۆكمە قىلغان، سازەندىلەر مۇقام كۈيلىرىنى پەلەككە يەتكۈزگەن بولسىمۇ، خاننىڭ كۆڭلى زادىلا ئېچىلماپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان بەگ خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— بىلمىدىم، پېقىر قۇللىرى قانداق قىلسام كۆڭۈللىرى ئېچىلاركىن، ھۆرمەتلىك شاھىم؟ — دەپ سوراپتۇ. خان بەگنىڭ شۇ سوئالىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك بىر ئاز جانلىنىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپتۇ، بەگ باش لىڭشىتىپ كەينىچىلەپ ماڭغىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىر ھازا ۋاقىت ئۆتۈپ، كۈن ئەسىر بولاي دېگەندە بەگ خاننىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپتۇ. خاننىڭ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ ھەم مەي ـ شاراب، نەشە، ناسۋال كەيپىدە لەيلەۋاتقان ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئاتامان ـ چاپارمەنلىرى، غەيۋەت ـ شىكايەتكە چۈشكەن خانىش ـ توقاللىرىنىڭ ئارىسىدىن غىپپىدە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، خان سۇپىسى بېگىنىڭ ھويلا ئىچىدىكى — ھويلا، ساراي ئىچىدىكى سارايلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاسانلىقچە كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر ھۇجرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ...

خان سۇپىسى بېگى خاننىڭ قىلىقىدىن ناھايىتى خورلۇق ھېس قىپتۇ، چۈنكى بەگنىڭ شۇنچە جوۋاشلىرىغا پىسەنت قىلمىغان خان ئۇنىڭغا ھېلىقى كىرخانىدىكى زەڭگى دېدەكنى ئوردىدىن خۇپىيانە ئاچىقتۇرۇپ، ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرغىلى سېلىپ، ئارقىدىن ئۆزى كىرىپ كەتكەنىكەن.

شۇ قېتىمقى سەيلىدە خان قارارىنى تۇيۇقسىز ئۆزگەرتىپ، بۇ ئەتراپتا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز شىكار قىلىدىغانلىقىنى

جاكارلاپتۇ ھەم ئۆزىنى پات ـ پات تاغ ـ دالالاردا كۆرسىتىپ قويۇپ، قالغان ۋاقتىنى خان سۈپىتى بېگىنىڭ مەخپىي ھۇجرىسىدىكى زەڭگى قۇل بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. خان ئۆزىنىڭ بۇ ئويۇنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپ قىلغۇلۇقنى قىلىپ يۈرۈپتۇ. ھالبۇكى، بۇ يەردە خاننىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۈندۈزى كۆن، كېچىسى ئاي كۆرۈپ قالغاچقا، بۇ ئىشنى ئوردىدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممە كىشى بىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋام پۇقرا ئارىسىدا «كۆڭۈل ياتقان يەردە، ئىت ياتماپتۇ» دېگەن تەمسىل تارقاپتۇ.

ئىچىشۋازلىق قىزىپ كەتتى. ئەنقەرنىڭ كۆز ئالدىدا بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل ئىزھار قىلىۋاتقان، قەلبىنى چۈشەندۈرۈۋاتقان، ئولتۇرغان يېرىدە قىيسىيىپ ئۇخلاۋاتقان، قىيىنىلىپ قۇسۇۋاتقان، بىر ـ بىرى بىلەن تىللىشىۋاتقان ساۋاقداشلىرى ھەم كۈلكىلىك، ھەم ئېچىنىشلىق بىر مەنزىرە ئايان بولدى. ئۇ بېشىنى چايقىغانچە بۇ سورۇندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى، ماشىنىسىنى تاشلاپ قويۇپ بىر تاكسىنىڭ كەينى ئورۇندۇقىغا جايلاشتى...



# سەككىزىنچى باب

## 36

ۋاقىت كەلدى، كەتتى.

ۋاقىت قۇرۇق كەتمەستىن، كۆڭۈللەرنى، ئائىلىلەرنى توپلاپ يىغىپ ئېلىپ كەتتى.

ۋاقىت ھاياتنىڭ تىزگىنى. ۋاقىت ئىنسان ھاياتىغا تىزگىن سېلىپ، بۇ دۇنياغا ئېلىپ كېلىدۇ.

ۋاقىت ئىنساننى بالىلىقتىن ئۆسمۈرلۈككە، ئۆسمۈرلۈكتىن ياشلىققا، ياشلىقتىن قىرانلىققا، قىرانلىقتىن قېرىلىققا باشلاپ، گاھ كۈلدۈرىدۇ، گاھ يىغلىتىدۇ...

ۋاقىت ئىلياسنى تېز يېتىلدۈردى. ۋاقىت ئىلياسقا كېلىشكەن قەددى ـ قامەت، قويۇق قوشۇما قاش، ئەقىل ـ پاراسەت نۇرى چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ قارا كۆز، يارىشىملىق بۇرۇت ھەدىيە قىلدى.

ھەمدۇللا ھاجى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا شوپۇر قويۇشنى ئويلاپ قالدى. ئەزەلدىن قېرىلىققا تەن بەرمىگەن، ئۆزىنى روھلۇق تۇتىدىغان بۇ ئادەم ھازىر ئاسان چارچاپ قالىدىغان، ماشىنىسىنى ھەيدەپ ماڭسا ئۆزىچە ئۇگدەك باسىدىغان بولۇپ قالدى. ھاجى بۇ ئويىنى ئوغلى ئەنقەرگە ئېيتتى. ئەنقەر ئىلياسنى كۆرسەتتى.

ــ ئىلياس دېدىڭمۇ، بالام؟

ــ ھەئە، ئۆتكەن يىلى مېھمانخانىغا پەيدا بولۇپ قالغان ھېلىقى يېتىم بالىچۇ... شۇ بالا بىزنىڭ يۈك ترانسپورتىنى ئۇستىلارغا شاگىرت بولۇپ مېڭىپ، كۆزى رولغا پىشىپ قالدى.

ھاجى بىر پەس ئويلىنىپمۇ ئىلياسنى ھېچبىر ئېسىگە ئالالمىدى.

— قايسى بالىنى دەيدىغانسەن؟ ئۇستىسىغا تېلېفون قىلە بولمىسا... ئاۋۋال بىر كەلسۇن.

— بولىدۇ، مەن چاقىرتىپ كېلەي، دادا.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن گۈللۈكتىكى شىپاڭدا پاراڭلاشقاچ بىر نەچچە پىيالىدىن چاي ئىچىشتى. ھالبۇكى، ھاجىنىڭ ئوغلى بىلەن بولغان پارىڭى سودا ـ سېتىق، پايدا ـ تاپاۋەت دېگەنلەرنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيتتى. شۇ ئارىلىقتا ئىلياس ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، ئىككىيلەنگە سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— كېلە، بالام، — ھاجى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىمىرلاپ قويۇپ ئىلياسقا جاي كۆرسەتتى. ئۇنىڭ كېلىشكەن بوي ـ تۇرقى، پاكىز، رەتلىك ئۇستىبېشى، مۇلايىم قارا كۆزلىرىگە ھەيران بولغاندەك تەپسىلىي قاراپ قويغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى، — سەن بارغانچە بوي تارتىپ قاپسەنمۇ، بالام؟ ھە، ئىسمىڭ نېمىدى؟

— ئىلياس...

— شوپۇرلۇق كىنىشكاڭ چىقتىمۇ، بالام؟

— مانا، ھاجىم دادا، — سەل تارتىنىپ تۇرغان ئىلياس شوپۇرلۇق پىراۋىسىنى ھاجىغا ئۇزارتتى، «دادا» دېگەن سۆزنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكى ئۇنى قۇلاقلىرىغىچە قىزارتقانىدى. ھاجى ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنى يىمىرىپ پىراۋىغا تەپسىلىي قاراپ چىقتى. ئاندىن ئىلياسقا بۇرۇلۇپ:

— ھە... ئۆتكەن يىلقى ھېلىقى بالا مەن شۇ، دېگىن... يارايسەن، ئوغۇل بالا، قولۇڭ ئىشقا تېگىپتۇ...

ئىلياس خىجىل بولغاندەك سەل قىزاردى.

— سېنى ئەمدى يوك ماشىنىسىنىڭ جاپاسىنى تارتماي، يېنىمىزدا تۇرسۇن، دەپ ئويلىدۇق... ماقۇلمۇ، يىگىت؟

— ماقۇل، — ئىلياس سەل دۇدۇقلاپ قالدى، — ئۇ... ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلسام تېخى ياخشى.

ھاجى ئىلياسنىڭ ئىپادىسىدىن رازى بولغاندەك كۈلۈمسىرىدى. يېنىدا تۇرغان تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزارتتى:

— مە، بالام، ئاچقۇچنى ئال.

ئىلياس ھەشقاللا ئېيتىپ، ھاياتىدىكى يېڭى بىر دۇنيانىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى ئالغاندەك، ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئالدى.

— مۇبارەك بولسۇن! — ئۇنىڭ ئىپادىسىگە، ئىش - ھەرىكىتىگە سىنچىلاپ قاراپ تۇرغان ئەنقەر كۈلگىنىچە ئۇنى تەبرىكلىدى، — ئەمدى يېنىمىزدا تۇرىدىغان بولدۇڭ، يىگىت!

— رەھمەت، ئاكا!

ئۇچەيلەن ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى. ھەمدۇللا ھاجى ئىلياسنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ بىرمۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلدى ھەم ئىلياسقا ئەڭ يېقىن كىشىسىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك، ھازىر ئۆزىنىڭ يېشى چوڭىيىپ سالامەتلىكى سەل ناچارلاپ قالغانلىقىنى، ماشىنىسىنى ياخشى ھەيدەپ، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇشىنى جېكىلىدى.

ئىلياس يۇمشاق قوللىرى بىلەن بېشىنى سىلىغان ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ قىزاردى.

ئىلياس ھاجىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ، ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان بولدى. ئۇ ماشىنا سۈرتەتتى، گاھ ئىشخانا تازىلايتتى. گاھ ھاجىنىڭ ئىشخانىدا ئۇنتۇلۇپ قالغان قول سومكىسىنى ئېلىپ چۈشەتتى، گاھ قانداقتۇر بىر ئىشلار بىلەن ئۇنىڭ ياسىداق قورۇسىغا — ئۆيىگە يۈگۈرەيتتى. ئۇ ھەممىگە چاپاتتى، ھەممە ئىشنى قىلاتتى. ھاجىمۇ ئىلياس يېنىدا بولمىسا ئۇنى ئىزدەيدىغان، ئانچە زۆرۈر ئىش بولمىسىمۇ يېنىغا چاقىرتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھاجى گويا كونا قەدىناسىدىن گەپ سورىغاندەك ئىلياستىن ئۇنى - بۇنى سوراپ تۇراتتى،

بەزىدە مۇڭدىشىپ كېتەتتى. ئىلياسمۇ ئەمدىلىكتە ئۇ كىشىدىن ئىلگىرىكىدەك تارتىنىپ تۇگۇلۇپ تۇرۇۋالمايدىغان، سوراشقا تېگىشلىك گەپ بولسا قىزارماي سوراۋېرىدىغان، تەبىئىي يوسۇندا يېقىن ئۆتىدىغان بولدى. ئۇ بەزىدە ئانىسى ـــ ئاشۇ بىچارە ئالتۇنەمدىن باشقا ئادەملەردىن ئېرىشىپ باقمىغان يېقىنلىق تۇيغۇسىنى، كۆيۈنۈشنى، مېھىر - مۇھەببەتنى ھەمدۇللا ھاجىدىن كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

ئىلياسنىڭ بالىلىق خاتىرىسى تاغا تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىدىن باشلىناتتى. ئۇ بىر نەۋرە تەڭتۇشلىرىنىڭ دادىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ، كۆكرىكىگە يامىشىپ ئويناۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قارايتتى. ئەمما، ئۇ تەڭتۇشلىرى قىلغاننى قىلالمايتتى. ناۋادا ئۇ ئەركىلەپ تاغىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلسا، تەڭتۇشلىرى دادىسىدىن قىزغىنىپ ئۇنى ئىتتىرىۋېتەتتى. ھەتتا: «بۇ سېنىڭ داداڭمىدى؟ مېنىڭ دادامغۇ...» دېيىشىپ ھۇرپىيىشەتتى. بۇنداق چاغدا تۆشۈكلۈكتە قاچا - قۇچا يۇيۇۋاتقان ئانىسى ئالتۇنەم يېتىم ئاسلاندەك بىر بۇلۇڭدا شۇمشىيىپ قالغان ئىلياسقا قاراپ ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. شۇڭا، ئۇ تاغىلىرى ئۆزىگە ھەرقانچە ئاتىدارچىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلالمايتتى، ئەركىلىيەلمەيتتى.

ئىلياسنىڭ نەۋرە تەڭتۇشلىرىغا ئوخشاش ھەممە بالىنىڭ دادىسى بار ئىدى. ئەمما، ئۇ دادىسىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇ تىلى چىققاندىن تارتىپ ئۆزىنى گەپكە سالغانلارغا «دادام ئۆلۈپ قالغان» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بۇ گەپنى ئۇنىڭغا چوڭلار شۇنداق ئۆگەتتىمۇ ياكى ئۆزى ئويلاپ تاپتىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ بۇنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇ يېشىغا يېتىپ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن دادىسى ھەققىدە گەپ سورىغانلارغا ھېچنېمە دېمەيدىغان، چوڭلارنىڭ قۇرۇق ھېسداشلىقىدىن، تەڭتۇشلىرىنىڭ كەمسىتىشلىشىدىن ئۆزگە قىلچىلىك پايدىسى يوق ئۇنداق

گەپلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولدى. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا مەكتەپ، مەھەللە ـ كويلاردا بولىدىغان تۈرلۈك بەسلىشىش ئويۇنلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان جېدەل ـ ماجىرا ئىلياسنى يېتىملىك ئوچىقىدا پۇچىلىغانىدى. يېڭىلگەن، ئويۇنغا چىدىمىغان بەزى جېدەلخور باللار ھە دېگەندە ئۇنى: «ھۇ يېتىم ئوغلاق، دادىسى تاشلىۋەتكەن...» دەپ كەمسىتەتتى. بۇ، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ سۆزمەن ئاتا ـ ئانىسى بىر ـ بىرىگە كۇسۇرلاشقان، باللىرىنىڭ قۇلىقىغا ساقىتىپ قويغان يامان گەپلەر ئىدى.

بالا ئاشۇ يامان ئېغىزلارنىڭ، تىلىغا كۆيدۈرگە چىققۇرلارنىڭ دادىسى ھەققىدىكى يامان گەپلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمىغانىدەك، دادىسى ھەققىدە بىرەر ئەسلىمىنى يادىغا كەلتۈرۈشنى، دادىسى ھەققىدە شېرىن خىيال سۈرۈشنى خالىمايتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە ھېلىقى ئاتىكەم ھاممىسى ھە دېسىلا، داداڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويىمەن، ئۇ ئۇنداق كاتتا ئادەم، مۇنداق كاتتا ئادەم... سېنى تونۇسىلا يېنىغا تارتىدۇ، ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ... دېگەندەك شېرىن ـ شېكەر گەپلەرنى قىلىپ ئىلياسنىڭ جىمغۇر، تىنچ خىيالىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتەتتى. ئاتىكەم ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۇنى ئىككى قېتىم شەھەرگە ئەكىرىپ، كوچىمۇ كوچا سۆرەپ يۈردى. ھەتتا ئالىي پىكاپلاردىن چۈشۈۋاتقان، ئالدىراپ كېتىۋاتقان ھەر سۆلەتلىك ئادەملەرنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ ئۇسااللاشقانمۇ بولدى... ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتتى، ئىلياس چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆگەي دادىسىنىڭ ئالدىدىن، مەھەللىدىن قېچىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتىكەم ھاممىسىنىڭ ئاشۇنداق ئەخمىقانە ئىشلىرىدىنمۇ قۇتۇلدى. ئۇ ھازىر ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ياخشى ئادەم بولۇشنى، ھەرقانداق ئىشنى جاي ـ جايىدا قىلىپ ئۆزىنىڭ بىشىنى سىلىغان، ئۆزىنى ئادەم ئەتكەن ھەمدۇللا ھاجىدەك، ئەنقەر ئاكىسىدەك كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈشنى، شۇنداق قىلىپ چىقىش يولى تېپىشنى ھەم بىچارە ئانىسىنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى.

خانىش قورۇغا كىرىپ كەلدى. ئۇ رەڭلىك كۆزئەينەك تاقىۋالغان بولۇپ، يانفونىنى قۇلىقىغا تۇتقىنىچە بىرسى بىلەن پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتى، گەپ - سۆزلىرىدە ئاغرىنىش ئاھاڭى بار ئىدى. ھەربىر ئۇششاق قەدەمدە توپلىيىدىن ئاڭلانغان تاقىلدىغان ئاۋاز گۈللۈكتە ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قۇشلارنى ئۈركۈتەتتى.

ئايال گۈللۈكنىڭ نېرىسىدىكى كۆل بويىدا قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرغان ئەنقەر بىلەن ئەلياسنى كۆرمەسكە سېلىپ، تاقىلداپ ماڭغانچە بىنا تەرەپكە ئۇزاپ كەتتى. ئۇنىڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان قوڭۇر چاچلىرى، گۈلدەك چىرايلىق ھۆسن - جامالى، كېلىشكەن قەددى - قامىتى گۈللەر ئارىسىدا تېخىمۇ جازىبىلىك كۆرۈنەتتى. ئەنقەر مەجنۇنتاللار ئارىسىدىن بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي ئۆتۈپ كەتكەن ياش، گۈزەل ئۆگەي ئانىسىغا ئەلتىپاتسىز قاراپ قويۇپ ئۆز پارىڭىنى قىلىشىۋەردى.

خانىش ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. كۆزلىرىدىن خاپىغانلىق، مەيۈسلۈك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ ھالدا قاشلىرىنى يىمىرىپ بىر نۇقتىغا تىكىلگەنچە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. قويۇق كىرپىكلىرى ئارىسىدا بەئەينى قېتىپ قالغاندەك جىممىدە تۇرغان خۇمارلىق كۆزلىرى ھاياتقا، تۇرمۇشقا بولغان خورسىنىش مۇڭلىرىنى تۆكۈۋاتقاندەك ئىدى. راست، خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ كەيپىياتى جايىدا ئەمەس، ھاجىغىمۇ، ئەنقەرگىمۇ، خىزمەتكارلارغىمۇ مۇئامىلىسى سوغۇقلىشىپ قالغانىدى... ئۇ كارىۋىتىدا بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ پەرداز ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەينەكتىكى ئەكسىگە قاراپ چىرايىدا قانداقتۇر بىر خىل جىلۋە پەيدا بولدى. قېنىق لەۋسۇرۇخ سۈرۈلگەن

لەۋلىرىگە جان كىرىپ، ياشلىقنى يوقاتمىغان گۈلدەك چېھرى سەھەر ئاپتىپىدا رەڭ ئالغان قىزىلگۈل بەرگىدەك قىزغۇچ رەڭگە كىردى. ئۇ شۇ يوسۇندا ئۆزىچە جانلىنىپ، خىزمەتكار ئايالنى تولۇلىدى، بىر ئىستاكان ئانار شەربىتى بۇيرۇپ يۈرىكىنى سەگىتتى. ئاندىن دېرىزە تەرەپكە قويۇلغان ئىككى كىشىلىك يۇمشاق كىرېسلونىڭ بىرسىگە چۆكۈپ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى:

— ۋەي... قانداق ئەھۋالىڭ، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟

— ياخشى، ئۆزۈڭچۇ؟ — تېلېفوندىن بىر ئەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ پولات ئىدى.

— يوقاپ كەتتىڭ، تورغىمۇ چىقمىدىڭ، تېلېفونمۇ قىلمىدىڭ... نېمە ئىشلار بىلەن يۈرسەن؟

— ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، دېگىنە... خەلقئارالىق بىۋاستە سېتىش شىركىتىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن، هازىر مال كۆرۈۋاتىمەن.

— نېمە، مال كۆرۈۋاتىمەن؟ قەيەردە؟ — خانىشنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چېكىسىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئىنچىكە قاشلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك بولدى.

— ئامېرىكىدا.

— ۋاھ ... ئامېرىكا! — خانىش ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كۆزلىرىمۇ ئوت بولۇپ يانغاندەك قىلدى، — قاچان كېتىۋالدىڭ هوي، تىنچ ئوكيانىنىڭ ئۇ چېتىگە؟

— ئۇزاق ۋاقىت بولمىدى. مانا قارا، هازىر مال كۆرۈۋاتىمەن، مال تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن باھا تالىشىۋاتىمەن، — پولات شۇنداق دەپ بىردەم جىمىپ قالدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى، — خانىش، بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرامسەن، مەن سودامنى پۈتكۈزۈۋېلىپ ئاندىن ساڭا تېلېفون قايتۇراي.

تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى. خانىشنىڭ چېھرىگە هەيرانلىق تۇيغۇسى تېپىپ چىقاندى، ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى

تۇتقىنىچە ئۇلتۇرۇپ كەتتى... يۈرەك شەكلىدە كۆيۈۋاتقان توقسان توققۇز تال شام، بەرق ئۇرۇپ تۇرغان بىر دەستە ئاق ئەتىرگۈل... سەن ئەمدى مېنى تاشلاپ، يىراقلارغا كەتتىڭمۇ!

يىللار ئۆز ئالدىراشچىلىقى بىلەن كەتتى. يۈرەك شەكلىدە تىزىلغان توقسان توققۇز تال شام كۆيۈپ ئۆچتى، بەرق ئۇرۇپ تۇرغان بىر دەستە ئاق ئەتىرگۈل توزۇپ تۈگىدى. يىگىتنىڭ مۇھەببىتى كۆيۈپ ئۆچكەن شامدەك، توزۇپ تۈگىگەن گۈلدەك ئاي قاراڭغۇسىدا تۇنجۇقۇپ قالدى.

راستىنى دېگەندە، ئاشۇ ئۇنتۇلماس كېچە قىزنىڭ ناتىۋان قەلبى ئۈچۈن جاھالەتتىن باشقا ھېچنەرسە بېرەلمىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە قۇچاق ئېچىپ تۇرغان يىگىتكە ئۆزىنى ئاتقۇسى بولسىمۇ ئاتالمىدى. ئۇنىڭ يىگىتكە يۈرىكىنى بەرگۈسى بولسىمۇ بېرەلمىدى.

— مەن ساڭا ماقۇل دېيەلمەيمەن، — دېدى قىز ئازابلىق ئۆكسۈپ، — مېنى كەچۈر، پولات!

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى يىگىت. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقمىۋاتاتتى. قىز بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن يەنە زۇۋانغا كەلدى:

— نېمىشقىلىقىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن دەپ بېرەلمەيمەن، مېنى گەپ قىلىشقا زورلىما. ئەمما مەن بىلىمەن، بۇ كېچە مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك بىر كېچىدۇر. ئېھتىمال كېيىنكى ھاياتىمدا ماڭا بۇنداق بەخت تۇيغۇسى قايتا نېسىپ بولماس!

— خانئاي! — يىگىت يىغلاۋاتقان قىزنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى، — بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئېنىقراق ئېيت، مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم!

يۈرەك شەكلىدە تىزىلغان توقسان توققۇز تال شام كۆيۈپ تۈگىگەندى. مۇھەببەتلىك يۈرەكنىڭ سوۋغىسى ئاق ئەتىرگۈل يامغۇرغا چىلىشىپ تۇراتتى. قىز ئۇزاقىچە ئۇن سېلىپ

يىغلىدى. كېيىن يەرنىڭ تېگىدىن ئاڭلانغاندەك بىر ئاۋازدا نىدا قىلدى:

— مەن بالىلىقىمدىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە ھېچكىم سۆيۈپ باقمىغان بەختسىز بىر قىز. مېنىڭ ناتىۋان قەلبىم باغرى تاش ئادەملەرنىڭ سوغۇق كۆزلىرىدە چەيلەنگەن. خۇددى شۇنىڭدەك مېنىڭ شوخلۇقۇم، ئەركىنلىكىم، خۇشاللىقىم، ئىنتىلىشلىرىم ئۆگەيلىك ئىسكەنجىسىدە تۇنجۇققان. شۇنداق قىسمەتتىن ھالقىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ قېلىشىنى مېنىڭ ئۈمىدسىز ھايات يولۇمدىكى ئويلىمىغان بۇرلىش دېسەم بولىدۇ. شۇڭا، مەن تىپتىنچ ھالدا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئائىلەمگە — مېنى قاتتىق قوللۇق بىلەن باشقۇرىدىغان ئاشۇ ئۆگەي دادامنىڭ، بىقوۋۇل ئانامنىڭ ئالدىغا بېرىشىم كېرەك. كېيىنكى يولۇمنى يەنە ئۇلارنىڭ ئىختىيارى بويىچە داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەك. شۇڭا، مېنىڭ سەن ھەم سەندىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ تويى قىلىش تەلىپىگە قوشۇلۇش ئىختىيارلىقىم يوق. مېنى كەچۈر...

قىز يىگىتتىن يىراقلاشتى. سىم - سىم يامغۇردا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. يىگىت قىزنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۇ توختىماستىن بوش ئاۋازدا قىزنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلاتتى.

بىر كېچە ئۆتتى. ئەتىسى قىز يىگىتنى كۆرمىدى، ئۇ دەرسكىمۇ چىقمىغانىدى. ساۋاقداشلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، پولات شۇ كېچە قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ كەينىدە تۈنەپ چىققان، يامغۇرلۇق ھاۋادا ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكۈزۈۋېلىپ، بالنىستتا يېتىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇنىڭ يىگىتنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا بارغۇسى، ئۇنىڭ ئىسسىتما تەسىرىدە ئوت - كاۋاپ بولۇپ كەتكەن قوللىرىنى تۇتقۇسى، مېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئاتەش چېچىپ تۇرغان كۆزلىرىگە مۇھەببەت بىلەن باققۇسى كەلدى. لېكىن، قىز ئۇنداق قىلالمىدى. ئالاھىدە ئائىلە شارائىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن قىز، ئۆزى ئېيتقاندەك كۆزگە

كۆرۈنمەس بىر روھىي ئىسكەنجە ئۇنىڭ ئوي ـ پىكرىنى، ئەركىنلىكىنى، ئىنتىلىشىنى قاماللاپ تۇراتتى. ئۇ خالىغان بىر يولغا مېڭىپ قويسا، بولۇپمۇ يىگىتلەر بىلەن ئىختىيارىي يوسۇندا باردى ـ كەلدى قىلىپ قويسا، ھازىرلا ئۆگەي دادىسى ئۇنىڭ بېشىدا پەيدا بولىدىغاندەك، ئويلىمىغان پېشكەللىكلەر يۈز بېرىپ قالىدىغاندەك ئەندىشە قىلاتتى، سىقىلاتتى.

يىگىت بىر ھەپتىدىن كېيىن دەرسكە چىقتى. ئۇ ياداپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالغاننى ئاز دەپ، بۇ ئائىلەمدىكى يېقىن كىشىسىگە قارا تۇتۇۋاتقان مۇسىبەت ئىگىسىدەك ساقىلىنىمۇ ئالدۇرمىغان، روھى بەكمۇ چۈشكۈن ئىدى. ئاستىرتىن يىگىتنىڭ تۇرقىغا قاراپ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېس قىلغان قىز قاتمۇقات روھىي سىرتماقلار ئىچىدە ئۇنىسىز بوغۇلدى. بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆز قارىچۇقلىرى بولسا مۇزلاپ قالغاندەك كىشىگە بەكمۇ سوغۇق تۇيغۇ بېرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا ئۇلار ئوقۇش پۈتكۈزدى. پولات ساۋاقداشلارنىڭ ئاخىرقى ئايرىلىش يىغىنىنى تەرك ئەتتى ھەم خوشلاشمايلا كېتىپ قالدى. ياشلىقنىڭ گۈزەل چاغلىرىغا قۇچاق ئاچقان ئانا مەكتەپ مەڭگۈلۈككە ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

ھەممە ئىش ئاخىرلاشقاندەك بولدى. ھاياتنىڭ يېڭى بىر باشلىنىش نۇقتىسى ئەنە شۇ ئاخىرلىشىشتىن، ئەنە شۇ ئايرىلىشتىن باشلانغاندەك ئىدى. خانئاي سەبىي چاغلىرىدىن باشلاپ قەلبىگە سىڭىپ قالغان باقمەندىلىك، ئۆز ئەركىنى جاھىل، مۇستەبىت ئۆگەي دادىسىنىڭ چاڭگىلىدا كۆرۈش خاھىشىنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن يىگىتكە كۆڭلىنى بېرەلمىگەنىدى.

شۇ يىلى ئۇنىڭ تەقدىرىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئوقۇش پۈتكۈزسىمۇ خىزمەت بولمىغاندىن كېيىن ئىش كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنى ئەزەلدىن ئاتىلىق نەزىرى بىلەن

ياخشى كۆرۈپ باقمىغان ھاكاۋۇر ئۆگەي دادىسىغا يۈك بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئادەم ھاراقنى بىرىلىپ كەتكەندى، خانئايغا ئاتىلىق كۆزى بىلەن ئەمەس، غەيرىي كۆزدە قارايتتى... شۇنداق بولدى، ئادەم سىياق ھايۋان ئاخىر نىقابىنى يىرتىپ قىزغا خىرىس قىلىپ كەلدى، قىز جىنىنى ئېلىپ قاچتى. ناھىيەدىن شەھەرگە كېلىپ ئىلگىرى ئۆزىگە ياردەم قىلغان، ئاتىدارچىلىق قىلغان ھەمدۇللا ھاجىنى تاپتى. ئۇنىڭ شىركىتىدە ئىشلىدى. تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلىگەن ئاخشىمى، نىيىتى بۇزۇلغان ھەمدۇللا ھاجىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتتى... ھايات، تۇرمۇش دېگەن مانا شۇنداق جەريان، ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتتى، خانىش تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان، ئاتا ئورنىدا كۆرگەن ھەمدۇللا ھاجىغا ياتلىق بولۇپ، باشقا بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالدى. خىزمەت، تىرىكچىلىك يولىدا چېپىپ يۈرگەن پولات بولسا خۇددى چۈش كۆرگەندەك چەت ئەلدىن سۆز ئاچىدۇ تېخى. بۇ جاھاندا يەنە كىملەر نېمە كويدا پالاقلاپ يۈرىدىكىن؟!

## 38

— باي ئاكا، قاشتاش ئالامسىز؟

ھەمدۇللا ھاجى ماشىنىدىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا، يېنىدا ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر بالا پەيدا بولدى. سارغۇچ چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرغان، ئۈستىبېشى نىمكەش بۇ بالا قوش مۇشتىدەك چوڭلۇقتىكى بىر پارچە قارا تاشنى كۆتۈرگىنىچە ئۆزىگە ئۈمىدلىنىپ قاراپ تۇراتتى. بىر ھۆپىگىرىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان ھاجى قاشتاشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىددىي كەيپىياتتىن سەل پەسكويغا چۈشتى. يېقىندىن بۇيان شەھەردە قاشتاش سودىسى قىزىپ قالغانىدى. تۆت ئادەم يىغىلغانلىكى يەردە قاشتاشنىڭ گېپى. كۈنىنى ئالالمىغان قايسىبىر يالاڭتۆشنىڭ مال تونۇمايدىغان بىر كالۋانىڭ قولىدىن

ئەللىك يۇەنگە سېتىۋالغان قاشتاشنى ئېچكىرىدىن كەلگەن بىر كاتتا سودىگەرگە مىليونغا سېتىپ بىر كېچىدىلا مىليونېرغا ئايلانغانلىقى؛ قايسىبىر تاشچىنىڭ تاش سېتىپ تاپقان پۇلىغا نەچچە يەردىن زېمىن ئېلىپ، نەچچە خوتۇنغا ئۆي تۇتۇپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا پاراڭ بولاتتى. ئىگىلىكىنى زورايتقانسېرى ئۆيلىمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغان، بەزىدە زىيان تارتىپ، بەزىدە پايدا ئېلىپ، سودا ـ تىجارەتنىڭ تەسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ھاجى ئاشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا قاشتاشقا قىزىقىپمۇ قالاتتى. ھەتتا قىممەت باھالىق ئېسىل قاشتاشقا ئىگە بولۇپ چۈشمۇ كۆرگەنىدى. ئەمما، ئۇنىڭ قاشتاش ۋە قاشتاش سودىسىدىن بىلىدىغانلىرى بەكمۇ چەكلىك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ مېڭىۋاتقان يولىدىن توختاپ، تاش ساتقۇچى بالىغا ئىشارە قىلدى:

— ئەكىلە، قېنى كۆرۈپ باقاي، — ھاجى رەڭلىك كۆزئەينىكىنى كۆزىدىن ئېلىپ، كەينىدىكى ئىلىياسقا تۇتقۇزدى. ئاندىن بالىنىڭ قولىدىكى تاشنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى، — قايسى خىلدىكى تاش بۇ؟

— بۇنى قارا گۆھەر دەيمىز، خوتەننىڭ، — ئۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تېشىنى ماختاشقا باشلىدى. تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، خوتەن تەرەپلەردىن كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ئوچۇق، ئاۋازى ئۇنلۇك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆپچۆرىسىگە گۇررىدە ئادەم ئولاشتى.

— باھاسىچۇ؟ — سورىدى ھەمدۇللا ھاجى ئۇنىڭ جىق گەپلىرىگە تاقەتسىزلىنىپ، — قانچە پۇل؟

— راستىنى دېسەم... ئۇرۇمچىگە ئاچىققان بولسام، يىگىرمە بەش ـ ئوتتۇز مىڭغا خېرىدارى بار تاش بۇ، سىلىگە لازىم بولسا، يىگىرمە مىڭغىلا بەردىم...

— يىگىرمە مىڭ؟ — ھەمدۇللا ھاجى تاشنى يېڭىباشتىن ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قاراپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ھەم تاشنى

ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ يولىغا ماڭماقچى بولدى.

— ئېلىپ قېلىڭا، باي ئاكا، — كۆزلىرىدە ئۈمىدسىزلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولغان بالا يەنىلا ئىلتىجالىق ئېغىز ئاچتى، — بۇ سىزدەك ئادەملەرگە لايىق مال ئىدى، ئەينا.

— هېچ بىلمىدىم، يىگىرمە مىڭغا نېمىسىنى ئالاركىن ئۇ تېشىڭنىڭ؟...

— سىز بىلمەيۋاتامسىز؟

— بىلمىدىم، قارا ئالتۇنۇڭنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ بازار كۆرسىتىپ باقساڭ بولغۇدەك.

— ئارىلىق يېقىن بولغان بولسا، بۇ يەردە قالمايتتى، بۇ تاش، هەي...

بالىنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۈمىدسىزلىك هاجىنىڭ هېسداشلىقىنى كەلتۇردى، ناۋادا ئۇنىڭ باشقا كىچىكرەك، ئەرزانراق مېلى بولۇپ قالسا ئاز - تولا سودا قىلىپ ئۇنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغۇسى كېلىپ دېدى:

— جىگەرلىك بالا ئىكەنسەن، ماقۇل، مەن ساڭا سودا قىلىپ بېرەي... بۇنىڭدىن ياخشىراقى بارمۇ؟

— بار، بار، باي ئاكا... — بالا قارا تېشىنى سول قولىغا يۆتكەپ ئوڭ قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سالدى، — مىشەدە بىر جۈپ گۆشتاش بار...

ئۇنىڭ گېپى، قىلغان سۆزى هاجىغا باشقىچە تۇيۇلدى. ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغانلارمۇ پاراقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. بۇ ئەھۋالدىن چىرايى تاتىرىشقا باشلىغان هاجى ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنى يىمىرىپ ئېغىز ئاچتى:

— نېمە، گۆشتاش؟!

— هەئە، باي ئاكا، سىزگە يارىغۇدەك بىر جۈپ تاش... — بالا تېخىچە يوتىسىغا چاپلىشىپ تۇرغان ئىشتىنىنىڭ ئالدى يانچۇقىنى كولاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىشتىنى ساتىراشنىڭ كاپىلىغۇچىدەك داسلىشىپ كەتكەن بولۇپ، يانچۇق كولىغان

چاغدىكى قىلىقى كىشىنى مازاق قىلىۋاتقاندەكلا ئىدى. ھاجىغا سوقۇلۇشۇپ تۇرغان ئىلياسنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى. ئۆزىدىن چوڭ ئادەمگە گەپ ئېتىپ مازاق قىلىۋاتقان بۇ سولتەككە بىر نېمە دېگۈسى كەلدى.

ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغانلارنىڭ دىمىقىدىكى كۈلكىسى تېشىغا تېپىپ چىقتى، ئۇلار «بىرجۇپ گۆشتاش»نى باشقا مەنىدە چۈشەنگەن ھەم بۇ تاشچىنىڭ گەپدانلىقى، مېلىنى ئالمىغان ھاجىغا گەپ ئېتىپ ئۇنى ئىززەت ـ ھۆرمىتىدىن چۈشۈرگىنى دەپ ئويلىغانىدى. ھاجىنىڭ ئىنچىكە ياساتقان سىم بۇرۇتى تىكلەشتى. قوي كۆزلىرىدىكى قىزىقىش ئالامەتلىرىنىڭ ئورنىدا غەزەپ ئۇچقۇنى پەيدا بولدى:

— سەن شۇ غورتەك ئەپتىڭ بىلەن ماڭا گەپ ئېتىۋاتامسەن؟ !

— شۇنى دەيمەن، ئەجەب گەپدان نېمىكىنە، بۇ !

— چوڭ دادىسىدەك ئادەمگە گەپ ئېتىپ...

قارىشىپ تۇرغانلار ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز سەپتى. ھاجى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى:

— گەپ قىلە، راست ماڭا گەپدانلىق قىلىۋاتامسەن؟

— ۋاي ياق، باي ئاكا... — بالا كەينىگە داجىپ ھاجىنىڭ ئۆزىگە — قولىقىغا ئۇزاپ كەلگەن ئامبۇردەك قولىدىن ئۆزىنى قاچۇردى، — بۇ راستلا سىزگە ئەرزىگۇدەك گۆشتاش، — ئۇ يانچۇقىدىن ياڭاق چوڭلۇقىدىكى بىر جۇپ گۆشرەڭ تاشنى ئالدى، — ئىشەنمىسىڭىز كۈن نۇرىغا تۇتۇپ تەكشۈرۈپ بېقىڭ، — بالا شۇنداق دېدى ـ يۇ، ھاجىنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ قەدەممۇ قەدەم ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى، — داڭدار تاشچىلار بەك بىلىدۇ، بۇنى.

ھاجى ئۇنىڭ قولىدىكى گۆش رەڭلىك تاشلارنى كۆرۈپ ئاچچىقىدىن بىرئاز ياندى ھەم ئۇنى گەپ بىلەن بابلاپ قويماقچى بولۇپ، سالاپىتىنى بۇزدى:

— بالام، خانئاچاڭ ئوينايدىغان تاشنى ئوغرىلاپ چىقىپ كىشىگە سېتىۋەتسەڭ، ئاچاڭنىڭ ئويقۇسى ھارام بولىدۇ، ماڭە

جۆگۆ، پەم بىلەن بىرىپ ئاچاڭغا ئاپىرىپ بەر، تېشىڭنى!

ئەتراپتىن كۆلكە كۆتۈرۈلدى. ھاجى ئاغزىمغا كەلدى دەپ گەپدانلىق قىلىپ غەيرىي مەنىلىك سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئاغزىدىن چىقىرىپ قالغان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوسال كەيپىياتتا قالمىغانلىقىدىن مەمنۇن بولغانىدى.

ھەمدۇللا ھاجى ئىزدىگەن ئادىمىنى تاپالماي، ماشىنىسىغا ئولتۇردى. قاشتاش سودىگەرلىرى تاغ ـ دەريالاردىن يۆتكەپ كەلگەن ھەر خىل، ھەر رەڭلىك قورام تاشلارنى تىكلەپ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تاش بازىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بۇ كوچىدىن ئۆزاپ چىقتى. ھاجى ماشىنىنى سىلىق ھەيدەۋاتقان ئىلياسقا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

## 39

كەچ كىردى. ئەتىگەندىن بىرى يىراق ـ يېقىنغا قاتراپ يۈرۈپ ھېرىپ قالغان ھاجى ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئىلياسقا ماشىنىنى سۈرتۈۋېتىشنى تاپىلاپ قويۇپ، ھارغىن كەيپىياتتا بىناغا كىرىپ كەلدى.

پەشتاقلاردىن تونۇش ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ھۇجرا ئۆينىڭ قىبلە دېرىزىسىدىن پېتىۋاتقان قۇياشقا قارىغىنىچە مەيۈسانە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان خانىش ئېرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، مۈشۈكتەك چاققانلىق بىلەن كارىۋاتقا چىقتى. ھاپىلا ـ شاپىلا يوتقانغا پۈركىنىپ، قاش ـ قاپىقىنى سۈزۈپ يېتىۋالدى.

ھاجى ئاپپاق ماماق يوتقان ئىچىدە تولغۇلۇپ ياتقان ياش، گۈزەل خوتۇنىنى كۆرۈپ خېلىلا روھلىنىپ قالدى. قول سومكىسى، يانفون، سائەت دېگەندەك نەرسىلىرىنى تومپۇچكا ئۈستىگە قويۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— يېتىۋاپسەنغۇ، ئاپپاق؟

— مىجەزىم يوق، — خانىش يېرىم ئوچۇق تۇرغان كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا ھاجىنىڭ بېشىدىن پۇتلىرىنىڭ ئۇچىغىچە نەزەر سېلىپ ئۆلگۈردى. ھاجى ئۇنىڭ تەلەپپۇزى، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراشلىرىدىن يالغان ئاغرىق بولۇۋالغانلىقىنى سېزىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى. خانىش ئۆزگىرىۋاتاتتى، ئۇ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى نامرات، قانائەتچان، كەم سۆز، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تۆۋەن ھېلىقى خانىشاي ئەمەس ئىدى. ئەمما، تېنى ساغلام، ئۆزىنى كۈتۈشنى بىلىدىغان ھاجى بۇ ياش خوتۇنغا شەيدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ بۇنداق ئۇششاق - چۈششەك خۇيلىرى، قىلىقلىرى ھاجىنىڭ كۆزىگە ھېچ كۆرۈنمەيتتى.

ھاجى كىيىم ئىشكاپىدىن ئۆي ئىچىلىك كىيىملىرىنى ئېلىپ ئالماشتۇرۇپ كىيىۋالغاندىن كېيىن خوتۇنىنىڭ يېنىغا يانپاشلىدى ھەم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىزدىگەندەك پەس ئاۋازدا سورىدى:

— نېمىشقا مىجەزىڭ يوق، تاتلىق خوتۇن؟

خانىش جاۋاب بەرمەستىن ھاجىغا كەينىنى قىلىۋالدى. ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرىگە كۆلۈپ سېلىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ جىممىدە يېتىۋالدى.

ھاجىنىڭ يېقىنچىلىقى خانىشنىڭ دىلىنى ئېرىتتى. بۇ ئائىلىدە ئۇنىڭ مۇشۇ ئادەمدىن باشقا يېقىن كىشىسى يوق ئىدى.

— مەن ئۆزۈمنى خان - پادىشاھلارنىڭ چارىبېغىدىكى بىر تۈپ يىلتىزسىز دەرەختەك غېرىب ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى خانىش تۇيۇقسىز ياش تۆكۈپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، گۈزەل؟ — ھاجىنىڭ قوي كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن يوغان ئېچىلدى، — سېنىڭ يەنە نېمەڭ كەم؟ ئەجەب گەپ قىلىسەنغۇ؟ بۇرۇنقى خان - پادىشاھلارمۇ ياش توقاللىرىغا بۇنچىلىك قىلمىغان بولغىيدى؟

— سىز ماڭا پۇل - بايلىقىڭىزنى پەش قىلىپ

بىرىۋاتامسىز؟ — خانىش كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئىپرىنىڭ قورۇقلار ئەسىر قىلىۋالغان كۆزلىرىگە قارىدى، — پۇل - بايلىق، باغ - ئاراملىق كاتتا قورۇ - جاي، ھەشەمەتلىك پىكاپ، قىممەت باھالىق ئالتۇن جابدۇقلار، ئىپسىل نازۇ نېمەتلەر مەن ئۈچۈن ھارام بولۇۋاتىدۇ. مەن ئاخىر تالادا قالىدىغان ئوخشايمەن!
— نېمە، بىركىم كۆڭلۈڭنى ئاغرىتىپ قويدىمۇ، خانىش؟!
— ياق، سىز ھايات تۇرۇپ كىم ئۇنداق قىلالايتتى؟! — خانىش يەنە بىر ئۆرۈلۈپ ئىپرىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى. ھاجى خانىشنىڭ قىلىقلىرىدىن كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمىدى. ئۇ ئايالىغا زوقمەنلىك ئىلكىدە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ياش خوتۇنىنىڭ مەڭزىنى بوش چىمداپ قويدى، ئاندىن ئىڭىكىدىن تۇتۇپ ئەركىلىتىپ تۇرۇپ سورىدى:
— ئۇنداقتا، نېمە بولدۇڭ؟ زېرىكىپ قاپسەن - ھە، خوتۇن؟
— زېرىكىشمۇ گەپمۇ؟ — خانىش ئېغىر ئەھۋالدا قالغاندەك بىردەم سۈكۈت ئىلكىدە تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىزنىڭ توي قىلغىنىمىزغا ھەش - پەش دېگۈچە بەش يىلدىن ئېشىپتۇ. لېكىن، مەن ۋاقىت ئۆتكەنسىرى، ئۆزۈمنى تۇن قاراڭغۇسىدا يېگانە ئۇچقان قۇشتەك تەنھا ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ھەمىشە ئىچىمنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك بولۇپ ئارامسىزلىنىمەن...
— دەۋاتقان گېپىڭنى قارا، سېنىڭ... قانداقلارچە ئۇنداق بولىدۇ؟ يېنىڭدا مەن بارغۇ؟!
— ئۇغۇ شۇ، — خانىش قەلبىدىكى ئەندىشىسىنى قوغلىماقچى بولغاندەك، ئېرىنىڭ ئەنبەھ پۇراپ تۇرغان يۇمشاق كېچىلىك كىيىمى ئىچىدىكى كۆكرىكىگە پېشانىسىنى تىرىدى، — لېكىن سىز سىرتتا يۈرگەن چاغلىرىڭىزدا مەن بۇ ئائىلىدە شۇنداق غېرىبسىنىپ كېتىمەن. ماڭا ھەممە ئادەم، ھەممە نەرسە ھامان يات كۆزدە قاراۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ...
ئارزۇلۇق ئايالىنىڭ گەپلىرى ھاجىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەستايىدىل رەۋىشتە سورىدى:

— قارىسام، ئادەتتە ئۇنداقتەك ئەمەستىغۇ... نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

— ئويلىدىم، — ئايال كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، — نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىز مېنى ئالداپ ھېلىقى ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەن ئامالسىزلىقتا سىز بىلەن توي قىلغان، تويدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئانچە چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىگەنىكەنمەن. پەقەت ئارىمىزدىكى ياش پەرقىدىنلا ئەنسىرەپتىكەنمەن. لېكىن، مەن توي قىلىپ بۇ ئائىلىگە كىرگەندىن كېيىن ئىشنىڭ مەن ئويلىغاندەك ئاددىي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم... مەن سىز خېتىنى بەرگەن، تاشلىۋەتكەن ئاياللىرىڭىز يادىكار خېنىم، ئايخېنىم، يەنە قايسىبىر خوتۇنلىرىڭىز توغرىسىدا ئاڭلىدىم...

خانىش سۆزلەۋېتىپ توختىۋالدى. ئۇ ھاجىغا: «سىز ئايخېنىمنى يادىكار خېنىمنىڭ كۆز ئالدىدا نىكاھلاپ ئۆيگە ئەكىرگەن ھەم ئىككى ئايالنى بىر ئائىلىدە تۇرغۇزغانلىقىڭىز ئۈچۈن يادىكار خېنىم كۇنداشلىق ھەسرىتىدە ساراڭ بولۇپ قاپتۇ» دېمەكچىدى، لېكىن بۇ ئادەمنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ ئۇنداق دېيەلمىدى.

ھاجىنىڭ كۆز چاناقلىرى كېڭەيدى. كارىۋات ئۈستىدە ئۆرە بولۇپ چازا قۇرۇپ ئولتۇردى:

— كىم شۇنداق دەيدۇ، خانىش؟

— كىمنىڭ دېگىنى ئېسىمدە يوق، ئۇنى پۈتۈن شەھەر بىلىدىكەن.

— پۈتۈن شەھەر... دېگىن، — ھاجى تۇساتتىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ئۇنداقتا بۇنداق كونا گەپلەرنى تىلغا ئېلىشىڭغا نېمە زۆرۈرىيەت تۇغۇلدى؟

— مەن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن!

— نېمىدىن؟

— يەنە بىر كۈنلەر كېلىپ ئاشۇ بىچارە مەزلۇملارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن مېنىڭمۇ بېشىمغا كېلىپ قالامدىكىن، دەپ.

هاجى يەنە كۈلدى، ئۆزىگە روبىرو قاراپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىگە قارىدى:

— ماڭا ئىشەنچىڭ يوق ئىكەن ـ دە، خوتۇنۇم؟

— سىزگە ئىشەنچىم يوق ئەمەس، كونا خوتۇنلىرىڭىزدىن، ئوغلىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن.

— قانداقلارچە؟

— سىزگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، هاجى...

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ كۆزلىرى ياش خوتۇنىنىڭ قىپقىزىل لەۋلىرىگە تىكىلىپ قالدى:

— قېنى قۇلىقىم ئاغزىڭدا.

— يېقىندا ئاڭلىشىمچە، كونا ئات بازىرىدىكى قېرى بىر باي خوتۇنى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن سەھرادىن بىر قىز ئاپتۇ. باي سەكسەن توققۇز ياش، قىز يىگىرمە بىر ياش بولۇپ، بۇ ئىككىيلەن بوۋىسى چەۋرىسىگە؛ چەۋرىسى بوۋىسىغا ئامراق بولغاندەك ئامراق چىقىپتۇ...

— مانا كۆڭۈل دېگەن، مانا ئەركەكچىلىك دېگەن... — هاجى تىزىغا شاپىلاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — كېيىن قانداق بوپتۇ؟ چەۋرىسى بوۋىسىغا ئەۋرىسىنى تۇغۇپ بېرىپتىمۇ؟

— شۇنداق بوپتۇ، بوۋاي توقسان ياشتىن ھالقىۋاتقاندا ياش خوتۇنى ئۇنىڭغا تۇمۇچۇقتەك چىرايلىق بىر قىز تۇغۇپ بېرىپتۇ.

— ياشا، مانا هاياتنىڭ پەيزى !

— هاياتنىڭ پەيزىگە ئالدىرىماي تۇرسىڭىز...

— نېمىشقا؟

— بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ھېلىقى باي تۇيۇقسىز يىقىلىپ ئاغرىماي ـ سىلىماي لا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ.

ھاجى جىمىپ قالدى. خانىش سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— باي ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ ھېلىقى ياش خوتۇننى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. ئايال بالىنىڭ بېقىش ھەققىگە ھەق تەلەپ قىلغانىكەن، ئوغۇللار: بۇ دادىمىزنىڭ بالىسى ئەمەس، توقسان ياشلىق ئادەم قانداقمۇ بالا تاپالىسۇن؟ دەپ ئايالغا تارىشا چاغلىق نەرسە تۇتقۇزماي، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ھەيدىۋېتىپتۇ...

— ھە... شۇ گەپمىدى؟ ھېلىقى داڭلىق بېدىك قۇناجىمنىڭ گېپى. مەن ئاڭلىغان. ئەمدى بۇ گەپنى ماڭا دەپ بېرىشىڭدىكى مەقسەت؟ ...

— دېمىسەم بولاتتى، مەن باللاردىن ئەندىشە قىلىمەن، — دېدى خانىش مۇڭلىنىپ، — ئەنقەر ئۆزى تەربىيە كۆرگەندەك، مىجەزى ئوچۇقتەك قىلغان بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ماڭا ئۇدۇل بولۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. مېنى يامان كۆرىدۇ. چوڭ قىزىڭىز ئالمىرەمۇ مېنى يامان ئېلىپ بۇ ئۆيگە كەلمەيدۇ. ناۋادا ئۇ ئەرنىڭ قولىدا بولمىغان بولسا، مېنى بۇ ئۆيگە پاتۇرمايتتى... شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ ھېلىقى يىگىرمە بىر ياشلىق قىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈن مېنىڭ بېشىمغا چۈشۈپ قالسا...

— قىزىتماڭ ئۆرلەپ قالمىغاندۇ، خانىش؟ — ھاجى گۆشلۈك ئالىقانلىرى بىلەن ئايالىنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى، — مانا بۇ باغ - ئاراملىق كاتتا قورۇ - جاي، پۇل، مال - مۈلۈك، ماشىنا... ھەممىسى سېنىڭغۇ!

— سىز ھايات بولغاچقا مېنىڭ، ناۋادا سىزگە بىرەر ئىش بولۇپ قالسۇن، قېنى... — خانىش ئاغرىنغانچە بېشىنى ئېلىپ قاچتى. گەرچە بۇ ياش ئايالنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئويلىنىشقا تېگىشلىك تەرىپى بولسىمۇ، ھاجى ئۇنى قېتىغا ئالماستىن:

— بىزنىڭ بۇرادەرلەر ئولتۇرۇشىمىزدا، قايسىبىر بۇرادىرىمىز: خوتۇن خەق دېگەن يوق ئىشتىن غەم يەپ، ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋالىدىغان نېمە، دەۋاتقان. بۇ گەپ راستمۇ قانداق؟ — دېدى.

ئايال گەپ قىلماستىن مۇڭ تۆكۈپ ئولتۇردى.

شۇ ئارىلىقتا ئىشىك چېكىلدى، خىزمەتكار نىساخان كەچلىك تاماق تەييار بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

## 40

پولات ئاسماندىن چۈشكەندەكلا خانىشنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر سومكا، مۇرىسىدە بىر سومكا، سومكا ئۈستىگە سومكا كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، يۈكنىڭ ئېغىرلىقىغا قارىماي، كىيىم - كېچەكلىرى رەتلىك، ئۆزى قىزغىن، روھى كۆتۈرەڭگۈ كۆرۈنەتتى.

خانىش كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— نەچچە سائەتنىڭ ئالدىدا ئامېرىكىدىمەن، دېگەنىدىڭغۇ؟!

— ھەئە، بىزنىڭ باش شىركەت ئامېرىكىدا...

— ئۇنى بىلىدىم. ئۆزۈڭنى دەۋاتىمەن... قاچانلاردا ئامېرىكىغا بېرىپ، قاچانلاردا كەلدىڭ؟ تىنچ ئوكياننىڭ ئۇ تەرىپىگە چۈشۈڭدە ئۇچۇپ بېرىپ كەلدىڭمۇ يا؟

پولات كۈلۈپ كەتتى. ئىچىگە لىق نەرسە قاچىلانغان سومكىلىرىنى پولدىكى تۆگە يۇڭى رەڭگىدىكى گىلەم ئۈستىگە تاشلىدى، ئۆزى خانىشنىڭ كەڭ خىزمەت ئۈستىلى ئالدىدىكى يۇمشاق مېغىز رەڭ كىرېسلوغا چۆكتى. پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ يېنىدىن تاماكا ئېلىپ چاقماق چاقتى. قوۋۇزىغا لىق تولدۇرۇلغان تاماكا ئىسىنى تورۇسقا قاراپ پۈۋلىگەندىن كېيىن گالىستۇكىنى بوشىتىپ قويۇپ، ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى بوش قويۇپ تېخىچە ئۆرە تۇرغان خانىشقا تىكىلدى:

— جىددىيلەشمەي ئورنۇڭدا ئولتۇرساڭچۇ.

— جىددىيلەشكىنىم ئەمەس، ھاڭ - تاڭ قالدىم... سەن ساراڭ، ھېلى ئامېرىكىدىمەن دەپ قويۇپ ھېلى ئالۋاستىدەك

ئادەمنىڭ ئالدىدا پەيدا بولساڭ. ئادەم مۇشۇنداق ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىكەن.

— ھى - ھى - ھى... — پولات ھىجىيىپ قويدى، — مەن ساڭا ئامېرىكىغا باردىم دېدىممۇ؟

— تېلېفوندا شۇنداق دېمىدىڭمۇ؟ !

— ئۇ چاغدا توردا باش شىركەتتىكىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقانىدىم، بەك قىزىپ كېتىپ ساڭا شۇنداق خاتا سۆزلەپ قويغان چېغىم ! لېكىن بۇنىڭ نېمە پەرقى بار؟ ئامېرىكىدىكى باش شىركەتنىڭ تورىغا كىردىم، زىيارەت قىلدىم، سۆھبەتلەشتىم، مال زاكاز قىلدىم...

— ساراڭ، سەن بارغانچە رومانتىك بولۇپ كېتىپسەن، جۇمۇ.

— رومانتىك ئەمەس، چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلدىم، ئاز - تولا ئىش تەۋرىتىپ پۇل تاپاي دەيمەن.

— قالتىسقۇ ! — خانىش قويۇق كىرپىكلىرىنى تىكلەپ، چاقناق كۆزلىرىنى جىمىرلاتتى، — قانداق چوڭ ئىشلار ئۇ؟

— بىۋاستە سېتىش كەسپى بويىچە خەلقئارالىق چوڭ شىركەتكە ئەزا بولۇپ كىردىم. دۇنيا بويىچە يەتتە قىتئەنىڭ ھەممىسىدە بازار تېپىۋاتقان ئاياللار ساغلاملىق بۇيۇملىرىنى شەھىرىمىزدە بىۋاستە سېتىش ھوقۇقىغا ئېرىشتىم.

— نېمە، ئاياللار بۇيۇملىرى؟ !

— ھەئە ! — پولات چاقچاقلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سومكىلىرىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. لەۋ سۇرۇخ، قاش تەرگۈچ، يۈز ماي، لاك، ئەتىر، قاش قەلىمى، ئەينەك، تارغاق، سۈزگۈچ، تىرناق ئالغۇچ... دېگەندەك نەرسىلەرنى خانىشنىڭ خىزمەت ئۈستىلىگە تۆكۈۋەتتى، — قارا، مانا ماۋۇ مەرۋايىت داغ يوقىتىش سۈيى، ماۋۇ ئاقارتىش سۈيى، ماۋۇسى قورۇق يوقىتىدىغىنى، ماۋۇ پارقىرىتىدىغىنى، ماۋۇ سالقىنلىتىدىغىنى، ماۋۇ تابلېتكىنى يەپ، سۈيۇقلۇقىنى ئىچسەڭ مىجەزىڭ خۇشخۇيلىشىپ تېخىمۇ

نازاكەتلىك، جەلپكار بولىسەن. مانا ماۋۇ تارغاقتا چىچىڭنى تاراپ چاچ قىسقۇچتا باتتىلىۋالساڭ چىچىڭ چۇشمەيدۇ، ھەتتا چۇشۇپ كەتكەن چاچلىرىڭ تولۇقلىنىدۇ. ماۋۇ مايدا ئۇۋۇلىنىپ بەرسەڭ...

— بولدى قىلغىنا! — كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ، بېشى ئايلىنىپ قالاي دېگەن خانىش ئۇستەلگە بىرنى شاپىلاقلاپ پولاتنى سۆزىدىن توختاتتى.

— قانداق، پەيزىمىكەن؟ — دېدى پولات چۇشەندۇرۇشتىن توختاپ، — بارلىق مەھسۇلاتىمىز گۇرۇھلاشقان خەلقئارالىق كاتتا شىركەتنىڭ يېڭى مەھسۇلاتى دېگىنە! شۇڭا ماركىسىمۇ...

— خېلى پەيزىدەك قىلىدۇ، — دېدى خانىش يىرتىق تاغاردىن سۇزۇلۇپ چۇشۇپ قالغاندەك چىچىلىپ تۇرغان ھەررەڭ - سەررەڭ نەرسىلەردىن تېخىچە بېشى ئايلىنىپ، — چۇنكى قانداقلا بولسۇن سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ ئەمەسمۇ!

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — پولات خانىشنىڭ ئالدىدىكى نەرسىلەرگە ئۇنچە قىلىپ كەتمىگىنىگە نارازى بولغاندەك سورىدى. خانىش ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەندەك:

— ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدىمۇ ناھايىتى رومانتىك ئىدىڭ، قىزلار ئۇچۇن ھامان بىر يېڭى گەپ، يېڭى ئىش تېپىپلا يۇرەتتىڭ. ھازىر قارىسام، ھېلىھەم قىز - ئايالالارنىڭ كويىدا يۇرىسەن.

— شۇنداقمۇ؟ لېكىن بۇنى ئۆزۈم ئويلىماپتىمەن، — پولات يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى.

— ئويلىماپتىمەن؟

— ھەئە، مەن بۇ ئىشنى پەقەت پۇل ئۇچۇنلا تاللىدىم.

— بىر ئوبدان خىزمىتىڭ بار ئىدىغۇ؟

— قويە شۇ خىزمەتنى! بەش - ئالتە يىل بولدى، ئۆلە - تىرىلىشىمگە باقماي، جان تىكىپ ئىشلەپمۇ قورساق بىلەن

كىيىم - كېچەكتىن ئارتۇقىغا ئېشىنالمىدىم. قىزلارنىڭ شەرتى ئۈستۈن بولغاچ هازىرغىچە بويتاق يۈردۈم. شۇڭا، مۇشۇ يولغا ماڭدىم.

— بۇ يولغا ماڭساڭ، خىزمەتنى قانداق قىلىسەن؟

— خىزمەتكىمۇ تويدۇم. سەن بىلمەيسەن، هازىر بىزگە كېلىۋاتقان بېسىم تاغدىنمۇ ئېغىر، كومپيۇتېر دەمسەن، خەنزۇ تىلى دەمسەن، ئۈنۋان دەمسەن، كەسپىي سالاهىيەت ئىمتىهانى دەمسەن، ئىشقىلىپ، تۈرلۈك سەۋىيە سىناش ئىمتىهانلىرى بېشىڭنى قاتۇرغىنى قاتۇرغان. بۇنداق ئىمتىهانلارغا قاتناشمىساڭ ئىش ئورنى رىقابىتى خەۋپى، ئىشتىن قېلىش خەۋپى بۇرنۇڭنىڭ ئۇچىدىلا پۇراپ تۇرىدۇ. قاتنىشىپ ئۆتەلمەي قالساڭ ئىش هەققىڭ تۇتۇلۇش، ئىشتىن توختاپ هەقلىق تەربىيەلىنىش، ئىش كۇتۇپ تۇرۇش دېگەندەك قىسماقلار تەييار. شۇڭا، مۇشۇ ئىشنى ئوڭۇشلۇق باشلىۋالسىلا خىزمەت دېگەنگە تارتىشىپمۇ كەتمەيمەن.

— مەن سېنى بەكلا غەمسىز چاغلايتتىم، پولات.

— بەك ئاددىي ئويلايدىكەنسەن، — دېدى پولات تاماكا قالدۇقىنى ئالدىدىكى خىرۇستال كۈلدانغا بېسىپ، — قان بىلەن گۆشتىن پۈتكەن ئادەمنىڭ غېمى بولماي قالامدۇ؟! — پولات يەنە قوشۇپ قويدى، — غېمى يوق دېسە، سېنى دېسە بولىدۇ، مانا !

— شۇنداق، — دېدى خانىش كۈلۈپ، — مەن قان بىلەن گۆشتىن ئەمەس، لاي بىلەن ياغاچتىن پۈتكەن خوتۇن، غوجام !

ئىككىيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

خانىش كۈلۈپ بولۇپ، لەۋلىرىنى بوش چىشلىدى، ئەجەب ئىش، ئۇ باي ئېرى بىلەن بىللە تۇرغاندا بۇنداق ئېچىلىپ كۈلەلمەيتتى، ئېرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرىكىنى كۆرسەتكۈدەك بولۇپ كەتسىمۇ، خانىش بۇنچە ئېچىلمايتتى. ئۇ ئۆزىدىن تەڭ - باراۋەر چوڭ كەلگەن ئاشۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا هەمىشە پادىشاهنىڭ ئالدىدا

خۇيلىنىۋالغان مەلىكىدەك بولۇپ قالاتتى.

پولاتقا تېلېفون كەلدى. ئۇ يانفونىنى ئېلىپ، «ئە، ئىم، مانا هازىر ...» بىلەن گەپنى تۈگەتتى. ئاندىن سەل جىددىيلەشكەندەك بولۇپ، خانىشتىن:

— تۈنۈگۈن مېنى نېمە ئىشلار بىلەن ئىزدىگەنىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— سەن بىلەن مۇڭداشقۇم كېلىپ، — دېدى خانىش، — ئۇزاق بولدى ئۆزۈڭنىمۇ يوق، سۆزۈڭنىمۇ يوق...

پولات گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئايالغا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن سوئال ئالامەتلىرى ئەگىيتتى.

— مەن شاھ ھۆزۈرىدىكى يېگانە تورغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىمەن، دېسە، — خانىش توساتتىن كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى، — ئۇ تورغا شاھتىن باشقا قۇشلار شۇملۇق نەزىرى بىلەن قارايدۇ. تور گۈزەل بولغىنى بىلەن باشقا قۇشلار بىلەن بىللە ئويىنيالمىسا، راسا ئۇنلەپ سايرىيالمىسا، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ نېمە كېرىكى؟!

— مەن چۈشەندىم، — پولات ئاستا ئورنىدىن تۇردى. يانفونىنىڭ تەكرار سايرىشى ئۇنى ئالدىرىتىپ قويغانىدى، — بۇنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، تورنىڭ گۈزەللىكىگە يارىشا، ئۇنىڭغا بەخت تاجىنىمۇ سوۋغا قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك.

پولات يايمىسىنى يېغىشتۇرۇشقا تۇتۇندى.

— يىغىشتۇرۇپ قانداق قىلىسەن؟ — خانىش ئالتۇن ئۈزۈكلەر چاراقلاپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇستەل ئۈستىدىكى بۇيۇملارنى توستى، — بۇنى مەن ئىشلىتىمەن. ھەممىسىدىن بىر نۇسخا تاللاپ پۇلىنى ھېسابلا.

پولات خانىشنىڭ دېگىنى بويىچە تاللاشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ دۈگىلەك قارا كۆزلىرىدە باشقىچە جانلىنىش ئالامىتى پارلىدى. بۇ كۆڭۈلدىكىدەك سودا قىلغانلار چېھرىدە يوشۇرۇپ قالالمايدىغان ئىپادە ئىدى.

# توققۇزىنچى باب

## 41

بەخىرامان يۇرگەن پارقىراق قوڭغۇزلاردەك مىغ - مىغ پىكاپلار، هاۋادا سىپىل سوققاندەك بوشلۇقنى ئىگىلەۋاتقان بىنالار، ئۆزىنى تاۋار - دۇردۇنلاردىن ئىزدەۋاتقاندەك بىر - بىرىدىن يۈزۈر ياسىنىۋالغان ئادەملەر ياشاۋاتقان شەھەر.

دوختۇرخانا تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە ئادەم تۇرۇشاتتى. چىھرىدە جىددىيلىك، تەقەززالىق، قورقۇش، ئۈمىدۋارلىق ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇرغان بۇ كىشىلەر تۇغۇت بۆلۈمىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئىڭراش، داد - پەرياد ئاۋازىدىن جىددىيلەشكىنىچە، ئامالسىزلىق ئىلكىدە ئاسايىشلىقنى كۈتەتتى. بۇ يەردە يەنە ئىستىمال بۇيۇملىرى، گۈل، بوۋاقلار كۆرپىسى، دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى كۆتۈرۈۋېلىشقان كىشىلەر تويلىشىۋالغان بولۇپ، قىستا - قىستاڭغا تولغان كارىدور ۋالىۋاش بولۇپ كەتكەندى.

ئەنقەر پەشتاقلاردىن تاقلاپ دېگۈدەك يۈگۈرۈپ چىقىپ، تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا يانفون، يەنە بىر قولىدا ئالاھىدە ئوراپ قاچىلانغان قۇۋۋەت يېمەكلىكلىرى بار بولۇپ، چىرايىدىن، كەيپىياتىدىن ئاجايىپ بىر خىل تەقەززالىق تۇيغۇسى چىقىپ تۇراتتى.

— شۇنچە ئېگىز بىناغا پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چىقتىلىمۇ، بالام؟ — كارىدوردا تۇرۇشقان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق ئاق يۈزلۈك بىر ئايال ئەنقەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا

كەلدى.
— ھەئە، ئاپا، قارىسام، لىفىتقا چىقىدىغانلار ئۆچرەت بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نوسۇلكىغا ياتقۇزۇلغان كېسەل ئۈچۈنمۇ لىفىت ساقلىشىپ تۇرۇپتۇ.
— قايىلىسىلا، ھاسىراپ كەتكەنلىرىنى... — ئايال سومكىسىدىن قول ياغلىقىنى ئېلىپ ئەنقەرگە ئۇزارتتى، — ئالسىلا، تەرلىرىنى سۈرتۈۋالسىلا، بالام.
— رەھمەت، ئاپا، — ئەنقەر يانفونىنى يانچۇقىغا سېلىپ، قول ياغلىقنى ئالغاچ سورىدى، — رەنانىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟
— قانداقمۇ قىلارمەن، ئۇنىڭ تۇغۇتى قىيىن بولۇۋاتىدۇ، بالام...
— دوختۇرلار بىر ئامال قىلسا بولاتتى، — ئەنقەر ئەندىشىلىك كۆزلىرى بىلەن ئىشىككە قاراپ قويدى.
— ئەۋۋەل ياراتقان ئاللا، ئاندىن قالسا ئاشۇ دوختۇرلاردىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇردۇق، بالام.
ئاھ، ھاياتلىق... ئەنقەر بۈگۈن دادا بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ باياشات تۇرمۇش بىلەن روھىي جەھەتتىكى سەدىيلىكتىن پەيدا بولغان ئازابلىق تۇيغۇلىرى ئوتتۇرىسىدا سەدپارە بولغان يۈرىكىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، بۇ دۇنياغا كېلىدىغان يۈرەك پارىسىنى ھاياجان بىلەن قولىغا ئالىدۇ، باغرىغا باسىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ ئازابلىرىنى، ھەسرەتلىرىنى ئازراق بولسىمۇ قەلبىدىن نېرى قىلىدۇ.
ئەنقەرنىڭ ئالدىدىكى بۇ ئايال ئۇنىڭ قېيىنئانىسى، تۇغۇت بۆلۈمىدە ئاچچىق تولغاق يەۋاتقان رەنا بولسا ئۇنىڭ رىزىق نىكاھى قېتىلغان ئايالى ئىدى.
— ۋۇي، سىلىمۇ كەلدىلىمۇ، دادىسى؟
ئەنقەر قېيىنئانىسىنىڭ بىرسىگە گەپ قىلغىنىنى ئاڭلاپ، بېشىنى كۆتۈردى. كۆزلىرىدىن جىددىيلىك، تەشۋىش ئالامىتى چىقىپ تۇرغان قېيىنئاتىسى لىفىتتىن چىقىپ ئۆزلىرى

تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئەنقەر كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق ئالدىدا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىغا باردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دادا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قىسقىلا ئەھۋاللاشتى ھەم تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كەلگەن كۆزئەينەكلىك دوختۇرغا ئىلتىجالىق بىلەن قارىدى. لېكىن، ئاپپاق ماسكىسى كۆز جىيەكلىرىنى توسۇپ تۇرغان دوختۇر پەرۋاسىز ھالدا ئۆتۈپ كەتتى.

ئەنقەرنىڭ قېيىنئاتىسى تەشۋىشلىك كۆزلىرىنى ئىككىيلەنگە تىكتى.

— قانداقراق؟

ئەنقەر ئەھۋالنى ھېچقانچە چۈشەنمىگەچكە، چۈمبەل ئىچىدىكى قېيىنئانىسىغا قارىدى. قېيىنئانىسىنىڭ بولسا ئاۋازى چىقماي قالدى.

تۇغۇت ئۆيىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئىڭراش، زارلاش ئاۋازى توختاۋسىز داۋاملاشماقتا ئىدى. قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئانىسىنىڭ يېنىدا تامغا يۆلەنگەنچە جىددىي كەيپىياتتا تۇرغان ئەنقەر شۇ تۇرقىدا تولغاق ئازابىدا جان تالىشىۋاتقان رەنا بىلەن تەڭ ئۆلۈپ، تەڭ تىرىلەتتى.

رەنا — ئەنقەرنىڭ ئەنجان كوچىسىدىن ئۈزۈۋالغان ئاززۇلۇق گۈلى ئىدى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئورۇق - تۇغقانلار باردى - كەلدىلىرىدە ئۆزى دېمەتلىك رەنا بىلەن تونۇشقانىدى. ئۇنىڭ بىلەن تار، ئەگرى - بۈگرى كوچىلاردا قوغلاشماق ئوينىغانىدى. كېيىن ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇدى. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەندىن كېيىن، رەنا ئۆز ئاززۇسى بويىچە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك كەسپىدە ئوقۇدى. كومپيۇتېر كەسپىدە ئوقۇشنى ئاززۇلىغان ئەنقەر بولسا مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىگە ئوقۇشقا باردى.

ئەنقەر بىلەن رەنا بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرگەندىن كېيىنكى كۈنلەر بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن مۇھەببەتلىك ھاياتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. تېلېفون، ئىنتېرنېت تورى ئۇلارنىڭ قەلب رىشتىسىنى چىگىتتى. شۇ يىللاردا ئۇلارنىڭ بىرسى ئۈرۈمچىدە، بىرسى خوتەندە تۇرغاندەك ئەمەس، بەلكى كۈندە قول تۇتۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك، مۇڭدىشىۋاتقاندەك بىر - بىرىگە باغلىنىپلا كەتكەندى.

ئۇلار تۆت - بەش يىل ئىچىدە ئارقىمۇئارقا ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئۆز ئۆيىنى سېغىنغان باھار قۇشلىرىدەك ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېلىشتى. كىچىكىدىن دادىسىنىڭ تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ تەسىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن رەنا ئوقۇشتا ئېرىشكەن شان - شەرەپلىرى بىلەن ھېچ توسالغۇسىزلا شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە قوبۇل قىلىندى. ئەسلىدىن تەربىيەلىك ئائىلىنىڭ نەسەبى بولغان رەنا مىللىي ئەنئەنە بىلەن تەرەققىيات پۇرسەتلىرىنىڭ بىرلىكىدە يۇكسىلىۋاتقان خوتەن قىز - يىگىتلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئەدەپلىك، نومۇسچان خىسلەتلىرى ئىچىدە تېخىمۇ ياخشى پەزىلەت ساھىبىغا ئايلانغان بولۇپ، ھە دېگەندە چىرايى خوتەن گىلىمىدەك ۋىل - ۋىل قىزىرىپ تۇراتتى.

دادىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئەنقەر داۋاملىق گۈزەل رەنانىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى.

ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي تويغا سۆز ئېچىلدى. شۇنداق بولمىغىنىدا ئەنقەر بىلەن رەنا خان كوچىسى بىلەن ئەنجان كوچىسى ئارىلىقىدىكى سېغىنىش، باردى - كەلدىلەرنى ئۇزاق داۋاملاشتۇرالمايتتى. بولۇپمۇ نۇرغۇن كۆزلەرنىڭ

دىققىتىگە ئايلانغان گۈزەل رەنا ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

— بۇ ياخشى ئىش بوپتۇ، ئەركەك، — دېدى ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەن ھەمدۇللا ھاجى قەددى - قامىتى يېتىلگەن، كېلىشكەن ئوغلىغا مەستلىكى كەلگەندەك ئەنقەرگە قاراپ، — بىراق ئەنجانلىق بىلەن قۇدىلىشىپ ئەپ ئۆتكىلى بولماس، تايىنلىق!

— ئەنجانلىق... ئۇلار ئەنجانلىق ئەمەسقۇ، بىلىسەم شەھىرىمىزنىڭ كونىلىرىدىنغۇ، دەيمەن، — دېدى ئەنقەر سالماق سۆزلەر بىلەن.

— ھېچبولمىغاندا ئەنجانلىقنىڭ ئەۋلادى. ئۇلار يۈز يىلنىڭ ئالدىدا ئەنجان - پەرغانە ۋادىسىدىن ئاتا - بوۋىلىرىغا ئەگىشىپ كېلىپ بۇ شەھەردە يەرلەشكەن خەق. شۇڭا، ئۇلار بىلەن قۇدىلاشماق، چىقىشماق تەس، ئەنقىرىم.

— ئۇنداقتەك قىلمايدۇ، ئۆزلىرى بىلىلا، دادا، ھېلىقى داڭلىق سالى تۆرەم ئۇيغۇر تېبابىتى شىپاخانىسىنى ئېچىۋاتقان كىشى شۇ.

— مەن تۆرەم بىلەن كونا تونۇش. ساقسىز بولۇپ قالسام تومۇر تۇتقۇزۇپ دورا ئالىمەن ئەمەسمۇ.

— ھە... شۇ كىشى. كىچىك ۋاقتىمدا ئۆزلىرى مېنى موتوسىكلىتقا مىندۈرۈپ بىرنەچچە قېتىم بىللە ئاپارغان. ئۆزلىرى ئۇ كىشى بىلەن چەت ئەلنىڭ پارىڭىنى قىلىشقان... تۆرەم ھەمىشە ئالدىغا كەلگەن ھاجەتمەنلەرگە قىزغىن ھەم مۇلايىم كىشىغۇ.

— ئۆزۈڭ چوڭ بولغان بىلەن ئەقلىڭ كەم - دە، بالام. قايىلا، تۆرەمنىڭ ھاجەتمەنلەرگە قىزغىن بولۇشى كەسپىنىڭ، تىجارەتنىڭ ئېھتىياجى. قۇدا - باجىلىق بولسا باشقا گەپ. مېنىڭ ساڭا دەۋاتقىنىم قۇدىلاشماقچى بولغان ئىككى تەرەپنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى پەرقلىق بولسا، ئارىدا ئۇقۇشماسلىق، كۆڭۈلسىزلىك، ئاداۋەت تۇغۇلىدۇ. بۇ ئاخىر بېرىپ باللارنىڭ

بەختىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. مېنى بىلمەيدۇ دېمە، ئۇلاردا تا بۈگۈنگىچە ئەنجانلىقلارنىڭ تويي تۆكۈن ـ ئادەتلىرى ساقلىنىپ قالغان.

شۇ كۈنى بىر سودا شېرىكىدىن كەلگەن تېلېفون ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويدى.

ئەنقەر قىزنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنىڭ ئىشەنچىگە دەز كەتكەن، ئۆزىگە ھېچكىمنى تەڭ قىلمايدىغان باي دادىسى ئۇنىڭ قىزغا بولغان مۇھەببىتىنى بىر تىيىنغىمۇ تەڭ قىلمىغانىدى. ئۆلمەكىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، رەنا ئۇنى كۆز ياشلىرى بىلەن قارشى ئالدى. قىز ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللەرگە قاراپ يىغلىدى. يىغىسىنىڭ سەۋەبىنى ئوچۇق ئېيتمىدى. بىچارە قىزنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدىن ئەنقەرنىڭكىدەك ئۈمىدسىزلىك ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى.

بۇرۇقتۇرمىلىق، ئارامسىزلىق تۇيغۇسى يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ گېپى شۇ تۇرسا، قىزنىڭ دادىسى نېمە دېگەندۇ؟ يىگىت ئويلاندى، قىياسەن يەكۈن چىقىرىپ باقتى. بىر كۆڭۈلسىز جاۋاب كۆڭلىدىن كەچتى. تايىنلىق قىزنىڭ دادىسىمۇ ياخشى گەپ قىلمىغاندەكلا... تۆرەم رەناغا: «سەن باشقا ئەلچىلەرنىڭ گېپىنى قىلما، جەمەتىمىزنىڭ رەسمىي قائىدىسىنى بىلىسەن، بىز ئەزەلدىن ئۆزگىلەرگە قىز چىقارمايمىز. ئۆزگىلەردىن كېلىن ئەكىرمەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ ئويلىغان، پۈتۈشكەن يېرىمىز بار...» دېگەندۇر، تۆرەم رەناغا يەنە: «سەن ياخشى ئادەملەرنىڭ گېپىنى قىلىپ كەلمەپسەن، قىزىم، ھەمدۇللا ھاجى ئازراق پۇل تېپىپلا ئۆمرىنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم. ئۇنىڭ تالاق قىلغان، تۇللۇق كوچىسىغا ئىتتەرگەن خوتۇنلىرى ئاز ئەمەس، ھازىر شەھەرنىڭ كۆزىچە ئۆزىنىڭ قىزى دېمەتلىك بىر ئايالنى قولتۇقلاپ يۈرىدۇ. ئائىلىسى چاك ـ چېكىدىن دەز كەتكەن ئائىلە، ئۇنداق ئائىلىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. بىز ئۇلار بىلەن قۇدىلاشمايمىز»

دېگەندۇ !

دوختۇرنىڭ چاقىرىشى ئەنقەرنى ئېسىگە كەلتۈردى. دوختۇر رەنانىڭ تۇغۇتى قىيىنلىشىۋاتىدۇ، ئوپېراتسىيە قىلىمىز، دەۋاتاتتى.

«ئوپېراتسىيە ! ئەنقەر ئۆز ـ ئۆزىدىن چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەندەك بولدى. كۆز ئالدىدا قىزى ئۇچۇن جان تالىشىۋاتقاندەك تېپىرلاۋاتقان قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئانىسىنىڭ ھالى ئاندىن بەتتەر ئىدى. جىددىي كەيپىيات، ئامالسىزلىق، گاڭگىراش ئۇلارنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك ھالىنى قويمىغانىدى. دوختۇرنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— تېزرەك بولۇڭلار، جەدۋەلگە ئىمزا قويۇڭلار ! ئەمدى ئىككىلىنىپ تۇرغۇدەك ۋاقىت قالمىدى !

سالىھ تۆرەمنىڭ ئاق ئارىلىغان قويۇق ساقاللىرى ئارىسىدىكى نېپىز لەۋلىرى بوش مىدىرلىدى:

— ئوپېراتسىيە قىلمىساق زادى بولماسمۇ؟

— قاراڭ، ئاكا، — دېدى دوختۇر جىددىي كەيپىياتتا، — ھازىر مەسلىھەت قىلىدىغان چاغ ئەمەس، يەنە قاراپ تۇرىۋەرسىڭىز قىزىڭىز...

ئۇچ جۇپ كۆز بىر ـ بىرى بىلەن جىددىي ئۇچراشتى. قورققان، ھودۇققان بۇ كۆزلەردە تەشۋىش، گاڭگىراش، ئىلتىجا ئالامەتلىرىدىن باشقا ھېچنېمە قالمىغان بۇ دەقىقىلەردە، تۆرەمنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى جەدۋەلگە ئاخىر ئۆز ئىسمىنى يازدى...

## 42

ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئالدىدا جىددىي كەيپىيات ھۆكۈم سۈردى. ئەنقەر ئەنسىزلىك ئىچىدە ئېزىلىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ھارغىنلىق، تەشۋىش، ئۈمىد بىلەن تەڭ كۈچ

ئېلىشىۋاتقان كۆزلىرى ھامان ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە تىكىلەتتى... مۇشۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ دادىسى، ئانىسى دوختۇرخانىغا كەلگەن بولسا، ئەندىشە، خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە بوغۇلۇۋاتقان قۇدىلىرىغا ئىككى ئېغىز تەسەللى ئېيتىپ ئەھۋال سوراپ قويغان بولسا... يەنە، يەنە تۇغۇت ئوپېراتسىيەسىدىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان رەنانى مۇبارەك بولسۇن، كېلىنىم... تىنچ ـ ئامان يەڭگىۋاپسىز... دەپ قويغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! بىراق، ئەنقەرنىڭ باي دادىسى قۇدىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چۈشۈرىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس. نىرۋىسىدىن ئاداشقان، روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا تۇرۇۋاتقان ئانىسى يادىكار خېنىم بولسا ئەنقەر كىم، ئۆزى كىم بۇنى بىلمەيدۇ. كۇنداشلىق دەردىنى يۈرىكى كۆتۈرەلمىگەن بىچارە مەزلۇم خېلى بۇرۇن نىرۋىسىدىن ئاداشقان، ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كۇنلىرىنى روھىي مەجرۇھلار ئارىسىدا ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

ئەنقەر ئوغۇلنىڭ چوڭى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى دادىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، دادىسى ئۇنى بەكلا ئەتىۋارلاپ باقتى. قانداق جايدا بولسۇن، ئىشقىلىپ، ۋاي ئەنقەرجان بالام... دەپ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ چوڭ قىلدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن يېپيېڭى پىكاپنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ، شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەنقەرمۇ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا كىرىپ ئىشلەشتىن ۋاز كېچىپ، دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ گەرچە ماددىي جەھەتتە باي بالىسىغا لايىق توق، باياشات ياشىغان، مەكتەپتە ساۋاقداشلىرىنىڭ، جەمئىيەتتە تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىدا بېشىنى تىك تۇتۇپ يۈرگەندەك قىلسىمۇ، بىراق بالىلىقتىن تاكى ھازىرغا قەدەر ھامان بىر خىل روھىي كەمتۈكلۈك ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. شەھۋەتخور، خوتۇنپەرەس دادىسى شۇ يىلى

ئانىسىنىڭ كۆزىچە ئايخېنىمنى تويلاپ، خان كوچىسىدىكى هويلىسىغا ئەكىرگەن كۈندىن باشلاپ ئانىسىنىڭ دىل ئازابى ئەنۋەرگە ھەمشېرىك بولدى. ئۇ كىچىك، گۆدەكلىكىگە قارىماي ھەممىشە ئانىسى بىلەن تەڭ ياش تۆكتى. ئانىسى بىلەن تەڭ ئازابلاندى. ئانىسىنى دەپ ئايخېنىمغا ئۆچ بولدى. ئايخېنىمنىڭ ھەمدۇللا ھاجىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن بولىسىمۇ لوللىلىق قىلىشلىرى، ئۇنى ئۆزىگە تارتماقچى بولۇشلىرىغا ئىزچىل قارشى ئىنكاس قايتۇردى. گېپىگە كىرمىدى، ئاش - تامىقىنى يېمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۈگۈنگە قەدەر ئايخېنىم بىلەن ئەنۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل قارشىلىق داۋاملىشىپ كەلدى. شۇ يىللاردا تەقدىر، كۈنداشلىق دەردىدە قاتتىق ئازابلانغان يادىكار خېنىمنى روھىي كېسەلگە مۇپتىلا قىلىپ، ئۇنى ئەقلىدىن، ئايالىق، ئانىلىق سۈلكىتىدىن ئايرىدى. ئانىسى ئۈچۈن دىلى خەس بولغان ئەنۋەر بۇنى دادىسىدىن كۆرە ئايخېنىمدىن كۆردى.

ئەنۋەر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ياشلىقنىڭ نۆۋەر چاغلىرىغا كەلگەندە پۇلدار دادىسى ئىشقىۋازلىق دىرامىسىنىڭ يېڭى پەردىسىنى ئاچتى. ئۇ ئايخېنىمنى خان كوچىسىدىكى كاتتا، ئەمما كونا هويلىسىدا قالدۇرۇپ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ يېڭى سالدۇرغان قورۇسىغا ئۆزىنىڭ قىزى دېمەتلىك خانىشنى خۇپىيانە تويلاپ ئەكىردى. ياش، چىرايلىق خوتۇنغا بېرىلگەن دادىسى ئوغلىنىڭ رەنا بىلەن بولغان مۇھەببىتىگە سۇس قارىدى. ھە دېگەندە ئەنجانلىق ئاق، ئەنجانلىق كۆك دەپ ئەلچىلىككە بېرىشنى رەت قىلدى. ئەمما، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولغان ئەنۋەر دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆزىگە قاراپ چوڭ قىلغانلىقىدەك، چىڭ يېرىگە كەلگەندە هامان رايىغا باقىدىغان ئاجىزلىق نۇقتىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى. شىركەتنىڭ ئىشىنى تاشلاپ، دۆلەت مەمۇرلۇقىغا ئىمتىھان بېرىمەن، چەت،

يىراق، نامرات يېزىلارغا بېرىپ ئىشلەيمەن دەپ دادىسىنى ئەمتىرىتىپ قويدى. ئامالسىز قالغان دادىسى ئۆز پىكرىدىن يېنىپ، ئەنقەر ئۈچۈن ئەلچىلىككە بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

ھەمدۇللا ھاجى بىلەن سالى تۆرەمنىڭ كونا ھۆپىگەرلەردىن بولغىنىغا قارىماي، ئىككى تەرەپنىڭ بىر پىكىرگە كېلىشى تەس بولدى. بۇ، ئەلۋەتتە، ھاجىمنىڭ شەھۋەتپەرەسلىكتە نامى چىقىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان مەسىلە ئىدى.

تۆرەمنىڭ ئەلچىلەرگە ئۈچۈر بەرمىكى تەسكە چۈشتى. ئۆزى خەقنىڭ قىزىغا كۆزى چۈشكەندە كىشىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاشقا ئېرىنمىگەن، سارغىيىش، تارتىنىشنى ھار ئالمىغان ھەمدۇللا ھاجى ئەنجان كوچىسىغا قاتراۋېرىپ ئەمدى بۇ يولدىن يالتىيىپ قالاي دېگەندە، ئۇلاردىن ئاخىر بىر ئۈچۈر كەلدى... تۆرەم قۇدىلىشىشقا رازى بولغانىدى. بۇ، ئەلۋەتتە، ئەنقەر بىلەن رەنانىڭ مۇھەببىتىنىڭ نەزەرگە ئېلىنغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ياز ئايلىرىنىڭ دىمىق بىر كۈنى ئەنقەرنىڭ تويى بولدى. توي پەرزەنت چوڭ قىلغانلارنىڭ قۇدىلىشىشى ئەمەس، قۇدىلىشىشقا رايى بارمىغانلارنىڭ سودىلىشىشى بولدى. ئەلۋەتتە، سالى تۆرەم قىز بېرىشكە تەستە ئۈچۈر بەرگىنىدەك، تويلۇقنىمۇ ئېغىر سالدى. تۆرەمدىن گەپ ئالغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىززىتى چۈشكەندەك بولغان ھەمدۇللا ھاجى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئالدىدا چوڭلۇق ئىشلىتىپ، ئىككى يانغا قارىمايلا تۆت كاللەك پۇلنى باشقا تاتلىق ـ تۇرۇملار بىلەن قوشۇپ تۆرەمنىڭ داستىخىنىغا تۆكمە قىلدى. شۇ كۈنى شەھەردە قىز تويلۇقىنىڭ قىرىق مىڭ يۇەنلىك ئۆتكەلدىن ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا سۆز ـ چۆچەك تارقالدى.

تويىنىڭ مەسلىھەت چېيىدا قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ

تارتىشلىق مەسىلە كېلىپ چىقتى. ھەمدۇللا ھاجىنىڭ شەھەردىكى داڭلىق مەرىكە زاللىرىنىڭ بىرسىدە كەڭ كۆلەملىك توي ئۆتكۈزگۈسى بار ئىدى. بۇ، ئەلۋەتتە، خانىشنىڭ پىكرى ئىدى. سالىھ تۆرەم بولسا قورۇ - جايىنى قويۇپ مەرىكە زالىغا بېرىپ مېھمان كۈتسە ئوبدان بولمايدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ھاراق، تاماكا ھىدى سىڭىپ تۇرغان مەرىكە زالىغا مەسچىت جامائىتىنى باشلىسا مۇسۇلمانچىلىق ئەھكاملىرىغا توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى، جامائەتنىڭ نارازى بولىدىغانلىقىنى، توي زىياپىتىگە رازىلىق بەرمەيدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ، تويىنى ئۆيىدە ئۆزىتىش پىكرىدە چىڭ تۇردى. قۇدىسىنىڭ جاھىللىقىنى كۆرۈپ، ھەمدۇللا ھاجىنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۆچتى. بۇ ئىشتا ئۇ كېلىنى ئەكىرمەي قىز چىقىرىدىغاندەك، تۆرەملەردىن ئۈچۈر ئېلىشتىن باشلاپ تويلۇقنىڭ پۈتۈمى، تويىنى قەيەردە، قانداق ئۆتكۈزۈشكىچە ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانلىقىدىن ئىززىتى چۈشكەندەك بولدى. ئايال مېھمانلارنىڭ قاتارىدا نازلىنىپ ئولتۇرغان خانىشنىڭ قاش - قاپىقى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنلىكىگە نەزىرى چۈشۈپ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

بازار قايىنىمىدىكى سودىدا ھەمىشە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن ھەمدۇللا ھاجى قۇدا - باجىلىق سودىسىدا ئۆزىنى ئۇتتۇرغاندەك ھېس قىلدى. بۇ ئۇتتۇرۇش يەنە كېلىپ ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە ئۇتتۇرۇشى ئىدى. ئات ئۈستىدە ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرغاندەك يېنىك، ئەمما كۆڭۈلگە دەز كېتىدىغان سۈركىلىشلەردىن كېيىن، ئاخىر ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزىنىڭ مېھمىنىنى ئۆزى ئۇزىتىدىغان، كەچتە ئوغۇل تەرەپ ئەللىك مېھمان بىلەن كېلىپ قىزنى كۆچۈرۈپ كېتىدىغان بولۇپ كېلىشتى...

تۇغۇت ئوپېراتسىيەخانىسىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىچىلىشى

ئەنقەرنىڭ خىيالىنى ئۈزدى.

دوختۇر ـ سېستىرالار نوسۇلكىدا ھوشسىز ياتقان رەنانى ئېلىپ چىقىشتى. ئەنقەرنىڭ قولىغا پاختىدەك ئاق، پاقلاندەك بۈدرۈق بىر بوۋاقنى تۇتقۇزدى.

## 43

يانفون يەنە جىرىڭلىدى. ئەنقەر ئادەمگە جىددىيچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەكەلمەيدىغان بۇ خەۋەرچى قۇشنىڭ زۇۋانىنى ئېتىۋەتمىگىنىگە پۇشايمان قىلغان ھالدا قولىقىغا تۇتتى.

ـــ ھە، دادا... دوختۇرخانىدا... سەل تۇرۇپ بارسام، بولامدۇ؟ ـــ ئەنقەرنىڭ خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدە يەنە نارازىلىق ئىپادىسى ئۇچقۇنلىدى، ـــ يامان جىددىي ئىش بولمىغاندىكىن دەيمەنغۇ ! ھە شۇنداق ئىشمىدى، بوپتۇ ئەمىسە، بارسام باراي، ـــ ئەنقەر يانفون كۇنۇپكىسىنى ئاچچىق بىلەن بېسىپ، شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن قولىدىكى بوۋاقنى رەنانىڭ يېنىغا ياتقۇزۇپ، چوڭلارغا ئۆزرە ئېيتتى :

ـــ مېنىڭ ئون مىنۇتلۇق جىددىي ئىشىم چىقىپ قالدى، تۆرەم دادا... بىرپىلا كېلەي.

ـــ بىر كەتكەنچە يوقاپ كەتمەي، تېزرەك پەيدا بولارلا، جۇما، بالام، ـــ رەنانىڭ باش ـ ئايىغىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن رابىيەم خېنىم رەنجىگەندەك قىلىپ ئەنقەرگە قارىدى، ـــ ۋۇي راست، ئاۋۇ پىيادىلەر كوچىسىدىكى ئانا ـ بالىلار بۇيۇملىرى دۇكىنىغا كىرىپ تۇغۇتنىڭ، بوۋاقنىڭ غېمىنى قىلغاچ كېلەرلا.

ـــ ماقۇل، ئاپا... نېمە ئەكەلسەم بولىدۇ؟

ـــ يېڭى تۇغۇت دېسىلىرى دۇكانچى ئۆزى بىلىدۇ.

ـــ ماقۇل، ئاپا.

ئەنقەر يەنە سايرىغىلى تۇرغان يانفوننى قۇلىقىغا تۇتۇپ

لىغىنى بىلەن پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

تۆرەم رەنانىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدا ئېغىر تىنغىنىچە قاراپ تۇراتتى. ئۇ كىپىكلىرىنى يوقلاپ ياتاققا كىرىپ چىقىۋاتقان باشقا قېيىنئاتا ــ قېيىنئانىلارغا قاراپ، ھېلىتىن قۇدىلىرىغا قورساق كۆپۈكى بولۇۋاتاتتى. ھالبۇكى، ئۇ پۇلدار قۇدىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىغا ئۆز ۋاقتىدىلا سوغۇقچىلىق چۈشكەنىدى.

... شۇ كۈنى ئوغۇل ــ قىز ئىككى تەرەپ ئالدىن كېلىشكىنى بويىچە ئايرىم توي قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مېھمىنىنى ئۆزلىرى ئۇزاتتى. كۈن ئولتۇراي دېگەندە ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئۇزۇن ماشىنا ئەترىتى قىز كۆچۈرۈشكە كەلدى. سالى تۆرەم قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن بۇ قۇدىلارنى كۆرۈپ تەئەججۈپكە چۆكتى. تۆرەمنىڭ ئۇرۇق ــ تۇغقان، قوشنا ــ قولۇملىرىمۇ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي قېلىشتى. ھەممە كۆردىكى، ھەمدۇللا ھاجى تويغا خان كوچىسىدىكى ئاغىچىسىنى ئېگە قىلماي، ياشلا بىر ئايالنى كەينىگە سېلىپ كەلگەنىدى. بۇ ئايال ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان خۇپىيانە تويلىشىپ، يېڭى ئۆي تۇتۇۋالغان خانىش ئىسىملىك خوتۇنى ئىدى. ئايال بەكمۇ چاكىنا ياسىنىۋالغان، رەناغا قېيىنئانا بولۇشقا ھېچبىر سالاھىيىتى يوق ئايال ئىدى. بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۇچىسىغا گۈل رەڭ يىپەك مايكا كىيىپ، بىرنەچچە يېقىنلىرى بىلەن كېلىۋاتقان ھەمدۇللا ھاجى توي ئىگىسى ئەمەس، بەلكى خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىدىغان ئەخمەققە ئوخشاپ قالغانىدى. كوچا ئاغزىغىچە قۇدىلارنىڭ ئالدىغا چىققان سالىھ تۆرەم، رابىيە خېنىملار قىزىغا قېيىنئانا بولغىلى كەلگەن بۇ ياش ئايالنى كۆرۈپ قەدەملىرى ئاستىلىغانچە مەڭدەپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئايال ئادەمنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان دەرىجىدە چاكىنا ياسىنىۋالغانىدى. سالىھ تۆرەمنىڭ ئۇرۇق ــ تۇغقان، قولۇم ــ قوشنىلىرى بىر ــ بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈشۈشكە ئۈلگۈردى. يېقىن كىشىلىرى ئالدىدا ئىزا دەستىدىن

يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولغان تۆرەم ساقىلىنى سىيپىغىنىچە بىر ئىزىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى.
قۇدا ـ باجىلىق ئىككى ئائىلىنىڭ ئەمەس، ئىككى ئەلنىڭ دوستلۇقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر جەمەت ئىچىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىگە ئوخشاش ياش پەرقى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتتە ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلىق پەرقى بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن كىشىلەر قۇدىلاشقاندا ئىمكانقەدەر ئۆز خىلىنى تېپىشنى، قۇدىلاشقاندىن كېيىن تەڭ ـ باراۋەر، دوستانە بولغان قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى قىلىشنى ئىستەيدۇ. قۇدا ـ باجىلىق باردى ـ كەلدىلىرىدە ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىدۇ. ئۆزئارا سالاملىشىش، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، سۆز ـ ھەرىكەت قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگە قارىغاندا نازۇك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كىشىلەر «خۇدادىن قورقمىساڭمۇ، قۇداڭدىن قورق» دېيىشىدۇ.
ئىچ مىجەز، ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان، ئەنجان كوچىسىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلۇق مۆتىۋەرلەرنىڭ بىرسى سانالغان سالىھ تۆرەم قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن قۇدىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئايال قۇدىسىنىڭ ئەجنەبىيچە ياسىنىشىنى كۆرۈپ، ئايلىنىپ يەرگە يىقىلىپ كەتمىدى ـ يۇ، ئاندىن باشقىسى بولدى... قۇدىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىققان رابىيەم خېنىم تۆرەمدىن ئۆتە ئاچچىق ئىدى. ئەزەلدىن يەرگە دەسسەپ باقمىغاندەك، بوگۈن مۇشۇ توي ئۈچۈن تۇيۇقسىز ئاسماندىن چۈشكەندەك نىزىقاش، ناز ـ كەرەشمە ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈپ ئالدىغا كېلىۋاتقان شۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە قۇدا، قىزىغا قېيىنئانا بولىدىغانلىقىنى قەلبىگە سىغدۇرالماي قالدى... ئارىدىن بىر پەس ۋاقىت ئۆتتى. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە تەئەججۈپلىنىپ تۇرىۋېرىشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس.

سالـﻪ تۆرەم چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ، رابىيەم خېنىمغا ئىما ـ ئىشارە قىلدى. قۇدىلارنى، قۇدىلارنىڭ مېھمانلىرىنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يىگىتلەر كەلدى. بەزمە ـ مەشرەپسىز، كۈلكە ـ چاقچاقسىز سوغۇق كەيپىيات ئىچىدە مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلدى. ئاش تارتىلدى.

تويىنىڭ ئۇششاق رەسمىي قائىدىلىرى تۈگەپ، ھەممەيلەن قىز كۆچۈرۈشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا، توساتتىن بىر پاتىپاراقچىلىق چىقتى. چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل بىر ئايال يۈگۈرگەنچە كىرىپ ئوڭ ـ تەتۈر سۆزلەپ كەتتى. غۇلىچىنى كېرىپ ھەمدۇللا ھاجىغا قاراپ ئېتىلدى. بۇ ئىشنى كۆرگەن توي ئەھلى ھەيرانۇ ھەس بولۇپ، كىم نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— ئانا ! — قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئولتۇرغان ئەنقەر ئورنىدىن دەس تۇردى. قاڭقىغاندەك بېرىپ، تويىنى بۇزۇۋاتقان ئايالنى قۇچاقلىۋالدى، — ئانا، ئانا... ماڭا قارىسىلا، ئانا، سىلى بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىلا؟ !

— كېلىمەن... كېلىمەن... كەلسەم بولمامدۇ؟ !

— بولىدۇ، بولىدۇ... بىراق...

— نېمە بىراق؟ مېنى قويۇۋەت ! — ئايال ئەنقەرنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چاچلىرىنى يۇلدى، — ھاجىم داداڭ مېنى تويغا ئېيتماپتۇ، ئەمدى مېنىڭ تىرناقلىرىم داداڭنىڭ ياقىسىدا جان تىركىشىدۇ !

ھەمدۇللا ھاجى كۆردى، مېھمانلار كۆردى، بۇ ئايال ئەنقەرنىڭ ئانىسى يادىكار خېنىم ئىدى.

— ئاۋۇ ساراڭ خوتۇننى ھەيدەپ چىقىرىڭلار ! — ھەمدۇللا ھاجىغا كىبىر ـ سۆلەت، ئىناۋەت ھارام بولدى. ئۇ كۆتۈلمىگەن ۋەقەدىن مەڭدەپ تۇرۇپ كەتتى. پارقىراپ تۇرغان گۆشلۈك يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چاچراپ چىققۇدەك

بولدى، — چاققان بولۇشلار، پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي كەلگەن يېرىگە ئاپىرىۋېتىشلار... بولمىسا توي بۇزۇلىدۇ!

هاجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان بىرنەچچە چاپارمەنلىرى يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

— كارىشلار بولمىسۇن! — ئەنقەر ئانىسىغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەنلەرگە غەزەپ بىلەن تولاپ، ئۇلارنى پەيلىدىن ياندۇردى. ئاندىن قىيا نەزەر بىلەن دادىسىغا قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا نارازىلىق ئالامەتلىرى بىلەن نەپرەت تەڭ ئەكسلىنىپ تۇراتتى.

— سەن توي بولۇۋاتقان يىگىت جايىڭدا جىم ئولتۇر! — دېدى ھەمدۇللا ھاجى ئەنقەرگە ئاچچىق بىلەن ئالىيىپ، — ئۇ خوتۇننى ئاۋۇ ئاكىلىرىڭ خان كوچىسىغا ئاپىرىپ كونا ھويلىغا سولاپ قويۇپ تۇرسۇن.

— مېنى ھېلىقى ئايخان ساراڭنىڭ ئالدىغا بار، دەۋاتامىلا، ھاجىم؟ — دېدى يادىكار خېنىم قاقاھلاپ كۈلۈپ، — مېنى ئايخان ساراڭ ئۆزى دوختۇردىن سوراپ ئەكېلىپ قويىدى، ئوغۇللىرىنىڭ تويى بولۇۋاتىدۇ، سىلى قۇدا كۆرپىسىدە ئولتۇرۇشقا لايىق ئەمەسمۇ، دېدى!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەمدۇللا ھاجىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. كونا خوتۇنلىرىنىڭ توي ئىشىغا توپا سېلىۋاتقانلىقىنى، يادىكار خېنىمنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قىلىشىدا ئايخېنىمنىڭ ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. لېكىن، بۇ يەردە ئايخېنىم تىلغا ئېلىنسا، قۇدىلارنىڭ ئالدىدا كونا يوتقاننىڭ مېزى چۇۋۇلغاندەك ئېچىمۇ سەت ئىش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئادەملىرىگە دېدى:

— نېمە قاپلاپ تۇرىسىلەر، بولۇشلار دەيمەن!

ئەنقەرنىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياشلار تۆكۈلدى. دادىسىنىڭ بۇيرۇقىغا پىسەنت قىلماي، ئانىسىنى بىر ئۆزى ھويلىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

يىگىت ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەتتى. ھويلىنىڭ ئىچى

ئۆرىتۆپە بولدى. توي بۇزۇلاي دەپ قالدى.
شەھەرنى قاراڭغۇلۇق قويىنىغا ئېلىۋاتقاندا، يىگىتنىڭ ماشىنىسى يەنە كوچىغا كىرىپ كەلدى. چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئۇستىبېشىغا لاي - توپا يۇقۇندىلىرى يېپىشقان، چىرايى سولغۇن يىگىت ماشىنىدىن چۈشۈپ، يەنە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرغان توي ئەھلىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى.
ھەمدۇللا ھاجىنىڭ چىرايىغا بىر ئاز قان يۈگۈردى. تىمتاس بولۇپ قالغان مېھمانلار ئېغىز، قۇلاق يېقىشىپ كۇسۇرلاشقىلى تۇردى.
بىر پەستىن كېيىن ئىچكىرى ئۆيدىن قىزنى كۆچۈرۈپ چىقىشتى. رەنا تونۇشمىغان بىرسىگە ياتلىق بولۇۋاتقاندەك ھۆ تارتىپ يىغلايتتى. ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيدە ئولتۇرسىمۇ، ھويلىدىكى پاتىپاراقچىلىقلارنى ئاڭلاپ ئۆلگۈدەك ئىدى.
قاراڭغۇ چۈشتى. خۇددى شۇ قاراڭغۇلۇقتەك، كۆڭۈلسىز تويدىن ھەممە كۆڭۈللەر قارا بولغانىدى.
شۇ ئىشلار سەۋەبلىك سالىھ تۆرەم بىلەن ھەمدۇللا ھاجىلارنىڭ قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى چاك - چاك دەز كەتتى. تويدىن كېيىن ئارىدا بېرىش - كېلىش بولمىدى.
لېكىن، ئەنقەر بىلەن رەنانىڭ بىر - بىرىگە ئوتتەك كۆڭلى بار ئىدى.

## 44

ئالدىراشچىلىق بەزىدە ئەنقەرنى سارالڭ قىلىپ قوياتتى. دادىسى ئۈچۈن ئەنقەر بولمىسا گويا ھاياتلىق توختاپ قالاتتى.
ئەنقەر بايا مۇھىم بىر سودا ئىشى بىلەن چاقىرتىلغانىدى. ھازىر سودىدا ئىلگىرىكىدەك ئالىقانغا تۈكۈرۈپ قول قېقىشىدىغان دەۋر ئۆتكەن، ھەرقانداق ئىشقا ئىنچىكە توختام تۈزۈلۈپ، قانۇنىي ئاساس تۇرغۇزۇلاتتى. ھەمدۇللا ھاجى بۇنداق

ئىنچىكە ئىشلاردا ئەلۋەتتە ئەنقەرگە تايىناتتى.
ئەنقەرنىڭ ئەس - يادى دوختۇرخانىدىكى رەناسى بىلەن بۇ دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان ئوغلىدا، قولى كومپيۇتېرنىڭ كۇنۇپكىسىدا توختام مەزمۇنىنى يېزىپ پۈتكۈزدى. قارشى تەرەپ بىلەن تاراق - تۇرۇق تامغا بېسىشقاندىن كېيىن بىنادىن چۈشۈپ ماشىنىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. ئۇ يەنە توختىماي سايراۋاتقان يانفونىنى بېسىۋېتىپ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئاۋۋال گۈل دۇكىنىغا كېلىپ بىر دەستە گۈل ئالدى. ئۇ رەنا ياخشى كۆرىدىغان گۈللەرنى بىرمۇبىر تاللاپ بىر دەستە قىلغانىدى. قىزىق يېرى، ئۇ رەناغا بايىلا بىر دەستە گۈل ئالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان، گۈلگە پۇل ساناپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ھېلىقى گۈلنىڭ دوختۇرخانا ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئالدىدا قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ كۈلۈپ سالغانىدى. ئەنقەر يەنە پىيادىلەر سودا كوچىسى ئاغزىغا باردى. قېيىنئانىسى بۇيرۇغان سودىنى چاقماق تېزلىكىدە پۈتكۈزۈپ، ماشىنىسىنىڭ رولىنى دوختۇرخانا تەرەپكە بۇرىدى. قالتىس، ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلى بولدى، يەنە كېلىپ بالىسى ئۆزىگە ئوخشاش بۇدرۇق، يۇمىلاق يۈز، ئاق ئۇستىخان... ئوغلى يەنە ئاپىسى رەناغا ئوخشاش قارا كۆز، قارا قاش ئادەم بولىدۇ...
ئەنقەر شېرىن خىياللار قاينىمىدا دوختۇرخانا كېسەللەر ياتاق بىناسىغا كىرىپ كەلدى. لىفىت ساقلاپ تۇرغانلار يەنىلا كۆپ، ئۇ يان تەرەپتىكى پەشتاقلاردىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك يۇقىرىقى قەۋەتكە چىقتى. كارىدوردا ئۆتۈشۈپ تۇرغان كىشىلەر، دوختۇر - سېستىرالار ئارىسىدىن قىستىلىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ، ئايالى بۆلۈمىگە ــ رەنا ئورۇنلاشقان ياتاققا كىرىپ كەلدى. ياتاققا ئۈچ كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، ئىشىك تەرەپتىكى كارىۋاتتا ياتقان رەنا تېخىچە ھالسىز، قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئانىسى قىزىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى. رەنانىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئەنقەرنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق سۇسلاپ قالدى. ئۇ قولىدىكى

لازىمەتلىكلەر بىلەن گۈلنى ئىككى كارىۋات ئارىلىقىدىكى تومپۇچكا ئۈستىگە قويۇپ رەنادىن ئەھۋال سورىدى. چىھرى خەسىدەك ئاقارغان رەنا ھالسىز كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ ئەنقەرگە قاراپ سۇس كۈلۈمسىرىدى. ئەنقەرنىڭ ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇسى، يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتقۇسى كەلدى، لېكىن يېنىدا تۇرغان چوڭلار — قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئانىسىدىن تارتىنىپ گەپ قىلالمىدى.

ئەنقەر قېيىنئانىسى رابىيەم خېنىمنىڭ ئىلتىپات كۆرسىتىشى بىلەن رەنانىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاچ، تەقەززالىق كۆزلىرى بىلەن بوۋىقىنى ئىزدىدى. لېكىن، رەنانىڭ يېنىدا بوۋاق كۆرۈنمەيتتى. ئېھتىمال سېستىرالار بوۋاقنى كۈتۈش ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىشكەندۇ. ئۇنى ئىلمىي پەرۋىش قىلىۋاتقاندۇ. ئەنقەر شۇ خىيال بىلەن ئۆزىنى خاتىرجەم قىلدى، بىراق بالىنى يەنە بىر قېتىم كۆرگۈسى كېلىپ قالدى. ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئاتىلىق مېھرى بىلەن ئەركىلەتكۈسى، باغرىغا باسقۇسى كەلدى. شۇڭا، ھېچقانچە تاقەت قىلالماي قېيىنئانىسىدىن بالىنى سورىدى:

— ئاپا، بوۋاقنى سېستىرالار قاراۋاتامدۇ؟

— ھەئە، قايلاۋاتامدىكىن... ياق، بالام، بالا يېنىمىزدا... — رەنانىڭ چاچلىرىنى تۈزەپ ياغلىقىنى تېڭىۋاتقان ئانا كەينىگە بۇرۇلۇپ رەنانىڭ كارىۋىتىغا، ياتاق ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپلا تۇۋلاپ كەتتى، — ۋېيەي، بوۋاق قېنى؟ سېستىرالار ئۇنى يۇيۇپ زاكىلاپ بىزگە تۇتقۇزۇپ قويغانغۇ!

— ھە؟! — ئەنقەر چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ياتاق ئىچىدىكى ھەممە كارىۋات، كارىۋات يېنىغا يىغىپ قويۇلغان كىيسەل باققۇچىلارنىڭ كۆرپىسى، نەرسە - كېرەكلەر، ھەتتا كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن تارتىپ تومپۇچكىنىڭ ئىچىگىچە بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى. لېكىن، ياتاق ئىچىدە ئۇنىڭ بوۋىقى، يۈرەك پارىسى كۆرۈنمەيتتى.

ياتاقنىڭ ئىچى ئۆرتۆپە بولۇپ كەتتى. بالىنىڭ يوقلۇقىنى ئاڭلىغان رەنا كارىۋاتتا يېرىم ئۆرە بولدى، ئاندىن بىرلا چىرقىراپ ياتقان ئورنىغا يىقىلدى. ئەنقەر ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىپ ئاۋۋال سېستىرالار ئىشخانىسىغا، ئاندىن دوختۇر ئىشخانىسىغا چاپتى. دوختۇر - سېستىرالار ئىشخانىسىدىن دۈپۈرلىشىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ رەنا ياتقان ياتاققا كىرىشتى. ئاندىن بوۋاقلارنى كۈتۈش ئۆيىگە قاراپ چاپتى. بوۋاقلار كارىۋىتىنىڭ نومۇرى بىلەن تۇغۇتلۇق ئاياللار يېتىشقان كارىۋات نومۇرىنى بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ چىقتى. مەلۇم بولدىكى، بوۋاقلارنى كۈتۈش ئۆيىدە بوش كارىۋات قالمىغان، بوۋاق يۆيۈپ زاكىلانغاندىن كېيىن تۇغۇت ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن، بوۋاقنى ئەنقەر تاپشۇرۇۋالغان، ھەتتا ئۇنىڭ تاپشۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن قىلغان ئىمزاسىمۇ بار ئىدى...

قاتتىق تەۋرىنىشكە چىدىمىغان زېمىن ئۆز - ئۆزىدىن چاك - چاك يېرىلغاندەك، ئەنقەرنىڭ ۋۇجۇدى يۈرەك قېتىدىن پارە - پارە بولماقتا ئىدى. ئۇ كارىدوردا ھەريان ئۇمتۇلۇپ تۇراتتى. ھەريان چېپىشىپ يۈرگەن دوختۇر - سېستىرالاردىن، قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىدىن ياكى باشقا ياخشى نىيەتلىكلەردىن بىرەر خەۋەر كېلىپ قالىدىغاندەك ئۆز - ئۆزىنى بەزلەيتتى. كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىقاي دەپ قالغان ياش دولقۇنلىرىغا تۇغان سېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى.

دوختۇرخانىنىڭ ئىچى، گۇمانلىق دەپ قارالغان ئوبيېكتلار چاقماق تېزلىكىدە تەكشۈرۈلۈپ، ھەممە يەر قېزىۋېتىلدى. ئۇچرىغانلىكى كىشىنىڭ ھېسداشلىقى، مايىللىقى قوزغىتىلدى. لېكىن، ھېچبىر خەۋەر يوق. سالىھ تۆرەم ساقاللىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى كاچاتلايتتى. رابىيەم خېنىم چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈز - كۆزىنى تاتىلايتتى، خۇداغا نالە قىلاتتى. مىجەزى ئۆزگىرىپ قالغان رەنا كۆزىنىش ئۆيىگە يۆتكىلىپ، قۇتقۇزۇلۇۋاتاتتى.

بىمەھەل ئەقلىدىن ئازغاندەك دوختۇرخانا ئىچىدە پىرقىراپ يۈرگەن ئەنقەر ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى بىرئاز تۇتۇۋالدى.

يانفونىنى قولىغا ئېلىپ، «110» ساقچى تېلېفونى ئارقىلىق ساقچىخانىغا دېلو مەلۇم قىلدى. ئارقىدىن دوختۇرخانا بىخەتەرلىك كۆزىتىش باش ئاپپارات باشقۇرغۇچى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئېلېكترونلۇق كۆزىتىش ـ سىنغا ئېلىش ئۈسكۈنىسىنىڭ يېقىنقى بىر سائەت ئىچىدىكى سىن خاتىرىسىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى.

ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان ئەندىشىلىك خەۋەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزلارغا كۆچتى، دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن چىقىپ مەنزىلسىز شامالدەك پۈتۈن شەھەرگە يامراشقا باشلىدى:

— ۋاي ئىسىت، ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئوغلى ئەنقەرنىڭ ئايالى ئەمدىلا يەڭگىپ بوشانغاندا، بوۋاقنى بىر كىم ئېلىپ قېچىپتۇ!

— قايسى ھەمدۇللا ھاجى؟

— ھېلىقى مىليونېرچۇ!

— ھە... ھېلىقى قىزى دېمەتلىك خوتۇن ئېلىۋالغان، ئوتتۇرا بارمىقىغا قويما ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالىدىغان ئالتۇن چىشلىق...

— ھەئە، شۇ!

— ۋاي ئىسىت!

ئاھ، كەلگۈلۈك، ئاھ، قىسمەت! ئەمدىلا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقنى يىتتۇرۇپ قويغان ئەنقەر جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدە ھالسىز ياتقان رەناسىنىڭ، چاچلىرىنى يۇلۇپ توختىماي يىغلاۋاتقان قېيىنئانىسىنىڭ، قېيىنداش، ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن ئۆزىگە قادالغان قېيىنئاتىسىنىڭ يېنىدا تۇرالماي ھەريان چاپاتتى. دوختۇرخانىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا مىغىلدىشىپ يۈرگەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى ھەريان ئۇراتتى. ئۇنىڭ بېشى چۆرگۈلەپ، كۆز ئالدىدىكى دۇنيا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. كۈن غەربكە ئەمەس، شەرققە پېتىۋاتاتتى. پۈتۈن شەھەر ئاۋۇ يول بويىدىكى كونا سېپىل ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرغان غايەت زور ئويۇنچۇق پەلەكچاقىدەك ئوڭ ـ تەتۈر پىرقىراۋاتاتتى.

پىرقىراۋىرىپ ساراڭ بولغان، نىيىتى بۇزۇلغان نىجىسلار ئۇنىڭ بوۋىقىنى، يۈرىكىنىڭ پارىسىنى، كۆزىنىڭ نۇرىنى، ھاياتىنىڭ داۋامىنى ئېلىپ قېچىشقانىدى.

ئەنقەرنىڭ يانفونى يەنە سايرىدى. ئۇ ئەلەم، ئاچچىقتا تولغان غەزەپلىك كۆزلىرىنى ئېكراندىكى نومۇرغا تىكە ــ تىكمەي، باش بارمىقى بىلەن قىزىل كۇنۇپكىنى بېسىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن نومۇر ئەلۋەتتە شۇ پۇلدار دادىسىنىڭ نومۇرى ئىدى. ئۇ بىلىدۇ، دادىسى ئەنقەرگە پۇل ئۈچۈن، بايلىق ئۈچۈن تېلېفون قىلغان، كۆڭۈلدىكىدەك پايدا چىقمىشى مۇقىملىشىپ قالغان قايسىبىر سودىنى جىددىي پۈتكۈزۈپ كېلىشكە بۇيرۇماقچى بولغان... مانا شىركەت، مانا پۇل ــ بايلىق! سەن ئاشۇ بايلىق ۋەسۋەسىسىدە ئۆزۈڭگە، ئۆز روھىيىتىڭگە ئىگە بولالمايسەن. پۇل ئۈچۈن باشچىلاپ يۈمىلاپ كېتىۋاتقان چېغىڭدا، سەن ھەقىقىي مەنىدىن موھتاج بولغان بەخت پۈرسەتلىرىنىڭ نەدە قالغانلىقىنى بىلمەي قالىسەن. كېيىن ھوشۇڭنى تاپقان چېغىڭدا، سەن موھتاج بولغان، ئېرىشمەكچى بولغانلىرىڭدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىڭنى تۇيىسەن!

ئەنقەر كۆڭلىدە دادىسىغا ئاچچىقلاندى. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇ ئەمدىلا تۇغۇلغان ئوغلىنى قولىغا ئېلىپ تۇرغاندا، دادىسى تېلېفوندا شىركەتكە كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈرمىگەن بولسا، ئۇ رەنانىڭ يېنىدا ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ بالىغا قارىغان بولاتتى. ئۇ چاغدا بالىنى ھەرقانداق يامان ئوغرىمۇ ئېلىپ قاچالمىغان بولاتتى. مانا ئەمدى بولغان ئەھۋال شۇ. ئەلۋەتتە، ئەنقەرنىڭ بۇنداق ئالدىراپ پايپېتەك بولۇپ چېپىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن دادا ئۇنىڭ نېمىگە شۇنچە ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكىنى سوراپ قويۇشى، ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن رەنانىڭ كۆزى يورۇغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ھېلىقى ئارزۇلۇق خوتۇنىنى كەينىگە سېلىپ، دوختۇرخانىغا رەنانى يوقلاپ كېلىشى لازىم ئىدى. بۇ دېگەن ئەقەللىي قائىدە. لېكىن، دادا بولغۇچى ئادەم ئوغلىغا نەدە، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، بالام، نېمانچە

جىددىيسەن، دەپ سوراپ قويماستىن پەقەت بۇيرۇقلا چۇشۇردى، خىزمەتلا تاپىلىدى. سورىمىغان گەپنى قىلىپ ئۆگەنمىگەن ئەنقەرمۇ دادىسىغا رەنانىڭ تۇغۇتى توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىدى.

ئەنقەرنىڭ دادىسىغا بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماسلىقىدا ئەلۋەتتە باشقا سەۋەبمۇ يوق ئەمەس. ئۇنىڭ تويىدا ھېلىقى پاراكەندىچىلىك يۈز بەرگەندىن كېيىن، ناھايىتى تەستە قۇدىلاشقان بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتىدە يىمىرىلمەس بىر ھاڭ شەكىللىنىپ قالدى. سالىھ تۆرەم، رابىيەم خېنىملار كېلىن كۆچۈرۈشكە كەلگەن ئايال قۇدىسىنىڭ ھېلىقىدەك غەلىتە ياسىنىشى، ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئۇ ئارزۇلۇق خوتۇنىنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەسلىكى دېگەندەك بىر قاتار مۇقامدا يوق ئىشلارنى قوبۇل قىلالماي تۇرغاندا، نېرۋىسىدىن ئازغان يادىكار خېنىم تۇيۇقسىز توي ئەھلىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئالىجوقا سۆزلەپ تويىنى پاتىپاراقچىلىققا سېلىۋەتتى. سالىھ تۆرەملەرنىڭ مېھمانلىرىنىڭ ئالدىدا بۇ كاتتا باي قۇدىسىنىڭ ئائىلىۋى سورۇقچىلىقى ئاشكارا بولدى. تەقۋالىق، قائىدە ـ يوسۇن جەھەتتە ئابرۇيغا ئىگە تۆرەمنىڭ قانداق ئادەم بىلەن قۇدىلاشقانلىقى، رەناغا قېيىنئاتا بولغان ھەمدۇللا ھاجىنىڭ نەچچە خوتۇنى بارلىقى توغرىسىدىكى سۆز ـ چۆچەك ئەنجان كوچىسىدىن ھالقىپ پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتى توي بىلەن تەڭ ئاخىرلاشتى. ئەلۋەتتە، ئايخېنىمنىڭ ئوينىغان ئويۇنى ئۇچۇن ئاز ـ تولا تەنبىھ بېرىپ قويغان ئەنقەر بىلەن دادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغىمۇ ئارازچىلىق چۈشتى. ئۇ شۇ كۈنى توي ئەھلىنىڭ ئالدىدىن ئانىسىنى ياندۇرۇپ چىقىپ ئايخېنىمنىڭ ئالدىغا ئاپارغان، ئاچچىقىنى باسالماي ئۆگەي ئانىسىغا تەنبىھ بېرىپ قويغانىدى. شۇ ئىشلار تۈپەيلى ھەمدۇللا ھاجى بىلەن قۇدىلىرى ئوتتۇرىسىدا يىرىكچىلىك داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ئەمدى كېلىپ بۇ ئىش يۈز بەردى. ئەمدىلا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان بىر نارەسىدە بوۋاق — ئەنقەرنىڭ نارەسىدە ئوغلى كېسەل كارىۋىتىدا بىھوش ياتقان ئانىسىنىڭ يېنىدىن يوقاپ كەتتى.

# ئونىنچى باب

## 45

تۆيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ بەختسىزلىك ئەنقەرنى گاڭگىرىتىپلا قويدى.

ئەنقەرنىڭ بۇ دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان ئوغلىنى كىمدۇر بىرسى دوختۇرخانىدىن كۆتۈرۈپلا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى، تەن ـ تەنلىرى ئازاب ئوتىدا توختاۋسىز كۆيمەكتە. ئېھتىمال ئۇنىڭ يۈرىكى قان بىلەن گۆشتىن پۈتكەن يۈرەك بولماستىن، بەلكى بىر پارچە تاش بولغان بولسا، بۇ كۆيۈش ئۇنچە ئېغىر، ئۇنچە ئازابلىق بولمىغان بولاتتى. لېكىن، يۈرەك دېگەن ھامان يۈرەك ئىكەن، ئۇنىڭ كۆيۈك ئازابى مەڭگۈلۈك بولىدىغان گەپ ئىكەن.

ئەنقەر جاھانكەزدى دەرۋىشتەك كوچىلارنى، بازارلارنى كېزىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۇسۇك چاچلىرى چۇۋۇلغان، ھەپتىلەپ ئۇستىرا تەگمىگەن ساقاللىرى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك دىردىيىپ تۇراتتى. ئىلگىرى قاچانلا قارىسا پاكىز، رەتلىك تۇرىدىغان كىيىم ـ كېچەكلىرى خېلىدىن بېرى ئالماشتۇرۇلمىغاچقا، ئۇنىڭ تەق ـ تۇرقى شەھەر سەرگەردانلىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

قاباھەتلىك چۈشتەك تۆيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىش ئەنقەرنىڭ تۇرمۇشىنى، ھايات قارىشىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇ بۇ ئىشتا ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ئاشۇ نەس باسقان تېلېفوننى ئالمىغان بولسام، رەنانىڭ ئەھۋالى تۇراقلاشقۇچە دوختۇرخانىدىن ئايرىلمىغان بولسام، مۇشۇ ئىش يۈز بەرمەيتتى، دەپ ئويلايتتى.

ئۇ يەنە پۇل بىلەن ياش، چىرايلىق خوتۇندىن باشقا ھېچنېمە خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغا دادىسىدىن، بالىلارنىڭ ھېچقانداق ئىشىغا كۆيمەيدىغان خانىشتىن ئاغرىناتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، رەنا تۇغۇت ئۈستىدە بولغاندىكىن، دادىسىنىڭ، ئائىلىدە ئانا رولىنى ئۆتەۋاتقان خانىشنىڭ دوختۇرخانىغا كېلىپ ئەھۋال سوراپ قويۇشى لازىم ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتقان رەناغا يۈز كېلەلمەيتتى. ئەلەم، غەزەپ دەستىدىن زۇۋانسىز تۇرغان قېيىنئاتىسى سالىھ تۆرەمنىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قارىيالمايتتى. رەنانىڭ ياستۇقىنىڭ بېشىغا جايىنامازنى سېلىۋېلىپ نالە قىلىۋاتقان قېيىنئانىسىغا ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ بىلەن تەسەللى ئېيتىشقا ئەسلا يۈزى يوق ئىدى.

ساقچىلار قاتتىق چۆچۈدى. بۇ شەھەردە دوختۇرخانىدىن بوۋاق يوقاپ كەتكەنلىك دېلوسى ئۇلارنىڭ خاتىرىسىگە تۇنجى بولۇپ پۈتۈلدى. بىراق، نەچچە كۈندىن بۇيانقى تەكشۈرۈشتە دوختۇر، سېستىرالار ياكى كېسەللەر، كېسەل باققۇچىلار يوچۇن ئادەمنىڭ بۇ يەردىن باشقىلارنىڭ بالىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلمىغان. پەقەت دوختۇرخانىنىڭ كۆزىتىش ئۈسكۈنىسىنىڭ سىن خاتىرىسىدە بېشىغا قىزىل گاز ياغلىق ئارتىۋالغان بىر ئايالنىڭ بالا كۆتۈرگىنىچە ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كارىدوردا ئالدىراپ ـ تېنەپ ماڭغان، لىفىتقا چۈشمەي، پەشتاق ئېغىزىغا بۇرالغان كۆرۈنۈشى ساقلىنىپ قالغانىدى. بۇ بىردىنبىر يىپ ئۇچى ئىدى. لېكىن، سىنغا چۈشكەن گۇمانلىق ئايال بوۋاقنى پەپىلەۋاتقاندەك يۈزىنى ئۇنىڭغا يېقىن تۇتۇۋالغاچقا، چىرايى ئېنىق كۆرۈنمەي قالغانىدى. گۇماندارنىڭ بېشىدىكى قىزىل ياغلىقىدىن باشقا پاكىت قىلغۇدەك نىشان يوق ئىدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتتى. ھازىرغىچە بوۋاقنىڭ ئىز ـ دېرىكى بولمىدى. ساقچىلار دېلو تۇرغۇزۇش، كۆز ـ قۇلاق قويۇش، ئەھۋال كۆزىتىشتىن باشقىغا ئامال قىلالمايۋاتاتتى.

قەلبىنى خىيال، غىرىبلىق تۇيغۇسى چىرمىۋالغان ئەنقەر بىر ئاشخانىنىڭ پەشتىقىدا ئولتۇرۇپ قولىدىكى تاماكىسىغا ئوت ياقتى. بۇ يەر كونىشەھەرگە تۇتىشىدىغان تار كوچا ئىغىزىدىكى مەدىكار بازىرى بولۇپ، قەددى يادەك ئېگىلىپ تۇگۇلۇپ تۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇمتۇلۇپ ئىش كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئەنقەر تاماكىسىنى شورىغاچ، كۆز ئالدىدىكى ئادەملەرگە قاراپلا قالدى. بۇ ئادەملەرنىڭ تۇرقى شۇنچىلىك رەزگى، ساقال ـ بۇرۇتىغا ئۇستىرا تېگىپ باقمىغىلى ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، روھى خېلىلا ئۇستۇندەك قىلاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ چاقچاق قىلىشاتتى. قانداقتۇر بىر ئىشلىرى توغرىسىدا ھېكايەت ئېيتىشاتتى. ھەتتا بەزىلىرى ئاغزىنى كالچايتىپ قانداق قىلغاندا يېڭى تونۇشۇپ قالغان ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. شۇنداق، شۇ تاپتا ئەنقەرگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ كۆرۈنەتتى. ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ئەمدىلا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋىقىنى بىراۋ ئېلىپ قاچمىغاندۇ. ئېھتىمال ئۇلار بىر كۈن تاپقىنىنى ئىككىنچى كۈنگە ئېشىنالمىسىمۇ، ھاياتىدا ئۆزىگە، ئايالىغا، قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسىغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلار يۈز بەرمىگەندۇ. ئۇلارنىڭ دادىسى كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئانىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ياش، چىرايلىق خوتۇن ئېلىۋالمىغاندۇ، روھىي زەربىدىن مەجرۇھ بولغان بالىلىرىنىڭ ئانىسىنى تاشلىۋەتمىگەندۇ، ياكى ئۇلارنىڭ دادىسىنى بالىلىرىدىن قىزغىنىدىغان ئۆگەي ئانىلىرى يوقتۇر.

ــ ئەكېلە، ئاداش، تاماكاڭدىن بىر شورىۋالاي!

ئۆتۈنۈش بىلەن دوستانىلىك ئارىلاشقان ئاۋاز بىلەن تەڭ، قاداق، يېغىر باسقان قوپال بىر قول ئەنقەرگە تەڭلەندى. ئەنقەر بىرئاز چۆچۈگەندەك قىلىپ ساقال باسقان ناتونۇش چىرايغا قارىماستىن يېنىدىن قېپى مىجىلىپ كەتكەن تاماكىسىنى

چىقاردى ـ دە، ئۆنىڭغا ئۆزارتتى:
— مانا، ئىلىشىڭلا.

ناتونۇش ئادەم تاماكىنى توم كالپۇكلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ ئىڭىشتى ـ دە، تاماكىنىڭ ئۇچىنى ئەنقەرنىڭ تاماكىسىنىڭ ئۇچىغا تەگكۈزۈپ ئوت تۇتاشتۇردى. ئاندىن كونا تونۇشلاردەك ئەنقەرنىڭ يېنىغىلا زوڭزىيىپ، دېدى :

— رەھمەت، ھە ئاداش، — ئۇ خۇمارى ئەدەپ كەتكەندەك تاماكىنى راسا قېنىپ ئىككى شورىغاندىن كېيىن، ئەنقەرگە سىنچىلاپ قاراپ سورىدى، — سىلە نېمە كەسىپ قىلىسىلە؟ تامچىمۇ، لايچىمۇ ياكى ئەۋرەز تازىلامسىلە؟

ئەنقەر بىر يېرى تۇيۇقسىز ئاغرىپ كەتكەندەك، غۇژژىدە بىر تورۇلدى ـ يۇ، يەنە تېزدىن ئەسلىگە كەلدى. قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى بارماقلىرى بىلەن بېسىپ ئۆچۈرۈپ، بۇ ناتونۇش كىشىگە تىكىلدى:

— ئۆزۈڭلا قىياس قىلىڭلا، زادى نېمە كەسىپ قىلىدىغاندەك تۇرىمەن؟

— ئېزىلىپ ئولتۇرۇشۇڭلاردىن قارىسامغۇ، بەئەينى بىر ئاقىناچىدەك كۆرۈنىدىكەنسىلە. لېكىن، ئاقىناچى ئادەم بۇ كوچىدا كۆن ئالالمايدۇ، قىلغۇدەك ئىش تېپىلسىلا، جان تىكىپ ئىشلەيدىغان گەپ... قارىغاندا، سىلە يېڭى كەلگەن ئوخشايسىلە؟

ئەنقەر مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

بىر چاغدا «خانتاجى» ماركىلىق تىللا رەڭ پىكاپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا توختىدى. ماشىنىدىن چۈشكەن ئالىپتە باي دانلاقتا چۈشكەن قۇشقاچتەك گۈررىدە ئەتراپىغا ئولاشقان مەدىكارچىلارغا قاراپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— ماشىنىغا يۈك بېسىشقا ئالتە ئادەم لازىم... قاششاق، ئىش خۇشياقماسلىرىڭلار نېرى تۇرۇڭلار !

بۇ ئالىپتە باي ھەمدۇللا ھاجى ئىدى. ئەنقەر دادىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ھەم ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولدى. لېكىن،

ئارىلىق بەك يېقىن، دادىسىنىڭ كۆزى مۆشۈ تەرەپتە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە تىكىلگىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قالدى.

ئەنقەر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ھەم شۇنداق دەيدىغانلىقىنى بىلىپ ماشىنىغا چىقتى.

ھەمدۇللا ھاجى ئەتراپىغا ئولىشىپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدا جانلىقراق كۆرۈنگەن بىرسىگە:

ــ ئىشقا پەم ـ پاراستى بار نوچىدىن بەشنى ئېلىپ، تەرەققىيات رايونى ياغاچ ماتېرىياللار زاۋۇتىغا بېرىڭلار، ئىش ھەققىڭلارنى ئوبدان بېرىمەن، ــ دەپ گەپ تاپىلىغاندىن كېيىن ئىلياسقا بۇيرۇق قىلدى، ــ كەينىمىزگە يانايلى !

ئۇلار شەھەر ئىچىدىن چىقىپ، جەنۇبقا قاراپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن تەرەققىيات رايونىغا بۇرالدى.

ئەنقەر ماشىنىنىڭ كەينى ئورۇندۇقىدا ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى. ھازىر دادىسىنىڭ كەيپىياتى ناچار، قىلمۇاتقان ئىشىغا جىددىي قارىغاچقا، دەماللىققا ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا چولىسى يوقتەك كۆرۈنەتتى.

دادا ـ بالا بەئەينى ھېلىلا مەدىكار بازىرىدا ئۇچرىشىپ قالغان ناتونۇشلاردەك ئۈن ـ تىنسىز ھالدا زاۋۇت قورۇسىغا كىرىپ كېلىشىگە، ھاجىنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى. ئۇ يانفوننى قولىقىغا تۇتۇپ، قارشى تەرەپكە جاۋاب قايتۇردى:

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خېنىم... ئوبدان، ئوبدان... ئۆزلىرىنىڭچۇ؟ ــ ھاجىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، ئاۋازى سىپايىلىشىپ قالدى، ــ ھە... ھازىرلا بېرىشىم زۆرۈرمىدى، ئىشلار بېسىققاندا، قولۇم سەل ئارىسال بولغاندا بارسام بولمامتى؟ ھە... ھازىر بارمىسام بولمايدىغان ئىش بولسا، باراي، خېنىم. ماقۇل ھە، ھېلى كۆرۈشەيلى...

ھاجى قارشى تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ، ئەنقەرگە بۇرالدى:

— ماۋۇ ئالدىراشچىلىقنى قارىمامدىغان، بىر - بىرىدىن ئالدىراش ئىشلار... ماڭا قايلا، بالام، بۈگۈن ئىچكىرىگە يولغا سالىدىغانغا ئۈچ ماشىنا خام پەنەركە تەييار بولغان. ئۆزىمىزدىن ئادەم بولمىغاچقا، بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلىرى تازا يۈرۈشمەي، ئۆزۈم چېپىپ يۈرىمەن... لېكىن مېنىڭ هازىر تازا ئالدىراش ئىشىم چىقىپ قالدى. شۇڭا، مەدىكار بازىرىدىن كېلىدىغانلارنى سەن ئىشقا سېلىپ تۇر. قالدى گەپلەرنى مەن قايتىپ كەلگەندە مۇڭدىشايلى، بولامدۇ؟

ئەنقەر ئۈندىمەستىن ماشىنىدىن چۈشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ گەپكىمۇ، ئىشقىمۇ تاۋى يوق ئىدى.

قارالىق بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى، هەممە ئادەم ئۆز هەلەكچىلىكىدە ئالدىراش ئىدى. دادىسى ئۇنىڭدىن: نېمە بولدۇڭ، بالام، تېلېفون قىلسام نېمىشقا ئالمايسەن، روهىڭ نېمانچىلا چۈشۈپ كەتتى، بېشىڭغا نېمە كۈن كەلدى، قورسىقىڭ ئاچمۇ، توقمۇ، بالام؟ دەپ سوراپ قويسىچۇ كاشكى!

تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئەنقەر بۇ كاتتا پىكاپنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن قېچىپ كەتكۈسى، مال - دۇنيا، ئەيش - ئىشرەت، هىيلە - مىكىر، سۇيىقەست، تەڭقىسلىق، ئازاب - ئوقۇبەتتىن مۇستەسنا بولغان باشقا بىر دۇنياغا كەتكۈسى كەلدى...

## 46

بۇ هېلىقى قەدىمىي كوچا ئىدى. بۇ كوچىنى هەممە كىشى «خان كوچىسى» دېيىشەتتى. بۇ ئېهتىمال نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بۇ كوچىدا خان ئوردىسى بولغانلىقى، خان جەمەتى ياشىغانلىقى، خاننىڭ ئايىغى تەگكەن كوچا بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

تىللا رەڭ پىكاپ خان كوچىسىغا كىرىپ كەلدى. بۇ كوچا

هازىرقى يېڭى كوچىلارغا قارىغاندا ھەقىقەتەن تار، قىستاڭچىلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ كوچىدا چوڭ بولغان كىشىنىڭ يۈرىكى، تۇيغۇلىرى يەنىلا كەڭ ـ ئازادە دۇنيادا كېتىۋاتقاندەك بىر خىل ئىللىقلىقنى، خاتىرجەملىكنى ھېس قىلاتتى.

ھەمدۇللا ھاجى ماشىنىنى كوچىدىكى بىر قولتۇقتا توختاتتى ـ دە، قىيا ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە كىردى. ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ھەمىشە گۈلدەك ئېچىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدىغان ئايخېنىم ھۇجرا ئۆيدە تۇغۇتلۇق ياتاتتى.

ــ ئەجەبمۇ سەت بولدى، ئالدىلىرىغا چىقالمىدىم، ھاجىم، ــ ئايخېنىم ھاجىنىڭ سالاپەتلىك ئالدىدا ئۇيالغاندەك، ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۆرە بولماقچى بولدى. ھاجى ئايالىنىڭ باش تەرىپىگە سېلىنغان تەتىللا كۆرپىگە جايلاشقاچ، ئۇنى قوزغالماسلىققا دەۋەت قىلدى:

ــ بولدى، مىدىرلىمىسىلا. ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋالسىلىرى شامالداپ ئۇزۇلۇپ قالىلا، خېنىم! ــ ئۇ ياستۇقنى سەل كۆتۈرۈپ، ئايالغا مېھرىبانلىق قىلىۋاتاتتى. ئاندىن ئايالىنىڭ يېنىدا ياتقان بىر جۈپ بوۋاققا قاراپ سورىدى، ــ ۋاي كۆرسىلە ما ئىشنى، قوشكېزەك تۇغۇپلا ـ دە!

ــ ھەئە، ــ دېدى ئايخېنىم مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ــ خۇدايىم تىلىكىمگە يەتكۈزۈپ بىر ئوغۇل، بىر قىز ئاتا قىلدى، دېسە!

ــ شۇنداقمۇ، تېخى! ــ ھاجى ھاياجىنىنى باسالماستىن تىزلىنىپ ئېڭىشكىنىچە بوۋاقلارغا سەپسالدى. بوۋاقلار كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ھاجى ئىككى بوۋاقنى تەڭلا قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئەتلىك، بۇدرۇق تۇرقى، سۇتتەك ئاپپاق چېھرىنى ماختىدى، ئاندىن ئايخېنىمغا قاراپ، ــ مۇبارەك بولسۇن، خېنىم! ــ دېدى.

— ئۆزلىرىگىمۇ مۇبارەك بولسۇن، ھاجىم! ئىككىمىزنىڭ رىزق نىكاھىمىز قوشۇلغاندىن بېرى شۇنچە تىلەپمۇ ئوغۇل تۇغۇپ بېرەلمىگەنىدىم، مانا ئەمدى ھەر جەھەتتىن كامالەتكە يېتىپ تازا قىران بولغان مەزمۇت چاغلىرىدا پاقلانىدەك ئوغۇلغا ئاتا بولدىلا.

— رەھمەت، ئۆزلىرىگە!

ئۆي ئىچىنى بەخت، خۇشاللىق تۇيغۇسى ئەسىر قىلدى.

— قاچان يەڭگىۋالدىلىكىن؟

— ئۈچ كۈن بولدى.

— دوختۇرخانىدىمۇ؟

— ياق، ئۆيدە.

— قانچە قىينالغاندىلا، خېنىم. تېلېفون قىلغان بولسىلىرى ماشىنا ئەكېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارماسمىدىم؟

— شۇنداق قىلايمۇ دېگەن، لېكىن ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىشنى بىئەپ كۆردۈم. يەنە بىر تەرەپتىن، يامان كۆز، يامان سۆزدىن قاچتىم. تالادا سۆرىلىپ يۈرگىنىمنى ياتلار كۆرۈپ قالسا، نېمە دەيدۇ...

— خەقنىڭ گېپىدىن قورقۇپ ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرغىلى بولماس!

— شۇنداق بولسىمۇ دوست - دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلدىم.

— ھەي... سىلىنىڭ خۇپىيانىلىككە ئادەتلەنگەن مۇشۇ مىجەزلىرىزە... كىم تۇغۇت ئانىسى بولدى؟

— بىر نەۋرە سىڭلىم. ئاي - كۈنۈم يېقىنلاشقاندىن بېرى سەھرادىن چاقىرتىپ يېنىمغا ئەكىرىۋالغان.

— ئەمىسە كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— كۆكتات ئەكىرگىلى چىقىپ كەتكەن، يانار چېغى بولدى.

شۇ ئارىدا گېپى بولۇۋاتقان سىڭىل كىرىپ، ھاجىغا سالام قىلدى. ئۇ قىرىق ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ئايال بولۇپ، ئىش -

ھەربكىتى قوپالراق بولسىمۇ، ئايىغى چاققان كۆرۈنەتتى.
— مەن ھازىرلا قىلىپ بېرىدىغان قانداق ئىش بار؟ — دەپ سورىدى ھاجى يىرىك تۇك باسقان توم بىلىكىدىكى ئالتۇن سائەتكە قاراپ قويۇپ. ئايخېنىم ھاجىنىڭ كۆزلىرىگە ئىلتىجا بىلەن تىكىلدى:
— باللارغا ئىسىم قويۇپ بېرەرمىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم.
— ھوي، راست... — ھاجى مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئۆيىنىڭ تورۇسىغا تىكىلدى. بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن دۇدۇقلاپقىنا ئاغزىنى ئۆمەللىدى:
— ئوغلىمىزنىڭ ئىسمى ئىليار، قىزىمىزنىڭ ئىسمى ئەلنىگار بولسا، قانداق؟
ئايخېنىم ھاجىنىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن چاغلىرىدىكىدەك خۇشال بولۇپ ۋىلىقلاپ كۈلدى:
— ۋىيەي، ھاجىم... مەن ئاي - كۈنۈم يېقىنلاشقاندىن بۇيان شۇنچە ئويلاپمۇ ھەم ئىككىمىزنىڭ ئىسمى زاتىغا يېقىن كېلىدىغان، ھەم بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنىڭ ئىسمىغا ئوخشاپ قالمىغۇدەك ئىسىم تېپىپ بولالماي بېشىم قاتقانىدى. سىلى ئالدىن ئويلاپ كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ قويغاندەك ئەجەب يېقىملىق ئىسىملارنى قويۇپ بەردىلىغۇ! شەھەر كۆرگەن، ئادەم بىلەن ئارىلاشقان ئادەم دېگەننىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، بىلىمى شۇنداق مول بولىدىغان ئوخشايدۇ!
ھاجى كۈلۈپ قويدى. ئۇ، دۇنيادىن خەۋەرسىز ئۇخلاۋاتقان بىر جۈپ بوۋاققا قاراپ، بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك سورىدى:
— ئەلسەنەم ئۆيدە يوققۇ؟
— يادىلىرىدىن چىقىپ قالمىغاندۇ، ئۇنى بۇ يىل مەكتەپكە بەردۇق، ھاجىم.
— ھە راست... ھە... ئۇ ھازىر قانداقراق، مەكتەپكە خېلى كۆنگەندەكمۇ؟ كوچىدىكى مەكتەپنى قىسقارتىپ، يېڭىشەھەردىكى

باشقا مەكتەپكە قوشۇۋەتكەندىن كېيىن ئارلىق يىراق بولۇپ قالغاندەك تۇرامدۇ نېمە؟

— شۇنداق بولدى، دەسلەپتە ئاپىرىپ - ئەكېلىپ بولالماي راسا قىينالدۇق. كېيىن ھەقەمسايىلەرنىڭ يۇقىرى يىللىقتىكى بالىلىرىغا قوشۇپ يولغا سالدىم. كەچتە شۇ بالىلار ئالغاچ كېلىدۇ. ھازىر ھەر ھالدا كۆنۈپ قالدى.

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ يانفونى توختىماي سايراپ تۇراتتى. بىرسىنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرسە، يەنە بىر گەپ چىقاتتى. بەزى ئىشلار تېلېفوندا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولمىدىغان ئىشلار ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىر ئاز ئالدىراپ قالدى. ئايخېنىمنىڭ داستىخىنىغا ساقلىماستىن ئورنىدىن تۇردى:

— نەچچە كۈندىن بېرى سەل ئالدىراش بولۇپ قېلىۋاتىمەن. ئەنقەر جېنىمغا ئۇبدان ئەسقېتىۋاتقان، لېكىن ئۇ كىچىككىنە كېلىشمەسلىك بىلەن ھەممە ئىشنى تاشلاپ، بىر قاشقا چىقىۋالدى. شۇڭا، مەن ماڭاي. بالىغا ئىسىم قويىدىغان ئىشنى جۈمە كۈنىگە قالدۇرايلى. جۈمەدىن كېيىن مەسچىت جامائىتىنى چىللاپ ئات تويى قىلىپ، ئاندىن ئەزان ئېيتىپ ئىسىم قويايلى، — ھاجى سۆزلىگەچ خورما رەڭلىك خۇرۇم قول سومكىسىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئاچتى. يۈز يۈەنلىك پۇلدىن ئون نەچچە ۋاراقنى ئايرىپ ئېلىپ ئايخېنىمنىڭ ياستۇقى يېنىغا قويدى، — مەسىلە، ئۆزلىرىنىڭ، بالىلارنىڭ كەم - كوتىلىرى ئۈچۈن خەجلەپ تۇرسىلا. يەنە چۈشتىن كېيىن بازارغا بالا چىقارتىپ قارا قوچقاردىن بىرنى ئالدۇرۇپ ئەۋەتەي، ۋاقتىدا تېرىگە چۈشۈپ، تۇغۇتتىن مەزمۇت قوپسىلا.

— رەھمەت، ھاجىم، خۇدايىم دۆلەتلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلار!

— دېگەنلىرى كەلسۇن، خېنىم. لېكىن، سىلى قاچانغىچە ماڭا مۇشۇنداق تۈزۈت قىلارلا، — ھاجى بوۋاقلارغا مېھرى بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن، سومكىسىدىن ئاۋازى بېسىلماي قالغان يانفوننى ئالغاچ تاشقىرىغا ماڭدى.

## 47

ئەنقەرنىڭ بىر چەتكە چىقىۋېلىشى ھاجىنى راستىلا ھالسىرىتىپ قويدى، ئۇ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئوغلىنىڭ بۇنچە مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىكەن، مانا ئەمدى ئوغلى ئىشقا كەلمەي قويۇۋىدى، ھەممە بالاغا ئۆزى قالدى. بۇنى ئاز دەپ تارماق شىركەتلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تۇرغان ئۇچۇر سىستېمىسى، بوغالتىرلىق ئىشلىرىمۇ پالەچ ھالغا چۈشەي دەپ قالدى، ئۇ بالىدا نېمە سىر باركىنتاڭ؟! ئۇ قەيەردە بولسا شۇ يەرنىڭ ئىشلىرى جانلىنىپ كېتەتتى، مانا ئەمدى...

ھارغان، چارچىغان ھاجى بۈگۈن بىر قارارغا كەلدى، ئەنقەرنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى، ئوغلىنىڭ ئىدىيەسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىپ ئارىنى ئوچۇق قىلماقچى، شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئىزىغا سالماقچى بولدى.

ئەنقەر دوختۇرخانا ئىچىدىكى گۈللۈكتە ــ چاچ رەڭ سىرلانغان ئىككى كىشىلىك ياغاچ ئورۇندۇقتا يالغۇز ئولتۇراتتى، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە سىنچىلاپ قارايتتى، بولۇپمۇ بوۋاق كۆتۈرۈۋالغان ئاياللار ئالدىدىن ئۆتكۈدەك بولسا، ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ قاچقان نامەلۇم ئازغۇن ئايال ناشۇكۇرلۇكتىن قىلىپ سالغان ئىشىغا ۋىجدان ئازابى تارتىپ، پۇشايمان قىلغان، توۋا قىلىپ كەينىگە يېنىپ كېلىپ قالىدىغاندەك، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ــ ئەنقەردىن گۇناھىنى تىلەيدىغاندەك، ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇ ئىلكىدە پىكىر ـ خىياللىرى قاناتلىنىپ كېتەتتى. ئاھ، ياراتقان خۇدا، ئازغۇن بەندىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بېرىپ، شۇنداق بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ قالغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە ! ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئەنقەر ئۇ ئايالنىڭ ئېزىپ ـ تېزىپ سادىر قىلغان گۇناھىدىن ئۆتكەن بولاتتى، ساقچىلارغا مۇراجىئەت قىلىپ،

بىچارە ئازغۇن ئايالنى قاماقتىن، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبلىشىگە يوللاشتىن كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنگەن بولاتتى. ھەتتا بالىسىنى قايتا كۆرەلمىسە، ئۇ ئاشۇ ئايالنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يىغلاپ رەھمەت ئېيتىشقىمۇ رازى ئىدى.

ئەنقەرنىڭ كۆز ياشلىرى ئالدىدىكى چىملىقنى نەملىدى... كۈنلەر ئۆتمۈەردى، ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئەمما مىجەزى تەرسارق كەلگەن قېيىنئاتىسىغا ئۇدۇل بولالمىدى، بالا دېسە جېنىنى بېرىدىغان قېيىنئانىسىدىنمۇ قېچىپ يۈردى. توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ ئاخىر جان تالىشىپ تۇرۇپ يەڭگەن، ئەمما بالىسىنى كۆرەلمەي ئارماندا قالغان رەناسىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى.

رەنا ئەمدى تۇغالمايتتى، بۇ گەرچە تەقدىرنىڭ ھۆكمى بولمىسىمۇ، دوختۇرنىڭ سۆزى ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇ تۇغۇت ئوپېراتسىيەسى قىلىندى، بۇ بىر ئايالنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تۇغۇتى ئۈچۈن بېرىلگەن ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇش... ئەنقەر رەنا بىلەن بىللە ئۆتىدىغان كېيىنكى ئۆمرىنى يوقاپ كەتكەن ئوغلىنىڭ ئوت - پىراقىغا باغلاپ ئازابلىق خىياللارغا غەرق بولدى.

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئاڭلىغىنى توغرا چىقتى، ئەنقەر دوختۇرخانىدا كۆزلىرىنى ياشلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ دادىسىنى كۆرۈپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك بېشىنى سالغىنىچە دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئوغلىنىڭ ئازابلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ھاجىنىڭ ۋۇجۇدى تىترىدى. ئىچ - ئىچىدىن بۇقسۇپ تۇرغان ئاچچىق، غەزەپلىك ھېسسىياتى شەھەر ئاسمىنىدىكى ئېگىز تۇرخۇندىن بوشلۇققا چىقىپ ئاستا - ئاستا تاراپ كەتكەن قارا تۈتۈندەك تەدرىجىي سۇسلىشىپ قالدى. ئەنقەر گەرچە ئۆزىنىڭ خاپىلىقىنى، شەخسىي ھېسسىياتىنى دەپ چوڭ ئىشقا ــ شۇنچە چوڭ شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا

ھاجىنىڭ — شەھەردىكى تۆتىنىڭ بىرسى سانالغان ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئوغلى ئىدى. ھاجى ئۇنى ئوغۇلنىڭ تۇنجىسى دەپ كۆزىنىڭ قارىچۇقىغا دەسسىتىپ چوڭ قىلغانىدى.

— يۈرە، ماشىنىغا چىق، — دېدى ھاجى سىلىق ئاۋازدا، — بىر يەرگە بېرىپ تاماق يېيىشكەچ پاراڭلىشايلى.

ئەنقەردىن سادا كەلمىدى. ئولتۇرغان يېرىدىنمۇ مىدىرلىمىدى.

— مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، جۇما !

ئەنقەر دادىسىنىڭ تۇۋۇلاشلىرىدىن بىر ئاز چۆچۈگەندەك قىلدى. ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ سەل ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن، ئادەم كۆپ يەردە ئۇنىڭ بىلەن گەپ تەرگىشىپ قىلىشتىن ئېسەنگىرىگەندەك، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ماشىنىغا چىقتى. گادىرماچ بولۇپ كەتكەن كاللىسىدا بىر تالاي سوئال پەيدا بولدى. پاراڭلىشايلى ! دادام بىرەر چوڭ ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ مېنى ئىزدەپ كەلگەندىمۇ؟ ئۇ بۇ باش ـ ئايىغى كۆرۈنمەس، مەنزىلى قاراڭغۇ ئائىلە توغرىسىدا ماڭا بىر نەرسە دېمەكچىمىدۇ؟ !

ئۇلار «كۇمۇش ئوردا ئالاھىدە تائاملار شەھەرچىسى»گە كېلىپ، «خان ھۇزۇرى ئايرىمخانىسى»دىن ئورۇن ئېلىشتى. خانا پۈتۈنلەي قەدىمىي ئۇسلۇبتا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ يەرمۇ كىشىگە ئىلگىرىكى خان ـ پادىشاھلارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئارىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى. ئەنقەر يەنىلا پېشانىسىنى تۈتقىنىچە بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى. ھاجى ئۇنىڭ ئىپادىسىدىن سىقىلغاندەك، ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— نېمە بولدۇڭ، بالام؟

ئەنقەر كۆڭلىدە دادىسىنىڭ سوئالىدىن ئاغرىندى. دادا بولغان ئادەم ئوغلىنىڭ بېشىغا كەلگەن كەلگۈلۈكنى بىلمەيدىغاندەك، پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتكەن ئىشنى ئاڭلىمىغاندەك پەرۋاسىزلىق

بىلەن گەپ سوراۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇمۇ ئوخشاش ئاھاڭدا پەرۋاسىزلارچە جاۋاب بەردى:

— ھېچنېمە بولمىدىم، دادا.

— ئۇنداقتا نېمىشقا بۇنچە تۇگۈلۈپ يۈرسەن؟ — ھاجىنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ، مۇلايىم كۆزلىرى غەزەپلىك تۈس ئالدى، — نېمىشقا ئىشتىن چىقىۋالىسەن؟!

— مەن مۇشۇ ھالدا قانداق ئىشلىيەلەيمەن؟

— سەن ئوغۇل بالىمۇ، خوتۇن كىشىمۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، دادا؟! — ئەنقەر بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىسىغا لاپپىدە قارىدى، كىچىكىدىن سىلى - ئۆزلىرى دەپ كۆنگەن ئادەمنى قانداقلارچە سەنلەپ سالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. ھاجى ئوغلىنىڭ جاۋابىدىن، قاپىقىنىڭ بېزىنى چىقىرىپ ئالىيىپ قارىغانلىقىدىن ئۆزگە يانغاندەك بىر چۆچۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكە تاس قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى سەل تۇتىۋېلىپ، ئالدىدىكى ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چايدىن بىر ئوتلىدى.

— چوڭىنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە، كىچىكىنىڭ جېنى چىققاندەك ئىش بولۇۋاتامدۇ، بالام؟ ئۆزۈڭنى بېسىۋال - ھە!

ئەنقەر ئۈندىمىدى. ئۇ دادىسىغا تىك قاراپ قېلىشىنى ئۆزىمۇ ئويلىمىغانىدى.

— ئېيتە، ئاشۇنچىلىك ئىشقا ئۆزۈڭنى مۇشۇنداق تۈگەشتۈرۈۋالساڭ بولامدۇ؟

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن، غېمىمدە يوق يۈرەيمۇ؟ يوقاپ كەتكىنى مېنىڭ بالام تۇرسا!

— يوقاپ كەتتى دەپ بۇنچە تەركىدۇنيا بولۇش ئەرزىمدۇ؟ ئۆلۈپ كەتسىمۇ چىدايمىزغۇ؟

— ئۆلۈپ كەتسە ئۇ باشقا گەپ، قەبرىسى بولسىمۇ خاتىرە بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، كۆزى ئوچۇق تۇرغان بىر بالا، يەنە كېلىپ سېنىڭ جانجىگىرىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتسە، سەن چىداپ

يۈرەلەمتىڭ؟ ! مۇشۇنداق ئىز ـ دېرىكى بولمىسا قولۇڭ ئىشقا بارامدۇ؟ خاتىرجەم ئىش ـ ئوقەت قىلالامسەن؟

ــ سەن بۇ ئىشتا بەك سۇخلىنىپ كېتىپسەن، ئەنقەر ! تېگى يوق خىياللارغا غەرق بولۇپ كېتىپسەن ! سەن بېرىپ قېيىنئاتاڭغا ئېيت، بالىنى ئۆلدىگە چىقىرىۋەتسۇن ! مەسچىت جامائەتكە نەزىر بېرىپ، سەدىقە ئېھسان قىلسۇن ! شۇنداق قىلغاندا ئىش تامام ۋەسسالام. ئاندىن كۆڭلۈڭلار تىنىدۇ، ئىشلار جايىغا چۈشىدۇ.

ــ بۇ، ئېيتماققا ئاسان، لېكىن باشقا كەلگەندە تەس. سەن ھەممىشە باشقىلارنىڭ ئىشىغا مۇشۇنداق ئاددىيلا خۇلاسە چىقىرىشقا ئادەتلەنگەن ئالىيجاناب ئادەمسەن. ساڭا ئۆزۈڭنىڭ ئىشى ياخشى يۈرۈشسە، كىشىدىن كۆڭلۈڭ چىگىلىپ قالمىسىلا بولدى، شۇنداقمۇ، دادا؟ !

ــ ئەنقەر ! ــ ھاجى قىزىق چايدا تىلىنى كۆيدۈرۈۋالغاندەك قىزاردى، ــ ھەقىقىي ئەركەك دادىسىغا ئۆكتە قوپمايدۇ، بەلكى دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايدۇ، جۇما ! مەن ساڭا تەنبىھ بېرىۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىۋاتىمەن !

ــ بۇ يول سەن دېگەندەك ئاسان ئەمەس، قېيىنئاتام بۇ ئىشنى بىز تەرەپتىن كۆرۈۋاتىدۇ... دوختۇرلار رەنانى ئەمدى تۇغالمايدۇ، دەيدۇ. ئۇقتۇڭمۇ، دادا !

ھاجىنىڭ چىرايى يەنە ئۆزگەردى :

ــ ئۇ ئەنجانلىق بۇ ئىشنى نېمىدەپ بىزدىن كۆرگۇدەك؟ !

ــ قائىدە ـ يوسۇن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كېلىنىنىڭ تۇغۇتىغا ئوغۇل تەرەپ ئىگە بولۇش كېرەك ئىدى، لېكىن...

ــ ھىم ! ــ ھاجى دىمىقىنى قاقتى، ــ خوتۇنۇڭنىڭ دوختۇر پۇلىنى سەن تۆلىگەن بولغىيدىڭ؟

ــ شۇنداق.

ــ مانا بولمىدىمۇ، پۇل بەرگەندىكىن ئىش تامام ۋەسسالام !

ئەنقەر خورسىنىپ قويدى.

— سەن بۇ ئىشنى، بولۇپمۇ ئاردىكى ھېسسىياتنى پۇل بىلەن ئۆلچىسەڭ قانداق بولىدۇ، دادا؟ قۇدا - باجىلىق، كۈيۈئوغۇل، كېلىننىڭ مۇناسىۋىتى ئادەملەر ئارىسىدىكى ئەڭ نازۇك مۇناسىۋەت. بۇنى بىلەرسەن؟

— بولدى، ماڭا دەرس سۆزلىمە! — ھاجى مۇلازىم قىز ھېلىلا قويۇپ چىقىپ كەتكەن خان ئىپشىغا قوشۇق سالدى، — بېرىپ دېگىن، قېيىنئاتا، قېيىنئاناڭنىڭ بىزگە قورساق كۆپۈكى بولسا قىزىنىڭ خېتىنى ئالسۇن! مەن ساڭا ئون بەش ياشلىق قىز ئېلىپ بېرىمەن — قىز!

ئەنقەر مېڭىسىگە توقماق تەگكەندەك سىلكىنىپ كەتتى:

— جۆيلۈمەيۋاتقانسەن، دادا؟!

— داداڭ جۆيلۈۋاتقاندەك تۇرامدۇ؟! — ھاجى قوۋۇزىغا لىققىدە كەلگەن پاچاق گۆشنى چالا - پۇلا چايناپلا يۇتۇۋېتىپ، ئوغلىغا چەكچەيدى، — سەن تاز دېگۈچە، مەن تاز دەۋالاي، دەپ، مەن گەپ قىلماي ئىچىمگە تىنىپ يۈرسەم، ئۇ ئادەم تا ھازىرغىچە بىزدىن ئاغرىنىپ يۈرۈپتىمۇ، تېخى! ماڭا قايىلا، ھېلىقى تويۇڭ بولغان كۈنىلا مېنىڭ ئۇ خەقتىن كۆڭلۈم قالغان. ئادەمنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلىقلارنى قىلىدىغان خەق ئىكەن، ئۇ! مېنىڭ خوتۇنۇم ياش بولسا، چىرايلىق ياسانسا نېمە بولاپتۇ؟ تېخى مېھمانلارنىڭ يۈزىچە ئادەمگە گەپ ئېتىپ... شۇڭا بېرىپ دەپ قوي... ئالىدىغاننى ئېلىپ قىزىنى چىقىرىۋالسۇن، دوختۇر خوتۇنۇڭنى تۇغالمايدۇ دېگەن بولسا، ئۇنداق خوتۇننى ساقلىغىنىڭ بىلەنمۇ بىكار، بىر ئۆمۈر يىلىكىڭ بىكار كېتىدۇ!

ئەنقەر بوغۇلغاندەك جىممىدە بولۇپ قالدى. ئىچ - ئىچىدىن قايناپ كەلگەن غەزەپ - نەپرەت بوغۇزىغا كەپلەشكەندەك ئۆكسۈدى. ھاجى چىپىلداپ ئېقىۋاتقان تەرىنى سۈرتۈپ، ياندىكى تومپۇچكا ئۈستىدە تۇرغان تىزگىنەك بىلەن ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ تېمپېراتۇرا كۆرسەتكۈچىنى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈردى.

— نېمە، كۆزۈڭدىن ياش چىقىۋاتامدۇ سىنىڭ؟!

— ياش چىقمامدۇ، دادا، جىسمىم قان بىلەن گۆشتىن پۈتكەن ئادەم مەن. سىنىڭ يۈرىكىڭ تاش، ۋۇجۇدۇڭ ياغاچتەك قاتتىق بولغان بىلەن مەن تالاي كېچىلەرنى ئازاب، يىغا ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ مۇشۇ ياشقا كىردىم. كىشىلەر مېنىڭ تەق-تۇرقۇمنى، چىرايىمنى ساڭا ئوخشاتقان بىلەن يۈرىكىم سىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ! قەتئىي ئوخشىمايدۇ! شۇڭا مەن يىغلىماي، ياش تۆكمەي تۇرالامدىمەن؟!...

— نېمە دەۋاتىسەن؟! — ھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — سەن گۆي زادى نېمە دېمەكچى؟

— ئادەم تىلىلىما! — دېدى ئەنقەر بوغۇلۇپ، — سەن ھازىر بانكىدا مىليونلاپ پۇلى بار، جەمئىيەتتە نام-ئاتىقى بار كاتتا باي. لېكىن، سىنىڭ ھايات يولۇڭنى، ئائىلە جەددى-جەمەتىڭنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنگەن ئادەم سېنى ھېلىقى مېھمانسارىيىڭنىڭ ئالدىدىكى سۇنئىي ياسالغان زىننەت دەرىخىگە ئوخشىتىدۇ. قانداقسىغا دەمسەن؟ ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، سەن نۇرغۇن پۇل خەجلەپ تىككەن ئۇ زىننەت دەرىخىنىڭ غولى بار، يىلتىزى يوق. يوپۇرمىقى بار، مېۋىسى يوق، كۆرگۈلۈكى بار، كېرىكى يوق... ئاخشاملىقتا قاراڭغۇ چۈشكەندە مېھمانخاناڭنىڭ ئالدىغا چىقىپ قاراپ باق، زىننەت دەرىخىگە مېۋە شەكلىدە ئېسىپ قويۇلغان لامپۇچكىلار تۈن قاراڭغۇسىدا يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە كۆز قىسىپ، ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىدۇ. ئەمما، ئەتىسى كۈندۈزدە قارىساڭ ئۇ دەرەخنىڭ كۈن نۇرىدا رەڭگى ئۆڭۈپ نە سايىسى، نە مېۋىسى يوق ھالدا قەدىرسىز تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن. كېيىنكى يىلى باھاردا بارچە دەل-دەرەخلەر بىخ-نوتا سۈرىدۇ، لېكىن سىنىڭ ئۇ دەرىخىڭ ئاپتاپنى كۆرسە چاك-چاك يېرىلىپ ئاستا-ئاستا سۇنۇپ تۈگەيدۇ، دادا! يالغان، دەپ باقە، سەن گەرچە ئۆزۈڭنى يول تاپقان، يۈز تاپقان، ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلغان قائىدە-

يوسۇنلۇق مۇسۇلمان بەندىمەن دەپ ھېسابلاپ كەلگەن بولساڭمۇ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالدىڭ. ئاجىز، بىگۇناھ ئاياللارنى كۇنداشلىق ئوتىدا ئازابلاپ، بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىغا مۇپتىلا قىلدىڭ. ئاياللارغا ئاياللارنى قەستلەشكە شارائىت ھازىرلاپ بەردىڭ. كۆزۈڭگە چىرايلىق كۆرۈنگەن قىزلارنى پۇلنىڭ كۈچى بىلەن مەخپىي نىكاھىڭغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىك كوچىسىغا ئىتتەردىڭ. بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، يېشىڭ بىر يەرگە بارغاندا، ئۆزۈڭنىڭ قىزىدەك بىر ئايالنى خوتۇنۇم دەپ كەينىڭگە سېلىپ يۈرۈپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە داڭ ئالدىڭ.

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ گېلىغا سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك ئورنىدا قېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن، كالپۇكلىرى تارتىشقان، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا چاچلىرى چۇۋۇلغان يادىكار خېنىم، ئايخېنىم، قورسىقىدىكى بالا بىلەن كوچىغا قوغلاپ چىقىرىلغان ئالتۇنەم، ھاجىغا ئالدىنىپ قېلىش بەدىلىگە ئامالسىز خوتۇن بولۇپ ئولتۇرغان خانىش... لار ئاللا ـ چۇقان سېلىپ ئۇنىڭ ياقىسىدا ئىلەڭگۈچ ئۇچماقتا ئىدى. ئەنقەر بولسا توختىماي سۆزلەۋاتاتتى:

— مەن ئانامنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. ئاغزى يۇمشاق، دىلى زەھەر ئايخېنىمنىڭ ئالتۇنەم ئىسىملىك ئېغىر بوي خوتۇنۇڭنىڭ چېچىدىن تارتىپ، تاپىنى سۆرىگەندەك سۆرىگىنىنى كۆرگەنىدىم. ئالتۇنەمنىڭ كۆز ياشلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە، شۇڭىمۇ كۆڭلۈمدە مەن ھەرگىز دادامدەك شەھۋەتپەرەس، ۋاپاسىز ئادەم بولمايمەن، دەيتتىم. لېكىن، سەن بۈگۈن ئۆزۈڭنىڭ كۆز قارىشىنى ماڭا تېڭىۋاتىسەن! ئاياللار ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئۇلار شەھۋەتپەرەس ئەرلەرنىڭ ئالدىدا خارلىنىشقىلا يارالغانمۇ؟! ياق، ئاياللارمۇ ئادەم، ئاياللار ئاياللىق سۈلكىتى بىلەن ئەزىز بولسا، ئانىلىق سۈلكىتى بىلەن ئۇلۇغ. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن رەنانى قەدىرلەيمەن. ئەمدى ئۇنى

تاشلىغۇچسەم بولمايدۇ. رەنا ماڭا ئوغلۇمنى تۇغۇپ بەردى (گەرچە ئوغلۇم يوقاپ كەتكەن بولسىمۇ)، بۇ خۇددى ئانامنىڭ مېنى تۇغقىنىغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئىش...

ئەنقەر سۆزلىگەنچە چىقىپ كەتتى. دادىسى يۆلەنچۇكلۇك يۇمشاق ئورۇندۇقتا جىمى چىقىپ كەتكەندەك مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئەنقەر ئۆزىنىڭ گېپى بىلەن بولۇپ دادىسىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىگە دىققەت قىلمىدى.

ئەنقەرنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى. ئۇ «خان ھۇزۇرى ئايرىمخانىسى»دا بىر يۇتۇم چايمۇ ئىچمىگەنىدى.

## 48

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ روھىي دۇنياسى ئېغىر سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ تۇيۇقسىز يەر تەۋرەشنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ئادەم جېنىنى ياقىغا ئالغۇچە، تەۋرەپ تۇرغان بىنالار، قاتمۇقات ئۆيلەر، تار كارىدور، پەشتاقلاردىن، قاناتلىرى يېپىلىپ - ئېچىلىپ تۇرغان ئىشىكلەردىن ئۆمىلەپ چىقىپ بىر ئوچۇقچىلىققا، بىر نىجاتلىققا ئېرىشكۈچە مىڭ ئۆلۈپ - مىڭ تىرىلگەنگە ئوخشاش ئۆز ئۆمرىنىڭ ـــ ماڭغان يولىنىڭ توغرىلىقى بىلەن ناتوغرىلىقى ئوتتۇرىسىدا جان تالاشماقتا ئىدى.

يېرىم ئەسىرلىك ئۆمۈر مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ ئادەم مۇشۇ كۈنلەرگە قەدەر ھاياتىنى پۇل تېپىش، يەپ - ئىچىش، تەننىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈش دەپ چۈشىنىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئەقلىنىڭ يېتىشىچە، كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىپ - تىرمىشىپ تىجارەت قىلىپ زور ئىگىلىك تىكلەپ، ياش چاغلىرىدىلا شەھەردىكى كاتتا بايلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. پۇل - مېلى ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇش دەرىجىسىگە يەتكەندىن كېيىن، تاپقان پۇلىنىڭ مېغىزىنى چېقىپ تۇرۇش خىيالى تۇغۇلدى.

بۇنىڭ بىلەن ياش، چىرايلىق ئاياللارغا كۆزى چۈشتى.

ئاياللار... ئۇ جىق ئاياللار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سورۇنغا چىقتى. بىر قىسمى چىقمىدى. ئوغلى ھېلىمۇ بەزى ئىشلارنى بىلمەي قاپتۇ، بولمىسا ئۇ يەنە نېمىلەرنى بىلجىرلاپ كېتەتتىكىن؟! لېكىن... ھاجى ئوغلىنىڭ ئىسيانكارلىقىدىن، تەنبىھلىرىدىن بىر ھەقىقەتنى ھېس قىلغاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى كۆڭۈل دالاسىغا قويۇۋەتكەن مۇشۇ يىللاردا ئۆز شەخسىيىتىنى، ھېسسىياتىنى دەپ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپتۇ. ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنى تاشلىۋېتىپتۇ. شۇنداق، ئادەم ئېرىشىش بىلەن يوقىتىشنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدا ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغۇچى ئاجىز بەندە ئىكەن. كىشى ھامان بىرىسىگە ئېرىشكەندە بىرىسىدىن مەھرۇم قالىدىغان گەپ ئىكەن.

ھاجى، پۇل ـ بايلىق بولسىلا، ھەممە بولىدۇ، مەن بالىلىرىمنى ياخشى ئورۇنلاشتۇردۇم، ھەشەمەتلىك ئايۋان ـ ساراي، ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئاشقۇچە يەپ ـ ئىچىش، ئالىي پىكاپ، قىممەت باھالىق ئېسىل كىيىم ـ كېچەك... ئۇلارنىڭ ھەممە نېمىسىنى تەل قىلدىم، دەپ ئويلايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ھاياتتىكى ئەڭ يېقىن كىشىم دەپ ئويلىغان ئوغلى بەئەينى يانار تاغدەك پارتلاپ، ئۇنىڭ بۇ شېرىن خىيالىنى بەربات قىلىۋەتتى. ھاجىنىڭ بەش يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ شەھەر مەركىزىدىكى ئەڭ ئېگىز بىنادىن ئېلىپ بەرگەن كەڭتاشا، كاتتا ئولتۇراق ئۆيى، ھەشەمەتلىك پىكاپ، چوڭ ئوغلۇم دەپ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈشلىرى ئوغلىنىڭ قەلبىدىكى كەمتۈكلۈكىنى تولدۇرالمىغاندى. راست، ئۇ يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئەنقەرنىڭ ئانىسى يادىكار خېنىمنى داۋاملىق ھامىيلىققا ئېلىپ بېقىش شەرتى بىلەن سوت ئارقىلىق ئاجراشتى. ئاندىن ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ كۆزىچە ئايخېنىمنى تويلاپ شۇ ھويلىغا ئەكىردى. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئائىلىدە كۈنداشلىق،

ئۆچمەنلىك، ياش تۆكۈش، قېيىداش، ھەسرەت... بىر كۈنىمۇ ئۆكسۈمەي كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تالاي ھېيت ـ ئايەملەر، قۇتلۇق كۈنلەر ئۆتتى. لېكىن بۇ ئائىلىدە ھېيت بولماي، كۆڭۈل قىيامىتى بولدى. ھەر ھېيتتا ئائىلىدىكىلەر بىر داستىخانغا جەم بولغاندا بۇ جەم بولۇش ھېيت مۇراسىمى بولماي، گويا ماتەم مۇراسىمى بولاتتى. كىيىنىشلەر شۇنچە پۈزۈر، داستىخان شۇنچە مول بولاتتى ـ يۇ، بىراق چىرايلار شۇنچە سۆرۈن، كۆزلەر شۇنچە خاپىغان كۆرۈنەتتى. ئۆگەي ئانىنىڭ باللارغا چىن يۈرىكىدىن چىققان ئىككى ئېغىز چىرايلىق گېپى يوق ئىدى. گەپ قىلسىمۇ، كۆڭلىنى ئىزدىگەندەك قىلسىمۇ، ئاشۇ گەپ ـ سۆزلەرگە، كۆڭۈل ئىزدەشلەرگە بىر خىل رەسمىيەتچىلىك، سۇخەنچىلىك ئارىلاشقاندەك تەبىئىي ئەمەس ئىدى. گەپ ـ سۆزلەر ياپتا، كۆڭۈل ئىزدەشلەر ساختىدەك بىلىنەتتى. ئۆگەي باللارنىڭ ئۆگەي ئانىنى كۆرەر كۆزى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆگەينىڭ قولىدىن تاماق يېيىشكە، ئۆگەينىڭ ئالدىدا ياخشى كۈن كۆرۈشكە ئىشەنچى يوق ئىدى. شۇڭىمۇ باللار پۇرسەت بولسىلا تالاغا قاچاتتى. بىردەم بولسىمۇ ئۆگەينىڭ كۆزىدىن نېرى تۇرۇشنى ئىستەيتتى. ئەنقەر دادىسىنىڭ يۈزى ئۈچۈن بولسىمۇ ئايخېنىمنى بىرەر قېتىم ئانا ياكى ئاچا دەپ، باقمىغانىدى. ئايخېنىمنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان تۇرۇقلۇق ئانىسى يوللۇق ئاشۇ ئايال بىلەن يۈزتۇرا گەپ ـ سۆز، ئالغۇ ـ بەرگۈ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلدى. ئۇ خانىشقىمۇ شۇنداق. ئۇ خانىش بىلەن بىر ئائىلىدىكى ناتونۇشلاردەك تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە...

ھەمدۇللا ھاجى تۇرمۇشىدىكى بۇ رېئاللىقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ دوزاخ ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتقاندەك ئۆز ـ ئۆزىدىن ئۇجۇقۇپ كېتەتتى. بولۇپمۇ يېشىنىڭ چوڭىيىشى، زىددىيەتلەرنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىشى داۋامىدا ئۇنىڭدىكى ئازاب تۇيغۇسى تەدرىجىي كۈچىيىپ باردى. ئۇ بەزىدە

بالىلىرى بىلەن ئارزۇلۇق خوتۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل رول ئېلىپ، ئارىدىكى يىرىكچىلىكنى پەسەيتەتتى. بىراق، دەز كەتكەن چىنىنى ماڭ ئۇستاتلىق بىلەن قادىسىمۇ بەربىر ئۇنىڭ دەز ئىزى مەڭگۈ يوقالمىغاندەك، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئۇزاققا بارمايتتى. ھېلىقىدەك ياپتا گەپ، ساختا كۆڭۈل ئىزدەشلەر تۇپەيلىدىن يەنە قېيىداش، باتناشلار داۋاملىشاتتى.

ھاجىنى ھەممىدىن بەكرەك ئارامسىزلاندۇرىدىغىنى قىزغانچۇقلۇقتىن كېلىپ چىققان زىددىيەت ئىدى. مۇشۇ يىللاردا ئۇنىڭ ئىگىلىكى تېز زورايدى. ھاجى ئاشۇ ياش، چىرايلىق خوتۇنلىرىنىڭ نەزىرىدە تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەختكە ئايلاندى. كىم ھاجىغا يېقىنلىشىۋالسا، شۇنىڭ ئېتىكىگە ھاجىنىڭ شاخ ـ شېخى كۆتۈرەلمەي جىرىڭشىپ تۇرغان تىللالىرى تۆكۈلۈپ كېتەتتى. شۇڭا، بۇ خوتۇنلار ھاجىنى ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىلىرىدىنمۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىنمۇ قىزغىنىدىغان بولدى. مەيلى ئايخېنىم بولسۇن، مەيلى خانىش بولسۇن، ھاجىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ياكى باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بىرەر ـ يېرىمدەم ئايرىم مۇڭداشقىنىنى، ھال ـ مۇڭ بولۇشقىنىنى كۆرسىلا چېھرىنى قارا بۇلۇت توسقان ئايدەك تۇتۇلۇپ قالاتتى. ھاجىغا چىش يېرىپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمىسىمۇ، بالىلارغا قىرىچە ـ يېنىچە تېگەتتى. بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى دادىسىغا يامان كۆرسىتەتتى. ئارىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، ئۇلارنى كۆزىدىن نېرى قىلىشنىڭ كويىغا چۈشەتتى. بۇنداق چاغلاردا ھاجى ئىچ ـ ئىچىدىن تولغىنىپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كېتەتتى. لېكىن، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، پەقەت ھېس قىلغىلىلا بولىدىغان پايدا ـ مەنپەئەت جېڭىنى ھەل قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇنداق، مەنپەئەت جېڭى ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسىنى كونترول قىلىۋالغان بولىدۇ. بۇ خىل خاھىش مەنپەئەتپەرەس، ئەمما قولىدىن ھەقىقي ئىش كەلمەيدىغان ئادەملەردە تېخىمۇ

گەۋدىلىك بولىدۇ...

ھەمدۇللا ھاجى «خان ھوزۇرى ئايىرىمخانىسى»دا قانچىلىك ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئالدىدىكى تاماق، گۆش ـ كاۋاپلارنى لېۋىگە تەگكۈزۈپمۇ قويماي چىقىپ كەتكەنلىكىنى، چاينىڭ مۇزلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

ئۇ مېھمىنىگە قان چۇشۇپ كەتكەندەك پۇت ـ قولى كالانپاي ھالدا تاماقخانىدىن چىقتى. شەھەردە گۇگۇم چۇشەي دەپ قالغان، قاراڭغۇلۇقتا جەڭ ئېلان قىلماقچى بولغان كوچا چىراغلىرى سۇس يىلىلداپ كۆز قىسماقتا ئىدى.

## 49

كوچا چىراغلىرى سۇس جىمىرلاپ تۇراتتى. كۆز ئالدىدىكى غۇۋالىقتىن پەيدا بولغان بىر خىل ئىشەنچسىزلىك، ئازاب تۇيغۇسى ئەنقەرنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالغانىدى.

بۈگۈن ئۇنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ئاخىر قايناپ تاشتى. ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدىن پۈتكەن ۋودوروت بومبىسىنى دادىسىنىڭ شەھۋەتلىك قەلبىدە پارتلاتتى. ئۇ ئەمدى يەڭگىللەپ قالسا بولاتتى. كوچا چىراغلىرى تەلتۆكۈس يورۇتالمىغان قاراڭغۇ ئاسمانغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلسە بولاتتى. لېكىن، ئۇ كۈلەلمەيتتى. ئۇنىڭ بالىلىقىدىن باشلاپ بۈگۈنگە قەدەر كۆز ئالدىدا، تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن تىراگېدىيەلەر، روھىي بېسىم، ئازاب ئۇنىڭ قەلبىنى ئېزىۋەتكەنىدى. ئىككىلىنىش، ئۈمىدسىزلىك، ئىشەنمەسلىك پۈتكۈل ئىچكى دۇنياسىنى قاپسىۋالغانىدى. ئەنقەر ھازىر ئۆزىنى چىرمىۋالغان ئەندىشە، ئازاب تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمىغاندەك، ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادىلىككە، خۇشاللىققا ئېلىپ چىققۇدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. ئېھتىمال ئۇ ھاياتىدا ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بولغان

جانجىگەر ئانىسىدىن، يۈرەك پارىسى بولغان بالىسىدىن ئايرىلىپ قالمىغان بولسا، ئۆزىنىڭ ياشلىقىغا مۇجەسسەملەنگەن ساغلاملىق، بايلىق، خىزمەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھالاۋىتىنى، پەيزىنى سۈرەلىگەن بولار ئىدى. ھالبۇكى، بۇ دەرىجىدە دەرد ـ ئەلەمگە قالغان كىشى ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان بەخت، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئەسلا مەنسۇپ بولالمايدۇ.

ئەنقەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قەلبى ئۇنچىمۇ زىددىيەتلىك ئەمەس ئىدى. دادىسىدىن قالغان ئىرسىيەتلىك بەخت تۇيغۇسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇراتتى. ھاياتىدىكى قانداقتۇر بىر يۈكسەكلىكتىن كېلىۋاتقان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى يىگىتلىك قەلبىدە گۈزەل ئارمانلارنى ئويغىتىپ كېلەتتى. ئەمما، ئاشۇ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا ئانا دېگەن سۆز، ئانىسى ھەققىدىكى ئوي ـ پىكىرلەر، ئانىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى سىغدىلىپ كەلسە، ئۇنىڭ چېھرىدىن كۈلكە يوقايتتى. كۈلكە يوقالسا، ھاياتنىڭ رەڭدارلىقى، ئۈمىدۋارلىقى غايىب بولۇپ، قەلبىنى ئازاب تۇمانلىرى ئىسكەنجىگە ئالاتتى. ئىنسانىنىڭ تۇرمۇشى تىراگېدىيە گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، مۇشۇنداق قەلبىدىن خۇشاللىق، چېھرىدىن كۈلكە قاچىدۇ. ئەنقەر بايا ئاياپ ئولتۇرماي دادىسىنىڭ يۈزىگە سالدى، ھايات يولىدا ئېزىپ ـ تېزىپ بۇ بىر جەمەت ئىچىگە كىرىپ قالغان ئايالالار ۋە بۇ جەمەت ئىچىدە ئاپىرىدە بولغان بالىلارنىڭ كۆز يېشى قۇرۇپ كېتەي دېدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى خىرەلەشتى، ئۇلار ئۆكسۈپ يىغلىمايدىغان بولۇپ قالدى، كۆزلىرىدىن ياشمۇ چىقمايدىغان بولۇپ قالدى، ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ يىغا ئەنقەرنىڭ يۈرىكىگە چاڭگال سالدى.

ئۇ خىيال ئىچىدە كوچىلارنى ئايلانماقتا ئىدى. خىرە كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرىدا بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال ـــ قىزىل گاز ياغلىقلىق بىر ئايال توساتتىن پەيدا بولۇپ «سىزنى بۇنچە تۇگىشىپ كېتەر دەپ ئويلىماپتىمەن، تۇتۇڭە بالىڭىزنى!»

دەيدىغاندەك، بەخىرامان كېتىۋاتقان كىشىلەرگە تەلمۈرەتتى. لېكىن، بۇ ئادەملەر... ئۇ ماڭدى. كېتىۋەردى. گۆش ـ كاۋاپ ھىدى دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ ئىشتىھانى ئاچقان كەچلىك بازارلاردىن، تۇرلۇك ئويۇنلار قىزىپ كەتكەن مەيدانلاردىن، لەرزان مۇزىكا ياڭراۋاتقان تانسىخانىلاردىن، مەستلەر بىر ـ بىرىنىڭ بوينىغا ئېسىلىۋاتقان قاۋاقخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. پۈتۈن شەھەر، پۈتۈن ئادەملەر ئۆز كويىدا ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان دىشۋارچىلىقى، تارتىۋاتقان كۆڭۈل ئازابى ئۆزگىلەر ئۈچۈن ئەرزىمەس ئىش ئىدى.

ئادەم ئازابلىنىۋاتقاندا بىرەر يېقىن كىشىگە موھتاج بولىدۇ، يېقىن كىشى بىلەن كۆن ئۆتكۈزۈپ بىرەر ـ يېرىمدەم جاھان پارىڭى قىلىشسا كۆڭۈلدىكى خاپىلىق ئۇنتۇلۇپ، ئۆزلۈكىدىن يەڭگىللەپ قالىدۇ. ھازىر مۇمكىن بولسا ھېلىقى ساۋاقداشلىرىدەك بىرنەچچە رومكا قېقىۋالسا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ...

كوچىدا ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتقان بىر مەست ئەنقەرگە ھاراقنى ئەسلىتىپ قويدى. ئۇ بالىلىقىدىن باشلاپ ھاراق، تاماكىنى ھارام دەپ بىلەتتى. بۇنى ئۇنىڭغا دادىسى شۇنداق دەپ ئۆگەتكەنىدى. بىراق، چوڭ شەھەرلەردە ئۆتكەن ئالىي مەكتەپ ھاياتى، دادىسىدىن ئايرىلغان بەش يىل ئۇنىڭغا يېڭى بىلىم، يېڭى دۇنيا قاراش، مۇستەقىل ياشاش روھىنى ئاتا قىلىش بىلەن بىللە ھارام دەپ قارىغان شۇ نەرسىلەرنى «ھالال» قىلىپ بەرمەيمۇ قالمىدى.

ئۇنىڭ ھاراقنا ئېغىز تېگىپ قېلىشى شۇنداق تاسادىپىي يۈز بەرگەنىدى. ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئىككىنچى يىلى ماي بايرىمىدا گۇاڭجۇۋغا ئويۇنغىلى باردى. ھەمدۇللا ھاجىنىڭ شۇ يەردە تىجارەت قىلىدىغان بىر يېقىنى ئەنقەر بىلەن بىللە كەلگەن ئىككى ساۋاقدىشىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.

ئادەم ئادەمگە دوستلا ئەمەس، يەنە ئادەم ئادەمنىڭ دۈشمىنى،

ئادەم ئادەمنى بۇزىدۇ. ئەنقەر گۇاڭجۇۋغا، بولۇپمۇ بۇ شەھەرنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى ۋە بازار قۇرۇلمىسىغا قىزىقاتتى. بۇ جەھەتتە كۆپرەك كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇۋاتقان كەسپىگە تەتبىقلاپ كۆرۈشنى، كېيىنكى تەرەققىيات يولىغا ئاساس سېلىشنى ئويلايتتى. بىراق، دادىسىنىڭ ئاغىنىسى سوپاجى ئۆزىنىڭ پەرداز بۇيۇملىرى كەسپى بىلەن ئايال كىشىنىڭ گېپىنى جىقراق قىلىدىغان كىشى ئىكەن. سوپاجى ئۇلارنى ئالدى بىلەن مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن كاتتا بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا باشلاپ باردى. ئەنقەر بۇ يەردە تۇركلەر، ئەرەبلەر، نېگىرلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ياخشى بىر ۋاخ تاماق يېدى. تاماقتىن كېيىن سوپاجى ئۇلارنى بىر رېستورانغا باشلاپ باردى... ئادەم ئادەمگە دوستلا ئەمەس، يەنە ئادەم ئادەمنىڭ دۈشمىنى، ئادەم ئادەمنى بۇزىدۇ، دېمىدۇقمۇ، شۇ قېتىم ئەنقەر بۇ رېستوراندا ئىچكىرىدە جاھاندارچىلىق قىلىۋاتقان بىر ـ بىرىدىن يامان ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالدى. ئۇلار گويا ئەنقەرلەرگە ھاراق ئىچۈرۈش، تاماكا چەكتۈرۈشنى ئالدىن مەسلىھەت قىلىشىۋالغاندەك تۇشمۇتۇشتىن ئەنقەرنى ھاراققا زورلىدى. تەرەپ تەرەپتىن گەپ ئېتىپ ئېغىزىنى ئاچۇرمىدى. چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىمىدى. سورۇندا ئۆزىنى بىر توپ قاۋان توڭگۇز قورشىۋالغاندەك نائىلاج قالغان ئەنقەر ئاخىر ھاراق ئىچتى، مەست بولدى.

ئەنقەر ھاراقنىڭ بىردەم ـ يېرىمدەم بولسىمۇ دەرد ـ ئەلەم، خاپىلىقنى ئۇنتۇلدۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ شۇ تاپتا «خان سۇيىسى ئارامگاھى»غا يىغىلغان ھېلىقى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرنەچچە رومكا قېقىشۋالغان بولسا، ئېھتىمال...

# ئون بىرىنچى باب

## 50

غازاڭ پەسلى ئالدىدىكى سەھرا جىمجىتلىقتا چۆككەندى. ياز بويى تىنىم تاپماي سايراپ، باغ ـ ئورمانلارنى، مەھەللىلەرنى چاڭ كەلتۈرگەن قۇشلار جۇدۇنلۇق قىش پەسلى يېتىپ كەلگۈچە يېڭى ئۇۋىسىنى تېپىۋېلىشنى ئىستىگەندەك، ئاللىقاچان جەنۇب تامان ئۇچۇپ كەتكەندى. كۈنسېرى ئەدەۋاتقان سوغۇقتىن شۇمشەيگەن يوپۇرماقلار سارغىيىپ، زەپىران بولۇپ ئاستا ـ ئاستا يەرگە تۆكۈلمەكتە ئىدى. سۇس قۇياش نۇرىغا چۆمگەن نەمخۇش ئېتىزلاردا ئاخىرقى غوزەكلىرى ئېچىلىۋاتقان كېۋەز شادىلىرى يالىڭاچلىنىپ تۇراتتى. كېۋەزلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تېخى كانجىلانمىغان بوغداي ئېتىزلىرىدا دان ئىزدەپ يۈرگەن قاغىلار يېقىمسىز قاقىلدىشاتتى. كۆزلۈك يىغىم ـ تېرىمنىڭ جىددىيچىلىكىدىن ئاز ـ تولا پەسكويىغا چۈشكەن كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئاپتاپراق يەرگە زورلاپ، ئانچە غېمى يوق كىشىلەر گۈزەل دەپ قىياس قىلىدىغان كەچ كۈز مەنزىرىسىگە غەمكىن تىكىلەتتى.

ئالتۇنەم بوغجۇمىسىنى قولتۇقلاپ يولغا چىقتى. ئۇ نەگە بېرىشنى، نەدە تۇرۇشنى بىلمەيتتى. ئۇ دەريا كۆۋرۈكىگە كېلىپ ئەتراپقا مەيۇسلۇك بىلەن قارىدى. سۈيى تارتىلىپ شاۋقۇن ـ سۈرەندىن ئەسەر قالمىغان دەريا، غازاڭلىرى تۆكۈلۈپ يالىڭاچلىنىۋاتقان دەل ـ دەرەخلەر، يېقىمسىز سوغۇق، نەمخۇش ھاۋا... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەممە نەرسە ئۆزىگە ئوخشاش

تەڭقىسلىق، ئامالسىزلىق ئىچىدە تۇگۇلۇپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى.

ناسىرباي بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى. پەقەت چېكىملىك، ئۇلپەتچىلىك بىلەنلا بۇ دۇنيانىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ، كەيپلىككە بېرىلگەن بۇ ئادەم كېچىدە ئۇلپەتچىلىك سورۇنىدىن يېنىپ كېلىۋاتقاندا، قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىغانىدى. ھادىسە سادىر قىلغۇچى قورقۇپ قېچىپ كەتكەن، قاتناش ساقچىلىرى تېخىچە دېلونىڭ يىپ ئۇچىنى تاپالمايۋاتاتتى. ناسىربايىنىڭ ئۆلۈمى ئۇچۇن نەزىر - چىراغ قىلىنمىدى. ئەل - جامائەت «ئېرىدىن قالغان تۇل خوتۇننىڭ نەزىر بېرىشى جايىز ئەمەس» دەپ نەزىر بېرىشنى رەت قىلغانىدى. دېمىسىمۇ نەزىر - چىراغ قىلىش، ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۇچۇن ئۆيدە ئەر كىشى بولۇشى كېرەك - دە! تۇل قالغان يالغۇز جان ئايال ئۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ؟!... لېكىن ئۇ رەھمەتلىك ئۇچۇن نەزىر - چىراغ قىلىدىغان، ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىدىغان ئەر تۇغقىنى چىقمىغان بىلەن ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان، قورۇ - جايىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم چىقتى. شۇنداق بولدى، ناسىرباي يەرلىكىدە يېتىپ، يەتتە - سەككىز كۈندىن كېيىن بىر ئايال كىشى بىلەن بىر ئەر كىشى ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭىشسىلە، — ئالتۇنەم ئۆلارنى ئېرىمىنىڭ ئۆلۈمى ئۇچۇن پەتىگە كەلگەن مېھمانلار دەپ ئويلاپ، ھۆرمەت - ئىھتىرام بىلەن ئۆيگە باشلاپ كۆرپە سالدى. داستىخان سېلىپ ئالدىغا چاي ئەكەلدى. ئىككى مېھمان ئالتۇنەمنىڭ داستىخىنىدىكى مەزەگە قول ئۇزارتماستىن، رەھمەتلىك تۇغقىنى ئۇچۇن بىردەم ھازا ئېچىشتى. ھازىدىن كېيىن مەرھۇمنىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن قانداق كېسەللىكىنىڭ بارلىقى، ئورۇن تۇتۇپ ياتقان - ياتمىغانلىقى دېگەندەك گەپلەرنى سوراشقا باشلىدى. مۇسىبەتلىك بولۇپ قالغاندىن بۇيان بىراقلا ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك ھالغا

چۈشۈپ قالغان ئالتۇنەم ئېشىدىكى ئاق شايى رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ، مېھمانلارنىڭ سوئالىغا بىلگىنى بويىچە جاۋاب بەردى. ئالتۇنەم ئويلىمىغانىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئولتۇرغان بۇ ئىككى مېھمان ناسىرباينىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى ۋە ئوغلى بولۇپ چىقتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكەن ئالتۇنەم ئۇلارغا يېڭىباشتىن سەپسالدى، ئايال ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، چىرايى قارامتۇل، تەمبەل كەلگەن خوتۇن بولۇپ، ئاۋازى ئۇنلۇك، ھە دېگەندە سۆز ئارىسىدا كىشىنى گەپتە چېقىۋالىدىغان يېقىمسىز ھەم كۆزى يامان ئايال ئىدى. ئەر ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ، دىقماق تۇرقى، قارامتۇل ئۆڭى يېنىدىكى ئانىسىنىڭ ئۆزى ئىدى.

— ئۇ رەھمەتلىك ھېچ ئۇنداق دېمىگەن، — يەردىن ئۇستۇن قارىماي ئولتۇرغان ئالتۇنەم كۆزىنى تۇسۇۋالغان روملىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ، قورسىقىدىكى غۇمى ئاشكارا بولغان بۇ ناتونۇش تۇغقانلارغا سەپسالدى. ئايالنىڭ شۇبھىلىك كۆزلىرى كىشىگە ھازىرلا چاڭ سالماقچى بولغان ياۋۇز قۇشتەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئالتۇنەمنىڭ ياشلانغان قىزىل كۆزلىرى ئۇ ئايالنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرى ئالدىدا ئىختىيارسىز تەسلىم بولغاندەك بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئۆزىنى ناسىرباينىڭ ئوغلىمەن دەپ، چوڭ - تىنىپ ئولتۇرغان ئەر كىشىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭدىن ئۆتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالمىسى ئىچىدە يەنە بىر كۆز ماراپ تۇرغاندەك كىشىنى شۈركۈندۈرىدىغان ئوي كۆزلىرى، ئوبدانلا ئۆستۈرۈۋالغان يىرىك ساقال - بۇرۇتى بىلەن قوشۇلۇپ، ۋۇجۇدىدىكى ئادىمي تەبىئىتىنى تېخىمۇ سۇرلۇكلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئالتۇنەم ئۇلارنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، نېرى - بېرى گەپ - سۆز قىلمىدى. يىراقتىن كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قازان بېشىغا ئۆتۈپ تاماققا تۇتۇش قىلدى.

بىر كۈن، ئىككى كۈن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ گېپى راست بولۇپ چىقتى. يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ ئايالنىڭ ناسىرباينىڭ

تايىقىغا چىدىماي بالىنى كەينىگە سېلىپ قېچىپ كەتكەنلىكى، كېيىن سوت ئارقىلىق ئاجراشقىنى راست ئىكەن. مانا ئەمدى ئۇ ئوغۇل دادىسىدىن مىراس ئېلىش كويىدا ئىكەن، مۇددىئاسى مۇشۇ ئۆيدە قېلىپ دادىسىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇش ئىمىش.

ئارىدا كۆپ تالاش ـ تارتىش بولدى. قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىلاشتى. ئاخىرىدا كەنت مۇرەسسە كادىرى ناسىربايىنىڭ ئوغلىغا قالدۇرغۇدەك مال ـ مۈلكىنىڭ تايىنى بولمىغاندىكىن، ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇشىغا قوشۇلدى. ھېلىقى ئايال بولسا كەتتى.

ئالتۇنەم تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشلەردىن گاڭگىراپ قالدى. كىشىلىك ئۆمرى نادامەت، دىلكەشلىكتە ئۆتكەن بىر ئاجىزە، مۇشۇ ئۆيىنىڭ بالىسىمەن دەپ تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ناتونۇش بىر ئادەم بىلەن قانداقمۇ ئانا ـ بالا بولۇپ بىر موردىن تۈتۈن چىقىرالىسۇن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتۇنەم كەتمەننىڭ دەستىسىدەك يۆگىۋالغان كۆك تاماكىنى تىنماي شوراپ ئۆينى ئىسقا تولدۇرۇپ ئولتۇرغان ئۇ كىشىنىڭ سوغۇق تەبئىتىگە ھەربىر قاراپ سالغىنىدا، بۆرىدىن قورققان بىچارە قويدەك تىترەپ توختايتتى. ھېلىقى ئايالنىڭ دېيىشىچە، ناسىربايىنىڭ مېھرىنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئوغۇل ناھايىتى تاياقچىمىش، ئىككى خوتۇنىنى تالاق قىلىپ پادىغا قوشۇۋەتكەنىمىش. ئەمدى مۇشۇ يۇرت ئىچىدە ئېپىدىرەك بىرسى ئۇچراپ قالسا تويلاپ قويىدىغان گەپ ئىمىش...

ئالتۇنەم يولۋاستىن قۇتۇلۇپ بۆرىگە تۇتۇلغاندەك تېخىمۇ بىچارىلىشىپ كەتتى. دادىسىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرماقچى بولغان ئۇ ئوغۇل ئىككى كۈن غايىب بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھويلىسىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى تېرەكلەرنى ياغاچچىۆرۈشقا سېتىۋەتتى. بۇ ھويلىدا ھېچنېمىگە كۆچى يەتمەس بولغان ئالتۇنەم بىر ئېغىز گەپ قىلىشىغا، ئۇنى ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ ھويلىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇنىڭغا تەھدىت سالدى...

يېشىللىق سولغان دالادا سۇس ئاپتاپ جىمىرلاپ تۇراتتى. باھاردىن تاكى كۈز ئايلىرىغىچە سايراپ ھارمىغان قۇشلار ئۆزىنى دالدىغا ئالغان، گىرىمسەن كۆز ئاپتىپىنى قوغلاپ كېلىدىغان سوغۇق قىشنىڭ بېشارىتىنى سەزگەن سەھرا ئېتىكى سۈكۈتكە چۆككەنىدى. كۆۋرۈك بېشىدا ئەنە شۇ تىمتاسلىقتا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ كەتكەن ئالتۇنەمنىڭ كۆز ياشلىرى ئىككى مەڭزىنى بويلىغىنىچە سوغۇق يەرگە تامچىلايتتى. بىچارە مەزلۇم... مۇشۇ كۈنلەردە زامان ئۇنىڭغا بەكمۇ تار كەلگەندەك ماڭغانلىكى يولى، قىلغانلىكى ئىشى تەتۈر كەلگەندەك ئۆز ـ ئۆزىدىن ھارسىنىدى. ئاخىرىدا كۆرمىگەن شۇ كۈن قالغاندەك ئەردىن قېلىپ، گۆردىن چىققاندەك توساتتىن پەيدا بولغان ناتونۇش بىر قارابىسنىڭ قولىغا قاراپ قالغىنىغا بەكمۇ ئۆكۈندى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كۆرە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ، كەنت تەشكىلىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ ھېلىقى بەتنىيەتنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلغانمۇ بولار ئىدى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنىڭ بېشى ساقىيىشىغا كۆزى يەتمىدى. تېگىدىن پەيلى بۇزۇق ئۇ سۆرۈن تەلەت ئاسانلىقچە ئۆيدىن چىقمىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ ئۆيدىن چىقمىسا، ھامان ئالتۇنەمنىڭ بېشى ساقايمايتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان كۆلپەتلەر ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئاجىزلاشتۇرغان، ئۆز ـ ئۆزىنى قوغداش ئۆزگىلەر بىلەن قارشىلىشىشنىڭ ئورنىغا ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار تۇرىدىغان، ھەممىگە نەپرەت بىلەن قارايدىغان، ئۆزىنى تەنھالىق، ھەسرەت تۇمانلىرى ئارىسىغا ئىتتىرىدىغان جانسىز ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

ئالتۇنەم كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يول بىلەن شەھەرگە كىرىدىغان يول ئاچىلىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئاجىز قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ، شەھەر تامان يۈرۈپ كەتتى.

خان كوچىسىنىڭ خېنىملىرى ھەر خىل ئادەمگەرچىلىك باردى ـ كەلدىلىرىدە بىر يەرگە يىغىلىپ ئۆزئارا ھال ـ مۇڭ بولۇشقا ئامراق.

ئايخېنىم تۇغۇت كۆرۈش باھانىسىدا ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن خېنىملار بىلەن جاھان پارىڭىغا چۆشكەندى. رومال ئىچىگە يوشۇرۇنغان بۇ يېرىم دۇنيالار پۇرسەت تاپسىلا مۇشۇنداق بىر يەرگە جەم بولۇپ كۆكسى ـ قارنىنى بوشىتاتتى. بىر ـ بىرىگە ھال ـ مۇڭ بولۇشاتتى. بىر ـ بىرىدىن سىر ئالاتتى، بىر ـ بىرىگە ئىش ئۆگىتەتتى. بۈگۈن بۇ ئاياللارنىڭ كۆزى ئايخېنىمدا، ئاللىقاچان نەۋرە يۈزى كۆرىدىغان چاغلىرى بولۇپ قالغان ئايخېنىمنىڭ يېڭى كېلىنلەردەك تۇغۇت كۈنلىرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىدا ئىدى.

— كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ قارا كۆزنى كۆرۈپ، ھەمدۇللا ھاجىم قالتىس خۇش بولۇپ كەتكەندۇ؟ — دېدى تۆردە ئولتۇرغان نۇسرەت خېنىم بوۋاقلارغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ. ئايخېنىم مېھمانلارنىڭ پىيالىسىگە ئۆز قولى بىلەن چاي لىقلىغاچ قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى :

— خۇش بولمامدىغان، قايلىسلا. مەن ئۇ ھاجىمنى بۇ ياشقا كەلگەندە، بالىغا ئۇنچە قىلىپ كەتمەسمىكىن دېگەنىدىم.

— خۇش بولىدۇ ـ دە، — دېدى نۇسرەت خېنىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تاجىخېنىم سۇتتەك ئاپپاق چىھرىنى جىلمايتىپ، — ئەر كىشى دېگەن تەمبەل، پۇت ـ قولىدا ماغدۇر بار چاغدا ئايال كىشىگە، ياش، چىرايلىق قىز ـ چوكانلارغا ئامراق بولغان بىلەن قېرىغاندا، پۇت ـ قولىدىن ماغدۇر قاچقاندا كىچىك بالىغا ئامراق بولىدۇ !

— ھوي، بۇ گەپ راستمۇ، تاجىخېنىم؟ — خېنىملار

ۋىلىقلاپ كۈلۈشكىنىچە بىر ـ بىرىگە سوئال نەزىرىدە قاراشتى.
— راست بولمايچۇ! — تاجىخېنىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھەرقايسىلىرى ئىشەنمىسىلىرى، مۇشۇ ئىشىك ئالدىدىكى كوچا ـ كويلارغا، مەھەللە ـ چاقاغا راسا دىققەت قىلىشسىلىرى، قېرىپ بېلى مۈكچەيگەن، ياشلىقىدىن قالغان بوۋايلارنىڭ قۇچىقىدا، ئۆپچۆرىسىدە بىر ـ ئىككىدىن بالا، ئۇلار قېرىغاندا ياش ۋاقتىدىكىدەك چاپچىپ يۈرەلمىگەچكە، ئەنە شۇنداق نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە ئەرمەك بولۇپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ.
يات جىنس بولمىغان ئۆيدە رومالىرىنى ئېلىۋېتىپ، يۈزىنى تولۇق ئېچىپ ئولتۇرغان بۇ خېنىملار ئۆزلىرى كۆرمىگەن، ئويلاپ باقمىغان بىر ئىشنى كۆرگەندەك، ئاڭلىمىغان بىر گەپنى ئاڭلىغاندەك تېلىقىپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئايخېنىم بولسا ئانچە ئېچىلىپ كۈلەلمەيتتى. ئۇ يىگىمشەھەر رايونىدىكى كاتتا قورۇدا ئولتۇرىدىغان ھېلىقى كىچىك خوتۇنى خانىشقا ئۆگىنىپ كەتكەن ھەمدۇللا ھاجىنىڭ بۇ بالىلارغا چوڭ دادا ئەمەس، بەلكى ئۆز دادىسى بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.
خېنىملار ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ مۇڭداشماقتا ئىدى:
— ۋاي خۇدايىم، راست دېگەندەك كۆزىنىڭ نۇرى قالمىغان ئاشۇ بوۋايلار نەۋرىلىرىنى قۇشلىغانچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىدىكەن. ئۇلار نېمىنى خىيال قىلىدىغاندۇ؟
— كىم بىلىدۇ، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەمدىكىن...
— ياق، ئۇلار شۇنداق ئولتۇرۇپ، پۇل تاپقاندا — باي بولغاندا تېپىشقان، بىر ـ بىرىگە قېنىشمىغان ياش، چىرايلىق خوتۇنلىرىنى خىيال قىلارمىش.
— مەن باشقىچىرەك ئاڭلىغان، — دېدى ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان، سول تەرەپ زىنىخىدا چىرايلىق خالى بار قۇندۇزخېنىم قىزىق چايدىن بىر ئوتلاپ، — مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئەرلەر قېرىغان چېغىدا ئايالاردىنمۇ بەكرەك مۇنەججىملىشىپ كېتەرمىش، تېنى ئاجىزلاشقانسېرى ئۆزىنى

باقىي ئالەمگە يېقىنلاپ قالدىم دەپ بىلەرىمىش. باقمىينى خىيال قىلغانىدا، جەننەتكە كىرەرمەنمۇ ياكى دوزاخقىمۇ دەپ تەشۋىشلىنىدىكەن. تائەت ـ ئىبادەتكە تېخىمۇ بېرىلىدىكەن. نامازدىگەر بىلەن نامازشام ئارىلىقىدا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرغانچە، پېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ ئۆز ـ ئۆزىنى، ماڭغان يوللىرىنى، قىلغان ـ ئەتكەن ئىشلىرىنى ئەسلەرىمىش. ئۆمرىدە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى بىلەن ساۋابلىقلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقارىمىش... ئەرلەرنىڭ ساۋابلىق ئىشى بىلەن گۇناھلىرىنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار خارلىغان، بوزەك قىلغان ئاجىز بەندىلەرنىڭ يىغىسى ھەر تارتقىنىچە كېلىپ ساۋابلىقلىرىنى بېسىپ كېتەرىمىش. چۈنكى، بۇ دۇنيادا ئەر سۈرەتلىك ھۆكۈمران ئايال ئاتلىق ئاجىزەنىڭ كۆز ياشلىرىدا تۇگمەن چۆرۈپ، ئاياللار ئۈچۈن پەلەكنىڭ چاقىنى تەتۈر چۆرگىلىتەرىمىش. شۇڭا، ئۇنداق ئەرلەر جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ دوزاخقا راۋان بولارىمىش.

ئاياللار بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپلا قالدى.

— ئۇلار ھەدېسىلا شەرىئەتتىن سۆز ئېچىشىپ، ئەر كىشىگە ئانچە خوتۇن راۋا كېلىدۇ يەي، مانچە خوتۇن راۋا كېلىدۇ يەي، ئۆز زامانىسىدا ئۇلۇغلىرىمىزمۇ شۇنداق قىپتىكەنەي دەپ پەتىۋا سورىشىدۇ. بىزنىڭ ئاغزىمىزنى تۇۋاقلاش كويىدا بولىدۇ، — دېدى تاجىخېنىم، — لېكىن ئۇلارنىڭ ھامان تارتقۇلۇقى بار ئىكەن ـ دە!

— تارتقۇلۇقى بار، — دېدى نۇسرەتخېنىم، — ئۇلارنىڭ خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىشى ھازىرقى قانۇندا چەكلەنگەن بولغاچقا، ئۇلار قانۇنسىز، خۇپىيانە توقال ئېلىپ كۆك نامراتلارنىڭ ئايىمونچاقلىرىنى، سەھرالىقلارنىڭ كۆك پوتلىلىرىنى بىر مەھەل خوتۇن قىلىپلا تۇللۇق كوچىسىغا ئىتتىرىدۇ. ياش، كىچىك تۇرۇپ ئەردىن چىقتى دېگەن ئاتاقتا ئىگە بولغان ئۇ بىچارىلەرنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش يولى

قاراڭغۇلىشىپ، بەزىلىرى تېنىنى سېتىپ جان باقىدىغان شەرمەندىچىلىك كوچىسىغا كىرىدىكەن. بەزىلىرى قولىدا خوتۇن توختىمايدىغان ناكەس ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۆمۈر بويى خورلانىسىمۇ چىشىنى چىشلەشكە مەجبۇر بولىدىكەن. شۇڭا، بۇنىڭ قىساسى ئاۋۋال ئاشۇ ئاياللارنىڭ بەختىگە ئولتۇرغان باي غوجاملارغا بولىدۇ!

— ياپىرىم، مەن ئەجەب ئويلىماپتىكەنمەن، بىزنىڭ ئۆيدىكى كىشى ئىككى گەپنىڭ بىرسى بولسا شەرىئەتنىڭ ھۆكمىنى شېپى كەلتۈرۈپ، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلاتتى. شۇنىڭغا قاراپ مەنمۇ سىلى نېمە دېسىلە شۇ دەپ ئولتۇرۇپتىمەن، دېسە!

— ئۇنى دېمىگەندىمۇ، ئەر خەق بىلەن تەڭ بولساق، ئۇلار بىلەن سۆرىشىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بارساق، سوتقا چۈشسەك ئۆزىمىزگە زىيان. ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ خۇپىيانە قىلىپ يۈرگەن ئاشۇ ئىشلىرىنى نىكاھ قانۇنى دەمدۇ، پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى دەمدۇ، ئىشقىلىپ، شۇ قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ بولۇپ چىقىدۇ. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېگەنلىك، نېرىسى سوت كېسىلىپ بەش ـ ئون يىل تۈرمىدە يېتىش، بېرىسى تۇغۇت كۆرسەتكۈچى ئالماي تۇغۇلغان، نوپۇسقا ئالدۇرۇلماي ئۆيگە سولاپ بېقىۋاتقان باللار ئۈچۈن يۇزمىڭ كويلاپ جەرىمانە تۆلەيدىغان گەپ. ئەرلىرىمىز شۇنداق كۆڭگە قالغان كۈنى بىزگىمۇ ياخشى كۈن يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇنداق قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا تۇماق ئىچىدە بولۇشۇپ كۈنىمىزنى كۈن ئەتكىنىمىز تۈزۈك، قانداق دېدىم، خېنىملار؟

— جايىدا گەپ قىلدىلا، خېنىم، — دەپ چۇرقىراشتى ئاياللار.

— مەن ئاڭلىسام، — دېدى كۆزلىرى چوڭ، چىراي ئۆڭگى سۇس قارامتۇل كەلگەن نىساخېنىم چىنىدىكى ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چۆچۈرىدىن بىر ئوتلاپ، — كونا بازاردىكى تۆمۈر ـ تەرسەكچى ماڭسۇر ھاجىمنىڭ كەنجىسى نۇردۇنخان غوجام

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىسىنىڭ خانىمى بىلەن تېپىشىپ قىلىپ، زۇمرەتكۆل بويىدىكى يېڭى ئولتۇراق بىنالارنىڭ بىرسىدە ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇشۇپتىكەن، ئۇ خانىم خوتۇن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپتۇ. كېيىن بۇ ئىش ئاشكارا بولۇپ پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرى نۇردۇنخان غوجامغا يۈز مىڭ كويدىن ئارتۇق جەرىمانە قويۇۋېتىپتۇ، دېيىشىدۇ...

— ئۇنى ھۆكۈمەت قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟

— خەق دەپ قويىمامدۇ، نۇردۇنخان غوجامنىڭ ھېلىمۇ تۆت بالىسى بار ئىكەن، ھېلىقى خانىمنىڭ بۇرۇنقى ئېرىدىن ئىككى بالىسى...

— مۇشۇنداق گەپ ئەمەسمۇ؟ غوجىلىرىمىزنىڭ ئاشۇنداق چاۋىسى چىتقا يېيىلىپ، ئۇلار قانۇننىڭ سورىقىغا چۈشكەن كۈنى، بىز مەزلۇملارنىڭ كۈنىمىز قاق بولىدۇ، بۇنى ياراتقان خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ. شۇڭا، مۇشۇنداق نېمە ئىش بولسا ئىچىمىزدە بىلىپ يۈرگىنىمىز ياخشى.

— ۋىيەي، ئايخېنىم، بىزنى دەپ ئاۋارە بولمىۋەرمەي، سىلىمۇ داستىخانغا كەلسىلە، — دېدى تاجىخېنىم ئايخېنىمغا جاي كۆرسىتىپ.

— ماقۇل، كېلەي، — پولۇ دۇملەپ بولۇپ، قازان بېشىنى بىر قۇر بېسىقتۇرغان ئايخېنىم مېھمانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ پىيالىسىغا چاي لىقلىدى. ئاياللار ئۇنىڭ تېخىمۇ تولغان ئاق سۇزۇك چىرايىغا قاراپ بەس ـ بەستە گەپ سوراشقا باشلىدى :

— ھەمدۇللا ھاجىم ھازىرمۇ بۇ ئۆيگە پات ـ پات كېلەمدۇ، ئايخېنىم؟

— كېلىپ تۇرىدۇ. خۇدايىم بالىلىرىنىڭ مېھرىنى ئۇ كىشىگە ئوبدانلا سالدى، بولغاي.

— تۇغۇتلىرىغا نېمە ئالدى؟

— ھە... شۇنى ئېيتسىلا، نېمە بىلەن مۇبارەكلىدى؟

— ئالتۇن ئالدى، يەنە ئىككى مىڭ كوي پۇل قويدى.
— ئالتۇنلارنى سالماپتىلىغۇ؟ كۆرۈپ باقساق بولامدۇ؟
— بولىدۇ، — ئايخېنىم ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ كېتىپ كۇمۇشتىن ياسىتىلغان چاققانغىنا بىر ساندۇقچاقنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئاغزىنى ئېچىپ جىرىڭلاپ تۇرغان ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى مېھمانلارغا كۆرسەتتى. ئاياللار ئايخېنىمنىڭ زىبۇ - زىننەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئۇلار ئەمدى ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەكنىڭ پارىڭىغا چۈشتى.

بۇ ئاياللار ئالتۇن جابدۇق، كىيىم - كېچەك دېسە، تۇرمۇشتىكى غەم - قايغۇ، ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بىردىنلا ئۇنتۇپ كېتىشەتتى. كۆز قاماشتۇرىدىغان ئېسىل رەختلەردىن يېڭىدىن - يېڭى پاسونلاردا چىرايلىق كىيىم تىككۈزۈپ كىيىشسە، قۇلاق، بويۇن، بىلەك، بارماق... ھەممە يېرىگە ئالا قويماي ئالتۇن جابدۇقلارنى سالسىلا، گويا ھەممە خاپىلىقى تۈگەيتتى.

ئاھ، سايسىبىرىق ئالتۇن... ئاھ، ۋاللىداپ تۇرغان شايى ئەتلەس، تاۋار - دۇردۇنلار، سەن بۇ ئاياللارنىڭ كۆڭۈل شادلىقى ئىدىڭ. سەن بۇ ئاياللارنىڭ يۈز - ئابرۇيى ئىدىڭ، سەن بۇ ئاياللارنىڭ بۇ دۇنيالىقى ئىدىڭ!

## 52

كۈن كەچ بولۇپ، ھويلىدىن قۇياشنىڭ شولىسى ئۆچۈۋاتقاندا، ھەمدۇللا ھاجى ماشىنىسىنى ھەيدەپ چوڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. ئايخېنىم بوۋاقلارنى ئۇخلاتقاچ تېخىچە مەكتەپتىن قايتىپ كەلمىگەن ئەلسەنەمنىڭ يولىغا قاراپ، كۆزلىرى تېشىلگۈدەك بولۇپ دەرۋازىغا قاراپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ ھاجىنى كۆرۈپ گۈلدەك ئېچىلغانچە ماشىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ھارمىغايلا، ھاجىم!

— سالامەت بولسىلا، خېنىم! — ھەمدۇللا ھاجى ئايخېنىمنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاچ، ماشىنىنىڭ كەينى ئىشىكىنى ئاچتى، — قېنى چۈشسىلە، خانقىزىم.

كەينىدىكى بوش ئورۇندۇقتىن ئەلسەنەم چۈشتى. ئۇنىڭ قولىدا يېپيېڭى بىر قورچاق، يالتىراق خالتىدا تاتلىق - تۈرۈملار بار ئىدى.

— ۋىيەي... نەدىن تېپىۋالدىلا بۇ بالىنى؟ — قىزىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان ئايخېنىم ئۇنىڭ دادىسى بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ خۇشال بولدى.

— ئېشۇ خان كوچىسىنىڭ ئاغزىدا كېلىۋېتىپتىكەن...

— ئەجەب بەلەن قىپلا، ھاجىم. مۇشۇ بالا ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، تاكى قايتىپ كەلگۈچە كۆزۈم يولغا تىكىلگىنى تىكىلگەن، — ئايخېنىم ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىگىنىچە ھاجىنى ئۆيگە باشلىدى.

بۈگۈن ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ساقال - بۇرۇتى ئۆسۈپ قالغان، كۆزلىرىدە بىر خىل پەرىشانلىق ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. كۆزى ئىتتىك، يۈرىكى تۈيغۇن ئايخېنىم بۇنى سېزىپ قالدى، ئاغزى گەپتىن توختاپ، ئۆزى ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان بۇ كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تەتىللا كۆرپىنى قوش قاتلاپ سالدى. چاي دەملىدى. داستىخان سېلىپ تاتلىق - تۈرۈملىرىنى تىزدى.

— قېنى چاي ئۇتلىسىلا.

بىر - بىرىگە يانداپ قويۇلغان ئوخشاش بۆشۈكتە پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بىر جۈپ بوۋاققا دەممۇدەم قاراپ ئولتۇرغان ھاجى جانان پىيالىدىكى چاينى قولىغا ئالدى. تۇجۇپلەپ دەملەنگەن چايدىن لاچىنداننىڭ خۇش ھىدى كېلىپ تۇراتتى... تۇرمۇش دېگەن ئاجايىپ بىر جەريان، ھاجى ئايخېنىمنى مۇشۇ كونا ھويلىغا تاشلاپ قويۇپ كۆنلىرىنى خانىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەزلۇم كىشىنىڭ كۆيۈمىنى، يېمەك -

ئىچمەك، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى پەقەت مۇشۇ ئۆيدە، ئايخېنىمنىڭ ئىللىق كۆزلىرىدىن، چىرايلىق گەپلىرىدىن ھېس قىلاتتى. ئۇ ئويلىنىپ قالدى، نەچچە يىللار ئۆتتۇپتۇ، مۇشۇ كۇنگە قەدەر ئۇنىڭ ھېلىقى ياش، چىرايلىق خوتۇنى ھاجىغا بىرەر قېتىممۇ ئۆز قولى بىلەن تاماق ئېتىپ بېرىپ باقماپتۇ. بىرەر قېتىممۇ ئۆز قولى بىلەن چاي تۇتۇپ باقماپتۇ. ئۇ خۇددى پادىشاھنىڭ ئالدىدا خەقىش قىلىشقا كۆنۈككەن خۇيلۇق مەلىكىدەك نازلانغىنى نازلانغان... ئاخشام ئەنقەر خەقىشلىك قىلىپ، دادىسىغا ياندى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق ئاغرىتتى. ئەڭ يېقىن كىشىسىنىڭ قولىدىن زەھەر ئىچكەندەك، ئىچى ئاچچىق بولغان، يۈرىكى مۇجۇلغاندەك ئاغرىغان ھاجى مۇدۇرۇپ ـ مۇدۇرۇپ ماڭغىنىچە ئۆيگە كەلدى. ئالتۇن رەڭ ۋادەكلەرگە ئېسىلىپ ئاران ـ ئاران يۇقىرى ئۆرلىگىنىچە، قىزىلگۈل بەرگى رەڭگىدىكى ھۇجرا ئۆيگە چىقىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. تاشقىرى ھۇجرىدىكى كەڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا چەت ئەلنىڭ كىنوسىغا مەپتۇن بولۇپ ئولتۇرغان خانىش بەئەينى ئاشۇ كىنودىكى چەت ئەللىك خانقىزلار بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك، گاھ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، گاھ ئاغزىنى تۇتقىنىچە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇننى يېرىم قىلدى. يات ئادەملەردەك ھاجى بىلەن كارى بولمىدى.

ھاجى ئاشۇ ئەلەملىك دەقىقىلەردە باشقىلارنىڭ ئىككى ئېغىز تەسەللىسىگە موھتاج بولغانىدى. مەيلى كىملا تەسەللى بەرسىمۇ بولىۋېرەتتى. لېكىن، ئۇ بۇ دۇنيادا بىرەرمۇ يېقىن كىشىسى يوق يېتىم بەندىدەك، ئاچچىق يۇتۇپ قارا كېچىگە مەھكۇم بولدى.

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئىچىگە گەپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولۇپ، كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدى. خانىش بولسا يېرىم كېچىدە تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ، ئۇخلىيالماي ئاچچىق تىنىپ ياتقان ھاجىدىن ئەھۋال سوراپمۇ قويماستىن ئۇيقۇغا كەتتى...

ــ ساقسىز بولۇپ قالدىلىمۇ؟ ــ ئايخېنىم ھاجىنىڭ

پىيالىسىگە چاي لىقلاپ قويۇپ سورىدى، ھاجى بىر نۇقتىغا تىكىلىپلا ئولتۇراتتى. ئۇ ئايخېنىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خىيالدىن ئۆزىگە كېلىپ جاۋاب بەردى:

— ساقسىزمۇ ئەمەس...

— ئەمسە... — ئايخېنىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك، يەرنىڭ تېگىدىن ھاجىنىڭ چىرايىغا قارىدى. ھاجى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەنقەرنىڭ ئىشى بېشىمنى ئاغرىتىۋەتتى، دېسە.

— ئە... ئەنقەر... جان، ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

— ئۆزى ساق، بىراق يېڭى تۇغۇلغان بالىسى يوقاپ كەتتى!

— ھە، بالىسى؟! ... — ئايخېنىم يەر تەۋرىگەندەك قاتتىق چۆچۈپ، بۆشۈكتىكى بوۋاقلىرىغا ئەنسىزلىگەندەك بىلەن قاراپ قويدى.

— ھەئە، كېلىنىمىز رەنا قىز دوختۇرخانىدا يەڭگىپتىكەن، شۇ يەردە بوۋىقىنى بىر كىم كۆتۈرۈپلا چىقىپ كېتىپتۇ!

ئايخېنىم گويا پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەك، تۇرغان ئورنىغا يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. يېتىلگەن جۇۋانلارغا خاس تولغان، سۈتتەك ئاق كەلگەن چىرايى بىر قىسما بولۇپ، شۇبھە چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ھاجىدىن ئەپقاچتى. ھاجى خىرۇستال قاچىدىكى ئەرەب خورمىسىدىن بىر تال ئېلىپ ئاغزىغا سالغاچ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— شۇ ئىشنىڭ كاساپىتىدىن ئەنقەرنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس، ئۆزى ئىشتىن چىقىۋالدى. ئەتىدىن كەچكىچە دوختۇرخانا بىلەن ساقچىخانىنىڭ ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرىدۇ.

— قاچان يۈز بەرگەن ئىش ئۇ، جېنىم ھاجىم؟ — ئايخېنىمنىڭ ئاۋازى بەكمۇ تەستە چىقتى.

— خېلى بولدى، — دېدى ھاجى بۆشۈكتە تۇيۇقسىز ئېسەدەپ كەتكەن بوۋاققا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، — ئۆزلىرى تۇغۇپ ياتقان كۈنلەرگە توغرا كېلىدىغۇ دەيمەن.

— ۋاي ئىسىت، — دېدى ئايخېنىم بۆشۈكنى يېنىك تەۋرىتىپ، — ناۋادا مەنمۇ دوختۇرخانىدا يەڭگىگەن بولسام شۈنداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولماس ئىكەن، خۇدايىم ئۆزى ساقلاپتۇ!

— شۇنداق.

— ئەنقەرجان بۇ ئىش توپەيلى بەك پاراكەندە بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— ۋاي، سورىمىسلا، — دېدى ھاجى بوشۇكتىن يېشىلگەن ئىلىيارنى قولىغا ئېلىپ، — روھى چىقىپ كەتكەندەك تۇگىشىپلا كەتتى. شىركەتنىڭ ئىشلىرىنىمۇ تاشلىۋەتتى. ئاۋۋالقى كۈنى قارا ئەمگەك كۈچى لازىم بولۇپ قېلىپ مەدىكار بازىرىغا بارسام، مەدىكاردەك بويىنىنى قىسىپ ئولتۇرىدۇ. قايلىسام ساقىلى ئۆسۈپ، چاچلىرى پاخپىيىپ، دەرۋىش سىياقىغا كىرىپ قاپتۇ. شۇنداق قاراپلا ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. بىر تۇرۇپ ئاچچىقىم كەلدى، ئىچىم ئاغرىپ كېتىشى، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم، كىچىكىدىن كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىغا دەسسىتىپ چوڭ قىلغان بالا... ئاچچىقىم كېلىشى، قولىنى نەگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدىغان بەردەم بىر ئوغۇل بالا تۇرۇپ... ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىرنەچچىنى تۇغۇپ بېرىدىغان قوشلاپ خوتۇن ئېلىشمۇ ئادەتتىكى ئىش...

ئايخېنىم «قوشلاپ خوتۇن ئېلىش» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ھاجىغا نارازىلىق نەزىرىدە قاراپ قويدى. ھاجى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئوغلۇمغا بولغان ئىچ ئاغرىقى ئاچچىقىمنى بېسىپ چۈشتى. ئۇنىڭغا چاي قۇيماقچى، كۆڭۈل ئېيتماقچى بولغانىدىم. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئۆزۈمنىڭ كۆڭلۈمنى ئاغرىتىۋالدىم.

ئايخېنىم ھاجىدىن يەنە نېمىلەرنىدۇر سورىماقچى، ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى، لېكىن گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ چېھرىدىن كۈلكە ـ تەبەسسۇم قاچقان، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيتتى. ھاجى بوۋاقلارغا قارىغىنىچە ئون ـ يىگىرمە

مىنۇتلاپ ئۈنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن ئاستا ئايخېنىمغا قاراپ:

— بۇ ئوغلىمىز ئاكىسى ئەنقەرگىلا ئوخشامدۇ، خېنىم، ھە؟ قايلىسىلا بۇ بالىنىڭ پېشانىسىنىڭ كەڭلىكىگە، زىننخلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا.

— ھە... ئە... ئەنقەرجانغا دەملا؟ — ئايخېنىم دۇدۇقلاپ، كېكەچلەپ قالدى. ئىش - ھەرىكىتى چاققان، گەپ - سۆزى جايىدا كەلگەن بۇ مەزلۇمنىڭ گەپ - سۆزلىرى بۈگۈن ھېچقانچە قولاشمايتتى، — ئەنقەرجاندىمۇ سىلىنىڭ قېلىپلىرى بار ئەمەسما، شۇڭا قىل ئارىغۇسىز ئاكىسىغا تارتقان گەپ بۇ بالا... لېكىن قىزىمىز ئەلنىگار سىلىدىن بەكرەك ماڭا تارتقاندەك قىلىدۇ، ھاجىم.

— ھا - ھا... — «قېلىپ»نىڭ گېپى ھاجىنىڭ كەيپىنى كۆتۈردى. بۇ ھەرقانداق بىر ئەركەككە ئىلھام بېرىدىغان، كۆڭلىدە پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان ئوخشىتىش ئىدى، — ئىككىسى ئىككى ئانىنىڭ قورسىقىدىن چۈشكەن بالا بولغان بىلەن، قېلىپقا سالغان ئۇستام بىر بولغاندىكىن دېمەكچىغۇ، ئۆزلىرى، ھە!

— شۇنداق، ھاجىم، — ئايخېنىم بىرئاز ئۆزىگە كېلىپ ئىنچىكە تەرگۈزگەن قاشلىرى ئاستىدىن ھاجىغا ئىللىققىنا جىلمايدى، — ھەر ئىككىلى بالىنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى سىلىنىڭ قانلىرى...

كۈن ئولتۇرۇپ زاۋال چۈشۈشى بىلەن بالىلارنىڭ يىغا كانىيى ئېچىلىپلا كەتتى. ئايخېنىم ئۇلارنىڭ يىغىسىنى پەس قىلالماي ھېلى ئېمىتىپ باقاتتى، ھېلى مەسچىتتىن ئەكىرگۈزگەن «سۈرە ياسىن» سۈيىنى بالىلارنىڭ ئاغزىغا دېمىدە قىلاتتى، لېكىن بالىلارنىڭ يىغىسى ھېچ پەس بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— ھەر كۈنى مۇشۇنداق يىغلامدۇ؟ — دەپ سورىدى ھاجى ئارامسىزلىنىپ.

— ئانچە ـ مۇنچە يىغىسى بار ئىدى، لېكىن بۇ دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. بۈگۈن ئەجەب... ھە راست، ھېلىقى ئاچ كۆز خوتۇنلارنىڭ كۆزى تېگىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— كىملەرنى دەيدىلا؟ — دەپ سورىدى ھاجى ھەيران بولۇپ.

— چۈش ـ پېشىنلار بىلەن كوچىدىكى ھەقەمسايە خوتۇنلار توغۇت مۇبارەكلەپ كىرىشىپتىكەن، باللارنى قولىغا ئېلىپ تولا سۆيۈپ، ئەركىلىتىپ، «نېمانچە چىرايلىق باللار بۇ» دەپ سۆزمەنلىك قىلىشقان، شۇلارنىڭ كۆزى تەگكەن گەپ.

— باللارنى ئۇلارغا كۆرسەتمىسىلەرى بوپتىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت بىلىپ قالسا، بىزگە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تاپىدۇ...

— ھوي ئۇ يامان خوتۇنلارغا كۆرسەتمەي قۇتۇلغىلى بولارمۇ، ھاجىم... ھويلىغا كىرە ـ كىرمەيلا كۆزى تۆت تامنى سىلاپ، ھەممە ئۆينى ئالا قويماي سىيپاپ چىقتى!

ئايخېنىم ئەلسەنەمگە دەرۋازا ئالدىدىن، بوسۇغىلاردىن يول چاۋىرى تەرگۈزۈپ ئەكىرىپ بوۋاقلارغا ئىسرىق سالدى. ئايەت ئوقۇپ ھۈردى. لېكىن، ئىككى بوۋاق بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك ئاچچىق قىرقىراپ يىغلىشاتتى.

باللار بىلەن بولۇپ كەتكەن ئايخېنىم تاماقمۇ ئېتەلمىدى. بۇ ئەھۋالدا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىگەن ھاجى ماشىنىسىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىپ، يىگىرمە مىنۇتلاردىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇ بازاردىن تەييار تاماق ئېلىپ كەلگەنىدى.

## 53

ئانا ھەقىقىدىكى تۇيغۇلار، ئىنسان قەلبىدىكى ئەڭ ئەزگۈ تۇيغۇلار جۇملىسىدىندۇر. كۆڭلىرى ھەمدۇللا ھاجى بىلەن ئۆتۈۋاتقان ئىلياس ھەمىشە ئانىسىنى ئويلايتتى. ئانىسىنى سېغىناتتى. ئۇنىڭ بۇ ھاياتتا ئانىسىدىن ئارتۇقراق ئىچ كۆيەر

ئادىمى يوق ئىدى.

ئىلياس ھەمدۇللا ھاجىدىن يېرىم كۈنلۈك روخسەت سوراپ يېزىغا باردى. ئۇ دەريا بويىدا قوي بېقىۋاتقان تونۇش باللاردىن ئانىسىنىڭ بېشىغا نېمە كۈن كەلگەنلىكىنى بىلدى. ناسىرباينىڭ ئەجىلى توشۇپ، ئۇ دۇنياغا كەتكەن، ئۇنىڭ ئوغلى مىراس دەۋاسى قىلىپ ئۆي ـ زېمىن، بار ـ يوقنى ئىگىلىۋالغان، يامان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قالغان ئانىسى تەقدىرگە قېيىدىغاندەك بۇ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەنىدى.

ئانىسىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىگەن ئوغۇل دەريا بويىدا مەيۈسقىنا قاراپ تۇراتتى. سوغۇق كۈچەيگەنسېرى سۈيى تارتىلىپ لايدانغا ئايلانغان شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز دەريا، ئۆششۈك سوغۇقتا يوپۇرماقلىرىدىن ئايرىلىپ يالىڭاچلىنىپ قالغان دەل ـ دەرەخلەر ئىلياسنىڭ مەيۈسانە كۆزلىرىگە، مۇزلىغان ۋۇجۇدىغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك سۈكۈتكە چۆمگەنىدى.

«ئانا، بېشىڭىزغا يەنە نېمە كۈنلەر كەلدى؟ مۇشۇنداق سوغۇقتا قەيەرلەردە تەمتىرەپ يۈرگەنسىز؟ بىر يەرلەرگە كەتكۈچىز بولسا، مەنلا ئېلىپ كەتسەم بولامدۇ سىزنى ! مۇشۇ ئەھۋالدا سىزدىن ئايرىلىپ قالسام، بۇ دۇنيادا يەنە كىمىم قالىدۇ مېنىڭ؟! ھەرقانچە يامان ئەھۋالدا قالسىڭىزمۇ مەن يېنىڭىزدا پەيدا بولغۇچە ساقلاپ تۇرسىڭىز بولماسمىدى ! ...» ئىلياسنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. ئۇ ئەزەلدىن ياتلارنىڭ ئالدىدا بوزەك بولسىمۇ، قېقىندى ـ سوقۇندى بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە بىر خىل توقلۇق بار ئىدى. بېشىغا ھەرقانچە يامان كۈن چۈشسىمۇ ئانىسى ئېسىگە كەلگەن ھامان كۆڭلى توقلىشىپ، ۋۇجۇدى كۈچكە تولاتتى. يۈرىكى تومۇلىشىپ ئۆزىنى باتۇر، كۆڭلى پۈتۈن ھېس قىلاتتى. شۇنداق، ئاشۇ پەرىشتىدەك ئانىسى ھەمىشە ئۇنىڭ بېشىنى سىلايتتى. ئاشۇ قۇياشتەك ئانىسى كۆزلىرىدىكى ئىسسىق نۇرى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىللىتاتتى. ئاشۇ مېھرى دەريادەك ئانىسى ھاياتبەخش

سۈيى بىلەن ئۇنى ئۇسسۇزلۇقتىن چىقىراتتى. شۇڭا، ئۇ ئانىسىنى سېغىناتتى. بىردەم ئارام تاپسىلا خالىي جايدا ئولتۇرۇپ ئانىسىنى خىيال قىلاتتى. خىيالىدا ئۇنىڭدىن ئامان - ئېسەنلىك سورايتتى. خىيالىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتى. خىيالىدا ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل بىر دۇنياغا قول تۇتۇشۇپ باراتتى.

ئىلياسنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا غېرىبلىق تۇيغۇسى ئەسىر قىلدى. ئۇ ئەمدى بۇ رەھىمسىز دۇنيادىكى يات ئادەملەر ئارىسىدا يېگانە قالغاندەك، ئۆزى ئۇچۇن ھېچنېمىنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغاندەك ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتتى.

ئىلياس نەچچە ئايلاردىن بېرى يېتىم - يېسىرلىق كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈردى. ئۇ بۇ ناتونۇش شەھەردە ھەمدۇللا ھاجىدەك دۆلەتمەنلەرنىڭ سەدىقىسىدە ھەرھالدا قورسىقى ئاچ قالمىغان، ئۈچىسى يېلىڭ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەردىكى ئاشۇ بەختىيار بالىلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ ھامان بويىنى قىسىلاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاتا - ئانىلىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۈلكە، پاراڭ بىلەن كېتىۋاتقان ئاشۇ بالىلار، ياشلار شۇنچىلىك غەمسىز، شۇنچىلىك بەختىيار ئىدىكى، ئىلياس شۇنداق كېتىشىۋاتقانلارنى كۆرگىنىدە ھامان ئۇلارغا بوينىنى قىسقانچە قاراپ قالاتتى. ئاشۇنداق مىنۇتلاردا ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سىرى توغرىسىدا خىيالغا بېرىلىپ قالاتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا كېلىپچىقىشى توغرىسىدا ھېچنېمە دەپ بەرمىگەنىدى. بۇ ئانىسىنىڭ پەرۋاسىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشنى خالىمىغانلىقىدىن ئىدى. شۇنداق، ئانىسى ئىلياسقا ئۆزىنىڭ ئازابلىق ھاياتى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشنى خالىمايتتى، ئەمما ئۇنىڭ تەقدىرىگە، كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئاتىكەم ھامىسى بولسا تۇپتىن ئەكسىچە ئىدى. ئۆزىنى ناھايىتى بىلەرمەن چاغلايدىغان، ھەممە ئىشقا چېپىلىپ يۈرىدىغان ھامىسى ئىلياسنى كۆرگەن ھامان ھېلىقى ئادەمنىڭ گېپىنى چىقىراتتى:

ھۆي، ئۇ ئادەم ھازىر شەھەردە تۆتىنىڭ بىرسى بولۇپ قاپتىمىش، قولىنى قەيەرگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتەرىمىش، ئاشۇنداق بىر دۆلەتمەنىنىڭ ئوغلى مۇشۇنداق خەقنىڭ ئالدىدا بوينىنى قىسىپ يۈرسە قانداق بولىدۇ؟! مەن بۇ شۇمنى دادىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويىمەن... ئىلياس ھامىسىنىڭ بۇنداق گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا يۈزلىرى ئوت بولۇپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتەتتى. ھامىسىنىڭ ئاشۇ تاقا ـ تۇقا گەپلىرىدىن ئۆيلىپ بىر يەرگە قېچىپ كەتكۈدەك بولاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ھامىسى بۇنداق گەپلىرىنى يات ئادەم بار يەردە دېمەيتتى. گەپ قىلغاندا قولىنى كاناپچە قىلىپ، ئېغىزنى قۇلاققا ياقاتتى... نەچچە ئاي بولدى ئۇ ھامىسىنىمۇ كۆرمىدى. ھېلىقىدەك شەپقەتلىك گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىمىدى. ئۇنىڭ ئاڭلىشىچە، ھامىسى ھازىر قوينى كەڭ شەھەردە ئىجارە ئولتۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانمىش... خۇداغا شۈكۈر، ئىلياس ھامىسىنىڭ شەپقىتىگە موھتاج ئەمەس، ئۇ ئەمدى قانداقتۇر بىر دۆلەتمەن دادىسىنىڭ پەۋەدارچىلىقىنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەزەلدىن ئۆزىگە ئاتىلىق مېھرى بىلەن تىكىلگەن بىر جۈپ كۆزنى كۆرۈپ باقمىغان ئويچان كۆزلىرى، دادا مېھرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدىغان يېگانە قەلبى ئەمدىلىكتە تۇيۇقسىز تونۇشلۇق بېرىدىغان بىر ئادەمنى قانداقمۇ قوبۇل قىلالىسۇن؟! يەنە كېلىپ ئۇ پۇلدار بايلارنى زىيادە دىلى قاتتىق، باشقىلار بىلەن بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت، باردى ـ كەلدىلەرنى ھامان پايدا ـ زىيانغا باغلىۋالىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ پۇل، كاتتا قورۇ ـ جاي، ئالىي پىكاپ، چىرايلىق خوتۇندىن باشقا ھېچنېمىسى بولمايدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدى. بۇنى دېسە ھەمدۇللا ھاجىمۇ شەھەردىكى كاتتا باي دۆلەتمەنلەرنىڭ بىرسى. بۇ ئادەممۇ ئۇنداق ئىشلاردىن خالىي ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، بېشى ۋالىۋاش، كۆپىنچە چاغلاردا خاپىلىق ئىچىدە يۈرىدۇ.

ئىلياس بەزىدە ھەمدۇللا ھاجىنى خىيالىدىن نېرى

قىلالمايتتى. ئېھتىمال مېنىڭ ئاتىكەم ھامىمام ئېيتقان ھېلىقى دادامىمۇ ھەمدۇللا ھاجىدەك بىر ئادەممۇ، تېخى! ھەمدۇللا ھاجىنىڭ پۇل تېپىش، جاھاندارچىلىق قىلىشقا ئېپى بولغان بىلەن تۇرمۇشى چېپچىلاڭغۇ... بولدىلا، ئۆزۈمدىن چوڭ، دادا بولۇلۇق بىر ئادەمنى ئاق، كۆك دەپ نېمە قىلىمەن... مېنىڭ ئۇنداق دادام تۇگۇل، مانا ئەمدى ئانامىمۇ بولمىسا، بۇ ماڭا نېمە كەلگۈلۈك، ھە؟!

— ئاناڭنى ساقلاۋاتامسەن جېنىم بالام؟!

ئىلياس ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. يالغۇز جېنى ئۇچۇن سوغا كۆتۈرۈپ دەرياغا سوغا كەلگەن بۇ مەھەللىدىكى مومايىنىڭ ئاق چۈشكەن كۆزلىرى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇراتتى.

— ھەئە، مەرىخان ئانا، — ئىلياس بېشىنى لىڭشىتتى، لېكىن ئۇنىڭ «ھەئە»سى ئۆزىگىلا ئاڭلاندى.

— ئاناڭغا بۇ جاھان تار كەلدى، بالام، — موماي ئېچىنغاندەك بىر ئاھ ئۇردى، — مەھەللە - چاقادىكىلەر ئۇنىڭ شەھەرنىڭ بۇلۇڭ كوچىلىرىدا بويۇن قىسىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپتۇ.

— شەھەر؟ — ئىلياس تۇرۇپلا قالدى، ئۇلارنىڭ شەھەردە يا ئۇرۇق - تۇغقىنى، يا باشقا تونۇش - بىلىشى يوق ئىدى. شەھەردە ھېچكىم ھېچكىمگە بىر بۇردا ناننى بىكارغا بەرمەيتتى. شەھەردە بىرەر ھۈنىرى، ئىش - ئوقىتى ياكى خىزمىتى يوق ئادەم ھەرگىز جان باقالمايتتى... ھەتتا شەھەردە تىلەمچىلىك قىلىپ جان بېقىش ئۈچۈنمۇ ئادەم ئاز - تولا قاششاق، ھىيلىگەر بولمىسا ئۇ ئىشنىمۇ ئوخشىتالمايتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئانىسى قانداقسىغا شەھەرگە كەتكەندۇ؟!

مەرىخان مومايىنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— بارغىن، بالام، شەھەرگە بېرىپ ئاناڭنى تاپ. ئۇنىڭ سەندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق!

شۇنداق، ئالتۇنەمنىڭ ئىلياستىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى. ئىلياسنىڭمۇ ئانىسىدىن باشقا ھېچكىمى يوق! ئوغۇل موماينىغا ئامانلىق تىلەپ خوشلاشقاندىن كېيىن يۈگۈرگەندەك مېڭىپ چوڭ يولغا چىقتى. بۇ يولدا نۇرغۇن ماشىنىلار شەھەر تامان ئۇچماقتا ئىدى. ئىلياس ھايال ئۆتمەي بىر كىرا ماشىنىسىنى توسۇپ، ئۇچقاندەك شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى.

## 54

بالىسىنىڭ پىراقى ئەنقەرنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ دادىسى بىلەن ئارازلىشىپ قالغاندىن بۇيان شۇنچە ئاۋات شەھەردە يېگانە قالغاندەك، ئۆزىگە يېقىن بىرمۇ كىشى قالمىغاندەك ئىچ - ئىچىدىن ئېزىلىپلا كەتتى. دېمىسىمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن تەسەللى بېرەلىگۇدەك ھېچكىم قالمىغانىدى. دادىسىنىڭ گېپى ھېلىقىدەك، ئانىسى يادىكار خېنىمنىڭ كېسىلى خېلى ياخشىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. قېيىنئاتا، قېيىنئانىسى ئۇنىڭغا ھامان تەتۈر قاراقلىق، رەنا بولسا تارام - تارام ياش دەرياسى ئىچىدە ھالسىز ياتىدۇ...

ئەنقەر ھامان بىر يىپ ئۇچى چىقىپ قالىدىغاندەك، ھەر كۈنى جىقراق ئادەم بىلەن كۆرۈشۈشنى، بىرسى بولمىسا، بىرسىنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈپ قېلىشىنى ئىستەيتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ۋەقە ئەللىك - ئاتمىش كۈندىن بېرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ پۈتۈن شەھەرگە، پۈتۈن يېزا - قىشلاقلارغا پۇر كەتكەنىدى. ئەنقەر ئېغىر ئېزىلىش ئىچىدە كېتىۋېتىپ، بىر ئىسسىق چىراي كىشىنى ئۇچرىتىپ قالدى، بۇ كىشى ئۇنىڭ مۇئەللىمى ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۇئەللىم!

— ھوي ئەنقەرمۇ سەن، بالام؟

— شوْنداق، موْئەللىم، — ئەنقەر يوْقىرى گىرادوْسلوْق كوْزئەينەك ئىچىدىن ئوْزىگە مىھرى بىلەن تىكىلگەن بوْ مويسىپىتنىڭ تارىشىدەك قىتىپ كىتىۋاتقان قولىنى مەھكەم سىقتى، — سالامەتلىكلىرى قانداقراق؟

— شوْكوْر بالام، موْشوْنچىلىك توْردوْق... ھاسىغا چوْشوْپ قالغانلىقىمنى ھىسابقا ئالمىغاندا باشقا جەھەتتە ياخشى... — موْئەللىم ئوڭ قولىدا ئەنقەرنىڭ قولىنى چىڭ سىققىنىچە، سول قولىدا پارقىراپ توْرغان قارا ھاسىسىنى توكوْلدىتىپ قويدى.

— قاچاندىن بىرى ھاسىغا چوْشوْۋالدىلا، موْئەللىم؟ يازدىن «خان سوْپىسى ئارامگاھى»غا جەم بولغان ۋاقتىمىزدا بەردەم مېڭىپ يوْرەتتىلە.

ئىككىيلەن چىنارلار غازاڭ تاشلاۋاتقان پىيادىلەر يولىدا خېلى ئوْزاق ئەھۋاللاشتى ھەم ئەنقەرنىڭ قاتتىق توْتوْشى بىلەن چايخانىغا بارىدىغان بولوْپ تاكسىغا ئولتوْردى. ئوْلار كونىشەھەردىكى خان كوچىسى تەرەپكە يول ئالدى.

يارەنلەر چايخانىسىنىڭ قازناق ئايرىمخانىسىدىكى چويۇن مەشتە لاۋۇلداپ ئوت كوْيوْۋاتاتتى. ئەنقەر موْئەللىمنى يوْلەشتوْروْپ سوْپىغا چىقتى. ئىككىيلەن پەلتو، ماموْق چاپانلىرىنى سېلىپ كىيىم ئاسقوْچقا ئىسىپ قويوْپ، گىلەم ئوْستىگە سېلىنغان كوْرپىگە چازا قوْروْپ ئولتوْروْشتى.

— بىر چەينەك زەنجىۋىل چاي، قىزىق گىردە، — دېدى ئەنقەر ئىشىكتە قول قوۋۇشتوْروْپ توْرغان مۇلازىم يىگىتكە قاراپ، — يەنە ئىككى كىشىلىك قوي گوْشى شورپىسى...

— ماڭا شورپا بوْيروْما، بالام، — دېدى موْئەللىم ئەنقەرنىڭ سوْزىنى بوْلوْپ، — مېنىڭ گوْش چاينىغوْدەك چىشىم يوق.

— ئەمىسە توْخوْم يىلىتىپ ئەكىرسوْنمۇ؟... يەرلىك توخۇنىڭ توْخوْمىدىن.

— قىشنىڭ كوْنلىرىدە ئاشوْ زەنجىۋىل چېيىنىڭ ئالدىغا ئوْتىدىغىنى يوق ئىدى. بوپتوْ، يەرلىك توخوْ توْخوْمى بولسا بىر –

ئىككىدىن يىلتىپ ئەكىرسۇن.

مەشتە گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت، قىزىق چاي ئۇستاز بىلەن شاگىرتنىڭ چېكىسىدىن تەر چىقاردى. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئىسسىق تەپكەن مويسىپىت مۇئەللىم كۆل رەڭ شىلەپىسىنى بىر يانغا قويۇپ، كۇمۇشتەك ئاقارغان چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە تارىدى. ئۇن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ چاچلار بۇنداق ئاق ئەمەس ئىدى. لېكىن، دەرس ۋاقتىدا دوسكىدىن ئۇچقان ئاپپاق بور توزۇندىلىرى ئاشۇ قۇندۇزدەك قارا چاچلارغا قونۇۋېلىپ مۇئەللىمنىڭ سىيماسىنى مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار كۆرسىتەتتى. ئەنقەر مۇئەللىمنىڭ پىيالىسىگە توختىماي چاي لىقلاپ ئولتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ دۇنيا قارىشى، ھاياتقا بولغان تونۇشى ئاستا ـ ئاستا يېتىلىۋاتقان يىللاردا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. ئۆزىگە سىنىپ مۇدىرى بولغان بۇ مۇئەللىمنىڭ چىرايى سۇرلۇك ماتېماتىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزىچە ساراسىمىگە چۈشتى. چۈنكى، ئەنقەرنىڭ نەزىرىدە ماتېماتىكا قورال پەن بولسىمۇ، بۇ پەننىڭ جەمئىيەت ئىجتىمائىي قاتلىمى بىلەن بولغان باغلىنىشى چەكلىك ئىدى. ئەنقەر سىنىپىدىكى بىر قىسىم مەسلەكداشلىرى بىلەن ئۆزىنى ماتېماتىكىلىق فورمۇلا، تەڭلىمىلەرگە بەند قىلىۋېلىشنى خالىمايتتى. مانا ئەمدى سىنىپ مۇدىرى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ چىقسا ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزى يوق ماتېماتىكا ئۆگىنىشكە زورلانمىقى ئادەتتىكى گەپ... بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەنقەرلەرنىڭ ئەندىشىسى ئارتۇقچە بولۇپ چىقتى. بۇ ماتېماتىك ئەسلى ـ ۋەسلىدىن تارىخ ئىشتىراكچىسى بولۇپ چىقتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا دەرسىنى ــ بولۇپمۇ «دېففېرېنسىيال، ئېنتېگرال»نى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە يېشىپ چۈشەندۈرۈشكە كۆنۈككەن مۇئەللىمنىڭ تەپەككۇرى ھە دېگەندە تارىخ بەتلىرىگە قانات قاقاتتى. ھەر سائەتلىك دەرس ئاخىرىدىكى قىممەتلىك بىرقانچە

مىنۇت، مۇزاكىرە، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە تارىخ ئىزلىرىنى چېكىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئاشۇ ئۈچ يىلدا ئەنقەرنىڭ تارىخقا بولغان قىزىقىشى، تارىخىي بىلىمى چوڭقۇرلاشتى. ئەنقەر شۇ يىللىرى ئالىي مەكتەپنىڭ تارىخ كەسپىدە ئوقۇشنى نىيەت قىلغانىدى. لېكىن، دادىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇدى.

— مۇئەللىم، سىز ئالدىراش ئەمەسمۇ؟

— مۆكلىنىپلا قاپسەنغۇ، بالام، نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ — ئەنقەرنىڭ كۆزلىرىگە يوشۇرۇنغان ھەسرەت، مۇڭ مۇئەللىمنىڭ يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينەك ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

— مۆكلانمىدىم، مۇئەللىم، — ئەنقەر خىيالدىن قايتىپ ئۆزىگە كەلدى.

— يائاللا، بالام، مېنى بۆشۈكتىكى بوۋاققا ئوخشىتىپ قالدىڭمۇ؟

— ياق، مۇئەللىم...

— ئەمىسە كۆزۈڭدىكى نېمە دەرد ئۇ؟ چاچ - ساقالنى نېمىدەپ قويۇۋەتتىڭ؟

ئەنقەر گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ مۇئەللىمگە دەرد تۆككۈسى يوق ئىدى. بىراق، شۇ تاپتا ئۇستازىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ راسا بىر يىغلىۋالغۇسى كەلدى. ئەسلىدە ئەنقەرنىڭ يىغىسى دادىسى ئۈچۈن تەييار بولۇپ قالغان يىغا ئىدى. بىراق، دادىسى ئۇنىڭ دەرد - ئەلەمىنى بىر تىيىنغا ئالمىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ يىغىرىنى تاتىلاپ، ئېچىشقان يېرىگە تۇز سەپتى. ناۋادا دادىسى ھېلىقىدەك سوغۇق گەپلىرىنىڭ ئورنىغا ياخشىراق ئويلىنىپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە ماس كەلگۈدەك گەپ قىلغان بولسا، ئەنقەر دادىسىدىن ئازابلىق قەلبىگە تەسەللى تاپقان، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە باش قويۇپ تۇرۇپ راسا بىر يىغلىۋالغان بولسا، بۇنچە بولۇپمۇ كەتمەس ئىدى. مۇئەللىمنىڭ ئۇچرىشى دەل مۇشۇنداق ۋاقىتقا

توغرا كېلىپ قالغان بولغاچقا، ئۇ مۇئەللىمنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا يېپىشىپلىۋالدى. شۇ تاپتا ئەنقەر سەللا غەيرەتلىك بولمىسا، چىشىنى چىڭ چىشلەپ تۇرمىسا، مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا يىغلاپ تاشلاشتىن ئۆزىنى تۇتالماي قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

— داداڭ بىلەن قېيىدىشىپ قاپسەن - ھە، بالام؟ — مۇئەللىم ئۇستا پالچىدەك ئەنقەرنىڭ قەلب قەسرىگە ئىچكىرىلەپ كىردى، — مېنى ئۆز بىلسەڭ دەردىڭنى تۆكۈۋال، يەڭگىللەپ قالىسەن. بەلكىم مېنىڭمۇ قولىمىڭغا ياققۇدەك، دىلىڭنى يورۇتقۇدەك گېپىم چىقىپ قالار.

ئەنقەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇستازىنىڭ كۆزىگە قارىدى. يوقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينەك ئىچىدىكى بىر جۈپ كۆز ھامان ئۇنىڭغا مېھىر بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. بۇ ئادەم ھېلىھەم كۆيۈمچانلىقىنى، ياشلارنىڭ پسخىكىلىق ئالىمىگە بۆسۈپ كىرىدىغان، روھىي ئىلھام بېرىدىغان ئاجايىپ مىجەزىنى تاشلىمىغانىدى. ئەنقەرنىڭ كۆڭلىدە راستلا بىرقانچە ئېغىز دەرد تۆكۈپ ئىچىنى بوشىتىۋېلىش ئويى پەيدا بولدى. بىراق، بۇ ئۇستاز بىلەن شاگىرتنىڭ ئوتتۇرىسىدا دادلاپ بېرىشكۇدەك گەپمۇ ئەمەس ئىدى. دېيىشكە توغرا كەلسە قانداق دەيدۇ؟ بۇ ئىش ئۇچۇن بۇ مويسىپىتنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ ئەنقەر تۇرۇپلا ھال ئېيتىشتىن يالتىيىپ قالدى. مۇئەللىم بىلەن چاي ئىچىشكەچ ئولتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنى ئەسلەپ، ئېغىر تۇيغۇلارنى قەلب قەسرىدىن يىراقلاشتۇرماقچى بولدى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ، بالام؟ — مۇئەللىم توختاپ قالاي دېمەيتتى، ئۇنىڭدىن بىر گەپ ئاڭلىغۇسى، كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يېشىۋەتكۈسى بار ئىدى. ئەنقەر ئاخىر دەرد تۆكۈشنىڭ ئورنىغا يېڭى ئويلىغان پىلانىنى ئېيتتى.

— مەن ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرەيمىكىن دەيمەن،

مۇئەللىم...

— ھوي... جەمئىيەتتىن مەكتەپ قويىنىغا قايتىپ دەمسەن؟ مۇئەللىم ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي قالدى، — شىركەتتىكى ئىشلىرىڭچۇ؟ سەن بولمىساڭ داداڭنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشەمدۇ؟

— بۇ تەرىپىنى ئويلاپ كەتمىدىم، — دېدى ئەنقەر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — مەن ئۆزۈمنى چىرماپ تۇرغان سىرتماقتىن قۇتۇلۇپ ھەممىنى باشتىن باشلىسامىكىن دەيمەن.

— نېمىشقا بۇنداق خىيالغا كېلىپ قالدىڭ، ئەنقەر؟ سەن داداڭنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان، يەنە توي قىلىپ بىر ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىڭگە ئالغان ئەر جۇمۇ؟ — مۇئەللىم پۇتلىرى قولىشىپ قالغاندەك ئورنىدىن قوزغىلىپ قايتا قاملىشىپ ئولتۇردى، — خاتالاشمىسام بالىلىق بولۇپ بولدۇڭغۇ دەيمەن...

بالىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن ئەنقەرنىڭ يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك بولدى. ۋۇجۇدى تىترەپ كۆزلىرىدىن ياش ئېتىلىپ چىقتى.

— ۋاي بالام، بۈگۈن نېمە بولدى ساڭا؟! — ھەيران قالغان مۇئەللىم ئەنقەرنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، ئۆزىنى تۇتالماي قالغان ئەنقەر مۇئەللىمگە ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

— مېنىڭ بالام... مېنىڭ بالام... مېنىڭ ئوغلۇمنى بىر كىملەر ئەپقېچىپ كەتتى، مۇئەللىم، مەن... مەن... مېنىڭ بۇ ئازابقا زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى... مېنىڭ چېھرى سۈتتەك ئاق، بۇدرۇقىنا كەلگەن قارا كۆز ئوغلۇم ھازىر قەيەردىدۇ؟ ئۆزى سالامەت تۇرغاندىمۇ ياكى باغرى تاش ئادەملەر ئۇنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ ئىچكىرىگە ئاپىرىپ...

— سەۋر قىل، بالام، سەۋر قىل.

مۇئەللىم بۇ گەپتىن ھاڭ - تاڭ قالدى. ئۇ مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە ئەنقەردەك ئەركەكلەرنىڭ بۇنداق ئېزىلىپ يىغلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

# ئون ئىككىنچى باب

## 55

قانات ـ قۇيرۇقى سىرلاپ قويۇلغان پارقىراق قوڭغۇزلاردەك مىغ ـ مىغ پىكاپلار، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇلغاندەك ئېگىز ـ ئېگىز بىنالار...

گۈلبەرگى رەڭگىدىكى قىزغۇچ ھۇجرىنىڭ مېھرى سۇسلىشىپ قالدى.

ھەمدۇللا ھاجى قىش ئاسمىنىدەك ئېچىلالماي يۈرەتتى. ئەنقەرنىڭ ئىشتىن چىقىشۋېلىپ تەركىدۇنيا بولۇپ يۈرۈشى، شىركەتتىكى بەزى ئىشلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشمەسلىكى بۇ ئادەمنى ئوبدانلا ھالسىرىتىپ قويغانىدى. بۇ ئىشلار ئاز كەلگەندەك، خانىش بارغانچە باشقىچە بىر ئايالغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ كۈندە ئۈستىلىق بىلەن پەرداز قىلىشنى، ھەر كۈنى بىر نۇسخىدا ياراشتۇرۇپ ياسىنىشنى، كۈن ئارىلاپ پەردازخانىغا بېرىپ تېرە ئاسراش، ئورۇقلاش، پەرداز قىلىشنى ئۆگىنىپ قالمايتتى ـ يۇ، ھاجىنىڭ ھارغىن چىرايىغا، خاپىغان كۆزلىرىگە، ئۇيقۇسىزلىقىغا پەرۋاسىز ئىدى. ئەسلىدىنلا تۇرمۇشتا تەشەببۇسكار بولۇپ، بۇ ياش، چىرايلىق خوتۇننى بوۋاقنى پەپىلىگەندەك پەپىلەپ ئۆگىتىپ قويغان ھاجى ئەمدىلىكتە ئۆزى كۆيۈنۈشكە، رىغبەتكە موھتاج بولغاندا، چىرايلىق خوتۇنىدىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيۋاتاتتى. ھەتتا بۇ ياش، گۈزەل ئايال بەزىدە شۇنداق خۇيلۇق بولۇپ كېتەتتىكى، ھاجىنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرىغا ئىلگىرىكىدەك خۇشخۇي

مۇئامىلە قىلمايتتى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تۇزۇككىنە چىراي ئاچمايتتى. ھە دېسىلا كۆز ئالدىدىكى ئىشلاردىن ئاغرىناتتى. بەزىدە ئۆز ـ ئۆزىگە كوتۇلداپ، چىرايىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزگىرىپ سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئۆزىگە «قېرىلىق يۇقۇۋاتقان»لىقىنى تىلغا ئېلىپ، بىرنېمىلەرنى دەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش، قېرىپ كېتىش دېگەندەك ئىبارىلىرى ئەلۋەتتە ھاجىنىڭ كۆڭلىگە كېلەتتى. ھاجى بۇ خوتۇنىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ياش پەرقى چوڭ، ئىلگىرى ھاجى بىلەن تۇرلۇك باردى ـ كەلدىلەر، بولۇپمۇ توي ـ تۆكۈن، قاتار چاي، ئولتۇرۇشلارغا بىللە بېرىشتىن، كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە نەزەر بىلەن قاراشلىرىدىن ئۈيىلىپ يۈرگەن بۇ ئايال بۈگۈنكى كۈندە ئائىلە تۇرمۇشىدىمۇ ھاجىدىن ئۆزىنى تارتىۋاتقانلىقىنى ئاشكارا قىلىۋاتاتتى.

قارىماققا، ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا باغرى پۈتۈن، رەھىمسىز كۆرۈنىدۇ. بىراق، دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچ كەلگەندە ئەرلەرنىڭ يۈرىكى ئاياللارنىڭ يۈرىكىدىن ئاجىز. ئاياللار دەرد ـ ئەلەمگە دۇچ كەلگەندە، بۇلاقتەك كۆز ياشلىرى، تۈگىمەس دادخورلۇقلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى ئاز ـ تولا يېنىكلىتەلەيدۇ. ئەرلەر بولسا يا ياش تۆكەلمەيدۇ، ياكى دادخورلۇق قىلالمايدۇ. ئەرلەر ھامان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەچكە ئاسانلا ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋالىدۇ. ئەرلەرنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشىمۇ شۇ ۋەجىدىن دېيىلىۋاتىدۇ...

ئەرلەر كۆيۈنۈشكە موھتاج. ئەرلەر بەزىدە شۇنچىلىك نازۇكلىشىپ كېتىدۇكى، ئۇنداق ـ مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىراۋلاردىن كۆڭلى ئازار يېگەندە، كېتىۋاتقان يولىدىن ئادىشىپ مەغلۇبىيەت كوچىسىغا كىرىپ قالغاندا، ئويناپ يۈرۈپ تۇيۇقسىز يىقىلىپ، يىغلاپ تاشلىماقچى بولغان ئۇچ ياشلىق بالىدەك تەسەللىگە، كۆيۈنۈشكە، ئىلھامغا موھتاج بولىدۇ. ۋاھالەنكى،

ئۇچ ياشلىق بالىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان ئادەم چوقۇم كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى، دادىسى ھەتتا يەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىسى... ئۇچ ياشلىق بالىغا ئوخشاپ قالغان ئەرنىڭ كۆڭلىنىچۇ؟ بۇنى چۈشىنىدىغانلار ئاز. ئېھتىمال ئۈچ ياشلىق بالىغا ئوخشاپ قالغان ئەرنىڭ ئانىسى خېلى بۇرۇن قازا قىلغاندۇ، دادىسىمۇ ھەم شۇنداقتۇر. بالىلىرى ئۈچ ياشلىق بالىغا ئوخشاش تەسەللىگە موھتاج بولغان دادىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگۈدەك دەرىجىدە ئەمەستۇ؟! ئەمدى كىم قالدى؟ ئەمدى ئۈچ ياشلىق بالىغا ئوخشاش تەسەللىگە موھتاج بولغان ئەرنىڭ خوتۇنى قالدى، پەقەت خوتۇنىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشى مۇمكىن. چۈنكى، خوتۇن ئەرنىڭ ئانىسىدىن كېيىنكى ئەڭ يېقىن ئادىمى. خوتۇن ئەرنىڭ تەن چۇقانلىرىنىڭ، روھىي داۋالغۇشلىرىنىڭ، شادلىق - قايغۇلىرىنىڭ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىدۇر. تەسەللىگە موھتاج بولغان ئەرلەر تەسەللىگە ئېرىشەلمىسە، بۇرۇقتۇرما بولۇپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزىنى باشقا بىرەر كۆڭۈل خۇشىغا زورلىيالمايدىغان ئەرلەر تېخىمۇ شۇنداق.

ھەمدۇللا ھاجى قەلب پىغانلىرى ئىچىدە ئىچ - ئىچىدىن ئۇھسىناتتى. روھىي دۇنياسىنى چىرمىۋالغان مەنىسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك ئۇنى بۇ دۇنيادا ھېچنېمىسى يوق ئادەمدەك قول - ئىلكىدىكى مال - دۇنياسىدىنمۇ، ئەتراپىدىكى ئادەملەردىنمۇ ياتسىرىتىۋاتاتتى.

يانفونىنىڭ تۇيۇقسىز سايرىشى تەگسىز خىيالغا بېرىلگەن ھاجىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ قاشتاشتەك سىلىق، كۆركەم يانفونىنى قولىغا ئېلىپ، ئېكراندىكى نومۇرغا كۆز يۈگۈرتۈپ سۇس كۈلۈمسىرىدى ھەم مۇلايىم ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سوپاجىم !

ھەمدۇللا ھاجى يۇمشاق كىرېسلودىن قىمىرلاپ قويۇپ،

قارشى تەرەپنىڭ گېپىگە «ھە ـ ھىم»لار بىلەن ئۇن قاتتى. ئاندىن بۇرۇقتۇرمىلىقتىن سەل ئېچىلغاندەك بولۇپ، دېدى:

ـــ ئۆيدە ئارام ئېلىۋاتقان... ھە، نېمە دېدىلە... ئۆزلىرىدەك ئەل ـ ئاغىنىلەرنى ئويلاپ ئولتۇردۇققۇ !

ھازىر ئىچكىرىدىن قايتىپ چىقىپ ئىشلىرىنى ئوغۇللىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن سوپاجى يانفوندا ھەمدۇللا ھاجىنى بىرەر ئويۇن ـ تاماشىغا تەكلىپ قىلىۋاتقاندەك ئىدى. بىراق، ھەمدۇللا ھاجى بولسا ئۇ ئىشقا تازا قىزىمايۋاتقاندەك رەت قىلىش ئاھاڭىدا جاۋاب بەردى:

ـــ مۇشۇ سوغۇقتىما، ھاجىم؟

ھەمدۇللا ھاجى يانفوننى قۇلىقىغا تۇتقانچە كۈلۈپ كەتتى. ئېھتىمال قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا «سوغۇق؟ قاچاننىڭياقى سوغۇقتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىلا، ھاجىم؟ ياش، چىرايلىق خوتۇنى بار ئادەم سوغۇقتىن قورقمايمىز، جۇما !» دەپ چاقچاق قىلغاندەك قىلاتتى. ھاجى قارشى تەرەپكە، كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق بىلەن تېگىشلىك جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، كۈلكىدىن توختاپ :

ـــ ئۇنداقتا، قەيەردە كۆرۈشىمىز؟ بەيگە مەيدانىغا بارىدىغان يول ئېغىزىدا... ھە، ھېلىقى يەردىما؟ ماقۇل ئەمىسە، ئون بەش مىنۇتقا قالماي چىقاي، ـــ ھاجى شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ياش، چىرايلىق خوتۇنىلا ئەمەس، يەنە ھەۋەسكە سېتىۋالغان قىممەت باھالىق چىلان تورۇق ئېتىمۇ بار ئىدى. بۇ كۈنلەردە شەھەردىكى بىر قىسىم بايلار ئارىسىدا ئات بېقىش، ئارام تاپقان كۈنلىرى ئات مىنىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش قىزغىنلىقى پەيدا بولغان، بۇ قىزغىنلىقتا پۇلدارلار ئارىسىدا نەچچە ئونمىڭ يۈەنگە، ھەتتا بىرنەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە ئات سېتىۋالىدىغانلار چىققانىدى. شەھەر كونىلىرىنىڭ ئەقىدىسىچە ئات ئامەتنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «مەۋلۇت كېچىسى»، «بارات كېچىسى» ھارپىسىدا ئاللانىڭ يولىدا

پاكلىنىپ ئامراق ئېتىنى يېتىلەپ قەدىمىي كوچىلارنى، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنى ئايلانغان كىشى خىزىرغا يولۇقارمىش... هاجى هۇجرىسىغا كىرىپ ئۈستىبېشىدىكى داغلىق ماركىلىق خۇرۇم چاپىنىنى، شىم، ئاياغلىرىنى سېلىپ، بېشىغا سەرپۇش تۇمىقىنى، ئۇچىسىغا كونىچە خورما رەڭ تون، ئېغى كەڭ ئىشتان كىيىپ، پۇتىغا بوغقۇچلۇق ئۆتۈك تارتتى. بېلىگە زەر يىپلىق بەلباغ باغلاپ، يېنىغا يېڭىسارچە خەنجىرىنى ئېسىۋالدى.

هەمدۇللا هاجى هايال ئۆتمەي كونىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ، قىزىلگۈل بەرگى رەڭگىدىكى هۇجرىسىدىن چىقىپ بىنادىن پەسكە چۈشتى. خىزمەتكارلار توقۇپ جابدۇپ قويغان چىلان تورۇق ئات ئۇنى تونۇپ ئويناقلاپ كەتتى. هاجى ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى قولىغا ئېلىپ «يا، رەببىم» دەپ ئۈزەڭگىگە پۇتىنى قويدى. ئۇ ئاتنى دېۋىتىپ، قورۇدىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، خانىش قىپقىزىل پىكاپىنى هەيدەپ سىرتتىن كىرىپ كەلدى هەم ئات ئۈستىدە تۇرغان هاجىنىڭ يېنىدىلا ماشىنىدىن چۈشتى.

خانىش هاجىنىڭ كونىچە تۇرقىغا قاراپ بىر قىسىملا كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — دېدى يەنە كەيپىياتى بۇزۇلغان هاجى ئۇنىڭ ئىپادىسىدىن نارازى بولغاندەك.

— كۈلگۈدەك ئىشنى كۆرگەندە، قانغۇچە كۈلۈۋېلىش كېرەك! — خانىش تېخىچە كۈلۈۋاتاتتى.

— كۆرمەيدىغان نەرسىنى كۆرۈپ قالمىغانسەن؟ — هاجى خوتۇنىنىڭ مەسخىرە ئارىلاشقان كۈلكىسىگە خېلىلا تە بولدى.

— ئەمدى ئەسلىگىزگە قايتىپسىز، هېلىقى كونا خاندانلىق دەۋرىدىكى تومپاي بەگ ـ بايۋەچچىلەردەك...

— دېمىسەڭمۇ شۇغۇ، مانا مەن خان ئەۋلادى!

— قېنى ئۇ خاندانلىقىڭىز؟! — خانىش كۈلكىسىدىن توختاپ قىپقىزىل بويالغان لەۋلىرىنى ئۇچلىغىنىچە بىناغا

كىرىپ كەتتى. ھاجى غۇچچىدە تۇرۇلۇپ كەينىگە قاراپ قالدى. ئۇ بۇ ياش، چىرايلىق خوتۇننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى، نېمە ئويلايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس ئىدى.

چاپچىپ بىر ئورنىدا تۇرالماي قالغان ئات، ئىگىسىنىڭ كۆڭۈل بىسەرەمجانلىقىنى چۈشەنگەندەك، ماڭغىلى ئالدىراپ كەتتى.

ھەمدۇللا ھاجى ئامراق ئېتىنى يورغىغا قويۇۋەتتى... ئاجايىپ ئىش، ئۇ ئادەمنىڭ بىردىنلا كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭۈل غەشلىكى ئات ئۈستىدە پەيدا بولغان غۇر - غۇر سوغۇق شامال بىلەن كەينىدە قالدى. تەن - تەنلىرى يايراپ، ئات بىلەن تەڭ چاپچىپ چېپىۋاتقاندەك روھلىنىپ كەتتى. ئۇ تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپىدا ئولتۇرغاندا ھېچقاچان بۇنداق روھلانمايتتى. ئەتىر پۇراپ تۇرغان لۆم - لۆم ئورۇندۇققا يۆلەنگەندە، بەدەن - بەدەنلىرى بوشىشىپ نېرۋىلىرىنى ئۇگدەك باساتتى. لېكىن، بۇ ئات...

## 56

شىمالدا ياغقان قارنىڭ سوغۇقى جەنۇبقا سۇرۇلۇپ كەلدى. قىلىن كىيىنىۋالغان كىشىلەر ھامان ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

كىيىم - كېچەكلىرى يېپىلىڭ ھەم كونا، بېشىغا جىگەر رەڭ تور چۈمبەل ئارتقان تىلەمچى سىياق بىر ئايال شەھەر كوچىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ پارقىراق قوڭغۇزلاردەك مىغ - مىغ پىكاپلارغا، بىر - بىرى بىلەن بوي تالاشقاندەك كۆككە بوي سوزغان بىنالار، ئۆز - ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك ھەر خىل ياسىنىۋالغان ئادەملەرگە قاراپ توختىماي سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر توۋا ئېيتىشقىنىچە، ئايالنىڭ كىملەرنىدۇر تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتى. ئايال ئېزىپ قالغاندەك تۆت تەرەپكە بويۇندىغىنىچە دوقمۇشلاردىن ئايلىنىپ

ئۆتۈپ، ھەمدۇللا ھاجىنىڭ كاتتا سارىيى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئەتراپىدىكى بىنالاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرغان ھەم ئېگىز، ھەم كۆركەم مېھمانسارايغا بىر ھازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن ھە دەپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— يالغان، يالغان! ھوي ھەممىسى يالغان، خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەللىسىگە ئۇماچ ئۇسۇپ ئىچكەن ئۇ كىرىسلولار كىشىنىڭ گۆرىنى ئىگىلىۋالغان بىلەن قىيامەتتە سورىقى بار... — ئايالنىڭ گېپى ھەم تاققا - تۇققا، ھەم باش - ئاخىرى چۈشىنىكسىز بولغىنىغا قارىماي توختىماي سۆزلەيتتى. گېپىنى ئاڭلايدىغان ئادەم بار - يوقلۇقىغا پەرۋا قىلمايتتى، — دەيدىغان بولسام گەپ تولا، ئاتام زامانىسىدا بۇ قەلەندەرنىڭ نوچىلىقى ئىككى پۇل ئىدى. مەن سىلەرگە راستىنى دېسەم، يېتىمچىلىك قىلىپ يېگىلى يوق، كىيگىلى يوق، مەدىكار بازىرىدا بويۇن قىسىپ ئولتۇرغاندا بەگ دادامغا ئۇچراپ قېلىپ، ئادەم ئېتىپ بېقىۋاپتىكەن. مۇشۇنداق ئىت ئۆلۈمى سوغۇقتا كەينىگە سېلىپ باشلاپ كېلىپ، ئىسسىق ئۆيدە قورسىقىغا ئاش - نان، ئۇچىسىغا كىيىم - كېچەك بېرىپتىكەن... خان ئەۋلادى ئىمىش تېخى! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، خالايىق! — ئايال ئۆپچۆرىسىگە يىغىلغان كىشىلەرگە قىسسە سۆزلەۋاتقاندەك، سوغۇقتا قولاشماي قالغان قوللىرىنى ھەريان شىلتاتتى، — ئادەم دېگەن ھەرقانچە تۇزكور بولسىمۇ، ئاشۇ داپ يۇزدەك تۇزكور بولامدۇ؟ تۇز بەرگەن تۇزلۇقنى چاقامدۇ؟ ئون سەككىز مىڭ ئالەم بىلمەي قالامدۇ؟ بەگ دادام شۇنداق بىر قارا يېتىمنى ئاللانىڭ بەندىسى دەپ قوينىغا ئالدى، ئۇدۇمىنى بەردى... كېيىن مىنىمۇ بەردى دەڭلار ئۇ ھايۋانغا، ھا - ھا - ھا...

ئايال توختىماي سۆزلەۋەرگەچكە، ئەتراپقا بىرمۇنچە ئادەم يىغىلدى. ئادەملەر توپى ئىچىدە كۇسۇر - كۇسۇر پاراڭ باشلاندى:

— بۇ مەزلۇم نېمە دەيدىغاندۇ؟

— بىر كىمنى تىللاپ قورسىقىنى بوشىتىۋاتقاندەك قىلىدىغۇ؟

— سۆزلەپ قالغان ساراڭدەك قىلىدۇ، جۇما !

— ساراڭمىكىن دېسە، بەزى گەپلىرى ئوڭدەك...

— ئوڭ بولسا، چوڭ كوچىدا ئالىجوقا سۆزلەرمىدى.

— ياق، بۇ بىر دەردى بار ئايالدەك قىلىدۇ !

ئايال ئەتراپتىكىلەرنىڭ تالاش - تارتىش قىلىشىغا پەرۋاسىز ھالدا توختىماي سۆزلەيتتى.

— نېمە ئۇ، ھايۋاننىڭ ئالىسى دېگەن... ھەممىدىن كۆڭۈلنىڭ ئالىسى يامان ! شەھۋەتنىڭ مەنبەسى ھارام ! قولى قاپارماي، چېكىسى تەرلىمەي تاپقان ۋەج ئاشۇنداق ھۆركىرىتىدۇ... ۋاي قانداق قىلاي ئەمدى، جاھانغا پاتماي قالغىنىنى ! دەپ قويۇڭلار، ئۇنچىۋالا غادىيىپ كەتمىسۇن، بۇ جاھان تېخى ئۆزۈن، كۆرىمىز تاماشىسىنى... ھېساباتىنى قىيامەتتە قىلىشىۋالىمىز. ئاجىزلارنىڭ كۆزىدىن قان ئېلىپ، ئىشرەتخورلۇقتا، زىناغا بېرىلگەنلىرى، گۆدەك، نارەسىدىلەرنى يېتىم قىلغانلىرى ئۇچۇن قىيامەت كۈنى تۇڭگۇز سىياقىغا ئايلىنىپ مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ ئالدىدا توڭگۇزدەك تۆت پۇتلۇق بولغاندا، تۇگمەس سوئال - سوراقلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىكىن قېنى؟ ! قىيامەت كۈنى ئۆزىنى ئاقلاپ يالغان ئېيتىپ باقسۇنا، قولۇمنى ياقىسىدىن ئاجرىتالامدىكىن...

خانىش ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇۋېرىپ، پارنىڭ ئىسسىقىدىن زېرىككەندەك پەسكە قاراپ قويدى. مېھمانسارايىنىڭ ئالدىغا يىغىلىۋالغان كىشىلەرنى كۆرۈپ سەل چۆچۈدى. ئۇ بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھە دەپ قوللىرىنى شىلتىۋاتقان بىر قارا گەۋدىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمە ئۇچۇن ئەتراپىغا ئادەم يىغىۋالغانلىقىنى بىلەلمەي، مېھمانساراي ئامانلىق بۆلۈمىگە تېلېفون بەردى. ئامانلىق بۆلۈمى بۇ يەردە بىر سائەت قېتىمش ئايالنىڭ ئالىجوقا

سۆزلەۋاتقانلىقىنى، پىيادىلەر يولىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ شۇ ئايالنىڭ ئاغزىغا قاراپ تاماشا كۆرۈۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلدى.

— ئۇ خوتۇننى ھەيدىۋېتىڭلار! بۇ يەردە تۇرۇۋالسا مېھمانخانىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە، بىزنىڭ يۈز - ئابرۇيىمىزغا سەت... ساقچىلارمۇ كىشىلەرنىڭ بۇنداق توپلىشىۋېلىشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ، — دېدى خانىش بۇيرۇق چۈشۈرۈپ. شۇ ئەسنادا ئەنسىز غۇڭۇلدىغان ئاۋازلار بىلەن تەڭ، ساقچى ماشىنىسى يېتىپ كېلىپ، بۇ يەرگە توپلىشىۋالغانلارنى تارقاقلاشتۇردى. ئايالنى بولسا ماشىنىغا چىقىشقا زورلىدى. سۆزلەپ قالغان بىر ئايالنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ قالغىنى ئۈچۈن بۇنداق جىددىي كەيپىيات كۆرۈلۈشىنى ئويلىمىغان كىشىلەر قورقۇپ كېتىشتى.

پۇل - بايلىق كويىدا توختاۋسىز چېپىپ يۈرگەن ھەمدۇللا ھاجى ماشىنىسى بىلەن مېھمانسارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى چالا - پۇچۇق كۆردى ھەم ساقچى ماشىنىسىغا چىقىشقا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ھە دەپ ساقچىلارنى تىللاۋاتقان روپاش ئايالنى كۆرۈپ، گۆشلۈك يۈزلىرى قىزاردى. نوركا ياقىلىق ئىپىل خۇرۇم چاپانغا ئورالغان بەدەنلىرى ئىختىيارسىز تىكەنلەشكەندەك بولۇپ، يۈرەك رىتىمى تېزلەشتى.

شۇنداق، ھاجىنىڭ كۆڭلى تۇيدى، يادىكار خېنىم روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدىن يەنە قېچىپ چىققان، ئۆزىنى ئىزدەپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئاغزىغا كەلگەننى دەپ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغانىدى.

ھەمدۇللا ھاجى چاقماق تېزلىكىدە ئەتراپىنى تىنچىتىپ، ئەنسىز چىرقىرىغىنىچە كېتىپ قالغان ساقچى ماشىنىسىنىڭ كەينىدىن قاراپ، مۆرەككەپ ھېسلار ئىلكىدە قېتىپ تۇرۇپ قالدى. راست، يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يادىكار خېنىم ئىسىملىك بىر خوتۇنى بولغان، يادىكار خېنىم خان

كوچىسىنىڭ پاراغەتلىك ئىبىسلىزادىلىرىدەك نەزىرى ئۈستۈن، ئانچە ئادەم ياراتمايدىغان ئايالاردىن بولسىمۇ، لېكىن باي دادىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھەمدۇللا مەخسۇمغا ھالال نىكاھى لەۋزىنى بېرىپ خوتۇن بولۇپ تەگكەن. مەخسۇمنى ئىچ كۇيۇ ئوغۇل، تەييارغا ھەييار بولدى دەپ پات - پات كوتۇلدايدىغان، دادىسىنىڭ بايلىقىنى پەش قىلغان، مىننەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرھالدا ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۇنىڭغا بىر قىز، بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن... كېيىن بۇ ئائىلىدە ئارقا - ئارقىدىن بەختسىزلىكلەر يۈز بەردى. تۇغۇتتا ئاللاپ كېتىپ كېسەلمەن بولۇپ قالغان يادىكار خېنىم بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانىسىنىڭ دەردىدە نېرۋىسى ئاجىزلاپ كەتتى. پۇل، بايلىق كويىدا چېپىپ يۈرگەن مەخسۇمغا دېگەندەك كۆڭۈل بۆلۈپ بولالمىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى مەخسۇم جىددىيچىلىكتىن ھارغان تېنىگە، چارچىغان نېرۋىلىرىغا ئائىلىسىدىن ئەمەس، تالادىن ئاراملىق ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى.

سوغۇقتا مۇزلاپ قېتىپ قالغاندەك، بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەن ھاجىنىڭ تۇرۇپلا يۈرىكى مۇجۇلغاندەك بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاشۇ بىچارە مەزلۇمغا ئىچى ئاغرىپمۇ قالغانىدى.

## 57

ساقچىلار ھېلىقى ئايالنى بىر قۇر سوراق قىلىپ چوڭ ئىش يوقلۇقىنى، ئايالنىڭ ھەمدۇللا ھاجىنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى بولۇپ، نېرۋىسى جايىدا ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۇرگەندىن كېيىن ئايالنى قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇدى.

ئوغلىنىڭ ئىشىدىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلەرمەنمىكىن، دېگەن ئۇمىدتە ساقچىخانىغا كەلگەن ئەنقەر، ئانىسى يادىكار خېنىمنى بۇ يەردە كۆرۈپ بەكمۇ چۆچۈپ كەتتى ھەم ئىتتىك

قەدەم بىلەن ئانىسىنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئەنقەرجان بالامسەن؟! — يادىكار خېنىم غۇلاچ كېرىپ كېلىپ ئەنقەرگە ئېسىلدى. بوۋاقنى باغرىغا باسماقچى بولغان ئانىدەك ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئەنقەرنىڭ ھەيرانلىق، چۆچۈشتىن كۆزلىرى چەكچەيدى. كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىدا كۆردى. چۈش كۆردۈممىكىن دەپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى. ياشلىقىدا ئانا بولۇپ، ئانىلىق ھوقۇقى دەپسەندە بولغان، ئانا بولغانلىقى، ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن خارلانغان، ھاياتنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن ئانىسى ئۇنى قۇچاقلاپ تۇراتتى.

ئاھ، ئانا! يادىكار خېنىمنىڭ يۈزىنى، ئاياللىق سۈلكىتىنى، ئار - نومۇسىنى يۆگەپ تۇرغان چۈمبىلى چۈشۈپ قالغان، ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ ئاقىرىپ چارلىشىپ كەتكەن چۇۋۇق چاچلىرى، ھاياتنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى ئۆمۈچۈك توردەك ئىز سالغان نۇرسىز چېھرى، خارلىق، ئەلەم دەستىدىن قېتىپ قالغان نادامەتلىك كۆزلىرى ئەنقەرنىڭ ئېزىلىپ تۇرغان يۈرىكىنى يەنە پارە - پارە قىلىۋەتتى.

— ئانا، جېنىم ئانا! بۇ ئۆزلىرىمۇ؟ سىلى بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىلا؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىلا، ھە؟

ئەتراپتىكى كىشىلەر ھەيرانلىق، ئىچىنىش نەزىرىدە ئانا بىلەن ئوغۇلغا قايرىلىپ بېقىشتى.

— سېنى بەك ئىزدەپ كەتتىم، بالام! — يادىكار خېنىم تېخىچە ئەنقەرنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇراتتى، — سېنى ئاخىر تاپتىم!

ئەنقەر ۋۇجۇدىغا يامرىغان خۇشاللىق، خىجىللىق ئىلكىدە ئانىسىغا تىكىلدى. ئۇنىڭ نادامەتلىك كۆزلىرىدىكى ھەسرەت ئېپتىخارلىققا، خاتىرجەملىككە ئورۇن بوشاتقانىدى. بۇ ئېپتىخارلىق، بۇ خاتىرجەملىك ئانىنىڭ تاغدەك ئوغلىغا بولغان ئېپتىخارلىقى، خاتىرجەملىكى ئىكەنلىكىنى ئەنقەر بىلەتتى.

ئەنقەرنىڭ خۇشاللىقىمۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن كەلدى، ئەلۋەتتە. خىجىللىقى بولسا، ئۇ بىر ئوغۇل تۇرۇپ ئانىسىنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئاجىز كەلدى. يەنە، يەنە ئۆز غېمى، بالا دەردى بىلەن بولۇپ ئانىسىنى يوقلىيالمىدى. ئانىسى تۇرۇۋاتقان دوختۇرخانىغا بارالمىدى. مانا ئەمدى ئويلىمىغان يەردە ئانىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى... ئۇ ئانىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى، رومىلىنى تېپىپ كېلىپ بېشىغا سېلىپ قويدى، مۇزلىغان، قېتىپ قېلىۋاتقان قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى.

— يۈرسىلە، ئانا، بەك توڭلاپ كېتىپىلا. ئىسسىقراق يەرنى تېپىپ ھال ـ مۇڭ بولۇشايلى، يەنە قورساقلىرىمۇ ئېچىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ.

— خۇدايىم دېگىنىڭگە يەتكۈزەر، بالام!

ئانا ئوغلىغا ئەگەشتى. كۆيۈملۈك ئوغلىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ نېرۋىسى خېلىلا تىنچلىنىپ قالغان، تاققا ـ تۇققا گەپلىرىمۇ ئازلاپ، ئوغلىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. بالا دەردىدە بىسەرەمجان بولۇپ، ساقچىخانىغا كېلىپ ـ كېتىپ يۈرگەن ئەنقەر بىلەن تونۇش بولۇپ كەتكەن ساقچىلار سوئال نەزىرىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى.

ئەنقەر ئانىسىنى شۇ ئەتراپتىكى كىچىك بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. پارۋاينىڭ يېنىدىكى ئىككى كىشىلىك ئۈستەلگە جايلىشىپ، ئىككى كىشىلىك قوي گۆشى شورپىسى، نان بۇيرۇدى.

— خېلى ساقىيىپ قالغاندەك تۇرامىلا، ئانا؟ — ئەنقەر ئانىسىغا چاي قۇيغاچ مۇلايىم ئاۋازدا سورىدى.

— مەن ئاغرىق ئەمەس، بالام، — ئىسسىق ئاشخانىدا پۇت ـ قوللىرى ئىللىپ، يۈزلىرىگە ئاز ـ تولا قىزىللىق يۈگۈرگەن ئانا ئارقا ـ ئارقىدىن چاي ئوتلاپ ئوغلىغا تىكىلدى. ئەنقەر

ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— بۇنى بىلىمەن، ئانا، ئۆزلىرى ئاغرىق ئەمەس، سىلى بەك چارچاپ كەتكەن، سالامەتلىكلىرى ناچارلاشقان... — دېدى.

يانفونىنىڭ سىگنالى ئەنقەرنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. ئۇ ئېكراندا كۆرۈنگەن نومۇرغا قاراپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئانا، تېلېفون ئېلىۋېلىپ كىرەي، مۇشۇ يەردىن قوزغالماي، بىر مىنۇت ئولتۇرۇپ تۇرامىلا؟

— كېتەمسەن، بالام؟ — يادىكار خېنىم پىيالىنى قويۇپ ئەنقەر بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇردى.

— ياق، ئۆزلىرىنى تاشلاپ كېتەمدىم، ئانا... تېلېفون ئېلىۋالسامىلا بولدى.

— يېنىمدا ئولتۇرۇپ گەپ قىلە بولمسا، مەنمۇ گەپ قىلىشىپ بېرەي ئۇ نېمەڭدە.

ئەنقەر بىسەرەمجان بولدى، ئانىسىنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى، شۇڭا جايىدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، ئاندىن يانفونىنىڭ يېشىل كۇنۇپكىسىنى باستى. بۇ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدىن كەلگەن تېلېفون ئىدى.

— ۋەي، تىنچلىقمۇ؟ ھەئە، مەن شۇ، — ئەنقەر بىردەم جىم بولۇپ، قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى. ئاندىن جاۋابەن ئېغىز ئاچتى، — ھازىر مېنىڭ يېنىمدا... قالغان گەپنى سەل تۇرۇپ دېيىشەيلى. مەن سىزگە تېلېفون قىلاي.

ئەنقەر قىسقىلا سۆزلىشىپ، يانفوننى سىماب رەڭ تاشپاختا چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سالدى.

— كىم ئىكەن ئۇ، بالام، مېنى سوراۋاتامدۇ؟

— كەلسىلە، ئانا، تاماق يەيلى، — ئەنقەر مۇلازىمىنىڭ قولىدىن قىزىق شورپىنى ئېلىپ، بىرسىنى ئانىسىنىڭ ئالدىغا، بىرسىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى، — قىزىق جۇما، ئانا، ئاغزىلىرىنى كۆيدۈرۈۋالمىسىلا، — ئەنقەر ئانىسىنىڭ دىققىتىنى تاماققا بۇرىدى.

— نېمە بۇ، بالام؟
— قوي گۆشى شورپىسى، ئانا، — ئەنقەر ئىسسىق ناننى ئۇشتۇپ، ئانىسىنىڭ چىنىسىگە سالدى. مۇشۇنداق قىلغاندا شورپا تېز سوۋۇيتتى، — كىچىك ۋاقتىمدا ئۆزلىرى ماڭا پات ـ پات شورپا قىلىپ بېرەتتىلىغۇ، مەن شۇنداق ئامراق ئىدىم.
— ئا... ئاي... نى چاغلاردىكى ئىشلار ئۇ، بالام؟ — يادىكار خېنىم ئاشخانىنىڭ تورۇسىدىكى ئاسما چىراغقا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ، بىر ئىشلارنى ئەسلىگەندەك قىلدى، — ئۇ چاغلاردا ئىككىمىز ھەممىشە يالغۇز قالاتتۇق، كەچلىك تاماقنىمۇ يالغۇز يەيتتۇق. داداڭ دېگەن ئادەم تالادا قورسىقىنى تويدۇرۇپ، تەڭ كېچىدە، سەن ئۇخلاپ قالغاندا سېسىق كېكىرىپ كىرەتتى. بەزىدە خىجىل بولماي تاڭ ئاتقاندا پەيدا بولۇپ، خورقىراپ خورەككە چۈشەتتى... كېيىن ئايخېنىم دېگەن ھېلىقى خوتۇننى مېنىڭ تۆپەمگە ئالدى.
— ئانا... — ئەنقەر يان ـ بەللىرىدە تاماق يېيىشنىۋاتقانلارغا قاراپ قويۇپ، ئانىسىغا ئۆتۈنۈش نەزىرىدە تىكىلدى. ئاغزىنى ئۇچلاپ بىگىز بارمىقىنى كالپۇكىغا تەگكۈزۈپ، — ئۇش... — دېدى. ئەنقەر بالىلىق چاغلىرىدا ئانىسى بىلەن مۇشۇنداق ئويۇن ئوينايتتى. بۇنى كۆرگەن ئانىسى چالا كۈلۈپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇ شورپىدا يۇمشىغان ناننى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئەنقەر ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ بەكلا ئېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.
ئەنقەر ئىشتىھاسىز ھالدا شورپىدىن بىر ـ ئىككى ئوتلاپ قويۇپ، ئانىسىنىڭ پىيالىسىگە چاي ئىتقىلىدى. ئۇ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئانىسىنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلايتتى. ئەمما، ئۇ گەپلەرنى ئانىسى بار يەردە سۆزلەشسە ئانىسىنىڭ ئەسەبىيلىكى قوزغىلىشى، كېسىلى تۇتۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. بايا دوختۇرخانا تەرەپنىڭ ئېيتىشىچە، يېقىندىن بۇيان يادىكار خېنىم دوختۇرخانىدىن

چىقىپ كېتىمەن دەپ داۋراڭ سېلىپ، دوختۇر - سېستىرالارنى پات - پات ئاۋارە قىلىدىغان، دورا يېيىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، بەرگەن دورىلارنى دوختۇرنىڭ كۆزىچە تاشلىۋېتىدىغان بولۇۋالغان. بۇ ئاز كەلگەندەك، بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىلغاندا، يوقاپ كەتكەنىمىش... ئەنقەر ئانىسىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل شەھەرگە كىرگىنىنى بىلدى. لېكىن، ئانىسىنىڭ ئۇ يەردە كىيىپ يۈرىدىغان كېسەللەر كىيىمىنى قانداق قىلىپ ئۈچىسىدىكى كونا كىر كىيىملەرگە ئالماشتۇرۇۋالغىنى ئەنقەر ئۈچۈن بىر سىر ئىدى.

## 58

— خوتۇنىڭىز كەپتىكەن، — دېدى خانىش قاش - قاپاقلىرىنى سۈزۈپ خۇيلىنىپ، — دىدارىنى كۆرەلمەي قالدىڭىز!

— قايسى خوتۇنۇم؟ — دەپ سورىدى ھەمدۇللا ھاجى ھەيران بولۇپ.

— خوتۇنلىرىڭىزنىڭ جىقلىقىدىن قايسى خوتۇنىڭىزنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيسىز! — دېدى خانىش ھاجىغا قاراپمۇ قويماستىن.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىغانسەن، خانىش، — دېدى ھاجى تەشتەكتىكى يەسمەنگۈلگە قاراپ، — يوق گەپنى قىلماي چاي ئەكېلە، بەك ئۇسساپ كەتتىم، شۇ تاپتا.

— مېنى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، دەمسىز؟ — خانىش پېتىنى بۇزماستىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھاجىغا قارىدى. ئاچچىق دەستىدە تۇرغان بۇ چىرايلىق ياش خوتۇننىڭ گۈزەللىكى يوقىلىپ، چىرايى بىر قىسما تۇس ئالغانىدى. ھاجى ئۇنىڭ خۇيلىنىشىنى قېتىغا ئالماستىن، كىرىپسلوغا لەسسىدە چۆكۈپ،

پۇتلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئالماپ كىرىلىپ ئولتۇردى. ئۇ خانىشنى نىكاھىغا ئالغان نەچچە يىلدىن بېرى بۇ ياش، چىرايلىق خوتۇنىنىڭ ئاغرىنىش، باتناشلىرىنى مۇشۇنداق كىچىك بالىنىڭ ئەركىلىشىدەك ئويۇن قاتارىدا كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، ھازىر بۇ ئايالنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ، ئاۋازىدا كۈچلۈك ئىسيان ئالامىتى بار ئىدى. قارىغاندا، خانىش ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئۆتمۈشىنى، ئىچكى سىرلىرىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلىپ كەتكەندەك تۇراتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ يېقىندىن بۇيان ئۇلارنىڭ كۆڭۈل رىشتىدە ئۇزۇكچىلىك يۈز بېرىپ، ئاستا ـ ئاستا يىرىكچىلىك شەكىللىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئارىدا ئۇزاققا سوزۇلغان سۈكۈت، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. كۈنداشلىق، ھەسەت ئوتىدا كىرىپىكلىرى نەملەشكەن خانىش دېرىزە ئالدىدا سىرتقا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى. ئادەتتە ھەرقانداق سورۇندا، ماڭغان ـ تۇرغان يېرىدە ھۆرمەت تەۋازۇلارغا نائىل بولۇپ، سىلىق ـ ئۆزلىرى، خوش ـ خوش... لار ئىچىدە ئەتىۋارلىنىپ تۇرىدىغان ھاجى پەقەت مۇشۇ ياش خوتۇنىنىڭ ئالدىدا شۇنداق سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايتتى، ئۆزىنى ئوسال ئەھۋالدا سېزەتتى. شۇڭا، خوتۇنىنىڭ قىلىقلىرىدىن ئۆلگۈدەك ئىچى سىقىلغان، تاقەتسىزلەنگەن ھالدا زەردىسىنى يوشۇرالماي ئېغىز ئاچتى :

ــ كەينىڭگە بۇرىلىپ ماڭا بىر قايلاپ قويامسەن، خوتۇن؟ نېمە بولدى ساڭا، مەن سېنىڭ قېيىنداش، باتناشلىرىڭنى گۈل قىلغىلى ئەمەس، خىزمەت ئىشى بىلەن يېنىڭغا كەلدىم، جۇما، ـــ ھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقتىن كۆز چاناقلىرى كېڭەيگەن بولۇپ، ئاۋازى ھەم ئۇنلۇك، ھەم قەتئىي ئىدى، ـــ قانداق، مېھمانخانىنىڭ يىللىق بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلى پۈتتىمۇ؟ پايدا ـ زىيان ئەھۋالى قانداق؟ بۇ يىل بىرىنچى تۇركۇمدە مۇددىتى توشىدىغان 1مىليون 600 مىڭ يۈەن قەرز پۇلغا تەييارلىق سومما ئاجرىتىڭلارمۇ؟ !

خانىش گۈلدۈرمامىدەك ئۈنلۈك ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلدى. ئېرى گويا شىركەتتىكى يالالنما خادىملارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتقاندەك ھۆركىرەۋاتاتتى. ئۆزىگە مىختەك قادالغان كۆزلىرىدە ھۆكۈمرانلىق، سۈر ـ ھەيۋە ئۇچقۇنى چاقناپ تۇراتتى. خانىش بۇ ئەرگە تېگىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇنچە غەزەپلەنگىنىنى، بۇنچە تۈۋلاپ كەتكىنىنى كۆرمىگەن، ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئاز ساراسىمىگە چۈشۈپ يۈرىكى ئاغقاندەك، تىزلىرى تىترىگەندەك بولدى. لېكىن، ھاجىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بۇنچە ئاسان ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغۇسى يوق ئىدى. ئەسلىدە بۇ ئادەم ئۆزىنى ئالدىغان، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ياشلىق ئۆمرى مۇشۇ ئادەمنىڭ شەھۋەتلىك كۆڭلى، قانماس نەپسى ئۈچۈن نابۇت بولۇۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇ قېرى ئېرىگە نىسبەتەن ئىسيان تۇيغۇسى غەليان كۆتۈرەتتى... خانىش كۆكسىنى كەردى. يۈرىكىدە دەماللىققا پەيدا بولغان ساراسىمە تۇيغۇسى ئىزىغا چۈشۈپ، ھاجىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قارىدى:

ـــ ماڭا نېمانچە تۈۋلاپ كېتىسىز؟ سىز گەپنى بۇراپ خىزمەت، ھەشەمەت، پۇل ئارقىلىق ئەيىبلىرىڭىزنى ياپماقچىمۇ؟

ـــ سەن نېمىشقا ھە دېسىلا مەندىن ئەيىب، گۇناھ ئىزدەيسەن، خانىش؟ ئەجەبا، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا...

ـــ مەن سىزدىن گۇناھ ئىزدىمىگەن، ئۆز يولۇمدا ياشاي دېگەن، بىراق مەن ھايات يولۇمنىڭ ھەر بىر قەدىمىدە سىزنىڭ شەھۋەتلىك ئۆتمۈشىڭىزنىڭ ئىزناسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇۋاتىدۇ. مەن ئەمدى بىلدىم، سىز كۆڭۈل خۇشلۇقىڭىز ئۈچۈن ھاياتنى دەپسەندە قىلغان ئادەم ئىكەنسىز. سىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھەربىر ئىزلىرىڭىزدىن گۈل ئەمەس، تىكەن ئۈنگەن ئادەم ئىكەنسىز!

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كۆز قارىچۇقلىرى تارتىشقاندەك بولدى. ئولتۇرغان ئورنىدا ئەلەڭلەپ، كۆكرىكىنى

تۇتقانچە كىرىپسلودا قىيسىيىپ قالدى. ئۇ شۇ تەرسقىدە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھارغىن بىر ھالدا خوتۇنىغا تىكىلدى :

ــ بايا نېمە دېدىڭ؟

ــ ماڭغان يولىڭىزغا تىكەن تېرىپسىز، دېدىم ! ــ دېدى خانىش ئاياپ ئولتۇرماستىن.

ــ قارىسىغا گەپ قىلما، مەن ھەر يىلى رامىزاندا نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ، شەھەر كەمبەغەللىرىگە ئۆشرە ـ زاكات قىلىپ تارقىتىۋاتىمەن، نەچچە يۈز ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. مەن يەنە مائارىپ، يول ـ كۆۋرۈك، مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ئىئانە پۇل بېرىپ كېلىۋاتىمەن. ئىچكىرىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان خەلققە ئۆز قولۇم بىلەن نان، ئۇسسۇلۇق تۇتۇپ ئۇلارغا تەسەللى بەردىم. مەن يەنە تۇرمۇشتا چىقىش يولى تاپالمىغان تۇل ـ خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا غەمخورلۇق قىلدىم. كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن يېتىم بالىلارنى يىغىپ ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگەتتىم...

ــ ھىم ! ــ خانىش دىمىقىنى قاقتى، ــ تۇل خوتۇن، يېتىم بالىلارنىڭ بېشىنى سىلارىمىش... سىز ماڭا ساناپ بېرەلەمسىز؟ سىز باي بولغاندا، پۇلىڭ كۈچىگە تايىنىپ نەچچە قىزنى ئالداپ خوتۇن قىلدىڭىز؟ نەچچە ئايالنى تالاق قىلىپ تۇل خوتۇنلۇق كوچىسىغا ئىتتەردىڭىز؟ نەچچە بالىنى يېتىم قىلىپ سەرسان ـ سەرگەردان قىلدىڭىز، ئاشۇ كوچىدىن يىغىپ كېلىپ مەدىكارچىلىققا سېلىۋاتقان بالىلارنىڭ قانچىسى سىزنىڭ سۆيدۈكىڭىزدىن تامغان بالا... بۇنى ياراتقان خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ ! سىز ئاشۇ تۇل ئاياللارغا، يېتىم بالىلارغا قىلغان ئۆمۈرلۈك يامانلىقىڭىز، گۇناھلىرىڭىز بىلەن مەكتەپ، مەسچىتلەرگە قىلغان كىچىككىنە ياخشىلىقىڭىزنى تارازىغا سېلىپ ئۆلچەپ باقتىڭىزمۇ؟ قايسىسىنىڭ ۋەزنى ئېغىر كەلدى؟ ئەلۋەتتە، يامانلىقلىرىڭىزنىڭ، گۇناھلىرىڭىزنىڭ ۋەزنى ئېغىر ! نېمىشقا دەمسىز؟ مەن، بىر ياخشىلىق، بىر يامانلىق ئۇنتۇلماس،

دەيدىغان گەپ بارلىقىنى بىلىمەن، بۇ بىر ئەقەللىي يەكۈن. بىراق، بۇ يەكۈننىڭ ماھىيىتىگە قارىساق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى دەڭسەپ كۆرسەك، ياخشىلىققا قارىغاندا يامانلىقنىڭ ۋەزنى ئېغىر بولىدۇ، چۈنكى باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقىڭىز پەقەت ۋاقىتلىق خۇشاللىق، ۋاقىتلىق مىننەتدارلىق، ۋاقىتلىق رازىمەنلىك ئېلىپ كېلىدۇ. ياخشىلىقنىڭ قىممىتى ئەسلەش بىلەن كۈپايىلىنىدۇ. قىلغان يامانلىقىڭىز بولسا بىراۋغا ئۆمۈرلۈك ئازاب، ئۆمۈرلۈك قايغۇ ـ ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ! ئېھتىمال سىزنىڭ يامانلىقىڭىز باشقىلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى، ھېچبولمىغاندا مەڭگۈلۈك ئاچچىق ئەسلىمە، روھىي زىيان، قەلب جاراھىتى قالدۇرۇشى مۇمكىن!

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئالمىشىپ تۇرغان پۈتلىرى ئىختىيارسىز سىيرىلىپ چۈشتى. بايا بۇ ئايالنى مەنسىتمىگەن، قېتىغا ئالمىغان كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئۇنىڭ توختىماي سۆزلەۋاتقان ئاغزىغا قاراپ قېتىپ قالدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. ھاجىنىڭ ئاغزىغا نە گەپ كەلمەيتتى، نە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋۇ خوتۇنغا ھەيۋە قىلغۇدەك مادارى يوق ئىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ بىر ئەر كىشى ئېغىر ئۇرۇشىدا قانداقمۇ ئايال كىشىگە تەڭ كېلەلىسۇن؟! خان كوچىسىنىڭ ئەرلىرى ئاياللارغا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۆچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن جىسمانىي كۈچ ـ قۇدرەتكە، مۇشت ـ پەشۋاغا تايىنىدۇ، بىراق ھاجىنىڭ مۇشت ـ پەشۋاسى يادىكار خېنىم بىلەن ئايخېنىم زامانىسىدا دو سۇرگەن، ھازىر ئۇنىڭ مۇشت ـ پەشۋانى ئىشقا سالىدىغان چاغلىرى كەلمەسكە كەتكەن...

خانىش تېخىچە ئاغزى بېسىلماي سۆزلەۋاتاتتى:

ــ بايا بەش مىنۇت بالدۇر كەلگەن بولسىڭىز، ئوت ـ يىراقىڭىزدا كۆيۈپ سارالڭ بولۇپ قالغان ھېلىقى يادىكار خېنىم ئاتلىق چوڭ خوتۇنىڭىزنىڭ دىرامىسىنى كۆرەتتىڭىز. بولسا مۆلدۈردەك ياغدۇرغان تىل ـ ئاھانەتلىرىنى ئاڭلىغان بولسىڭىز

ياخشى بولاتتى !

ھاجى ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە سۇۋەرەك كىرىۋالغاندەك، ئولتۇرغان يېرىدە قىمىرلاپ ئولتۇرالماي قالدى. كۆڭلىدە: «بۇ خوتۇن ھەممىنى بىلىپ كېتىپتۇ، ئەجەب بۇرۇنقى خوتۇنۇمنىڭ ئىسمىدىن تارتىپ ساراڭلىقىغىچە تىلغا ئېلىۋاتىدا؟ بۇ سىرنى ئۇنىڭغا كىم ئېيتىپ قويدىكىنە؟» دېدى ھەم ئۇنى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا :

— يادىكار خېنىم دېدىڭما؟ ئۇ بىزنى تىللىدىما؟ — دەپ سورىدى.

— بىز ئەمەس، سىزنى تىللىدى، مېنى بۇ ئاھانەتكە چېتىۋالماڭ ! مېنىڭ روھىي خورلۇقلىرىم ھېلىمۇ ئۆزۈمگە يېتىپ ئاشىدۇ. ئىشلار مۇشۇنداق بولسا، ئەتە - ئۆگۈن ئايخېنىم، ئالتۇنەم، يەنە باشقا خوتۇنلىرىڭىز مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئەر، پۇل، مال - مۈلۈك دەۋاسى قىلىپ پۈتۈن شەھەرنى بېشىغا كىيىمىسە بولاتتىغۇ !

- سەن... سەن ھەممىنى بىلىپ كەتتىڭما؟ ! — ھاجى تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇردى، — بۇ گەپلەرنى ساڭا كىم دېدى؟

- ھى - ھى - ھى ... - خانىش توساتتىن ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ھاجى ئالۋاستىدىن قورققاندەك كەينىگە داجىدى، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، چېكە چاچلىرى كۆزىنى توسۇۋالغان خوتۇنىغا چەكچىيىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياش، چىرايلىق ئامراق خوتۇنى ئەمەس، گويا بىر ئالۋاستى غالىبلارچە كۈلۈۋاتاتتى. ھاجى پۈتۈن ماغدۇرىنى ئاغزىغا يىغىپ سورىدى :

- نېمانچە سەت كۈلىسەن؟ ئېيتە، ئۇ ئىشلارنى ساڭا كىم سۆزلەپ بەردى؟

- قاراڭ، ئاۋۇ شەھەرگە، قاراڭ، ئاۋۇ مىغ - مىغ ئادەملەرگە، — خانىش توختىماي كۈلگىنىچە ھاجىنى دېرىزە ئالدىغا چاقىردى، — سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنى، ھېلىقى دەردمەن مەزلۇملىرىڭىزنىڭ

ھېكايىسىنى، يېتىم بالىلىرىڭىزنىڭ سەرگۈزەشتىنى ماڭا ئاشۇ شەھەر، شەھەردە مىغىلدىشىپ يۈرگەن ئاشۇ ئادەملەر سۆزلەپ بەردى!

ھەمدۇللا ھاجى دېرىزە ئالدىدا ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ھاجىنىڭ يېنىدا يەنە ئۇنىڭ ياش، چىرايلىق، ئامراق خوتۇنىمۇ تۇراتتى. ئەمما، بۇ يەردە تۇرغىنى ھاجىنىڭ جىسمىلا ئىدى، خالاس.

## 59

ئۇنىڭ ئانىسى ئۇچۇن جېنى پىدا ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى ئانىسىغا باغلانغانىدى.

يادىكار خېنىم ھەرھالدا بۇرۇنقىدىن خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغان بولغاچقا، داۋاملىق روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا تۇرۇشقا باش چايقىدى. دوختۇرلار ئەنقەرگە ئۇنىڭ تاقىقا ــ تۇققا گەپ ــ سۆزلىرىنىڭ ئازلىغانلىقىنى، ھەتتا بەزىدە كىشىنى ئويغا سالىدىغان مەنىلىك گەپلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتىشتى ھەمدە ئائىلىدە ياخشىراق كۈتۈش بىلەن دورىنى قوشۇمچە قىلىپ بىر مەزگىل كۆزىتىپ بېقىشقا يول كۆرسەتتى. ئۇ ھەرقانداق قىيىنچىلىققا قارىماستىن ئانىسىنى ئۆزى ئەكېتىپ باقماقچى بولدى. ئەنقەر بىلەتتى، ئۇنىڭ ئانىسىغا ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان، ئانىسىنى ياخشى كۈتەلەيدىغان بىردىنبىر ئادەم ئۆزى ئىدى. ئانىسى ئۇچۇن بۇ شەھەردە ئەنقەردىنمۇ يېقىنراق، ئەنقەردىنمۇ ئىچ كۆيەر يەنە بىر ئادەم يوق. ئۇ كۆڭلىدە ھەر كۈنى ئەتىگەندە سەھەر تۇرۇپ سۈت قاينىتىپ، نان، ھەسەل، ياڭاق، بادام مېغىزى يەنە بىر دانىدىن تۇخۇم بىلەن ئانىسىغا ناشتىلىق بەردى. چۈشتە بىر كۈنى لەڭمەن، بىر كۈنى پولۇ دېگەندەك قۇۋۋەتلىك تاماقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇردى. كەچتە يەڭگىل، سىڭىشلىك بولغان سۇيۇق ــ سەلەڭ تاماق، مىجەزىگە ياقىدىغان مېۋە ــ چېۋىلەرنى بېرەتتى، دورىسىنى ئىچۈرەتتى، ئۇ يەنە قىش پەسلىنىڭ ئۇزۇن

ئاخشاملىرى ئانىسى بىلەن مۇڭداشقاچ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرەتتى. بەزىدە قىرائەتخانىسىدا ئولتۇرۇپ كىتاپ ئوقۇپ بېرەتتى. بەزىدە كومپيۇتېرنى ئېچىپ، ئائىلە ئېلېكترونلۇق ئالبۇمىدىن سۈرەتلەرنى كۆرسىتەتتى... مۇشۇنداق خۇشال ـ خۇراملىق ئىچىدە قىش كېتىپ، باھار، ياز كېلەتتى. بۇنداق چاغلار قانداق ياخشى ـ ھە ! ئۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئانىسىنى ئېلىپ تىنچىق ئىسسىق بىنادىن چۈشۈپ باغچىلاشقان شەھەر مەيدانىنى، گۈللۈكلەرنى، قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان باغچىدىكى ئورمانلارنى ئايلىناتتى... شۇنداق قىلاتتى، ئەنقەر چىن كۆڭلىدىن ئۆزىنىڭ ئوغۇللۇق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، شۇنچە كۆپ مال ـ دۇنيا، ماددىي مەئىشەت قوينىدا تۇرۇپ، ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ خوۋلۇقنى كۆرمىگەن ئانىسىغا ھاياتنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇراتتى... ئەگەر تۇرمۇش مۇشۇنداق بولسا، ئادەملەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە مۇشۇنداق مېھرىبان بولسا، كۆيۈنسە، كىممۇ ئانىسىدەك ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ؟!

ھېس ـ تۇيغۇلىرى قاناتلانغان ئەنقەر ئالتۇن دەرۋازا تەرەپتىكى چوڭ بازار ئالدىغا كېلىپ ماشىنىنى توختاتتى ھەم كەينى ئىشىكنى ئېچىپ ئانىسىنى يۆلەپ يەرگە چۈشۈردى.

— يۈرسىلە، ئانا، ئۆزلىرىگە بىر ـ ئىككى قۇر كىيىم ئالايلى !

— تويلۇق كىيىم دەمسەن؟ ما بالامنى... — يادىكار خېنىم غودۇرىغاندەك بىرنېمىلەرنى دېگەچ ئوغلىغا ئەگەشتى. ئۇ ھازىر تويۇنۇپ ئىسسىغان، پۇت ـ قولىغا ئاز ـ تولا ماغدۇر كىرىپ، چىرايىغا قىزىللىق تەپكەندى. بولۇپمۇ ھاياتلىقىدىكى ئەڭ يېقىن كىشىسى بولغان ئوغلىنىڭ مېھرىگە، كۆيۈنۈشىگە ئېرىشىپ روھىي كەيپىياتى تىنچلىنىپ قالغانىدى.

ئەنقەر ئانىسىنى يۆلەشتۈرگىنىچە بىرقانچە دۇكانغا كىرىپ ئۇنىڭ ياش ـ قۇرامىغا، چېھرىگە، تەق ـ تۇرقىغا لايىق

كىيىملەرنى ئاللاپ، بېشىنىڭ رومىلىدىن تارتىپ پۇتىنىڭ مەسە ـ كالاچلىرىغىچە يېڭىلاپ چىقتى، ھەتتا ئىچ كىيىم ئىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. دۇكانچىلار، ھۆپىگەرلەر چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر يىگىتنىڭ تىلەمچى سىياقىدىكى بىر مەزلۇمنى ئانا، ئانا دەپ يېتىلەپ يۈرۈپ شاراقلىتىپ پۇل ساناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشاتتى. ھالبۇكى، خان كوچىسىدىن كېلىپ بۇ بازاردا تىجارەت قىلىۋاتقان ئىككى ـ ئۈچ كىشى ئەنقەر بىلەن يادىكار خېنىمنى تونۇپ، بىر ـ بىرىگە كۆسۈلداشقا ئۈلگۈردى.

ئەنقەر ئانىسىغا كىچىككىنە بولسىمۇ خىزمەت قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ئىپتىخارلاندى. كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى. ئۇ سودىلىقنى پۈتكۈزۈپ مېھرىبانىنى يېتىلەپ ئۆيگە كەلگەندە، بايىقى شېرىن خىياللىرى بەربات بولغاندەك چېھرىدىكى كۈلكە سۇسلاپ قالدى. ھاۋايى مۇئەللەقتىكى بۇ ئېگىز بىنانىڭ لىفىتى نېرۋىسى بىجىرىم بولمىغان ئانىنى خېلىلا بىسەرەمجان قىلدى. نېرۋىسى جىددىيلىشىپ قورقۇپ كەتكەن ئانىسىنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ، لىفىت ئىچىگە قەي قىلىۋەتكىلى تاس ـ تاس قالدى. ئەنقەرنىڭ چاققان كېلىشى بىلەن ئۆيگە چىقىپ سۇ خانىغا ئاران ئۈلگۈردى، مىجەزى ئۆزگىرىپ بىئارام بولدى. ئەنقەر شۇنچە يالۋۇرسىمۇ يۇيۇنغىلى ئۇنىماي، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپلا بولدى قىلدى. ئىچ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇشنى رەت قىلىپ، سىرتىغا كىيىدىغان كىيىملەرنىلا كىيىشكە ئۇنىدى. ئەنقەر ئانىسىنى باقماقنىڭ ئۇنچە ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. بېشىغا ئىسسىتما چۈشكەندەك بولۇپ، خېلىدىن بېرى ئايالسىز قالغان ئۆيگە نەزەر تاشلىدى. ئۆتكەن يىل تېخى زامانغا لايىق بېزەپ ـ جابدۇپ ياش ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ جەننىتىگە ئايلاندۇرۇلغان بۇ ئۆينى ھازىر بىر قەۋەت چاڭ ـ توزان باسقان، نەرسە ـ كېرەكلەر قالايمىقان تاشلانغان، كۈلدانغا پاتمىغان تاماكا قالدۇقلىرى شىرە، ھەتتا پولدىكى گىلەملەرگىچە

چىچىلىپ كەتكەنىدى. رەنا بار چاغلاردا ئۇنىڭ قولىدىن سۈپۈرگە، دەسمال چۈشمەيتتى. ئۇ ھەر كۈنى تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇشتىن قولى بوشىسىلا پول سۈرتەتتى، ئىشكاپ ـ جاۋەنلەرنى پارقىرىتىۋېتەتتى. ئاشخانا، مۇنچىنى چىنىدەك پاكىز تۇتمىسا كۆڭلى ئەمىن تاپمايتتى. مانا بۇ رەنانىڭ يوقلۇقىنىڭ بەلگىسى، ئېھتىمال ئۇ ھازىرمۇ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە كۆزىنى ياشلاپ ياتقاندۇ. خۇدايىم ئايال كىشىنى تۇتقان ئۆيىدىن ئايرىمىسۇن...

بۇ ۋاقىت سايرىغان يانفون ئەنقەرگە يەنە بىر جىددىي ئىشنى ئۇقتۇردى. ئۇ سىرتقا چىقمىسا، ئۆزىگە تېلېفون قىلغان كىشى بىلەن كۆرۈشمىسە بولمايتتى. شۇڭا، ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزلىرى ئۇيقۇسىراپ يۇمشاق كىرىسلوغا يۆلىنىپ قالغان ئانىسىغا ئېغىز ئاچتى :

ــ ئانا، مېنىڭ سىرتتا جىددىي ئىشىم چىقىپ قالدى، ئاۋۇ ئىچكىرى ئۆيگە كۆرپە سېلىپ ياستۇق قويۇپ بېرەي، بىردەم ئۇخلىۋالامىلا؟

ــ سەنمۇ مېنى سولاپ قويمىغىن، بالام، ــ يادىكار خېنىم دەس ئورنىدىن تۇردى، ــ مەن خۇش بولۇپ كېتەي !

ــ ئۇنداق دېمىسىلە، ئانا...

ــ مېنىمۇ ئېلىۋال.

ــ سىرت سوغۇق، ئانا، قار يېغىپ قالىدىغاندەكلا تۇرىدۇ.

ــ ئەمىسە ياخشى، تالاغا چىقىپ ھېلىقى يۇزىسىزگە پومزەك ئاتايلى ! ــ يادىكار خېنىم ئەنقەردىن چاققان كېلىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىۋالدى.

ــ ئانا... ــ ئەنقەر ئانىسىغا يالۋۇردى، ــ ئۆزلىرى تالاغا چىقىپ قار ئوينايدىغان كىچىك بالا ئەمەس، گېپىمنى ئاڭلىسىلىرى !

ــ كىم مېنى يوغان، دەيدۇ، بالام ! مېنى ھېلىقى كۆڭلى سۈيۈق...

— ماۋۇ ئانامنى... — ئەنقەر بېشىنى قاشلىدى، — ھازىر ئۇ گەپنى دېيىشىدىغان چاغ ئەمەس.

— قاچانغىچە دېيىشمەيمىز؟! — دېدى يادىكار خېنىم چالۋاقاپ، — ھازىر دېيىشمىسەم قىيامەت كۈنى...

— ئوبدان ئانا، — دېدى ئەنقەر يادىكار خېنىمغا يالۋۇرۇپ، — ئۆزلىرى بۇرۇن، ئازمايدىغان ئادەم يوق، ئاشىق بولغاننىڭ كۆڭلى ئازىدۇ، دېگەنغۇ؟ دادام ئېھتىمال ياخشى ئادەمدۇ، كېيىن ئېزىپ كەتكەندۇ ياكى باشقىلار ئۇنى ئازدۇرغاندۇ. قانداق دېدىم، ئانا؟

— چىنپۇتمەيمەن، چىنپۇتمەيمەن، ئۇ ئەزەلدىن ماڭا شەپقەت قىلمىغان، — يادىكار خېنىم بىر ئىشنى ئەسلىگەندەك قىلىپ يول - يول قورۇقلار ئىز سالغان پېشانىسىنى تۇتتى، — ئۇ جىن - شاياتۇنلارغا — قاش - كۆزى چىرايلىق، گەپ - سۆزى شېرىن - شېكەر جىن - شاياتۇنلارغا ئەل بولۇپ كەتكەن.

— بۇ گەپلىرى بولمىدى، ئانا، — ئەنقەر كىچىك بالىنى پەپىلىگەندەك ئانىسىنى ئالداپ باقتى، — دادام تېگى - تەكتىدىن ئەسكى ئادەم ئەمەس، ئۇ بۇرۇن ئۆزلىرىگىمۇ، ماڭىمۇ ئامراق ئىدى، كېيىن ئېزىپ كەتتى، شۇ. كەلسىلە، بىردەم تىلىڭىزنى كۆرگەچ ئولتۇرسىلا، مەن بىرىپ ئىشنى پۈتكۈزۈپلا كېلىمەن، يەنە ئۆزلىرىگە كۈنجۈت سوقمىقى، ياڭاق سوقمىقى، پەشمەت ئالغاچ كېلىمەن، قانداق؟

— يا... ياق، بالام، مەن... مەن... — يادىكار خېنىم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۆيىنىڭ تام - تورۇسلىرىدىكى بېزەك نەقىشلەرگە قارىغىلى تۇردى، — دېسەم - دېمىسەم شەپقەتلىك دادىڭ — ھېلىقى بىر چاغلاردا بىزگە ئۆلگۈدەك ئامراق بولغان باي داداڭنىڭ قېشىغا بارسەن، شۇڭا مېنىمۇ ئالغاچ بار... بىزمۇ ئۇنىڭغا ئامراققۇ! — يادىكار خېنىم كەپسىز باللاردەك بىر پىرقىرىۋېتىپ سورىدى، — رەنا خېنىم قېنى؟ دېگىنە، ئۇ بالا نېمىشقا مۆكۈۋالدۇ؟ ئۇ جىنىدىن قورقامدا؟ كېلىنچەك «ئايتەل

كۆرسى»نى ئۇنتۇپ قاپتىما؟

ئەنقەر ئىشىككە يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ساقىيىپ كېتەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى قانداقمۇ ئۆيگە يالغۇز قويۇپ كەتكىلى بولسۇن؟! ئۇ، ئانامنى ئايخېنىمنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويسامىكىن، دەپ ئويلىدى، لېكىن ئايخېنىمنى يادىغا كەلتۈرۈش بىلەن كىچىك ۋاقتىدىكى ھېلىقى ئىشلار ئېسىگە كېلىپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى ھەم دەرھال بۇ ئويىدىن ۋاز كەچتى. تىلى ھەسەلدەك، دىلى زەھەردەك ئۇ خوتۇننىڭ كۆنداشلىقى شۇنچىلىك يامان ئىدىكى، يادىكار خېنىمغا ئەسلا ياخشىلىق ئويلىمايتتى. ئۇ ئايالنىڭ ئىچىنىڭ يامانلىقىدىن ئانىسىغا هارام نەرسىلەرنى يېدۈرۈۋېتىشى، ھەتتا زەھەر سېلىپ بېرىشى، چوڭ ھويلىدا كونا قۇدۇق ياكى لەخمىلەرگە ئىتتىرىۋېتىپ، كوچىغا چىقىپ ئېزىپ يوقاپ كەتكەنگە چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى!

يادىكار خېنىم ئۆيدە ئارام ئېلىپ تۇرۇشقا زادىلا ئۇنىمىدى. ئەنقەرنىڭ ئۇنى ياخشى بېقىۋېلىش، كۈتۈش، داۋالىتىش توغرىسىدىكى شېرىن خىياللىرى كۆپۈككە ئايلاندى.

ئەنقەر بىر قولىدا ئانىسىنى يۆلەشتۈرۈپ، بىر قولىدا يانفونىنى قولىقىغا تۇتۇپ كىملەر بىلەندۇر جىددىي سۆزلەشكىنىچە لىفىت بىلەن پەسكە تۆۋەنلىدى. ئۇ ئانىسىنى دادىسىنىڭ باغ ـ ئاراملىق قورۇسىغا ئاپارسا، شۇ يەردىكى خىزمەتكار ئايالنىڭ كۈتۈشىگە تاپشۇرسا قانداق بولاركىن؟!

## 60

ھەمدۇللا ھاجى دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدى. ئاززۇلۇق ئوغلى، چىرايلىق خوتۇنىنىڭ زەھەردەك گەپلىرى ئۇنىڭ قان بېسىمىنى ئۆرلىتىۋەتكەنىدى.

ئەنقەر دادىسىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان كەپتەر توساتتىن ھالسىزلىنىپ يەرگە موللاقلاپ چۈشكەندەك، دادىسىنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا تىزلاندى:

— قانداقراق ئەھۋاللىرى، دادا؟ نېمە بولۇپ جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزىگە كىرىپ قالغانلا؟ — ئۇ ھاجىنىڭ ئاسما ئوكۇل يىڭنىسى سانجىلغان بىلىكىنى ئاۋايلاپقىنا تۇتتى، — مەن بەڭباش، باشلىرىغا كۈن چۈشكەندە يانلىرىدا بولالماي قاپتىمەن، مېنى كەچۈرسىلە، دادا.

ھاجى ئوغلىغا قاراپ، جانسىزغىنا كۈلۈمسىرىدى. تەبىئىتى ئۆزگىرىپ، قارىداپ قالغاندەك كۆرۈنگەن چېھرى بىر ئاز جانلىنىپ، شالاڭ كىرپىكلىرى ئارىسىدا مۆڭلىنىپ قالغان كۆزلىرىنى ئوغلىنىڭ كۆزلىرىگە تىكتى. ئوغۇلنىڭ ياشلانغان كۆزلىرى بىلەن ئاتىنىڭ مۆڭلىنىپ قالغان كۆزلىرى ئۇچرىشىپ، ۋۇجۇدلار ئىللىدى. ئىككى يۈرەكنىڭ قانداشلىق مېھرى مەۋج ئۇرۇپ، بىر - بىرىگە بولغان روھىي موھتاجلىق، چىن يۈرەكتىن تەلپۈنۈش، ئىشىنىش، خاتىرجەملىك ھېسلىرى ئۇقچۇدى. بۇ خىل تۇيغۇ شۇنچە يۈكسەك، شۇنچە يېگانە تۇيغۇ ئىدىكى، بۇ پەقەت مۇشۇنداق ئاتا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا، بىر - بىرىگە قانداشلىق مېھرى چىپىلغان ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا داۋاملىشىدىغان تۇيغۇ ئىدى.

ئاتا - بالا ئىككىيلەن بۇ يالغۇز كارىۋاتلىق ياتاقتا خېلى ئۇزاققىچە بىر - بىرىگە تەلپۈنۈپ تۇرۇشتى، شۇنداق تۇرسىمۇ بىر - بىرىنىڭ مېھرىگە قانمايتتى. ئەمما، قوزۇقتەك ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈكتىن تاقىلدىتىپ تاۋۇش چىقارغىنىچە كىرىپ كەلگەن خانىش ئاتا بىلەن ئوغۇلنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ بۇ ئارامبەخش مىنۇتلارنى بۇزدى. ئەنقەر دادىسىنىڭ قولىنى يوتقانغا يۆگەپ قويۇپ كەينىگە سۈرۈلدى. ئارىدا مەلۇم بوشلۇق قالدۇرۇپ، بۇ يەرگە كىرە - كىرمەي كۆزلىرىدىن قىزغىنىش ھېسسىياتى ئۇقچۇپ ئۆلگۈرگەن ئۇچىنچى شەخسكە ئورۇن

بوشاتتى.

— كېلىپ قاپسىزغۇ؟ خېلى ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈنمەيتتىڭىز... — خانىشنىڭ ئەھۋال سوراش ھېسابىغا ئاغزىدىن چىقارغان بۇ ئىغۋالىق ئىبارىلىرى ئەنقەرنىڭ تىتالىڭ تومۇرىغا تەگدى. «ئىچى كۆيمىگەننىڭ كۆڭلى قىزىماس» دەپ، خۇشياقمىغاندەك ئېيتىلغان بۇ ئەھۋال سوراش خۇددى ئۆگەي ئانىلارنىڭ ئۆگەي باللىرىغا تەييارلاپ قويغان ئىلمان چېيىدەك، تولىراق ئېيتىلىدىغان گەپ ئىدى. شۇڭا، ئەنقەر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— دادام مۇشۇ ھالغا چۈشكەندىكىن تېلېفون قىلىۋەتسىڭىزچۇ؟ — دېدى.

— بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ — دېدى خانىش بېغىر رەڭ نوركا پەلتوسىنى ئېسىپ قويۇشقا جاي ئىزدەپ، — مەن ئېخى سىزنىڭ تەپ تارتماستىن دادىڭىزغا يانغىنىڭىز، كوچىدىكى يات ئادەمدەك ئۆكتەملىك قىلغىنىڭىزغا قاراپ، دادىسىدىن تانغان ئوخشايدۇ، دەپتىمەن!

ئەنقەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، خانىشنىڭ قاتمۇقات پەردازلار ئارىسىدا ئويناپ تۇرغان سىرلىق كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى... شۇ دەمدە كەيپىياتى بۇزۇلۇپ، چىرايى تۆمۈردەك كۆكەرگەن ھەمدۇللا ھاجى ياش خوتۇنى بىلەن ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ ئارىلىقىدا سىقىلىپ كەتتى. ھاجى كۆزلىرىنى لاپ قىلىپ ئەنقەرگە، لاپ قىلىپ خوتۇنىغا كۆز يۇگۈرتەتتى. ياتقان يېرىدە تىنچلىنالماي، بىئىختىيار قىمىرلايتتى... ئەنقەر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ دادىسىنىڭ ياستۇقىنى ئوڭشاپ ئۇنى تىنچلىنىشقا ئۈندىدى.

— كارىڭىز بولمىسۇن، ئۆزۈم يېتىشىمەن، — خانىش ئېرىنى ئۆگەي ئوغلىدىن قىزغانغاندەك كېسەل كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەنقەر تۈزەشتۈرۈپ قويغان ياستۇقنى جايىدىن قوزغاپ قايتىدىن تۈزەشتۈردى. شۇ پەيتتە دوختۇرلار كىرىپ

هاجىنىڭ قان بېسىمى، قىزىتمىسىنى ئۆلچەپ، كېسەللىك ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا قارىتا دائىملىق تەكشۈرۈشكە تۇتۇندى. ئەنقەر بىر چەتكە ئۆتۈپ قاراپ تۇردى. بايا ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، كۆزلىرى ئوت بولۇپ يانغانىدى. ئىسىت، ئادەملەر پۇل ـ بايلىق، ئائىلىۋى ئورۇن ـ مەرتىۋە ئۈچۈن نېمە بولۇپ كەتكەن ـ ھە؟! ماۋۇ خوتۇننىڭ سورۇن تاللىماي ئىغۋاگەرچىلىك قىلغىنىنى قارىمامدىغان ! دادام شۇنداق كېسەل تۇرسا، ئۇ دادامنى مەندىن قىزغىنىپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ — ئۇ ئويلىغانچە قىزىشاتتى، — ياق، بۇ ئۆگەي ئانىلارنىڭ رەزىل تەبىئىتى. بۇنداق ئاياللار مۇشۇنداق ئۇسۇل، ھەتتا بۇنىڭدىن قەبىھ ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆگەي بالىلىرىنى ئۆز دادىسىدىن بەزدۈرىدۇ، ئاتا ـ بالىلىقتىن كەچتۈرىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆگەي بالىلىرى بىلەن ئېرىدىن مېھىر ـ مۇھەببەت تالىشىدۇ، ئەردىن قالغاندىن كېيىن ئۆي ـ زېمىن، پۇل ـ ۋەج تالىشىدۇ. ناۋادا ئېرىنى بالىلىرىدىن بەزدۈرەلىسە، تاندۇرالىسا، ئاتا ـ بالىلىقتىن كەچتۈرەلىسە، شۇ ئەرنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگىمۇ، مال ـ دۇنياسىغىمۇ ئۇگچە ئېرىشىدۇ، مانا بۇ ئۇلارنىڭ شەكسىز مەقسىتى.

خانىش ئىلگىرى ئەنقەردىن ھېيىقاتتى، تەپ تارتاتتى. ئەمما، بۇ ئايال ھازىر ئۆزگەردى. ئۇمۇ خۇددى ئايخېنىمغا ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىشقا باشلىدى. ھاجىنىڭ ئەنقەرگە بولغان ئاتىلىق مېھرى سۇسلاشتى. ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا ئۇنداق ـ مۇنداق زىددىيەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئاخىرقى ھېسابتا ھاجىنىڭ ئورۇنسىز گەپ قىلىپ قويۇشى بىلەن ئۇزاقتىن بېرى تېشىلەلمەي تۇرغان ئەنقەر قەرەللىك بومبىدەك ئوت ئالدى، پارتلىدى. دادىسىغا يۈز ـ خاتىر قىلماستىن ئېغىر سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن قاتتىق تەگدى، ئىش تاشلىدى. خانىش ھاجىنىڭ كەيپىياتىغا، ئەنقەرنىڭ شىركەتكە كەلگىلى ئۇنىمىغىنىغا قاراپ،

مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتىپ ئۆلگۈردى. مانا بۈگۈن بۇ ئايال ھالقىلىق پەيتتە ئۆچەي دەپ قالغان ئوتنى پۈۋلەپ ياندۇرۇشقا، ھەتتا بۇ ئوتقا ياغ چېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

دوختۇر ـ سېستىرالار ھاجىغا ئوكۇل ئېسىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. خانىش ھاجىنىڭ باش ـ ئايىغىنى چۆرگۈلەپ ناھايىتى ساداقەتمەن بىر خوتۇننىڭ رولىنى ئوينىغىلى تۇردى. ئەنقەرنى دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىشكە، ئۇنىڭغا يېقىنلىقىنى، دىلكەشلىكىنى بىلدۈرۈشكە ئىمكان بەرمىدى. ئۇ بايا دادىسىنىڭ دوختۇرغا كىرىپ قالغىنىنى ئاڭلىغاندا، گويا پىرقىرىتىپ قويۇپ بەرگەندەك بولۇپ ئۆزىنى دوختۇرخانا تەرەپكە ئاتتى. ئۆزىنى يوقىتىپ، بۇ يەرگە قۇرۇق قول كىرگىنىنى ئويلاپ دادىسىدىن سورىدى :

ــ دادا، مەن بازارغا چىقىپ تاماق ئەكىرەي، قانداقراق تاماققا تاۋىلىرى باركىن؟

ــ تېخى ھېلىلا تاماق يېگۈزگەن، ــ ھاجى ئاغزىنى مىدىرلاتقىنىچە، خانىش يەنە ئىغىز غىرىچلىدى، ــ قالايمىقان تاماق بەرسەك كۆتۈرەلمەيدۇ، سىز ئارىلاشماڭ !

«ئەي بۇقىنى چىمداپ ئۆلتۈردىغان قۇۋ، چايان خوتۇن ! ــ ئەنقەر شۇنداق ئويلىدى، بىراق بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقارمىدى، ــ بۈگۈن نېمانچە يامانلىق قىلىدىغانسەن، ماڭا؟ خەپ سېنى، خەپ سېنى !» ئەنقەرنىڭ غەزەپ، ئاچچىق دەستىدىن ساقال ـ بۇرۇت بىر ئالغان يۈزلىرى تارتىشىپ كەتتى. يېنىدىكى مۇنۇ ئايالنىڭ ئاشۇ چۈۋۈلۈپ تۇرغان چاچلىرىنى قامالالاپ تۇتۇپ چىر ـ چىر چىرقىراتقىنىچە دوختۇرخانىدىن سۆرەپ چىقىپ، شەھەر ئەخلەتلىرىنى توشۇۋاتقان ھېلىقى يوغان كاساڭلىق ئەخلەت ماشىنىسىغا تاشلىۋەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. بۇ ئايال ئۆزگەرگەن، پۇل ـ مال، پايدا ـ مەنپەئەت ئۈچۈن ئەسلىدىكى ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن بىر قىزدىن نەپسانىيەتچى بىر خوتۇنغا ئۆزگەرگەندى.

ئەنقەر چىشلىرى غۇچۇرلاپ غەزەپتىن تىترەپ تۇرغاندا، دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— تاماق ئەكىرىمەن دەپ ئاۋارە بولما، بالام. بۈگۈن مەن سەندىن بەك خۇرسەن بولدۇم... مىننەتدار بولدۇم، — ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ياش لىغىرلاپ قالغان كۆزلىرىدە راستىلا ئاجايىپ بىرخىل ئۈمىد، ئىپتىخارلىق ئالامەتلىرى ئەگىپ تۇراتتى، — مېنىڭ ساڭا بىر گېپىم بار، — ھاجى شۇنداق دەپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا خانىشقا قاراپ قويدى، — مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، بالام، شىركەتنىڭ ئىشلىرى تاشلىنىپ قالدى، ئەمدى بۇ ئىشلارنى سەن قولۇڭغا ئالمىساڭ، مەن بىر باشقا ئىلىپ چىقالمىغۇدەكمەن، شۇڭا كۆڭلۈڭ ئاغرىغان بولسىمۇ، مەندىن قاچما، يېنىمدىراق تۇرغىن... چاچ ـ ساقاللىرىڭنى ياسىتىپ، روھلۇق بول، تولا ھەسرەتلىنىش ئىدراكىنى چولتا قىلىدۇ، ئىدراكى چولتا ئادەم ئەقلىدىن ئازىدۇ... نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىش ـ ئوقەت بىلەن بولۇپ دەردىڭگە يەتمەپتىمەن. ئاللا تىنچ ـ ئامانلىق بەرسە، دوختۇرخانىدىن چىقىپلا قېيىنئاتاڭنىڭ ئالدىغا بارىمەن، قۇدام بىلەن چىرايلىقچە مۇڭدىشىپ، كېلىنىمنى يۆتكەپ كېلىپ تۇرمۇشۇڭنى ئۆز ئىزىغا سالىمەن. بالاڭنىڭ ئىشىغىمۇ ئاللانىڭ ئويلىغىنى باردۇ، كۆڭلۈمگە بالاڭ يىراققا كەتمىگەندەك، ئەتراپىمىزدا باردەك، شۇنداق بىر كۈنى تونۇش بىر ئايال تۇيۇقسىز ئالدىمىزغا ئەكېلىپ بېرىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ...

ھاجى ئەنقەرگە ئۇزاق سۆزلىدى. يېنىدا تۇرغان ياش، چىرايلىق خوتۇنىنىڭ چىرايىنىڭ تاتارغىنىنى، قاش ـ قاپىقىنىڭ ئۆزگەرگىنىنى پەرۋايىغا ئالمىدى. ئاخىرىدا كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى تومپۇچكىدا تۇرغان بىر تۇتام ئاچقۇچنى ئېلىپ ئەنقەرگە ئۇزارتتى.

— مە، بالام، ماۋۇ مېنىڭ ئىشخانامنىڭ ئاچقۇچى، ماۋۇسى بىخەتەر ئىشكاپنىڭ. مە، بۇنى سەن تۇت. ماڭ، ئاۋۋال ھازىرلا

ساتىراشخانىغا كىرىپ چاچ ـ ساقاللىرىڭنى ياسات، يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇرۇپ شىركەتكە بار. شۇ تاپتا ھەممە ئىش ساڭا قاراشلىق...

ئەنقەرنىڭ دىلى قايىماقتەك ئېرىدى، روھى تاغدەك ئۆستى. ئېھ، ئاتا، ئاتا سۆزى نېمىدېگەن ئىلھامبەخش، ئاتا سۆزى نېمىدېگەن قۇدرەتلىك! ئەنقەر كۆز چاناقلىرىدىكى ھاياجان يېشىنى يېنىدا تۇرغان رەزىل خوتۇنغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن كەينىگە بۇرالدى.

— توختىغىنا، بالام، — ھاجى ئۇنى يەنە چاقىردى، — ماشىناڭ ساق مېڭىۋاتقاندۇ؟

— شۇنداق، دادا!

— خالىساڭ مېنىڭ ماشىنامغا ئولتۇر. ئەمما، مەن ئىككىنچى قېتىم بۇ تۇرقۇڭنى ئەمەس، بۇرۇنقى ئەنقەرنى كۆرەي، جۇما، بالا!

— دېگەنلىرىدەك قىلىمەن، دادا!

ئەنقەر دەقىقە ئىچىدە روھلۇق، خۇشخۇي، ئېتىك ئەنقەرگە ئۆزگەردى ھەم دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئەمدى ساتىراش بىلەن مۇنچىنىڭ ئىشى قالدى، ئۇمۇ بىردەملىك ئىش.

تۇرمۇشتا ئويلىمىغان ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەنقەر ئانىسى يادىكار خېنىمنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن دادىسىنى ئىزدىگەنىدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن دادىسى دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان بولۇپ چىقتى. دوختۇرخانىغا كەلگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۇ ئىشنى تىلغا ئالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خانىش ھاجىنى ئەنقەردىن قىزغىنىپ، ئاتا ـ بالىنى بىردەممۇ ئارامىدا قويمىدى...

ئەنقەر ئانىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، دادىسىنىڭ ئاشۇ كەڭتاشا باغ ـ ئاراملىق چارىبېغىدىنمۇ مۇۋاپىقراق ئائىلىنى ھېچ نىشانلىيالمىدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

## 61

قىش ئۆزاپ، باھار كېلەي دەپ قالغاندا سوغۇق قايتىلاندى. شەھەر ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپساپ قېلىن قار ياغدى. شەھەردىكى ھال ـ ئوقىتى ياخشى، تۇرمۇشى خاتىرجەم كىشىلەر كۆنبويى لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا قاراپ روھى كۆتۈرۈلۈپلا كەتتى. بۇ قار پاكىزلىق ئېلىپ كەلدى، ساپ ھاۋا ئېلىپ كەلدى دەپ، كەيپى كۆتۈرۈلۈپلا كەتتى. ھالبۇكى، بۇنداق قاردا كەمبەغەلنىڭ كۈنى تەس. خىزمىتى يوق، مۇقىم تىجارىتى ياكى ھۈنىرى يوق شەھەر كەمبەغەللىرى قىشنى تەستە چىقىرىدۇ. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ئازغىنا تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ۋە بايلارنىڭ ئۆشرە ـ زاكىتىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەچكە، قىش پەسلىدە تونىلاپ كۆمۈر سېتىۋالىدىغان زىيادە چىقىملارغا ئېشىنالمايدۇ.

شەھەردە مۇقىم نوپۇسى، ئولتۇراق ئۆيى يوق كەمبەغەللەرنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەس. ئۇلار ھەمىشە كوچىمۇكوچا، ئۆيمۇئۆي قاتراپ يۈرۈپ كىشىلەر ئىشىكىدە بويۇن قىسىپ، ھېچكىم قىلىشنى خالىمىغان ئېغىر ئىشلارنى، پاسكىنا ئىشلارنى قىلىپ جېنىنى جان ئېتىدۇ. كوچىلارنى مۇشۇنداق قار ـ مۇز قاپلاپ، جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولۇۋاتقاندا، ئۇنداقلارنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەس.

شەھەر كوچىلىرىدا، كىشىلەر ئىشىكىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئالتۇنەم ئۈچۈن قىشنى چىقارماق ناھايىتى تەس كەلدى. ئۇ تەقدىرنىڭ بېشىغا سالغان كۈنىدىن ئۇھ تارتىپ، تەقدىردىن

ئۆزىگە ياخشى كۆن تىلەپ، بوغجۇمىسىنى دولىسىغا ئارتىپ شەھەرگە كىرگەنىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ شەھەردە كۆن كەچۈرمىكى يېزىدىكىدىنمۇ تەسكە چۈشتى. ئۇ شەھەرگە كىرگەن دەسلەپكى كۈنى گۈزەر دوقمۇشتا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە قاراپ بويۇن قىسىپ تۇرۇپ كەتتى. كەچ بولاي دەپ قالغاندا بىر ئايال تۇيۇقسىز ئۇنى چاقىرىپ قالدى :

ـــ كىمنى ساقلاۋاتقانلا، خېنىم، بۇ يەردە؟

ئالتۇنەم سەگەكلەشتى، جىگەر رەڭ تور رومال ئىچىدە ئۆزىدىن گەپ سوراۋاتقان كۆتەكتەك يوغان، تېرەكتەك ئېگىز تەمبەل ئايالغا قاراپ دۇدۇقلاپ قالدى. ئۇ كىمنى ساقلاۋاتقىنىنى، بۇ يەردە نېمىشقا تۇرۇپ قالغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆي ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ قالغان، يۇرتتىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، پاناھلانغۇدەك بىرەر ماكانغا، قورسىقى ئەستەرلەنگۇدەك بىر ۋاخ تاماققا موھتاج بولغان ئايال ئىدى، خالاس.

ـــ سەھرالىق مۇساپىر ئوخشىماملا، خېنىم؟ ـــ ئايال ئالتۇنەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئالتۇنەم ئۇنىڭ يوغان ئۇستىخان، ئېگىز ئەپتىدىن قورققاندەك چىرايى ئۆڭۈپ كەينىگە داجىدى.

ـــ قورقمىسىلا، خېنىم، مەنمۇ سىلىگە ئوخشاش خوتۇن كىشى، ـــ ئايال ئوڭ قولىدىكى خۇرجۇندەك چوڭلۇقتىكى چىلان رەڭ سومكىسىنى سول قولىغا يۆتكەپ، بىكار بولغان ئوڭ قولى بىلەن كۆزلىرىنى توسۇپ تۇرغان روملىنى قىيا ئاچتى، ـــ قايىلىسام قىلغىلى ئىش يوق بىكاردەك كۆرۈندىلە، شۇڭا گەپ سورىشىم. ئۆيۈمدە كىر ـ قات يۇيىدىغان، ئۆي ئادالايدىغان پارچە ـ پۇرات ئىشلار جىق ئىدى، مەن بىلەن بېرىپ قىلىشىپ بېرەملا؟

ئالتۇنەم تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى، نېمە دېسەم بولاركىن دەپ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئايالنىڭ قويۇق سۈرمە تارتقان پىيالىدەك يوغان كۆزلىرىگە، ئەرلەرنىڭكىدەك بۇرۇتلۇق ئاغزىغا قاراپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

ـــ قانداق، گېپىم قۇلاقلىرىغا يېقمۋاتامدۇ؟ ھەققىلىرىنى

ئوبدان بىرىمەن.
— مەيلى.
— مەيلى دېگەنلىرى نېمە دېگەنلىرى ئۇ؟ يا ماقۇل، يا ياق دېسىلە؟
— ماقۇل.
— ماڭسىلا، ئەمىسە!

ئالتۇنەم ئايالغا ئەگىشىپ كىرا موتوسىكلىتىغا چىقتى، ئاۋازى ئەر كىشىنىڭكىدەك ئۇنلۇك، كەسكىن، مىڭىش - تۇرۇشى قوپال بۇ ئايال ئالتۇنەم بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى كىملىكىنى، قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى، قانداقراق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى سورىدى. ئالتۇنەم ئۆزىنىڭ ئىسمىنى، كىملىكىنى، يۇرتىنى ئېيتىپ بەرگۈسى كەلمىدى. ئۇ تەقدىرنىڭ كاجلىقىدىن بەكمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن، تۇرمۇشقا، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقانىدى.

ئۇلار نامازشامغا ئەزان توۋلىنىۋاتقاندا، ئورداكۆلبېشى كوچىسىدىكى ئىرماش - چىرماش خالتا كوچىلارنىڭ ئىچكىرىسىدە توختاپ، تار، قىسىلچاق بىر قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن قۇرۇق كۆلدەك چوڭقۇر بىر ھويلىغا كىرىشتى. ئالتۇنەم دەرۋازىنىڭ ئىچ بوسۇغىسى بىلەن ھويلىنىڭ تەكشى يۈزىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان پەشتاقلاردىن تۆۋەنلەۋېتىپ، بۇ يەردىكى كونا كوچىلار، قەدىمىي ھويلا - ئۆيىۋاقلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە ھەيران بولدى.

ئالتۇنەمنىڭ شەھەردىكى كۈنلىرى مۇشۇ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان تار، زەي ھويلىدا كىر يۇيۇش، ئۆي تازىلاشتىن باشلاندى. ئۇ ئۇن - تىنسىز ئىشلەيتتى، كىشىنىڭ گېپىگە ئارىلاشمايتتى، كىشىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىگە قول ئۇزارتمايتتى، ئىش ھەققى ئۇچۇن ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئاتىغىنىنى ئالاتتى. بەرگەننى ئاز - كۆپ بولۇپ قالدى دەپ غەلۋە - غودۇر قىلمايتتى. كوچىدا شۇنداق ياۋاش، كەم سۆز سەھرالىق ئايالنىڭ

ئۆي ئىشىنى قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆيمۇ ئۆي دېگۈدەك ئۇنى چاقىرغىلى كىرىدىغان، ئىشقا سالىدىغان بولۇشتى...

ئالتۇنەم بۇ ئۆيدىن يانسا ئۇ ئۆيگە، ئۇ ئۆيدىن يانسا يەنە بىر ئۆيگە كىرەتتى. كىر يۇياتتى، ئۆي تازىلايتتى، دېرىزە سۈرتەتتى، ئۇ باينىڭ ئۆيىدىمۇ ئىشلىدى، كەمبەغەلنىڭ ئىشىغىمۇ ياق دېمىدى، نەدە كۈن كەچ بولسا شۇ يەردە تۈنىدى، كىشىلەر نېمە بەرسە شۇنى يېدى، نېمە بەرسە شۇنى كىيدى. ئىش ھەققى ھېسابىغا بەرگەن ئازغىنا پۇللىرىنى ياخشى كۈننىڭ يامىنى ئۈچۈن قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ ساقلاپ قويدى. لېكىن، ئادەمنىڭ تېنى تۆمۈر ئەمەس، جان بىلەن تەننىڭ ئېغىر ئىشلارغا چىدىشى چەكلىك بولىدۇ... قىش كېلىپ سوغۇق كۈچەيگەندە، قار يېغىپ پۈتۈن شەھەر زىمىستان قوينىغا مەھكۇم بولغان مۇشۇ كۈنلەردە، ئىككى - ئۈچ ئايدىن بۇيان كۈنبويى سۇغا چىلىشىپ ئىشلىگەن بىچارە مەزلۇمنىڭ سۆڭەك بوغۇملىرى، ئۇگە - ئۇگىلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ، بېلىنى تىكلىيەلمەس، قولىنى ئەركىن ھەرىكەتلەندۈرەلمەس بولۇپ قالدى. ئۇنى ئىچىدىن، سۆڭەكلىرىدىن سوغۇق ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئاغرىق ئازابىدا تۇزۇك ئىش قىلالمىغاندىن كېيىن كۈنىمۇ تەسلىشىشكە باشلىدى.

تىرىكچىلىك، جان ساقلىماق نېمىدېگەن تەس - ھە! ئۇ ئۇن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ھېلىقى باھاردىكى ئاپپاق ئۆرۈك چېچەكلىرىدەك يۇمران، ناتىۋان بىر قىز ئىدى. تەقۋادار، مۆمىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا غەمسىز ياشايتتى، يەر - جاھان ئاپپاق ئۆرۈك چېچەكلىرىگە پۈركەنگەن بىر كۈنى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا شەھۋەت ئۇچقۇنى چاچراپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز ئۇنىڭ مەسۇم كۆزلىرىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى، ئىسمىنى، ئاتىسىنى سورىدى. كېيىن ئۇ ئىختىيارىغا مۇخالىپ ھالدا ھېلىقى شەھۋەت ساھىبىغا نىكاھلىنىپ ئۇنىڭ ئەمرىگە

ئۆتتى. مەخپىي خوتۇن بولدى، قورساق كۆتۈردى... كېيىن ئۇ ھېلىقى شەھۋەت ساھىبىنىڭ باشقا بىر خوتۇنى تەرىپىدىن خورلاندى، كوچىغا ھەيدەپ چىقىرىلدى... ئۇنىڭ بەختسىزلىكى شۇنىڭدىن باشلاندى، يوغىنىغان قورسىقىنى شەھەردىن كۆتۈرۈپ چىققىنى ئۈچۈن، دادىسى يوق بالىنى تۇغقىنى ئۈچۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ، يۇرتداشلىرىنىڭ كۆزىگە سىغمىدى، ئۇن يىللاپ تۇل ئولتۇردى، كېيىن تۇغقانلىرى ئۇنى بىر قېرى بەڭگىگە ياتلىق قىلدى. ئۇ بەڭگىنىڭ قولىدا تاياق يېدى، خورلاندى، ئاخىر بېرىپ ئۆي - ماكانسىز قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بەختىدىن، خۇشال كۈنلەردىن ئايرىلدى... ھېلىقى مەخسۇم ئاتلىق شەيتاننىڭ ھېلىمۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا بارمىكىن، ئۆزىنىڭ ئالتۇنەم ئىسىملىك بىر قىزنى تۇللۇق كوچىسىغا ئىتتەرگىنىنى، شور پېشانە قىلغىنىنى، ئۇنى خارلىق كوچىسىغا تاشلاپ ئۆمۈرلۈك قەدىرسىزلىك، موھتاجلىق يولىدا بويۇن قىسىشقا مەجبۇر قىلغانلىقى ئېسىدە بارمىكىن؟!

جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقتا ئۇشۇققىچە قارغا پېتىپ، ئاجىز قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقان ئالتۇنەم سوغۇق، ئاچلىق دەستىدىن دىر - دىر تىترەيتتى. ئۇ كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن تار، قىسىلچاق خالتا كوچىلارنىڭ بىرسىدە ئىگىسى يوق ئىتتەك توڭلاپ ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن تىرىشاتتى، تىرمىشاتتى...

## 62

يېشى توختىغان، سېمىز بىر ئايال ئىككى قولىدا ئىككى بوۋاق، كەينىدە بىر قىزنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا بالىنىستقا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھاجىم! — بۇ ئايخېنىم ئىدى. ھەمدۇللا ھاجىنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان خانىش، ئەنقەرلەر ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى. ئەھۋالى خېلى

ياخشىلىنىپ قالغان ھاجى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايخېنىمنى كۆردى. قاملاشمىغان ئىش يۈز بەرگەندەك، سەل ئوڭايسىزلىنىپ چىرايى ئۆڭدى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەننى ئاز دەپ، ئۈستىرا تەگمىگىلى بىرقانچە كۈن بولغان ساقال - بۇرۇتمۇ ئاقىرىپ قىروۋ چۈشكەندەك يۈزلىرىنى ئاقارتىپ قويغانىدى.

— قېنى كەلسىلە، خېنىم، — ھاجى ئۈستىگە قىزىل كىرىست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن يوتقان ئىچىدىن ئاستا قىمىرلاپ ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى، — قېنى ئاۋۇ ئورۇندۇققا...

ئايخېنىم ئەڭ يېقىن كىشىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندەك، ھاجىنىڭ كارىۋىتىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى. ئىككى بوۋاق بىلەن قاملىشالماي، ئورۇندۇقتىن مۇدۇرۇپ كەتكىلى تاس - تاماس قالدى. خېنىمنىڭ قولىشالماي قالغىنىغا دىققەت قىلغان ھاجى، ھېلىتىن ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلگۈرگەن خانىشقا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇپ، ئەنقەرگە بۇرالدى :

— بالام ئەنقەرجان، ئاۋۇ ئۇكىلىرىڭدىن بىرنى قولۇڭغا ئېلىپ تۇرغىنا.

ئەنقەر خالار - خالىماس بىر ھالدا ئايخېنىمنىڭ سول قولىدىكى بالىغا قول ئۇزارتتى:

— ئەكەلسىلە، مەن بىردەم كۆتۈرۈۋالاي.

— ۋىيەي - ۋىيەي ... خۇداغا شۈكۈر، جۇما، — ئايخېنىم ئېغىرچىلىقلاردىن سەل يەڭگىللەپ ئورۇندۇققا تايىنىپ جايلىشىپ ئولتۇردى. ئاندىن بوشىغان قولى بىلەن چۇمبىلىنى ئوڭشىۋېلىپ ئېچىپ، پاتىھە قىلغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئازابلانغاندەك بىر خىل ئاھاڭدا ھاجىدىن ئامان - ئېسەنلىك سورىدى:

— ئۈستىخانلىرى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك تۇرامدۇ، ھاجىم؟ ئاغرىقلىرى پەسىيىپ ياخشى بولۇپ قاپتىلىمۇ؟... ھەي ئەلسەنەم خېنىم، نېمە قايلاپ تۇرىلا، سىلىمۇ دادىلىرىدىن ئەھۋال سورىسىلا... ۋىيەي، قايلاپ تۇرغىنىنى... — ئايخېنىم يېنىدا

يېتىرقاپ تۇرغان ئەلسەنەمنى بوش ئىتتىرىپ، ھاجىنىڭ كارىۋىتىغا يېقىنلاشتۇردى.

ئىككى خوتۇننىڭ ئالدىدا ئەپسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ھاجى توساتتىن كېسىلى قوزغىلىپ قالغاندەك، يەنە ياستۇققا ئۆزىنى تاشلىدى. كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئايخېنىمنىڭ ئەھۋال سوراشلىرىغا ھە... ھىم دەپ قويدى. ئامراق قىزى ئەلسەنەمگە، يەنە ئاۋۇ ئىككى بوۋىقى ئىليار بىلەن ئەلنىگارغا قاراپمۇ قويماي يېتىۋالدى. ئايخېنىم بولسا باغرىنى يېرىپ يۈرىكىنى ھاجىغا كۆرسەتمەكچى بولغاندەك توختىماي سۆزلەيتتى:

— ئەتىگەن بىرەر مەدىكار تېپىپ، ئۆگزىدىكى قارنى چۈشۈرۈۋېتەي دەپ كوچىغا چىقسام، بىزنىڭ كوچىدىكى زەرگەر چوڭ ھاجىكام سىلىنى دوختۇردا يېتىپ قاپتۇ، ھازىرلا يوقلاپ كېلىشىم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قار تازىلاشنى قويۇپ، ئۇدۇل يانلىرىغا چېپىشىم... باللارغا قايلايدىغان ئادەم يوق، كىچىكلىرىنى كۆتۈرۈپ، چوڭىنى ئارقامغا سېلىپ يۈگۈرگەندەكلا كېلىشىم... نېمە بولغانلا، جېنىم ھاجىم؟ قەيەرلىرى ئاغرىيدۇ؟

— يۈرىكىم... — ھاجى جۆيلۈگەندەك تۇتۇق بىر ئاۋازدا شۇنداق دېدى.

— ۋاي ئىسىت، جېنىم ھاجىم! — ئايخېنىم ئورنىدىن قوزغىلىپ ھاجىنىڭ ئۈستىگە تاشلانماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا ئېڭىشتى، — ئىلگىرى ھېچ ئۇنداق دېمەيتتىلە... شىردەك قاۋۇل، بىجىرىم ئادەم ئىدىلە، نېمە بولغانلا؟ كىشىنىڭ قەستى ئۆتۈپ كەتتىمۇ يا؟!

خانىش ئىككى قولىنى قاردەك ئاپپاق پوپايكىسى ئىچىدىكى ئىنچىكە بېلىگە تىرىگىنىچە بىر چەتتە خۇيلىنىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ ھاجىنىڭ بۇ كۆيۈملۈك خوتۇننى ئاللىقاچان تونۇپ بولغان، ئېرىنىڭ ئۆزىدىن ئاغرىنىپ قالغان چاغلىرىدا غىپپىدە ھۇجرىدىن چىقىپ، ماشىنىسىنى ھەيدىگىنىچە خان كوچىسىغا

چاپىدىغانلىقىنى، مۇشۇ خوتۇنىنىڭ پوكىنىدا تاڭ ئاتقۇزۇپ، ئەتىسى كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ئەنبەھ پۇراتقىنىچە، چالا ھىجايغان ھالدا شىركەتتە پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۈگۈن... خانىش كۆشەندىسىنىڭ ئېرىگە قىلىۋاتقان يېقىنچىلىقلىرىغا، ئاھ ـ ۋاھ دەپ ئۆكۈنۈشلىرىگە پەقەتلا چىداپ تۇرالمىدى. ئەر كىشىگە قانداق يېقىنچىلىق قىلىش، ئەر كىشىگە قانداق ياخشى كۆرۈنۈش، ئەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئۇتۇشتا بۇ قېرى كۆشەندىسىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەتتا كۆشەندىسىنىڭ قارا بولۇتلار ئارىسىدىن توساتتىن ئۈزۈپ چىققان ئايدەك، قارا چۈمپەردە ئىچىدە پاللىدە يورۇپ چىققان يۇمىلاق، سۈزۈك، تارتىملىق چىرايىغا ھەسەت قىلىپمۇ ئۆلگۈردى.

ئايخېنىم خانىشنىڭ ئوتقا تاشلانغان ئەتلىمە گۆشتەك پۈچىلىنىشىغا، قىلدەك تولغىنىشىغا پەرۋاسىز ھالدا ھاجىنى چۆرگۈلەيتتى. ياستۇقىنى، يوتقان ـ كۆرپىسىنى تۈزەشتۈرەتتى، بېشىدا تۇرماي سىگارىيان بولۇپ قالغان ئاق بۆكىنى ئۆڭشاپ كىيدۈرەتتى، بوش قولى بىلەن يوتقاننىڭ ئىچىگە قولىنى تىقىپ ھاجىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى تۇتاتتى، ئۇۋۇلايتتى.

ـــ ئۆزلىرىنى سەل بېسىۋالسىلا، خېنىم! ـــ خانىش توساتتىن چىرقىراق ئاۋازدا تەئەددىلىك توۋلىدى، ـــ يان بەللىرىدە ئادەم بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا ـ ھە!

ـــ نېمە بولاۋاتىلا؟ ـــ ئايخېنىم يوتقاننىڭ ئىچىدىن قولىنى تارتىپ خانىشقا بۇرالدى. خانىش بويۇنلىرىنى تولغاپ، قىپقىزىل لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈردى:

ـــ نېمە بولغاندەك تۇرىدۇ؟

ـــ نېمە بولۇۋاتقىنىنى بىلەرلا، كۆزلىرىنى ئۇزەلمەي قاپلاپ تۇرغاندىكىن... كىشىنىڭ ئىشىغا ساقلاندىلىق قىلىپ، ئۇۋۇش...

ئەنقەر دوختۇرخانىنى ئۇنتۇپ، قولىدىكى ئىلىيارغا

بىر بىلگەنىدى. كەڭ پېشانىلىك، قارا قاشلىق، قارا كۆزلۈك، قاڭشارلىق، ئويماق ئېغىزلىق، سۈتتەك ئاق، بۇدرۇق كەلگەن بوۋاق ئەنقەرنى تونۇيدىغاندەك مېھرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. نېمانچە مېھرلىك بالا بۇ، ئۇنىڭ بىر قېتىم، پەقەت بىرلا قېتىم كۆرەلىگەن ئوغلىمۇ مۇشۇنداق ئوماق، مۇشۇنداق مېھرلىك ئىدى. ھازىر بار بولغان بولسا، مۇشۇ بالىغا ئوخشاش ئادەمنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرەتتى... ئەنقەر ساقىلىنى ئالدۇرۇپ سىلىقلىنىپ قالغان مەڭزىنى بوۋاقنىڭ بۇدرۇققىنا مەڭزىگە يېقىپ، ئوغلىغا بولغان سېغىنىشىنى، سۆيگۈسىنى بېسىۋاتقاندا ئىككى كۈندىشىنىڭ بىر - بىرىگە ھۈرپىيىپ جېدەل چىقىراي دەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سىغدالدى:

— ھوي، بۇ ئىككىلىرى... دوختۇرخانا جۇمۇ، بۇ. جېدەل - ماجىراغا تولغان خان ھەرىمى ئەمەس!

ئىككى ئايال بىر - بىرىدىن سەل نېرى بولدى. لېكىن، خانىشنىڭ خىلىلا پەيلى بۇزۇق، ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسە، مۇشۇ يەردىلا ئىش چىقىرىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى.

ئەنقەر دادىسىنىڭ يا كېسىلى ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى، ياكى كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يا ئۇ خوتۇنغا، ياكى بۇ خوتۇنغا يۈز كېلەلمەي جىم يېتىۋالغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ دەم كۆزىنى يۇمۇپ ياتقان دادىسىغا، دەم سوقۇشۇشقا تەييارلانغان مېكىياندەك بىر - بىرىگە سەت ھۈرپىيىپ تۇرۇشقان ئۆگەي ئانىلىرىغا قارايتتى. بىر تۇرۇپ ئايخېنىمنىڭ دادىسىنى ئايىمىغانلىقىغا، كىچىك خوتۇننى باردۇ دېمەي، ئۈچ بالىنى قاتارى ئېلىپ كەلگىنىگە، ئۇستاتلىق بىلەن دادىسىغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئىش تېرىش كويىدا بولۇۋاتقىنىغا ئاچچىقى كەلسە، بىر تۇرۇپ خانىشنىڭ ئوقۇغان، ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن، باياشات ئائىلىدە ياشاۋاتقان ئايال تۇرۇقلۇق كەڭ قورساق بولمىغىنىغا، مەدەنىيەتسىزلىك قىلىۋاتقانلىقىغا ئاچچىقى كېلەتتى. دادىسى بولغان ئادەممۇ شۇ ساقىلى بىلەن بۇ

خوتۇنلارغا چۆچۈگۈدەك ئىككى ئېغىز گەپ قىلماي، جىنى چىقىپ كەتكەندەك يىتمۇالدى، دېسە!

«ياق، — دەپ ئويلىدى ئەنقەر، — بەلكىم بۇ ئىشتا دادامنى ئەيىبلىگىلى بولماس، بۇياققا قارىسا، بۇ خوتۇن، ئۇ ياققا قارىسا، ئۇ خوتۇن كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغان، مۇشۇنداق نازۇك پەيتتە دادىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ گەپ قىلسا، بۇ خوتۇنلار دادىسىنىڭ گېپىنى ئۆزىگە ئېلىۋېلىپ، ھۇ تارتىپ يىغلاپ دوختۇرخانىنى بېشىغا كىيىشى، دادىسىنى قوش نىكاھلىنىش، پىلانلىق تۇغۇت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېگەندەك پىچىقى ئىتتىك قانۇنلارنىڭ ئالدىغا سۆرەپ چىقىپ ئۇنى ۋەيران قىلىشى، شەھەردە باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىشى مۇمكىن...»

ئەنقەر زىددىيەتنى يىنىك تەرەپكە بۇراپ، مەسىلىنى يەڭگىل بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئايخېنىمدىن سورىدى:

— ئاي ئاپا، نېمانچە چىرايلىق تۇغۇۋالغانلا، بۇ ئۇكام...

— سىلىنىڭ ئىنىلىرى ئەمەسمۇ، بالام، — دېدى ئايخېنىم بىردىنلا ئايدەك ئېچىلىپ، — قايلىسىلا، بىر قارىسا ھاجىم دادىلىرىغا، بىر قايلىسا ئۆزلىرىگە ئوخشايدۇ، بۇ بالا.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان.

— لېكىن، نەچچە ۋاق بولدى، ئۆيگە دەسسەپمۇ قويمىدىلا، بۇگۈن بۇ ئۇكىلىرى ئاخىر سىلىنى كۆرۈۋالدى... مەن سىلىگە دېسەم، بۇ بالا چوڭ بولسا سىلىگە ئوخشاش قامەتلىك، كېلىشكەن، چوڭ سۈپەت... يەنە دادىسىغا ئامراق ئادەم بولىدۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا!

ئەنقەر مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. بۇ ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئۇستاتلىق قىلىشقا ئامراق ئايال ئىدى. گەپ قىلىڭ دېسە، ئالتە يەردىن بەل باغلاپ ھېچكىمگە گەپ بەرمەيتتى، شېرىن ـ شېكەر گەپلەر بىلەن دادىسىنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقاتتى. بۇ ئايال بىر چاغلاردا ھاجىنى ئەنقەرنىڭ ئانىسىغا ئۆچ قىلىۋەتكەن، كېيىن ئەنقەر بىلەن دادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا

زىددىيەت سىلىپ، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننى بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل بولماس قىلىۋەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئۆگەي ئانىسى بىلەن ئەنقەرنىڭ ئىپى كېلىشمەيتتى، رەسمىي گەپنى قىلغاندا، ئۇ بۇ ھىيلىگەر ئايالغا ئۆچ ئىدى.

ئايخېنىم شۇ تاپتا ئەنقەرنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن قانداق ھېسسىياتتا بولىۋاتقانلىقى بىلەن ھىسابلاشماستىن ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى. ئۇستاتلىق بىلەن ئۆزىنى ئوخشىتاتتى، قولىدىكى ئەلىنىگارنىڭ يىغلاپ خەقنى قىلىشىغا پەرۋاسىز ئىدى. گەپنىڭ ئۈزىراپ كەتكەنلىكىدىن تاقەتسىزلەنگەن ئەنقەر ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق گېپىنى بۆلدى:

ـــ بالا يىغلاپ قالدى!

ـــ زاكىسى ھۆل بولۇپ قالدى، ھەرقاچان. ئەمدى ئۆيگە ئاپىرىپ قۇرۇقدىسام بولىدۇ! ـــ دېدى ئايخېنىم ئانچە پەرۋايىغا ئالماي.

ـــ شۇنچە سوغۇقتا ھەممىسىنى كۆتۈرۈپ كەلگۈچە، ئۆيدە قويۇپ كەلسىلىرى بولمامدۇ؟

ـــ ھوي، قايلايدىغان ئادەم بولمىسا!

ـــ ئادەم تاپساق بولىدىغۇ!

ـــ مەنمۇ ئويلىغان، ئەنقەرجان، ـــ دېدى ئايخېنىم بىر ئىشتىن ئۈمىدلەنگەندەك قىلىپ، ـــ سەھرادا مۇئەللىملىك قىلىدىغان ئاغىنىلىرىنىڭ بىرەرسىگە دەپ بالا باققۇچى قىزدىن بىرنى تېپىپ بېرەمدىكىن دېسەم، خان كوچىسىغىمۇ ئۇدۇل بولمىدىلا...

ـــ ئوقۇغۇچى باللاردىنما؟

ـــ ھەئە.

ـــ ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن چىقىرىپ بالا بېقىشقا سالىدىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى، ـــ دېدى ئەنقەر چۈشەندۈرۈپ، ـــ ھازىر مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى ئۇنداق ئىشلارغا يول قويمايدۇ. شۇڭا، ياشقا چوڭراق، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار

ئايالدىن بىرنى تېپىپ ئايلىق بېرىدىغانغا دېيىشسەك بولىدۇ.

— ئۇنداق قىلىشنىمۇ ئويلىغان، — دېدى ئايخېنىم قۇندۇزدەك قارايتىۋالغان قاش - كىرپىكلىرىنى ئۇچۇرۇپ، — ئۇنداق ئايالالار ئادەمگە قېيىنئانىلىق قىلىپ...

— بالا بېقىشقا ئۇششاق بالىلارغا قارىغاندا چوڭراق ئايالالار ياخشى. ئۇنداقلار بەڭباشلىق قىلمايدۇ، بالىنىمۇ تۇجۇپىلەپ باقىدۇ.

— ھىم.... مۇنداق دېسىلە، — دېدى ئايخېنىم، — ئۇنداق بولسا دېگەنلىرىدەك قىلسام بولىدىغان ئوخشايدۇ، ھە راست، كۆزنىڭ بۇيانىدا ئۆيمۇئۆي كىرىپ كىرچىلىك قىلىپ يۈرىدىغان سەھرالىق بىر خوتۇن بولىدىغان، بايا كوچىدىن چىققۇچە قايلىسام خەقنىڭ ئىشىكىدە قار تازىلاپ يۈرگەندەك قىلىدۇ، بېرىپ شۇ خوتۇن بىلەن مۆڭدىشىپ باقسام بولىدىغان ئوخشايدۇ.

ئەنقەر ھەمىيىنىنى چىقىرىپ، ئەلسەنەمگە يۈز يۈەن تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن دادىسىنىڭ باش تەرىپىدىكى تومپۇچكىدا، دېرىزە تەكچىسىدە دۆۋىلىنىپ تۇرغان مېۋە - چېۋە، قۇۋۋەت يېمەكلىكلىرىدىن زەللە قىلىپ ئايخېنىمغا قولتۇقلاتتى ھەم بىرمۇنچە ياخشى گەپلەر بىلەن ئۇنى بالنىستتىن ئېلىپ چۇشۇپ، تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىلياسنىڭ ئاپىرىپ قويۇشىغا ئورۇنلاشتۇردى. مېڭىش ئالدىدا يەنە، ئەمدى كەلگۇدەك بولسا، بالىلارنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرۈۋالماسلىقىنى، يەنە ئىمكانقەدەر خانىشقا ئۇدۇل بولماسلىقىنى، دادىسىنى ئاياشنى جېكىلىدى.

ھەمدۇللا ھاجى ئايخېنىمغا ئۇنلۇكرەكمۇ خوش دېيەلمىدى ياكى ئۇنىڭغا تورمۇش يولى بېرەلمىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئايخېنىم بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا ئۆينىڭ، بالىلارنىڭ كىيىم - كېچەك غېمى ئۈچۈن تورمۇش يولى بېرىپ تۇراتتى. يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان ئۇنى ئىزدىيەلمىدى، كۆيۈنەلمىدى.

ئايخېنىمنىڭ تۇرمۇشتا قىينىلىپ قېلىپ كەلگىنى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى.

## 63

كىشىلەر ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلار، ئېگىز ـ پەس ئۆگزىلەر، ئوي ـ دۆڭ هويلىلاردا قار تازىلىماقتا ئىدى. خان كوچىسىدىكى بۇ تىقىن ـ تىقماقچىلىقنى چۈمكىۋالغان قېلىن قار ۋاقتىدا تازىلانمىسا، هاۋا ئىچىلغان هامان ئۆگزىلەردىن تامچە ئۆتەتتى، يېڭىشەھەردىكىدەك ئاسفالىت ياكى خىش ياتقۇزۇلمىغان كوچىلار ئەگىز سۇيىگە توشۇپ پاتقاق بولۇپ كېتەتتى.

كونا كوچىلاردا بويۇن قىسىپ قىش ئۆتكۈزۈۋاتقان ئالتۇنەمگە ئەمدى قار تازىلايدىغان ئىش تېپىلدى. ئۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بۇيان كوچىدىن ـ كوچىغا، قورۇدىن ـ قورۇغا كۆچۈپ ئىشلەۋېتىپ ئايخېنىمغا ئۇچرىشىپ قالدى. ئالتۇنەم ئايخېنىمنىڭ قانچىلىك ئىش ھەققى بېرىدىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلمايلا بىر يېرىم كۈن جاپالىق ئىشلەپ، بۇ چوڭ قورۇنىڭ ئۆگزىسىدىكى قارنىڭ بىر قىسمىنى هويلىغا، بىر قىسمىنى كوچىغا چۈشۈردى. ئاندىن قار دۆۋىلىرىنى يۆتكەپ گۈللۈككە، كۆچەت ـ قاناتلارنىڭ تۈۋىگە يىغىشتۇردى. ئاخشىمى ئايخېنىمنىڭ ئاشخانىسىدا قونۇپ قالدى. شۇ يەردە قورسىقىنى تويدۇردى. بۈگۈن ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئايخېنىم ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىۋېتىپ گەپلەشتى :

— قايسىسام خېلى تۇزۇك مەزلۇم ئىكەنلا، تايىنلىق مۇشۇ ئۆيدە قېلىپ بالىلىرىمغا قايىلىشىپ بەرمەملا؟

ئالتۇنەم ئىش ھەققى بەدىلىگە قولىغا تۇتقۇزۇلغان ئوتتۇز كوي پۇلنى تۇتقىنىچە يەرگە قارىدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بۇيان ئايخېنىمنى كىمگىدۇر ئوخشاتقان، لېكىن ئەسلىيەلمىگەنىدى.

هازىر بۇ چىراي، بۇ ئاۋاز يەنىلا تونۇشتەك تۇيۇلىدۇ...

ــ گەپ قىلمايلىغۇ، ــ دېدى ئايخېنىم ئۇنى تۇتۇپ قېلىش كويىدا ئۇمىدلىنىپ، ــ قورساقلىرىنى تويغۇچە بېقىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى چىرايلىق بېرىپ ئايدا ئۈچ يۈز ئەللىك كوي تۇرمۇش پۇلى بېرىمەن. يات كۆرۈپ يەكلىمەيمەن، ئېگىز - پەس گەپ قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئاغرىتمايمەن، قانداق، بولغۇدەكمۇ، خېنىم؟

ئالتۇنەم گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىغا مەھكۇم بولۇۋاتقان ھويلىدا، سوغۇقتىن تىترىگىنىچە بىر ھازا قاراپ تۇردى. بۇ تەكلىپ ئۇنىڭغا نېمىشقا ياقمىسۇن؟ قورساق ئۈچۈن ئىسسىق تاماق، تالاي كېچىلەردىكىدەك سوغۇقتىن تىترىمەي ئۇخلاش ئۈچۈن ئىسسىق ئۆي، يەنە تۇرمۇش پۇلى... ناۋادا ئۇ بۇ ھويلىدىن بوسۇغا ئاتلاپ چىقىپ كەتسە، يەنە كوچىمۇكوچا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈشى كېرەك! لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا ئىدى. ئۇ بۇ ھويلىدىن، بۇ كوچىلاردىن يىراقراق كېتىشنى ئويلايتتى. بىر چاغلاردا ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ھېلىقى ھەمدۇللا مەخسۇم، مەخسۇمنىڭ ئەمرىدە كۆن ئۆتكۈزگەن ھويلا مۇشۇ چوڭ ھويلىدەك ياسىداق، كاتتا ھويلا ئىدى. ئالتۇنەم بۇ ئائىلىدىكىلەر بىلەن شۇلارنىڭ باردى - كەلدىسى بارلىقى ياكى ئۇرۇق - تۇغقان چىقىپ قېلىشىدىن، ئۆزىنىڭ ھېلىقى شەھۋەتخور مەخسۇم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ــ سوغۇقتا بەك ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىلە، ــ دېدى ئايخېنىم، ــ قانداق، مەسلىھەتلىرى پىشتىمۇ؟ ئىشقىلىپ، مەن سىلىنى ئۆز سىڭلىمدەك كۆرىمەن، جۇما!

ئۆز سىڭلىمدەك... بۇ گەپ قار - مۇزلارنى ئەگىز قىلغان قۇياش نۇرىدەك، ئالتۇنەمنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ بىراۋلاردىن بۇنداق دىلكەشلىكنى، ياخشى گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغىنىغا ئۇزاق زامانلار بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولۇپ:

— ماقۇل، خېنىم، — دېدى.
— ئەمدى ئەقىللىرىنى تاپتىلا، يۇرسىلە، ئۆيگە!
ئايخېنىم ئالتۇنەمنى ئىسسىق ئۆيگە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان چىرايلىق گەپلەرنى قىلدى. ئاندىن كېيگىلى نۆۋەت تەگمىگەن نىمكەش، ئەمما پاكىز كېيىملىرىنى بوغجۇمىسىدىن چىقىرىپ، ئالتۇنەمنى يۇيۇنۇپ كىيىم ئالماشتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى.
شۇنداق قىلىپ، تەقدىر ئېغىر موھتاجلىقتا قالغان ئالتۇنەمنى ئاخىرقى ھېسابتا ئائىلە خىزمەتكارىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى خۇپىيانە تۇتتى. ئايخېنىمنىڭ ئاستا - ئاستا، بىر - بىرلەپ قۇلىقىغا ساقىتىپ تۇرىدىغان پاكىزلىق، بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلماسلىق، ئۆي ئىچىدە ئۇنلۇك گەپ قىلماسلىق، نامەھرەملەرگە قەتئىي چىھرىنى كۆرسەتمەسلىك، ناتونۇش ئادەملەرگە ئىشىك ئاچماسلىق، سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلسە بېشىغا چۈمبەل ئارتىپ يۈزىنى يېپىش، ئائىلىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى قولۇم - قوشنىلارغا ئېيتماسلىق دېگەندەك، كونا - يېڭى پەتىۋالىرىغا ئۇن - تىنسىز كۆنۈكتى. بولۇپمۇ مەيلى كۈندۈزى، مەيلى كېچىسى بولسۇن، دەرۋازا ئالدىدا بىرەر ئەركەك زاتىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان ئالتۇنەم دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئاشخانىغا ياكى ھويلىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بوش ئۆيلەرنىڭ بىرسىگە كىرىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى. بۇ ئايخېنىمنىڭ ئۇنىڭغا قويغان ئەڭ قاتتىق تەلەپلىرىنىڭ بىرسى ئىدى.
كۈنلەر شۇ يوسۇندا ئۆتۈشكە باشلىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئالتۇنەمنىڭ كىملىكى ئۇنتۇلۇپ، ئىسمى خىزمەتكار مەزلۇمغا ئۆزگەردى. ئۇ ئەمدى بۇ ئائىلىگە بەند بولۇپ، ئۆزىنى ئادەملەردىن، دۇنيادىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان بولدى. قەلب ئاسمىنىدا پىلىلداپ تۇرغان ئۈمىد شامى

غۇۋالىشىپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كۆپۈككە ئايلىنىۋاتقاندەك جىمىغۇرلىشىپ كەتمەكتە ئىدى.

## 64

قار توختاپ ھاۋا ئېچىلغان بولسىمۇ، سوغۇقنىڭ پەيلى يامان ئىدى. بۇلۇتلار ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي تۇرغان قۇياش نۇرى يەر ـ زېمىننى قاپسىۋالغان قار ـ مۇزلارنىڭ سوغۇقىنى دەماللىققا ئىللىتىپ كېتەلمەيتتى.

ئانىسىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئەنقەر ئۈچۈن ئەڭ باش قېتىنچىلىق ئىش بولدى. ئۇ كۆپ ئويلىنىپ، ئاخىر دادىسىنىڭ چارباغلىق قورۇسىنى تاللىدى ھەم بىر قارارغا كەلدى. شۇنداق قىلىشنى قارار قىلغاندا، دادىسىنىڭ ئېغىر تەڭقىسلىقتا قالدىغانلىقىنى، خانىشىنىڭ قىزغىنىش، باتناشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپمۇ ئۆلگۈردى. بىراق، ئەمدى بۇنىڭدىن ياخشىراق ئامال يوق، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئانىسىنىڭ بىخەتەرلىكى. دادىسىنىڭ قورۇسىدا مۇقىم خىزمەتكارلار بار، ئادەمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئانىسى ئۇ يەردە ياخشى كۈتۈنۈش ھاياتىنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئانىسى يادىكار خېنىمنى ئېلىپ ماشىنا بىلەن كېتىۋاتقان ئەنقەر ماشىنىسىنىڭ ئۈچۈر ئېكرانىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان تېمپېراتۇرا سانلىق ئۈچۈرىنى كۆرۈپ، بۇ يىل باھار كېچىكىپ كېلىدىغان بولدى ـ دە، دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى.

ــ ماڭا گەپ قىلدىڭمۇ، بالام؟ ــ ھامىمادەك ئىسسىپ كەتكەن ماشىنىنىڭ كەينى ئورۇندۇقىدا بەخىرامان ئولتۇرغان يادىكار خېنىم ئورنىدىن قوزغىلىپ، دىققىتىنى ئەنقەرگە ئاغدۇردى.

ــ ھەئە، ئانا، ــ ئەنقەر مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بەردى، ــ

باھار كېلەي دەپ قالغاندا قار يېغىپ، سوغۇقنىڭ كۈچىيىپ كەتكىنىنى دېسە.

يادىكار خېنىم ئەتقەرنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان گېپىگە قوشۇلمىغاندەك بېشىنى چايقىدى ھەم قانداقتۇر بىر ئىشنى ئەسلىگەندەك قىلىپ، دېدى:

— ئۇنداق دېمە، بالام، قار دېگەن ئاللانىڭ بەرىكىتى. سەن تېخى كىچىك، جىق ئىشنى بىلمەيسەن... — يادىكار خېنىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى، — ئەۋۋەلنىڭ ئەۋۋىلىدە، قەدىمنىڭ قەدىمىدە ياراتقان ئىگىمىز زېمىنغا بەركەت ئاتا قىلىپ، قار ئورنىدا قاردەك ئۇن، يامغۇر ئورنىدا ياغ ياغدۇرغانىمىش... زېمىندىكى كىشىلەر بۇنىڭدا خېمىر يۇغۇرۇپ ياغدا قۇيماق سېلىپ يەپ، باياشات، غەمسىز ياشىغانىمىش. پاراغەت، توقچىلىق ھەممە يەردە ھۆكۈم سۈرگەنىمىش... زامانلار ئۆتۈپ شۇنداق بىر كۈنلەر كەلگەندە، توقچىلىق، بىكارچىلىقتىن زېرىككەن داداڭ دېگەن شەپقەتلىكتەك ناكەسلەر ئاللانىڭ بەرگەن نېمىتىگە شۈكۈر - قانائەت قىلماي ھارامغا بېرىلگەنىمىش... كىشى ھارامدىن ئېغىزلانسا تەبىئىتى ئۆزگىرىدۇ، ئىمانى سۇسلىشىدۇ، ئەيش - ئىشرەت، زىناغا بېرىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، كىشىلەر توقچىلىق، بىكارچىلىقتىن تاپتىن چىقىپ ھارامغا بېرىلىپ ئەيش - ئىشرەت، كۆڭۈل ئېچىش كويىدا كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولغانىمىش... جاھاننىڭ ئىگىسى يوقمۇ؟ ياق، ئىگىسى بار... شۇنداق بىر كۈنلەردە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ غەزىپى تېشىپ، بىر سىلكىنىش بىلەن تەڭ، يەر - زېمىننى قاتتىق تەۋرىتىپ، دېڭىز، دەريا - كۆللەرنى تاشقىن قىپتۇ. تاغلارنى ۋولقان قىلىپ، ئېتىلدۇرۇپ يانغىن قىپتۇ ھەم ھالال نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلەرنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئاپپاق ئۇننى قار - مۇزغا، ياغنى يامغۇرغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئادەمزات ھازىرقىدەك قورساق غېمى ئۈچۈن ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن جاپا تارتىدىغان مۇشەققەتلىك كۈنلەرگە قەدەم

قويغانىمىش...

ئەنقەر خىيالغا چۆكتى. ئانىسى ئۇزاقتىن بۇيان قىسما - قىسما كىشىلىك قاراشقا، غەيرىي مىجەز - خاراكتېرگە ئىگە بولغان روھىي مەجرۇھلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئاجايىپ - غارايىپ گەپلەرنى دەپ چۆچەك ئېيتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىراق، ئانىسىنىڭ بۇ گەپلىرى ھەقىقەتەن ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئانام ساقىيىپ قالدىمۇ قانداق، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ھازىرقى دەۋردىمۇ ھېلىقى ھارامغا بېرىلگەن كىشىلەردەك ئادەملەر يوق ئەمەس ئىدى. بۇنداقلار ئازراق پۇل تېپىپلا ئەيش - ئىشرەت كوچىسىدا قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، تېنىنى خوش قىلىپ يۈرەتتى. بۇنىڭ سورىقى يوقمۇ؟ ياق، بار. جاھاندا ياخشىلىقنىڭ ساۋابى بولغاندەك، يامان ئىشنىڭمۇ ھامان سورىقى بار. يامانلارنىڭ ھامان تارتقۇلۇقى بار!

ئەنقەر ماشىنىسىنى ھەيدەپ دادىسىنىڭ چارباغلىق قورۇسىغا كىرىپ توختىدى.

— ئەنقەر ئاكا! — بىنانىڭ ئالدىدىكى قارغا كۆمۈلگەن باغچىدا ئۈچ - تۆت بالا بىلەن قار تازىلاۋاتقان ئىلياس گۈرجەكنى تاشلاپ ماشىنىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، — تىنىچ تۇردىڭىزمۇ؟ سىزنىمۇ كۆرگىلى بولىدىكەن، ھە؟

— تىنچلىق، تىنچلىق، — ئانىسىنى يۆلەشتۈرۈپ ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋاتقان ئەنقەر ئىلياسقا قارىدى، — قار تازىلاۋاتامسىلەر، ئۇكام؟

— تازىلاپ بولاي دېدۇق، ئاكا، — دېدى ئىلياس. ئۇ تىنىماي ئىشلىگەچكە، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، — يەنە بىر - ئىككى سائەتلىك ئىش قالدى.

— يارايسەن، — دېدى ئەنقەر ئۇنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ، — قالغان ئىشنى تېزرەك تۈگىتىڭلار، بولامدۇ؟!

— شۇنداق قىلىمىز، ئاكا.

ئەنقەر ئىلياسقا زوقمەنلىك بىلەن قارىدى. ئۇ ھازىر مۇشۇ

ئۆينىڭ ئادىمىدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇ ئۆيدە ئائىلىدە ھېلى شوپۇر بولۇپ، ھېلى مۇشۇنىداق يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلار بىلەن چېپىپ يۈرەتتى.

— كىمنىڭ ئوغلى، بالام، ئۇ؟ — ئەنقەر بىلەن بىنا تەرەپكە كېتىۋاتقان يادىكار خېنىم كەينىگە قايرىلىپ ئىلياسقا قارىغانچە سورىدى.

— دادامنىڭ...

— داداڭنىڭ؟ داداڭغا مۇبارەك بولسۇن، بالام! داداڭنىڭ قايسى خوتۇنىدىن...

— دادامنىڭ ئۆز بالىسى دېمىدىم، — ئەنقەر ئانىسىغا مۇجمەل جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئويلاپ، ئالدىرىماي چۈشەندۈردى، — ئاتا ـ ئانىسى يوق سەرگەردان بالا ئىكەن، دادام ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ كەسىپ ئۆگەتتى. ئۇ ھازىر دادامنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ بېرىدۇ. زۆرۈر تېپىلسا شىركەت، ئۆينىڭ ئىشلىرىغا قارىشىدۇ.

— ھە... مۇنداق دېگىن، مەن تېخى ئۇ بالىنىڭ چىرايىغا قاراپ داداڭنىڭ باشقا خوتۇنىدىن بولغان بالىسىمىكىن دەپتىمەن!

— توۋا دېسىلە، ئانا، — دېدى ئەنقەر كۈلۈپ سېلىپ، — بۇ شەھەردىكى يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ھەممىسى دادامنىڭ بالىلىرى ئەمەستۇ؟

— سەن بىلمەيسەن، بالام، — دېدى يادىكار خېنىم كەينىگە قايرىلىپ، — ئۇ جىن ئەمەس، ئادەمنىڭ پۇشتى. قايىلا بوينىنىڭ ئېگىزلىكى، پېشانىسىنىڭ كەڭلىكى، كۆزلىرىنىڭ چوڭلۇقى، ئويۇپ قويغاندەك چىرايلىق زىنىخلىرى جىنغا ئەمەس، شەپقەتلىك داداڭغا ئوخشاپلا تۇرمامدۇ!

ئەنقەر ئىختىيارسىز توختاپ، كەينىگە قايرىلدى. ئىلياس باشقىلار بىلەن تۆمۈر گۈرجەكتىن تارالغ ـ تۇرۇق ئاۋاز چىقىرىپ قار تازىلاۋاتاتتى.

خىزمەتكار ئايال نىساخاننىڭ مۇلايىم ئاۋازدا تىنچ ـ ئامانلىق

سورىشى بىلەن ئەنقەر ئىسىگە كەلدى. ئۇ دىققىتىنى يىغىپ، جاۋابەن سالام بەرگەندىن كېيىن، سورىدى :

— مەن دېگەن ھۇجرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويغانمۇ، ھامماچا؟

— جابدۇپ قويدۇم، بالام، — موماي قېقىلىپ يۆتەلگىنىچە ئەنقەر بىلەن يادىكار خېنىمغا يول باشلىدى. ئۇلار تام ـ تورۇسلىرىدىن ھەشەمەتچىلىك تۆكۈلۈپ تۇرغان بىناغا كىرىپ، بىرىنچى قەۋەت سول تەرەپ بۇلۇڭدىكى كىچىكرەك بىر ئۆيگە كىرىشتى. ئۆيدە كارىۋات ۋە باشقا جابدۇقلار بولمىسىمۇ، پولغا سېلىنغان گىلەم، پارنىڭ ئىسسىقى سىرتتىن كىرگەن كىشىگە راھەت بېغىشلايتتى. ئەنقەر ئۆينىڭ جەنۇبقا قارىغان دېرىزىسى، يارىشىملىق ھال رەڭ پەردىسى، يوتقان ـ كۆرپە يىغىلغان تام ئىشكاپى، كىيىم ئىشكاپلىرىنى كۆرۈپ رازى بولدى. ھەممىدىن مۇھىمى بۇ ئۆينىڭ بىرىنچى قەۋەتتە بولغىنى ئۇنى خاتىرجەم قىلدى. بۇ ياشانغان، يەنە كېلىپ نېرۋىسى ئانچە جايىدا بولمىغان ئانىسىنىڭ يېتىپ ـ قوپۇشى ئۈچۈن خېلى مۇۋاپىق جاي ئىدى.

— قايىلىسىلا، ئانا، بۇ ئۆي بولامدىكەن؟ — ئەنقەر ئۆينىڭ تام ـ تورۇسىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان يادىكار خېنىمدىن سورىدى.

— بۇ دادىڭ شەپقەتلىكنىڭ ھۇجرىسى ئەمەستۇ، بالام؟

— ۋاي ياق، ئانا.

— ئەمىسە داداڭچۇ؟ ئۇ نەدە تۇرىدۇ؟

ئەنقەر ئانىسىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى:

— بۇ كۇنلەردە دادامنىڭ نەدە تۇرۇشى ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئانا. بۇ ئۆينى ئۆزلىرىنى دەپ جابدۇدۇق. قارىسىلا، نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن ئىسسىق ئۆي بۇ! مەن سىلىگە يەنە بازاردىن تېلېۋىزور ئېلىپ بەرسەممىكىن دەيمەن... قانداق، بولامدۇ، ئانا!

— تېلېۋىزور؟ ھە... ھېلىقى ئىچىدىن ئادەممۇ، ھايۋانمۇ

چىقىدىغان دېيەنشى... — يادىكار خېنىم يىغلامسىراۋاتقان كىچىك بالىدەك ئاغزىنى ئۇمچەيتتى، — سەن دېگەن دېيەنىشىدە خانىش ئامانىسساخان چىقامدۇ؟ ئامانىسساخان ياشلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەنغۇ، ئۇ رەھمەتلىكنى ھېلىقى خوتۇنپەرەس خاننىڭ باشقا خوتۇنلىرى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن بولغىيدى؟

ئەنقەر ئانىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپلا كەتتى. بىچارە مەزلۇم كېسىلىدىن دېگەندەك ياخشى بولالمىغان، ھە دېگەندە، بۇياندىن گەپ سورىسا، ئۇياندىن جاۋاب بېرەتتى. سورىمىغان گەپنى قىلاتتى، گەپ - سۆزلىرى تاققا - تۇققا ئىدى.

— گەپ قىلساڭچۇ، پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى بىر - بىرىنى قەستلىگەنمۇ؟

ئەنقەر ئالدىراپ تۇرسىمۇ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايتتى. شۇڭا، بىلگەنلىرىنى جاۋاب بەردى:

— بۇنى سوراپ قالدىلا، ئانا... شۇ دەۋردىكى خان - پادىشاھلىرىمىزنىڭ ئەل - ئاۋامنىڭ ئىشىدىن كۆرە ئۆز مەنپەئەتىگە، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ قالغىنىمۇ يوق ئىش ئەمەس. خان ھەرەمدىكى خانىش، توقاللارنىڭ ئارىسىدا ھەسەتخورلۇق، قەستخورلۇق قىلمىشلىرى ئەسلىدىن بار ئىش. شۇ ۋەجىدىن نەچچە يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن كاتتا خانىدانلىق مۇنقەرز بولۇپ خانىۋەيران بولغان. ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن ياۋ مىليونلىغان خەلقنىڭ بېشىدا قىلىچ ئويناتقان، قېنىدا تۇگمەن چۆرۈگەن... دېگەن گەپلەر بار...

— ئۇنداقتا داداڭ شەپقەتلىكچۇ، بالام؟ ئۇ ئادەممۇ شۇ چاغدىكى خان - پادىشاھلارنىڭ يولىدىن مېڭىۋاتامدا؟

— ئانا... نېمىلەرنى دەيدىغانلا؟ ...

— تېرىكمىگىنە، بالام. مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم داداڭنىڭ خانىش - خېنىملىرى خاننىڭ خانىشىدەك كىشىگە يامانلىق ئويلىماس؟

ئەنقەرنىڭ ئىشلىرى بەك ئالدىراش ئىدى. شۇڭا،

تاقەتسىزلىنىپ ئانىسىنى ئالداشقا باشلىدى :

— ئانا، سۆزلەپ كەلسەڭ بۇ بەك جىق گەپ، شۇڭا مەن بىر تېلېفۇنىزور — ھېلىقى ئاماننىساخان چىقىدىغان دىيەنشى ئەكېلەي، سىلى سورىغان گەپلەرنى شۇنىڭدىن كۆرەيلى، بولامدۇ؟

— ئوبدان گەپ قىلدىڭ، بالام!

— شۇنداق قىلايلى، ئەمىسە، ئۆزلىرى مۇشۇ ئىسسىق ھۇجىرىدا ئارام ئېلىپ تۇرسىلا، قارىسىلا، نىساخان ھامىمام سىلىگە ئورۇن سېلىپ بەردى، ئىسسىق ئۆيدە بىردەم راھەتلىنىپ ئۇخلىۋالسىلا، — ئەنقەر سىرتقا قاراپ ماڭدى ھەم نىساخانغا ئانىسىغا ياخشى قاراش توغرۇلۇق گەپ تاپىلىدى.

— كەلمەي قالماسەن، بالام؟

— كېلىمەن، ئانا، كېلىمەن. مېنىڭ سىلىدىن باشقا كىمىم بار؟...

ئەنقەر كەينىگە قايرىلىپ، بىنانىڭ ئالدىغىچە چىققان ئانىسىغا خاتىرجەمسىزلىك بىلەن قارىدى. ئۇ يەنە ئىلياسقا دەرۋازىنى چىڭ تاقاش، ئانىسىنى سىرتقا چىققىلى قويماسلىقنى تاپىلىغاندىن كېيىن ماشىنىسىنى قوزغىدى.



# ئون تۆتىنچى باب

## 65

خانىش ماشىنىسىدا ئەمەس، بوراندا ئۇچۇپ كەلگەندەك پولاتنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى يوق ئىدى. ئويما ياقىلىق ئۇچۇق قىزىل نىپىز يۇڭ مايكىسىنىڭ ئۇستىگە كىيىۋالغان قايماق رەڭ پىلاتىسىنىڭ تۈگمىلىرى ئېتىلمىگەچكە، تولغان بىر جۈپ كۆكسى ئۇچۇقلا تۇرغاندەك، ئۇچرىغانلا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى.

— مەرھابا، مەرھابا، خانىش! ئەتىيازنىڭ بورىنى ئۇچۇرۇپ كەلدىمۇ، سىنى؟ — پولات كونا قەدىناسىغا قۇچاق ئاچقاندەك، ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى.

— مىنى بوراندا ئۇچۇپ يۈرىدىغان شەھەر كوچىلىرىدىكى ئەخلەتكە ئوخشىتىۋاتامسەن؟ — خانىش پولاتنى كۆرۈپ خېلى ئېچىلىپ قالدى. پەردازسىز چىرايىگە سۇس كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئولتۇرۇشقا جاي ئىزدىدى. بىراق، ئۆيىنىڭ ئىچى بەكمۇ قالايمىقان بولۇپ، يەشكىلەر، كوروپكىلار دەستىدىن پۇت قويغۇدەكمۇ يەر يوق ئىدى.

— سىنىڭدەك ئېسىلزادە خانىشنى قانداقمۇ ئەخلەتكە ئوخشىتاي؟ — دېدى پولات ئۆسۈك ساقال - بۇرۇتلىرى ئارىسىدىكى لىۋىگە تاماكا قىستۇرۇپ، — نەچچە ۋاقىتتىن بىرى سوغۇقتىن قورقۇپ چىللىسىگە كىرىۋالغان ھۆپۆپتەك يوقاپلا كەتتىڭ. ئىزدەپ بارسام، دوختۇرخانىدا، دېدى. ئاڭلىسام، ھېلىقى ئالتۇن قوزۇقلۇق مىليونېرىڭنى بىقىۋېتىپسەن،

شۇنداقمۇ؟
— ئەمدى مېنى ئوخشاتمىغان ھۆپۈپ قالدىمۇ؟ — خانىش يا تېرىكمىشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي، پولاتنىڭ ۋاقلاپ تۇرغان ئاغزىغا تىكىلىپ قالدى.
— ھەئە، — دېدى پولات تاماكىنىڭ ئىسىنى خانىشنىڭ يۈزىگە پۈۋلەپ، — سەن ھۆپۈپنىڭ چىرايلىقلىقىنى بىلمەمسەن؟
— ئۇ ھېچكىم ياقتۇرمايدىغان ئۈركۈگەك قۇشقۇ؟
— شەھەرلىكلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ، ھۆپۈپ چىرايلىق بىر قۇش، توز يوق يەردە قۇشلارنىڭ خانىشى. ھۆپۈپ ھەر باھاردا چىللىسىدىن چىقىپ پەي يەڭگۈشلىگەندە، جۈپتى بىلەن گۈلشەن ئارا قوغلىشىپ يۈرگەندە، شۇنداق چىرايلىقلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئوتۇغاتى، رەڭدار پەيلىرى... ئوھۇي... ئويلاپ باققىنا، ھازىرقى ئېسىلزادە ئاياللارنىڭ قايسىبىرى ھۆپۈپتەك چىرايلىق ياسانمايدۇ؟ شۇغىنىسى سەن ھۆپۈپتەك چىرايلىق بولغىنىڭ بىلەن جۈپتۈڭ ئۆزۈڭگە لايىق ئەمەس. ئۇ مىليونېرنىڭ تاجى سالپىيىپ پەيلىرى توزۇشقا باشلىغان قېرى خورازغا ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ؟
خانىش ئاغزىنى تۇتقىنىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:
— سەنزە... سەن ئاجايىپ جۇمۇ، پولات!
— قانداق، توغرا دېدىممۇ؟ دوختۇرخانىغا نېمىشقا بارغان؟ ئالتۇن قوزۇق دوخماللىشىپ داتلاپ قالمىغاندۇ؟
— مەن شۇنداق ئۆرە تۇرىۋېرەمدىمەن؟ — خانىش نارازى بولغاندەك ئۆيدىكى قالايمىقانچىلىقلارغا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، — ئولتۇرغۇدەك ئورۇندۇقمۇ يوقمۇ؟
— بۇگۈن ۋاقتىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ — پولات توپا بېسىپ كەتكەن كىرېسلونىڭ ئۈستىدىكى كوروپكىلارنى بىر چەتكە ئېلىپ، توپا ـ تۇماننى سۈرتۈپ، قېقىشتۇردى، — خىزمەت ئىستاژىمنى سېتىپ ئىدارەم بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدۇم. قارا، ھازىر بىۋاستە سېتىشتا دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا

تۇرۇۋاتقان مۇشۇ شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا ۋاكالەتچى بولدۇم، ــ ئۇ قېلىن بىر كىتابتەك چوڭلۇقتىكى كورۇپكىنى قولىغا ئېلىپ، بىرقانچە ھەرپتىن تەركىب تاپقان ئىنگلىزچە ماركىنى كۆرسەتتى، ــ بۇ ماركىنىڭ سەندەك ئېسىلزادىلەرگە لازىم بولىدىغان پەرداز بۇيۇملىرىدىن تارتىپ، مىجەز تەڭشەيدىغان تابلېتكىلىرىغىچە؛ چىراي گۈزەللەشتۈرىدىغان ئىچىملىكلەردىن تارتىپ بەدەننى زىلۋالاشتۇرىدىغان تالقانلىرىغىچە؛ بەدەندىكى كېسەلنى ھەيدەپ، ئۇستىخاننى يەڭگىللىتىدىغان كارىۋاتلىرىدىن تارتىپ، تاماق ئېتىپ يېسە ئادەمنى ياشارتىدىغان ئالتۇن قازانلىرىغىچە ھەممىسى بار.

كۆز ئالدىدىكى قالايمىقانچىلىقلار ئاز كەلگەندەك، پولاتنىڭ تىنماي سۆزلەشلىرى خانىشنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ــ قانداق، بولامدىكەن؟ ــ دېدى پولات كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ ئولتۇرغان خانىشقا قاراپ، ــ ساڭا گۈزەللەشتۇرىدىغىنىدىن، ھېلىقى قېرى خورىزىڭغا ياشارتىدىغىنىدىن تاللاپ بېرەيمۇ؟

ــ داۋاملىق مۇشۇ گەپمۇ؟ ئۆتكەندىمۇ مۇشۇنداق داڭلاپ يۈرۈپ ماڭا بىرمۇنچە مېلىڭنى سېتىۋالغانىدىڭ... ــ خانىشنىڭ دېمى تۇتۇلغاندەك جىمىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ پولاتنىڭ گەپ دارىتمىلاپ چاقچاق قىلىشلىرىنى، مەھسۇلات تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئاڭلىغىلى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ھال ئېيتقىلى، قاتمۇقات زىددىيەتلەر چىرمىۋالغان قەلب دۇنياسى ئۈچۈن يورۇقلۇق ئىزدەپ كەلگەنىدى. تۇرمۇش، ھاياتلىق يولى قانداق مۇرەككەپ جەريان - ھە؟! خانىش تۇنۇگۈن تېخى ماددىي مەئىشەتكە تويۇنغان خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆزىنى شۇقەدەر ئامەتلىك، شۇقەدەر بەختىيار سېزەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئامەت قۇشىغا بىراۋلار چاڭ سېلىۋاتىدۇ. بەختى تالان - تاراج قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ... شۇنداق بولدى، دۆلەتمەن ئېرى كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىۋىدى، دادىسىدىن تاناي دەپ قالغان ئوغلى، ئىلگىرى

نىكاھلاپ ئېلىپ تالاق قىلىشقان خوتۇنلىرى بەز مارىغان مۇشۇكتەك ھەر تەرەپتىن ئۇ ئادەمنى ئىزدەپ كېلىپ ياخشىچاق بولۇۋالدى. ئۇ كىشىگە يېقىنچىلىق قىلىپ قىلمىغان قىلىقلىرى قالمىدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسى مىراس ئۈچۈن، پۇل، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئىشلار... ھەممىدىن يامان بولغىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئەنقەر بىلەن يارىشىۋېلىپ ئۇنى شىركەتكە ياندۇرۇپ ئەكەلگىنى. باشقۇرۇش، مالىيە ھوقۇقىنى ئەنقەرگە تۇتقۇزۇپ قويغىنى. ئەنقەر ھازىر شىركەت، زاۋۇتلارنى كونترول قىلىپلا قالماي، خانىش مەسئۇل بولغان مېھمانخانىنىڭ كۈندىلىك تىجارەت ئەھۋالىنى كۈندە تەكشۈرۈپ مۇپەتتىش قىلىۋاتىدۇ. كۈندىلىك كىرىمنى ئۇدۇللۇق بانكا ھېساباتى كىرگۈزۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى باشقۇرغاندەك بوغالتىرىيە كاسسا ھېسابى يۇرگۈزۈۋاتىدۇ. چىقىم يوللىرىنى كونترول قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە...

خانىشقا تېخىمۇ ئەلەم بولغىنى ئەنقەرنىڭ ھېچكىمنىڭ مەسلىھەتىگە سالماي، ئانىسى دېگەن سارالڭ خوتۇننى چارباغقا ئەكېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنى بولدى. ئۇ خانىشنىڭ نارازىلىقىنى قېتىغا ئېلىپمۇ قويمىدى. ھاجىمۇ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. قارىغاندا، ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئالدىن مەسلىھەتلىشىۋېلىپ تىلىنى بىر قىلىۋالغان ئوخشايدۇ... خانىش شۇنداق ئويلىدى، ئۇلار مۇشۇنداق ھەر خىل ئاماللار بىلەن مېنى تار يەردە قىستاپ، بۇ ئائىلىدىن سىقىپ چىقىرىش كويىغا چۈشكەن ئوخشايدۇ. ئۇلار ناۋادا تىلىنى بىر قىلىۋالسا... ياق، ئۇلار ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپتۇ. مەن بۇنىڭغا يول قويمايمەن، مەن ئۇ قېرى شەھۋەتخورنىڭ خالىسا خوتۇن قىلىپ، خالىسا كوچىغا ھەيدەپ چىقىرىۋېتىدىغان ھېلىقى ياۋاش، يىغلاڭغۇ خوتۇنلىرىدىن ئەمەس، مەن ئۆزۈمنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ قويىمەن...

پولات خانىشنىڭ خاپىلىقىدىن خەۋەرسىز، تېخىچە ئۆز سودىسى ئۈچۈن گەپ قىلىۋاتاتتى:

— مېنىڭ ئىشىمنى ئاۋۋال سەن قولىمىساڭ بولمايدۇ، خانىش. ئالدى بىلەن ماۋۇ پەرداز بۇيۇملىرىدىن بىر يۈرۈش، ئىچ كىيىملەردىن بىر قۇر، كالتسىيلىق تابلېتكىلاردىن بىر يۈرۈش سېتىۋال. ئۆزۈڭگە ئوخشاش باي، پۇلدار خوتۇنلارغا تەشۋىق قىل. يەنە... يەنە شەنبە كۈنى ئاشۇ پۇلىنى خەجلىگىلى يەر تاپالماي قالغان دوستلىرىڭنى ئۆيۈڭگە چاقىرىپ داستىخان تەييارلا، ئىككىمىز ماۋۇ ئۇزۇن ئۆمۈر ئالتۇن قازىنىدا تاماق ئېتىمىز، نەق مەيداندا تېتىپ كۆرىمىز، سەن بۇ قازاندىن بىرنى ئالساڭ، قالغان دۆلەتمەن خوتۇنلار بەس - بەستە مال زاكاز قىلىدۇ...

پولاتنىڭ ۋالاقلاشلىرى خانىشنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. نەچچە يىل غەمسىز ياشاپ كەلگەن خانىش بۇ كۈنلەردە ھەمدۇللا ھاجى بىلەن بولغان ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋىتىدە يىرىكچىلىك كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن بۇيان پولاتتىن ئۈمىدلىنىپ يۈرەتتى. مۇشۇنداق كۆڭۈل ئازارچىلىقى تارتىۋاتقاندا پولات بىلەن بىرەر - يېرىمدەم پاراڭلىشىش، بەزى ئىشلاردا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن كەلگەنىدى. بىراق، بۇ بايقۇش ئۆزىنىڭ كويىدا قاپتۇ. ئۇ ئىش - ئوقىتىنى يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن باشقىچە ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ... خانىش ئۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى ھەم مېڭىشقا تەمشەلدى.

— بىرەر نەرسە ئېلىپ قويمايلا ماڭامسەن، خانىش؟ — پولات ئۇنىڭ ئۇن - تىنسىز ئورنىدىن تۇرغىنىغا ھەيران بولۇپ سورىدى، — ھوي راست، چىرايىڭ باشقىچىلىغۇ، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە، دوغا يارىماس !...

خانىش پولاتقا خوش دېمەيلا چىقىپ كەتتى.

ياخشى ـ يامان ئاتىقى بىلەن شەھەرگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن ھەمدۇللا ھاجى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ نۇرغۇن پۇل تاپقان، بايلىق ياراتقان ئادەم بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئادەم پۇل ـ بايلىقنى دەستەك قىلىپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا بەند بولۇپ كەتكەن ئادەم ئىدى. شۇنداق، ئۇ ئادەم كۆڭۈل خۇشلۇقىنى دەپ، ئاجىز ئاياللارنى خارلىغان ئادەم ئىدى. نارەسىدە بالىلارنى يېتىم قىلغان ئادەم ئىدى... كۈنلەر شۇنداق ئۆتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار، رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنى تەمتىرىتىپلا قويدى. ئۇزاق يىل روھى مەجرۇھ بولغان كونا خوتۇنى يادىكار خېنىمنىڭ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئايخېنىمنىڭ ھە دېگەندە سورۇن تاللاپ ئولتۇرماي ئۇنى ئىزدەپ باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى قىلىشى، بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ خانىشنىڭ كۈنداشلىق قىلىشى ئۇنىڭ باش ئاغرىقىنى كۈچەيتىۋەتتى.

ھەمدۇللا ھاجى ئەنقەرنىڭ ئۆزىگە مەسلىھەت سالمايلا يادىكار خېنىمنى بۇ ئائىلىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنىغا قارشى چىققان، كايىپ كەتكەنمۇ بولار ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭغا نېرى ـ بېرى گەپ قىلمىدى. چۈنكى، ھاجى يەنە ئەنقەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ، ئوغلىنى ئۆزىدىن، شىركەتتىن تەزدۇرۇۋېتىشتىن ئەنسىرىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەينى چاغدا ئۇ يادىكار خېنىم بىلەن ئاجراشقاندا، سوت بۇ مەزلۇمنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ۋە باشقا باققۇچىسى يوقلۇقىدەك ئەھۋالغا ئاساسەن، ھەمدۇللا ھاجى ئۇ ئايالنى داۋاملىق باقىدۇ، بىر ئۆمۈر كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكنى بېرىدۇ، ئاغرىپ قالسا داۋالىتىدۇ، دەپ كېسىم چىقارغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلىش ھاجىغا پايدىسىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ، مەيلى پۇل ـ بايلىقنىڭ

كۆچىدىن بولسۇن، مەيلى خاراكتېرىنىڭ كۆچلۈكلۈكىدىن بولسۇن، ھاجىنىڭ رېئاللىققا تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى. بولۇپمۇ ئايال كىشىنىڭ ئالدىدا گەدەن قاشلاپ ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش بۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئەمەس ئىدى.

ھاجى دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆزىنى پىسخىكا جەھەتتىن خېلى تەڭشىۋالدى. يۇرۇش - تۇرۇشى، روھىي كەيپىياتى تېزلا ئەسلىگە قايتىپ، باي - دۆلەتمەنلەردە بولىدىغان سۆلەت، كىبىر - تاماسىنى نامايان قىلدى. خانىشنىڭ خۇيلىنىش، باتناشلىرىغا ئالىيجانابلارغا خاس پەرۋاسىزلىق بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ھە دېگەندە ئۇنى تەمتىرىتىپ قويىدى. ئۇ بۈگۈن ئىشتىن كەچ قالغىنىغا قارىماي، ساتىراشخانىدا يەنە ئىككى سائەتكە يېقىن ھايال بولدى. ئۇنىڭ دائىملىق ھۆپىگىرى بولغان ساتىراش يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئېڭىكىنى تەكرار - تەكرار ئۇۋۇلاپ، يىرىك ساقىلىنى يۇمشىتىپ ئۇستىرا بىلەن نەچچە قېتىملاپ قىرىپ، ئىككى مەڭزىنى بوۋاقنىڭكىدەك يۇمشاق، سىلىق قىلىۋەتتى. ھېلىھەم قويۇق، يىرىك چاچلىرىنى يەنە قارايتىپ يۇدى، قۇرۇتۇپ كۆپتۇرۇپ پارقىرىتىۋەتتى. يۇزىگە ماي، ئەتىر چېچىپ، ئىپار - زەپەر پۇرىتىۋەتتى. يەنە تېخى: «ساقاللىرىنى ئالىمەن دەپ ئۆزلىرىنى قىيناپ قويىدۇم، رازى بولارلا» دەپ ئۇستىخانلىرىنى تۇتۇپ ئۇگىلىرىدىن قاس چىقىرىۋەتتى. ھاجى ساتىراشخانىدىن چىقىپ ئۆيىگە كەلگەندە سائەت ئون بولۇپ قالغان، بىنا ئىچى تىنچلىنىپ قالغانىدى. ھۇجرىدا خانىش توملا بىر كىتابقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ سىرتتىن كەلگەنچە كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ ئالماشتۇرمىغانىدى، قارىماققا، ھازىرلا بىر يەرگە ماڭىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

— قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسەن، خوتۇن؟ — ھاجى ئىشكاپتىن كېچىلىك كىيىمىنى ئالغاچ سورىدى.

— نېمە كارىڭىز؟ — دېدى خانىش كىتابتىن بېشىنى

كۆتۈرمەي، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇق، يۈزىنى تۇسۇۋالغان چۇۋۇق چاچلىرىدىن پەرىشانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— كارىم بولمىسا بولامدۇ، — دېدى ھاجى كىيىم ئالماشتۇرغاچ، — مۇھەببەت كىتابلىرىغا مەستانە بولۇپ قالساڭ، مېنى ئۇنتۇپ قالامدىكىن دەيمەنغۇ؟

— ھىم، — دېدى خانىش يېقىمسىزلىق بىلەن دىمىقىنى قېقىپ، — مەن مۇھەببەت كىتابلىرىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ بولغان.

— ئۇنداقتا نېمە كىتاب، ئۇ؟

— قانۇن !

— شىركەت قانۇنىمۇ؟

— ياق، نىكاھ قانۇنى !

— نىكاھ قانۇنى؟ — ھاجى خانىشنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا قارىدى، — ئۇنداق قانۇنلارنى بىلىش ساڭا نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى، خوتۇن؟

— دەپ بەرگۈم يوق، قانداق؟

— دەپ بەرمىسەڭ، بوپتۇ. ئەمما، قانۇن دېگىنىڭ نەچچە پۇل زادى؟

— سىز قانۇننىڭ ئالدىدا پۇل ـ بايلىقىڭىزنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتامسىز؟

ھاجى جىمىپ قالدى. خانىشنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەستىن سۇخانىغا كىرىپ ھايالسىز قايتىپ چىقتى، ئاندىن بۇ ياش خوتۇنىنىڭ يېنىغا كېلىپ يۇمشاق خورۇم ئورۇندۇققا چۆكتى :

— بىز نېمىشقا يوقىلاڭ ئىشلار توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىمىز، يەيدىغان نەرسەڭ بولسا ئەكېلە، قورساق ئاچتى.

— سىز ئۇچۇن پۇلدىن باشقا ھەممىسى يوقىلاڭ ئىشقۇ ! — خانىش كىتابنى تومپۇچكا ئۈستىگە قويدى، — سىز بىر توپ كىشىلەرنى باشلاپ خالتا كوچىغا كىرىۋاتىسىز !

— گېپىڭنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم، خوتۇن، — دېدى ھاجى

خانىشىنىڭ پەرىشان كۆزلىرىگە قاراپ، ـــ بىراق مېنىڭ خالتا كوچىلارنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلىدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالما. مەن شۇنداق كوچىدا ئويناپ چوڭ بولغان، ـــ ھاجى ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنىڭ تېگىدىن خوتۇنىغا تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بۇ ياش خوتۇنىغا بولغان تەشنالىق، شەھۋەت ئوتى ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى. بىراق، خانىشىنىڭ كۆزلىرىدە ئېرىنىڭ كۆڭۈل ئىستىكىگە نىسبەتەن قىلچە مايىللىق يوق، ئەكسىچە بۇ كۆزلەردە يالتىيىش، قېيىداش، نارازىلىق، قارشىلىشىش ئىپادىسى يالتىراپ تۇراتتى. ئايال كىشىنىڭ ۋۇجۇدى قانداق بىر دۇنيا ـ ھە! بۇ ياش، گۈزەل ئايال نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى تۇغۇلغان كۈن كېچىسىدىن كېيىن، ھاجى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىپ بىجىرىپ ئەكەلگەن توي خېتىنى كۆرۈپ ھاجىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئۆكسۈپ تۇرۇپ ھايات يولىدىكى بۇ بۇرۇلۇشقا، تەقدىر ـ قىسمەتكە تەن بەرگەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كۆچلۈك قوللارنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ، قايغۇدىمۇ، خۇشاللىقتىمۇ بىللە بولىدىغانلىقىنى پىچىرلىغان. ئۆزىنىڭ قىزلارغا خاس نازۇكلۇقىنى، دىلكەشلىكىنى ئىپادىلەپ ھاجىنىڭ دىلىنى، يۈرىكىنى ئۆزىگە رام قىلغانىدى... دەرۋەقە ئۇلار كۆنلەرنى، ئايلارنى، يىللارنى شېرىن مېھىر ـ مۇھەببەت ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئارىدىكى ياش پەرقى، مەدەنىيەت پەرقى ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئوتتەك ھېسسىياتىغا دەخلى قىلالمىغانىدى. پاراغەتلىك تۇرمۇش، ئەڭ يېڭى پاسوندىكى مودا كىيىم ـ كېچەكلەر، ئاق ئالتۇن، سېرىق ئالتۇن، قىزىل ئالتۇن، قاشتاش، ياقۇت، مەرۋايىت، بىرىلىيانت، ئالماسلاردىن ئىشلەنگەن قىممەت باھالىق زىبۇ ـ زىننەتلەر، سەيلىگاھلار، چەت ئەلدىكى ساياھەتلەر بۇ ئىككىيلەننى گويا رىۋايەتلەردىكى ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئەر ـ خوتۇنلۇق رىشتىنى چىڭىتىۋەتكەنىدى. ھالبۇكى، بۇ گۈزەل خوتۇن تا بۈگۈنگە قەدەر ھاجىنىڭ پاقالىدەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ

بىرىش ئارزۇسىنى قاندۇرماي كەلدى. دەسلىپىدە بالا بېقىشقا تەجرىبەم يوق، ئاۋۋال ئۆي تۇتۇشنى ئۆگىنەي... دېدى. كېيىن مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم يوق، تۇغۇتۇمنى كەم باقمىدۇ... دېگەندەك باھانىلەرنى كۆرسەتتى. مانا ئەمدى خېلى ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى داۋالغۇپ تۇرۇپتۇ. ھاجىنىڭ كۆڭلىگە ئايان، خانىشنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بۇ داۋالغۇش دەسلەپتە ھەر خىل سورۇنلاردا ئۇچراشقانلار، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ بىر قىسما قاراشلىرى، ئۇششاق سۆزلۈك قىلىشىدىن باشلاندى. ئۇششاق گەپلەرگە، دارىتمىلاشلارغا، كۇسۇرلاشلارغا چىدىمىغان خانىش بارا - بارا ھاجى بىلەن چاي، زىياپەت، توي - تۆكۈن سورۇنلىرىغا بىللە بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھاجىنىڭ ئائىلىسىدىكى مۇرەككەپ قانداشلىق مۇناسىۋەت، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كونا خوتۇنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ئۈزۈلمىگەنلىكى، بالىچاقىلىرىنىڭ كۆپلۈكى خانىشنى تېخىمۇ بىسەرەمجان قىلىۋەتتى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى قاتماللىشىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ھاجى بولسا ئۇنىڭ بۇ ئىشلارغا ئىمكان بار توغرا قارىشىنى، ئىككىيلەن بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە بولۇپ ئائىلىدىكى زىددىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئۆز يولىدا بىر تەرەپ قىلىشىنى ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى سالماق، ۋەزمىن تۇتۇشقا تىرىشىپ خانىشنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى تۇتتى.

— كېلە، خوتۇن، بۇنداق دۇشمەنلىشىپ ئولتۇرىۋەرمەيلى!

— قايسى خوتۇنىڭىزنى دەۋاتىسىز؟ — خانىش قولىنى سىلكىپ ھاجىنىڭ گۆشلۈك قوللىرىنى قېقىۋەتتى. ياش، گۈزەل خوتۇنىنىڭ قوپاللىقىدىن چۆچۈگەن ھاجى ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىپ ئەرلىك مەغرۇرلۇقى بىلەن:

— ئادەمنى تەشنا قىلماي، كېلە، ئەمدى ماڭا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولۇپ قالدى... — ئۇ چاچراپ

ئورنىدىن تۇرغان خانىشنى كاپىسىدە تۇتۇۋالدى ـ دە، لىككىدە كۆتىۈرۈپ كارىۋاتقا ئالدى. خاپىلىق، قىپىداش، قارشىلىق كەيپىدە ئەسەبىيلەشكەن خانىش بىر پىلتىڭلاپ ھاجىنىڭ قوللىرىدىن ئاجراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. پۇرلەشكەن كۆپتىسىنى تۈزەشتۈرۈپ، ھاجىغا ھۆرپەيدى :

— مېنى نېمە قىلسا بولىۋېرىدىغان ھېلىقى سارىڭ خوتۇنلىرىڭىزغا ئوخشىتىپ قىلىۋاتامسىز؟ كىم ئىكەن ئۇ سىزگە بالا تۇغۇپ بېرىدىغان؟ سىز شۇ تاپتا بالا تېپىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغاندا، بۇرۇن تېپىپ تاشلىۋەتكەن بالىلىرىڭىزنى، ئۇلارنىڭ قانداق چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قويدىڭىزمۇ؟ مەن بۈگۈن سىزگە ئوچۇقىنى ئېيتاي، سىز مېنى خوتۇنۇم دېسىڭىز، ئاۋۋال ئاۋۇ قېرى خوتۇنلىرىڭىزنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ، كۆزۈمدىن يوقىتىڭ، بالىلىرىڭىزنى شىركەتنىڭ ئىشىغا ئارىلاشتۇرماڭ، ئەنقەر سىزدىن يۈز ئۆرۈگەندىكىن، تايىنلىق ئۆز يولىدا ماڭغىلى قويۇڭ... مانا شۇ ئىشلارنى ئۆز يولىدا بىر تەرەپ قىلسىڭىز، ئاندىن مېنى خوتۇنۇم، دەڭ، بالا تۇغۇپ بەر، دەڭ! بولمىسا سىزنىڭ يامان نەپسىڭىز ئۈچۈن خوتۇن بولىدىغان خانىش ئەمدى يوق!

ھاجىنىڭ ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ، ئالتۇن چىشلىرى چىقىپ قالغان، كۆزلىرى چەكچەيگەن، ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ قويغاندەك بىر تۇستە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نە كۆز قارىچۇقى مىدىرلىمايتتى، نە بۇرۇتى قىمىرلىمايتتى. نە كۆكرىكى كۆتۈرۈلۈپ چۈشمەيتتى. شۇ تۇرقىدا جېنى چىقىپ نەپىسى توختاپ قالغاندەك قېتىپ تۇراتتى.

— ھا ـ ھا ـ ھا... !

ئىشىكتىن ئاڭلانغان قوپال، مەسخىرىلىك كۈلكە ئاۋازى ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى.

— ئاپا! — خانىش ئەنسىز تۈۋلىغىنىچە ھاجىنىڭ كەينىگە

ئۆتتۈۋالدى. چۆچۈش، قورقۇش، سىلكىنىشتىن ئۆزىگە كەلگەن ھاجى كۆلكە ئاڭلانغان تەرەپكە — ئىشىككە قارىدى. ئۇچۇق ئىشىكتە يادىكار خېنىم قاقاھلاپ كۈلگىنىچە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ رومىلى بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ قالغان، چارلاشقان چاچلىرى چۇۋۇق، كۈلگەن چاغدىكى تەلەتى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ھاجى قاپىقىنى تۈرۈپ، يادىكار خېنىمغا ئالايدى:

— ماڭسىلا، چىقىپ ئۇخلىسىلا، كىم قىچقاردى سىلىنى؟

— كۆڭلۈم... كۆڭلۈم قىچقاردى... سىلىنى سېغىنىپ، تاتلىق ھاجىم...

— ماڭسىلا، سەتلەشمەي چىقىپ ئۇخلىسىلا !

يادىكار خېنىم پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندەك بەدەر كەينىگە ياندى. پالاق - پۇلۇق ئاۋازلار بىلەن پەشتاقلاردىن تۆۋەنلىدى. ئۇنىڭ رومىلى ھاجىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇراتتى.

ھاجى كەينىگە ئۆرۈلدى. خانىش ئىستىھزا بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چېھرىدە بايىقى چۆچۈش، قورقۇشتىن ئەسەر يوق. ئەكسىچە ئەجەللىك مەسخىرە كۈلكىسى ئويناپ تۇراتتى.

— قانداق، دېگىنىم توغرىمىكەن، ئەنە سىزگە خوتۇن دېگەن! — خانىش ھاجىنىڭ تېخىمۇ يېغىرىغا تەگدى. شۇ تاپتا ئۇ بىر ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان خوتۇنغا ئوخشىماي قالغانىدى. ئىچ - ئىچىدىن ئاچچىق بىقسىپ پەيلىدىن يانماي تۇرغان ھاجىنىڭ غەزىپى ئاخىر تېشىغا تەپتى :

— تالاق، تالاق ! بۈگۈندىن باشلاپ ئۈچ تالاقسەن ! كۆزۈمدىن يوقال، بېرىپ ئەرگە تېگىۋال !

خانىش توساتتىن كۈلۈپ كەتتى ھەم ھاجىغا تىكىلگىنىچە :

— ئەپسۇس، ھاجىم، قانۇن سىزنىڭ تالاق سۆزىڭىزنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، — دېدى. ئۇنىڭ تۇرقى شۇنچىلىك تەمكىن، گەپ قىلىشلىرى ۋەزمىن ئىدى، — سىز ئۇنتۇپ قالماڭ، مەن

قانۇن ئوقۇغان، بىز قانۇننىڭ ئالدىدا سۆزلىشەيلى. سىزنىڭ مېنى تالاق قىلغان چاغدىكى گۇمبۇرلىگەن ئاۋازىڭىز قانۇننىڭ ئالدىدا قوش ئىكاھلىنىش، پىلان سىرتىدا بالا تېپىش، ئاياللار، باللارنى خارلاش جىنايەتلىرىڭىزنى ئىنكار قىلامدۇ، يوق !

ھەمدۇللا ھاجى دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. چېھرىدىكى غەزەپ، غاپىللىق ئالامەتلىرى تاتىرىشقا ئۇرۇن بوشاتتى. ئۇ خانىشنى تالاق قىلىنغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى خوتۇنلىرىدەك ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىدۇ، پۇتىغا ئېسىلىپ كەچۈرۈم سورايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ھالبۇكى، ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئالۋاستىدەك قاقاھلاپ كۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭ قولىدا قانۇن ئاتلىق سىرتماق... بۇ سىرتماق ھاجىنىڭ بوينىغا تەڭلەكلىك !

ھاجى بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. كېيىن ئىشكاپتىكى كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىنى ئېلىپ كىيدى. تىكلىمە ئەينەككە قاراپ گالستۇكىنى چىگدى. چۇۋۇلۇپ قالغان چاچلىرىنى تۈزەپ كەينىگە تاردى. ئاندىن ئىشىكنىڭ قاسىنقىغا كېلىپ، ئاياغ ئىشكاپىدىن ئايىغىنى ئېلىپ بىر قۇر سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ئاۋايلاپ كىيدى. ئۇ بىنادىن چۈشۈپ ماشىنا ئىسكىلاتىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىلياسقا ساقلىماي، ماشىنىنى ئىسكىلاتتىن ئاچىقتى.

چوڭ دەرۋازىنىڭ قاسىنقىدىكى ئۆيدە ئۇخلاپ قالغان ئىلياس ماشىنىنىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ، چالا ئۇيقۇلۇق ھالدا چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى.

خانىش ھۇجرىنىڭ دېرىزىسىدىن ئېرىنىڭ بۇ تۈن نىسپىدە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

تىللا رەڭ خانتاجى ماركىلىق پىكاپ شەھەر كوچىلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، كونا شەھەر رايونىغا كىردى ـ دە، قاراڭغۇ خان كوچىسى تەرەپكە بۇرالدى.

خانىشنىڭ كۆلكىسى چىرايىدا قېتىپ قالدى. «ئۈچ تالاق! ئەرگە تېگىۋال!» قۇلىقىدا ئەكسىلىنىپ تۇرغان گۈلدۈرمامىدەك دەھشەتلىك ئاۋاز ئۇنى توساتتىن ۋەھىمىگە سېلىپ، ھېلىلا دەھشەتلىك بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك لاغىلداپ تىترەيتتى. ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى قانداق ئۆزگىرىشچان ـ ھە! ئۇ ئەسلىدە ئۆزىنى «شەرئەت ھۆكمى» بىلەن تالاق قىلغان ھاجىغا قانۇن دەستىكى ئارقىلىق قارشى تۇرماقچى بولغانىدى. ھالبۇكى، ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ پۈت ـ قولى سىرقىراپ، تۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپ قالدى. قۇلىقىدىن كىرگەن سادا پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يامراپ، ئاياللىق قەلبىنى بوراندا قالغان ياپراقتەك تىترەتتى.

يېرىم كېچە بولاي دەپ قالغىنىغا قارىماي، ھەمدۇللا ھاجى ماشىنىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتتى. خانىش مېھىر ـ مۇھەببەتتىن ئەسەر قالمىغان، بوران ئۇچۇپ تۇرغان قىزىلگۈل بەرگى رەڭگىدىكى ياسىداق ھۇجرىدا يالغۇز قالدى. ئۇ گويا ئېگىز بىنادىن ئىتتىرىۋېتىلگەندەك، تاشلىۋېتىلگەندەك ئەلەملىك تۇيغۇلار ئىلكىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. قەلبىنى زىددىيەتلىك ئوي ـ پىكىرلەر چىرماپ، ئەنئەنە، ئادەت قاراشلىرى بىلەن رېئاللىق، قانۇن ھۆكمى ئوتتۇرىسىدا يۈرىكى سىقىلاتتى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ بوغجۇمىسىنى يىغىشتۇرۇپ بارلىق دەرد ـ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەنىدى. كىچىككىنە خانىشاي ئۇ چاغلاردا ئاشۇ بىچارە ئاياللارنىڭ «تالاق» سۆزىگە نېمانچە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. كېيىنچە چوڭ بولغانسېرى بۇ سۆزنىڭ «شەرئەت ھۆكمى» ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ شەرئەت تەرىپىدىن ئەرلەرگە بېرىلگەن شەرتسىز ھوقۇق ئىكەنلىكىنى

ئاڭلىدى ھەم ئەرلەرنىڭ ھۆكمىنىڭ كۈرمىڭلىغان ئاجىز ئاياللارنى تۇللۇق كوچىسىغا ئىتتىرىپ، ۋەيران قىلىشنىڭ سىرىنى چۈشەنگەندەك بولدى. خانىش ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ يۇقىرىلاپ ئوقۇغاندىن كېيىن قانۇن ئۆگەندى. قانۇندا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئوخشاشلا قوغدىلاتتى. ئەرلەرگە بېرىلگەن «شەرىئەت ھۆكمى» ھوقۇقىنى قانۇن قىلچە ئېتىراپ قىلمايتتى. شۇنداق، قانۇن ـــ ھېسسىيات، ۋىجدان، غۇرۇرنى ئېتىراپ قىلمىغاندەك، ئەرلەرنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىشىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ! ھالبۇكى قانۇننىڭ «شەرىئەت ھۆكمى»نى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىدەك بۈيۈك دەستەك خانىشنىڭ بايىقى غالىبلارچە كۆلكىسىگە قالقان بولالمىدى. ھۆجرىدا تا ھازىرغا قەدەر ئەكس سادا قايتۇرۇۋاتقاندەك قۇلىقىدا تەكرارلىنىۋاتقان دەھشەتلىك «شەرىئەت ھۆكمى» ئاياللىق ئاجىزلىقى ئەگىپ تۇرغان ۋۇجۇدىنى بوراندا قالغان ياپراقتەك تىترەتتى. ئەمدى ئارىدىكى قانۇنلۇق نىكاھ، ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت، پاراغەتلىك تۇرمۇش، ئارزۇ ـ ئارمانلارغا بۆلۈنگەن كەلگۈسى... ھەممە ـ ھەممە ئىش بەربات بولغاندەك، ئاخىرلاشقاندەك، باغ ـ ئارامدىن چىقىپ كەتكەن ھاجىنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدى... كۈلۈپ قاقاھلىغان ئاۋاز ھۇ تارتىپ بوزلاشقا، غالىبلارچە ئويناپ كەتكەن كۆزلەر ياش تۆكۈپ مۆڭلىنىشقا باشلىدى.

خانىش ھەمدۇللا ھاجىغا تەگكەندىن كېيىن ئىشسىزلىق، يوقسۇللۇق، غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئىلگىرى غەم ـ غۇسسە، يوقسۇللۇق، موھتاجلىق، تەشۋىش ئىلكىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىگانە قىزدىن بىردىنلا توققۇزى تەل، ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇنلار ئىچىدە كېرىلىپ يۈرىدىغان دۆلەتمەن ئايالغا ئايلاندى. ئۇ ياشلىقى، گۈزەللىكى، قىزغىنلىقى بىلەن ھاجىنىڭ مېھرىنى ئۆزىگە تارتىپ، خىزمەتتىن ئارام تاپقۇدەك بولسىلا شەھۋەت ئوتىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرىدىغان بۇ بىگانە

شىرنى ئۆزگە شەيدا قىلدى. ئۇنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ تۇيدۇرماستىن بويىنغا مىنىۋالدى... شۇنداق قىلىپ، ئۇنى ھېلىقى نېرۋىسىدىن ئازغان قېرى خوتۇنى يادىكار خېنىمدىن، چۇمبەل ئىچىدە ئۇستاتلىق قىلىپ يالغان كۇلۇپ يۇرىدىغان ئىچى تار خوتۇنى ئايخېنىمدىن، بالىچاقىلىرىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئاستا - ئاستا تەزدۇردى. خانىش بۇ ئائىلىدە بارا - بارا ئىسمى - جىسمىغا لايىق خانىشقا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولىدىغان بولدى. ئۇ يەنە ياسىنىپ - تارىنىپ سورۇنلاردا ئۆزىنى كۆرسىتىپ يۇرۇشتىن، سەيلە - ساياھەت قىلىپ باغمۇباغ، تاغمۇتاغ چېپىپ يۇرۇشتىن ھالقىپ، شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا، ئىقتىسادقا قول ئۇزارتتى. ھاجى بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدى. مالىيە، خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. ھالا بۇگۇنگە كەلگەندە... ئۇ چۆچۈش، خىيال، تەشۇىش ئىلكىدە تۈننى تاڭغا ئۇلىدى. شەرق ئۇپۇقى ئاقىرىپ، تاڭ سۇزۇلۇۋاتقاندا پۇتۇن نېرۋىلىرىنى، سەزگۇلىرىنى قىستاپ كەلگەن ئۇيقۇ خۇمارىغا ئەسىر بولۇپ، ئولتۇرغان يېرىگىلا قىيسايدى...

قۇياش كۆتۈرۈلدى. دېرىزىدىن ئوقچۇپ كىرگەن كۇچلۇك نۇر خانىشنىڭ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى چاققاندا، ئىشىك يېنىك چېكىلدى. ئۇ كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ، ئىشىكتە مۇلايىملىق بىلەن قاراپ تۇرغان خىزمەتكار نىساخاننى كۆردى.

— ناشتىلىق تەييار بولدى، — دېدى نىساخان يەرگە قاراپ تۇرۇپ. خانىش ناھايىتى روھسىز ھالدا ئورنىدىن قوزغىلىپ:

— لازىم ئەمەس، ھېچنېمە يېگۇم يوق، — دېدى. ئۇ گىلەم ئۇستىدىلا ئۇخلاپ قالغان بولغاچقا، سەھەرنىڭ سالقىنىدا توڭلىغان، روھىي كەيپىياتى بەكمۇ چۇشكۇن كۆرۈنەتتى.

خىزمەتكار ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. خانىش يېپىلغان ئىشىككە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، دېرىزىدىن چۇشكەن ئاپتاپنى خالاپ قالغاندەك دېرىزە

ئالدىغا كەلدى. چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ كۆزنەكتىن پەسكە قارىدى. گۈللۈكتە پەيلىرى توزۇغان بىر توز مېكىيىنى شۈمشىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ جورىسى نەگە كەتتىكىن؟ بۇ توز ھەمىشە پەيلىرىنى كېرىپ جورىسى بىلەن بىللە گۈللۈكنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ يۈرەتتى. ئەجەبا بۈگۈن... ئۇ يالغۇز توزدىن كۆزىنى ئۈزمەي خېلى ئۇزاقىچە قاراپ تۇردى. كېيىن بىر ئىشنى ئويلىغاندەك ئاستا كەينىگە يېنىپ ئىشكاپتىن لۆڭگە، ئىچ كىيىملىرىنى ئالدى ـ دە، ھۇجرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى مۇنچىغا كىرىپ كەتتى.

سائەت ئونلاردىن ئاشقاندا، جىمجىت بولۇپ قالغان بىنانىڭ پەشتاقلىرىدىن تاقىلدىغان ئاۋاز كەلدى. ئارقىدىن قۇياش نۇرى بالقىپ تۇرغان بىنانىڭ ئىشىكىدە خانىشنىڭ سىيماسى كۆرۈندى. ئۇ بۈگۈن باشتىن ـ ئاياغ قارا كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، يىراقتىن قارىغان كىشىگە ھازىدار ئايالدەك تۇيغۇ بېرەتتى. بىراق يېقىندىن قارىسا، يەلكىسىگە سېلىنىپ تۇرغان قوڭۇر چاچلىرى، مەيدىسى خېلىلا ئوچۇق ئويما ياقىلىق كوپتىسى، تىزىنى ياپالمىغان يوپكىسى ئۇنى ھازىدار ئايالدەك ئەمەس، بەلكى يەنىلا مودا ئاياللاردەك كۆرسىتەتتى. كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ، بۈگۈن ئېچىلايمىكىن، ئەتىمىكىن... دېگەندەك، بولۇق غۇنچىلاپ تۇرغان گۈللۈكتە نىساخانغا پاراڭ قىلىپ بېرىۋاتقان يادىكار خېنىم خانىشنى كۆرۈپ ئىما ـ ئىشارىلەر بىلەن خانىشنى كۆرسەتتى ـ دە، نىساخانغا بىرنېمىلەرنى دەپ كۈلۈپ كەتتى.

— ساراڭ خوتۇن! — خانىش كىشىگە ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس ئاۋازدا يادىكار خېنىمنى تىللاپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇلارغا قاراپ قويدى. ئاندىن تاقىلداپ مېڭىپ ماشىنا ئىسكىلاتىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۈگۈن بۇ يەردە ئۇنىڭ قىپقىزىل پىكاپىنى ئىسكىلاتتىن ئاچىقىپ سۈرتۈپ تازىلاپ قويىدىغان ھېلىقى قارا كۆز يېتىم بالا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئىشلىرى بارغانچە ئوڭ

كەلمەيۋاتقاندەك، ئىسكىلات ئالدىدا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر ماشىنىنى ئۆزى ئىسكىلاتتىن ئاچىقتى. توپا قونۇپ تۇرغان، موتورى قىزىمىغان ماشىنىنى بولۇشىچە ھەيدەپ، چىقىپ كەتتى.

رەڭلىك قوڭغۇزدەك ئوچۇق رەڭلىك ماشىنا، ماشىنىنى يالغۇز ھەيدەپ كېتىۋاتقان يېگانە خانىش... خانىش شەھەر يوللىرىدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. ئۇ نەگە كېتىۋاتقىنىنى، نېمە ئىشقا كېتىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن نەگە بېرىش، نېمە ئىشلارنى قىلىش زۆرۈرمۇ، ئەمەسمۇ، ئۇ بۇنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ماشىنىدا كېتىۋېتىپ، ھۆ تارتىپ راسا بىر يىغلىۋېلىشنى ئويلىدى. ھالبۇكى، يىغلاشنى، ئامالسىزلىقنى، تەسلىم بولۇشنى قەلبىگە سىغدۇرالمايتتى. ئۇ يەنە ئۆزىگە ھال ـ مۇڭ بولىدىغان بىرەرسىنى تېپىپ دەرد ـ ئەلىمىنى تۆكۈشنى، باشقىلارنىڭ تەسەللىسىنى ئاڭلاپ، قەلبىدىكى ئېغىر تۇيغۇلارنى يېنىكلىتىشنى ئويلىدى. بىراق، كىم بىلەن ھال ـ مۇڭ بولۇشنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى. ئۇ پولاتنى ئويلىدى. ئۇنىڭغا راسا بىر يىغلاپ بەرگۇسى كەلدى. بىراق، پولاتنىڭ تىزىغا شاپىلاقلاپ كۈلۈشلىرىنى، ئۆزىنى مازاق قىلىشلىرىنى ئويلاپ، بۇ ئويىدىنمۇ يالتايدى. پولات ھازىر بۇرۇنقى پولات ئەمەس ئىدى، تۇرمۇش ئۇنى ئۆزگەرتكەندى. ئۇ ھازىر دوستلۇقنى، مۇھەببەتنى، باردى ـ كەلدىلەرنى ئۆزىنىڭ سودىسىغا، پايدا ـ مەنپەئەتىگە باغلىۋالغانىدى. باشقىلارنىڭ غېمى، خۇشاللىق ـ خاپىلىقلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. شۇ تاپتا خانىش پولاتنىڭ يېنىغا بارسا، ئۆزىنىڭ تالاق قىلىنغانلىقىنى ئېيتسا، ئۇنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. ھەتتا «نېمە قىلىسەن يىغلاپ، يىغلىغاندىن كۈلگەن ياخشى... مە، ماۋۇ لەۋلىرىڭنىڭ، ماۋۇ كۆزلىرىڭنىڭ، ماۋۇ ئاشۇ سۈتتەك تېرىلىرىڭنىڭ... مە، ماۋۇ ئورۇقلىتىپ زىلۋا قىلىدۇ، ماۋۇ كۆكلۈكنى كۆتۈرۈپ خۇشخۇي قىلىدۇ... ماۋۇنى ئاخشىمى

ئۇخلاشتىن بۇرۇن يەيسەن، ماۋۇنى ئەتىگىنى ناشتىدىن بۇرۇن... هازىرلا پۇل دەپ تۇرۇۋالمايمەن، ئۇنۇمىنى كۆرگەندىن كېيىن تېلېفون قىلارسەن...» دەپ بىرمۇنچە پەرداز بۇيۇملىرى، كالتسىي، ۋىتامىن، قۇۋۋەت تابلېتكىلىرىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشى تۇرغان گەپ، ئۇ هازىر كىشىنىڭ ئاچقان يېرىگە بارمايدۇ... خانىش يەنە باردى ـ كەلدىلەردە تونۇشقان ئاياللارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئويلاندى، لېكىن ئۇلاردىنمۇ يالتايدى. ئۇ هاجى بىلەن بولغان نىكاھ ئىشىنىڭ ئاخىرىدا تالاق بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى، بۇ ئىشنىڭ ئاشۇ سۆزمەن خېنىملارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىشىنى، هەممە ئادەمنىڭ بىلىپ كېتىشىنى خالىمايتتى.

قىزىل پىكاپ شەهەرنىڭ شىمالىي كوچىسىدىكى ئېگىز، هەيۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ چېكىسىدە دۆلەت گىربى بەلگىسى چوقچىيىپ تۇرغان سوت مەھكىمىسى بىناسى ئىدى. خانىش باش ـ ئاخىرى يوق خىياللار ئىچىدە شەهەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى يولدا توختاپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئۇ مۇشۇ بىنانىڭ پەشتاقلىرىغا قەدەم قويسا، هېلىقى خوتۇنپەرەس شىرنىڭ ئۇستىدىن ئەرز سۇنسا، ئۇنى نوچىلىقىغا تويدۇرۇۋېتەتتى. مانا بۇ يەر خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن ئېلىپ قوش نىكاھلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ، خوتۇنلارغا بۇلۇڭ كوچىلاردا ئۆي تۇتۇپ بېرىپ، بالا تېپىپ قانۇنسىزلىق قىلغانلارنىڭ ئەدەپ ـ جازاسىنى بېرىدىغان يەر ئىدى... خانىشنىڭ چېھرىدە ئاستا ـ ئاستا بىر خىل غالىبلىق نۇرى پارلىدى. بايا ئۇنىڭ يىغلىغۇسى كېلىپ تۇراتتى، مانا ئەمدى كۈلگۈسى، راسا قاقاھلاپ كۈلگۈسى كەلدى. كىشىلىك هېسسىيات دېگەن ئاجايىپ نەرسە، ئۇ مۇھىتقا، تۇيغۇغا بېقىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولدى، بىر خىل غالىب هېسسىيات ئۇنىڭ تۇيغۇلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ۋۇجۇدىغا كۈلكە يامراۋاتقاندا، كەينى تەرەپتىن كەلگەن قاتناش ساقچى ماشىنىسى ئۇنىڭ

ماشىنىسىنىڭ يېنىدا توختىدى. ماشىنىدىن بىر ساقچى چۈشۈپ ئۇنىڭغا چاس بەردى ھەم ئۆزىنىڭ خىزمەت كىنىشكىسىنى كۆرسىتىۋەتكەندىن كېيىن خانىشنىڭ شوپۇرلۇق پىراۋىسىنى سورىدى. خانىش قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا چوڭ كوچىدا توختىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، پىراۋىسىنى چىقاردى. ساقچى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۇنىڭغا جەرىمانە تالونى كېسىپ، پىراۋىسىنى شەھەرلىك قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىدىن ئېلىۋېلىشنى ئېيتىپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

خانىشنىڭ غالىبلارچە تۇيغۇلىرى يامغۇردىن كېيىنكى چالا ئاپتاپتەك ئۆچتى. ئۇ يانفونىنى چىقىرىپ تېلېفون قىلماقچى، كىملەردىندۇر ياردەم سوراپ بۇ ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلماقچى بولدى. بىراق، ئۇ يانفونىنى تۇتقىنىچە ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. كىمدىن ياردەم سوراش كېرەك؟ پولاتتىنمۇ؟ باشقا تونۇش ـ بىلىش دوستلىرىدىنمۇ؟ ياق، بۇ ئىشنى تەۋرىمەي تۇرۇپ ھەل قىلىدىغان ئادەم ھېلىقى غالجىر شىر. ئۇنىڭ يولى كەڭ، تونۇش ـ بىلىشلىرى، قۇيرۇقچىلىرى تولا. بىراق... خانىشنىڭ ئۇ ئادەمگە تېلېفون قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. مۇسۇلمانچىلىق ئەنئەنىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ھازىر ھاجىنىڭ نىكاھىدا ئەمەس ئىدى. شۇڭا، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىگە ئۆزى بېرىپ، جەرىمانە تۆلەپ شوپۇرلۇق پىراۋىسىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى.

چۈشتىن كېيىن خانىشنىڭ ئىشى ئەسلا ئوڭ كەلمىدى. بۇ يەردە ئىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئىش ھەل قىلىش ئۈچۈن توپلىشىۋالغان ئادەملەر، بىر ـ بىرىگە يانداشقان ئۇزۇن ئۆچرەت، ئىش بېجىرىشنىڭ ئاستىلىقى كىشىنىڭ ئىچىنى سىقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرگە ئىش بېجىرىشكە كەلگەنلەر ئىچىدە ئايال كىشى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك ئەرلەر ئىدى. ئۇ بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك تۇرغان

ئەرلەرنىڭ قاتارىغا ئۆچرەتكە كىرەلمەي، بىر چەتتە قاراپ تۇردى. ھېس - تۇيغۇ، ئوي - پىكىرلىرى چىگىچلىشىپ ئىشلىرىنىڭ بارغانچە تەتۈر كېلىۋاتقىنىدىن ئۇھسىناتتى. ئۇ شۇ تاپتا پىراۋىسىنى قولىغا ئالغان بولسا، بۇنداق رەھىمسىز شەھەر، پاراغەتلىك تۇرمۇش دېگەنلەرنى تاشلاپ، يىراقتىكى ناھىيەگە بېرىپ ئانىسىنىڭ تۇغقانلىرىنى تاپقان، نەچچە يىل كۆرۈشمىگەن تۇغقانلىرىنىڭ باغرىغا بېشىنى قويۇپ راسا بىر يىغلىۋېلىشنى ئويلاپ قالغانىدى. شۇنداق، خانىش نىمىشقىدۇر ئەرز قىلىش خىيالىدىن يالتىيىپ قالغان، غالىبانە تۇيغۇلىرى سۇسلىشىپ، ئاياللىق ئاجىزلىقى ئۆزىنى ئاشكارا قىلغانىدى.

تۇرمۇشنىڭ يەنە بىر ئاخشىمى باشلاندى. بۈگۈن ھېچبىر ئىشى ئوڭ كەلمىگەن خانىش قاش - قاپاقلىرى سىلىنغان ھالدا قورۇغا قايتىپ كەلدى. ھېچكىم بىلەن گەپلەشمەي، ئۇدۇل ھۇجرا ئۆيگە چىقىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئارقىدىن ھەمدۇللا ھاجى ئادەتتىكىدەكلا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئىشتىن قايتىپ كەلدى ھەم ئىلىياسقا ماشىنىنى يۇيۇپ تازىلاپ ئىسكىلاتقا ئەكىرىپ قويۇشنى تاپىلاپ بىنا تەرەپكە بۇرالدى.

ھاجى بىناغا يېقىنلاشقۇچە ئالدىغا ئۇچرىغان، سالامغا كەلگەن چوڭ - كىچىكلەرگە مەغرۇر، غالىبانە كەيپىياتتا ئۆز لايىقىدا گەپ قىلىپ، بەزىلەرگە ئۇنى - بۇنى تاپىلاپ پەشتاقلارغا قەدەم باستى. گۈس - گۈس دەسسەپ يۇقىرى ئۆرلىدى.

قىزىلگۈل بەرگى رەڭگىدىكى قىزغۇچ ھۇجرا قالايمىقان، خانىش ھەشەمەتلىك كارىۋاتتىكى ماميۇق تۆشەكلەر ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتقان بولۇپ، چۇۋۇلغان چاچلىرى، يېرىم يۇمۇق پەرىشان كۆزلىرى ئۇنى تولىمۇ بىچارە كۆرسىتەتتى. ھاجى ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەردە قاراپ قويۇپ كىيىم ئىشكاپىنى ئاچتى، ئۇچىسىدىكى سۇس يوللۇق قارا كۆك شىم كاستۇمىنى سېلىپ ئىشكاپ ئىچىگە ئاستى. گالىستۇكىنى يېشىپ ئۆي ئىچىلىك راھەت كىيىمىنى كىيىۋالدى.

كەچ كىردى. خانىش كەچلىك تاماقنى چىقىمىدى. خىزمەتكارلار ئەكىرىپ بەرگەن تاماقنىمۇ كۆز قىرىنى سالمىدى. ئۇنىڭ سىرتتا تاماق يېگەن ـ يېمىگەنلىكى ئائىلىدىكىلەر ئۈچۈن ئېنىق ئەمەس ئىدى. ھاجى تامىقىنى يەپ، پەسكە چۈشۈپ گۈللۈكنى ئايلاندى. ئاخشام كىچىك خوتۇنى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ياكى ئۇ ئىشنى قىپتىمغا ئالمىغاندەك چالا كۈلۈپ بالىچاقىلىرىدىن، خىزمەتكارلاردىن گەپ سوراپ، ئۇلار بىلەن ئەھۋاللاشتى. بەزىبىر ئادەتتىكى ئىشلار ئۈچۈن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ھەتتا نېرىدىن ئۆزىنى ئەگىپ يۈرگەن چوڭ خوتۇنى يادىكار خېنىمنى يېنىغا چاقىرىپ قانداقراق تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ۋاقتى ـ قەرەلىدە تاماق يەپ، دوختۇرنىڭ بەرگەن دورىلىرىنى قەرەلىدە ئۆلچىمى بويىچە يېيىشنى ئەسكەرتتى. ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىگە چىراي ئېچىپ باقمىغان قەدىناس ئېرىنىڭ بۇگۈن بۇنچىلىك ئىلتىپات كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگەن يادىكار خېنىمنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى...

ھاجى شۇنداق ئايلىنىپ يۈرۈپ كۈننى كەچ قىلدى. سائەت ئون بىرلەردىن ئاشقاندا بىناغا چىقىپ ھۇجرا ئۆيگە كىردى. بۇ چاغدا خانىش ھۇجرىدىكى ھەشەمەتلىك كارىۋاتنى تاشلاپ، ياندىكى بىر ئېغىزلىق كىچىك ئۆيگە كۆچۈپ چىقىۋالغانىدى. ھاجى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئۆيگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. قارىغاندا، خانىش تالاق قىلىنغان باشقا ئاياللارغا ئوخشاش ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمدى ئۆزىنى ھاجى بىلەن بىر ھۇجرىدا يېتىشقا راۋا ئەمەس، دەپ قارىغان بولسا كېرەك...

شۇ كۈندىن باشلاپ خانىش ھەمدۇللا ھاجىدىن ھۇجرىسىنى، ياستۇقىنى ئايرىدى. ئەمما، سىرتتىن قارىغاندا، ئۇلار يەنىلا ئامراق ئەر ـ خوتۇنلاردەك كۆرۈنەتتى.

# ئون بەشنچی باب

## 68

ئەنقەر خان كوچىسىدىكى خالتا كوچىلارنىڭ بىرسىدە يىگانە تەمتىرەپ يۈرۈپتۇ. ئەمدىلا خەتنىسى قىلدۇرۇلۇپ بالىلىقتىن يىگىتلىككە قەدەم قويغان كىچىك ئەنقەر ئىشىكمۇ ئىشىك بويۇنداپ دادا، دادا دەپ چاقىرغىنىچە ئىزىپ قاپتۇ... لېكىن بۇ ناتونۇش سىرلىق كوچىلاردا ئۇنىڭ دادىسى تۇرماق، ھېچقانداق ئادەمزاتى كۆرۈنمەپتۇ. گاھ تارىيىپ، گاھ كېڭىيىپ، گاھ قاراڭغۇلىشىپ، گاھ يورۇق چۈشۈپ تۇرغان بۇ قىسىلچاق كوچىلار ئۇنى گويا بارسا كەلمەس يولغا باشلاپ كېتىۋېتىپتۇ. كوچىدا قىيسىيىپ قالغان كونا تام، ئېچىلىپ قالغان ئۆگزىلەر، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئۇچراپ قالىدىغان قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەرگە قاراپ قورقۇمسىراپ، يىغلامسىراپ كېتىۋاتقان ئەنقەر تولا يۈگۈرۈپ، تولا ئايلىنىپ خالتا كوچىلاردىن زادىلا بىر باشقا چىقالماپتۇ ھەم ئۆز ـ ئۆزىدىن ئالاقزەدە بولۇپ «دادا ـ دادا» دەپ يىغلىغىنىچە قاتمۇقات خالتا كوچىلارنىڭ ئىچىدە ھېلى ئالدىغا، ھېلى كەينىگە چېپىپتۇ... شۇنداق ھېرىپ ھاسىراپ ئۇستى يېپىق بىر خالتا كوچىدىن ئۆتەلمەي يۈرسە، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىر مەزلۇم چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ! قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغان ئەنقەر ئۇنىڭ ئالدىدىن يا قاچالماپتۇ، يا ئاغزىنى ئېچىپ گەپ قىلالماپتۇ!

— كىمنىڭ ئۈرۈقلۇقىسەن؟! — قارا چۇمپەردە، قارا پەرەنجە ئىچىدىن شۇنداق ۋەھىملىك ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئەنقەر

سېھىرلىنىپ قالغاندەك گەپ قىلالماپتۇ.

— زۇۋانىڭ يوقمۇ؟

ئەنقەر شۇنچە كۆچىنىپمۇ گەپ قىلالماپتۇ، ئەمما كۆز ئالدىدىكى مەزلۇمنىڭ تەق ـ تۇرقىنى، ئاۋازىنى دادىسىنىڭ خوتۇنى ئايخېنىمغا ئوخشىتىپتۇ.

— ھۇ ھارامزادە، ھەمراتلىق داداڭ بولمىسا زۇۋانىڭ چىقمايدۇ، شۇنداقمۇ؟! — مەزلۇم قىپقىزىل تىرناقلىرىنى ئېچىپ، تۇرغان ئورنىدا مىدىر ـ سىدىر قىلالماي تۇرغان ئەنقەرگە دېۋەيلەپ كەپتۇ، — قېنى، ھەمراتچاڭ يوق يەردە ئاشۇ ھارامزادىلىكىڭنى، يامانلىقىڭنى، توڭگۆز توپاقلىقىڭنى قىلىپ باقە قېنى!

ئەنقەرگە مەزلۇمنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاچراۋاتقاندەك، تىرناقلىرىدىن قان تېمىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قاپتۇ.

— سەن شۇم پېشانە، — دەپتۇ مەزلۇم قان تېمىپ تۇرغان تىرناقلىرىنى ئەنقەرنىڭ يۈرىكىگە سوزۇپ، — داداڭغا خوتۇن بولۇپ تەگكىنىم ئۈچۈن ماڭا بىر كۈنمۇ ئاراملىق بەرمىدىڭ. ھە دېسە داداڭ بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامغا ئارازلىق سېلىپ، كەيپىمنى بۇزدۇڭ. مەن مىڭبىر جاپادا ئاناڭغا سارنىڭ مېڭىسىنى يېدۈرۈپ، ساراڭ قىلىپ كۆزۈمدىن يوقاتسام، ئەمدى سەن كۆز قارىچۇقۇمغا سانجىلغان تىكەن بولدۇڭ!

ئەنقەر ئايخېنىمنى تونۇپتۇ. بۇ مەزلۇم ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كۈندىشى ئىدى. كۈنداشلىق ئۇنى ئەنە شۇنداق دۈشمەنلىشىشكە ئېلىپ بارغانىكەن. شۇڭا، ئەنقەر بۇ مەزلۇمغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچ بوپتۇ. دادىسى بۇ مەزلۇمنى خوتۇن قىلىپ ئەكىرگەندىن بېرى، ئەنقەر ئۇنى ئانا ئورنىدا كۆرمەپتۇ. ئۇنىڭ قولىدىن تاماق يېمەپتۇ، ئۇنىڭ ياخشى ئىسمىنى ئاتاپ باقماپتۇ، مانا ئەمدى بۇ مەزلۇم يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك ئەنقەرنىڭ قېنىنى ئىچىشكە تەييار تۇرۇپتۇ!

— ئۆگەي ئاناڭغا قىلغانلىرىڭغا توۋا قىلامسەن؟ — مەزلۇمنىڭ چىرقىرىشى ئەنقەرنى پۇرسەتكە چاقىرىپتۇ. ئېھتىمال ئۇ بۇ خوتۇننىڭ ئالدىدا دادىسىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلمىسا ئۇنىڭ ياۋۇز تىرناقلىرى بوشىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن. بىراق، خەتنىسى قىلدۇرۇلۇپ يىگىت ئاتالغان ئەنقەر ئۆگەي ئانىغا يېلىنىدىغان ئەنقەر ئەمەس ئىكەن. تاقەتسىزلەنگەن مەزلۇم كۆزلىرىدىن ئوت چېچىپ يەنە چىرقىراپتۇ :

— زۇۋانىڭنى ئاچە، هارامزادە! توۋا قىلدىڭمۇ؟

يىگىت بېشىنى چايقاپتۇ.

— ئەمدى پېشانەڭدىن كۆر! — قان تېمىپ تۇرغان ئالۋاستى تىرنىقى يىگىتنىڭ كۆكرىكىگە ئۇرۇلۇپتۇ، هاۋا گۇلدۇرلەپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چاقماق چېقىلىپتۇ. هاۋا، سۇ، تۇپراق، ئوتنىڭ خاسىيىتىدىن هاياتلىقنى ئاپىرىدە قىلغان يەر - زېمىن قاتتىق سىلكىنىپتۇ.

ئەنقەر ئاھ ئۇرۇپ، ئارامسىزلىنىپ كەتتى. چۆچۈپ كەتكەن رەنا كارىۋات بېشىدىكى چىراغنى ياندۇردى.

— ئەنقەر، ئەنقەر، نېمە بولدىڭىز؟ كۆزلىرىڭىزنى ئېچىڭا، — رەنا ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويۇۋالغان مۇشتۇملىرىنى تۇتۇپ يەڭگىل سىلكىدى، — ئەنقەر، هۇي ئەنقەر... ئادەمنى قورقۇتۇپ...

— ئۇھ، — ئەنقەر چىلىق - چىلىق تەر ئىچىدە كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نە قاراڭغۇ خالتا كوچا، نە قورقۇنچلۇق ئايال كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۆز ئۆيىدە، كارىۋىتىدا ياتاتتى. رەنا ئۇنىڭ چېكىلىرىنى ئۇۋۇلاۋاتاتتى:

— ۋىيەي، نېمە بولدى سىزگە؟

ئەنقەر يېرىم ئۆرە بولۇپ ياستۇققا يۆلەندى :

— ئۇسسۇلۇق بارمۇ؟

رەنا كېچىلىك كىيىمىنى تۈزەشتۈرگەچ كارىۋاتتىن چۈشتى، ئاشخانا ئۆيىدىن بىر قۇتا مىنېرال سۇ بىلەن پىيالە ئاچىقىپ، ئەنقەرگە ئۇسسۇلۇق بەرگەچ سورىدى :

— يامان چۈش كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ قانداق؟
— ھەئە، قارا بېسىپ قاپتۇ.
ئەر - ئايال ئىككىيلەن ئۇن - تىنسىز قارىشىپ ئولتۇردى. ئەنقەر نىېرۋىلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن قاباھەتلىك چۈشنى ئويلاپ، كۆڭلى بىر قىسما بولدى. شۇ تاپتا ئۇ شەھەر مەركىزىدىكى ئەڭ ئېگىز ئولتۇراق بىنالارنىڭ بىرسىدىكى ئۆيدە قارا چۈش قويىنىدىن ئويغانمىغان، يېنىدا رەنا بولمىغان بولسا بايىقى كۆرگۈلۈكلىرىنى چۈش ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىكى كۆلپەت دەپ قالغان بولاتتى. ئەنقەر گەرچە چۈش كۆرگەن، چۈشىدە قارا بېسىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنى ئەجەبلەندۈرىدىغان، ئويغا سالىدىغان بىر ئىش بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ بۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئۇنىڭ پات - پات ئايخېنىمنى چۈشەپ قېلىشى ئىدى. شۇنداق، ئۇ گەرچە ئۇخلاش ئالدىدا ئايخېنىمنى ئويلىمىسىمۇ، دادىسىنىڭ ئۇ ياسالما خوتۇنى مۇشۇنداق تولا چۈشىگە كىرىپ قالاتتى. بۇ ئۆگەي ئانا ئەنقەرنىڭ چۈشىگە كىرىپ ئۇنىڭغا ئۆگەيلىك قىلاتتى. ئۇنى ئاۋۋال دادىسىدىن بەزدۈرەتتى. ئاندىن نەرسە - كېرەكلىرىنى، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى تارتىۋالاتتى. مانا بۈگۈن كېچە ئۇ تېخىمۇ ياۋۇزلىشىپ ئەنقەرنىڭ يۈرىكىنى تارتىۋالدى. ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلدى، يەر - زېمىن قاتتىق سىلكىندى...
ئەنقەر كارىۋاتتىن چۈشۈپ تومپۇچكا ئۈستىدىن تاماكىسىنى ئالدى. بىر تال تۇتاشتۇرۇپ، دېرىزە ئالدىغا كەلدى. دېرىزىدىن بىر - بىرى بىلەن بوي تالاشقاندەك كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا بوي سوزغان بىنالار، بىنالارنى، كوچىلارنى يورۇتۇپ تۇرغان سان - ساناقسىز چىراغلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئەنقەر كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرغان شەھەرگە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، دېرىزىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. يىراقتا، شەھەرنىڭ شەرقىدە قارىيىپ تۇرغان يەنە بىر كەڭ

دۇنيا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ كەڭ دۇنيا مىڭ يىللاردىن بۇيان تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، يەنە كەمبەغەللەر ماكانلىشىپ كەلگەن كونا شەھەر رايونى بولۇپ، خان كوچىسى، خان كوچىسىغا تۇتاشقان نۇرغۇنلىغان خالتا كوچىلار، كوچىلارنىڭ ياقىسىدا قەۋەت ـ قەۋەت بالىخانىلىق ئۆيلەر بار ئىدى. خان كوچىسىدا، خالتا كوچىلاردا نە كوچا چىرىغى، نە زىننەت چىرىغى يوق ئىدى. شۇڭا، بۇ كوچىلار قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم بولغانىدى. ئەنقەر ئەنە شۇ خان كوچىسىدا، خان كوچىسىغا تۇتاشقان خالتا كوچىلاردا ئويناپ چوڭ بولغانىدى. بۇ خالتا كوچىلار ئەنقەرگە بەش قولدەك تونۇش ئىدى. ئۇ ئاشۇ خالتا كوچىلاردىن، قاراڭغۇ قىسىلچاقلاردىن ئەزەلدىن قورقمايتتى. ھالبۇكى، بايا چۈش كۆرگەندە، قارا بېسىپ قالغاندا...

سائەت تاڭدىن بېشارەت بېرىپ داڭ ئۇردى. ئۇپۇق ئاقاردى، خان كوچىسى، خالتا كوچىلاردىكى مەسچىت قۇببىلىرى، مۇنارلار، گۈمبەزلەرنىڭ شەرقىي يۈزى ئاستا ـ ئاستا ئاقىرىپ، سۈزۈكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن سىرلىق بىر جاھاننىڭ پەردىسى ئېچىلغاندەك بىر مەنزىرە شەكىللەندى. ئەنقەر ئۆزىنى ئۇنتۇغاندەك بۇ مەنزىرىگە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىگە قايتتى. بۇ چاغدا شەھەر مەركىزىدىكى چىراغلار سۇسلىشىپ، ئۆچەي دەپ قالغان شامدەك سۇس پىلدىرلاپ تۇراتتى. كېچىچە زىننەت چىراغلىرىنىڭ نۇرىدا پەردازلىنىپ تۇرغان بىنالار رومانتىك سىھرىنى يوقاتقانىدى.

ئەنقەرنىڭ تۇرۇپلا دېرىزىدىن پۇررىدە ئۇچۇپ چىققۇسى، ئەنقادەك قانات قېقىپ ئۆزى ئويناپ چوڭ بولغان ئاشۇ شەھەرنىڭ، ئاشۇ كوچىلارنىڭ ئاسمىنىدا قانات قاققۇسى كەلدى. بىراق، ئۇنىڭ قانىتى يوق ئىدى، ئۇ ئۇچالمايتتى.

ـــ ۋاقىت قىستاپ قالدى، ـــ رەنانىڭ مۇلايىم ئاۋازى ئەنقەرنىڭ خىيالىنى بۆلدى، ـــ تېزرەك يۇيۇنۇپ ساقلىمىزنى

ئېلىپ چىقىسىڭىز، مەن ناشتىلىق تەييارلاي.

ئەنقەر رەناغا بۇرالدى. يەنىلا رەنا چىداشلىق ئىدى. رەنا ھەممىگە بەرداشلىق بېرەتتى. رەنا سەۋر - تاقەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى ئارازچىلىق ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەنقەرنىڭ بالا دەردىدە تۇگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەمدۇللا ھاجى ئوغلىنىڭ ھالىغا چىداپ بولالماي، ئاخىر سالىھ تۆرەمنىڭ ئالدىغا ئىككى مەرتەم بوي ئېگىپ باردى. ئەڭ مۇلايىم، ئەڭ ئەقەللىي سۆز - ئىبارىلەر بىلەن قۇدىسىنى قايىل قىلىپ، ئاخىر كېلىنىنى يۆتكەپ كېلىپ ئوغلىغا قوشۇپ قويدى. ئەمەلىيەتتىمۇ سالىھ تۆرەملەرنىڭ بالىنىڭ يوقاپ كېتىشىنى ئەنقەردىن كۆرۈشى، قۇدا - باجىلارغا بويۇن تولغاپ يۈرۈشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. مانا ھازىر ئەنقەر بىلەن رەنا بەزىدە كۆزلىرىنى تەڭ ياشلاپ، بەزىدە بىر - بىرىنى بەزلىشىپ ئۈمىد بىلەن ياشاپ كېلىۋاتاتتى.

— چۈشتىن بۇرۇن ئالدىراش ئىشلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئەنقەر سۈت، ھەسەل، نان بىلەن ناشتا قىلىپ ئولتۇرۇپ.

— شۇنداق، — دېدى رەنا چىنىسىدىكى سۈتتىن بىر ئوتلاپ، — بىرەر ئىش بارمىدى؟

— خىزمەت ئارىلىقىدا خان كوچىسىغا بېرىپ كېلەيلى دېگەن.

— نېمە ئىش قىلىمىز؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى رەنا.

— نەچچە ئايلار بولدى، تولا چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپىقىمنى تارتىۋەرگەندىن كېيىن كۆڭلۈمدە ئوي - خىيال، گۇمان ئەگىپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. دادامنىڭ ھېلىقى ياسالما خوتۇنىنىڭ قوشكېزەكلىرىنىڭ بىرسى — ئىلىيار گويا بىزنىڭ بالىمىزدەك... ھېلىقى خوتۇن چۈشۈمدە يۈرىكىمنى تارتىۋالغان كەبى ئوغلۇمنى مەندىن تارتىۋالغاندەك...

— شۇنداق ئىشمۇ بولغانمىدۇ، ئەنقەر؟ ! — رەنا چاچراپ

ئورنىدىن تۇرۇپ ئەنقەرگە ئېسىلدى. بۇلاقتەك چىرايلىق كۆزلىرىدىن ياشلار ئېتىلىپ چىقتى، ــ بىراق بۇنداق دېيىشكە بىزنىڭ نېمە ئاساسىمىز بار؟

ــ ئاساسىمىز يوق، ــ ئەنقەر كۆز يېشىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن رەناغا كەينىنى قىلىۋالدى، ــ بىراق گۇمانىم بار، رەنا !

ــ قانداقلارچە؟ ماڭا ئېيتىڭا !

ــ دادامنىڭ خوتۇنىنىڭ خۇپىيانە قورساق كۆتۈرگىنى راست، بىراق ئۇنىڭ قوشكېزەك تۇغۇشى ئېھتىماللىقى ئانچە يېقىن ئەمەس...

ــ بۇنداق قاراش پۈت دەسسەپ تۇرالامدۇ، جېنىم ئەنقەر؟ ــ رەنانىڭ ئىسسىق ياشلىرى يەنە مارجان بولۇپ تۆكۈلدى، ــ خىيال هامان گۇمانغا هامىي. گۇمان كۈچەيسە، ئەقىل خاتاغا يول قويىدۇ. سىز شۇنداق يەكۈن چىقىرىشتىن ئاۋۋال بەكرەك ئويلىنىپ كۆرۈڭ.

ئەنقەر جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى پولدىكى گىلەمنى هۆللەيتتى. ئۇ بىردەم سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز گۇمانىغا پاكىت كەلتۈرمەكچى بولغاندەك قوشۇپ قويدى:

ــ ئۇ خوتۇن تۇغۇت هەققىدە گەپ بولۇپ قالسىلا تاتىرىپ بىر قىسما بولۇپ كېتىدىكەن.

ــ قوشكېزەك تۇغقانلىقىغا بىرەر دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتى بارمىدۇ، قايسى دوختۇرخانىدا تۇغقاندۇ؟

ــ قانداقلارچە دوختۇرخانىدا تۇغىدۇ ! قولىدا تۇغۇت كۆرسەتكۈچى بولمىسا، خۇپىيانە قورساق كۆتۈرگەن تۇرسا...

ــ ئۇنداق بولسا، دادام بىلەمدىكىن؟

ــ دادامغىمۇ تۇغۇپ بولۇپ ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن خەۋەر قىلغان گەپ. دادام تۇغۇت خەۋىرىنى ئاڭلاپ يوقلاپ بارسا، ئۇ خوتۇن قوشكېزەك بوۋاقنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىپ، قايىلىسىلا، باللىرىغا، دەپ كۈلۈپ ياتقانمىش !

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت باستى. كېيىن رەنانىڭ ئىسەدەشلىرى يەنە ئاڭلاندى:

— ھەر ھالدا ئورۇنسىز گەپ تېرىپ يۈرمەيلى، ئەنقەر، ھاجىم دادام بىلەن يەنە يامانلىشىپ قالسىڭىز، مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالىدىكەنمەن.

— بىز تىرىشىپ باقايلى، ئايخېنىمنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنى راستلا مېنىڭ ئوغلۇممىكىن دەيمەن... ئۇ... ئۇ بوۋاق ماڭا بەك ئوخشايدىكەن، رەنا... ھەممىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ.

— بۇ...

— ماڭا — مېنىڭ تۇيغۇلىرىمغا ماقۇل دەپ قوي، رەنا... — ئەنقەر ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى، — سەن بىلمەيسەن، ئۇ ئايال ئىلگىرى مېنىڭ خۇشاللىقىمنى، بەختىمنى تارتىۋالغان. سەھەر كۆرگەن چۈشۈمدە ئۇ يەنە قىپقىزىل تىرناقلىرى بىلەن باغرىمنى يېرىپ مېنىڭ يۈرىكىمنى تارتىۋالدى... مەن قان ئىچىگە يىقىلدىم...

ياش ئەر - ئايالنىڭ يىغىسى بىر - بىرىگە قوشۇلدى.

تامدىكى سائەت يەنە داڭ ئۇردى. دېرىزىدىن بالقىپ كىرگەن قۇياش نۇرى ئاستا - ئاستا قىيسايدى.

كوچىلار شاۋقۇن - سۈرەنگە تولدى، كىشىلەر بىر - بىرىدىن ئالدىراش ئىشقا ماڭماقتا ئىدى.

## 69

ئايخېنىم ئەنقەر بىلەن رەنانىڭ پەرىشان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى. ئەمما، بىر كىرپىك قاققۇچە ئۆزىنى ئوڭشاپ، يالغان كۈلۈپ ئاپتاپتەك ئېچىلدى:

— ۋىيەي، كېلىشسىلە، بالام! كۈن مەشرىقتىن چىقتىمىكىن دېسەم، مەغرىبتىن چىققان ئوخشايدۇ، بۈگۈن، — ئۇ رەنا بىلەن قۇچاقلىشىپ يۈز يېقىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ،

تاقىلداپ ماڭغىنىچە ئۇلارنى مېھمانلىق ئۆيگە باشلىدى.

ئۆي ھەم پاكىز، ھەم سالقىن ئىدى. بىراق، ئەنقەرگە ئۆينىڭ ھۇزۇرى ناخۇش ئىدى. ئۇنىڭ تاقەتسىز كۆزلىرى پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدىكى بىر - بىرىگە ياندىشىپ تۇرغان بىر جۇپ بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتقان بوۋاقلاردا ئىدى.

ئايخېنىم چاي دەملەپ داستىخان سالدى. ئۇنىڭ ئۆي تۇتۇشقا قاۋۇللۇقىدىن ھەر ۋاقىت مايلىق توقاچلىرى، تاتلىق - تۈرۈملىرى تەييار ئىدى. ئۇ ئۆگەي ئوغلى بىلەن كېلىنىگە چاي قۇيغاچ سۇس قارايتىۋالغان قاشلىرىنى يىمىرىپ ئويلاندى. دادىسىنى دېمىسە بۇ ھويلىغا ئەسلا دەسسەپ باقمايدىغان ئەنقەرنىڭ بۇ چىڭقىچۇشتە زادى نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىشقا تىرىشتى. شۇ ۋاقىتتا بۆشۈكتىكى بوۋاقلارنىڭ ئاۋۋال ئېسەدىگەن، ئاندىن قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەنقەر چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئىككى تاقلاپ ھويلىغا چىقىپ، بۆشۈكتە يىغلاۋاتقان بوۋاقنىڭ يۈزىنى ئاچتى. ئاڭغىچە ئايخېنىم چىقىپ ئەنقەردىن تالاشقاندەك ئەلپازدا بۆشۈكنى ئالدىغا تارتتى :

— بالام، بالام... خاپا بولمىسلا، قاربي بالام، — ئۇ ئەنقەرگە كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ ئىلىيارنىڭ ئاغزىغا ئەمچەك سالدى، بىراق بوۋاق يىغىدىن توختىمىدى.

— ۋىيەي، تېگى ھۆل بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، — ئايخېنىم بالىنى بۆشۈكتىن يېشىۋاتقاندا ئەلنىگارمۇ يىغىسىنى باشلىدى. بالىلارنىڭ بازار قىزىتىۋەتكىنىنى كۆرۈپ، ئاشخانىدىن ئالتۇنەم پايپاسلاپ چىقتى ھەم ئايخېنىمغا ياردەملەشمەكچى بولدى.

— مەن سىلىگە نېمە دېگەن؟ ! — ئايخېنىم ئالتۇنەمگە ئاچچىقلاندى، — ئۆيگە مېھمان كەلگەندە ئاشخانىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولسىلا، دېگەنغۇ !

ئالتۇنەم لاسسىدە بوشىشىپ كەينىگە ياندى ھەم دەرۋازىنىڭ قاسىنقىدىكى ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئايخېنىم بوۋاقلارنى بۆشۈكتىن يېشىپ تېگىنى قۇرۇقداپ يىغىسىنى پەس قىلىش ئۈچۈن يېتىشەلمەي تۇرغاندا، ئەنقەر ئوچۇق زاكىدا پىلتىڭلاپ تۇرغان ئىلىيارنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى باغرىغا باستى... يېرىم يالىڭاچ بوۋاقنىڭ نازۇك، يۇمران بەدىنى بىلەن ئەنقەرنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى پەقەت ئەنقەرنىڭ نېپىز ئاق مايكىسىلا ئايرىپ تۇراتتى. بوۋاق يىغىدىن توختاپ قارا ياقۇتتەك چاقناق كۆزلىرى بىلەن ئەنقەرنىڭ ھەسرەت ئىچىدە ئۈمىد پارلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى. بوۋاقنىڭ قاراشلىرىدىن ئەنقەرنىڭ ۋۇجۇدى ئېرىپ كەتتى ھەم ئۈمىد، خۇشاللىق نۇرى پارلاپ چىققان كۆزلىرى بىلەن ئوغلىغا قەلبىنى ئىزھار قىلدى... مېنى كۆرۈپلا تونۇۋالدىڭ ھە ئوغلۇم! بولمىسا يىغىدىن بۇنچە ئاسان توختارمىدىڭ؟... بۇنداق تىكىلىپ قاراپ كېتەرمىدىڭ؟ ئېيتقىنا، قانداق شامال سېنى بىزدىن ئايرىدى؟ قانداق شامال سېنى بۇ ئۆيگە ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ قانداق قىسمەت سېنى ئۆز ئاناڭنىڭ ھالال سۈتىدىن، ئۆز ئاتاڭنىڭ ئوتتەك مېھرىدىن ئايرىدى؟ گەپ قىلساڭچۇ؟ بىلسەڭ ئوغلۇم، ئاپاڭ ئىككىمىز سېنىڭدىن مەھرۇم بولۇپ، بۇ دۇنيا بىزگە ھارام بولدى. بىز يېرىم يىلدىن بۇيان تالاي كۈنلەرنى، تالاي كېچىلەرنى يىغا يىغلاپ ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۇق. سېنىڭدىن ئايرىلىپ، ياشاشنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتتۇق. بىز سېنىڭدىن ئايرىلىپ ھاياتتىن، خۇشاللىقتىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزدۇق. بىز سېنىڭدىن ئايرىلىپ...

— ۋىيەي ئەنقەرجان، نېمە دەۋاتىدىلا، سىلە؟ — تۇساتتىن ئايخېنىمنىڭ چىرقىرىغان، تەئەددى قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى، — ھوش ـ كاللىلىرى جايىدىمۇ يا، سىلىنىڭ؟!

توختىماستىن بوۋاققا گەپ قىلىۋاتقان ئەنقەر ئۆگەي ئانىسىنىڭ توۋلىشىدىن چۆچۈپ سەگەكلەشتى. توۋا ئۇنىڭ بوۋاق بىلەن ئېيتىشقان كۆڭۈل سىرلىرى، خىيالىي پىچىرلاشلىرى تۇساتتىن ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

— ئەجەب گەپ قىلىلىغۇ، سىلى، — ئايخېنىم

توختىماستىن تەرگەۋاتاتتى، — سىلە بوگۈن مۇشۇ كىچىك ئىنىلىرىنى مېنىڭ بالام دېگەن خىيال بىلەن كەلگەن ئوخشىماملا؟ !

ئەنقەر زوۋان سورىمىدى. ئۇ گويا قېتىپ قالغاندەك قولىدىكى بوۋاقنى تىكىلىپ تۇراتتى. ئۆيدە داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغان رەنا ھويلىغا چىقتى ھەم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ئەكەسىلە، بالىنى ! — ئايخېنىم ئەنقەرنىڭ قولىدىكى ئىلىيارنى سىلىكىشلەپ دېگۈدەك تارتىۋالدى، — سىلىچۇ، ئەنقەرجان، ئاۋۇ ئانىلىرىنى داۋالىتقان ھېلىقى ئازغۇنلار دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، مېڭىلىرىنى راسا تەكشۈرتۈپ باقسىلىرى بولغۇدەك !

يەر - جاھان پىرقىراشقا باشلىدى، ئەنقەر يىقىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك، سۇپىدا ئولتۇرۇۋالدى. ئايخېنىم بولسا ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ياسالما، يالغان كۈلكىسى نەدە، ئەسلى - ۋەسلىدىن يامان تەبىئىتىنى ئاشكارىلاپ، ئېيتىلىشى سىلىق، ئەمما ئۆتكۈر زەھەردەك گەپلەر بىلەن ئەنقەرنى ئوسال قىلماقتا ئىدى. رەنا بولسا نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ھېلى ئايخېنىمنىڭ تىنماس ئاغزىغا، ھېلى ئەنقەرنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرىگە قارايتتى. ئۇ ئاخىر ئەنقەرنى بۇ ھويلىدىن ئاچىقىپ كېتىشنى ئويلىدى ۋە ئۇنىڭ بىلىكىگە قول ئۇزارتتى. خېلىدىن بېرى بېشىنى سىلىپ گەپ قىلماي تۇرغان ئەنقەر تۇساتتىن تىزلاندى - دە، ئايخېنىمنىڭ ئالدىغا ئۆمىلەپ باردى :

— مەن ئۆزلىرىگە تىزلىناي، ئاياغلىرىغا يىقىلاي، خېنىم ئاپا، بالامنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرسىلە !

— ۋىيەي، قىپقىزىل ساراڭ بوپتىمۇ نېمە، ماۋۇ يېتىم، باشلىرى ئىششىپ قالمىغاندۇ؟ — بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلەشكە تەمشىلىۋاتقان ئايخېنىم چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، — گەپ

قىلمىسا نېمانداق قىلىدۇ !

— مېنى ساراڭغا چىقارسىلىمۇ، ئەسكىگە چىقارسىلىمۇ مەيلى... مەن پەقەت چىدىمىدىم، — چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىم - كېچەكلىرى پۇرلەشكەن ئەنقەر ئايخېنىمنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلدى.

ئايخېنىم تىرناقلىرىغا بىرمۇبىر خېنە قويغان پايپاقسىز پۇتلىرىنى ئەپقېچىپ، پەگاھقا چۈشۈۋالدى.

— ۋىيەي، ئەجەب جېنىمغا تەگدا... ماڭا قايلىسىلا، غوجام، نېمىدەپ ئۆزىچە ساراڭلىق قىلىلا سىلى، سىلىنى ئې ئاززۇلۇق دادىلىرىنىڭ بالىسى، سىلىنىڭ دادا جەمەت ئىنىلىرى قانداق بولۇپ بالىلىرى بولۇپ قالغۇدەك؟ !

— ماڭا يالغان گەپ قىلمىسىلا، خېنىم ئاپا، بۇ بالا مېنىڭ بالام. سىلى هازىر ماڭا يالغان گەپ قىلىسىلىمۇ، ياراتقان خۇدايىمنىڭ ئالدىدا هامان يالغان گەپ قىلالمايلا... بۇ بالا زادى مېنىڭ بالام.

— قارىسىغا گەپ قىلمىسىلا، دېيمەن ! — ئايخېنىم تاتىرىشقا، تىترەشكە باشلىدى، — بۇنداق دېيىشكە بىرەر ئاساسلىرى، گۇۋاهچىلىرى بارمۇ؟

— بار، خۇدايىم گۇۋاھ !

تالاش - تارتىش ئەۋجگە چىقمۇاتقاندا، قوش قاناتلىق چوڭ دەرۋازا ئېچىلدى. هويلىغا ھەمدۇللا هاجى، هاجىنىڭ كەينىدىن ئىلياس كىرىپ كەلدى. ئىلياس كىچىكرەك بىر تاغارغا قاچىلانغان نەرسىنى يۇدۇۋالغانىدى.

هويلىدىكىلەر هاجىنى كۆرۈپ جىم بولۇپ قالدى. ئەمما، ئەنقەرنىڭ كۆز ياشلىرى، ئايخېنىمنىڭ بىسەرەمجان چىرايى هاجىنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. هاجى ئىلياسنىڭ ئۆشنىسىدىكى نەرسىنى ئاشخانىغا ئەكىرىشكە بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزى پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا كەلدى. ئايخېنىمنىڭ كۆرپە سېلىشىنى كۈتمەيلا گىلەمدە ئولتۇردى ھەم ئەنقەر بىلەن ئىچكىرى ئۆيدىن

كۆرپە كۆتۈرۈپ چىققان ئايخېنىمغا سوئال نەزىرىدە قارىدى :

— ھە، بۇ... سىلەر؟...

ھاجى ئىغىز ئىچىشىغا، ئايخېنىم ۋارقىراپ يىغىسىنى سالدى. چاچلىرىنى چۇۋۇپ ئۆزىنى كاچاتلىدى ھەم بىر كىمگە نالە قىلىۋاتقاندەك سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي بۇ دۇنيالىقتا ماڭا ياخشى كۈن يوقمۇ؟! ۋاي مەن بۇ ئۆمرۈمدە ئۆگەي ئوغۇلنىڭ دەردىدە كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرمەي، ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ ھۇ - ھۇ - ھۇ !...

ھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئايخېنىمنىڭ ياسالمىلىق، ئۇستاتلىقىنى باشلىغىنىغا ھاڭۋىقىپ قاراپ تۇرغان ئوغلى ئەنقەرگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ سورىدى :

— ئەنقەرجان، بۇ نېمە گەپ، ئۆزى؟

ئەنقەرنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىدە قېتىپ قالدى. ئۆزىگە تەئەددىلىك ۋارقىراپ كەتكەن دادىسىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ، بىرسى بۆشۈكتە، بىرسى گىلەم ئۈستىدىكى زاكىسىدا يېتىپ قىرقىراپ يىغلاۋاتقان بوۋاقلارغا تىكىلگىنىچە جىممىدە تۇردى.

نەچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار، ئايخېنىمنىڭ سەت بوغۇلۇپ يىغلىشى... قېيىنئاتىسىنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىگە ئۇدۇل قارىيالمىغان رەنا بەك جىددىيلىشىپ كەتتى. ئەنقەرنى دادىسى بىلەن يەنە يامانلىشىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ گەپكە ئارىلاشتى:

— چوڭ ئىش يوق، دادا، ئەنقەرجان تاڭ سەھەردە ئۆزى تۇغۇلغان بۇ ئۆيىنى، كىچىكىدە ئويناپ چوڭ بولغان كونا كوچىلارنى چۈشەپ قاپتىكەن... ئەتىگەن ناشتا قىلىپ ئولتۇرۇپ، چۈشتە خېنىم ئاپامنى، ئۇكىلىرىمىزنى يوقلىغاچ بۇ ئۆيگە بېرىپ كېلەيلى، دېدى ھەم چۈشلۈك دەم ئېلىشقا ئۈلگۈرۈپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ دوختۇرخانىغا مېنى ئالغىلى كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز تاتلىق - تۇرۇملارنى ئېلىپ ئون مىنۇتنىڭ ئالدىدا تېخى بۇ ئۆيگە كەلگەن... ئارىلىقتا ئەنقەرجان ئىنىسىنى

قوچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ تۇراتتى، بوۋاققا گەپ قىلغاندەك قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان خېنىم ئاپام خاپا بولۇپ چىچىلىپ قالدى...

— يالغان ! — ئايخېنىمنىڭ چىرقىراق ئاۋازى رەنانىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى بېسىپ كەتتى، — بۇ ئارزۇلۇق ئوغۇللىرى مېنى بالا ئوغرىسىغا چىقاردى، ئۇ ماڭا ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ بەر، دەپ تەھدىت سالدى... ھۇ ـ ھۇ ـ ھۇ !...

— نىمە؟ ! — ھەمدۇللا ھاجى چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ئەنقەرگە ئېتىلدى، — سەن گويى مۇشۇ كۈندە نىمە بولاۋاتىسەن، زادى؟ ! ئۆتكەندە تۇرسام، بىرنېمە دەيسەن، ئەمدى بۇ گەپنى چىقىرىپسەن... سەن گويى قاچانغىچە مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتىسەن ـ ھە؟!

رەنا نەچچە تاقلاپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەنقەرنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى ۋە ئۇنى سۆرىگىنىچە دەرۋازا تەرەپكە يۈگۈردى :

— يۈرۈڭ، كېتەيلى، دادىڭىزغا قاش كۆتۈرۈپ قارىغۇچى بولماڭ، قارغىش بولىدۇ !

چىرايى دادىسىدىن ئۆتە غەزەپلىك تۈس ئالغان ئەنقەر ھوش ـ كاللىسىنى تاپقاندەك رەناغا ئەگەشتى. ئۇ گۇمانىغا، ھېسسىياتىغا بېرىلىپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ ئايخېنىمنىڭ بالىسىنى مېنىڭ بالام دېيىش ئۈچۈن ئاساس بولۇشى كېرەك، پاكىت بولۇش كېرەك. بوۋاقنىڭ ئەنقەرگە ئوخشىشى، ئايخېنىمنىڭ قوشكېزەك تۇغۇش ئېھتىماللىقىنىڭ تۆۋەن بولۇشى دېگەندەك گۇمانىي قاراشلار ئاساس بولالمايدۇ... ئەنقەر دەرۋازىدىن چىقىپ قولىدىكى تىزگىنەك بىلەن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. نەچچە سېكۇنتتا ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ئەگرى ـ توقاي خان كوچىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. قەيەردىندۇر قولىغا چىقىپ قالغان بىر ئىت باغلانچىسى زەنجىرنى قولىغا ئېلىپ، ئەنقەرنى قوغلاپ كەلگەن ھاجى دەرۋازىنىڭ ئىچ قاسىنقىدا توختاپ قالدى. ئۇ دەرۋازىلىرى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرغان قوشنىلاردىن نومۇس قىلغانىدى...

## 70

بۇ شەھەردە ھەمدۇللا ھاجىدەك راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ياشاۋاتقان نۇرغۇن بايلار بار ئىدى. ئەلۋەتتە، بايلارنىڭ ئىشىكىدە تىنەپ ـ تەمتىرەپ ئاران ـ ئاران كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان تۇل ئالتۇنەم، يېتىم ئىلياستەك گادايلارمۇ ھەم بار ئىدى.

ئالتۇنەم تاغارنى يۇدۇگىنىچە ئاشخانىغا كىرگەن ئوغلىنى كۆرۈپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى:

— ھوي، ئىلياسمۇ سەن، بالام؟

ئىلياس تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. قارا ياغلىقىنى ئېڭىكىدىن چىگىپ، ئاغزى ـ بۇرنىغا ماسكا تارتىۋالغان ئانىسىنى تونۇپ، تاغارنى بىر چەتكە قويدى ۋە ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى.

— جېنىم ئانا، بارمۇ سىز؟! بۇ ناتونۇش ئۆيدە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— جېنىمنى بېقىۋاتىمەن، بالام... تۆشۈك گېلىم ئۈچۈن، مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىم ئۈچۈن كىشىنىڭ كىرىنى يۇيۇپ، يۇندىسىنى تۆكۈۋاتىمەن. تامىقىنى ئېتىپ، بالىسىنى بېقىۋاتىمەن.

— ۋاي بىچارە ئانام، ۋاي ئانا بولۇپ جاھاننىڭ خورلۇقىنى كۆرمىگەن ئانام! — ئىلياس ئانىسىغا مەھكەم يېپىشىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئانىسىنى كۆرمىگىنىگە يېرىم يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇ ئۆتكەن يىلى كۈزدە ئانىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن يېزىغا چىقىپ ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى، ئانىسىنىڭ جان ساقلاش ئۈچۈن شەھەرگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن بېرى، پۇرسەت بولسىلا ئانىسىنى ئىزدىدى. ئۆزى بىلىدىغان، پەرەز قىلغان يىراق ـ يېقىن تۇغقان، تونۇش ـ بىلىش دېگەنلەرنىڭ

ھەممىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. بىراق، تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىغانىدى. بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن...

— ئۆزۈڭچۇ، بالام؟ — ئانىسىنىڭ سوئالى ئوغلىنىڭ خىيالىنى بۆلدى، — ئۆزۈڭ تىنچ ـ ئامانمۇ؟

— ئامان ـ ئېسەن تۇردۇم، ئانا، — ئىلياس كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئانىسىنىڭ بىۋاقىت ئاق ئارىلىغان چېكە چاچلىرىغا، قورۇقلار ئەسىر قىلغان مۇلايىم كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— كىمنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇۋاتىسەن، بالام؟

— باينىڭ ئىشىكىدە، ئانا. ئەنە ئاۋۇ ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ بېرىۋاتىمەن. يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىۋاتىمەن.

— ھەمدۇللا ھاجى؟ — ئالتۇنەم چۆچۈگەندەك قىلىپ، ئوغلىنىڭ قويۇق قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ ـ چوڭ قارا كۆزلىرىگە، قاڭشارلىق كەلگەن بۇرنى ئاستىدىكى قويۇقلىشىپ قالغان بۇرۇتىغا قارىدى، — ھەمدۇللا ھاجىم دېگىنىڭ كىم ئۇ؟ ھويلىدىكى ئاۋۇ كىشى شۇمۇ؟

— ھەئە، — دېدى ئىلياس دېرىزىدىن ھويلىغا قاراپ قويۇپ، — ھاجىم دادام شەھەردىكى داڭلىق بايلاردىن. مەن شۇ كىشىنىڭ ئاتىدارچىلىقىدا رېمونتچىلىقنى، شوپۇرلۇقنى ئۆگەندىم...

— سەن ئۇ كىشى بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالدىڭ؟

ئىلياس ھېلىقى چاغدا شەھەر كوچىلىرىدا بويىۇن قىسىپ يۈرۈپ ئەنقەر ئاكىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنى، كېيىن ھاجىنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ، شوپۇرلۇققا شاگىرتقا بېرىلگەنلىكىنى ئانىسىغا سۆزلەپ بەردى.

— ھاجىم دادام مېنىڭ ياخشى ئوقۇغانلىقىم، ئۇستىلارنىڭ قولىغا يېقىن ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ، پات ـ پات ئىشخانىسىغا، ئۆيىگە ئاپىرىپ پارچە ـ پۇرات ئىشلارغا سالىدىغان بولدى، — دېدى ئىلياس بىر خىل كۆڭۈل توقلۇقى بىلەن، — كېيىنچە

ئادەمنىڭ كۆڭلىگە يېقىشلىق بالا ئىكەنسەن، يېنىمدا تۇر، دەپ ئۆزىنىڭ شوپۇرى قىلىۋالدى. قانداق ئىشى بولسا ماڭا تاپىلايدۇ، ماڭا ئىشىنىدۇ، مانا ئەمدىلىكتە ئۇ كىشىنىڭ ئۆز ئوغلىدەك يېقىن كىشىسى بولۇپ قالدىم، ئانا.

ئالتۇنەم ئوغلىنىڭ شەھەرلىكلەردەك چاراس - چۇرۇس سۆزلەشلىرىگە قاراپ ھاڭ - تاڭ قالدى ھەم ئاستا سورىدى :

— سەن ئۇ ئادەمدىن تارتىنمامسەن، بالام؟

— ئىلگىرى تارتىناتتىم، كۆزلىرىگە قاراشتىن ئەيمىنەتتىم. لېكىن، ھازىر ئۇنداق ئەمەس.

— نېمىشقا؟

— ھاجىم دادام ماڭا ئامراق، ئۇ ئىشخانىسىدا ھە بالام، گەجگەمگە مۇشتلا، ھە بالام، بىلەكلىرىمنى مۇجۇپ قوي دەپ مېنى ناھايىتى ئۆز كۆرىدۇ. قولۇڭ نېمانداق يېنىك، دەپ رەھمەت ئېيتىدۇ. خەجلە دەپ پۇل بېرىدۇ. مەن ھاجىم دادامنىڭ يېنىدا ئۆز ئوغلىدەك ئەركىن - ئازادە يۈرىۋېرىمەن...

ئەزەلدىن ئاتا مېھرى كۆرمىگەن ئىلياسنىڭ يات ئادەمگە مېھرى باغلانغانلىقى، ئۇ ئادەمنى ماختاپ - تەرىپلەپ خىزىرغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكى ئالتۇنەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلدى. ئۇ بىر - بىرى بىلەن قانداشلىقى، زامانداشلىقى بولمىغان ئىككى ئەركەكنىڭ بىر - بىرىگە ئۇ قەدەر ھېرىسمەن بولۇپ كېتىشىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. گەرچە ئىلياسقا ئاتىدارچىلىق قىلغان بۇ باي ھەرقانچە مېھرىبان بولسىمۇ، شۇنىڭدەك ئىلياس ھەر قانچە ساداقەتمەن بالا بولسىمۇ ئۇلار بەرىبىر يات ئىدى. يات ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەت باغلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان يېقىنچىلىق كۆرۈلسىمۇ، مېھىر - ۋاپا تۇيغۇسىدىن بولىدىغان يېقىنچىلىقنىڭ ئۇزاق داۋاملىششى تەس ئىش ئىدى.

— ھەرنېمە بولسا يامان كۆنگە قالماپسەن، بالام، — دېدى ئالتۇنەم ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — نەچچە ئاي ئۆتتى، مېنىڭ سېنى ئويلىمىغان، سېنىڭ غېمىڭنى

يېمىگەن بىرمۇ كۈنۈم يوق. قىشتا قار يېغىپ يەر ـ جاھان مۇزلاپ كەتكەندىن كېيىن سەندىن تېخىمۇ ئەنسىرىدىم. كىشى كىشىنى تونۇماس بۇ شەھەردە قورسىقى ئاچ، كىيىم ـ كېچىكى يېپىنىڭ يۈرۈپ مۇزلاپ قالدىمىكىن دەپ تەشۋىشلىنىپ، ئاشپەزنىڭ ئوچىقىنىڭ ئالدىدا، ناۋاينىڭ تونۇرىدا تۈنەپ پاناھلانغان يېتىم بالىلارغىچە كۆز سېلىپ يۈردۈم... ھەرنېمە بولسا ھايات بار ئىكەنسەن، بالام!

— ئارتۇق غەم قىلىپ كېتىپسىز، ئانا. مەن ھازىر چوڭ بولۇپ قالدىم، قەيەردە بولسامۇ كۈنۈمنى كۆن ئېتەلەيمەن، ئەمما سىز بەك جاپاغا قاپسىز.

— ئىلياس، ھوي ئىلياس!

ھويلا تەرەپتىن چاقىرغان ئاۋاز ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتىنى بۇزدى.

— مانا مەن، ھاجىم دادا... — ئىلياس مېھىرلىك كۆزلىرى ئارقىلىق ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئالتۇنەم ئاشخانىغا يېقىنلا يەردە ئىلياسنى كۈتۈپ تۇرغان ئادەمنى دېرىزىدىن كۆرۈپ، بىراۋ يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرغاندەك چۆچۈپ كەتتى ھەم كۆكسىنى تۇتقىنىچە تامغا يۆلىنىپ قالدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئۆزىنى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن سەل ئەسلىگە كەلگەندەك بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى: «توۋا، بۇ ھەمدۇللا ھاجى دېگەنى ھېلىقى ساختىپەز مەخسۇم ئىكەنغۇ... بۇ بالا قانداقلارچە ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدە يۈرىدىغاندۇ؟! ياكى ئاتىكەم دېگەن ساقلاندى يەنە كوچىمۇكوچا چېپىپ يۈرۈپ بۇ ئادەمنى تېپىپ...

## 71

ئەنقەر بىلەن ئايخېنىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ھەمدۇللا ھاجىنىڭ نېرۋىلىرىنى ساراڭ قىلىۋەتتى. گەرچە بۇ

بىر ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشى بولسىمۇ، لېكىن كىشىنى ئويغا سالىدىغان، بولۇپمۇ ئائىلىنىڭ چوڭى بولغان ھاجىمىنىڭ شەخسىيىتىگە، غۇرۇرىغا بىرىپ تاقىلىدىغان نازۇك ئىش ئىدى. بۇ ئىشتا ئەنقەر يولسىزلىق قىلىۋاتامدۇ ياكى ئايخېنىم ھاجىنى ئالداۋاتامدۇ؟ بۇ سوئال ھاجىنى ئويغا سالاتتى، بۇرۇقتۇرما قىلاتتى.

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ كۆڭلىگە ئايان، ئايخېنىم ئىچى كۆچلۈك، كۈنداشلىقى يامان ئايال ئىدى. ئۇ ھاجىنى يادىكار خېنىمدىنمۇ، خانىشتىنمۇ، ئالتۇنەمدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ھەممە خوتۇنىدىن قىزغىناتتى، كۈنداشلىق قىلاتتى. قولىدىن كەلگەنلىكى ئىشنى قىلىپ ھاجىنى ئۆزىگە مايىل قىلىشقا ئۇرۇناتتى. ھالبۇكى، ئۇ خېلى كۆپ جەھەتتە — قات ـ قات زىددىيەت، ئادەۋەتلەرگە تولغان بۇ ئائىلىدە ئۆزىنىڭ ئورنىنى، ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بىراق، ياراتقان ئاللاتائالا مۇشۇ چاغقا قەدەر ئايخېنىمنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلمىدى. مانا ئەمدى ئايخېنىمنىڭ مۇراد ـ مەقسىتى ھاسىل بولۇپ، ھاجىغا پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىۋىدى، ئەنقەرنىڭ بېشى ئايلىنىپ قالغاندەك، بۇ گەپنى تاپتى. بۇ مۇمكىنمۇ؟ بىر مەزلۇم كىشىنىڭ، يەنە كېلىپ يۇزىگە چۈمبەل تارتىپ ئۆزىنى جەمئىيەتتىن ئايرىپ يۈرگەن بىر ئايالنىڭ شۇنداق نىيەت ـ ئىقبالىنىڭ تۇرتكىسىدە ئەنقەر گۇمان قىلغاندەك ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئايخېنىمنىڭ توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرگىنى، قورسىقىنىڭ قوشكېزەك تۇغىدىغاندەك يوغىناپ كەتكەنلىكى راست تۇرسا... ھاجى بۇ ئىشنى كۆپ ئويلىنىپ، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق، ئېھتىماللىقلار ۋە بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىشىش، كۆچىيىش ئالدىدا تۇرغان زىددىيەت ـ ئاداۋەتلەرنى تەھلىل قىلىپ، ھەقىقەتەن ئاشۇنداق ئىش يۈز بەرگەن بولسا، بۇ ئىشنى ئۆز ۋاقتىدىراق ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئارىنى ئوچۇق قىلىۋېتىش قارارىغا كەلدى.

— مەن ئۆزلىرىنى ئىللا تاۋارا ئالدىمىدىم، — دېدى ئايخېنىم كۆزىگە چۈشۈۋالغان رومىلىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، — ئويلاپ باقسىلا، سىلى، — بىز ئون نەچچە يىلنى بىر كۈندەك چىرايلىق ئۆتكۈزگەن، ئۆزىمىز كونىراشساقمۇ كۆڭلىمىز كونىرىمىغان هالال ئەر - خوتۇنلار تۇرۇپ شۇنداق ئىشنىمۇ قىلارمەنمۇ؟

هاجى ئالدىدىكى قىزىق چايدىن بىر ئوتلىدى. ئۇ مۇشۇ گەپ ئۈچۈن ئايخېنىمنى شاهتائام تېز تاماقخانىسىنىڭ ئايرىمخانىسىغا چىللاپ كەلگەنىدى. ئايخېنىم هاجىنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەستىن، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى:

— كۆڭۈللىرىگە ئايانىكىن، مەن ئۆزلىرىگە خوتۇن بولۇپ بوسۇغىلىرىغا قەدەم قويغاندىن بېرى ئەنقەرجان مېنى ئەسلا خۇشلىغان ئەمەس. ئۇ مۇشتۇمدەك چاغلىرىدىن تارتىپ ئانىسى ئۈچۈن ماڭا ئاداۋەت تۇتۇپ كەلدى. دېمىسەم بولاتتى، ئۇ تا بۈگۈنگە قەدەر مېنى دادامنىڭ خوتۇنى ئىكەن دەپ يا ئاپا، يا ئاچا دەپ بىرەر قېتىم ماڭا ئۇدۇل بولۇپ باققان يېرى يوق. قولۇمدىن ئاش - تاماق يەپ باقمىدى. ئەنقەرجاننىڭ ئالدىدا مېنىڭ ئىتىم هەمىشە «ئاۋۇ خوتۇن»، «ئاۋۇ قېرى»، «ئاۋۇ هىيلىگەر» بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن چىشىمنى چىڭ چىشلەپ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ بۈگۈنگە قەدەر سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىپ كەلدىم، — ئايخېنىم مىشىلداپ بۇرنىنى تارتىپ قويدى. ياندىكى بوش ئورۇندۇقتا تۇرغان پارقىراق قارا سومكىسىدىن گۈل كەشتىلەنگەن ئاپپاق قول ياغلىقىنى ئېلىپ، ئېغىز - بۇرنىنى سۈرتتى، — ئۆزگىلەر بۇ دۇنيادا ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى يامان، دېيىشىدىكەن، لېكىن ئۆگەي بالىنىڭ دەردىنىڭ يامانلىقىنى هېچ كىشى تىلغا ئالمايدىكەن... بەزىدە ئولتۇرۇپ ئويلاپ كېتىمەن، ئەنقەرجان شۇنداق باي - باياشاتلىق ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپ، دادىسى هايات تۇرۇپ، ماڭا مۇشۇنداق قىلمۇاتسا، ئۆگەي ئانا بولغىنىمغا بۇرنى - قۇلىقىمغىچە تويدۇرۇۋاتسا، ناۋادا ياخشى

كۆنىنىڭ يامىنى بولۇپ قېلىپ، ئۆزلىرىدىن تولۇق قالسام، ئۇ ماڭا نېمە كۈننى كۆرسىتەر؟ چاچلىرىمدا ئىلەڭگۈچ ئۇچۇپ مېنى زار ـ زار قاقشىتىپ تىرىك ياشىغانغا، ياشلىق ئۆمرۈمدە ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلغىنىمغا جاق تويدۇرۇپ، كۆتۈمگە تېپەرمىكىن، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرارمىكىن دەپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن تىترەپ كېتىمەن، ئەندىشە قىلىمەن...

ئايخېنىم مىشىلداپ، بۇرنىنى تارتىپ ئولتۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇ ئەزەلدىن ھەمدۇللا ھاجىغا ئەنقەر توغرۇلۇق ھېچنېمە دەپ باقمىغانىدى. بىرەر قېتىممۇ ئەنقەردىن خاپا بولدۇم، خۇش بولدۇم دېگەن گەپلەرنى قىلمىغانىدى. ھاجى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى، تاماققىمۇ ئىشتىھاسى تارتمىدى. ئۇ ئايخېنىمنىڭ دادلاشلىرىنى، دەرد ـ ھاللىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى تاماققا زورلىدى. گەرچە ئايخېنىمنىڭ ئېيتقانلىرى ناھايىتى تەسىرلىك، كىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىسىمۇ، بەزى ئەھۋاللارغا نىسبەتەن ھاجى تېخىچە دەرگۇماندا ئىدى. چۈنكى، ئەنقەرنىڭ ئۆز ئانىسى ئۈچۈن ئايخېنىمغا تەتۈر قارىغىنى راست، ئەمما ئۇ ئايخېنىمنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇ دەرىجىدە يامان بالا ئەمەس ئىدى. ئەنقەر ئون يەتتە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالا ـ ئالمايلا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ يىراق شەھەرگە ئوقۇشقا كەتتى. بەش ـ ئالتە يىل ئوقۇپ بىلىملىك، يۇقىرى ساپالىق چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ھاجىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ بۈگۈنگە قەدەر شىركەتنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. مانا شۇ چاغلاردىن تارتىپ ئەنقەرنىڭ ئۆگەي ئانىغا زۇلۇم سېلىشقا ۋاقتى يەتكىنى يوق. ئىشلار شۇنداق تۇرسا، ئەجەبا... ھاجى ئۇدۇل تامغا — ئايخېنىم ئولتۇرغان ئورۇننىڭ باش ئۇستىگە ئېسىلغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ماي بوياق رەسىمىدىن كۆزلىرىنى ئۈزۈپ، خاپىلىق، باتناش ئىپادىسىدە ئولتۇرغان ئايخېنىمغا تىكىلدى :

— ئەجەبا، ئەنقەر سىلىگە قارا چاپلاۋاتقاندىمۇ؟ ئۇخلاپ

چۈشەكەپ كېلىپلا بالا مېنىڭ دېگەندىمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق! — دېدى ئايخېنىم قولىدىكى پىيالىنى شىرەگە داققىدە قويۇپ، — ئۇ ماڭا قارا چاپلاۋاتىدۇ!

— نېمىشقا شۇنداق قىلىغاندۇ؟ ئىشىنىڭ تېگىگە يېتەلىدىلىمۇ؟

— ئۇنىڭ مۇددىئاسى ئېنىق، ئۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق سىلىنى ماڭا ئۆچ قىلماقچى، مېنى خان كوچىسىدىن، ئاشۇ كاتتا قورۇ ـ جايدىن ھەيدەپ چىقارماقچى! ئۇ ئۆزىدىن باشقا يەنە بىر ئەركەكنىڭ سىلىنىڭ پۇشتىلىرى بولۇپ قېلىشىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى! ئۇ ئۆزىدىن مىراس، بايلىق تالىشىدىغان ئوغۇل بالىنىڭ كىملىك تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتمەكچى!

ھاجى پېشانىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا دېدى:

— ئۇ شۇنداق ئويلىغاندىمۇ؟ مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ شۇنداق كۆڭلى قارىمىدۇ؟

— بۇ دېگەن شەھەر. ئادەملەر پۇل ئۈچۈن، بايلىق ئۈچۈن ھەر خىياللارنى قىلىدۇ، ھەر كويلاردا بولىدۇ.

— ئۇنىڭ ئۇلۇشكۇنكى يىغىسى، ئاھ ئۇرۇشلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى، دېسە!

— قايىلسام، ئەنقەرجان شۇ كۈنى سىلىنىڭ كېلىشلىرىنى بىلەمدىكەنمۇ، دەيمەن... بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ دەرۋازىدىن كىرىشلىرىگە ئۇلگۇرۇپ ئويۇن چىقاردى. ئاھ ـ پاھ دەپ ھويلىنى بېشىغا كىيدى. شۇڭا، سىلى تەسىرلىنىپ كەتتىلە ئەمەسمۇ، جېنىم ھاجىم!

ئايخېنىم بىرەر ئېغىز گەپتىمۇ ھاجىغا تۇتۇق بەرمىدى. ھەمدۇللا ھاجى بولسا ئەنقەرنىڭ «بالىنىڭ قان تېپىنى، گېنىنى تەكشۈرتىمەن» دېگەن گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ، شۇ گەپنى چىقاردى. ئايخېنىم بۇ گەپنىمۇ قىيتىغا ئالمىدى:

— بالىنى تەكشۈرتسەك قان تىپىمۇ، گېنىمۇ ئەنقەرجانغا

ئوخشاش چىقار ھەرقاچان! قانداق دېسىلىرى، ئەنقەرجان ئاكىسى، بۇ بولسا ئىنىسى... ھەر ئىككىلىسى سىلىنىڭ پۇشتىلىرى ئەمەسما!

«يائاللا راست شۇنداقمىدۇ، ئەنقەر پۇل ـ ۋەج، مال ـ دۇنيا كويىدا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندىمۇ؟» ھاجى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەمدى بۇ ئىشنىڭ سۆزلەشكۇدەك، تالاش ـ تارتىش قىلغۇدەك يېرى قالمىغانىدى. رېئال نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ، يۈزىگە چۈمبەل سالغان، جەمئىيەتتىن ئايرىلغان بىر مەزلۇمنىڭ ئەنقەر گۇمان قىلغاندەك يامان ئىشلارنى قىلىپ كېتەلىشى قانداقمۇ قولىدىن كەلسۇن؟!

— ئەتىيازدىن سىلى تۇيۇقسىز يىقىلىپ، دوختۇرخانىغا كىرىپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى دادام دەپ يۈرگەنلەرنىڭمۇ، ئىبرىم دەپ يۈرگەنلەرنىڭمۇ نىيىتى ئاشكارا بولدى. ئەنقەرجان بىلەن ھېلىقى ئارزۇلۇق خانىشلىرى خۇددى سىلى ئاغرىپ قالغاندەك ئەمەس، ئەكسىچە ئۆلۈپ قالغاندەك جىددىيلىشىپ، ئاستىرتىن يوشۇرۇن جەڭگە چۈشتى. ھەر ئىككىلىسى سىلىنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ، سىلىگە ياخشىچاق بولۇپ، ئىشتانبېغىلىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قېلىشتى. سىلىگە خۇشامەت قىلىپ، ئىشتانبېغىلىرىدىكى ئاشۇ ئاچقۇچلارنى تالاشتى ئەمەسمۇ! — ئايخېنىم بۇرنىنى تارتىپ ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى، — دۇنيا ـ دەپىنە دېگەن مانا شۇنداق نەرسە، ھاجىم. ئالدىلىرىدا ئوتتۇز ئىككى چىشىنى چىقىرىپ ئاھ ـ پاھ دېگەنلەر ھامان كەينىلىرىدە پالتا ـ پىچاق كۆتۈرۈشىدۇ. گەپنى ئېچىپ دېسەم، شۇنداق بىر كۈن كېلىپ، ئۆزلىرى پۇت ـ قوللىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتقان كۈنى بۇ ئائىلىدە پۇل ـ بايلىق ۋەسۋەسىسىدىن ئۆلۈم ۋەقەسى چىقىدۇ. ئۇلار ئاق داكا بىلەن سىلىنىڭ ئېكەنلىرىنى تېڭىپ قويۇپ، بىر ـ بىرىگە پالتا ـ پىچاق كۆتۈرۈشىدۇ، گۆر بىر، ئۆلۈك ئىككى بولىدۇ... — ئايخېنىمنىڭ مىشىلداشلىرى ئۇلغىيىپ ھۇ تارتىپ

يىغلاشقا باشلىدى، — شۇڭا سىلىدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، جېنىم ھاجىم، كۆزلىرىنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا بىزنى يامان كۈندىن قۇتۇلدۇرغان بولسىلا، مەن بىلەن بالىلىرىمىنىڭ مىراسىنى ئايرىپ، قانۇنىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ قولۇمغا بىر پارچە خەت ئېلىپ بەرگەن بولسىلا، دېگەن ئۆتۈنۈشۇم بار!

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ سۇرىتى تامغا تارتىلغاندەك قېتىپ قالدى. چىرايى خەسىدەك ئاقىرىپ، جىسمى ئۆرە تۇرسىمۇ ئاللىقاچان جېنى چىقىپ كەتكەندەك، پۇشۇلداپ تىنىشلىرىمۇ يوق، كۆز قارىچۇقىنىڭ لىپىلداشلىرىمۇ يوق ئىدى.

— ھاجىم، ھاجىم! — ئايخېنىم ھاجىمىنىڭ تۇرقىغا قاراپ كۆڭلى ئۆرىدىگەندەك ئورنىدىن تۇردى. تاماق شىرەسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ سىلكىدى، — ھاجىم، ھاجىم!

# ئون ئالتىنچى باب

## 72

خانىش ھەيدىگەن قىزىل پىكاپ ئۆزۈنغا سوزۇلغان سايدا ئۆچۈپ باراتتى. يىراقلاردا كۆز جىمىرلاتقان ئالۇۋۇن، چەكسىز جەزىرە ئىچىدىكى دىڭمىزدەك كۆز قاماشتۇرۇپ، غىلتاڭ قاقاس سايدا ھارغان، چارچىغان يولۇچىلارنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتاتتى. بىراق، يەتكىلى بولماس، تۇتقىلى بولماس ئالۋان قانچە قوغلىغانسېرى شۇنچە يىراقلىشىپ كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرەتتى.

خانىشنىڭ قولى ماشىنىنىڭ رولىدا، كۆزى جىمىرلاپ تۇرغان ئالۇۋۇندا ئىدى. ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان تەگسىز خىياللار ئالۇۋۇندەك داۋالغۇپ تۇراتتى. ئون نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا، روھىي دۇنياسىدا خېلى زور داۋالغۇش يۈز بەردى. قېرىغىنىنى تۇيمىغان ھېلىقى پۇلدار خانىشنى تالاق قىلىمۇەتكەندىن كېيىن، غېمىدە يوق كونا خوتۇنلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى. ھەتتا ھەمىشە تاققا ـ تۇققا سۆزلەپ يۈرىدىغان يادىكار خېنىمغىمۇ ھجىيىپ يۈرگەندەك قىلىدۇ، قېرىغىنىنى تۇيمىغان! تالاق قىلىنغاندىن كېيىن ھۇجرىسىدىن يامانلاپ، يانىدىكى ئۆيگە كۆچۈپ چىققان خانىش گويا ئۇنىڭ ئىپسىدىن چىققاندەكلا... خانىش ئەزەلدىن ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئەركە خوتۇنى بولۇپ، قىلىمەن دېگىنىنى قىلغان، ئائىلىنى ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە چۆرگۈلىتىپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ، يۈرىكى بەكمۇ سىقىلدى. ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا نە مۇنچا،

نه تېلېۋىزور، نه پەرداز ئۈستىلى دېگەندەك زۆرۈر لازىمەتلىكلەر يوق ئىدى. ھاجەتكە چىقىش، يۇيۇنۇش ئۈچۈن بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئورچە تازىلىق ئۆيىگە چۇشۇشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ بىر قېتىم كېچىدە ھاجەتكە چىقىپ، كارىدوردىكى غۇۋا چىراغ نۇرىدا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان جىننى كۆرۈپ، قورقۇپ چىرقىراپ تاشلىدى ھەم چارلاشقان چاچلار، تورلاشقان قورۇقلار ئارىسىدا ھۇۋقۇشتەك قاراپ تۇرغان يادىكار خېنىمنى تونۇپ، ئۆمىلەپ قېچىپ دېگۈدەك ياتقان ئۆيىگە كىرىۋالدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ئاخشاملىرى مۇساپىرنىڭ ياتىقىدەك ئاشۇ قولايسىز ئۆيگە ھەممىدىن بۇرۇن كىرىۋالىدىغان، كېچىچە قارا بېسىپ تۈزۈك ئۇخلىيالمايدىغان، ھاجىتى قىستاپ قالسا، تۇگۇلۇپ ـ تولغىنىپ دېگەندەك تاڭ ئېتىشنى كۈتىدىغان بولدى. ھاجى گويا بۇ ئائىلىدە خانىش ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، بەخىرامان ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرەتتى. ئۇ ھازىر ئاشۇ خوتۇنلىرى بىلەن، باللىرى بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ كۈنلەردە ئەنقەر دادىسىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىۋالغانىدى. ئۇ قايسى چاغدا دادىسىغا تىل سېلىپ يانغانلىقىنى، ئايخېنىم بىلەن بالا تالىشىپ سەتلەشكەنلىرىنى شەرەپ دەپ قالدىمۇ قانداق، ئەمدىلىكتە يەنە دادىسىنىڭ پوكىنىدىن چىقماس بولۇۋالغانىدى. ئەنقەر شىركەتنىڭ بېشىدىن ـ ئاخىرىغىچە، تېشىدىن ـ ئىچىگىچە ھەممىسىنى قولىغا ئېلىپ، تەرتىپكە سېلىش — تۈزەش دولقۇنى پەيدا قىلغان، خانىش مەسئۇل بولغان تارماق، تۈرلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ كونترول قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە خانىش بىلەن ھاجىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە قىزىل تاشلىق توي خېتىدىن باشقا ھېچقانداق مۇناسىۋەت قالمىغانىدى. خانىش تالاق قىلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى ئاشۇ توي خېتىنى كۆتۈرۈپ شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە باردى. ئۇ تالاق قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ توي خېتىنىڭ زادى قايسى دەرىجىدە

كۆچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچىدى.

— ساختىا تويى خېتى؟! — دېدى ئۇ يەردە ئىش بېجىرىۋاتقان خەنزۇ كاتىپ كۆزئەينەك ئاستىدىكى كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، — بۇنى سىزگە كىم بېجىرىپ بەرگەن؟

— نېمە؟! — خانىش توك سوقۇۋەتكەندەك چۆچۈپ تىترەپ كەتتى. نېرىقى ئۇستەلدە ئىشلەۋاتقان، ئىش بېجىرىۋاتقانلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى ئۆزىگە چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، تېزدىن ئۆزىنى ئوڭشاپ، كاتىپنىڭ قولىدىكى ساختىا تويى خېتىنى ئېلىپلا ئىشخانىدىن بۇرۇلۇپ چىقىۋالدى... خانىش پەشتاقلاردىن قانداق چۈشتى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىن قانداق چىقتى، ماشىنىسىنىڭ يېنىغا قانداق كەلدى، بۇنى بىلمىدى. ئۆزىنى ماشىنا ئىچىگە ئاتتى. كۆزلىرىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياش تامچىلىرى ئارىسىدىن مىجىقلانغان قىپقىزىل تويى خېتىگە قارىدى، راست، ئۇنىڭ قولىدا نە بىر تىزىملاش نومۇرى بولمىغان، نە بىر تامغىسى ئېنىق بولمىغان بىر پارچە كونا قەغەز پۇرلىشىپ تۇراتتى!

خانىش ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ ھۇ تارتىپ يىغلاپ كەتتى. قانداق يالغان دۇنيا بۇ؟! قانداق رەزىل دۇنيا بۇ ـ ھە؟! ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، يەنە كېلىپ قانۇن ئوقۇغان بىر قىز نەچچە يىلدىن بۇيان بىر چالا ساۋات ئەرنىڭ ئالدىدا ئالدىنىپ يۈرۈپتۇ! مانا، تويى خېتى بېجىرىپ كەلدىم، ئىشىمىز پۈتتى دەپ، مۇشۇ بىر پارچە قىزىل قەغەزنى كۆرسەتسە، خانىش بەكرەكمۇ قاراپ باقماپتۇ، شۇنچە يىلدىن بېرى ئۇ ئادەم بىلەن قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇن بولدۇم دەپ بۇ نەرسىنى مۇھىم ھۆججەت ـ ئىسپاتلىرى قاتارىدا ساقلاپ يۈرۈپتۇ!

كىشىلەر «جەمئىيەت مەكتىپىدە ئوقۇغانلار ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلارنى ئوقۇتىدۇ»، دېيىشىدىكەن. بۇ يەكۈننى قايسى ئاقىل چىقارغان بولغىيدى؟ راست، ئوقۇغانلار بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئۇ ئىشنى سىياسەت، قانۇن، ئەخلاق پىرىنسىپلىرىغا

سىلىپ، شۇ ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى، سەۋەب، نەتىجە مۇناسىۋىتىنى، ئاقىۋىتىنى دەڭسەپ كۆرۈپ ئاندىن بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ئوقۇمىغانلارچۇ؟ ئوقۇمىغانلار ئىش قىلغاندا قانداق ئوي كەلسە، شۇنداق بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ئىشنىڭ قانۇن، پىرىنسىپ ئاساسى، ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىكەن. قىلغان ئىشى ئوڭغا تارتسا، پېشانەم ئوڭ ئىكەن، ئىشى ئەپلەشمىسە، پېشانەم تەتۈر ئىكەن، دەپ خۇلاسە چىقىرىپ، ئىشنى تۈگىتىدىكەن. جەمئىيەت مەكتىپىدە ئوقۇپ چوڭ بولغانلار يەنە ھېيلىگەر، قۇۋ، قارام كېلىدىكەن. ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرىۋېرىدىكەن. باشقىلارنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى بولمايدىكەن...

خانىش ئەمدى ھەمدۇللا ھاجى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپ بىر ئۆيگە كىرگىنىگە بەش ـ ئالتە يىل بولغان بولسىمۇ، پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىدى. خانىشنىڭ قورساق كۆتۈرۈش، بالا تۇغۇش، بالا بېقىشنى تەس كۆرگەنلىكى، تۇنجى ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتكەنلىكى، تۇغۇتىغا تەدبىر قوللانغانلىقى، كېيىن تۇغۇشنى ئىختىيار قىلغاندا قورساق كۆتۈرمىگەنلىكى بۇنىڭ سەۋەبى ئىدى. ئېھتىمال ئۇ قورساق كۆتۈرگەن بولسا، تۇغۇت كۆرسەتكۈچى ئېلىش ئۈچۈن پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىغا نوپۇس، توي خېتىنى ئېلىپ بارغان بولسا، بۇ ساختا توي خېتى خېلى بۇرۇنلا ئاشكارا بولار ئىكەن. ئالتە يىل دېگەن ئاتمىش كۈن ياكى ئالتە ئاي ئەمەس، شۇنچە يىل داۋامىدا خانىشقا نىسبەتەن بۇ قىزىل قەغەزنى بىرەر قېتىممۇ قولىغا ئېلىپ قاراپ بېقىش ياكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا كۆرسىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلمىغاچقا، ئۇنىڭ ساختىلىقى ئاشكارا بولمىغان، يوشۇرۇنۇپ تۇرىۋەرگەن... خانىشنى ئويغا سالىدىغىنى ھاجىنىڭ باشقا خوتۇنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىدى. ئۇنىڭ زادى قايسى خوتۇنى بىلەن قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى باردۇ؟ يادىكار خېنىم

بىلەمدۇ؟ ئايغىنىم بىلەمدۇ؟ ياكى ئۆلۈپ كەتكەن، تالاق قىلىۋەتكەن باشقا خوتۇنلىرى بىلەمدۇ؟ بۇ ئىشلار ھازىرچە بىر سىر ئىدى.

ھاجىنىڭ تالاق سۆزىدىن كېيىن توي خېتىنىڭ ساختا بولۇپ چىقىشى خانىشقا ئۈستى ــ ئۈستىلەپ زەربە بولدى. ئۇ نىكاھ تۇرمۇشىدا چاك ــ چېكىدىن مەغلۇپ بولدى. خانىش شۇنچە يىلدىن بېرى ئۆز ئاغزىغا قارىتىپ كەلگەن ئاشۇ شەھۋەتخور بوۋايغا ئۇزۇل ــ كېسىل يېڭىلدى. ئەمدى سوتقا ئەرز سۇنىشمۇ ئۆزىگە پايدىلىق ھۆكۈمگە ئېرىشەلىشىگە كۆزى يەتمىدى. خانىشنىڭ مۇزلىغان ئالىقانلىرىدا مىجىلىپ تۇرغان بۇ ساختا توي خېتى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئايالى بار ئادەمگە تېگىۋالغان، خەقنىڭ پۇل ــ بايلىقىنى كۆزلىگەن دېگەن ئىللەتكە دۇچار قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ سوتقا ئەرز سۇنۇشتىنمۇ، بۇ ھەقتە بىراۋغا ئېغىز ئېچىشتىنمۇ يالتايدى. پەرىشانلىق، گاڭگىراش ئىلكىدە تەستە كۈن ئۆتكۈزدى. بۇ كۈنلەردە ئۇنى ۋاي دەيدىغان، ئەتىۋارىنى قىلىدىغان ھاجى ئۇنىڭغا بىراقلا كەينىنى قىلغاندىن كېيىن، بۇ چۇۋالچاق ئائىلىدىكى ھەممە كۆزلەر ئۇنىڭغا سىڭار يان قاراشقا، كۆزگە ئىلماسلىققا يۈزلەندى. خانىش ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا، ھاجىنىڭ مەككارلىقىغا، قۇۋلۇقىغا، ئۆزىنى بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىغا، ئۇ ئادەمگە يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەردى.

ماشىنا ئاستىلىدى. باش ــ ئاخىرىغا كۆز يەتمەس سايدا مەنزىلسىز توختىدى. خانىش ماشىنىدىن چۈشۈپ قاشتاش رامكىلىق رەڭلىك كۆزئەينىكى ئىچىدىن ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئەتراپ قاقاس ساي بولۇپ، يولدىن پات ــ پات ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردە گويا ھاياتلىق مەۋجۇت ئەمەستەك ئادەمنى سۈر باساتتى. خانىش يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قوڭۇر چاچلىرىنى يەلپۈۋاتقان ئىسسىق شامالدا ئىككىلىنىش، ئارىسالدىلىق ئىچىدە سايىنىڭ كۆز يەتكۈسىز چەت ــ

چېتىگە بىر هازا قاراپ تۇردى. سايىنىڭ شىمالىي تەرىپى ئۆزىنى بەختىسىز قىلغان شەھەرگە، جەنۇب تەرىپى ناھىيەگە تۇتىشاتتى. ئۇ بۇگۈن ئاشۇ شەپقەتسىز شەھەردىن چىقىپ نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق سايىنى كېسىپ ئۆتۈپ ناھىيەگە ماڭغانىدى. ئۇ كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق يىل بولغان، تاشلىشىپ كەتكەن ئۇرۇق – تۇغقانلىرىنىڭ، ياتلىشىپ كەتكەن ئۆگەي دادىسىنىڭ ئالدىغا ماڭغانىدى. ئۇ شۇ ماڭغانچە بېرىپ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى باغاشلاپ قانغۇچە يىغلىۋالماقچى، جېدەل – ماجىرا دېسە ئالتە يەردىن بەل باغلاپ قوپىدىغان ئۆگەي دادىسىغا هال ئېيتماقچى...

شۇنداق، خانىش يىغلىماقچى، هال تۆكمەكچى... ئۇنىڭ ئەمدى بۇ رەھىمسىز دۇنيادا ئاشۇ كىشىلەردىن باشقا يېقىنى يوق. هالبۇكى، خانىش ئۆزىنى مەغلۇبىيەت كوچىسىدا ئۇرۇق – تۇغقانلىرى بىلەن ئۇچراشقان هالدا كۆرگەندە، ئۆز – ئۆزىدىن چۆچۈگەندەك بولدى. كۆزئەينىكىنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىنىڭ تەشۋىشلىك كۆزلىرىنى كۆرمەكچى بولغاندەك، نەچچە ئون دەقىقە جىمجىت تۇرغاندىن كېيىن ئەينەكنى يەنە تاقىۋالدى. شۇ ئارىدا ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان قارا رەڭلىك ماشىنىدىكى قارا كۆزئەينەك تاقىۋالغان بىر ئەر ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بوينىنى سوزۇپ كۈچلۈك بىر ئىسقىرتقۇەتكەندىن كېيىن ئۆتۈپ كەتتى. خانىش ئاچچىق بىلەن ھېلىقى ماشىنىنىڭ كەينىدىن قاراپ قويدى... شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ئاياللىق قەلبىگە يوشۇرۇنغان ئالەمچە ئۆي – پىكىرلەر، زىددىيەت، ئىككىلىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ بەرمەك قىيىن ئىدى.

— ياق، ياق ! — خانىش تۇساتتىن ئۆز – ئۆزىگە قاتتىق توۋلاپ كەتتى، — مەن بۇنداق ئاسانلا بىر قاشقا چىقىپ قالسام، بۇنداق ئاسانلا يېڭىلسەم بولمايدۇ. مەن تېخى ئۆلمىدىمغۇ ! مېنىڭ ئەقلىم، مېنىڭ پۇت – قولۇم تېخى ساققۇ ! مېنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان قاش – كۆزلىرىم، ئاشۇ شەھۋەتخورنى مەھلىيا قىلغان گۈزەل رۇخسارىم، ئالتۇن تەنلىرىم تېخى ئامانغۇ ! — ئۇ

بىردىنلا روھلۇق قەدەملەر بىلەن تاقىلداپ مېڭىپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى. لەۋلىرىنى ئېچىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە رولغا ئولتۇردى. ئوتى ئۆچۈرۈلمىگەن ماشىنىنى چاقماق تېزلىكىدە بۇراپ، بايا كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە ياندى.

ماشىنا بۇرۇلۇۋاتقاندا يەنە ئۇنىڭ قاقاھلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى... ساي يولىدا شەھەر تامان ئۇچقان ماشىنا بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. باش ـ ئاخىرى كۆرۈنمەس كۆز يەتكۈسىز سايدا ھايالسىز پەيدا بولغان قۇيۇننىڭ ھۇۋۇلداشلىرىمۇ ياكى ئايال كىشىنىڭ كۈلگەن ئاۋازىمۇ ئىشقىلىپ، بىر خىل ئاۋاز ئەكسلىنەتتى...

## 73

خان كوچىسىدىكى كونا ئۆيلەرنىڭ چېقىلىپ ئۆزگەرتىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مىش ـ مىش خەۋەر ئاخىر راست بولۇپ چىقتى. شەھەر قۇرۇلۇش مەمۇرىيىتى، ئاھالىلەر كومىتېتى، مەھەللە كومىتېتى ئەمدىلىكتە رەسمىي ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ كۆچۈرۈش، چېقىش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. غايەت زور دەرەخ يىلتىزىدەك بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن قەدىمىي كوچىلار بىردىنلا شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولدى. جىددىيچىلىك، ئالاقزەدىلىك ئىچىدە كوچىغا چىقىۋېلىشقان كىشىلەر كۆنىكى بۇزۇلغان ھەرىدەك ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولاتتى. ئەلۋەتتە، ھۆكۈمەتنىڭ كۆچۈرۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى ياخشى ئىدى. يېڭىشەھەر رايونىدىكى يېڭى ئولتۇراق رايونلىرىدا ئالدىن سېلىنغان قەۋەت ـ قەۋەت بىنا ئۆيلەر ئۇلار ئۈچۈن قۇچاق ئېچىپ تۇراتتى. بىراق، كونا ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن بۇ كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلالمايتتى. كونا ئۆيگە، كونا كوچىسىغا قىيالمايتتى. بۇ كىشىلەر ئانىسىنىڭ باغرىدىن زېمىنغا

چۈشكەندە مۈشۈ ئۆيگە، مۈشۈ زېمىنغا دەسسىگەن، مۈشۈ ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلار، مۈشۈ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل كوچىلار ئارقىلىق هاياتلىق دۈنياسىغا قەدەم قويغان، شۈڭا ئۈلار ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن ئاشۈ كونا ئۆيلەرنى مېنىڭ ئۆيۈم، مېنىڭ زېمىنىم دەيتتى. ئاشۈ تار، ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلارنى بىزنىڭ كوچا، بىزنىڭ مەھەللە، دەيتتى. ئاشۈ كونا، قاراڭغۇ، زەي ئۆيلەرگە ئالماشتۈرىدىغان بىنا ئۆيلەر كۆرستىپ بېرىلگەندە، هاۋايى مۈئەللەقتە تۈرغان قەپەسنى ئۆيۈم، زېمىنىم دېگىلى بولامدۈ؟ بىزنىڭ كىندىكىمىز ئاشۈ كونا ئۆيلەردىن، قەدىمىي زېمىنىمىزدىن ئاجراپ كەتمىسە بولاتتى... دېيىشىپ ئىلتىجا قىلاتتى، كۆز يېشى قىلاتتى... شۈنداق ئەمەسمۈ، كونا كوچىلىرى، كونىلىقلىرى بولمىغان شەھەر قانداقمۈ شەھەر بولسۈن؟!

ئايخېنىم بىر ئاي ئىچىدە كۆچۈپ بولۇش توغرىسىدىكى ئۈقتۈرۈشنى تاپشۈرۈۋېلىپ ئالاقزەدىلىك ئىچىدە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ھېلى ئۈيان، ھېلى بۈيان يۈگۈرۈپ بېقىپ، ئاخىر ھەمدۈللا ھاجىنىڭ يان تېلېفون نومۈرىنى باستى. بىراق، تېلېفون تۈرۈۋېلىسىدىن نەچچە ئېغىز خەنزۈچە، ئىنگلىزچە گەپلەر ئاڭلىنىپ، ھاجىدىن سادا كەلمىدى. تېلېفون قايتا بېرىلگەندىمۈ، ئەتىسى بېرىلگەندىمۈ، ئۆگۈنى بېرىلگەندىمۈ، كۈندۈزى بېرىلگەندىمۈ، ئاخشىمى بېرىلگەندىمۈ يەنە شۈ چۈشىنىكسىز گەپلەر تەكرارلىنىپ، زادىلا تېلېفون ئۈلانمىدى. بىر كۈن ئۆتتى، ئۈچ كۈن ئۆتتى، ھەپتە ئۆتتى. ئون كۈن ئۆتتى. بىراق، ھاجىدىن خەۋەر يوق. جاھاننىڭ ئىشلىرى مانا مۈشۈنچىلىك، خان ئوردىسىدەك ياسىداق ئۆيلەر، چار باغدەك گۈل ـ گىياھلىق، ھاۋالىق ھويلا خارابىلىككە ئايلىنىش ئالدىدا تۈراتتى. ئايخېنىم مىشىلداپ يىغلىغىنىچە، ۋالمۇاشچىلىق ئىچىدە ئىشلەۋاتقان مەمۈرلارنى ئىزدەپ تېپىپ، كۆز ياشلىرىنى يامغۈر قىلىپ تۆكتى.

— ھاجى ھەمدۇللا باينىڭ ئايالىمۇ، ئۆزلىرى؟ — دەپ سورىدى كۆچۈرۈش، چىقىش مەمۇرىيىتىدىكى ئەنقەر قۇراملىق بىر ەيلەن كومپيۇتېردىكى سانلىق ئۇچۇرلارنى تەكشۈرگەچ، — سەل توختىسىلا، ھە، سىلىنىڭ ئۆينىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى، ئاندىن كېيىن قانداق قىلسىلا بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرەي... — كادىر كومپيۇتېر ئېكرانىدىكى كونا تاملىقتىكى چۈمۈلىدەك مىغ ـ مىغ سان ـ سىپىرلارنى بىردەم ئۆرۈپ ـ چۆرۈگەندىن كېيىن، ئېكرانغا قادالغان دىققىتىنى ئايخېنىمغا ئاغدۇردى، — مانا قارىسىلا، سىلىنىڭ باي ئەرلىرى ئۆينىڭ چىقىلغىنى ھەم زېمىن ھەققى ئۇچۇن بىراقلا تولۇقلىما ئالىدىغانغا تىزىملىتىپتۇ.

— ئۇنداقتا، بىز قەيەردە ئولتۇرىدىكەنمىز؟

— ئەرزان ئىجارىلىك ئۆيگە ئىلتىماس قىپتىغۇ.

ئايخېنىم كادىرنىڭ ئاغزىغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى ھەم تۇرنۇپرىشنىڭ ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ئويلاپ، كەينىگە ياندى. كۆزلىرىدە بولسا ھامان ياش ئەگىيتتى.

خۇدانىڭ بىر كۇنى شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئارامسىزلىقتىن بېشى ئايلانغان ئايخېنىم ئەتىسى ئۆي تەقسىمات گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ئەگىشىپ ئەرزان ئىجارىلىك ئولتۇراق ئۆي رايونىغا باردى. ئالتىنچى قەۋەتتىكى ئىككى ئېغىزلىق تار ئۆينى كۆرۈپ، پەشتاقلاردىن چىققاندىكى ھاسىراشلىرى ئەۋجگە چىقتى، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى... ھاۋايى مۇئەللەقتىكى بۇ تار كاتەكنىڭ ئىچىدە تامغا يۆلىنىپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ قولىدىكى ئاچقۇچقىمۇ قارىماستىن، خارابىلىككە ئايلىنىۋاتقان خان كوچىسىغا قايتىپ كەلدى. ئايخېنىم تېگىرقاش، نارازىلىق، بىسەرەمجانلىق ئىلكىدە تەلەي سىناش بىلەن بىللە ھاجىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلدى. ھاجى شىركەتنىڭ ئىچكىرىگە يۆتكەيدىغان تېرە، ئۇچەي مەھسۇلاتلىرىغا ئالدىن بازار

ئۇقۇشۇش، سودا ـ ساياھەت ئىشلىرى بىلەن ئىچكىرىگە كەتكەن بولۇپ چىقتى.

كۆنلەر تەشۋىش، ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. دەسلىپىدە بىر باشتىن، بىر ئاياغىدىن دېگەندەك ئاندا ـ ساندا كۆچۈۋاتقان كىشىلەر مانا ئەمدى رەت ـ رېتى بىلەن، توپ ـ توپى بىلەن كۆچۈشۈۋاتاتتى. ئايخېنىم بولسا ئالتىنچى قەۋەتتىكى ئاشۇ ھەم ئېگىز ھەم تار ئۆيگە قانداق كۆچۈپ بېرىشىنى، كۆچمىسە بالىلارنى، خىزمەتكارىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىلمەيتتى. بولۇپمۇ بۇ ئۆيدىكى قاتمۇقات گىلەم، قەدىمىي پاسوندىكى ئۆي سەرەمجانلىرىنى قانداقراق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئازراقمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئايخېنىمنى كۆچۈشكە ھە دەپ ئالدىراتتى. دەسلەپكى ياخشى گەپلەر يامان گەپكە، غەمخورلۇقلار تەھدىتكە ئالماشتى. ئۆينىڭ سۈيى، توكى، گازى توختىتىلدىغانلىقى، ھەتتا ماشىدىغان يولنىڭمۇ بۇزۇۋېتىلىدىغانلىقىدىن بېشارەتلەر بېرىلدى.

— ماڭا يەنە ئىككى ـ ئۈچ كۈن ۋاقىت بېرىشكەن بولسىلا، — دېدى ئايخېنىم يەنە يىغلاپ، — بالىلىرىمنىڭ دادىسىنىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىز گەپ ئاڭلىۋالسام...

— ھاجىمنىڭ مۇددىئاسى ئېنىق تۇرمامدۇ، — دېدى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر، — شۇڭا ئۇ ئادەم ئەرزان ئىجارىلىك ئۆيگە ئىلتىماس قىلغان.

— مەن ھاجىمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن گەپ ئاڭلىۋالاي دەيمەن، ئۇ ئادەم ئۆز ئاغزى بىلەن مېنى قەبرىستانلىققا كۆچ دېسىمۇ، مەن رازى.

خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر كەينىگە ياندى. يۇم ـ يۇم ياش تۆكۈۋاتقان بىر مەزلۇمنى ھەر ھالدا كۆچمىدىڭ دەپ ھويلىدىن قوغلاپ چىقارغىلى بولمايدۇ ـ دە !

ئايخېنىم كۆڭلىدە: «مۇشۇنداق قىلىپ يەنە بىر ـ ئىككى

ھەيتىنى ئۆتكۈزسەم، ھاجىم كەلسە...» دەپ ئويلىدى. بىراق، ھاجىم كەلمىدى، ئۇنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئۇتتۇرا تىپتىكى بىر يۈك ماشىنىسى بىلەن ئالاھىدە تەشكىللەنگەن كۆچۈرۈش ئەترىتى كەلدى. ئۇلار نىمانچە چاققان، ماشىنىغا ئاۋۋال ساندۇق ـ ئىشكاپلار، تېلېۋىزور، ئوچاقلار، ئاخىرىدا گىلەم، شىرداقلار، يوتقان ـ كۆرپىلەر، ئۇششاق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بېسىلدى. ئۇلار مۇشۇ بويىچە ئىككى يول ماڭسىلا پۈتۈن ئۆيلەر، ھويلا ـ ئارانى قۇرۇقداپ بولغىلى بولىدىكەن.

ئايخېنىم ئالتۇنەم بىلەن باللارنى ھويلىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا چىقتى. بۇ چاغدا كۆچۈرۈش ئەترىتى ماشىنىغا بايراقلارنى قاداپ، قاياقتىندۇر يېتىپ كەلگەن ئىككى ناغرا ـ سۇنايچىنى كوزۇپتىكى يۈكنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇلگۇردى.

ماشىنا ناغرا ـ سۇناي ساداسى ئىچىدە بايراقلىرىنى لەپىلدىتىپ، خان كوچىسىدىن چىقىپ كەلدى. ئايخېنىمنىڭ كۆز ياشلىرى تېخىمۇ ئۇلغايدى ھەم يېنىدىكى شوپۇردىن سورىدى:

— شوپۇر ئۇستام، نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ ئۆينىڭ ئىگىسى يىغلاۋاتسا سىلەر ناغرا ـ سۇناي چالساڭلار...

— ياخشى سىياسەتنى، ياخشى تۇرمۇشنى مەدھىيەلەۋاتىمىز، خېنىم ئاچا. ئۇلار خۇشاللىقتىن يىغلاۋاتىدۇ ـ دە! ئاخشاملىرى تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانلا، كەچلىك خەۋەردىمۇ بىنا ئۆيلەرگە كۆچۈرۈلۈۋاتقان نۇرغۇن ئادەمنىڭ خۇشاللىقتىن يىغلىشىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنىۋاتىدىغۇ!

ئايخېنىم ئاغزىنى تۇتۇپ قالدى. شوپۇرنىڭ دېگىنىدەك، كەچلىك خەۋەردە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقتىن يىغلاپ كەتكەنلىكى سۆزلەنگەنىدى.

ماشىنا نەچچە ئون مۇخبىرلارنىڭ قورشاۋىدىن ئۆتۈپ چوڭ

كوچىغا چىقتى. دوقمۇشلاردىن بۇرۇلۇپ يېڭى ئولتۇراق رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. شۇ يوسۇندا ئون ـ ئون بەش مىنۇت ماڭغاندىن كېيىن ئايخېنىمنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— شوپۇر ئۇستام، ماشىنىنى ئوڭغا بۇرىسىلا !

— نېمىشقا؟ — شوپۇر ماشىنىنى ئاستىلىتىپ سوئال نەزىرىدە ئايخېنىمغا قارىدى. ئايخېنىم يول بويىدىكى گۈل ـ گىياھلار ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان قورۇنى كۆرسەتتى.

— ئەنە ئاۋۇ باغ ـ ئاراملىق ھويلىغا !

— بىزنىڭ باشلىق ئۇنداق دېمىگەنغۇ ! — شوپۇر ماشىنىنى ئاستىلىتىپ ئايخېنىمغا قارىدى، — ئەرزان ئىجارىلىك ئولتۇراق ئۆي رايونىغا دېگەن.

— بالىلىرىمنىڭ دادىسى مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ، مەن بىر قىسىم ئۆي جابدۇقلىرى، گىلەملەرنى بۇ ئۆيدە قالدۇرۇپ قويىمىسام، ئۇ بىنادىكى كاتەكتەك ئۆيگە پاتمايدۇ.

— قانداق گەپ بولۇپ كەتتى، بۇ؟ — شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ كوزۇپىتكىلەرگە بىر نېمىلەرنى دېدى، كوزۇپىتكىلەر بىركىملەرگە يانفوندا گەپ قىلىپ قارشى تەرەپ بىلەن بىر پىكىرگە كەلگەندەك قىلدى. شوپۇر ماشىنىنى ئوڭغا بۇراپ، ئاشۇ كاتتا قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدى. كوزۇپىتكىلەر ئۆي جابدۇقلىرىنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى.

ئايخېنىم ماشىنىنىڭ يېنىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بايىقى يىغىدىن ئەسەر يوق، چىرايىنى قەتئىيلىك ئالامەتلىرى ئىگىلىگەنىدى. ئويلىمىغانلا ئىش، ئەرزان ئىجارىلىك ئولتۇراق ئۆي رايونىغا ماڭغان ئايخېنىم بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا توساتتىن قارارىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ كاتتا باغ ـ ئارام ھەمدۇللا ھاجىنىڭ — ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ دادىسىنىڭ يېڭى جەننىتى ئىدى !

ئەۋۋەلنىڭ ئەۋۋىلىدە خان كوچىسىدىكى خانىنىڭ ھەرىمىدە ھۆسن ـ جامالى كامالەتكە يەتكەن ناھايىتى گۈزەل بىر كىچىك خانىشى بولغانىمىش. كىچىك خانىش خاننى ئۆنىڭ باشقا خانىش ـ توقاللىرىدىن قىزغىنىپ تولا جەڭگى ـ جېدەل قىلىپ، خاننىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغانىمىش. ۋاھالەنكى، خان ھامان ياش، گۈزەل كىچىك خانىشىنىڭ ھۆسنىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، ئۇنىڭغا تەسلىم بولغانىمىش...

پەردازخانىدىن ئەمدىلا چىققان خانىش قىزلىق چاغلىرىغا قايتىپ قالغاندەك مەمنۇن بولدى. ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى كىچىك ئاسما ئەينەككە يەنە بىر قېتىم قاراپ بېقىپ، ھەم يۇمران، ھەم سىلىقلىشىپ قالغان يۈز تېرىسىگە رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئويلايتتى، پەقەت مۇشۇنداق يۇمران، سۈزۈك، پارقىراق تېرە بولغاندىلا ھېلىقى قېرى شەھۋەتخورنى مەھلىيا قىلغىلى بولاتتى

خانىش ھېلىقى كۈنى تەڭ يولدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ياشاش مىزانىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتتى. توي خېتىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئاشكارا قىلماسلىق، ئۆزىنىڭ تالاق قىلىنغانلىقىنى كىشىگە تىنماسلىق، ۋاپاسىز ئەر ئۈچۈن كۆز يېشىنى زايە قىلماسلىق، رەھىمسىز شىرغا قايتا يېقىنلىشىش، ئۇنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ ئاۋۋال دۈمبىسىگە، ئاندىن بويىنىغا مىنىۋېلىش، ئاخىرىدا ئۇ مەخلۇقنى تەلتۆكۈس ئەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ سەنىمىگە ئۇسسۇل ئويناتتىش... ئۇنىڭ قارارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئەسلىدىكى مەغرۇرلۇقى، سالاپىتى ئەسلىگە كەلدى. ھاجى سەپەرگە ماڭغان ھامان ھېلىقى تار، قولايسىز ئۆيدىن ئەسلىدىكى قىزىلگۈل بەرگى رەڭگىدىكى ھەشەمەتلىك ھۇجرا ئۆيگە كۆچۈپ چىقىۋالدى. ئايال كىشىنىڭ

يوقلۇقى چىنىپ تۇرغان ھۇجرىنى ئۆز قولى بىلەن تۇزەپ، خىرۇستال لوڭقىلارغا يېڭى گۈل ـ غۇنچىلارنى چىلىدى. پەردە، كارىۋات ياپقۇچلارنى ئالماشتۇرۇپ خۇش پۇراق ئەتىرلەرنى چېچىپ، ھاجى سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ھامان مەستىخۇش بولغۇدەك، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغۇدەك ھالغا كەلتۈردى. شۇنداق، خانىش كۆز ياشلىرىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەستىن، ياش ھاياتىنى مەغلۇبىيەت كوچىسىغا ئىتتىرىۋاتقان تەقدىرنىڭ ياقىسىغا ئېسىلماقچى، تەقدىرنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولۇشتىن كۆرە، تەقدىرنى ئۆزگەرتىشكە تەييارلاندى. ئېھتىمال پۇل ـ بايلىقنىڭ قۇدرىتىدە گويا تەڭداشسىز شىردەك ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، غالىبلارچە روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ھەمدۇللا ھاجى ئەمدى خانىشقا پىسەنت قىلماسلىقى مۇمكىن. بىراق، بۇ دۇنيادا ياش، گۈزەل، نازىنىن ئاياللارغا ئەل بولمىغان ئەركەك نەدە بار؟! خانىش راسا قىزىرىپ پىشقان بۆلجۈرگەندەك قىپقىزىل لەۋلىرىدە پىسسىڭىدە بىرنى كۈلۈپ قويۇپ، بىخەتەرلىك تاسمىسىنى تاقىدى ـ دە، ماشىنىنى قوزغىدى. ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىن چىقىپ، چوڭ كوچىدىكى قوڭغۇزدەك مىغ ـ مىغ ماشىنا ئېقىمىغا قوشۇلدى. ئۇ ھەيدىگەن قىزىل رەڭلىك پىكاپ كوچىدىكى ماشىنا ئېقىمى ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. بۇ كۈنلەردە شەھەر كوچىلىرىدا خانىشقا ئوخشاش كۆزگە رەڭلىك كۆز ئەينەكنى تاقىۋېلىپ ماشىنا ھەيدەيدىغان ئاياللار خېلى ئاۋۇپ قالغان، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ماشىنىسىنىڭ رەڭگى مۇشۇنداق ئوچۇق رەڭدە ئىدى.

خانىش ماشىنىسىنىڭ ياڭراتقۇسىدىن چىقىۋاتقان يېنىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە چارباغلىق قورۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ يەردە بايراقلارنى لەپىلدىتىپ تۇرغان يوڭ ماشىنىسى دەرۋازىنى توسۇۋالغان بولۇپ، بىرنەچچەيلەن ماشىنىدىن كونا ئۆي سەرەمجانلىرىنى چۈشۈرۈۋاتاتتى. خانىش پىكاپىنى بىر چەتتە

توختىتىپ يۈك ماشىنىسىنىڭ يېنىغا باردى :
— نېمە گەپ ئىكەن، بۇ؟
ئىشلەۋاتقانلار ئاۋۋال خانىشقا، ئاندىن بىر - بىرىگە قارىشىپ مۈرىسىنى چىقىرىشىپ قويۇشتى ھەم ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ ئەھۋالغا قاراپ خانىشنىڭ گۈلدەك چىرايى قارا بولۇتتەك تۇتۇلدى.
— نېمە ئىشلىقىنى كۆرمەيۋاتامىلا، خان؟ — ماشىنىنىڭ دالدىسىدىن ئايخېنىم چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ تور رومىلى بوينىغا چۈشۈپ قالغان، ئىسسىقتا چېكىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. خانىشنىڭ قارا بولۇتقا ئايلانغان چىرايى ئەمدى بوزىرىپ، پەردازلار ئاستىدىكى چېھرىنىڭ تاتارغانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى:
— مۈشۈ باغ - ئارامغا كۆچۈپ كېلىۋاتامىلا، سىلى؟
— ھەئە !
— كىمدىن سوراپ؟
— نېمە كارىلىرى؟ — ئايخېنىمنىڭ سۈتتەك ئاپپاق چىرايى قەتئىي تۇس ئالغان، ئاۋازى ماشىنىنىڭ سىگنالىدەك كۈچلۈك ئىدى.
— ۋىيەي، نېمە كارىلىرى دەيدا، جاھاننىڭ ئىگىسى بار، جۇما !
— شۇنداقما، جاھاننىڭ ئىگىسىنى بىلمەي قالغان ئوخشىمامىلا؟
— ئىگىسىنى بىلەلمەي كېلىپ قالغاندەك تۇرىلا !
— نېمە دەۋاتىلا، خان؟ — ئايخېنىم خانىشقا ھازىرلا چاڭگال سالىدىغاندەك ھۆرپەيدى، — مەن ئەمدى ئىگىسىنى ئوبدان بىلدۈرۈپ قويىمەن سىلىگە، ھازىر مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشماي مەندىن نېرى تۇرسىلا جۇما !
ئىككى ئايال ئەلپازى بۇزۇلغانچە بىر - بىرىگە گەپ ئېتىشىۋاتقاندا، ئايخېنىمنىڭ بوۋاقلىرىنى كۆتۈرگەن خىزمەتكار

ئالتۇنەم، ئالتۇنەمنىڭ كەينىدە ئەلسەنەم پەيدا بولدى. ئۇلارنى كۆرۈپ خانىشنىڭ كەيپى تېخىمۇ بۇزۇلدى:

— ۋىيەي، پۈتۈن بىر بازارنىڭ ئادىمىدەك قاتارى كۆچۈپ كېلىشكىنىنى... بۇ قورۇنى كونا بازارنىڭ دېڭىمىكىن دەپ قالمىغانلا، خېنىم؟

— قايسى خان ئاچىلىرىدىن سوراۋاتىلا، ئۇ گەپنى؟ — ئايخېنىم ئىككى قولىنى بىقىنىغا تىرەپ خانىشنىڭ كۆزىگە يانىڭ ئوقىدەك قادالدى، — ئۆزلىرى مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ دادىسىنى بۇزۇپ تېگىۋالدىغان چاغدا، بۇ كاتتا قورۇ - جاينى بىرنەچچە ئاخشام قونالغۇ قىلىدىغان مېھمان كۈتۈشمىكىن دەپ قالغانما؟ سىلىنىڭ قانداق خوتۇن ئىكەنلىكلىرىنى مېنى بىلمەيدۇ دەپ قالمىسىلا جۇما، خان! — ئايخېنىم سۆزىدىن توختاپ بىردەم تىنىۋالدى. ئۇ خان كوچىسىدىكى ئاشۇ پىنھان ھويلىدا قارا چۈمبەلنىڭ ئاستىدا ياشىغان بىلەن بوشالىڭ ئايالاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ كونا كوچىدىكى مەزلۇملار ئىچىدە داۋاملىشىۋاتقان تۈگىمەس باردى - كەلدىلەردە ئېرىنىڭ بۇ نايىنىقى توغرىسىدا قۇلىقى توشۇپ تېشىپ كەتكۈدەك سۆز - چۆچەك ئاڭلىغانىدى. ھەتتا خىزمەتكارلار ئىچىدىن كۆز - قۇلاق قويۇش ئارقىلىق ھاجى بىلەن بۇ سەتەڭ خوتۇنىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىزچىل يىرىكلىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھازىر تالاق قىلىنىپ ھاجىنىڭ نىكاھىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدى. شۇڭا، ئايخېنىمنىڭ خانىشنى قىلچىمۇ پوش دېگۈسى يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ قانداق ئايال زاتىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈندىشىغا بوي ئەگكۈسى كېلىدۇ؟!

كۈنداشلارنىڭ بىرسىنىڭ قولىدا چۈمبەل، بىرسىنىڭ قولىدا كۆز ئەينەك... كۆزلەر بىر - بىرىگە قادالغان، چىشلار بىر - بىرىگە غۇچۇرلىغان، تىرناقلار بىر - بىرىگە تىكلەنگەن ھالدا خىرقىرىشىش، تىللىشىش باشلانغاندا، ئەنقەرنىڭ پارقىراپ

تۇرغان قارا رەڭلىك پىكاپىي چوڭ كوچىدىن ئەگىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدىلا توختىدى. ئەنقەر ماشىنىدىن چۈشۈپ كەينى ئىشىكنىي ئېچىپ ئانىسى يادىكار خېنىمنى يۆلەشتۇرۇپ دېڭگۈدەك پەسكە چۈشۈردى. بۇ ئارىلىقتا يەنە كوچىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر، قولۇم ـ قوشنىلار بولۇپ يەتتە ـ سەككىز ئادەم بۇ يەرگە يىغىلدى.

ئەنقەر دەرۋازا ئالدىغا دۆۋىلىنىپ كەتكەن كونا ئۆي سەرەمجانلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئاندىن ئايخېنىم بىلەن خانىشنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، دەرھال ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. دادىسىنىڭ بۇ ھەسەتخور خوتۇنلىرىنىڭ سورۇن تاللىمايلا مۇشۇ يەردە، چوڭ كوچا بويىدا ئويۇن قويۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە بەكمۇ نومۇسلۇق ھېس قىلدى ھەم ئاچچىق بىلەن سورىدى:

— ئىككىلىرى بۇ دەرۋازا ئالدىدا؟...

— قايىلىسىلا، ئەنقەرجان غوجام، ماۋۇ خانىش ئاتلىق...

— بولدى، بولدى! — ئەنقەر زەردە بىلەن تۈۋلىدى، ئايخېنىمنىڭ ئاغزىنى جىملىدى، — دادام سىلىنى بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلسۇن دېمىگەنغۇ؟

— ھوي، مۇنداق دېمىسىلە، غوجام! — ئايخېنىم ئەمدى خانىشنى تاشلاپ ئەنقەرگە ھۇرپەيدى، — دادىلىرى كەلسۇن دېمىسە، مەن ئاۋۇ ئۈچ بالىنى ئەگەشتۇرۇپ ھېيتگاھنىڭ پەشتىقىدا ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلسام بولامتى؟ مەنمۇچا غوجام، ئا دادىلىرىنىڭ نىكاھىدىكى ئادەم، چۈغۇندەكتەك بالىنى تېپىپ قويۇپ كوچىغا چىقىرىپ قويغىلى بولمايدۇ، ئەمدى!

ئەنقەر ئىش بۇ ھالغا يەتكەندە ئايخېنىمغا گەپ ئاڭلاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەگەر بۇ ئايال بىلەن گەپتە تەڭ تۇرىمەن دېسە، يەڭگىلىرەك بولغاندا يامان گەپ ئاڭلاپ يۈزىنى تۆكۈۋېلىشى، ئېغىرراق بولغاندا قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ ئالدىغا سۆرىشىپ بېرىپ، دادىسىنى سوتقا تارتىپ چىقىشقا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئايخېنىمغا بولغان پوزىتسىيەسىنى

ئۆزگەرتىپ، ئىككى ئايالغا تەڭلا قارىتىپ دېدى:
— مېڭىشىسىلا، نېمە گەپ بولسا ئۆيگە كىرىپ چىرايلىق دېيىشەيلى. ھەرقايسىلىرى نومۇس قىلىشنى بىلمىگەن بىلەن، مەن نومۇس قىلىپ كېتىۋاتىمەن، شۇ تاپتا!
ئەنقەر ئانىسىنى يۆلەشتۈرۈپ، قالايمىقان تاشلانغان ئۆي سەرەمجانلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتتى ـ دە، بىنا تەرەپكە ماڭدى. ئۇ دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بۇگۈن ئانىسىنى قەرەللىك تەكشۈرتۈش ئۈچۈن روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارغان بولۇپ، تەكشۈرۈشتىن كېيىن دورا ئېلىپ ئۇدۇل قايتىشى ئىدى.
— داداڭنىڭ خوتۇنلىرىغا نېمە بوپتۇ، بالام؟ ئۇۋىسى بۇزۇلغان جان ـ جانىۋاردەك دەرۋازا ئالدىدا چۇۋۇلۇپ تۇرىدىغۇ بۇلار؟
يادىكار خېنىمنىڭ كاناي چالغاندەك ۋارقىراپ تۇرۇپ سورىغان سوئالى ئەنقەرنى دۇدۇقلىتىپ قويدى. ئۇ ئانىسىغا دادىسى ھەققىدە، دادىسىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشى ھەققىدە سۆز ئېچىشنى خالىمايتتى. ئەگەر بۇ ئىشلارنى، بۇ زىددىيەتلەرنى تىلغا ئالسا، ئانىسىنىڭ نېرۋىسى يەنە چېچىلىپ، كېسىلى قوزغىلىپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇڭا، گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى:
— دوختۇر ئۆزلىرىنى تاماق تاللىمىسۇن، ياخشىراق ئوزۇقلانسۇن دەيدۇ، ئانا.
— پايدىسى يوق، بالام، ئۇ خوتۇنلار بەرىبىر داداڭنى ماڭا قايلاتمايدۇ!
— ئوبدان ئانا، — ئەنقەر كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك بىر ئاھاڭدا دېدى، — ئۇنداق گەپلەرنى دەپ نېمىمۇ قىلارلا؟ مانا يانلىرىدا مەن بارغۇ، بىز بىر ئوبدان تۇرۇۋاتىمىزغۇ.
— شۇ داداڭنى دەيمەن.
— جانلىرىنى ئۇپراتمىسىلا، ئانا...
ئەنقەر ئانىسىنى ھۇجرىغا ئەكىرىپ، ئۆز قولىچە دورىسىنى

ئىچۇرگەندىن كېيىن خىزمەتكار ئىساخانغا تاپشۇردى. ئۇ ئەمدى بايىقى جېدەلنى بېسىقتۇرۇشى كېرەك ئىدى.

## 75

سەرسان كۆڭۈللەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئانا ـ بالا ئەمدى بۇ چارباغلىق كاتتا قورۇدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، يا خۇشال بولالماي، يا خاپا بولالماي بىر پەس قارىشىپ قالدى.

— مۇشۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانمىدىڭ، بالام؟ — ئالتۇنەم ئوغلىنى كۆرۈپ، ئۇنى باغرىغا باسالمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئايخېنىمنىڭ بىر جۈپ بوۋىقى ئەلىيار بىلەن ئەلىنىگار بار ئىدى. ئوبدان بېقىش تېپىپ، پاقالاندەك ئەتلەنگەن باللار ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن ئالتۇنەمنىڭ قەددىنى ئېگىپ تۇراتتى. خىزمەتكارلار بىلەن ئايخېنىمنىڭ ئۆي سەرەمجانلىرىنى قورۇ ئىچىگە توشۇۋاتقان ئەلىياسمۇ ئانىسىنى بۇ يەردە كۆرۈپ دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي قالدى. ئۇلار يات ئادەملەرنىڭ ئالدىدا بىر ـ بىرىگە بولغان سېغىنىشىنى باسالماي، ئاھ، ئانام، جان بالام، دېيىشىپ كەتسە قانداق بولاركىن؟ ئېھتىمال ئۇلار بۇنداق بولۇشنى خالاپ كەتمەس، بىۋاستە قانداشلىقى بار ياكى مۇناسىۋىتى بەك يېقىن ئىككى كىشىنىڭ بىر ئائىلىگە سىغدىلىپ كىرىشىنى توغرا تاپماس. ھازىر بىر ـ بىرىدىن ئېسىل كىيىنىۋالغان بۇ ئاياللار ئىزا، نومۇس دېگەننى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ بىر ـ بىرىگە تىل سېلىشىۋاتىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، ئائىلىۋى ئۈستۈنلۈك ماجىراسى. بۇنداق چاغدا ئانام، بالام دەپ ئوتتۇرىغا چىقىش ئەخمەقنىڭ ئىشى بولار.

ئانا بىلەن ئوغۇل شۇنداق بىر ھالدا يەرنىڭ تېگىدىن قارىشىپ تۇرغاندا، بۇ يەرگە توپلىشىۋالغان ئادەملەر ئارىسىدا ئەنقەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ئىككىلىرى ھازىرغىچە پەيلىرىدىن يانماپتىلىغۇ؟ —

ئۇ ئايخېنىم بىلەن خانىشنىڭ يېنىغا كېلىپ بۇيرۇق قىلغاندەك ئەلپازدا دېدى، — قېنى مېڭىشسىلا، دادامنىڭ قورۇسى كەڭرى!

ئەنقەر ئايالالارنى قورۇغا كىرگۈزۈۋېتىپ، كىملەرگىدۇر تېلېفون ئالدى. ئون مىنۇتقا قالماي بۇ يەرگە بەش ـ ئالتە ئىشلەمچى يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئەنقەرنىڭ باشچىلىقىدا نەرسە ـ كېرەكلەرنى قورۇ ئىچىگە توشۇپ، بۇلۇڭدىكى بوش ماشىنا ئىسكىلاتىغا بېسىشقا باشلىدى.

بوۋاقلارنى كۆتۈرۈۋالغان ئالتۇنەم ئايخېنىمغا ئەگەشكىنىچە گۈللەرنىڭ ئارىسىدىكى گۈلدار خىش بېسىلغان يولدىن ئۆتۈپ، سۇت رەڭ كاھىشلىق بىناغا كىرىپ كەتتى. ئىلياس بولسا ئەنقەرلەرنىڭ كەينىدىن چىقىپ يۈرۈپ، ئايخېنىمنىڭ ئۆي سەرەمجانلىرىنى توشۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قولى ئىشتا، كۆزى بولسا گۈللەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھاجىنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئانىسىدا ئىدى.

ئىلياس شۇ تاپتا يا خۇشال بولالماي، يا خاپا بولالماي، ئۆزى ھېس قىلالايدىغان، ئەمما دېيەلمەيدىغان بىر خىل تەئەججۈپلۈك ئىچىدە قالغانىدى. شۇنداق، ئۇ ئانىسىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى، بىراق يۈرىكىدىن مېھىر ـ مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشىپ تۇرغان ئاشۇ ئايالالارنىڭ ئالدىدا ئانىسىنى ئانام دېيەلمىدى. ئوغۇل ئانىسىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى، بىراق ئانىسىنىڭ داۋاملىق يوقسۇللۇق، موھتاجلىق ئىلكىدە بايلارنىڭ ئىشىكىدە تەمتىرەپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ يەنىلا خۇشال بولالمىدى. ئۆز ئەركى بويىچە ياشاش ھوقۇقى بىلەن بۇ دۇنياغا كەلگەن ئادەم نېمىشقا ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك ئورنىنى تاپالمايدۇ؟ بۇ دۇنيادا بىر ئادەم نېمە ئۈچۈن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا قاراپ قالىدۇ؟ بۇنىڭغا كىم سەۋەبچى؟! ئوغۇل مۇشۇلارنى ئويلاپ خۇشال بولالمىغانىدى. ئۇ بىلدى، بايلار ھەرقانچە باي، مەرد، سېخىي بولغان بىلەن يەنىلا كۆزى كىچىك كېلىدىكەن. بايلار سودىسى يۈرۈشۈپ، تاپاۋىتى زىيادە بولغاندا، كۆلكىسى

ئىچىگە پاتماي قالغان بىلەن، كىچىككىنە زىيان بولغاندا ئىچىنى ھەرە چاققاندەك تولغىنىپ ھېلى قىزىرىپ، ھېلى تاتىرىپ بىر قىسما بولۇپ كېتىدىكەن. كەمبەغەلگە زىيان بولسا يەنە خۇدايىم بېرىدۇ، دەپ تۈگىتىدىكەن، بايغا زىيان بولسا، يۈرىكىنى ئۇۋۇلايدىكەن. ئىلياس يەنە شۇنى بىلدى، باينىڭ سەدىقىسىگىمۇ مەقسەت يوشۇرۇنغان بولىدىكەن. دىۋانىگە ئون تىيىن چاغلىق سەدىقە بەرگەن باي، سەدىقىسى بىلەن قوشۇپ گۇناھىمنى ساتتىم، دەپ ھېسابلايدىكەن. كىشىگە ئاش بەرگەن باي ھەرگىزمۇ بۇ ئاش ــ تاماقنى يەپ قورسىقىڭىزنى ئوبدان تويدۇرۇڭ جۇمۇ، دېمەيدۇ. بەلكى ماۋۇ ئاشنى يەپ، ئاۋۇ ئىشنى ئوبدان قىل جۇمۇ، دەيدۇ. دېمەك، باينىڭ ساخاۋىتى مىننەتلىك ھەم مەقسەتلىك بولىدۇ. ئىلياس ئۆزىگە ئاتىدارچىلىق قىلغان ھاجىنىڭ چارباغلىق قورۇسىغا، گۈللەر ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەشەمەتلىك، ياسىداق بىناسىغا ئالدىرىماي قاراپ قويدى. ئۇ ئەمدى ئانىسىنىڭ بۇ يەردە ئېزىلىشىنى، ئۆزگىلەردىن ئاشقان ــ تاشقاننى يەپ كۈن ئۆتكۈزۈشىنى كۆرۈپ يۈرەمدىكىن؟ !

— ھەي ئىلياس، ئۇكام، بۈگۈن نېمانچە ئېزىلەڭگۈلۈك قىلىسەن؟ — ئەنقەر توساتتىن ئۇنىڭغا توۋلاپ كەتتى.

ئەنقەر نەچچە ئايدىن بېرى شۇنداق تۇرگۇن، خاپا يۈرەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ ناچار، قاش ــ قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. ئىلياس باشقىلاردىن ئەنقەرنىڭ بالىسى يوقاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بالا دەردىدە، ئانا دەردىدە سارالڭ بولاي دەپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

ئەنقەر بىلەن ئىلياسنىڭ بۇرۇنقىدەك ئىچىلىپ ــ يېيىلىپ پاراڭلىشىپ باقمىغىنىغا بىرقانچە ئاي بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئىلياس ئانچە خۇشال ئەمەس ئىدى. پەقەت ھاجىلا: ھە، بالام، ئىلياس، ئانى قىل، مانى قىلىۋېتە، كېلە، بالام، ماشىنىنى ھەيدە، بىر يەرگە بارىمىز دەپ يۈرگەچكە، ئۆزىنى توختىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمدى بولسا ئانىسى...

## 76

ئايخېنىم ھېچكىمنى پوش دېمەستىن بالىلىرى، خىزمەتكار ئالتۇنەم بىلەن بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى ئىچكىرى - تاشقىرى ھۇجرىلارنىڭ بىرسىگە ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ تۇنۇگۇنكى ھەسرەتلىرى، يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلاشلىرى بۈگۈن يوق، سۈتتەك ئاپپاق ئۆڭىدە ئويناپ تۇرغان يامان كۆزلىرىدە بىر خىل قەتئىيلىك، ئىشەنچ نۇرى پارلاپ تۇراتتى. ھاجىنىڭ ئىچكىرىدىكى سودىسى ئوڭ كەلمىدىمۇ ياكى سودىسىنى پۈتكۈزۈپ ئويۇن - تاماشىسى قىزىپ كەتتىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ ئادەم تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى... بىر ھېسابتا ئالدىرىماي كەلسىمۇ ياخشى، دەپ ئويلىدى ئايخېنىم كۆڭلىدە، ئاڭغىچە ئۆزۈمنى سەل توختىتىۋالسام، بۇ يېڭى خانىدانىنى، خانىدانىدىكىلەرنى، بولۇپمۇ ھاجىنىڭ ئاۋۇ نايىنىقىنىڭ خۇي - پەيلىنى ئېلىپ، كۆڭلۈمدە گەپ تەييارلىۋالسام تېخى ياخشى. ئەمدى ھەممىمىز بىر ھەرە كۆنىكىگە سىغدالدۇق. بارا - بارا ئارىدىكى پەردىشەپ كۆتۈرۈلۈپ، گەپ ئاۋۇيدۇ. زىددىيەت، ئاداۋەت ئاشكارىلىنىدۇ. شۇڭا، مەندە يېتەرلىك تەييارلىق بولۇشى كېرەك. بولسا ئاۋۇ چۇۋۇق چاچ نايناق بىلەن يادىكار خېنىم دېگەن ساراڭنى زىددىيەتكە سېلىپ، بىراقلا...

ئايخېنىمنىڭ بىسوراق كۆچۈپ كېلىۋېلىشى خانىش ئۈچۈن بەكمۇ ئەلەم بولدى. ئۇ نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ ئائىلىدە ھەمدۇللا ھاجىنىمۇ ئۆز ئاغزىغا قارىتىپ، ھەممە ئىشنى ئۆز خاھىشى بويىچە قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە ھاجى بىلەن ئارىسىغا ئاداۋەت چۈشۈپ تالاق قىلىنغاندا، ھەتتا توي خېتىمۇ ساختا بولۇپ چىققاندا بۇ خوتۇننىڭ لاقا - لۇقىلىرىنى كۆتۈرۈپ كۆچۈپ كەلگىنى نېمىسى؟! ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدا يادىكار خېنىمنىڭ قورۇدا پەيدا بولۇشىدىن

باشقا مۇشۇ خوتۇننىڭ قۇتراتقۇلۇقى بار ئىدى. مۇشۇ خوتۇن تۈگىمەس ھىيلە ـ مىكىرلىرى ئارقىلىق ھاجىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرمىغان بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشى بۇ ھالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى. خانىش ئايخېنىمنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، ئۇنى ھاجىنىڭ ھۇجرىسىغا كۆچۈپ كىرىۋېلىشتىنمۇ يانمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. شۇڭا، نەچچە كۈندىن بېرى سىرتقىمۇ چىقماستىن ھۇجرىدا كۈن ئۆتكۈزدى. ھەتتا خىزمەتكارلارنىمۇ ھۇجرىغا كىرگۈزمەي، پازىلىق، كىر ـ قات يۇيۇش ئىشلىرىنىمۇ ئۆزى قىلدى. ئايخېنىمنى ئۆزگە قەست قىلىپ بىر نەرسە قىلىۋېتىدىغاندەك سەزگۈرلۈكى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. ئۇ كۈنبويى خىيال قىلاتتى. كۈنبويى ھۇجرىدىن چىقمىغاچقا، ھەرىكەت قىلمىغاچقا كېچىسى ياخشى ئۇخلىيالماي، چۈش كۆرۈپ چىقاتتى. كۆزى سەل ئۇيقۇغا ئىلىنسىلا، ئۇنىڭ بېشىدا ئاۋۋال ئايخېنىم، ئاندىن يادىكار خېنىم زاھىر بولاتتى. ئىككى خوتۇن خانىش ياتقان ھەشەمەتلىك كارىۋاتنى تالىشىپ ئۇنىڭ گېلىنى بوغاتتى، كارىۋاتنىڭ تېگى ـ تېگىگە نىقتايتتى. خانىش ۋارقىراي، ئادەم چاقىراي دېسە ئۈنى چىقمايتتى. قاچاي دېسە پۇتلىرى كالانپايلىشىپ قاچالمايتتى...

— خېرىدارى يوق شوخلىدەك ئېزىلىپ يېتىپتىمىزغۇ، جۇمباق؟!

خانىش چۆچۈپ كارىۋاتتىن ئۆرە بولدى. ئايخېنىمنىڭ مۇشۇكتەك شەپىسىز كىرىپ كېلىشى ئۇنى بەكمۇ چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ ئاچچىق بىلەن قاپىقىنى سۈزۈپ، ئاۋۋال ئاخشامدا روباشكا بىلەن يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان ئايخېنىمغا ئاچچىق قىلدى:

— بازار ئىزدەپ كىرگەن ئوخشىمامدۇق، ئاي ئاچا؟ — ئۇ ئايخېنىمنىڭ ئويما ياقىلىق سۈت رەڭ روباشكىسى ئىچىدە چالا ـ بۇلا كۆرۈنۈپ تۇرغان يوغان كۆكسىگە قاراپ قويدى، — ھازىر سولىشىپ بوشاپ قالغان بېشەكشىرىنگە خېرىدار يوق، جۇما!

— چالا پىشقان توڭ سويىملارنىڭ خېرىدارى ئىتتىك ئوخشىمامدۇ؟ ! — ئايخېنىم بىرئاز ئۆڭدى.
— بۇنىڭغا گەپ كېتەمدۇ ! — دېدى خانىش بىنەپشە رەڭ يىپەك ئىچ كىيىم ئىچىدە لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسىنى ئويناتقاندەك قىلىپ، — بازارغا قاراپ باقسىلا، توڭ سويىمنى دورىلىقمۇ تاپالمايلا، لېكىن سولىشىپ قالغان بېشەكشىرىن ساماندەك...
— ئاغزى بېزەپ !
— ئادەم تىللىمىسىلا بولامدىكىن !
— تىللىماي، ئەمىسە...
— ئاۋۋال كارىۋاتنى بىكارلىساڭ بولارمىكىن؟
— ئاندىنچۇ؟
— ئېرىمنى؟
— يەنىچۇ؟
— ئۆينى !
— ھى- ھى - ھى - ھا - ھا...
ئىككى ئايال ھە دەپ گەپ ئېيتىشىۋاتقاندا، بىرسىنىڭ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار گەپ تالىشىشتىن توختاپ تەڭلا كەينىگە بۇرالدى. ئىشىكتە يادىكار خېنىمنىڭ قورۇقلار چىرمىۋالغان جۇدەڭگۈ چىرايى كۆرۈندى.
يادىكار خېنىمنىڭ چېھرىدە ئاۋۇ ئىككى كۈندىشىنىڭكىدەك قار - مۇز بولۇپ قېتىپ تۇرغان كۈنداشلىق، ھەسەت ئوتلىرى يوق، سۆز - ھەرىكىتىگە ھېچبىر مەقسەت يوشۇرۇنمىغاندەك كىرىپ كەلدى ھەم دېرىزە تەرەپتىكى ئوتتۇرىغا يۆمىلاق ئۈستەل قويۇلغان ئورۇندۇقنىڭ بىرسىگە ئولتۇردى. ئايخېنىم بىلەن خانىش تالاش - تارتىشتىن توختاپ، ئۇنى نېمە دەيدىكىن دېگەن ئويدا جىممىدە بولۇشتى. يادىكار خېنىم يەنە شۇنداق كۈلگىنىچە ئېغىز ئاچتى :
— مەن ئىككىلىرىگە بىر گەپ ئېيتىپ بېرەي، ئاڭلاشسىلا.

ئىككى ئايال بىر - بىرىگە قاراپ قويۇپ تەڭلا يادىكار خېنىمنىڭ ئاغزىغا قارىدى. يادىكار خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ گېپىنى باشلىدى.

— بۇرۇن ئالتە شەھەرلىك بىر باي ئۆتكەنىكەن، باينىڭ ئۈچ خوتۇنى بولغانىكەن، ئۈچ خوتۇن بىر - بىرىگە كۈنداش ئىكەن، ئۈچ خوتۇن باينى بىر - بىرىدىن قىزغىنىدىكەن... ئىككىلىرى نېمە تالىشىۋاتىدىلىكىن، خانلىرىم؟

— ھېچ... ھېچنېمە، — ئىككى ئايال دۇدۇقلىغىنىچە يەنە بىر - بىرىگە قاراشتى، — ھېچنېمە تالاشمىدۇق.

— تالاشتىڭلار، — دېدى يادىكار خېنىم قېرىلىق يەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، — ئىككىڭلار ھېچقاچان ئۆلۈشۈپ ئالغىلى بولماس كۆڭۈلنى تالاشتىڭلار. سىلەر تالاشقان كۆڭۈل ئەسلىدە ماڭا — مەن يادىكار خېنىمغا تەئەللۇق ئىدى. بىراق، ئۇ كۆڭۈلنى خېلى بۇرۇن ئايخېنىمنىڭ مۇشۇكى ئوغرىلىۋالدى... كېيىن ئۇنى خانىش ئاتلىق ئاسلانچاق چىشلەپ قاچتى، ھالا بۇگۇنگە كەلگەندە ئىككى مەزلۇم شۇ نېسىۋىنىڭ كويىدا چاچ يۇڭداشماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟

— ئۇ خوتۇن كېسىلى تۇتۇپ قالسا قىپقىزىل ساراڭنىڭ ئۆزى بولىدىكەن. ئۇلۇ ۋاقتىدا ئادەمنى ھەيران قالغۇرغۇدەك گەپ قىلىدىكەن دېسە، توۋا... — دېدى خانىش ئۇنىڭ گەپلىرىگە ھەيران بولۇپ.

— شۇنى دېسە، — ئايخېنىم دەرھال خانىشنىڭ تەرىپىنى ئالدى، — ھېلىقى ساناتورىيەدىكى ساراڭلارنى چۈشىنىكسىز، ئېگىز - پەس سۆزلەيدۇ، دېيىشىدىكەن بولمىسا.

— شۇنى دېسە. ئۇ يەردىكى ساراڭلار ئۆزىنىڭ ساراڭلىقىنى تۇيماي قالغان بۇ يەردىكى ساراڭلارغا كۈلىدۇ. نېمىشقا دەمدىلا، بۇ يەردىكى ساراڭلار قاراپ تۇرۇپ كىشىنىڭ ئېرىگە تېگىۋالغان، كىشىنىڭ ئېرىنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالغان، كىشىنىڭ ئېرىنى كىشىدىن كۈنلىگەن، كىشىنىڭ ئېرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ ئەر

بولغانغا بەزدۇرگەن... هوي بۇ جاهاندا كىشىنىڭ ئىرىدىن باشقا ئەر يوقمۇ؟!

— يەنە سۆزلەپ قالدى، — خانىش كارىۋاتتىن پەسكە چۈشۈپ ئىشىككە بويۇنداپ قارىدى، — هەي، قايسىڭلار بار؟ ئاۋۇ خوتۇننى ئاچىقىپ دورىسىنى ئىچۈرۈپ قويۇڭلار، هېلى بىكار كېسىلى تۇتۇپ قالسا شەھەرنى خاراب قىلىدۇ!

— دورىنى بۇ ساراڭلارغا يېدۈرەيلى! — يادىكار خېنىم توساتتىن ئورنىدىن تۇردى. بېشىدىن روملىنى ئېلىپ ئاقارغان چاچلىرىنى چۇۋۇدى. بوغۇلغاندەك قاتتىق چىرقىراپ ئىككى ئايالغا قاراپ ئېتىلدى.

— ئاپا! — قورقۇپ كەتكەن خانىش ئۆزىنى هۇجرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۆيگە ئاتتى - دە، ئالمان - تالمان ئۆينىڭ ئىچىدىن تاقىۋالدى. ئايخېنىم بولسا روباشكىسىنىڭ ئايغىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى تاشقىرىغا ئاتتى هەم يېرىم يېپىقلىق تۇرغان ئىشىكنىڭ قانىتىغا پۈتلىشىپ بوسۇغا تۈۋىگە يىقىلدى.

ۋارقىرىغان، چىرقىرىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ باشقا هۇجرىدىكىلەر، پەستىكىلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. هايت - هۇيت دېگۈچە چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، كىيىملىرى يىرتىلىپ قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرىپ قالغان يادىكار خېنىم هاجىنىڭ هۇجرىسىدىكى ئەينەكلەر، خىرۇستاللارنى چېقىپ، ئىشكاپلارنى ئۆرۈپ، پەردىلەرنى يىرتىپ، پۈتۈن ئۆي ئىچىنى ۋەيران قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن، چىشلىرى كىرىشكەن، يۈزلىرى تارتىشقان بولۇپ، هېچكىمنى تونۇمايتتى، هېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەيتتى، ئەلپازى ناهايىتى يامان ئىدى.

خىزمەتكارلار، ئاياللار هەرقانچە قىلسىمۇ يادىكار خېنىمغا يېقىن كېلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنقەردىن ئۈمىد كۈتۈپ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىشتى. ئانىسىنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەنقەر شەھەر ئاسمىنىدا ئۇچتىمۇ ياكى يەردىن ئۈندىمۇ، ئىشقىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە بۇ يەردە پەيدا

بولدى:

— ئانا، جېنىم ئانا ! — ئۇ خۇدىنى يوقاتقان، ئەسەبىيلەشكەن يادىكار خېنىمنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاپ تىزلاندى، — نېمىشقا بۇنچە خاپا بولۇپ قالدىلا، جېنىم ئانا، نېمە گەپ بولسا ماڭا دېسىله !

— كى... كىم سەن، ئەزرائىلمۇسەن؟ — يادىكار خېنىم چۇۋۇق چاچلىرى ئارىسىدىن ئەنقەرگە چەكچىيىپ قارىدى.

— ياق، جېنىم ئانا، مەن، ئەزرائىل ئەمەس، مەن ئەنقەر، — ئەنقەر تارام - تارام كۆز ياشلىرى ئارىسىدىن ئانىسىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. ئانىسىنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالسا ئەنە شۇنداق ئەسەبىيلىشىپ ھېچكىمنى تونۇماس بولۇپ قالاتتى.

— ئەنقەر؟... ئەنقەر دېگەن كىم؟ سەن نېمىگە يىغلايسەن؟ ئەزرائىلمۇ يىغلامدۇ؟ يىغلايدىغان ئادەم سەن ئەمەس، مانا مەن!

— ئۇنداق دېمىسىله، جېنىم ئانا، مەن ئەنقەر، مەن سىلىنىڭ ئوغۇللىرى.

— سەن كىم ئىدىڭ؟ تولا مېنىڭ جېنىمغا كىرىشىۋالماي، داداڭنى چاقىر، ئۇنىڭغا ئىسسىقتۇ قىلىمەن !

— دادام بۇ يەردە ئەمەس، ئانا...

— بۇ يەردە بولماي، نەگە كېتىپتۇ، ماڭ چاقىرغىن، قېچىپ كەتكەن يەردىن كەلسۇن !

— راست، دادام تېخى كەلمىدى، ئانا. ئۇ سودا ئىشى بىلەن يىراق شەھەرلەرگە كەتتى...

ئەنقەر چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئانىسىغا ئاستا يېقىنلاشتى. ئەڭ ياخشى گەپلەرنى قىلدى. بىر ئامالالار بىلەن ئالداپ - سىلاپ تىنچلاندۇرۇش دورىسىنى ئىچۈردى.

كېچە سائەت ئون ئىككىدىن ئۆتتى. يادىكار خېنىم ئاستا - ئاستا تىنچلاندى. ئەنقەر ئىلياس ۋە خىزمەتكارلارنىڭ ياردىمىدە ئۇنى يۆلەپ پەسكە ئېلىپ چۈشتى. ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كارىۋىتىغا ياتقۇزدى.

# ئون يەتتىنچى باب

## 77

بۇ شەھەر، بۇ يۇرتتا بۇ ئادەمنىڭ ياخشى ئاتىقى قالمىغاندى. بۇ ئادەمنىڭ ياخشى ئاتىقى قالماسلىقى ئۇنىڭ خوتۇنپەرەس، شەھۋەتخورلۇقتا بىرلىگەنلىكىدىن، ھەممىشە قوشنا ـ قولۇم، دوست ـ بۇرادەر، ھەتتا پۈتۈن شەھەرنىڭ كۆزىچە ياش، چىرايلىق ئاياللارنى قوغلىشىپ يۈرگەنلىكىدىن ئىدى.

بۇ ئادەم ــــ ھەمدۇللا ھاجى سەپەردىن كېچىكىپ قايتىپ كەلدى. تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپى گۈل بەرگلىرى توزۇپ تۇرغان چارباغلىق كاتتا قورۇدا يەڭگىلىگىنە توختىدى. پىكاپتىن ئاۋۋال ئىلياس چۈشۈپ ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن ھاجى چۈشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنقەر چۈشتى.

سۈت رەڭ كاھىشلىق ھەشەمەتلىك بىنانىڭ ھۇجرىلىرىدا، كارىدورلىرىدا، پەشتاقلىرىدا تاقىلدىغان، چۈگۈلداشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ھەمدۇللا ھاجىنىڭ سىيماسىنى كۆرگەن ئاغىچىلار بىر ـ بىرىدىن يول تالىشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ئالدىرىدى. ئاغىچىلار قىزغىن ھەم قىزغىنىش ھېسسىياتى بىلەن شاپاشلاپ قەدىناس ئېرىنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە، كۆيۈشلۈك دىدارىغا قاراپ ئېتىلماقتا ئىدى.

ھاجى ئاغىچا ـ خوتۇنلىرى بىلەن بىنانىڭ ئىشىكىدە دوقۇرۇشتى. كۆز ئالدىدىكى تاسادىپىيلىقتىن چۆچۈپ، ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان چىرايى سەل ئۆزگەردى. كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنىڭ چۈشى ياكى ئوڭى ئىكەنلىكىنى

ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك يېنىك سىلكىندى. قارىماققا مۇلايىم كۆرۈنىدىغان قوي كۆزلىرىنى چوڭراق ئاچتى. دەرۋەقە ھاجى چۈش كۆرمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇرۇنقى، كېيىنكى، ھازىرقى ئاغىچا - خوتۇنلىرى يادىكار خېنىم، ئايخېنىم، خانىشلار ئۆزىگە قۇچاق ئېچىپ تۇراتتى. ئاياللارنىڭ كۆزلىرىدىن، ھەربىكىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇلار ھاجىنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىۋاتاتتى... شۇ دەقىقىلەردە ھاجىنىڭ كۆڭلىدىكى شەھۋەت ئوتلىرىنى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىزا كەلكۈنى باستۇرۇپ كەلدى. مۆتىۋەرلەرگە خاس چىرايى بىر قىزىرىپ، بىر ئۆڭۈپ ئىككى قەدەم كەينىدە تۇرغان ئەنقەرگە بۇرالدى - دە، زەردە بىلەن:

— نېمە گەپ بۇ، ئەنقەرجان؟! — دەپ سورىدى. بۇ ئەھۋالدا نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغان ئەنقەر ھە دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىگىلى تۇرغاندا، ئايخېنىم توساتتىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ھاجىنىڭ ئايىغىغا تاشلاندى:

— بۇ سوئالنى ئەنقەرجاندىن ئەمەس، مەندىن سورىسىلا، جېنىم ھاجىم! — ئۇ پولدىكى پاياندار ئۈستىدە ئۆمىلىگىنىچە كېلىپ ھاجىنىڭ ئايىغىغا ئېسىلماقچى بولدى. ھاجى كەينىگە داجىپ ئۆزىنى بىر چەتكە تارتتى ھەم ئاچچىق بىلەن توۋلىدى:

— بولدى، بولدى! ئادەم ھېرىپ - چارچاپ، ئۆلگۈدەك بولۇپ كەتكەن ۋاقىتتا كىچىك بالىدەك باش ئاغرىقى پەيدا قىلىپ... — ھاجى ئايخېنىمنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يۇقىرى قەۋەتكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن يادىكارنىڭ ئىپادىسى باشقىچە بولۇشى كېرەك. خانىش چۆچۈپ كەتتى ھەم ھاجىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىپ بىر چەتكە ئۆتۈشتى.

ھاجى ساپ يۇڭ گىلەمدىن پاياندار سېلىنغان پەشتاقلاردىن يۇقىرى ئۆرلەۋاتقاندا، شىپىلدىغان ئاۋازلار بىلەن تەڭ يادىكار خېنىم ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كەلدى:

— مەندىنغۇ رەنجىپ قالمىغانسىلە، جېنىم قەدىناس؟

هاجى يېنىغا بۇرىلىپ، يادىكار خېنىمنىڭ قارىچۇقلىرى سەل تارتىشقان روھسىز كۆزلىرىگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك بىر تەرزدە قاراپ، دېدى.

— ياق، رەنجىمىدىم، — ھاجى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىزدىگەندەك قوشۇپ قويدى، — ھازىر قانداقراق تۇرىسىلە؟

— بەك بەلەن، — دېدى يادىكار خېنىم بىر خىل قەدىناسلارچە ئاھاڭدا.

— ئۇيقۇڭلا قانداقراق؟

— نەدىكى ئۇيقۇ؟ — دېدى يادىكار خېنىم تۇيۇقسىز چالۋاقاپ، — ئالۋاستىلار كېچىچە بېشىمدا چۆرگۈلەپ گېلىمدىن بوغۇپ ئۇخلاتمايدۇ!

— ھە، ئالۋاستى؟! — ھاجى جىددىيلەشكەندەك، ئالدى ـ كەينىگە قارىدى، — بۇ يېڭى بىنا — يېڭى ئۆيدە ئالۋاستى نېمە قىلسۇن؟!

— كۆرمىدىڭلىمۇ ھەمدۇللاخۇن، بوسۇغاڭلاردا ئۆمىلەپ يۈرگەن، پۈتلىشىپ يۈرگەن ئاشۇ چېچى چۇۋۇقلار ئالۋاستى ئەمەسمۇ!

يادىكار خېنىم يەنە ئۇڭ ـ تەتۈر سۆزلەشكە باشلىدى. ھاجىغا يېپىشىپ، ھۇجرىسىغا كىرىشتىن توسۇۋاتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا ئۇرۇندى:

— ئالۋاستى بار، ئالۋاستى... كەينىڭلىگە يېنىڭلار!

— يەنە كېسىلى تۇتتىمۇ، بۇنىڭ... — ھاجى تۆۋەنكى قەۋەتكە قاراپ توۋلىدى:

— ھوي، قايسىڭلار بار؟

ھاجىنىڭ چامادان، سومكىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان ئەنقەر، ئىلياس، ئارقىدىن خىزمەتكار نىساخان ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى. پاياندازغا ئۆزىنى تاشلاپ چاچلىرىنى يۇلۇشقا باشلىغان يادىكار خېنىمنى بىر ئامالالار بىلەن تىنچلاندۇرۇپ، تۆۋەنكى

قەۋەتكە ئېلىپ چۈشۈشتى.

ھاجى ئادەتتىن تاشقىرى پاكىز، رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان قىزىلگۈل بەرگى رەڭگىدىكى ھۇجرىسىغا كىرىپ كۆڭلى بىر ئاز تىنچلاندى. قول سومكىسىنى تومپۇچكا ئۇستىگە قويۇپ، راھەتلىنىپ بىر يۇيۇنۇۋېلىشنى ئويلاۋاتقاندا، خانىش بىلىنەر ـ بىلىنمەس نازلانغانچە كىرىپ كەلدى. ياش، گۈزەل خوتۇننى كۆرگەن ھاجىنىڭ ۋۇجۇدىغا توسقۇنسىز بىر شېرىن ئىستەك يامرىدى، بىراق بۇ ئىستەك ھايالسىز پەسكويغا چۈشۈپ ۋۇجۇدى، بەدەنلىرى تىكەنلەشكەندەك بولدى. ھاجى بۇرۇنقى ئەركىلىكى، نايناقلىقى يوقالغان، كۆلۈمسىرىگەندەك قىلىسمۇ، قورۇنغان ھالدا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا قاراپ تۇرغان ياش ئايالغا لاپپىدە قاراپ قويدى ـ يۇ، يەنە ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولۇپ، مۇنچىغا كىردى. ھاجى ئەينەكتىكى تولغان ئەپتىگە قاراپ پىچىرلىدى: ئەمدى بۇ خوتۇنغا يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ. بۇ خوتۇن مېنىڭ نىكاھىمدا ئەمەس، بۇ تالاق قىلىنغان خوتۇن... ھاجى ئانچە ئۆسۈشكە ئۈلگۈرمىگەن ساقىلىغا ماغزاپ سۈردى، ئاندىن ساقال ئالغۇچىنى قولىغا ئالدى. بۈگۈن بۇ ئادەم يەنە ئويلىمىغان زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلگەنىدى.

كەچلىك تاماق كۆڭۈلسىز يېيىلدى. تاماقخانىغا ھاجى، خانىش، ئەنقەر ئۈچەيلەن چىققان، تاماقتا چىقمىغانلارنىڭ ھۇجرىسىغا خىزمەتكارلارنىڭ تاماق ئەكىرىپ بەرگەنلىكى مەلۇم بولدى. ئەنقەر ئانىسىنىڭ روھىي كەيپىياتىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىگە قايتمىغانىدى. ئۇ يەنە دادىسىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنمۇ قايتىشقا ئالدىرىمىغانىدى. ھازىر دادىسىنىڭ تۇرمۇشى قالايمىقانلىشىپ باش ئاغرىقى كۆپەيگەن، بىرەر يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا، كەچلىك تاماقنى دادىسى بىلەن بىللە يېيىشىپ، بىردەم بولسىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتاتتى.

تاماقتىن كېيىن ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بىنادىن چۈشۈپ

گۈللۈكتىكى شىپاڭغا كەلدى. ئۇلار قوشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئارىسىدا خېلى ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇردى. ھاجى ئۆي مەسىلىسىدە ئازراق مەنپەئەتنى دەپ خاتالىققا يول قويغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئايخېنىمنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ كۆدە ـ كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپلا بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىشۋالغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئايخېنىم ھاجىغا ۋاي سىلى، ئۆزلىرى دەپ تۇرغاندەك قىلغان بىلەن، بوشاڭ ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ، چىراغلار ياندۇرۇلدى. ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بىر ھازا جىمجىت ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ھاجى ئوغلىدىن شىركەتنىڭ نۆۋەتتىكى تىجارەت ئەھۋالىنى سورىدى. ئەنقەر شىركەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۆتكەن ئايدىكى پايدا ـ زىيان مەلۇماتىنى قىسقىچە دوكلات قىلدى. ھاجى مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى... سائەت ئىسترېلكىسى توققۇزدىن چارەك ئۆتكەندە، ئەنقەر قول سومكىسىنى قولتۇققىغا قىسىپ، دادىسى بىلەن خوشلاشتى.

— يانامسەن، بالام؟

— خوش، ئەتە ئەتىگەندە كېلەي. سىلىمۇ بالدۇراق يېتىپ ئارام ئالسىلا، دادا...

ھاجى ئوغلى بىلەن خوشلىشىپ، ئاسما چىراغلار يورۇپ تۇرۇۋاتقان ھويلىدىن بىناغا قەدەم ئالدى. پاياندازلارنى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلەپ، بىرسى بويىنىدىن باغلاپ سۆرىگەندەك ئېغىر تۇيغۇدا ھۇجرىسىغا كىردى. كىردى ـ يۇ، ھۇجرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالدى. دەرپەردىلىرى تولۇق چۈشۈرۈلگەن قىزىلگۈل بەرگى رەڭ ھۇجرىدا ھېلىھەم قىزىلگۈل ئەتىرى پۇراپ تۇرغان، خانىش تولغان بىر جۈپ كۆكسىنى ياپالماي قالغان سۈت رەڭ روباشكىسى ئىچىدە چاچلىرىنى ياستۇققا يېيىپ مامۇق چۈشەكلەر ئىچىدە ياتاتتى. ئۇ ھاجىنى كۆرۈپ يېرىم ئوچۇق تۇرغان يوتقاننى يۇقىرىغا تارتىپ، كۆكسىنى ياپتى ھەم ناز بىلەن

هاجىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. ھاجى نەچچە سېكۇنت جىممىدە تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، كۆڭۈل تىزگىنىنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان شەيتان ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە تىرىشتى:

— ھازىر ئارىمىزدا نىكاھ يوق، سەن تالاق قىلىنغان خوتۇن ئىكەنلىكىڭنى بىلىشىڭ كېرەك! — ئۇ خانىشقا قارىماستىن، بۇيرۇق ئاھاڭىدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ياندىكى ئۆيگە چىقىپ يات!

خانىش ھاجىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەستىن جىممىدە يېتىۋالدى. ھاجى بولسا شەيتان ۋەسۋەسىدە بىئارام ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۆزىنى بېسىپ، سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى:

— مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، خانىش! سەن بىر مۇسۇلماننىڭ قىزى!

— بىز نىكاھنى يېڭىلايلى، ھاجىم... — خانىش تۇساتتىن سۈتكە سالغان ھەسەلدەك ئېرىدى، — مەن كۆپ ئويلاندىم، مەندىن ئۆتۈپتۇ....

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ قاشلىرى يىمىرىلىپ، كۆز ئالدىدىكى نازىنىنغا تىكىلدى. شۇ تاپتا خانىشنىڭ كۆز ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلۈپ، روباشكا ئىچىدىن ماراپ تۇرغان ئاپپاق كۆكسىنى ھۆل قىلماقتا ئىدى. نەچچە ئون كۈننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ پوزىتسىيەسى تاشتەك قاتتىق تۇراتتى. ھە دېگەندە ھاجىنىڭ زىتىغا تېگىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا مىنىمەن، دەيتتى. ئەمدى مۇشۇنداق بوشاپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە، خانىشنىڭ بۇ ئاخشام تولۇق ئىدىيەۋى تەييارلىقى بار ئىدى. ئۇ توي خېتى ساختا بولۇپ چىققاندىن كېيىنلا يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە شۇمشىيىپ كەتكەنىدى، ئەمدى ھاجى بىلەن تەڭ تۇرىمەن، قانۇننىڭ ئالدىدا دېيىشىمەن دېسە، ئۆزىنىڭ پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىنى، زىيان تارتىشىنى پەملىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە

هازىر بۇ ئۆيدە ئەر بىر، خوتۇن ئۇچ. بىر ـ بىرىگە كۈنداش بولۇپ تۇرغان ئۈچ ئايال بۇ ئائىلىدىكى مەۋجۇتلۇقنى ساقلايمەن دەيدىكەن، چوقۇم ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشى كېرەك. شۇڭا، بۇ ئائىلىدىكى ئورنىنى ساقلاش ئۈچۈن، بۇ ئائىلىنى ئالقىنىغا ئېلىش ئۈچۈن ۋاستىسىنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلگەنىدى. ھاجى ھەيران بولۇپ ھاڭۋېقىپ تۇرغاندا، خانىش لىككىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇن سىلىپ يىغلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. قۇچىقىنى ئېچىپ ھاجىغا بولغان سېغىنىشىنى بىلدۈردى.

ــــ راستىلا مېنى ئەپۇ قىلسىلا، ھۆرمەتلىك ھاجىم، مەن سىلىنىڭ قەدىرلىرىنى بىلمەپتىمەن.

ھاجى غودۇرىغاندەك قىلدى. ئېنىقسىز بىر ئاۋازدا خانىشنى رەت قىلىپ كەينىگە داجىدى. بىراق، خانىش ئۇنى قىستاپ كەلدى.

ــــ ئۆزۈڭنى بېسىۋال، مەندىن يىراقراق تۇر.

ھاجى خانىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك دېرىزە ئالدىغا كېلىپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. پەردىنى قايرىپ كۆپتەك قاپقاراڭغۇ ئالەم بوشلۇقىغا كۆز تاشلىدى. كېيىن يانفونىنى قولىغا ئالدى ـ دە، كىمدۇر بىرسىگە تېلېفون قىلىپ، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۆيگە كېلىشىنى تاپىلىدى. ئاندىن نەپسى ئىزا تارتقاندەك، خارلانغاندەك تۈگۈلۈپ تۇرغان خانىشقا تولۇق كىيىنىپ بېشىغا ياغلىق چىگىۋېلىشنى بۇيرۇدى.

يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ ھاجىنىڭ يانفونى سايرىدى. كىرېسلودا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان ھاجى بىنادىن پەسكە چۈشتى ـ دە، ھايال ئۆتمەي مولla سۇپەت بىر مېھماننى باشلاپ چىقتى. مېھمان ئۇزۇن ئاق يەكتەك كىيىپ، بېشىغا سەللە ئورىغان ئۆچكە ساقال كىشى بولۇپ، ھۇجرىنىڭ يېنىدىكى مېھمانخانا

ئۆيدىكى ئەتلەس كۆرپىگە يۆكۈندى.

ھاجى موللىغا ئۆز قولىچە داستىخان سېلىپ، چاي قۇيغاندىن كېيىن، كىچىك خوتۇننى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا تالاق قىلغانلىقى، ئەمدى يارىشىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ مەسلىھەت ۋە ئەقىل سورىدى. موللا داستىخاندىكى قۇرۇق مېۋىلەرگە بىرەر قۇر ئېغىز تەگكەندىن كېيىن، تالاق قىلىنغان خوتۇننىڭ قايتا نىكاھقا ھاراملىقىنى سۆزلىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاجى گەدىنىنى قاشلىدى. كۆزلىرىدىكى تەقەززالىقنى يوشۇرالماي، بۇ ئىشقا بىر پەتىۋا چىقىرىپ نىكاھنى يېڭىلاپ قويۇشنى ئۆتۈندى ھەم پورتمالدىن تاراقلاپ تۇرغان يۈز يۈەنلىك پۇلدىن ئۈچنى چىقىرىپ موللىنىڭ ئالدىغا قويدى.

موللا بىر - ئىككى ئېغىز تۈزۈت قىلغاندىن كېيىن پۇلنى ئېلىپ قويۇن يانچۇقىغا سالدى ھەم تۇساتتىن ئەقلىگە كەلگەندەك بولۇپ پەتىۋا سۇردى. موللا دېدىكى، ھاجىنىڭ كىچىك خوتۇننى ھازىرنىڭ ئۆزىدە تۇغرىدىن - تۇغرا ھاجىغا نىكاھ قىلىپ قويۇش راۋا ئەمەس ئىكەن. ئۇنى راۋا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھاجىغا بوگۈن ئاخشام باشقا بىر مەزلۇمنى نىكاھلاپ قويۇپ، بىر كېچە ئۆتكەندىن كېيىن بۇ مەزلۇمنى تالاق قىلىۋېتىپ، ئاندىن كىچىك خوتۇننى نىكاھلاپ قويسا دۇرۇس بولار ئىمىش... ھاجىنىڭ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈردى ھەم موللىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى...

شۇ كېچىسى موللا يادىكار خېنىمنى ھاجىغا نىكاھلاپ قويدى. ھاجى موللىغا بۇ خوتۇنى بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان نىكاھ يوقلۇقىنى ئېيتقانىدى. نېرۇسى تازا جايىدا بولمىغان يادىكار خېنىم چۈمبەلنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ بۇ ئىشلارنى راست دەپ چۈشىنىپ قالدى ھەم نىكاھنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئەتىسى يادىكار خېنىمنىڭ قۇلىقى ھاجىنىڭ ئاغزىدىن تالاق سۆزىنى ئىشىتتى. ھېلىقى موللىنىڭ يەنە قاراڭغۇدا كېلىپ

خانىش دېگەن چۇۋۇق چاچ خوتۇننى ھاجىغا نىكاھلاپ قويغىنىنى بىلىپ قالدى.

## 78

ئۇ بىر بەختسىز ئايال ئىدى. ئۇ تۇزۇپ كەتكەن ئاپپاق ئۆرۈك چېچەكلىرىدەك ناتىۋان چېغىدىلا بەختى تۇزۇغان ئايال ئىدى. ئۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە شەھەرگە كىردى. جان بېقىش كويىدا كىشىلەر ئىشىكىدە يۈرۈپ، ھېلىقى شەپقەتلىك بايغا دوقۇرۇشۇپ قېلىشنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى...

ئالتۇنەم كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇ دوقۇرۇشۇپ قالغان ئادەم باشقا بىرسى ئەمەس، دەل ھېلىقى ساختىپەز ھەمدۇللا مەخسۇم ئىدى.

تووۋا، بۇ جاھان نېمىدېگەن تار، بۇ شەھەر نېمىدېگەن كىچىك ھە ! ئالتۇنەم دەسلەپىدە ھېلىقى ئادەمنى خاتا تونۇپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئۇنىڭ ئاشۇ مەخسۇم ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمىدى. بىراق، ئادەم ئۆز ـ ئۆزىنى ئالدىسىمۇ، ئۆز ـ ئۆزىنى بەزلىسىمۇ، بۇ يامان كۆز بىر كۆرگەننى بەربىر تونۇيدىكەن. بۇ تۇيغۇن يۈرەك ئۆزىگە ئازار بەرگۈچىدىن ھامان ئەنسىزلىنىدىكەن. ئالتۇنەم بىر جۈپ كۆزىدىن باشقا يېرىنى چۈمكەپ تۇرغان قارا ياغلىقنىڭ ئىچىدىن ھېلىقى ئادەمنى ئىككىنچى رەت كۆرگەندە، ھەمدۇللا ھاجى دېگەن بۇ مۆتىۋەرنىڭ ھەمدۇللا مەخسۇم ئىكەنلىكىنى تەلتۆكۈس جەزملەشتۈردى. تووۋا، بۇ ئادەمنىڭ قېرىغاندا يەنە تووۋا قىلماي كونا، يېڭى خوتۇنلىرىنى بىر ئائىلىگە يىغىپ تاماشا چىقىرىپ يۈرگىنى قانداق قىلىق ئەمدى؟! يەنە مەنچۇ؟ مەن قانداق بولۇپ بۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم؟ مېنىڭ كۆرىدىغان كۈنۈم، بېشىمغا كەلگەن تەقدىرىم مۇشۇمۇ؟ ئاۋۇ ئىلياسچۇ؟ مېنىڭ يۈرەك پارەم ئۇ ئادەمنىڭ قۇيرۇقىدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇ بالىنى بۇ يەرگە كىم

ئەكەلدى؟ بۇ بالا ئاشۇ بىۋاپا ئادەمنىڭ ئۆز دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلەمدىغاندۇ؟ بۇ ئىشلارنى بىر كىم ئۇ بالىغا دەپ قويغاندىمۇ؟ ئۇ ئۆز دادىسىنى تونۇغان بولسا، شۇڭا ۋاي ھاجىم دادام، دەپ شۇ كىشىنىڭ كەينىدە ئاغزىنى تاتلىق ئېتىپ يۈرەمدىغاندۇ؟ ئەگەر بۇ ئىشلار شۇنداق بولۇپ قالسا... ياق، ياق، ئى خۇدا بىزنى نېمىشقا ۋاپاسى يوق ئادەمنىڭ ئالدىدا خارۇزار قىلىدىغانلا؟ بىزنى نېمىشقا چۆرگۈلىتىپ ئەكېلىپ يەنە ئاشۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا موھتاج قىلىدىغانلا؟ مەن بىلىمەن، ئۇ ئادەمگە بالىچاقا، ئۇرۇق - تۇغقان لازىم ئەمەس. ئۇ ئادەمگە پۇل - بايلىق، كاتتا قورۇ - جاي، ئېسىل پىكاپ، ياش، چىرايلىق خوتۇن بولسىلا بولدى. ئۇ ئادەمنىڭ بۇ دۇنيالىقى پەقەت مۇشۇلا...

ئالتۇنەم بىنانىڭ كەينىدىكى گۈللۈكنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپ يىغلىدى. يېنىدىكى بوۋاقلار ھارۋىسىدا ئويناۋاتقان ئىليار قورسىقى ئېچىپمۇ ياكى ئۇيقۇسى كېلىپمۇ، ئىشقىلىپ، ھە دەپ خەقىش قىلاتتى، يىغلايتتى. قەلب يارىسى قايتا شەلۋەرەپ، ئازاب قايىنىمىغا شۇڭغۇغان ئالتۇنەم بالا بېقىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئۆز خاپىچىلىقى بىلەن قالغانىدى... «مەن بۇ ھەسرەت - نادامەت ئۇۋىسىدىن كېتەي، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئىلياسنى ئېلىپ ھازىرلا كېتەي، كىنولاردىكى قەدىمىي خان - پادىشاھلارنىڭ چاربېغىدەك بۇ باي سارىيى سىرتىدىن قارىسا كۆلكە - پاراغەت، ئىچىدىن قارىسا ھەسرەت - نادامەت... ئەھۋال شۇنداق تۇرغاندا، بۇ ئادەم بىزنى تونۇپ قالسا، ئىلياسنى بالام دەپ قالسا، ئاۋۇ خوتۇنلارنىڭ ئىچىدىكى ئوت تېشىغا يالقۇنلاپ، كاتتا بىنانىڭ ئىچىدە قىيامەت قايىم بولار، ھەرقاچان! شۇڭا بالىنى كەينىمگە سېلىپ، بۇلارنىڭ ئالدىدىن ئاستا كېتىۋالاي...»

— بەك مۇڭلىنىپ ئولتۇراپ كېتىپسىلىغۇ، خېنىم؟ كۆڭۈللىرى جايىدىمۇ يا؟!

زەردە بىلەن توۋلىغان ئاۋاز ئالتۇنەمنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ

ئېسىگە كېلىپ ئەلنىگارنى كۆتۈرۈۋالغان ئايخېنىمنىڭ چىرايى تۈتۈلغانچە ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى، هارۋىدىكى بوۋاقنىڭ قىرقىراپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ خاپىلىقتا بوۋاقنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىنى ئويلاپ خىجىل بولدى. ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، ئاغزىغا ئېمىزگۈ سالدى. بىراق، بوۋاق قورۇق ئېمىزگۈگە گول بولماي، ئايخېنىمغا ئۈمتۈلۈپ تېخىمۇ يىغلاشقا باشلىدى. ئايخېنىم بوۋاقنى قولىغا ئالماستىن ئالتۇنەمگە بۇيرۇق قىلدى :

— ئۆيگە ماڭسىلىرى !

ئالتۇنەم بوۋاقنى كۆتۈرۈپ، ئۇن - تىنسىز هالدا بىنا تەرەپكە ماڭدى. ئايخېنىم ئۇنى ئالدىغا سالغاندەك دەمبەس قەدەم مېڭىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىرىپ سورىدى :

— نېمە بولاۋاتىلا، ئۆزلىرى؟

ئالتۇنەم لام - جىم دېمەي جىم تۇردى. ئايخېنىم توختىماي ئەزۋەيلىدى :

— نەچچە ۋاق بولدى، كۆڭۈللىرى تازا جايىدا ئەمەسقۇ، گەپ قىلسىلا؟

— ...

— گەپ قىلسىلا دەيمەن ! سىلى مۇشۇنداق كونا ئۆتكۈزۈش هېسابىغا مەندىن ئايلىق ئالسىلىرى سىلىگە هالال بولارما ياكى هاجىمغا قايلاپ ئەرگە تەگكۈلىرى كېلىۋاتامدۇ يا؟ !

باياتىن بېرى بېشىنى سېلىپ تۇرغان ئالتۇنەم يامان گەپكە چىدىماي، بېشىنى كۆتۈردى. هە دەپ ئەزۋەيلەۋاتقان ئايخېنىمغا لاپپىدە قارىدى. ئايخېنىم بولسا ئاغزىغا كەلگەننى ئايىماي سۆزلەۋاتاتتى:

— ئەجەبمۇ سىلى، هەر قېتىم هاجىمنى كۆرسىلىرى بىر قىسما بولۇۋالىلا. مۇشۇنداق قىلسىلا... — ئايخېنىم بوينىنى شاپتۇل قېقىپ تۇرۇپ، ئالتۇنەمگە خېلى يامان گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا يەنە ئەرنىڭ

گىپىنى قىلدى، ــ قايلىسىلا خېنىم، ھەرقانچە زېرىكىپ كەتكەن بولسىلىرىمۇ، بىر مەزگىل چىدىسىلا. ماۋۇ باللار ئىككى ياشقا كىرىۋالسۇن، ئاندىن مەن سىلىنى ئەرگە بېرىپ، كۆڭۈل تۇگۇنچىلىرىنى يېشىپ قوياي، بولامدۇ؟

ئالتۇنەمنىڭ نەپسى بەكمۇ ئىزا تارتتى. يوقسۇزلۇق، موھتاجلىق ئىلكىدە كىشىنىڭ قولىغا قاراپ قالغان، كىشىنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ ياشىغان ئادەمنىڭ ھال ـ كۈنى شۇ بولسا كاشكى!

ئايخېنىم ئۇنىڭ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن چېھرىگە قاراپ يەنە ئەزۋەيلىدى:

ــ قانداق، تەكلىپىم مىجەزلىرىگە يېقمىۋاتامدۇ، خېنىم؟

ــ شەپقەتلىرى ماڭا يەتتى، ــ ئالتۇنەم ھەممىنى تاۋان تاشلىغاندەك بوۋاقتىن يىراقلاشتى، ــ مېنى يولغا سېلىپ قويسىلا، بوگۇنلا كېتىۋالاي!

ــ ۋېيەي، نېمە دەيدىغاندۇ؟ ــ كۈتۈلمىگەن جاۋاب ئايخېنىمنى پېتىدىن چۆشۈرۈۋەتتى. شۇڭا، ئۇستاتلىق بىلەن، ئوخشىتىپ پەرداز قىلىۋالغان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، راستلا مېڭىشقا تەمشەلگەن ئالتۇنەمنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى.

ــ راست دەۋاتامدىلا، بۇ گەپنى؟

ــ راست دېدىم.

ــ نېمدەپ، ئەمدى؟

ئالتۇنەم ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر تاغار قورساق كۆپۈكى بولمىسىمۇ، بىراق كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان رېئاللىقتىن ئەندىكىپ تۇرغاندا، ئايخېنىمنىڭ يۈزىدىن ـ يۈزىگە قارىتىپ تۇرۇپ ئېيتقان ياپتا گەپلىرى يېلىنجاۋاتقان ئوتقا تۇتۇرۇق بولدى. ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئايخېنىمغا دېيەلىسۇنمۇ؟ ئالتۇنەم ھېچكىمگە ھېچنېمە دېيەلمەيتتى. ئۇ نىكاھ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغاندىن بېرى ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئەگرى ـ توقايلىقلارنى، بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملەرنى ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەن ھەم شۇنداق قىلىشقا كۆنۈپ قالغانىدى.

## 79

نىكاھ يېشىلاندى. ياش، چىرايلىق خوتۇن باينىڭ كۆڭۈل رىشتىسىنى يەنە ئۆزىگە رام قىلدى. دەرپەردىلەر ئىچىدە ئەتىر پۇراپ تۇرغان ياسىداق ھۇجرىدا ئوتقاشتەك پاياندار سېلىنغان كارىدورىدا، پەشتاقلاردا، گۈللۈكلەردە ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان كۈلكە ئاۋازى تىرىك ئىبرىنىڭ ئالدىدا تۈل ياشاۋاتقان يادىكار خېنىم بىلەن ئايخېنىمنىڭ ئىچىنى ئۆرتەيتتى.

ھاجى خانىشنىڭ بۇنداق ئاسان ئەل بولغىنىغا بىرئاز ھەيران ئىدى. ئۇ ئىچكىرىگە مېڭىشنىڭ ئالدىدا خانىش راستلا پەيلىنى بۇزغان، سوتقا ئەرز قىلىپ ھاجىنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقماقچى بولغانىدى. ئەگەر ئۇ راستلا ئەرز قىلغان بولسا، ھاجى قوش نىكاھلىنىش، پىلان سىرتىدا پەرزەنت كۆرۈش... دېگەندەك قانۇنسىز قىلمىشلارغا جاۋابكار بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن كۆڭلى خاتىرجەم بولالمىغان ھاجى ئىچكىرىگە قىلغان سەپىرىدىن قايتىشقا ئالدىرىمىغان، ھەتتا يانفون نومۇرىنىمۇ ئالماشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ بىر ئايچە ۋاقىتنى سىرتتا ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندە بولسا ئىشلار پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولدى. «زادى سوتقا ئەرز قىلىمەن» دەپ ئەسكى چاپانىنى قارا كۆتۈرۈپ يۈرگەن خانىش ئاللىقاچان بىر يۈز سەكسەن گىرادۇس بۇرۇلۇپ يامان نىيىتىدىن تەلتۆكۈس يانغان، ھۇجرىنى گۈلدەك جابدۇپ، ھاجىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغان...

ھاجى خانىشتىكى ئۆزگىرىشنىڭ سىرى توغرىسىدا خېلى ئويلاندى، بىراق تېگىگە يېتەلمەي ئاخىرىدا «بىرىنچىدىن، خانىشنىڭ ئۆزىگە كۆڭلى بار، ئىككىنچىدىن ئايخېنىمنىڭ بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىۋېلىشى ئۇنىڭ رەشك ئوتىنى يالقۇنلاتقان، شۇڭا ئۇ باشقىدىن مۇلايىملىشىپ ماڭا تەسلىم بولغان... شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئورنىنى تىكلىمەكچى بولغان، دېگەن

خۇلاسىگە كەلدى. بۇ خوتۇنلار نېمە قىلىشسا قىلمامدۇ، خوتۇن كىشى دېگەننىڭ ھال - كۈنى شۇ، بۇ مەزلۇملارنىڭ ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ئەرنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈش، ئەرنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشتىن باشقا نېمە ئىشى بار؟! ھاجى شۇنداق ئويلايتتى. شۇنداق دەپ خوتۇنلىرىنىڭ ئالدىدا كېرىلەتتى، خوتۇنلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ چاغلايتتى. شۇڭا، ئايخېنىمنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇ ئۆيدىن كۆچۈرۈۋېتىش خىيالىدىنمۇ ۋاز كەچتى. مۇشۇنداق بولغاندا، بۇ خوتۇنلار ئۆزىگە تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىدىغاندەك، ئۇلارنىڭ نېمىدىن خۇشال بولۇپ، نېمىدىن خاپا بولۇشى بىلەن كارى بولمىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئايالارنىڭ كۈن ئۆتكۈزمىكى بەك تەس بولۇۋاتاتتى، ئەتراپىنى گۈللەر، دەل - دەرەخلەر، قۇشلار ئوراپ تۇرغان بۇ بىنادا كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاياللار ئەتىگىنى تاڭ ئاتسا، كۈننى كەچ قىلالمايتتى. كەچ كىرسە ھەسرەتلىك كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قېچىپ، تاڭ ئاتقۇزۇشى قىيىنغا توختايتتى.

ھاجى سەپەردىن قايتىپ كەلگەن كۈنى كەچتە، ئۆچكە ساقال موللا نىكاھ يېڭىلاش پەتىۋاسى بىلەن يادىكار خېنىمنى ھاجىغا نىكاھ قىلدى. ھىيلە - مىكىردىن خەۋەرسىز ئولتۇرغان يادىكار خېنىم بۇ نىكاھنى راست دەپ چۈشىنىپ قالدى. ئەنقەرنىڭ دادىسىنى ئەمدى ئادەم بولدى، كەلسە - كەلمەس يولدىن قايتىپ، ھاياتىدا قىلغان ئەسكىلىكلىرىگە پۇشايمان قىلدى دەپ ئويلىغاچقا، بۇ نىكاھقا رازىلىق بەرگەنىدى. بىراق، ئۇ ئادەم يادىكار خېنىمنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپمۇ قويمىدى، بىر كېچە ئۆتمەستىن تالاق سۆزىنى بېرىپ، ھېلىقى چۈۋۈق چاچ خوتۇنى بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ كەتتى... ئۇ ئادەمنىڭ ئادەم بولغىنى، يامان يولدىن قايتقىنى شۇمۇ؟! شۇنىڭدىن كېيىن يادىكار خېنىمنىڭ كېسىلى قوزغىلىپلا تۇرىدىغان بولدى. ئۇ ھە دېگەندە ئالىجۇقا سۆزلەپ، بىنانى بېشىغا كىيەتتى. بەزىدە ھاجىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ بىسەرەمجان قىلاتتى.

ئايخېنىمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ھەمدۇللا ھاجىنى ئۆزىگە كۆيدۇ، شۇڭا ئاۋۇ پۇشمىغان، شىرنە باغلىمىغان تولۇق سويما خوتۇندىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەندە، كېچە ـ كېچىلەپ خان كوچىسىغا كېلىپ، مېنىڭ مېھرىمدىن تەسەللى تاپقان، مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ يېرىكلىشىپ قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھاجىنى ئۆزۈمگە قارىتىمەن، تولۇق سويما خوتۇننى ئىزا ـ ئەلەمگە قويۇپ، بۇ ئائىلىدىن بەزدۈرىمەن، دەپ ئويلىغانىدى. ھالبۇكى، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ تەتۈرىچە بولۇپ چىقتى. تولۇق سويما خوتۇن توڭدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچىدىن پىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئۇ ھاجىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە قاراتمىدى. ھەتتا شۇ كېچىسىلا موللا چاقىرىپ كىشى بىلمەس بىر ئىشلارنى قىلدى. ئۇ خوتۇن ئەتىگىنى ناشتىدىن كېيىن ھاجى بىلەن قولتۇقلىشىپ پىچىرلاشقىنىچە چىقىپ كېتىدۇ، كەچتە قاقاھلاپ كۈلۈشكىنىچە قايتىپ كېلىدۇ. بەزى كۈنلىرى چۈشتە پەيدا بولۇپ قالىدۇ، بەزىدە يوق. ئۇ خوتۇن ھاجىنىڭ قولتۇقىدىن چىقماي شۇنداق يۈرگەندىكىن، ئۇ ئادەمنىڭ ئايخېنىمغا قارايدىغانغا كۆزى يوق، ئېھتىمال ئۇ ئادەم بىر بولسا ياش خوتۇننىڭ ئۇستاتلىق بىلەن قىلىۋاتقان نەزەربەندلىرىدىن خالىي بولالمىغان، بىر بولسا ئايخېنىمنىڭ ئوپۇل ـ توپۇل بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپ ئىشنى چوڭايتىۋەتكەنلىكىگە خاپا بولغان. شۇڭا، نەچچە كۈنىنگىياقى ئايخېنىمغا چىراي ئېچىپ قاراپ قويماي يۈرىدۇ...

خانىش مەغلۇبىيەت كوچىسىدىن قايتىپ، غالىبلىق كوچىسىغا قەدەم باستى. ئۇ ئەقلىگە، ياشلىقىغا، گۈزەللىكىگە تايىنىپ، ۋەيران بولاي دەپ قالغان تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ھاجى ھەرھالدا ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىغا يېقىنلاشتى. ئۇ ئەمدى ھاجىغا تۈيدۈرماستىن ھېلىقى ساختا، قانۇنسىز توي خېتىنى ھەقىقىي، قانۇنلۇق توي خېتىگە

ئالماشتۇرۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ بۇ ئائىلىدىكى ئورنى قانۇنلىشىپ، قىلغىنى قىلغان، ئەتكىنى ئەتكەن بولىدۇ. ئۇ يەنە قورساق كۆتۈرۈپ، پاقلاندەك ئوغۇلدىن بىرنى تۇغۇشى، بىر ئاماللار بىلەن پۈتۈن ئىگىلىكنى قولىغا ئېلىۋالغان ئەنقەرنىڭ ئورنىنى تەۋرىتىشى كېرەك... خانىش شۇ خىيال، شۇ ۋەسۋەسىلەر ئىلكىدە ئاستىرتىن خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە قاتراپ يۈرەتتى. كىملەر بىلەندۇر تونۇشۇپ، تاماققا تەكلىپ قىلىپ، «يوقاپ كەتكەن» توي خېتىنى قانداق ئۇسۇلدا تولۇقلاپ ئېلىشنىڭ يولىنى ئىزدەيتتى.

ئەنقەر بۇ ئائىلىدە ئوت يالقۇنىدەك ئۇلغىيىۋاتقان زىددىيەتلەردىن، بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان كۆزلەردىن شۈركۈنەتتى. ئۇ كۈنداشلىق، ھەسەتخورلۇق دەردىدە سارالڭ بولۇۋاتقان ئۆگەي ئانىلىرىنىڭ ئەقلىدىن ئېزىپ بىر - بىرىگە ياكى دادىسىغا سۈيىقەست قىلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرىدىغان بولدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئانىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ئەدەپ قېلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى. شۇڭا، ئىشتىن ئارام تاپقۇدەك بولسىلا بۇ ئائىلىگە چاپىدىغان بولدى. ئۇ ھەمىشە ئانىسىغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇشنى، ئانىسىغا تەسەللى بېرىشنى، ئانىسىغا تۇرمۇشتىكى بەختسىزلىكلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىردەم بولسىمۇ خۇشاللىق بېغىشلاشنى ئويلايتتى. ئۇ مۇشۇنداق كېلىپ - كېتىپ يۈرگەچكە ئۆزىمۇ مۇشۇ ئاياللارنىڭ، مۇشۇ كۈنداشلىقنىڭ، مۇشۇ ھەسەتخورلارنىڭ ئارىسىدا سىقىلىپ - بوغۇلۇپ يۈرگەندەك، تېخىمۇ خىيالچان ۋە جىمىغۇر بولۇپ كەتكەندى. ئەنقەر ئائىلىدىكى ئاشۇ خىل مۇھىت ئىچىدىن دادىسىنىڭ ئېپادىسىگە ئاستىرتىن نەزەر سالدى. دادىسى يەنە بەخىرامان يۈرىدۇ. ئۇ شىركەتنى ئاساسەن دېگۈدەك ئەنقەرگە تاپشۇرغان، ئۆزى قاتار چاي ئولتۇرۇشلىرىدا، باغ - ئارامگاھلاردا، سەيلە - ساياھەتلەردە ئوينايدۇ. خانىش دادىسىغا

كانىدەك چاپلاشقان، ئىلگىرىكىدەك دادىسى بىلەن تۇرلۇك بـاردى ـ كـەلدى سورۇنلارغـا بىرىشتىن قاچمايدۇ. دادىـسىمۇ بۇ يـاش، چىـرايلىـق خوتۇنىـغا بىرىـلگەن، ئۆيـدىكى مەزلـۇملارغا ئوچـۇق چىرايى يـوق... دادىسىـنىـڭ قارىـشىچـە، مـەزلـۇم كىـشى ئـەر كىشىنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن يارالغانىمىش، ئايالىنىڭ ئـەر ئۇچۇن خىزمەت قىلىشى «شەرىئـەت ھۆكمى» بـولـۇپ، بۇ دۇنيـادا ئـىرىدىن تـۆشۈكلۈك سـاۋابى ئالالـىغان ئايـال زاتى ئۇ دۇنيـادا جەننەت يۈزى كۆرمەس ئىمىش. دادىسىنىڭ قارىشىچە «شەرىئـەت ھۆكمى»دە بىر ئەرگە بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ ياكى ئۈنىڭدىن ئارتـۇق خوتۇن ئـىلىـش دۇرۇس بـولـۇپ، ھازىـرقى قـانۇن «شـەرىـئـەت ھۆكمـى»نى ئىبتـىراپ قىلـمىغاچـقا، ئۆزىدەك بـاي ـ سەرخىلـلار قانـۇننىڭ چـەكلىمـىسىگـە ئۇچراپ، بـۇ دۇنـيانىـڭ راھـىتىـنـى كۆرەلمىگەنىمىش ! لىـكىن كۆپ خـوتۇنلۇق بـولۇش چەت ئـەلـدە، ئىسلام ئەللىرىدە ئادەتتىكى ئىش ئىمىش.

ئەنقەرنىڭ نەزىرىدە دادىسىنىڭ كۆزقارىشى نادانلىقىنىڭ، ئۆز نەپسىگە بىرىلگەنلىـكىنـىڭ مەھسۇلـى ئىدى. دادىسـى شەھەرنىـڭ كونا كوچىلىرىدا چوڭ بولغان، كىچىكىدىن ئۇششاق تىجارەتكە بىرىلىپ باشـلانغۇچ مەكـتەپنـىمۇ چالا ـ بۇلا پۈتكۈزگەن، پـۇل تېپىش، پاراغەتكـە بىرىلـىش بىلـەن كۈن ئۆتكـۈزۈپ، بۈگۈنكـى زامان شەھەر پۇقرالىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەخلاق، يـىڭىچـە ئاڭ، ئادىمىي مۇناسىۋەت خىسلەتلىرىدىن چەتتە قـالغان. شۇڭـا، ئۇ كـۆز ئالدىدىكى رىئالـلىقـا، بولۇپمـۇ ئاياللارغـا بولغان كـۆز قاراش جەھەتتە «شەرىئەت ھۆكمى»دىن سۆز ئاچىدۇ، كونىلىقـا ئىسىـلىۋالـىدۇ، پۇل ـ بايـلىقـىغا ئىشـىنـىدۇ. ئـەنقەر بـەزىـدە دادىـسىنـىڭ ئاشۇنـداق سـۆزلىرىـنـى ئاڭلـىغاندا، ئـانىسىـنـى خـارلـىغانلـىقى ئـۈچـۈن دادىـسى بـىلـەن دەرقـەمـتـە تـۇرۇپ سۆزلەشكۈسى، بەس ـ مۇنازىرە قىلىشقـۇسى كىلـەتتى. بىـراق، دادىسى سودا ئىشلىرىدىن باشـقا جەھەتـلەردە ئوغلـىنىڭ بـەس ـ مۇنازىرىسىنى، پىكىر ئىنكاسىنى قوبۇل قىلالايدىغان دادىلاردىـن

ئەمەس. ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى مۇستەبىت تەبىئىتى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. ئەنقەرنىڭ شۇنداق دېگۈسى كېلىدۇ. شەرىئەتتە: «ئۆز نەپسىڭلار ئۈچۈن قىز ـ ئاياللارنى خورلاڭلار» دېيىلمىگەنغۇ؟! ئاياللارنى قەدىرلەش، ئانىلارنى ئۇلۇغلاش پۈتكۈل ئىنسانلارغا قىلىنغان چاقىرىقتۇ! ئەجەبا دادام ئەنە شۇنداق ئايال زاتىدىن، بىر ئۇلۇغ ئانىدىن تۇغۇلمىغان بولغىيمىدى؟!

ئەنقەر شۇنداق ئويلانغاندا، مۇلاھىزە قىلغاندا دادىسىنىڭ ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغانلىقى، ئانا مېھرى كۆرمەي چوڭ بولغانلىقى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى ئېسىگە ئالدى.

## 80

تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپ كوچىدىن بۇرۇلۇپ، چارباغلىق قورۇغا كىرىپ كەلدى ـ دە، سۇت رەڭ كاھىشلىق بىنا ئالدىدىكى گۈللەر ئارىسىدا توختاپ، ئاۋۋال ئىلياس، ئاندىن ئۇنىڭ ياردىمىدە ھەمدۇللا ھاجى چۈشتى. ھاجى ئىلياسقا ئىككى ئېغىز گەپ تاپىلىغاندىن كېيىن، پارقىراق قارا بەتىنكىسى بىلەن پاياندازلارنى بويلاپ بىناغا كىرىپ كەتتى. كېيىنىشى، تەق ـ تۇرقى بارغانچە بايۋەچچىلەرگە ئوخشاپ قالغان ئىلياس بولسا ماشىنىنى بۇراپ، ئامبار ئالدىدىكى چىنارنىڭ سايىسىغا كەلدى ـ دە، پاكىزلىقىدىن يالتىراپ تۇرغان بۇ كاتتا خان تەختىراۋاننى يەنە يۇيۇپ سۈرتۈشكە باشلىدى.

ئالتۇنەم گۈللۈكنىڭ غەرب تەرىپىدىكى شىپاڭدا باللارغا قاراۋاتاتتى. قوشكېزەك بوۋاق ھازىر تەمتىلەپ ماڭاي دەپ قالغانىدى. ئۇ ھاۋا مۇشۇنداق ياخشى كۈنلىرى باللارنى گۈللۈكتە ئوينىتاتتى. ئالتۇنەم ئاۋۇ ئادەم بىلەن ئىلياسنىڭ ماشىنىدىن چۈشكىنىنى كۆرۈپ ئۆزىنى دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئالدى. «توۋا، قەدىردان ئاتا ـ بالىدەك ئالىي پىكاپتىن بىر چىرايلىق چۈشۈشكىنىنى بولارنىڭ، تېخى ئىلياسنىڭ ئاۋۇ

ئادەمگە ماشىنا ئىشكىنى ئېچىپ بېرىپ، يۆلەشتۈرۈپ چۈشۈرۈپ قويغىنىنى دېمەمدىغان ! بىر كىم تونۇشتۇرۇپ - تېپىشتۇرۇپ قويدىمۇ يا بۇلارنى... ياق، ئۇنداق بولماس ئىلاھىم، مېنىڭ ئوغلۇم ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئادەمنىڭ كەينىدىن مېڭىپ قالماس ! ئۇ ھەرقانچە خار - زارلىقتا كۈن ئۆتكۈزسىمۇ، ئۇنداق ئادەملەردىن بولۇپ قالماس.» ئالتۇنەم ھاجىنىڭ بىناغا كىرىپ قارىسى يىتكىنىنى كۆرۈپ، بالىلارنى كۆتۈرگىنىچە ياپيېشىل ئارچىلارنىڭ دالدىسىدىن چىقىپ، چىنارنىڭ سايىسىغا — ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ۋۇي، تىنچلىق تۇردىڭىزمۇ، ئانا؟ — ئىلياس ئانىسىنى كۆرۈپ، قولىدىكى دەسمالنى تاشلىدى، — سىز بۇ تەرەپتىمىدىڭىز؟ سىزنى ئەجەب كۆرمەي قاپتىمەن، دېسە...

— مەن سېنى كۆردۇم، بالام، — ئالتۇنەم بالىلارنى يەرگە دەسسىتىپ، نەچچە قەدەم ئالدىغا چامدىدى - يۇ، توختاپ قالدى. ئۇ چىنار يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرغان بىنانىڭ دېرىزىسىگە بىر قاراۋېتىپ، ئىلياسنى باغرىغا بېسىشتىن ئۆزىنى تارتقانىدى، — نەچچە كۈن بولدى كۆرمىدىم، بىر يەرگە كەتتىڭمۇ، بالام؟

— ھەئە، ئانا، — ئىلياس ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن پارقىراق چاچلىرىنى كەينىگە تارىدى، — ئاقسۇ، كورلا تەرەپلەرگە بېرىپ كەلدۇق.

— ھە... مۇنداق دېگىن، — ئالتۇنەم ئوغلىغا زوقلانىدى. ئىلياس ھازىر راسا بوي تارتىپ، قەددى - قامىتى كېلىشكەن چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قالغانىدى. كىيىنىشى، يۈرۈش - تۇرۇشمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئۆزگەرگەن بولۇپ، شەھەرلىك يىگىتلەرگە، ھەتتا بايلارنىڭ بايۋەچچىلىرىگە ئوخشاپلا قالغانىدى، — ئۇ تەرەپتە نېمە ئىش قىلدىڭلار؟

— ھاجىم دادامنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى بار ئىكەن.

— ئىككىڭلار يالغۇزمۇ؟

— ھەئە.

ئوغلىنىڭ جاۋابى ئالتۇنەمنى يەنە ئويغا سالدى. «ئۇ ئادەم بىلەن بۇ بالىنىڭ مۇناسىۋىتى زادى قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندۇ؟ ‹ھاجىم دادام› دېيىشلىرى ئاۋۇپ كېتىپتۇ، بۇنىڭ. ئۇ ئادەممۇ ھە، بالام، دەپ بۇ بالىنى يېنىدىن ئايرىمايدىكەن دېسە!»

ئەزەلدىن كىشىنىڭ گېپىگە، كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان ئالتۇنەم ئوغلىدىن قۇمدەك ئۇششاق سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى.

— ھاجىم ئىككىڭلار شۇنداق يېقىن ئىكەنسىلەر، بالام. سەن نېمە ئىش قىلىشىپ بېرەلىدىڭ ئۇ ئادەمگە؟

— مەن ماشىنا ھەيدەيمەن، يەنە ھاجىم دادامنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىمەن، ئانا، — ئىلياس ماشىنىدىن بىر قۇتا قوۋۋەت ئىچىملىكىنى ئېلىپ، ئالتۇنەمگە ئۇزارتتى.

— مەن ئىچمەيمەن، بالام.

— ئېلىڭا، ئانا، مۇسۇلمانچە ئىچىملىك. ئالاھىدە ئىشلەنگەن زەپە چاي...

— رەھمەت، بالام، — ئالتۇنەم ئوغلىنىڭ قولىدىن ئۇسسۇلۇقنى ئالدى، — سەندىن بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، ئۇ ئادەم ئەجەب ساڭا ئىشىنىپ قاپتىغۇ؟ — ئالتۇنەم ئوغلىنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى مېھىرلىك كۆزلىرىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلدى، — مەن بىلسەم، شەھەرلىك باي ـ بايۋەچچىلەر يات ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ سودىسىغا، ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشتۇرمايدىكەن. لېكىن، بۇ ئادەم؟...

— مەنمۇ ئۇقمىدىم، ئانا. ھاجىم دادام «ئەنقەر ئاكاڭدەك كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق يېنىمدا تۇرغىن، مەندىن تارتىنما، كېيىنكى ئىشلىرىڭغا ئۆزۈم ئىگە بولىمەن» دەيدۇ... ھاجىم دادامنىڭ ھازىر ماشىنا ھەيدەشكە بۇرۇنقىدەك زوقى قالماپتۇ، رولنى تۇتۇپ بىر يەرگە ماڭغۇدەك بولسىلا ئۇگدەك باسىدىكەن، دەپ مېنى يېنىدىن ئايرىماي

يۇرىدۇ.
ئالتۇنەم ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن بىرەر شۇم خەۋەر ئاڭلاپ قالمىغانلىغا كۆڭلىدە شۈكۈر ئېيتتۇالدى، «شۈكۈر، ياراتقان ئىگەم، ئوغلۇم تېخى ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلگۈچىلىك بولماپتۇ...» لېكىن، بۇ بالىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن باغلىنىپ قالغىنىغا ئالتۇنەمنىڭ ئەقلى ھەيران ئىدى. ئادەم مىغ ـ مىغ شۇنچە چوڭ شەھەردە ئۇلار قانداق بولۇپ تېپىشىپ قالغاندۇ؟ ئادەملەر بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ پېيىدە يۈرگەن بۇ ئەنسىز ئائىلىدە ئۇلار قانداقلارچە ئامراق بولۇپ قالىدۇ؟
— ئۆزىڭىزچۇ، ئانا؟ بۇ يەردىكى خېنىملارنىڭ ئالدىدا كۆڭلىڭىز ئازار يېمەي تۇرۇۋاتامسىز؟
— مەن بۇ ئائىلىدىن كېتەي دېگەن، بالام، — ئالتۇنەم يەنە رەڭگا رەڭ گۈللەر ئارىسىدا تۇرغان سۈت رەڭ كاھىشلىق بىنا تەرەپكە قاراپ قويدى، — لېكىن ئايخېنىم قويۇپ بەرمەيۋاتىدۇ. ئۇ ماڭا: «يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ بەرسىلە، ئاڭغىچە يوللىرىنى مېڭىپ نوپۇسلىرىنى ھەل قىلىپ، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىغا تىزىملىتىپ قويايلى. ھۆكۈمەت سىلىنىڭ ئاتقان ئەرزان ئىجارىلىك ئۆي ئۇقۇشۇپ بېرەيلى» دەيدۇ. سەن بىلىسەن، مېنىڭ شەھەردە نوپۇسۇم يوق، ئۇ ئىشلار ھەل بولامدۇ، بولمامدۇ، ئەگەر ھەل بولسا قاچان ھەل بولىدۇ، دەپ تازا ئىشەنچ قىلالماي، يولۇمغا كېتىۋېرەي دېگەن. لېكىن، ئۇ ـ بۇ سەۋەبلەر بىلەن ھازىرغىچە بۇ ئائىلىدىن بېشىمنى ئېلىپ چىقالمىدىم.
— ھاجىم دادام قولى ئوچۇق ئوبدان ئادەم، ئالدىرىماي تۇرسىڭىز ئۆزى يول مېڭىپ ھەل قىلىپ بېرەر بولمىسا.
— نېمە؟ — ئالتۇنەم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغلىغا لاپپىدە قارىدى، — سەن ئۇ ئادەمگە مېنىڭ گېپىمنى قىلدىڭما؟ مېنى ئانام بولىدۇ، دېدىڭما، بالام؟
— ياق تېخى، كېيىنرەك ئېيتاي، دېگەن.

— ھەرگىز دېگۈچى بولما، جۇما !

— نېمىشقا، ئانا؟ — ئىلياس چۆچۈپ كەتتى، — نېمىشقا دېمەيمىز، ئانا؟

— سەن بىلمەيسەن، — دېدى ئالتۇنەم ئۆزىنى بېسىپ، — سەن بەزى ئىشلارنى چوڭ بولغاندا ئاندىن چۈشىنىسەن... بايلار ساڭا كۆلۈپ قارىغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پۇل ـ مالغا بېرىلگەن ئادەملەر. بايلار سەندىن پايدىلىنىشنى، سېنى شىلاپ ئىشلىتىپ يېيىشنى بىلگەن بىلەن، ۋاقتى كەلگەندە ساڭا ياردەم قىلىشنى، سېنى ياخشىراق كۆنگە ئېرىشتۈرۈپ قويۇشنى خالاپ كەتمەيدۇ، بالام. سەنچە ئۇ ئادەم، يەنە بۇ ئائىلىدىكى ئاشۇ ئىچى تار ئايالالار ئىككىمىزنىڭ ئانا ـ بالا ئىكەنلىكىمىزنى بىلسە چۆچۈپ كەتمەسمۇ؟

— نېمىشقا، ئانا؟

— ئۇلار ئىككىمىزنىڭ ئانا ـ بالا ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالسا، بىزنى تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزىگە پايدىسىز ئىشلارنى قىلىپ قويامدىكىن دەپ ئېھتىيات قىلىدىغان بولىدۇ. ئۇلار ھامان شۇنداق ئويلايدۇ. مەن بېشىمدىن جىق ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن ئايال، بالام. بۇ دۇنيا شۇنداق رەھىمسىز دۇنيا، شۇڭا بۇ گەپنى ھېچكىمگە دېمىگىن !

ئىلياس جىم بولۇپ قالدى. ئېھتىمال ئانىسىنىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇستۇر. راست، ئانىسى بۇ دۇنيادا جىق ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، جىق تارتقۇلۇقلارنى تارتقان ئايال. ئەينى چاغدا ئۆگەي دادىسى ناسىرباي دېگەن ئادەم ئىلياس بىلەن ئانىسىغا ئوخشاشلا ئۆچلۈك قىلغان. ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بىردەم ـ يېرىمدەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرسا ياكى بىر ـ بىرىگە بىر بۇردا نان چاغلىق نەرسە ئۇزاتسا، ئۇ ئادەمنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كېلىدىغان. شۇڭىمۇ ئانىسى ئىلياسقا ئۇ ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا نان، ئۇسسۇلۇق بېرەلمەيتتى. توي ـ تۆكۈن، مېھماندارچىلىقلاردىن بىر ـ ئىككى تال كەمپۈت ياكى قاق ـ

جىگدە كۆتۈرۈپ كەلسىمۇ، ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىچە بەرمەستىن، ئارقا بۇلۇڭلاردا تىقىشتۇرۇپ، ئاستا، پەم بىلەن ئىلياسنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قوياتتى. داداڭنىڭ كۆزىچە يېمەي، ئارقىغا چىقىپ يە، جۇما بالام، دەپ تاپىلايتتى. ئىلياس شۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، هازىردىن باشلاپ بۇ ئائىلىدىمۇ ئانىسى بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلاش، ئانا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىنى يوشۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئەمما، بۇنى قاچانغىچە يوشۇرىدۇ، ئانا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەتراپتىكىلەردىن سىر تۇتۇپ قانداقمۇ خۇشال ـ خۇرام ياشىيالايدۇ؟! ئىلياس هازىر چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇ ئەمدى ئۆز كۈچىگە، ئەقلىگە تايىنىپ پۇل تاپىدۇ. ئانىسىنى باقىدۇ، ئۇنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئانا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىنى سىر تۇتسا، ئانىسىغا ئوغۇللۇق مېهىر ـ مۇهەببىتىنى قانداقمۇ يەتكۈزەلەيدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇغرىسىغا تۇرۇۋالغان مۇشكۈل رېئاللىق ئىدى. ئىلياس قارا كۆك كاناپ ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن خورما رەڭ پورتمالنى چىقاردى. ئىچىدىن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ، ئانىسىغا ئۇزارتتى.

— مەڭ، ئانا، بۇنى خەجلەڭ.

— ماڭا پۇل لازىم ئەمەس، بالام، — ئالتۇنەم كەينىگە سىلجىدى، — هازىر مېنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىم تەييار، كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ جىق. ئاۋۇ خېنىملار ئۆچىسىدىن چۈشكەننى تاشلاپ بېرىپ تۇرىدۇ.

— ئۇنىڭ گېپىنى قىلماي يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، ئانا.

— راست، لازىم ئەمەس، بوقچامدا پۇلمۇ بار، بالام.

— ۋاي ـ ۋۇي، خېنىمنىڭ نازلىرىنى! — نەدىن ئۈندىكىن، توساتتىن ئۇلارنىڭ يېنىدا ئايخېنىم پەيدا بولدى، — ئالسىلا، خېنىم، سېلىپ قويسىلا، پۇل دېگەن لازىم بولىدۇ!

چۆچۈپ كەتكەن ئالتۇنەم گۈللۈكتە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى مەينەت قىلىپ لاي ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

ئايخېنىم ئۆنىڭغا قاراپ شالىنى چېچىشقا باشلىدى :

— نېمە توگىمەيدىغان گەپ بۇ ئالتۇن خېنىم؟ قايلىسام خېلىدىن بېرى ئېڭىكىگە ساقال چىقمىغان بىر بالا بىلەن گەپ سېتىپ تۇرۇشۇپ كەتتىلىغۇ؟

— مەن، مەن...

— ھە، تىلىلىرىنى چاينىماي گەپ قىلسىلا، خان... بىر سائەتتىن ئاشتى، دېرىزىدىن قاياپ تۇرسام، باللارنى تاشلاپ قويۇپ مۇشۇ بالا بىلەن گەپ سېتىشىپ تۇرۇپ كەتتىلىغۇ، سىلى. نېمە توگىمەيدىغان كۇس - كۇس گەپ ئۇ، ئىچلىرىگە قىچىغا ئولاشقان ئوخشىمامدا؟

ئالتۇنەم يامان گەپ، يامان تۆھمەتتىن ئۆلگۇدەك بولدى. يۈزلىرى قىزىرىپ ئۆپكىلىدى. باللارنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرگەندەك بىرھالدا گۈللۈكنىڭ چەت - بۇلۇڭىغا كەتتى. ئىلياس بولسا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ماشىنىنىڭ ئىچىگە ئۆزىنى ئاتتى - دە، ئەينەكلىرىنى چىقىرىپ ماشىنىنى ئورنىدىن قوزغاپ بۇلۇڭدىكى ئامبارغا كىرىپ كەتتى. كوتۇلدىغىنىچە تۇرۇپ قالغان ئايخېنىم ئالتۇنەم تەرەپكە بويۇنداپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى. ئۇ ھازىر رومىلىنى تاشلاپ يۈزىنى ئېچىۋەتكەن، نېپىز گاز ياغلىقنى چوققىسىغا چىگىپ، قېنىق پەرداز قىلغان چېھرى تۇتۇلغانچە، مۇشۇنداق يوقىلاڭ ئىشلارغا چېچىلىپ يۈرەتتى.

## 81

ئۇ ھەرقانداق ئەرنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرگۈدەك ياش، گۈزەل ئايال، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ياش، گۈزەللىكى بىر قېرى بايغا باغلانغان ئايال ئىدى. ئۇ سىرتى سۈت رەڭ كاھىشلىق، ئىچى بېغىر رەڭ، قىزىلگۈل بەرگى رەڭگىدە بېزەلگەن ھەشەمەتلىك باغ - ئارائدا كۈنداشلىرىنى زار - زار يىغلىتىش، باي - پۇلدار ئېرىنى تولۇق قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان ئايال ئىدى.

ساختا توي خېتىنىڭ ئورنىغا راست توي خېتى بېجىرىش خانىش ئۈچۈن بەسىي مۈشكۈل بىر ئىش بولدى. ئۇ غازاڭدەك پۇل خەجلەپ، خەقنى مېھمان قىلىش، سوۋغات بېرىش ھېسابىغا ھەمدۇللا ھاجىنىڭ نىكاھلىنىش تارىخىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. بۇ ئادەم ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا ئىسمى غەلىتىلا بىر قىز بىلەن توي خېتى بېجىرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يادىكار خېنىمنى ئەمرىگە ئالغان، ئون نەچچە يىلدىن كېيىن سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن يادىكار خېنىم بىلەن ئاجرىشىپ، ئايخان ئىسىملىك سەھرالىق ئايال بىلەن توي خېتى بېجىرگەن. ھازىر ئاشۇ ئايال بىلەن قانۇنلۇق توي خېتى بار بولۇپ چىقتى. خانىش ئۈچۈن ھەمدۇللا ھاجىنىڭ نىكاھلىنىش تارىخىنى يوشۇرۇن تەكشۈرۈپ بەرگۈچىنىڭ ئېيتىشىچە، ھاجى بىلەن خانىشقا قانۇنلۇق توي خېتى بېجىرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئايخېنىمنى قانۇنىي جەھەتتىن ئاجراشتۇرۇش كېرەك ئىكەن. بۇ ئىسپاتلاردىن خەۋەردار بولغان خانىشنىڭ بېشى پىرقىرىغاندەك، كۆڭلى ئاينىغاندەك بولدى. ھاجى بىلەن ئايخېنىمنى ئاجراشتۇرۇش ھازىرقى شارائىتتا شەھەرنىڭ كونا كوچىلىرىنى چېقىپ - تۈزلەپ يېڭىلاشتىنمۇ تەس. قانۇنلۇق نىكاھى بولغان ئىككى ئادەمنى ئاجراشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز ئىمزاسىدا يېزىلغان ئىلتىماسى، كېلىشىمنامىسى بولۇشى كېرەك. ئاندىن ئالاقىدار رەسمىيەتلەرگە ئۆزى قول قويغان بولۇشى كېرەك. خانىش ماشىنىنىڭ ئىچىدە بېشى ئايلىنىپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەمما، ئۇ بۇ ئىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزمىدى:

— مېنىڭ ئەسلا ۋاز كەچكۈم يوق، مۇشۇ ئىش ھەل بولمىسا، مېنىڭ ياش ھاياتىم مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولىدۇ. شۇڭا، شەھەر كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، مەن ئۈچۈن قانۇنلۇق توي خېتى ھەل قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز، — خانىشنىڭ يېنىدا بىر ئۇبدان جايلىشىپ ئولتۇرغان قىرىق بەش

ياشلار چامىسىدىكى ئايال ئاق ئالتۇنلار جىرىڭلاپ تۇرغان بويۇن، قۇلاقلىرىنى بوش سىلىكىپ، رەڭلىك كۆزئەينەك ئىچىدىن خانىشقا قىيا باقتى:

— سىز مېنى قانۇن بىلەن ئوينىشىشقا دەۋاتامسىز؟ بىلىسىڭىز كېرەك، قانۇن بىلەن ئويناشقانلىق ئوت بىلەن ئويناشقانلىق. مەن سىزگە قولۇمدىن كېلىدىغىنىنى قىلىپ بەردىم. ئېرىڭىزنىڭ ئايخان دېگەن ئايال بىلەن قانۇنلۇق نىكاھ رەسمىيىتى بولمىغان بولسا، بۇ ئىش ئاسانلا ھەل بولاتتى، ئەمدى...

— قانۇنىمۇ ئادەم تۈزىدۇ، ئادەم ئىجرا قىلىدىغۇ... — خانىش ناھايىتى چاقنىغان ھەرىكەتلەر بىلەن قۇلاق، بويۇن ۋە بارماقلىرىدا جىرىڭلاپ تۇرغان ئالتۇن جابدۇقلىرىنى، سومكىسىدىن بىر باغلام پۇلنى چىقاردى.

— بۇنى ئېلىڭ، مەن بۇ ئىشقا يىگىرمە - ئوتتۇز مىڭنى ئەمەس، ئەللىك مىڭنى خەجلەشكىمۇ رازى! — ئايال ئۆزىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغان بىر تۇتام قىپقىزىل پۇل، كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۈدەك ساپسېرىق ئالتۇنلاردىن بىرئاز چۆچۈگەندەك قىلدى. يات كۆزلەردىن ئەنسىرىگەندەك، ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن سىرتقا قارىدى. بىراق، كۈن نۇرىنى توسقۇچى ئالاھىدە يالتىراق قەغەز چاپلانغان ئەينەك سىرتتىكى كۈچلۈك قۇياش نۇرىنىلا ئەمەس، بەلكى غەيرىي كۆزلەرنىڭ ماشىنا ئىچىنى، ماشىنا ئىچىدىكى ئادەملەرنىمۇ توسۇپ تۇراتتى.

خانىش يېنىدىكى ئايالنىڭ جىددىيلەشكىنىنى، ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تىزگىنەكنى بېسىپ ماشىنىنىڭ تۆت ئىشىكىنى ئىچىدىن ئېتىۋەتتى... ئېھتىمال ئىشىك ئېتىلگەندىن كېيىن، ئىككى ئايال تېخىمۇ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ قولىدىكى بايلىقنى بىر - بىرىگە تەڭلەپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قىلىشقاندۇ. پۇل - بايلىقنى خىجىل قىلىپ بىر - بىرىگە ئىتتىرىشكەندۇ... ئەمما، پۇل، ئالتۇن - كۈمۈش دېگەن مېھرى

ئىسسىق نەرسە. ئايال بۇ ئوت ـ ئاتەشتىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قالغاندۇ. ئاغزىدا ياق، ياق دېگەن بىلەن، پۇل ـ بايلىققا ھېرىسمەن كۆزلىرىدە ئوت چاقنىغاندۇ. ئىچى ئوت بولۇپ كۆيگەندۇ، يۈرەك ـ باغرى ئۆرتەنگەندۇ. ئىككى ئايالنىڭ بىرسى كۆز ئالدىدىكى كاتتا شەھەرنىڭ پۇل ـ بايلىق ئىلاھىنى قولدىن بەرگۈسى كەلمىگەندەك، يەنە بىرسىمۇ ئالقىنىغا كىرىپ بۇرنىغا تېگىپ تۇرغان، كۆز ئالدىدا چاراقلاپ تۇرغان ئالتۇنلاردىن، تاراقلاپ تۇرغان قىزغۇچ پۇللاردىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەندۇ...

شەھەرلىكلەر خىزمەتتىن چۈشۈپ گۆش، كۆكتات دۇكانلىرىغا، يەسلىلەرگە، ئۆيلىرىگە سەل بولۇپ ئاقتى. خانىش ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىلىقىدا قورۇغا قايتىپ كەلدى. پىكاپنى ئامبار ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ، روھسىز ـ سۇس كەيپىياتتا گۈللەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ بىناغا قەدەم قويدى. ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىدىن خانىشنى كۆرۈپ ئۈلگۈرگەن ئايخېنىم مەقسەتلىك ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى:

— ۋىيەي... نېمە بوللا خېنىم، بۇلاڭچى بۇلىمىغاندۇ؟ ئەتىگەندە ئالتۇن جابدۇقلار بىلەن چىقىپ كەتكەن خوتۇن كەچ بولغاندا سالتاڭ قايتىپ كەپتىلىغۇ؟

ئەمدىلا پەشتاقلارغا قەدەم قويغان خانىش بېشىدا ۋالاقلاپ تۇرغان ئايخېنىمنى كۆرۈپ بىرقىسمىلا بولۇپ كەتتى ھەم زىبۇ ـ زىننەتسىز بوينىنى، قۇلىقىنى، بارماقلىرىنى سىلاپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— نېمە بولاۋاتىلا، مەن بىلەن نېمە كارلىرى سىلىنىڭ؟

— نېمىشقا كارىم بولمايتتى؟ سالتاڭ بايتالغا ئوخشاپ قاپىلا، ئالتۇن جابدۇقلىرى قېنى، دەۋاتىمەن... ياكى ئۆزى ياش، بوينى يوغاندىن بىرسى ئۇچراپ قالغان بولسا، ياشچىلىقتا ئۇستەك سېلىۋەتتىلىمۇ يا؟

كۈندىشىنىڭ زەھەردەك گەپلىرى خانىشنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ

كەتتى. يېقىندىن بېرى بۇ ئايال خانىشقا ئۇچرىغانلا يەردە ھۇجۇم قىلىپ، زەھەردەك يامان گەپلەر بىلەن جېدەل تېرىشقا، ھەتتا چاچ يۇڭدىشىپ ھاجىنىڭ ئالدىغا سۆرىشىپ كىرىشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ھازىرقى شارائىتتا ئايخېنىم بىلەن سوقۇشۇپ جېدەل چىقىرىش خانىش ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى. بولۇپمۇ ئارىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ، قانۇنىڭ ئالدىغا چىقىدىغان ئىش بولسا، ئايخېنىم مۇتلەق غالىب كېلەتتى. خانىش ساختىا توي خېتى بەدىلىگە خوتۇن ـ بالىلىرى بار ئادەمگە تېگىۋالغان، باشقىلارنىڭ ئۆيىنى بۇزغان بولۇپ چىقاتتى. شۇڭا، ئىمكان بار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، پۇرسەت كۈتۈشى لازىم ئىدى.

— ئۇنلىرى ئىچىلىرىگە چۈشۈپ كەتتىمۇ، پەرىزىم توغرا چىقىپ قالدىمۇ يا؟ — ئايخېنىمنىڭ چىرقىراق ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. خانىش خۇددى زەھەر يۇتۇۋالغاندەك تولغىنىپ تۇرسىمۇ، چىداپ كۈلۈمسىرەشكە تىرىشتى:

— مەن تېخى كىچىك، خان ئاچا، ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئۇستەك سېلىشنى بىلمەيدىكەنمەن.

— ھىم! — ئايخېنىم دىمىقىنى قاقتى، — بىلمەس ئىمىش تېخى، سىلىدەك چوققىسىغا رومال سالمايدىغان، يوپكىسى تېقىمىنى ياپمايدىغان سەتەڭلەرنىڭ بىلمەيدىغان نېمىسى بار؟ دېسەم ـ دېمىسەم بىر ئىش بار سىلىدە.

خانىش يامان گەپ ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، ئايخېنىمدىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇنىڭ يېنىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ھۇجرىسى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ قىزىلگۈل بەرگى رەڭگىدىكى ھۇجرىسىغا كىرىپ سومكىسىنى بىر يانغا، كۆزئەينىكىنى بىر يانغا تاشلاپ ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى... قىيا ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن ئۇنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئۆچۈپ، ھۇجرا ئىچىگە گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق يامراۋاتقاندا «غىچ...» قىلغان سوزۇق ئاۋاز بىلەن ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. ھاجىنى كەلدى دەپ

ئويلىغان خانىش ئۇ ئادەمنى ئەمەس، بەلكى يادىكار خېنىمنى كۆردى.

— يالغۇز يېتىپ قورقۇپ كەلدىمۇ، جومباق؟ — يادىكار خېنىم چۈۋۈق چاچلىرى ئارىسىدىن خانىشقا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قارىدى، — قورقما، ناۋادا ھاجىم كەلمەي قالسا، بىز ساڭا قونۇشۇپ بېرىمىز. بىز سېنى باغاشلاپ ئۇخلىتىپ قويىمىز.

خانىش يىغىدىن توختاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— گەپلىرىنى ھېچ ئۇقالمىدىم، بىز دېگەنلىرى كىملەر؟

— بىزنى بىلمەمسەن؟ — يادىكار خېنىم ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى ھەم تۇيۇقسىز بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن رومىلىنى تاشلاپ، ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىنى چۈۋۈشقا باشلىدى، — سەن بىتاھارەت، بىناماز خوتۇن بىزنى بىلەلمەيسەن، بىلسەڭ بىز تۈن كېچىسىنىڭ پەرىزاتلىرى. بىز كېچىسى پەرۋانە بولۇپ يۈرۈپ ئېرى تاشلىۋەتكەن بەتبەخت ئاياللارغا يىغلىشىپ بېرىمىز. قايلا، بۈگۈن سېنىڭ يېنىڭغا كەلدۇق، ماڭا ئېيتە، ساڭا نېمە بولدى؟

— توۋا، — خانىش كەينىگە داجىپ كىيىم ئىشكاپىغا يۆلىنىپ قالدى. يادىكار خېنىم چاچلىرى چۈۋۈلغان، كۆزلىرى دەھشەت تۈس ئالغان ھالدا خانىشقا يېقىنلاپ كەلدى:

— توۋا دېدىڭمۇ؟ سەن ئەمدى توۋا قىلامسەن؟ — يادىكار خېنىم كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ خانىشقا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ھۇجرىنىڭ تورۇسىغا تىكىلدى، — كېلىڭلار... كېلىڭلار... ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ھەلقىگە ئېلىپ بېرىڭلار!

خانىش كۆز ئالدىدىكى ئايالنىڭ تاقىت ـ تۇققا گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يەنە كېسىلى ئەدەپ قالغانلىقىنى كۆردى. بۇ ئايال مۇشۇنداق ئىدى. قىلىۋاتقان گەپلىرى ھېلى ئوڭ، ھېلى تەتۈر. ھالبۇكى، كىشىنىڭ كۆلكىسىنى قىستايدىغان يېرى، بۇ خوتۇن ھەمدۇللا ھاجىنى كۆرگەندە گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى. ھاجى سىرتتىن قايتىپ كەلگۈدەك بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا

يۇگۈرۈپ بېرىپ ۋالاقلاپ كۈلەتتى. ھاجى بولسا بۇ خوتۇنغا پەرۋاسىز، خۇددى كوچىدا ئۇچراپ قالغان ناتونۇش ئازغۇنغا مۇئامىلە قىلغاندەك، بۇياندىن گەپ سورىسا، ئۇياندىن جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭغا گۆلىيىپ قوياتتى. ھەتتا «ماڭ، ئۆيۈڭگە كىرىپ كەت، مۇشۇنداق پەلىپەتىش گەپ قىلىپ ئادەمنىڭ ئارامىنى بۇزىدىغان بولساڭ، يەنە ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ سولىتىۋېتىمەن، سېنى!» دەپ قورقۇتاتتى ياكى خىزمەتكارلارنى بۇيرۇپ ئۇنى ئۆزىدىن نېرى قىلاتتى. بۇنداق ئىشلار تەكرارلانغانسېرى، خانىشنىڭ تېخىمۇ ئىچى پۇشاتتى. بۇ ھەشەمەتلىك قورۇدا شەھەردىكى كاتتا مىليونېرلارنىڭ بىرسى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە كوندىش ساراڭ خوتۇنلار بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقاندەك بىئاراملىق ھېس قىلاتتى. شۇڭا، ھاجىغا ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۇنى يەنە روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىۋەتمەكچى بولدى. بىراق، بۇ ئىشقا ئەنقەر ئارا تۇرغاچقا ھازىرغىچە ئىشقا ئاشماي كەلدى. شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلى ئەنقەر بىلەن خانىشنىڭ ئارىسىدىكى سوغۇقچىلىق كۈچەيدى. ئەنقەر ھازىر خانىشنىمۇ ئايخېنىم بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ، ئوخشاشلا ئۆگەي ئانا، ئوخشاشلا كۈشەندىمىز، دەپ ئويلىسا كېرەك...

قورۇدىكى باياشات تۇرمۇش مانا مۇشۇنداق داۋاملاشماقتا. ئايخېنىمنىڭ رۇخسەتسىزلا بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشى بۇ ئائىلىنى تېخىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى... خانىشنىڭ خىيالىغا توساتتىن بىر ئەقىل كەلدى، ئۇ بۇ روھىي مەجرۇھ ئايالنى نېمىشقا ئايخېنىمغا كۈشكۈرتۈپ قويمايدۇ؟ نېمىشقا ئاشۇ ئىككى خوتۇننى زىندىيەتكە سېلىپ، ئۆزى بىر چەتكە چىقىۋالمايدۇ؟ خانىشنىڭ توساتتىن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ناۋادا ئاشۇ ئىككى خوتۇننىڭ دۈشمەنلىكى كۈچىيىپ بىر - بىرسىنىڭ بېشىنى يېسە...

— خېنىم ئاچا، خېنىم ئاچا، ماڭا قارىسىلا، — كۆڭلىدىن

بىر ھىيلە ـ مىكىر كەچكەن خانىش بايىقى قورقۇمسىراشنىڭ ئورنىغا كۈلۈمسىرىدى، ـــ سىلەر ھەلقىگە ئالىدىغان ئادەمنى ئۆنتۇپ قالمىغانلا؟

ـــ نىمە دەيسەن، نىمە دەيسەن؟

ـــ ھەلقىگە ئالىدىغان ئادەم مەن ئەمەس، سىلىنىڭ دۈشمەنلىرى ئايخىنىم !...

ـــ ئايخىنىم؟ !

ـــ ھەئە، ئۆز ۋاقتىدا ھاجىمنى سىلىدىن تارتىۋالغان ھىلىقى سەھرالىق ئايخانچۇ ! سىلىنى ئاشۇ خوتۇن مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى !

يادىكار خىنىم بىر ئىزدا تۇرۇپ قالدى. قىزىلگۈل بەرگى رەڭ ھۆجرىنىڭ تورۇسىدىكى قاپارتما نەقىشلەرگە تىكىلىپ بىر ئىشلارنى ئەسلىگەندەك قىلدى. ئاندىن كەينىگە بۇرالدى. خانىش ئۆز نازاكىتىگە قىلچە ماس كەلمىگەن بىر خىل غالىبلىق بىلەن كۈلۈمسىرىشىدە قالدى. ئۇنىڭ جازىبىلىك كۆزلىرىدە ھىيلە ـ مىكىر زەررىچىلىرى پارلايتتى. شۇنداق، تۇرمۇشتا دۈچ كېلىۋاتقان قاتمۇ قات زىددىيەتلەر، پۇل ـ بايلىق ۋەسۋەسىسى بۇ ياش، گۈزەل ئايالنىڭ قەلبىدە رەزىللىك ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرماقتا ئىدى.



# ئون سەككىزىنچى باب

## 82

دەردمەنلەرنىڭ كۆز يېشىدەك سىم ـ سىم يامغۇر شەھەر كوچىلىرىنى يۇماقتا ئىدى. يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى بىلەن خوشلاشقان دەل ـ دەرەخلەر سىم ـ سىم يامغۇردا يۇيۇنۇپ كۆزنى كۆتۈۋالغانىدى. شەھەر كوچىلىرىدا سەپ ـ سەپ بولۇپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارمۇ يامغۇرلۇق كۈندە ئاستا يۈرۈشەتتى.

ئەنقەر ساقچىخانىنىڭ تېلېفوندا قىلغان جىددىي ئۇقتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، دەرھال ماشىنىنىڭ رولىنى بۇرىدى. ئۇلۇغ يۈنىلىشنى بويلاپ بىرنەچچە يول بۆلىكىدىن ئايلانغاندىن كېيىن ساقچىخانىغا يېتىپ كەلدى. بۇ دەقىقىلەردە ئەنقەرنىڭ ئۈچەي دەپ قالغان ئۈمىد شامى قايتا نۇرلانغانىدى. ساقچىلار ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالغان، ھېچبولمىغاندا بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشكەنلىكى ئۇچۇن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەنقەر مۇشۇ تاقەتسىز مىنۇتلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندا ماشىنىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ بېرىپ، رەنانى — يىتتۈرۈپ قويغان ئوغلىنىڭ دەردىدە چېھرىگە بىر كۈنمۇ كۈلكە يۈگۈرۈپ باقمىغان ئايالىنى ئېلىۋېلىشنى ئويلىغانىدى. بىراق ئەنقەر تاقەتسىزلەندى، رەنانى ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ قالدى. بىر سېكۇنت بولسىمۇ ساقچىخانىغا بالدۇرراق بېرىشنى، بولسا ئوغلىنى شۇ يەردە كۆرۈشنى، ھېچبولمىغاندا ساقچىلارنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئۇچۇر، بىرەر ياخشى گەپ ئاڭلاشقا ئالدىرىدى.

ساقچىخانا ھامان سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ساقچىلارنىڭ قاش ـ

قايتقى سىلىنغان، كەيپىياتى جىددىي ئىدى. ئەنقەر يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان مەيداندىن ئۆتۈپ، ساقچىخانا خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە، ئۆزىگە تونۇش ئىككى ـ ئۈچ ساقچى قولىغا كويزا سېلىنغان بىر ئايالنى ھەيدەپ چىقتى. ساقچىلارنىڭ ئالدىدا تۈگۈلۈپلا قالغان بۇ قىرىق ـ قىرىق بەش ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى قارا قومچاق ئايال بولۇپ، قارا گىرىپ ياغلىق ئاستىدىكى ئوغرى كۆزلىرىدىن بىر خىل شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى. ساقچىلار ئايالنى ھەيدەپ ئاپىرىپ كۆزنەكلىرى رېشاتكىلانغان مەخسۇس ماشىنىغا چىقاردى. ئاندىن ئەنقەرنى بىر چەتكە چاقىرىپ بەزى ئەھۋاللارنى ئۇقتۇردى:

— بۇ ئايال تونۇگۈن كەچ دوختۇرخانىنىڭ تۇغۇت بۆلۈمىدىن بىر بوۋاقنى ئوغرىلىقچە كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئامانلىق ساقلىغۇچىلىرىمىز تۇتۇۋاپتۇ. ئەكىلىپ سوراق قىلساق، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر بوۋاقنى مۇشۇنداق يوللار بىلەن ئېلىپ قېچىپ، تۇغماس ئاياللارغا بېقىپ بەرگەنلىكىگە ئىقرار بولدى. بىرىنچى قېتىم دېلو سادىر قىلغان ۋاقتى سىزنىڭ بالىڭىزنىڭ يوقاپ كەتكەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ... ئىنچىكىلەپ سوراق قىلساق، خان كوچىسىدىكى بىر ئايالغا ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى.

— خان كوچىسى؟ — ئەنقەر يۈز ـ كۆزىگە تاراسلاپ تېگىۋاتقان يامغۇردىن ئەندىكتى، — ئۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى، ئىسمىنى بىلەمدىكەن؟

— بىلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇنچە زىغىرلاپ سورىساق، ئېيتىپ بېرەلمىدى.

ساقچىلار بىردەم جىددىي سۆزلەشكەندىن كېيىن، ماشىنىغا چىقىشتى. ئەنقەرمۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۇلارغا ئەگەشتى.

خان كوچىسى خارابىلىككە ئايلانغانىدى. بۇ يەردىكى كۆچۈرۈش ـ چېقىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقان بولۇپ، مىڭ يىللار مابەينىدە شەكىللەنگەن ئاشۇ ئەگرى ـ بۈگرى

كوچىلارنىڭ ئورنىغا يېڭى يوللار، ئۆيلەر پىلانلانغان بولغاچقا، بۇرۇنقى ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى پەرقلەندۈرۈش ئاسان ئەمەس ئىدى. بالا ئوغرىسى ئايال ئالدىدىكى خارابىلىككە قاراپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. بۇنداق بولغاندا دېلودا ئىلگىرىلەش بولمايتتى. ساقچىلار سىم ـ سىم يامغۇردا گۇماندار ئايالنىڭ ئاغزىغا قاراپ خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، سەل جىلە بولغاندەك تەئەددى بىلەن دېدى:

— سەن بالا ئوغرىلىغانلىقىڭنى ئىقرار قىلىپ، ئىقرارنامەڭگە بارماق بېسىپ بولدۇڭ. ئەمدى بۇنداق بىزنى بېزىرىپ تۇرساڭ ئۆزۈڭگە پايدىسىز، سولاقتا ئۇزاق يېتىپ كېتىسەن. شۇڭا، كۆزۈڭنى يوغانراق ئاچ، بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ماسلاشقىن!

قورقۇپ قارىداپ تۇرغان ئايال ساقچىلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ خارابىلىكلەر ئارىسىدا تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن خان كوچىسىغا ئىچكىرىلەپ خېلى بىر يەرلىرىگىچە ماڭدى. كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ئېچىلىپ، كېرەكلىك ياغاچ ـ تاشلار يۆتكەپ كېتىلگەن، دەرۋازىلىرى قومۇرۇلۇپ، خىش ـ كېسەكلەر بىر تەرەپ قىلىنىۋاتاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتسە، بۇ كوچىلار، بۇ شەھەر تەلتۆكۈس تۈزلىنىپ، قەدىمىي كوچىلارنىڭ، تارىخنىڭ ئىزنالىرى پاك ـ پاكىز يوقىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كوچىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ماشىنا بىلەن مېڭىش مۇمكىن بولماي قالدى. كوچىغا قالايمىقان تاشلانغان تاش ـ داشقاللار، پورلاشقان، سۇنغان كونا ياغاچ قالدۇقلىرى ھە دېگەندە يولنى توسۇپ قويىدى. بۇنىڭ بىلەن يولنىڭ ئاخىرى پىيادە مېڭىش بىلەن داۋاملاشتى. ئەنقەر خىش ـ كېسەك پارچىلىرى بىر ئالغان كوچىدا پاتقاق كېچىپ ساقچىلارغا ئەگەشتى. مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ ئۆچەي دەپ قالغان ئۈمىد شامى تۇساتتىن مەشئەلگە ئايلاندى. ئۇزۇلەي دەپ قالغان دىل رىشتى ناتىۋان

ئوغلىغا قايتا باغلاندى. ئاھ، ئون نەچچە ئايدىن بۇيان نارەسىدە ئوغلىنىڭ دەردىدە كەلگەن بولغان يىغا قىيانىمۇ تارامىلاپ ئېقىپ، ھالا بوگۆنكى كۈنگە كەلگەندە قۇرۇپ تۈگەي دېدى. ئۇيقۇسىز ئۆتكەن تالاي كېچىلەر، بىرەر يىپ ئۇچى ئىزدەپ ھەريان چاپقان سانسىز كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. مانا بۈگۈن تۇيۇقسىز بىر خەۋەر كەلدى. ياش ئاتا - ئانىلارنى زار - زار يىغلاتقان يالماۋۇز بالا ئوغرىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا — ساقچىلارنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ. ئەمدى بۇ يالماۋۇز ئايال ساقچىلارنى بالىنى يوشۇرغان يەرگە باشلاپ بارسا، بالىنى ساق - سالامەت قايتۇرۇپ بەرسە... ئەنقەر ئۆزىنى ئوغلىغا ئاتسا... ئوغلىنى قولىغا ئېلىپ، پۈتۈن دۇنيانى — پۇل - بايلىق، رەزىللىك، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر، ئۆچ - ئاداۋەت... ھەممىنى ئۇنتۇپ، يوگۇرگەن پېتى ئۆيگە بارسا... ئۆيدە مۇشۇ كۈننى كۈتۈپ ئولتۇرغان رەنا بىلەن بىرلىكتە ئوغلىنى قۇچاقلاپ، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكسە، ئاندىن ئاتا - ئانا بىلەن بالا ئۇچەيلەن ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەست، ئۆچمەنلىك بولمىغان بىر ماكانغا كېتىپ ئازادە، جىمجىت تۇرمۇش كەچۈرسە...

گۇماندار ئايال تاملىرى كونا خان ئوردىسىنىڭ سېپىلىدەك ئېگىز بىر قورۇنىڭ يېنىدىكى، تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدەك پاكار، تاملىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان بىر ۋەيرانچىلىق ئالدىدا توختاپ قالدى.

— مۇشۇ ئۆي شۇمىدى؟ — سورىدى ئايال ساقچى.

— شۇمىكىن دەيمەن.

— مىكى - مىكى گەپ قىلماي، كۆزۈڭنى يوغانراق ئېچىپ، ئوبدان قارا! — دېدى مەسئۇل ساقچى بۇيرۇق ئاھاڭدا، — سەن بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى بىلەن قانداق تونۇشقان؟ بالىنى مۇشۇ ئۆيگە ئەكېلىپ بەرگەنمۇ؟

— مەن مۇشۇ ئۆيدىكى بىر روپاش ئايالنىڭ ئۆيىدە ئىككى

ئايدەك ئىجارە ئولتۇرغان. شۇ كۈنلەردە ئۇ ماڭا بىر ئوغۇل بوۋاق بېقىۋېلىشقا ياردەملىشىشنى، ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولسا، ئوبدان رازى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەم ئالدىن ئىككى يۈز كوي پۇل بەردى. مەن بۇ ئىشقا ماقۇل بولۇپ، ھەر كۈنى دوختۇرخانىغا باردىم. تۇغۇت كۆرسەتكۈچى بېرىشكە بولمايدىغان ياكى نىكاھسىز تۇغۇلۇپ قالغان ئوغۇل بالىدىن بىرنى ئۇ ئايالغا بېقىپ بەرمەكچى بولدۇم.

— كېيىنچۇ، كېيىن قانداق قىلدىڭ؟

ئايال جىم بولۇۋالدى. جىنايىتىدىن قورققاندەك، يامغۇر تامچىلىرىدا ھۆللەنگەن شالاڭ كىرپىكلىرىنى جۇپلەپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

— گەپ قىلە، بىزگە ماسلاشساڭ كەڭچىلىككە ئېرىشىسەن!

— شۇنداق، گەپ قىل دەيمەن!

ئايالنىڭ ئۈنى چىقتى:

— شۇنداق قىلدىم، بوۋاقلار كۆرپىسىنى قولتۇقلىغىنىمچە ھەر كۈنى دوختۇرخانىغا باردىم. كېسەل باققۇچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ساقلاپ ئولتۇردۇم. بىر ھەپتە ئۆتتى، ئىككى ھەپتە ئۆتتى. لېكىن، ئۇ يەردە بالىنى تۇغۇپ تاشلىۋېتىدىغان ئەخمەقلەردىن يوق ئىكەن. تۇغۇت كۆرسەتكۈچى ئالالماي يەڭگەنلەر بولۇپ قالسا، بالىنى يات ئادەملەرگە بەرمەي، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ياكى يېقىن تونۇش - بىلىشلىرىگە بېرىدىكەن. پەقەت بولمىسا، نەچچە ئون مىڭ كوي جەرىمانە تۆلىسىمۇ، چىشىنى چىڭ چىشلەپ ئۆزى باقىدىكەن...

— سەن سورىمىغان گەپنى قىلىپ تولا گەپ ئاۋۇتماي، ئۆزۈڭنىڭ نېمە قىلغانلىقىڭنى ئىقرار قىل!

— ماقۇل، ماقۇل... مەن ئىقرار، دوختۇرخانىدا تولا ساقلاپ تاقىتىم توشتى. خەقنىڭ پۇلىنىمۇ خەجلەپ تۈگىتىپ يەنە قەرزدار بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن نىيىتىم بۇزۇلدى.

بىر ياتاقتا كىرىپ كېسەل باققۇچىلارنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىنغان بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈپلا غىپپىدە ئارقا پەشتاقلاردىن پەسكە چۈشتۇم، گۈللۈكنىڭ چېتىدىكى خىلۋەت كوچىلاردىن مېڭىپ دوختۇرخانىدىن چىقتىم. قىرقىراپ، ئىڭەلەپ يىغلاۋاتقان بوۋاقنى قۇچاقلاپ تاكسىغا ئولتۇرۇپ مۇشۇ كوچىغا، مۇشۇ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدىم... ئۆي ئىگىسى تولا مىننەتدار بولۇپ ماڭا يەنە بەش يۈز كوي بەردى. ئۆي ئىجارىسىنى كۆتۈرۈۋەتتى. مەن ئىشنى ئىز قالدۇرماي تۈگەتكەن بولسامۇ، قورقۇنچۇم بېسىلمىغاچقا، بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ كەتتىم...

ساقچىلارنىڭ يەنە بېشى قاتتى. ئەنقەرنىڭ تەقەززاسىمۇ رېئاللىق ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. ئۇ بايا بىر قاراپلا بۇ ئېگىز تاملىق خارابىلىكنىڭ دادىسىنىڭ ھويلىسى ئىكەنلىكىنى، ماۋۇ پاكار تاملىق بولسا دادىسىغا قوشنا ئولتۇرغان بىر تۇل ئايالنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى.

مەسئۇل ساقچى گۇماندار ئايالغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارىدى:

— سەن بىزنى بالا بېقىۋالغان ئاشۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە ئاپارماي، نېمىشقا بۇ ئادەم يوق كوچىغا، ئادەم يوق ئۆيگە باشلاپ كېلىسەن؟!

— ۋۆي، مەن ھازىر ئۇ روپاش خوتۇننىڭ نەدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلمىسەم!

— سېنىڭ ئۇ روپاش ئايال بىلەن ھازىرمۇ باردى - كەلدى قىلىشىدىغانلىقىڭنى كىم بىلمەيدۇ!

— توۋا دېسىلە، ساقچى! مەن شۇ كۈنىلا ئالغۇلۇقۇمنى ئېلىپ بۇ ئۆيدىن كەتكەن.

— يالغان گەپ قىلما!

— خۇدا ھەققى! مەن ھازىر ئۇ خوتۇننىڭ نەدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئىللاتاۋارا بىلمەيمەن!

— قەسەم قىلىشقا ئەجەب ئۇستا ئىكەنسەن... خۇددى گۇناھى كەبىردىن خالىي، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىبادەت قىلىپ، ئىبادەتتىن چۈشمەيدىغان بۇۋىلەردەك...

— بىلسەم دەپ بەرمەيمەنمۇ، قايىلمىسىلا.

ساقچىلار ئىككىنچى قەدەمگە يول ئالدى. ئەمدىكى گەپ بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى بولغان تۇل ئايالنى تېپىشتا قالغانىدى.

ئوغلىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە تولا ئالدىراپ كەتكەن ئەنقەر دادىسىنى، ئۆگەي ئانىسى ئايخېنىمنى ئىزىسىگە ئالدى. بالا ئوغرىسىنى بالا بېقىپ بېرىشكە بۇيرۇغان تۇل ئايال ئاشۇ كۈنلەردە ئايخېنىم بىلەن قوشنا ئولتۇرغان بولغاندىكىن، ئۇ ئايالنىڭ ھازىر قەيەردە ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلىشى مۇمكىن ئىدى.

## 83

ئۆيدىكى مەزلۇملارنىڭ غوۋغاسى ھەمدۇللا ھاجىنىڭ بېشىنى ئوچاق قىلىۋەتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇپپىيانە دۈشمەنلىشىش كۈچىيىپ كەتكەن، ھە دېگەندە بىر - بىرىنى ئورىغا ئىتتىرىپ كۆزىدىن يوقىتىشنىڭ كويىدا يۈرەتتى. ھاجى ئۈچ خوتۇننى بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ زىددىيەتنى پەسەيتمىسە، ئۆزىگە خاپىلىق تېرىۋالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئايخېنىمنى باشقا جايغا كۆچۈرۈش، ئاندىن يادىكار خېنىمنى قايتا داۋالىتىش باھانىسى بىلەن ھېلىقى دوختۇرخانىغا ئاپىرىۋەتسە، ھاجىنىڭ بېشىدا كۆيۈۋاتقان ئوت پەسىيىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى... ھاجى شۇ نىيەتلەر بىلەن ئايخېنىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى.

— كىرىپ قاپتىلىغۇ؟ — ئايخېنىم ئوچۇق تۇرغان ئارقا دېرىزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، قاش - قاپاقلىرىنى ئۈچۈرۈپ ھاجىغا تەتۈر قارىدى.

— كىرسەم بولمامتى؟ — ھاجى سۆت رەڭ يىپەكتىن تىكىلگەن كىچىلىك كىيىمىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋاتقاندەك ئۆششاق ھەرىكەتلەر بىلەن، قەدىرسىز مېھمان كەبى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى.

— ئادەتتە كىرىپ قويمايتتىلە، — دېدى ئايخېنىم تەنە قىلىپ، — ھېلىقى خانىشلىرى يوتقاندىن قوغلىمىغاندۇ؟!

ھاجى دەماللىققا قىلغىلى گەپ تاپالمىغاندەك، بىر پەس سۈكۈت قىلدى. كېيىن ئېغىر ئاھاڭدا ئېغىز ئېچىپ:

— ئولتۇرسىلا دەيدىغان گەپمۇ يوقمۇ؟

— كۆڭۈللىرى!

ھاجى ئايال كىشىنىڭ ئالدىدا خارلىقتا قېلىۋاتقاندەك ئىززەت - نەپسى بوغۇلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇپ ئاستا قەدەم بىلەن ئۆيگە ئىچكىرىلەپ كىردى - دە، ئايخېنىمنىڭ ئىلگىرىكىدەك قوشلاپ كۆرپە سېلىپ ھۆرمەت - ئىلتىپات كۆرسىتىشكە كۆزى يەتمەي، پولدىكى گىلەمگىلا چازا قۇرۇپ ئولتۇردى.

مەزلۇمنىڭ قاش - قاپىقى تۈرۈلگەن، گەپ - سۆزلىرى تۇزلۇق بولغاچقا، ئارىنى سۈكۈت باستى. پەقەت ئىچكىرىكى ھۇجرىدا خەقىش قىلىۋاتقان بالىلار، بالا باققۇچى ئايالنىڭ بالىلارنى پەپىلەشلىرى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ ئايخېنىمنىڭ ئىستىھزالىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— گەپلىرى بولسا دەۋەرسىلە، سىلى ئەر كىشى بولغاندىكىن...

ھەمدۇللا ھاجى قولىغا مۇشت بولۇپ تېگىۋاتقان گەپلەردىن ئەندىككەندەك بېشىنى كۆتۈردى. ئايخېنىم تېخىچە ھاجىغا تەتۈر قارىغىنىچە دېرىزە ئالدىدا تۇراتتى. ھاجى مەزلۇم كىشىنىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك دۇدۇقلاپ ئېغىز ئاچتى:

— ئۆزلىرى بالىلار بىلەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن

كېيىن ھالللىرىدىن تېخىمۇ ياخشى خەۋەر ئالارمەن دەپ ئويلىغان، بىراق ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن دېمىسەممۇ سىلى ھەممە ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدىلا، شۇڭا باللار بىلەن سىلىنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ...

— باشقا جايغا كۆچۈرۈپ؟! — ئايخېنىم شاققىدە بۇرۇلۇپ ھاجىغا يۈزلەندى، — مەن سىلىنىڭ بۇ ھەشەمەتلىك خانىلىرى ئىچىگە ياراشماي قالغان ئوخشىمامدىمەن، ھاجىم؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — ھەمدۇللا ھاجى ئاۋازىنى پەسرەك قىلىشقا تىرىشىپ چۈشەندۈردى، — بىراق كۆرۈۋاتىدىلا، ئۆزلىرى خان كوچىسىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ھەممە ئىشلار نورمال، ئۆز تەرتىپىدە كېتىۋاتاتتى، سىلىنى ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر يوقلاپ تۇرالايتتىم، ھازىر ئۇنداق بولماي قالدى. سىلى كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى سىلىنىڭ ھالللىرىدىن خەۋەر ئېلىشىم بىئەپ بولۇپ قالدى. ئەتراپىمىزدا كۈنداش كۆزلەر تىكىلىپ تۇرغان بولغاچقا، كۆڭلۈم تارتسىمۇ، ھالىڭلا نېچۈك، خوتۇن، دېيەلمىدىم. شۇڭا...

— ئۇ ئىش ئۆزلىرىگە باغلىق، قەيەرلىرى ئەركەك سىلىنىڭ؟

— سىلىنىڭ ئەركەكلىكىمنى سوراشلىرى ھېلىھەم ھاجەت ئەمەس، خېنىم. ھازىر ئىش مۇرەككەپلىشىپ قالدى.

— قانداق مۇرەككەپ ئىش ئىكەن ئۇ؟ ئۇنتۇپ قالمىسىلا، مەن سىلىنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنلىرى، جۇما، ھاجىم! — ئايخېنىم تومپۇچكا ئۈستىدىن بايىلا قولىغا ئېلىپ تاشلاپ قويغان توي خېتىنى ھاجىغا كۆرسەتتى. ھاجى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قىپقىزىل قەغەزگە قارىدى. كۆچلۈك چىراغ نۇرىدا چاقناپ تۇرغان ئالىقاندەك بىر پارچە قىزىل قەغەز ھاجىنىڭ كۆزىگە ئوت بولۇپ يانغاندەك كۆرۈندى. خوتۇنلىرى دەستەك قىلىپ كۆزىگە كۆرسىتىۋاتقان بۇ توي خەتلىرىنىڭ زادى

قايىسى راست، قايىسى ساختا... بۇنى دەماللىقا ئېسىگە ئالالماي قالدى. ھاجى قىزىل خەتكە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، سەل بوشاشقان، ئوڭايسىزلانغانچە ياۋاش ئاھاڭدا ئېغىز ئاچتى:

— ئۇ قۇرۇق قەغەزنى كۆرسەتمىسىلىرىمۇ، بەربىر سىلى مېنىڭ ئاززۇلاپ ئالغان خوتۇنۇم. ھازىرقى گەپ سىلى مېنىڭ گېپىمنى ئىلىك ئېلىپ، كۆچۈپ تۇرسىلا. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى مەن ئوبدان جۆندەپ، بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ھاللىرىدىن كۆڭۈلدىكىدەك خەۋەر ئالىمەن.

— ئەمدى كۆچىدىغان خوتۇن مەن ئەمەس، نۆۋەت ئاۋۇ بىژمىخانىغا كەلدى. ئۇنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەمدىكەنلا يا !؟

— ئۇنىڭ يالغۇزلۇقىنى بىلىلىغۇ، يالغۇز خوتۇنغا تالادا ئۆي تۇتۇپ بەرسەم، ھەقەمسايە، قولۇم ـ قوشنىلار نېمە دەيدۇ؟ تىزىغا شاپىلاقلاپ مېنى مازاق قىلمامدۇ؟

— كىم ئۇ خوتۇننى ھازىرغىچە تۇغماي، سالتاڭ يۈرسۇن دەپتۇ؟ ياكى قورساق كۆتۈرسە، تۇغۇپ ياتسا، سىلىنىڭ باشقا خوتۇنغا ئۆگىنىپ قېلىشلىرىدىن ئەنسىرەمدىكەن؟ — ئايخېنىمنىڭ ئەزەلدىن ھاجىغا بولغان زىيادە ئىززەت ـ ئىكراملىرى، شېرىن ـ سۆخەن گەپلىرى بۇ ئادەمنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ كەلگەندى. ئەمما، بۈگۈن قورساق كۆپۈكىنى ئېلىگىرى ـ كېيىن چىقىرىۋالدى. يامان ـ ياۋىداق گەپلىرى بىلەن ھاجىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە تەگدى. ھاجىنىڭ ئاجىزلىق يېرىنى تۇتۇۋالغاندەك كۆكسىنى كېرىپ، بولدى دېگۈچە ئۆرىلىك قىلدى، — ئون نەچچە يىلنىڭ بۇ تەرىپىدە ۋاي ھاجىم ـ مەخسۇم دەپ ئۇۋاقلىرىنى يەرگە چۈشۈرمەي كەپتىكەنمەن، لېكىن سىلى قېرىغانسېرى قىلىقسىزلىشىپ، يەنە كۆزۈمگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالدىلا. ئاشۇ خوتۇنىنىڭ گېپىگە كىرىپ مېنى شەھەرنىڭ كۆك نامراتلىرىغا، تىلەمچى، قەلەندەرلەرگە پىلانلاپ سېلىنغان

كاتەكىتەك ئۆيدە ئولتۇرۇشقا قىستىدىلا... ئەمدى يەنە قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ سىلىگە؟ سىپتىۋالغان قولىدەك خىزمەتلىرىنى قىلدىم. قىز تۇغسام هال تارتتىلە، ئاخىر ئوغۇلمۇ تۇغۇپ بەردىم، هازىر پوكانلىرىغا تىكىپ يۈرگەن كۈرۈك مېكىيانلىرى نېمە قىلىپ بەردى؟ ياكى خۇپيانە ئالتۇن كاكىلاپ بېرىۋاتامدۇ؟ ! شۇڭا هەرقانچە ئالتۇن كاكىلاپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ چىقىپ دېسىلە، ئەمدى ئاشۇ خوتۇن كۆچسۇن. بولمىسا هۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ دېيىشىمەن، ئۇستىلىرىدىن سوتقا ئەرز قىلىمەن !

ياپىرىم... هاجى بېشى قايغاندەك، يەرنىڭ قەرىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. تۇرغان يېرىگە مىخلىنىپ قالغاندەك خېلى ئۇزاق تۇردى. كېيىن ئاستا مىدىرلاپ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەۋاتقان ئايخېنىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى، ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كارىدورغا چىقتى... بۇ خوتۇندىن كۆڭلى ئاغرىغاندا ئۇ خوتۇندىن تەسەللى تاپماقچى بولغاندەك، ئايخېنىمنىڭ يېنىدىن چىقىپ، قىزىلگۇل بەرگى رەڭگىدىكى ياسىداق هۇجرىسىغا كىرىپ، خۇش مۇئامىلە تەمەسسىدە خانىشقا تەلمۈردى. كېچىلىك كىيىمى بىلەن كارىۋاتتا يېرىم ئۆرە بولۇپ ئولتۇرغان خانىشنىڭ چىرايى توساتتىن هاۋا بۇزۇلغاندەك سوغۇق تۈس ئالدى. هاجىغا تەتۈر قارىغىنىچە كارىۋاتنىڭ لېۋىگە ئۆزىنى تاشلاپ يوتقاننى ئايرىدى. هاجى بۇ خوتۇننىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ كارىۋاتنىڭ بۇ تەرىپىدە هەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. هاجى چۈشەندى، خانىش هاجىنى ئايخېنىمدىن كۈنلەپ ئۇنى ئايخېنىمنىڭ هۇجرىسىدا كۆڭلىنى خۇش قىلىپ چىقتى دەپ ئويلاپ قالغان، نەپرەتلەنگەن هەتتا يىرگەنگەنىدى. هاجى ئەمدى قانداق قىلسۇن؟ بولغان ئەهۋالنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرسۇنمۇ؟ ئۇنىڭغا يېلىنسۇنمۇ؟ ياق ياق، هاجى ئېغىر خورلۇق تارتتى. ئۆزىنى مەندۇرمەن دەپ يۈرگەن ئەرلىك سۆلەت، كىبىرى، غۇرۇرى خوتۇن كىشىنىڭ ئالدىدا دەپسەندە بولغاندەك ئېغىر تىندى. قاققان قوزۇقتەك بىر

ئىزىدا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا كەينىگە يېنىپ كارىدورغا چىقتى. پۈتمىدىكى ساپما كەشنى شىپىلداتقىنىچە پەلەمپەيلەردىن تۆۋەنلەپ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن بىرىنچى قەۋەتكە چۈشتى. بىنا ئالدىدىكى گۈللۈككە چىقىپ غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

كۆز كۆنلىرىنىڭ سوغۇق كېچىسى كىشىنىڭ غولىنى قورۇيتتى. سىقىلىش، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە كۆكرىكى ئېغىرلاشقان، نەپسى قىسىلغان ھاجى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، غازاڭ بولۇش ئالدىدا تۇرغان گۈللۈكنى ئايلىنىپ يۈردى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە نە گۈللەرنىڭ رەڭگى، نە گۈزەللىكى كۆرۈنمەيتتى. سوۋۇپ كېتىۋاتقان ھاۋادا بۇ گۈللەرنىڭ ھىدىمۇ پۇرىمايتتى. نەۋ باھاردا بۇ گۈللەر بۇنداق رەڭسىز، پۇراقسىز ئەمەس ئىدى. كۆرگەنلىكى كىشىنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇراتتى. پۇرىغان كىشىنىڭ دىلىنى مەستخۇش قىلاتتى. ھازىر بۇ قاراڭغۇ كېچىدە بولسا...

— ھۇ - ھۇ - ھۇ - ھۇ - ھۇ...

كېچىدە سايرىغان ھۇۋقۇشنىڭكىدەك، تۇيۇقسىز ئاڭلانغان غەلىتە كۈلكە ئاۋازى ھاجىنىڭ يۈرىكىنى يۇرەك قەپىسىدىن چىقىرىۋەتكىلى تاس قالدى.

— ھەمدۇللاخۇن، نېمە بولاۋاتىسىلە، جېنىم قەدىناس؟

قاتتىق چۆچۈشتىن ھەمدۇللا ھاجىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چاچراپ چىققۇدەك بولدى. ئالدىدىكى دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن ئالۋاستىدەك بىرسىنى كۆرۈپ، كەينىگە داجىدى ھەم ئېغىر تىنىپ كۆكرىكىنى تۇتتى. يۈرىكىم كۆكرەك قەپىسىمدىن ئېتىلىپ چىقىمىسۇن دېگەندەك جىممىدە تۇرۇپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن سەل ئەسلىگە كېلىپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى:

— كى... كى... كىمۇ؟ يادىكار خېنىممۇ؟

— ھەئە، مەن، جېنىم قەدىناس!

— نېمە ئىش قىلىسىلە، بۇ يەردە؟ ئەجەب قورقۇتۇۋەتتىڭلا، ئادەمنى!

— سىلىگە بىر ئىش بولمىسۇن دەپ كەينىڭلىدىن كەلگەن...

— بىر ئىش بولمىسۇن دەپ؟

— هەئە، بايا قايىلاپ تۇرسام، ھېلىقى بورداق خوتۇنۇڭلا ئايخان بىلەن يىڭناغۇچ خوتۇنۇڭلا خانىشخان سىلىنى يوتقىنىغا كىرگۈزمىدى. سىلە تونۇرغا تۇتمىغان ناندەك ساڭگىلاپ بەك ئىزا تارتتىڭلا... ئۇ خوتۇنلىرىڭلىغا ھېچنېمە دېيەلمەي، ئۆيدىن يېنىپ چىقتىڭلا، شۇڭا ئەنسىرەپ كەينىڭلىدىن چىقتىم. مانا، ماۋۇ چاپىنىڭلىنى يېپىنىۋېلىڭلا.

تووۋا، ئۇخلىمىغان دېسە ساراڭ ئوخشىمايدىكەن دېسە ئوخشايدۇ... بۇ خوتۇن نەدە تۇرۇپ بايىقى ئىشلارنى كۆرۈپ قالغاندۇ؟ ھاجى ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇغاچ يادىكار خېنىمنىڭ قولىدىكى كاستۇمنى ئېلىپ يېپىنچاقلىۋالدى.

— سىلىگە شۇنداق ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ھەمدۇللاخۇن، ئىلگىرى مەن سەللا ئاغزى ئىتتىكلىك قىلىپ قويسام، سىلى ئاچچىقىڭلىنى يامان قىلىپ مېنى گوم ـ گوم ئۇراتتىڭلا. بۈگۈن ئاۋۇ سېمىز خوتۇن بىلەن چۈۋۈق خوتۇن بېشەملىك قىلسا، تۆشىگە راسا قويماي، ھېچنېمە دېيەلمەي گۆشىيىپ قايىلاپ تۇردۇڭلىغۇ؟

— ...

— گەپ قىلالماس بولۇپ قالمىغانسىلە؟ مېڭىڭلا بولمىسا، مەن بىر گەپ قىلاي ئۇ خوتۇنلارغا... ئۆزۈم قاملاشتۇرىمەن. چۈۋۈق چاچ كىچىك خوتۇنۇڭلىنى تالاق قىلىپ، نىكاھ زېدىسى بولغاندا، سىلى مېنى بىر ئاخشاملىق نىكاھىڭلىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇ خوتۇن بىلەن نىكاھ يېڭىلىۋالدىڭلىغۇ، شۇ ئاخشىمى مەن شۇنداق خۇش بولغانىدىم، لېكىن سىلى مېنىڭ قولۇمنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ قويمىدىڭلا، جېنىم قەدىناس. مەن

سىلىگە دېسەم، بۇنداق نىكاھ يېڭىلاش جايىز ئەمەس، ئىشەنمىسەڭلا ھېلىقى ئۆچكە ساقال موللىدىن ئەمەس، خان كوچىسىدىكى باشقا موللىلاردىن سوراپ بېقىڭلار...

سۆزلەۋاتقىنى يادىكار خېنىم ئىدى. بىچارە مەزلۇم ھېلى تاغدىن، ھېلى باغدىن سۆزلىگىنىچە ھەمدۇللا ھاجىغا يېقىنلاشتى...

## 84

ئۇ باياشاتچىلىق ئىچىدە چوڭ بولغان بايۋەچچە يىگىت ئىدى. ئۇ يەنە باياشاتچىلىق ئىچىدە بارلىقىنى يوقاتقان گاداي يىگىت ئىدى.

بارلىقىنى يوقاتقان ئەنقەر ناھايىتى تاقەتسىزلەندى. بالا ئوغرىلىغان گۇماندار ئېيتقان ھېلىقى روپاش ئايال — دادىسىنىڭ كونا قوشنىسىنى تېزرەك تېپىپ، يۈرەك پارىسىنىڭ دىدارىغا بىر قېنىۋېلىشقا، ئۇنى باغرىغا بېسىشقا ئالدىراپ كەتكەنىدى. شۇڭا، گۇماندار ئايالنىڭ ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى، بۇ ئىشقا چېتىشلىق يەنە بىر ئايالنى ئىزدەۋاتقانلىقى دېگەندەك بىر قاتار ئىشلاردىن رەنانى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ، دادىسىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولدى.

— ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدى رەنا چىكىلداپ تۇرغان تام سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — بۇنداق كەچ بارسىڭىز بىئەپ بولماسمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، رەنا. لېكىن، يۈرىكىمنى تىڭشاپ باقساڭ بىلىسەن، مەن پەقەت تاقەت قىلالمىدىم. بۇ كېچە تاڭ ئېتىپ، ساقچىلار ئىشقا چۈشمىگۈچە، ھېلىقى روپاش ئايالنى تېپىپ دېلونى پاش قىلمىغۇچە كۆڭلۈم ئارام تاپىدىغاندەك ئەمەس. بۇ ھالدا كېچىچە ئۇخلىيالماسمەنمىكىن...

— سىزچە، ئايخېنىم ئاپام بىزگە ياردەم قىلارمۇ؟ بۇرۇنقى

قوشنىسىنىڭ ھازىر نەدە تۇرىدىغانلىقىنى دەپ بېرەرمۇ؟
— بۇنىڭغا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئۆگەي ئانام بەربىر ماڭا ئۆگەيلىكىنى قىلىدۇ. لېكىن، دادام خان كوچىسىنىڭ كونىسى ئەمەسمۇ. شۇ مەھەللىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممىنى بىلىشى مۇمكىن.
— بېرىڭ، ئەمىسە. دادام ئۇ ئايالنىڭ قەيەرگە كۆچكەنلىكىنى بىلسە، ساقچىلارغىمۇ ئاسان بولار. بىزمۇ ئوغلىمىزنى... — رەنا كۆز ياشلىرى بىلەن ئەنقەرنى ئۇزىتىپ قالدى.
يامغۇر توختىغان، بىراق سوغۇق كۈچىيىپ قالغانىدى. ئەنقەر ماشىنىسىنى ھەيدەپ، ئادەم شالاڭلاپ قالغان كوچىلارنى ئايلىنىپ شەھەرنىڭ شىمالىغا قاراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىدى. ئون نەچچە مىنۇتتا دادىسىنىڭ قورۇسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.
— بۇنچە كەچتە كەپسىزغۇ، ئەنقەر ئاكا؟ — دەرۋازا ئاچقىلى چىققان ئىلياس ئۇنىڭدىن سورىدى.
— دادام بىلەن كۆرۈشىدىغان زۆرۈر ئىش بار، ئۇكام.
— ھاجىم دادامنىڭ ھۇجرىسىنىڭ چىرىغى يېنىقلىق، تېخى ئۇخلىمىغاندەك تۇرىدۇ. قېنى كىرىپ بېقىڭ.
ئەنقەر تۇن قاراڭغۇسىدا قارىيىپ تۇرغان سۆت رەڭ كاھىشلىق بىنا تەرەپكە ماڭدى. بۇ يىگىتنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرگەن قاتىلاڭچىلىقلار ئۇنى بىر مىنۇتمۇ ئارامىدا قويمىغانىدى. ئۇ خىيال سۈرگەچ پەشتاقلاردىن يۇقىرى ئۆرلەپ، دادىسىنىڭ قىزىل گۈل بەرگى رەڭگىدىكى ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالدى. ھۇجرىنىڭ نەقىشلىك قوش قانات ئىشىكى قىيا ئوچۇق بولۇپ، ئىشىكتىن چىراغ نۇرى يالىلداپ تۇراتتى. ئەنقەر ئىشىك تۈۋىدە توختاپ يېنىك بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن، ئىشىكنى چەكتى. بىراق ئۆي ئىچىدە ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئەنقەر ئىشىكنى يەنە چەكتى، يەنە سادا يوق. نېمە ئىش بولغاندۇ؟

ئىلياس دادامنى بار، دەۋاتقاندى، ئىشىك ئىچىدىن ئېتىلمەيتتىغۇ؟ بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟ كۆڭلىدە بىر ئاز ئەندىشە پەيدا بولغان ئەنقەر ئىختىيارسىز ئىشىكنى ئىتتەردى ـ دە، ھۇجرىغا كىردى.

— ۋاي ئاپا!

قورقۇنچلۇق چىرقىرىغان ئاۋاز، پۈتۈن ھۇجرىغا — پۈتۈن بىناغا بىر كەلدى. قورقۇپ كەتكەن ئەنقەر چۆچۈشتىن ئۆزىنى تۇتۇپ، كۆزلىرىنى ئاچتى. كارىۋاتتىن يۇگۇرۇپ قوپقان يىرىم يالىڭاچ خانىشنى كۆرۈپ، يەنە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. نېمە ئىش بۇ؟ دادام نەگە كەتتى؟ ئۇلارنىڭ ھۇجرىسىغا قانداقلارچە ئالدىراپ كىرىپ قالغاندىمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولگۇردى ھەم كەينىگە بۇرالدى، بۇرالدى ـ يۇ، دەھشەتلىك تۇس ئالغان بىر جۈپ كۆزگە — دادىسىنىڭ قەھرلىك كۆزلىرىگە دۇچ كەلدى. دادىسى كېچىلىك كىيىمى، ساپما كەش بىلەن ئۇنىڭ كەينىدە قاراپ تۇراتتى.

— نېمە سەتچىلىك، بۇ؟ — ھەمدۇللا ھاجى غەزەپ، ئاچچىقتىن كۈچكە تولغان كۈچلۈك قوللىرى بىلەن تاراق ـ تۇرۇق قىلىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئەتتى.

— ۋاي ئاپا، ماڭا نېمە كۈن بۇ؟ ماڭا ئىگە بولىدىغان ئادەم بارمۇ، يوق؟ — خانىش تېخىمۇ سەت چىرقىراپ ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى. ئوچۇق قالغان بەدىنىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىنى يوگەشكە ئۇرۇنغاندەك بىرنېمىلەرنى قىلدى، — ۋايجان، ماڭا نېمە كۈن بۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاۋۇ ئىككى خوتۇننىڭ دەردىدە بۇ جېنىمدىن جاق تويغان تۇرسام، ئەمدى بۇ كېچە ماۋۇ ئالا كۆڭۈل بىرنېمە نىيىتىنى بۇزدى... دادىسىنى يوق دەپ ئويلاپ، مېنىڭ نومۇسۇمغا تەگمەكچى بولدى... ۋايجان، ۋايجان... ماڭا ئىگە بولىدىغان ئادەم بارمۇ، يوقمۇ؟!

ئەنقەرنىڭ كۆزلىرىدىن توساتتىن ئوت چاقنىغاندەك بولۇپ، سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. ھاجى چاقماق تېزلىكىدە كېلىپ، قەيەردىندۇر قولىغا چىقىپ قالغان تېلېفون سىمىنى يۇلۇپ ئالدى ـ

دە، ئەنقەرنىڭ بىلەكلىرىنى كەينىگە قايرىپ باغلىۋەتتى.
— ھۇ ھاراملىق ! كۈچۈكۈم، كۈچۈكۈم دەپ كۆزۈڭگە قايلاپ چوڭ قىلسام، ئەمدى داداڭغا خىيانەت قىلغۇدەك بولدۇڭما !
پولدىكى گىلەمدە ياتقان ئەنقەر كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. دادىسىنىڭ ئېيىق تاپىنىدەك قولى سول كۆزىگە ناھايىتى قاتتىق تەگكەچكە، كۆزى بۆرتۈپ ئىششىپ چىقىپ يۇمۇلۇپ قالغان، ئوڭ كۆزىمۇ ئوت يانغاندەك بولۇپ ئارامسىزلىنىپ تۇراتتى. ئۇ گويا قاباھەتلىك چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، تېخىچە چۈشتىن ئويغانمىغاندەك، دادىسىنىڭ ئالدىدا جىممىدە ياتاتتى.
ئاۋۇ ياش، چىرايلىق ئايال بولسا يوتقانغا پۈركىنىۋېلىپ، توختىماي ھۆڭرەۋاتاتتى...
خانىش ئەنقەر بىلەن تەگدىمەتلىك كېلەتتى، شۇڭا ھاجى بۇ ياش، گۈزەل خوتۇننى يات ئادەملەردىنلا ئەمەس، ئۆز ئوغلى بولغان ئەنقەردىنمۇ قىزغىناتتى، كۈنلەيتتى. ئەنقەر دادىسىنىڭ بۇ ئىشنى خېلى بۇرۇن سەزگەن. شۇڭا، بۇ تەگدىمەتلىك ئۆگەي ئانا بىلەن ھەرقانداق شارائىتتا ئارىلىق ساقلاپ كەلگەندى... خانىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە مۇئامىلە قىلماي، دادىسى ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىشاتتى. دادىسى يوق ئەھۋالدا ئىمكانىقەدەر بۇ ئائىلىگە كەلمەيتتى. بۈگۈن ئەجەب...
ئەي، خۇدا، بۇ ئۇقۇشماسلىقمۇ ياكى سۈيىقەستمۇ؟
ھاجى كىيىم ئىشكاپىنى ئاچتى ـ دە، ئىشكاپقا ئېسىقلىق تۇرغان شىمىنىڭ كەمىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئەنقەرگە دېۋەيلەپ كەلدى.
— گەپ قىلە، گۆي ! — ئۇ ئەنقەرنى كەمەر بىلەن ئۇرۇپ كەتتى، — مۇشۇمۇ ئادەمنىڭ قىلىقىمۇ؟ سەن ئادەممۇ، ھايۋانمۇ؟ !
ئەنقەر كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بۇ ئىشنى كۆڭلىدە مۇلاھىزە قىلىپ، بۇنى ئۇقۇشماسلىق دېگەندىن كۆرە، تۆھمەت، سۈيىقەست دەپ جەزم قىلدى. خېلى ۋاقىتتىن

بۇيان شىركەتتە ئۆزى بىلەن ئورۇن تالىشىپ كەلگەن خانىشنىڭ بۇگۈنكىدەك پۇرسەت كەلگەن هامان قارا يۈزلۈك قىلىپ تۆهمەت چاپلىدى، دەپ ئويلىدى.
ئەمەلىيەتتە، ئىش ناهايىتى ئاددىي ئىدى. خانىش ئاۋۋال ئاخشامدا هاجىنى ئايخېنىمنىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى، دەپ خۇيلىنىپ قالدى. هاجىغا تەنە گەپلەرنى قىلدى، زىتىغا تەگدى. هاجى خانىشنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقىپ، بىنادىن چۈشتى. تەسكىن بولغان كۆڭلىنى ئارام تاپتۇرۇش ئۈچۈن گۈللۈك تەرەپكە ئۆتتى. گۈللۈكتە ئۆزىنى مارايلا يۈرىدىغان يادىكار خېنىمغا دوقۇرۇشتى... كېيىن ئۇ بۇ مەجرۇھ خوتۇننى هۇجرىسىغا ئەكىرىپ كەتتىمۇ ياكى باشقا ئىش يۈز بەردىمۇ، ئىشقىلىپ، خېلى ئۇزاق يوقاپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا خانىش هۇجرىدا يالغۇز قالغانىدى. ئۇنىڭ دىققىتى هاجىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، قىزغىنىش، كۈنداشلىق ئوتىدا تەن ـ تەنلىرى ئۆرتىنىپ تۇراتتى. ئەسەبلىرى قوزغىلىپ، بۇ ئائىلىدىكى ئادەملەرگە، قالايمىقانچىلىقلارغا ئۆلگۈدەك ئۆچ بولدى... شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، كۈنداشلىق، ھەسەت ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقان تەنلىرىنى، يۈرىكىنى سەگىتمەكچى بولغاندەك بىئىختىيار هالدا مۇنچىغا كىردى... يۇيۇنۇپ چىقىپ، هۇجرىدا چاقىرىلمىغان بىر مېھمان — ئەنقەرنى كۆردى. خانىش بۇ كۈنلەردە ئەنقەرگىمۇ بارغانچە ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئەنقەر دادىسىنىڭ يانتايىقى بولۇپ، شىركەتنى ئالىقىنىغا ئېلىۋالغاچقا، خانىش شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى بۇرۇنقىدەك باشقۇرالمايدىغان، خالىغانچە پۇل خەجلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە هېچكىمدىن سوراپ ئولتۇرماستىن، سارىڭ ئانىسىنى بۇ ئائىلىگە ئەكېلىپ قويۇپ، ھەممىنى پاراكەندە قىلىۋەتكەنىدى. پۇرسەت كەلدى! خانىش ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ راسا بىر چىرقىرىدى ـ دە، هۇجرىنى بېشىغا كىيىپ غوۋغا كۆتۈردى. بەدىنىنى ئوراپ تۇرغان لۆڭگە سىيرىلىپ چۈشتى... بىناغا

چىقىۋاتقان ھەمدۇللا ھاجى دەل ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى.
خانىش كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى دەيتتى... ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكى ھەقىقەتەن ئەۋجىگە چىققان، مۇشۇنداق پەيتتە كېلىپ قالغاندا ئەنقەرگە تۆھمەت قىلىشتەك ئەجەللىك زەربە ئارقىلىق رىشتى ئۈزۈلمەيدىغان ئاتا ـ بالىنى ياتلاشتۇرۇپ، بۇ مۇرەككەپ ئائىلىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىش نىيىتىگە كەلگەننىدى.
ئەنقەرنىڭ كۆز ئالدى يورۇغاندەك بولدى. ئەقلىگە كەلدى. شۇڭا، چۈشەندۈرمەكچى — ئۇۋالچىلىقتىن قۇتۇلماقچى بولدى:
— دادا، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە...
— مېنى دادا دېمە، دۆيۈز! ھو تونگكۆزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن مۇناپىق! — ھاجى غالجىر شىردەك ھۆركىرەيتتى. زەھەر يۇتقاندەك تولغىناتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغان، ئەقىل ـ ئىدراكىدىن ئازغانىدى، — سەن گۇينىڭ بالىسى ئانىڭ دېگەن سارائىغا ئامراق بولغاچقا، ماڭا ئاچچىقىڭ بار ئىدى، شۇنداقمۇ؟ سەن ئەزەلدىن كۆڭلۈڭدە ماڭا غوم ساقلاپ كەلگەننىدىڭ. شۇڭا، ماڭا ئەڭ يامان گەپلەرنى قىلغان، مېنىڭ يۈرىكىمنى زېدە قىلغانىدىڭ. سەن مۇشتۇمدەك چېغىڭدىن باشلاپ مېنىڭ خوتۇنلىرىمغا ئاداۋەت ساقلاپ، ئارىمىزغا زىددىيەت سېلىپ، مېنى بىر كۇنمۇ ئارامىمدا قويمىغانىدىڭ... سەن مېنىڭ خوتۇنلىرىمنى بىر ئامال قىلىپ بۇ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئانىڭ دېگەن سارائىنى بۇ ئۆيگە ئىگە قىلماقچىدىڭ... شۇڭا ماڭا خىيانەت قىلىپ، مېنى شەرمەندە قىلىپ، مېنى ماۋۇ شەھەردە باش كۆتۈرگۈسىز قىلماقچى بولدۇڭ، شۇنداقمۇ، ھايۋان؟!
ھاجى ئەنقەرنىڭ سۆزلىشىگە، چۈشەندۈرۈشىگە پۇرسەت بەرمىدى. ئۇ ئەنقەرنى ساۋايتتى، قورساق كۆپۈكىنى، گۇمانلىرىنى بىرنىمۇ قويماي سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلەپ ئاغزى تالدى. ئۇرۇپ قولى تالدى. تۈن يېرىم بولاي دېگەندە ئۇرۇشتىن توختىدى. كەمىرىنى تاشلاپ يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا باردى.

ئۇستەل تارتمىسىدىن قەلەم ـ قەغەز ئېلىپ بىرنېمىلەرنى يازدى. ئاندىن قىزىل سۇرۇخنى ئەكېلىپ چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈز ـ كۆزلىرى ئىسسىغان ئەنقەرنىڭ بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ھۆركىرىدى:

ـــ ماۋۇ تىلخەتكە قول قويە! بۈگۈندىن باشلاپ سەن بىلەن ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلدى!

ئەنقەر كەينىگە قايرىلىپ باغلانغان قوللىرىنى جانسىزغىنا مىدىرلاتتى. ھاجى تىلخەتكە قول باستۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قولىنى يېشىش لازىملىقىنى ئېسىگە ئالدى. شۇ ئەسنادا ئىشىك چېكىلدى. ھاجى بىرئاز چۆچۈگەندەك ئىشىككە قاراپ قويدى. ئاندىن ئەنقەرنىڭ قولىنى يېشىشكە تۇتۇندى. ئەنقەر دادىسىغا نە گەپ ياندۇرمىدى، نە قارشىلىق ئىپادىسىدە بولمىدى. ئاستا مىدىرلاپ ئاغرىق ئازابىدىن كۆيۈشۈپ تۇرغان قوللىرىنى سۇرۇخقا مىلەپ، ئىرماش ـ چىرماش يېزىلغان توخۇ پاچىقىدەك سەت خەتلەرگە قول بېسىش ئۈچۈن ئۈزارتتى. تىلخەت بەرگەن ئادەم تىلخەتنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى بىلىشكە ھەقلىق. ھالبۇكى، ئەنقەر خەتكە نېمىلەر يېزىلغانلىقىغا قاراپ بېقىشنىمۇ خالىمىدى. دادىسى دەيدىغان گېپىنى دېدى. ئۇرىدىغانىنى ئۇرۇۋالدى. ئۇ ئېھتىمال ئۆزى ئېيتقاندەك ئەنقەرنىڭ تىلىدىن: «ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىم ئۈزۈلدى» دەپ يازغاندۇ. ياكى «مېنىڭ دادامدىن پۇل، مال ـ دۇنيا ئېلىشىم يوق، بۇنىڭدىن كېيىن دەۋا قىلمايمەن» دەپ يېزىپ قول باستۇرغاندۇ... بۇنداق قارا تۆھمەت، ئەشەددىي سۈيىقەست، تەلتۆكۈس دۈشمەنلىشىپ كەتكەن ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىگە قارىغاندا پۇل، بايلىق، مال ـ دۇنيا دېگەن نېمە ئىدى؟!

ئىشىك چېكىلدى ھەم يەڭگىل چېكىلىشتىن قاتتىق چېكىلىشكە، تاراقلاشقا ئۆزگەردى... ھاجى تىلخەتنى ئۇستەل يېنىدىكى بىخەتەر ئىشكاپقا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشىكنى غەزەپ بىلەن ئاچتى. ئىككى قانىتى تەڭلا ئېچىلغان ئىشىكتە

يادىكار خېنىم، ئايخېنىم، نىساخان، ئالتۇنەم، ئىلياس ۋە باشقىلارنىڭ بېشى كۆرۈندى.

— مېنى ئادەم قىلىپ قويغانلىرىغا رەھمەت، دادا! — ئەنقەر ئاغرىق ئازابىدا چىشىنى چىڭ چىشلەپ ئىشىك تەرەپكە ماڭغاچ دادىسىغا تەلمۈردى، — خەير - خوش، ئەمدى ئۆزلىرى بىلەن بۇ دۇنيادا قايتا كۆرۈشەلمەيمىز، مەڭگۈ كۆرۈشەلمەيمىز!

ئەنقەر گېپىنى تۈگىتىپ، ئىشىكتىن يوپۇرۇلۇپ كىرگەن ئانىسى ۋە باشقىلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ دەلدەڭشىگەندەك، پەشتاقلاردىن پەسكە تۆۋەنلىدى.

— ۋاي جېنىم بالام، بۇ باغرى قاتتىق ئادەم يەنە نېمە قىلدى، سېنى؟! — يادىكار خېنىم ھۆ تارتىپ يىغلىغىنىچە ئەنقەرنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ پېشىغا ئېسىلدى...

## 85

جۇدۇنلۇق قىش غازاڭ پەسلىنى قىستاپ كەلگەن كۈنلەر، ئەنقەر ئاخىر ئانىسىز يېتىم بولۇپ قالدى. ئۇ ساقچىخانا ئالدىدا گاراڭ بىر ھالەتتە تۇراتتى، بىرسىنىڭ تونۇلغان ئاۋازى قۇلىقىغا كىردى:

— ئەنقەرجان، ھەي ئەنقەر، ئانىڭىز قازا قىپتۇ!

ئەنسىز چاقىرىلىش، ئەجەللىك شۇم خەۋەر ئەنقەرنىڭ مىسكىن تۇيغۇلىرىنى دېڭىز سۈيىدەك داۋالغۇتتى.

— ماڭ، ئۇكام، بېرىپ ئاناڭنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋال!

— ئانامنىڭ يۈزىنى؟!

— ھەئە، ئاناڭ جان ئۈزدى! ئۇ بىنادىن پەسكە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ!

يەر - جاھان تەتۈر پىرقىرىدى. ئەنقەر دادىسىنىڭ كاتتا چارباغقا قاراپ يۈگۈرىدىمۇ، ئۇچتىمۇ، بىر چاغدا ئۆزىنى

دادىسىنىڭ قورۇسى ئالدىدا كۆردى.

ئەنقەرنىڭ كۆزىگە دەسلەپ چېلىققىنى جىنازا بولدى. كونا جىنازا كىشىنى شۈركۈندۈرەتتى. ئۇ بىر ـ بىرلەپ مېيىت نامىزىغا يىغىلىۋاتقان جامائەتنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئاۋۋال دەل ـ دەرەخلەر، گۈل ـ چېچەكلەر غازاڭ بولغان قورۇغا، ئاندىن گۆردەك مېھرى سوغۇقلىشىپ قالغان بىناغا كىردى. ئۆزىنى ئانىسى سوزۇلۇپ ياتقان ئۆيگە ئاتتى...

مەرھۇمەگە هازا تۇتۇپ بېشىغا سەللە ئورىۋالغان، كونىچە بوز رەڭ تون كىيىۋالغان ھەمدۇللا ھاجى ئىشىك ئالدىدا قورسىقىنى چىقىرىپ قېتىپ تۇراتتى.

قارىلىق كىيىم كىيىشىۋالغان ئايخېنىم، خانىشلار بىرمۇنچە ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ قوشاق قېتىپ ھازا ئېچىشىۋاتاتتى... مېيىت يۇغۇچى ئاياللار يادىكار خېنىمنى يۇيۇپ ـ تاراپ كېپەنلەشكە تۇتۇنغانىكەن، ئەنقەر ئانىسىنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋالسۇن دەپ يۈزىنى ئېچىشتى... ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغا تۇتقان ئەنقەرنىڭ مونچاق ـ مونچاق ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزلىرىگە ئانىسىنىڭ جامالى ئايدەك نۇرلۇق كۆرۈندى. ھەتتا ئۇ ئەنقەرگە كۈلۈمسىرەپ قاراۋاتقاندەكمۇ بىلىندى. ئېھتىمال ئۇ بۇ ھەشەمەتلىك قورۇدىكى دوزاختىن چىقىپ، جەننەت ئىشىكىگە قاراپ يول ئالغانلىقىغا كۈلۈمسىرەۋاتقاندۇ!

— ئانا! — ئەنقەر ئازابلىق توۋلاپ، ئۆزىنى مېيىتقا ئاتتى. ئانىسىنىڭ نۇر ـ زىيا ئېچىدىكى گۈلگۈن جامالىغا يۈزىنى ياقتى، — نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ، جېنىم ئانا؟! سىز ئۆزگىلەرگە نېمە قىلغان؟ سىزنى نېمىشقا بۇنداق قىسمەتكە دۇچار قىلىشىدۇ، ھە؟!

— ئەلھۆكمىللا، سەبرى قىل، بالام! — ھازا ئېچىۋاتقانلار ئەنقەرنى تارتتى، ئۇنى ئانىسىدىن تەستە ئاجرىتىۋېلىشتى...

ھەمدۇللا ھاجى ئەنقەرنىڭ بىلىگە قارىلىق باغلاپ، بېشىغا قارىلىق سەللە ئورالغان دوپپا كىيدۈرۈپ قويدى.

ئەنقەر جىنازىنىڭ ئالدىدا قار ـ يامغۇر يىغلاپ ماڭدى. قولىدىكى ئىگىز، شاخلىق گۈلشەددە ھەر تەرەپكە ئەلەڭگۈيتتى... ئۇنىڭ كەينىدە قارىلىق كىيىم كىيگەن ئىلياس يىغلاپ ھازا ئېچىپ كېلىۋاتاتتى.

بۇ دۇنياغا پاتمىغان، ئارام تاپالمىغان يادىكار خېنىمغا ئاخىر قاراڭغۇ گۆردىن ئورۇن تەگدى. ئەنقەر دادىسىنى قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىدىكىن دەپ ئۇنىڭغا قارىدى، قالتىس، دادىسى خىرامان ھالدا ئانىسىنىڭ گۆرىگە بېشىنى تىقىپ مەرھۇم بىلەن رازىلىشىۋېتىپتۇ! جامائەت ئەنقەرنىمۇ رازىلىشىۋالسۇن دەپ، ئۇنى گۆرنىڭ ئاغزىغا ئەكېلىشتى... ئەنقەر بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە گۆر ئىچىگە ئۆمىلەپ كىرىپ، جىمجىت ياتقان ئانىسى بىلەن رازىلاشتى...

يادىكار خېنىمنىڭ يۈزى قىبلىگە توغرىلاپ قويۇلغان، ئۆزى تىنچقىنا ياتاتتى. ئەنقەر كۆز ياشلىرى ئارىسىدىن ئانىسىنىڭ خاتىرجەم، تىنچ ياتقان چېھرىگە باقتى... ئەنقەر كۆردى، ئادەم بەربىر تۆت مېتىر خەسىگە يۆگىنىپ، ئىككى مېتىر يەردە ئارام تاپىدىكەنغۇ! دادىسىغا ئوخشاش بۇ دۇنيانىڭ ماددىي مەئىشىتى ئالدىدا جېنى ئىچىگە پاتمىغان، ئۆز كۆڭلىنى، نەپسىنى دەپ ئاجىزلارنى بوزەك ئەتكەن، خارلىغان، ئازاب سالغان، مەڭگۈلۈك دىل ئاغرىقىغا دۇچار قىلغان ئادەملەرمۇ بەربىر مۇشۇنچىلىك يەردە ياتىدىغۇ، ھەرقاچان!

## 86

ساقچىلار خان كوچىسىدا ھەمدۇللا ھاجىغا قوشنا ئولتۇرغان ئايالنى تېپىۋالدى. بۇ ئايال شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئەرزان ئىجارىلىك قولايلىق ئولتۇراق ئۆي رايونىغا كۆچۈپ كەتكەنىكەن.

روپاش ئايال ئىلگىرى ئۆزىگە ھەمشىرىك بولغان، مانا ئەمدى ساقچىنىڭ قولىغا چۈشكەن قارىمۇتۇق ئايالنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز توۋلاپ كەتتى:

— ئاتىكەم؟ !

كونا ھۆپىگەرلەر بىر - بىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ساقچىلار ئۆزئارا كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى - دە، دەرھال سورىدى:

— بالا قەيەردە؟

— بالا... بالا... مەن ئۇ بالىنى ھەققەمسايىمىز ئايخېنىمغا بېقىپ بەرگەن! — روپاش ئايال ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنىدى.

— ئايخېنىمغا؟ ! — تېخىچە قارىلىق كىيىم بىلەن تۇرغان مۇسىبەتلىك ئەنقەر ساقچىلاردىن بەكرەك ئالدىراپ كەتتى.

— ھەئە، ئايخېنىم... سىلىنىڭ ئۆگەي ئانىلىرى ئايخېنىمغا بېقىپ بەرگەن، ئوغۇل بوۋاق شۇ، بالام.

ساقچىلار ھېلىقى ئايالدىن يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ سورىدى. ئاندىن گۇماندارلارنى ھەيدەپ ماشىنىغا چىقىرىپ ساقچىخانىغا ئېلىپ كەلدى ھەم تېزدىن سوراق قىلىشنى باشلىدى.

— مەن ئىقرار قىلاي، مەن ھەممىنى ئېيتاي، — دېدى روپاش ئايال رومىلى بىلەن يۈزىنى يېپىشقا ئۇرۇنۇپ، — شۇ كۈنلەردە ئايخېنىمنىڭ تولغىقى تۇتۇپ، مەن خۇپىيانە تۇغۇت ئانىسى بولدۇم. بىچارە جۇۋان بىر كېچە تولغاق يەپ، مىڭ ئۆلۈپ - مىڭ تىرىلىپ تاڭ ئاتارغا يېقىن يەڭگىدى. لېكىن، بالىنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى... «ھۇي نېمە بولاۋاتىلا؟ نېمىگە يىغلايلا، خېنىم؟» دەپ سورىسام، ئايخېنىم: «ھاجىم مېنىڭ ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشىمنى ئارزۇلاپتى، مەنمۇ گەپنى چوڭ قىلىپ قويۇپتىكەنمەن، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ بىر ئامال قىلسىلا، مۇشۇ كۈندە تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقتىن بىرنى تېپىپ بەرسىلە، قىزىمغا جۈپلەپ باقاي» دەيدۇ. شۇنداق دەپ ئەتىسى ئىككى مىڭ كوي پۇلنى چاڭگاللاتتى. مەن ئۇنداق ئىش

قىلىشتىن قورقۇپ كېتىپ «ۋاي مېنى تەڭلىككە سالمىسىلا، قولۇمدىن كەلمەيدۇ» دېسەم، ئايخېنىم: «دوختۇرخانىدىن تېپىلىپ قالار، بىر ئامال قىلسىلا، خەق تۇغۇت كۆرسەتكۈچى ئالالماي تۇغۇۋەتكەن بالىلىرىنى كىشىگە بېرىۋېتەرىمىش» دەيدۇ... يوقسۇزچىلىقتا ئايخېنىمنىڭ پۇلنى ئېلىپ قويۇپتىمەن. ئۆزۈم ئامال قىلالماي، بىزنىڭ هويلىدا ئىجارە ئولتۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئاتىكەم دېگەن خېنىمنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ دوختۇرخانىغا بېرىپ باقسىلا، دەپتىمەن. ئاتىكەم بىرنەچچە كۈن قاتراپ، پاقلاندەك بىر ئوغۇل بالىنى كۆتۈرۈپ كەلدى ھەم تاپان ھەققىنى ئالا ـ ئالماي هويلامدىن يوقالدى. مەن بۇ چوكاننىڭ كىشىنىڭ بالىسىنى ئەپقېچىپ كەلگىنىنى نەدىن بىلەي؟!

ساقچىلار ئەمدى ئىككى گۇماندار ئايالنى ماشىنىغا سېلىپ ھەمدۇللا ھاجىنىڭ قورۇسىغا قاراپ ماڭدى. ئەنقەرنىڭ كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكىدە ماشىنا ھەيدىگۈدەك مىجەزى بولمىغاچقا، رەنا بىلەن تاكسىغا ئولتۇرۇپ ساقچىلارغا ئەگەشتى.

تۇمانلىق كۈندىكى سۈت رەڭ كاھىشلىق بىنا سۈكۈتكە چۆككەندى. ئايخېنىم ساقچىلارنى، كونا قوشنىسىنى، ئەنقەر، رەنالارنى كۆرۈپ شۈنداق هودۇقۇپ كەتتىكى، تۇيۇقسىز بەزگەك كېسىلى قوزغالغان ئادەمدەك لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. شۇ هالدىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئادىتى بويىچە يالغان كۈلۈپ چىشلىرىنى چىقاردى. ساقچى بولسا ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەي، كەسكىن بۇيرۇق ئاھاڭدا سورىدى:

— بالا قەيەردە؟

— قا... قايسى بالا؟

— ھېلىقى دوختۇرخانىدىن ئەكېلىپ باققان ئوغۇل بوۋاقچۇ؟

ئايخېنىم خەسىدەك تاتىرىپ، ئۆكۈپ كونا قوشنىسىغا قارىدى.

— بالىنى ئاچىقىپ بەرسىلە، ئايخېنىم. ھەممە ئىش ئاشكارا

بولدى، ـــ دېدى كونا قوشنىسى.

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ قاپىقى تارتتىمۇ ياكى بىرسى تېلېفوندا ساقچى كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدىمۇ قانداق، نەزىر بېرىش تەييارلىقى بىلەن يۈرگەن ئۇ ئادەممۇ بىنانىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. ئىلياس بىر يەشىك نەرسىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىپ كەلدى. شۇ ئارىلىقتا ئايخېنىم بىناغا چىقىپ كېتىپ، خىزمەتكار ئالتۇنەم بىلەن ئىككى بوۋاق ـــ ئىليار بىلەن ئەلنىگارنى كۆتۈرگىنىچە بىنادىن چۈشتى. ئارقىدىن خانىش پەيدا بولدى. ئۇ يادىكار خېنىمغا قارىلىق تۇتۇۋاتقاندەك، ئۇزۇن قارا كىيىم كىيىپ، بېشىغا قارا ياغلىق چىگىۋالغانىدى.

ـــ جېنىم بالام، جىگىرىم... سەن مۇشۇ ئۆيدىمىدىڭ؟ ! ـــ ئەنقەر بىلەن رەنا ئالتۇنەمنىڭ قولىدىكى ئىليارغا تاشلاندى. ئۈچ گەۋدە بىر جان ـ بىر تەن بولۇپ كەتتى.

بۇ كۆنلەردە يەر ـ جاھان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغاندەك، ئاجايىپ ئىشلار يۈز بېرىۋاتاتتى. بىر ئائىلىدىكى ئەر ـ خوتۇنلار، كۇنداشلار، ئۆگەي ئانىلار، ئۆگەي باللار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولۇپ، مۇشۇ ھالغا كېلىپ قېلىشقانىدى.

ھەممە ئىش ئاشكارا بولدى، بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا تاتىرىپ تۇرغان ئايخېنىم پۇلدار ئېرىگە ئوغۇل تۇغۇپ بېرەلمەي، خۇپىيانە بالا بېقىۋالغانىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۆگەي ئوغلىنى شۇنچە ۋاقىتقىچە ھەسرەت ـ نادامەتكە مۇپتىلا قىلغانىدى. ياش، چىرايلىق خانىش باي ئېرىنىڭ پۇل ـ بايلىقىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن تەڭدىمەتلىك ئۆگەي ئوغلىغا قارا چاپلاپ بىر ـ بىرىگە ئارزۇلۇق بولغان ئاتا ـ بالىنى ئاتا ـ بالىلىقتىن ئادا ـ جۇدا قىلغان، يەنە بۇ ئائىلىدە يادىكار خېنىمنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسى قاتارلىق بىر تالاي ئىشلار يۈز بەرگەنىدى...

ھەمدۇللا ھاجىنىڭ يۈرەك رىتىمى تېزلەشتى، ئاچچىق يۇتقان ھالدا ئەنقەر بىلەن رەناغا قارىدى. ئۇلار بوۋاقنى قۇچاقلىغىنىچە

ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاۋاتاتتى. ھاجىنىڭ كۆڭلى ھەممىنى تۇيغاندى. ساقچى باشلىقى ھاجىغا تەئەددى بىلەن سۆز ئاچتى:
— سىلە شۇنچە يۈز ـ ئابرۇي تاپقان، جاھان كۆرگەن ئادەم تۇرۇپ نېمە قىلغانلىرى بۇ، ھاجىم؟
ھەمدۇللا ھاجى گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىدى. ھالبۇكى، تىلى تۇتۇلغاندەك بولۇپ، ئاۋازى چىقماي قالدى. ئۇنىڭ ئوت چاچراپ تۇرغان غەزەپلىك كۆزلىرى ئايخېنىمغا تىكىلگەن بولۇپ، بۇ كۆزلەر ھازىرلا ئايخېنىمنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغاندەك، ئەلپازى يامان ئىدى.
ساقچىلار ھاجىغا دېلونىڭ باش ـ ئاخىرىنى قىسقىلا ئۇقتۇردى ۋە بۇيرۇق ئاھاڭدا :
— سىلىمۇ دەرھال ماۋۇ ئىككى خوتۇنلىرى بىلەن ساقچىخانىغا بارسىلا. بۇ دېلونى تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، بىرمۇبىر ئىسپات ئالىمىز ! يەنە چوڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئۆلۈمى ۋە قانۇنسىز نىكاھلانغانلىقلىرىغا ئالاقىدار سورايدىغان ئىشلار بار !
— ماقۇل... — ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئاخىرى ئاۋازى چىقتى. ئۇ ساقىلىنى يۇلماقچى بولغاندەك، ئېڭىكىنى تۇتاملاپ تۇرغان ئورنىدا پىرقىرىدى، — ماۋۇ دۈيۈز خوتۇنلارنىڭ قىلغان قىلىقىنى كۆرمەمدىغان !
ھاجى كۆزىنى ياشلاپ، تۆگۈلۈپ تۇرغان ئايخېنىمغا، كۇندىشى بىلەن ئۆگەي ئوغلىنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتقاندەك، بىر چەتتە قاراپ تۇرغان خانىشقا غەزەپلىك كۆزلىرىدە ئالايدى ھەم نەرە تارتقاندەك ھۆركىرىدى:
— ھۇ ئەر قارغىشى دوزىخى خوتۇنلار ! مېنى بىر كۈن بولسىمۇ ئارامىدا قويۇشساڭ يامان بولارمىدى ھەرقايسىڭغا؟!... بىر كۈنى بىرسىڭ ئىش تېرىيسەن. بىر كۈنى بىرسىڭ... ھەممىڭ ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقىلىش ! ھازىردىن باشلاپ ھەممىڭ تالاق ! تالاق !
ئاياللار، خىزمەتكارلار پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. ئايخېنىم

ئۆزىنى كاچاتلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ھۆ تارتىپ يىغلاشقا باشلىدى. خانىش ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغان قىياپەتتە كىرىۋېلىپ، تاقىلداپ ماڭغىنىچە ماشىنىسىنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئالتۇنەم، ئىلياسلارمۇ دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

ئەنقەر دادىسىغا قارايمۇ قويماستىن، رەزىل، ھەسەتخور، ئىچى زەھەر ئادەملەردىن قورققاندەك، يىغلاۋاتقان ئوغلىنى كۆتۈرۈپ رەنا بىلەن دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. ساقچى يەنە بۇيرۇق قىلدى:

— بولسىلا دەيمەن، بىز بىلەن ماڭسىلا، تالاق - پالاق دېگەن گەپلىرىنى كېيىن دېيىشىۋالارلا ! ھە، ئايخېنىم، خانىش، ئۆزلىرىمۇ ماڭسىلا ! — ساقچىلار ھەمدۇللا ھاجى بىلەن ئايخېنىمنى ئىككى گۇماندارغا چېتىپ ساقچىخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

ھەمدۇللا ھاجى ئەزەلدىن بۇ ئائىلىدىكى ئاياللار، خىزمەتكارلارنىڭ ئالدىدا قۇدرەتلىك، يېڭىلمەس شىرغا ئوخشايتتى. بۈگۈن بىردىنلا ياۋاشلاپ، شۈمشىيىپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈككە ئوخشاپ قالغانىدى.

## 87

جاھاندارچىلىق كويىدا بىر - بىردىن يىراقلىشىپ كەتكەن، تاشلىنىشىپ كەتكەن كۆزلەر قىيامەت قايىم بولۇۋاتقاندەك ئەجەللىك پەيتتە ئۇچرىشىپ قالدى. بىر - بىرىنى تونۇۋالدى. ھەيران بولۇشتى. ھالىبۇكى، كۇنداشلىق، ھەسەتخورلۇق، مەنمەنچىلىك دەردىدە بىر - بىرىنى گۆرگە ئىتتىرىشىۋاتقان، غوۋغا قىلىشىۋاتقان ئىبلىزادىلەر ئالدىدا زوۋان سۇرەلمىدى. ئۆزئارا تونۇشلۇق بېرەلمىدى... بۇ كۆزلەر ئالتۇنەم، ئىلياس، ئاتىكەملەرنىڭ كۆزى ئىدى.

ئالتۇنەم بوغجۇمىسىنى يىغىشتۇردى. شەھەردىكى ھەشەمەتلىك ئىۋان - ساراي، داچىلارغا ماكانلاشقان، پۇزۇر

كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىپ، ۋال ـ ۋۇل قىلىپ پارقىراپ تۇرغان ئالىي پىكاپلاردا چېپىپ يۈرگەن بۇ ئادەملەر ئۇنىڭ نەزىرىدە شۆھرەتپەرەسلىك، مەنمەنچىلىك، ئابرۇيپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇق، ئۇرۇش ـ جېدەل، نىزا ـ ئاداۋەت بابىدا ئۇچىغا چىققانىدى. ئۇلار ئۆزى ئۇچۇن ياشايتتى، ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۇچۇن بىر ـ بىرىگە يول قويمايتتى، بىر ـ بىرىگە ئورا كولايتتى. بىر ـ بىرىنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ كويىدىلا يۈرەتتى. بىر ـ بىرىنى كۆزدىن يوقىتىپ ھەممىنى چاڭگىلىمغا كىرگۈزسەم، دەيتتى. ئۇلار رەڭگا رەڭ كىيىم ـ كېچەكلەرگە ئورىنىۋېلىپ بىر ـ بىرىگە يالغاندىن كۈلۈمسىرەيتتى، ئاستىرتىن بولسا بىر ـ بىرىنى يەۋەتكۈدەك بولۇشاتتى. تىلىدا بىر ـ بىرىدىن ئامان ـ ئېسەنلىك سورىشاتتى ـ يۇ، دىلىدا سەن ئۆل، مەن ياشاي، دەيتتى... دىلى قارا ئادەمنىڭ ھامان يولى تار بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار تار يولغا سىغدىلىپ، مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئالتۇنەم كېتىشى كېرەك ئىدى. ئەمدى بۇ ھەشەمەتلىك قورۇدا ئاشۇ بايلارنىڭ پەسكەشلىكلىرىگە گۇۋاھ بولۇپ ياشىيالمايتتى. ئۇ بۇ ئائىلىدىكى بىرنەچچە ئايلىق دىلكىشى نىساخانغا كېتىش مۇددىئاسىنى ئېيتتى، بوغچۇمىسىنى كۆتۈرگىنىچە ھەشەمەتلىك بىنادىن پەسكە چۈشتى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقا ـ چىقمايلا ئىلياس بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئىلياس ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ماشىنىسىنى بىنا ئالدىدىكى كىچىك سەينادا توختىتىپ قويۇپ، ئالدىراپ كېلىۋاتقانىدى. ئالتۇنەم بوغچۇمىسىنى تاشلاپ، كۆزلىرىدىن شۇنچىلىك ئالدىراشچىلىق چىقىپ تۇرغان ئوغلىغا باغرىنى ئاچتى:

— ئىلياس، بالام! — ئۇ بويىغا يەتكەن، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلىدى، — خوش، خۇدايىمغا ئامانەت، بالام.

— خوش دەۋاتىسىزغۇ، ئانا؟! — ئىلياس سەل چۆچۈپ،

ئانىسىغا يېقىنباشتىن سەپسالدى. ئانىسىنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى، ــ سىز بىر يەرگە كەتمەيدىغانسىز؟

ــ كېتىمەن، بالام!

ــ نەگە كېتەي دەيسىز، ئانا؟

ــ جىمجىت، خىلۋەت بىر يەرگە... شەھۋەتخورلۇق، كۈنداشلىق، ھەسەتخورلۇق، ئۆچ ـ ئاداۋەت، زەھەرخەندىلىك، زىيانكەشلىك بولمىغان بىر يەرگە!

ئالدىراپ تۇرغان ئىلياس لاسسىدە بوشىشىپ، تۇرغان ئىزىغا مىخلىنىپ قالغاندەك جىم بولۇپ قالدى. ئۇ خېلى ۋاقىتتىن بۇيان بۇ ئائىلىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئانىسىنىڭ نېرۋىسىغا چوڭقۇر تەسىر قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىلياسنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىشلارنىڭ ئانىسى بىلەن، ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بار دەپ كەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئانىسىنىڭ چوكىدەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

ــ سىز نېمىشقا ئۇ ئىشلارنى ئۆزىڭىزگە ئېلىۋالىسىز، ئانا؟ نېمىشقا كەتمەكچى بولىسىز؟ سەۋەبىنى ماڭا دەڭا؟

ــ سەۋەبىنى ساڭا دەپ بولغىلى بولمايدۇ، بالام. سەن بىلمەيسەن!

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئانا؟

ئالتۇنەم لەۋلىرىنى چىشلىدى. كۆڭلىدىكى گەپنىڭ ئىتتىكلا ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە جىددىيلىشىپ قالدى. ئىلياس ئانىسىنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىر قىسمىلا بولدى. ئانىسى بىرنەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا بىر گەپنى دەپ تاشلىغانىدى. ئىلياس ئۇ كۈنىمۇ ئالدىراپ تۇرغاچقا، بۇ گەپكە ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەن، بىراق كېيىن ئويلىنىپ قالغانىدى.

ــ بېرى كېلىڭا، ئانا، ــ ئىلياس ئالتۇنەمنى بىنانىڭ نېرىسىدىكى غازاڭ تاشلاۋاتقان چىنار تۈۋىگە باشلاپ كەلدى. بۇ

يەر بىنانىڭ ئالدىغا قارىغاندا چەترەك، خالىي ئىدى، — نەچچە قېتىم بولدى، سىز ماڭا بىر گەپنى دېمەكچى بولىسىز، ئەمما گەپنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىسىز. بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بۇيانقى ئىش ـ ھەرىكەت، يۈرۈش ـ تۇرۇشىڭىزمۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس. ماڭا دەپ بېرىڭا، سىزگە نېمە بولدى، زادى؟

ئالتۇنەمنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا قۇربى يەتمىدى. كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلار تۆكۈلدى. ھېچكىمگە تىنالمىغان بۇ گەپنى ئوغلىغا دەيمۇ، دېمەيمۇ، دەپ ناھايىتى ئىككىلەندى.

— نېمە گەپ بولسا، ئىككىلەنمەي دەڭا، ئانا. ھاجىم دادام مېنى ھۇجرىسىدىن يانفونىنىڭ باتارېيەسىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. مەن يەنە ساقچىخانىغا بارمىسام بولمايدۇ.

— ھاجىم دادام؟!... — ئالتۇنەم تۇيۇقسىز ئۈششۈك ھەرىسى چېقىۋالغاندەك، چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. كۆز ئالدىغا نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشلار — ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەن ئوغلى ئەنقەرنى ھېلىقى ئارزۇلۇق خوتۇنىدىن كۈنلەپ ئۇرۇپ ـ ساۋىغانلىقى، ئاتا ـ بالىلىقتىن كېچىشىپ، تىلخەتكە قول قويدۇرغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، ئىچى ئاچچىققا تولدى، — ھېلىقى كۈنى كەچتىكى ئىشلارنى كۆرمىدىڭمۇ، بالام؟ ئۇ ئادەمدىن يىراق تۇر، ھۇجرىسىغا ھەرگىز كىرگۈچى بولما، ماقۇلمۇ؟!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ھاجىم دادام ماڭا شۇنداق ئىشىنىدىغان تۇرسا.

— ئۇنداقتا... ھاجىم دادىڭ ساڭا ئالىلىقاچان تونۇشلۇق بېرىپتۇ ـ دە! ياكى ئاتىكەم ئاچاڭ... — ئالتۇنەم كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، بوغجۇمىسىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى.

— ھاجىم دادام نېمىگە تونۇشلۇق بەرمەكچىدى؟! — ئىلياسنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئانىسىنىڭ قوللىرىنى سىلكىدى، — ماڭا دەڭا، ئانا.

ئالتۇنەم يەنە ئارسالدى بولۇپ، بوغجۇمىسىنى قويدى.

ياشلانغان، قىزارغان كۆزلىرىنى ئوغلىغا تىكتى:
— ئۇ ئادەم ساڭا راستلا ھېچنېمە دېمىدىمۇ؟
— ھېچنېمە دېمىدى، ئانا. دېيىشكە تېگىشلىك زادى نېمە گەپ بار ئىدى؟
ئالتۇنەم كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر پەس تۇردى. ئاندىن قايغۇلۇق بىر خەۋەرنى جاكارلاۋاتقاندەك ئاخىر ئېغىز ئاچتى:
— ھەمدۇللا ھاجىم سېنىڭ ئۆز داداڭ، بالام!
ئىلياس مۇدھىش ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك نەچچە ئون سېكۇنت قېتىپ قالدى. كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كېلىپ، گويا جان تالىشىۋاتقاندەك پىچىرلىدى:
— ئۆز داداڭ؟ ھەمدۇللا ھاجى مېنىڭ دادام؟! ئۇنداق ئەمەستۇ؟... سىز ئۇ ئادەمنىڭ ماڭا ئامراقلىقىنى دەپ شۇنداق دەپ قويۇۋاتىسىز، شۇنداقمۇ، ئانا؟ — ئىلياس بىرئاز تىنىۋالدى، — بۇ بەلكىم سىزنىڭ ئۇمىدىڭىزدۇ، مەندەك بىر ئاتا مېھرى كۆرمىگەن يېتىمچىنىڭ شۇنداق دادىسى بولۇشىنى ئارزۇلاۋاتىسىز... شۇنداقمۇ ئانا؟!
— راست، بالام، ئۇ ئادەم سېنىڭ ئۆز داداڭ!
ئىلياس ئانىسىنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ، كەينىدىكى چىنار دەرىخىگە يۆلىنىپ قالدى. كېسەللى قوزغىلىپ قالغان ئادەمدەك ماغدۇرسىزلىنىپ، بەدەن ـ بەدەنلىرىگە تىترەك ئولاشتى. قولىدىكى تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپىنىڭ ئاچقۇچى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بېشى ساڭگىلاپ، ھېلىلا يىقىلىپ قالىدىغاندەك بىر ھالغا چۈشۈپ قالدى، قارىقى تارتىشقان كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى...
ئالتۇنەم ئوغلىنى بۇ ئىشنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەي قالمىسۇن دېگەندەك، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىچە سۆزلىدى. ھەمدۇللا ھاجىنىڭ ئىلياسنىڭ ئۆز دادىسى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئالدى. ھالبۇكى، ئىلياسنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى...

قارا بۇلۇت ئەگىپ تۇرغان ئاسماندىن يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بۇ يامغۇر ئۆمرى خارلىقتا ئۆتكەن تۇل ئاياللارنىڭ يىغىسىغىمۇ، ۋۇجۇدى ئاتا مېھرى كۆرۈپ باقمىغان، ئۆزگىلەرنىڭ ئالدىدا قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ چوڭ بولغان دىلى سۇنۇق يېتىم باللارنىڭ يۈرەك يىغىسىغىمۇ ئوخشايتتى. ئالتۇنەمنىڭ كۆز ياشلىرى كۆز يامغۇرىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ يۈم - يۈم ياش تۆككىنىچە، ئوغلىغا بىر ھازا قاراپ تۇردى. ئىلياس بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمىغاندەك، ئۆزىنىڭ تەقدىرى زادى بۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئەمەستەك، چىنارغا يۆلەنگىنىچە ئېزىلىپ تۇرۇپ كەتتى. ئالتۇنەم ئەمدى ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇشنى، ئۇنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشنى، ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماسلىقنى ئويلىدى...

ئالتۇنەم بوغجۇمىسىنى قولتۇقىغا قىستى. يۈز - كۆزىگە تاراسلاپ تېگىۋاتقان يامغۇرغا يۈزلىنىپ، ئاستا قەدەملەر بىلەن بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر يېقىن كىشىسى بولغان ئوغلىدىن يىراقلاشتى. ئۇ ئۆزىچە خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ قالغاندەك بولدى. شۇنداق، ئۇ ئەمدى ئوغلىدىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىسىمۇ بولاتتى. ئوغلىنىڭ قولى ئىشقا تېگىپ، ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئالغۇدەك بولغانىدى. ئوغلى يەنە خۇش چىراي، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق، چىقىشقاق ئادەم بولغانىدى. ئۇ شۇ ئەھۋالى بىلەن ئۆز دادىسى ھەمدۇللا ھاجى ئەمەس، باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرسىمۇ، كۈننى كۈن ئېتىپ كېتەلەيتتى. شۇنداقتىمۇ، ئانىنىڭ بىرلا ئۈمىدى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ئوغلى دادىسى بىلەن تونۇشۇپ، كېچىكىپ بولسىمۇ ئاتا مېھرىدىن بەھرە ئالسا ئىدى، كاشكى!

قارىيىپ تۇرغان بۇلۇتلار ئارىسىدا گۈلدۈرماملىق چاقماق چېقىلدى. سارغايغان چىنار يوپۇرماقلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن يامغۇر سۈيىدە ئۇستىبېشى ھۆل بولۇپ كەتكەن ئىلياس چاقماق بىلەن تەڭ ئويغانغاندەك، گاراڭ ھالەتتىن ئۆزىگە كەلدى. ئۇ

كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئانىسىنىڭ قارا يامغۇر ئىچىدە سەينادىكى تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئالتۇن رەڭ ھەل بېرىلگەن تۆمۈر دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىككى كىشىنىڭ چىرايى پەيدا بولدى. بۇنىڭ بىرسى ئانىسى ئالتۇنەمنىڭ چىرايى، يەنە بىرسى توساتتىنلا ئۆزىگە دادا بولۇپ قالغان ھېلىقى ھەمدۇللا ھاجىنىڭ چىرايى ئىدى. ئىلياس ئىككى چىرايىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆردى. ئانىسىنىڭ چىرايى سولغۇن، ئەمما چاقماق ئوتىدا نۇرلانغاندەك نۇرلۇق، سۈزۈك ئىدى. بۇ چىرايدىن پاكلىق نۇرى يېغىپ تۇراتتى. ھاجىنىڭ چىرايىدىن بولسا بىر خىل غاپىللىق چىقىپ تۇراتتى. بۇ چىرايدا نە پاكلىق، نۇر - زىيانىڭ سايىسى يوق، ھاۋادىكى بۇلۇتتەك قارىيىپ تۇراتتى...
ئىلياس توساتتىن ئانىسىنى چاقىردى:
— ئانا، ئانا، جېنىم ئانا!
ئىلياس توۋلىغىنىچە ئانىسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

## 88

ئۇ ئادەمنىڭ ياخشى ئاتىقى قالمىغانىدى. ئۇ ئادەمنىڭ يامان ئاتىقى ياخشى ئاتىقىنى بېسىپ كەتكەنىدى. ئەنقەر ياخشى ئاتىقى قالمىغان، ئاتا - بالىلىقتىن كېچىشىپ كەتكەن ئۇ ئادەمگە خوش دېمەستىن ئاستا قەدەملەر بىلەن كەتتى. ئۇ ھاياتلىقنىڭ شاپائىتى بىلەن قايتا تېپىۋالغان ئوغلىنى — جانجىگىرىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى. كۆز ياشلىرى زادىلا توختىمىغان رەنا ئۇنىڭغا ئەگەشكەنىدى.

ساقچىخانىدىكى سوراق قىلىش، ئىقرار قىلىش، قول قويۇشلار ئاخىرلاشتى. ھەممىشە سۆلىتى سۆلكىتىنى بېسىپ كېتىدىغان ئايخېنىم ئەڭ ئەشەددىي ئالدامچىلىقى بەدىلىگە ئاخىرقى ھېسابتا سۆلىتىنى، ئابرۇيىنى سېتىپ يەۋالدى.

ئاتىكەم بىلەن ھېلىقى روپاش ئايالغا دەسلەپكى قەدەمدە دېلو تۇرغۇزۇلدى.

— مېنى قۇتقۇزۇۋالسىلا، ھاجىم ! — دېدى يىغلاپ تۇرغان ئاتىكەم ھەمدۇللا ھاجىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، — مېنىڭ سىلىدىن باشقا گېپىمنى قىلىدىغان ھېچكىمىم يوق !

بىر - بىرىدىن ئېغىر، ئەشەددىي كەلگۈلۈكلەر ئالدىدا، پىرقىرىتىپ قويۇپ بەرگەندەك بىر قىسما بولۇپ، ئۆزىگە كېلەلمەي تۇرغان ھەمدۇللا ھاجى غەزەپ - نەپرەتتىن پاڭگىدە يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئاتىكەمگە ئېغىز ئاچتى :

— قانداق خوتۇن سىز؟ گەپ قىلىڭا، قايسى شەپقىتىڭىز ئۈچۈن سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىمەن؟ ! — ھاجى ئاتىكەمنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. بىگىز بارمىقىنى كۆزىگە چېنىدى، — خىيال ئەيلىمەڭ، ناۋادا مەن ساقچى بولۇپ قالغان بولسام، سىزدەك بالا ئوغرىسىنى بىرنەچچە يىل بولدى قىلمايتتىم. شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئىككى قولىڭىزنى بېغىشىدىن كېسىپ تاشلايتتىم !

— ئۇنداق دېمىسىلە، جېنىم ھاجىم ! تۇغقانچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلسىلا، — ئايال ئۇن سېلىپ يىغلاپ چاچلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى، — سىلى - بىز يۇمغاقسۇتنىڭ پۇرىقچىلىك بولسىمۇ تۇغقانغۇ !

— تۇغقان؟ — ھاجى ئويلىمىغان گەپتىن چۆچۈپ ئايالغا يېڭىباشتىن سەپسالدى. بۇ ئايالنى ئىلگىرى نىكاھىمغا ئالغان، كېيىن تاشلىۋېتىپ كەتكەن خوتۇنلىرىمنىڭ بىرەرسى بولمىسۇن يەنە دېگەندەك، ئاتىكەمگە سىنچىلاپ قارىدى، بىراق ئۇنى تونۇيالمىدى، — نەدىكى تۇغقان ئىكەن، ئۇ؟ ئەمدى ماڭا تۇغقان بولمىغان سىز قالدىڭىزما؟ گەپ قىلىڭا؟ !

— ھوي، ئۇنتۇپ قالدىلىما؟ — دېدى ئاتىكەم ھاجىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەي، — مەن ئالتۇنەم ئاچامنىڭ نەۋرە سىڭلىسى. بايىقى بالا... ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ كەتكەن ئىلياسنىڭ

هامىسى بولىمەن! ئالتە ـ يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا مەن ئىلياسنى ئەگەشتۇرۇپ شەھەرگە كىرىپ، داداڭ بىلەن تېپىشتۇرۇپ قويىمەن دەپ سىلىنى تولا ئىزدەپ كەتكەن. بىراق، ھەرقانچە قىلسامۇ ئۇختاسى كەلمەي، سىلىنى تاپالمىغان... ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، مانا ئەمدى ئىلياس ئاخىر سىلىنى تېپىپتۇ، بىچارە ئالتۇنەم ئاچامنىمۇ يانلىرىغا ئەكىلىۋاپتىلا. بىر يەرگە جەم بولغانلىقلىرىنى كۆرۈپ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىم...

ھەمدۇللا ھاجى گويا ئۆرە تۇرۇپ جېنى چىقىپ كەتكەندەك، تۇرغان ئىزىدا قېتىپلا قالدى. بىر چەتتە گەپ تىڭشاپ، تولا ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرغان ئايخېنىم، خانىشلار ھاجىنى يىقىلىپ چۈشمىسۇن دېگەندەك، ئىتتىك كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالدى.

ئالتۇنەم دېگەن ئىسىم ھەمدۇللا ھاجىنى غىل ـ پال ئەسلىمىلەر قوينىغا باشلاپ كەتتى. راست، ئۆرۈك چېچەكلىرى سەھرا قوينىنى ئاپپاق لىباسقا چۈمكىگەن بىر باھاردا ئۇ ئوتتەك ھەۋەسى بىلەن ئالتۇنەم ئىسىملىك بىر سەھرالىق قىزنى ئەمرىگە ئالغان، يادىكار خېنىم، ئايخېنىملاردىن خۇپىيانە ھالدا ئۆي تۇتۇپ بېرىپ، كۆڭۈل پەيزىنى سۈرگەن. كېيىن ئايخېنىمنىڭ غوۋغالىرى بىلەن ئۇ خوتۇننى تاشلىۋەتكەن. ھاجىنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا كىچىككىنە ئالتۇنەمنىڭ بويىدا بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، يۇم ـ يۇم ياش تۆككەنىدى... ئەجەبا، ھەمىشە ئۆزىنى چەتكە ئېلىپلا يۈرىدىغان، ئاغزى ـ بۇرنىنى چۈمكىۋالىدىغان ھېلىقى بالا باققۇچى ئايال ئاشۇ ئالتۇنەممىدۇ؟ نەچچە ۋاقتتىن بېرى يېنىدا تۇرۇۋاتقان، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇۋاتقان، ئۆز ئوغلىدىن چارە بولۇپ كەتكەن ئاشۇ مېھىرلىك يىگىت ـــ ئىلياس ئۇنىڭ ئۆز ئوغلىمىدۇ؟! ھاجى سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، نېرۋىلىرى سەگەكلەشتى. تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرغا پىسەنت

قىلماستىن، يوگۇرگەندەك ئىتتىك ماڭغىنىچە ساقچىخانا قورۇسىدىن چىقىپ، دەرۋازا ئالدىغا ــ چوڭ يولغا قارىدى. يولدا، ئەنقەر بالىسىنى قۇچاقلىغىنىچە يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى... ئەنقەر كەتتى. ئۇ ھاجىنىڭ ھاياتىدىكى بىردىنبىر ئارزۇلۇق ئوغلى ئىدى، ھاجىنىڭ شەۋكەتلىك ھاياتىنىڭ داۋامى ئىدى... ھالبۇكى، ئۇ ئەمدى ھاجىنىڭ ئوغلى بولماي قالدى. ئۇلار ئاتا ـ بالىلىقتىن كېچىشىپ كەتتى. شۇنداق، ئاتا ـ بالا بىر ـ بىرىدىن تېنىشىپ كەتتى. ئەنقەر ئەمدى ئۇنى ئىزدىمەيدۇ، مەڭگۈ ئىزدىمەيدۇ... ئۇنىڭ بالىلىقتىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگە قەدەر كۆڭۈل ئازارچىلىقى توگەپ ئۆتمىدى. ئېھتىمال ئۇ ئوغلىنى، رەنانى ئېلىپ بۇ شەھەردىن كېتەر... ئەنقەرنىڭ سىيماسى مىغ ـ مىغ ماشىنىلار، ئادەملەر ئارىسىدا غايىب بولدى...

يامغۇرلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ قالغان ھەمدۇللا ھاجى كۆز ئايلىرىنىڭ سوغۇقىدا ئۇچەككە ئالدىرىغان پارقىراق قوڭغۇزلاردەك كېتىشىۋاتقان رەڭگا رەڭ پىكاپلار، كۆڭلى بىر ـ بىرىدىن ئازار يېگەندەك ئىتتىك كېتىشىۋاتقان سوغۇق چىراي ئادەملەر ئارىسىدا يامغۇرغا چىلىشىپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. بىراق، ئۇنىڭ تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپى، تۇساتتىن ئوغلى بولۇپ چىققان ئاشۇ ئىسسىق چىراي ئىلياس ھېچ قايتىپ كېلەي دېمەيتتى. ھاجى بىرەر سائەتلەر ئىلگىرى ئۇنى ئىشقا بۇيرۇغان، ھۇجرىسىدىن يانفونىنىڭ زاپاس باتارېيەسىنى ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىغانىدى. ئۇ ئەجەب ھايال بولۇپ قالدى، نېمشقا قايتىپ كەلمەيدىغاندۇ؟ كاشكى ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق بىلسىچۇ!

ئۆز ئوغلۇم... ھەمدۇللا ھاجىنىڭ يېگانىلىكتىن مۇزلاپ تۇرغان ۋۇجۇدىغا ئىختىيارسىز بىر ئىسسىق ئېقىم يامرىدى. ئۇ ئايىغى ئاستىدا ئەخلەتتەك دۆۋىلىشىپ تۇرغان جانسىز، ھېسسىياتسىز مال ـ دۇنيالاردىن پۇتلىشىپ ـ مۇدۇرۇپ دېگۈدەك ئۆتتى. ئاللىقاچان ئالۋاستى ئۇۋىسىغا ئايلانغان

قـورۇسغا ئـۇۋا سالغان جـىن ـ شاياتـۇنلاردەك ئۆپـچـۆرـسـىگـە ئولـشـۋالغان، بىـشـنى ئـايلاندۇرۇۋاتقـان ئـىچى تـار، هـەسەتخـور خوتۇنلـرىنى تالاق قىلـدى... تـىللا رەڭ خانتاجى پـكاپنى هـەيدەپ ئالدىغـا كـەلگەن، ئـاۋۋالقىدەكـلا كۈلۈمسـىرىگـەنچە ماشـىـنىنـىڭ ئىشـىكـىنى ئېچـىپ بەرگەن ئۆزىگە ئوخشـاش قامەتلـىك، چىرايـى سۇزۇك، قارا كۆزلـۈك، مېهرى ئـىسسـىق يىگـىتنىـڭ يـېنـىـغا جايلاشتى.

ـــ هەيدە، بالام !

ـــ قەيەرگە بارىمىز، هاجىم دادا؟

ـــ سېنىڭ ئىختىيارىڭچە بولسۇن، بالام !

ـــ ...

ـــ جىمجىت، خىلۋەت، يىراق بىر يەرگە هەيدىگىنە...

هەمدۇللا هاجى كۆزلىرىنى يۇمدى. يېنىدىكىسى ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى. يېنىدىكىسى ئەمدى ئۇنـىڭ بىردىنبىر يـېقىن كـىشىسـى ئـىدى. هاجى ئـەمدى هەمـمىدىن بىـزار بولغان، هـەممىدىن ۋاز كـەچـكەن، پەقـەت مـۇشۇنداق بـىـر قەلب يـېـقـىنـىغا مـوهـتـاج بولـغانىدى... هـاجى قەلب دۇنـياسـىنـى ئەسىر قـىلغان ئـىللىـق تۇيغۇلار ئـىلكىدە يـامغۇر سۇلـىرىنى كـېچىپ، قـورۇغا كـىرىـپ كەلـدى. غازاڭ بولغـان گۇللەر ئـارىسـىـدىكى كـىچىك سەيـنـادا پارقىراپ تۇرغان تىللا رەڭ خانتاجى پىكاپنى كـۆرۈپ، ئۆزىنـىڭ تېخى تونۇشلۇق بېرىشكە ئۈلگۈرمىگەن ئوغلى بىلـەن بۇ كاتتا ماشىنىسىدا ئەمەس، بەلكى پىيادە مېڭىپ كەلگەنلىكىنى سەزدى. راسـت، ئـەمدى ئېـسـىگە كـەلـدى، ئۇ بايـا سـاقچىخـانا ئالـدىدا ئىلـيـاسنى سـاقـلاۋېرىشـكـە تاقـىتـى يەتـمـەي، ئـۆيـىگـە قـاراپ ماڭغانىدى.

يامغۇر چېلەكلەپ قۇيغـاندەك ئەدەپ كېـتىـۋاتاتـتى. هەمدۇلـلا هاجىنىڭ غەمـكىن كۆڭـلى يەنە بـىر كۆڭۈلـسىزلىـكنى تۇيـدى. قـەلـبىدىكـى ئىلـلىقلىقمۇ ئـاسـتا ـ ئاسـتـا تاراپ كـەتـتى. ئۇستىبېشىنى چۆپتەك هۆل قىلىۋەتكەن قارا يامغۇر ئىچىدە بىـر

سوغۇق ئېقىم پۈتۈن بەدەنلىرىگە، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارىدى... ئۇ يامغۇرغا چىلىشىپ تۇرغان كاتتا خانتاجى پىكاپىنىڭ يېنىغا كېلىپ، سوغۇققىنا پارقىراپ تۇرغان بۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى، ئىلياسنىڭ ئاچقۇچ، پىراۋا ۋە باشقا ھۆججەت - ئىسپات دېگەندەك نەرسىلەرنى ئورۇندۇقتا — كۆزگە چېلىقىدىغان يەرگە تاشلاپ قويغانلىقىنى كۆردى...

2011 - يىلى 18 - ئاۋغۇست، يەكەن

# خان كوچىسى ( رومان )

ئاپتورى: ئابدۇكېرىم قادىر
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئايگۈل ھاشىم، ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 - 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 16
نەشرى: 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 - 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 17105 - 7
باھاسى: 45.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-17105-7

9 787228 171057

定价：45.00 元